مەلۇم بىر ئىسىمنىڭ ئاڭلىنىشى ۋە يېزىقتا ئىپادىلىنىشى شۇ ئىسىمنىڭ جىسمى ھېسابلانسا، مەنىسى ئۇنىڭ جېنىدۇر، مەنىسى بولمىغان ئىسىم ماھىيەتتە جانسىز ئىسىمدۇر، مەنىسى ياخشى بولمىغان ئىسىممۇ نىمجان ئىسىمدۇر.

ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنت ئالدىدا تۆت تۈرلۈك مەجبۇرىيىتى بولىدۇ: بىرىنچى، ياخشى ئىسىم قويۇش؛ ئىككىنچى، تۆت ياشتىن باشلاپ ئېغىزىغا ئىلىم سېلىش؛ ئۈچىنچى، بالاغەتكە يەتكەندە تۇرمۇشلۇق قىلىش؛ تۆتىنچى، تىرىكچىلىك يولىنى كۆرسىتىپ بېرىش.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مۇتەللىپ سىدىق قاھىرى

# ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى قامۇسى



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

پىلانلىغۇچى: ئەمىن كىتابچىلىقى

تەكلىپ بەرگۇچى: ئىبراھىم سەمەن
ئابلەت جۇمە تۇپراق

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئادىلجان ئابدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت ياقۇپ
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۇچى: قۇربانجان روزى

# ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى قامۇسى

ئاپتورى: مۇتەللىپ سىدىق قاھىرى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092mm × 787mm 1/16 باسما تاۋىقى: 56.75
2010 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2010 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

ISBN 978 - 7 - 5631 - 2422 - 0
باھاسى: 200.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئاپتورنىڭ سۈرىتى (2010)







① ئاپتور مەزكۇر قامۇسنىڭ قوللىغۇچىلىرى ئىبراھىم سەمە
ۋە ئابلەت جۇمە تۇپراق بىلەن بىللە ( 8 . 2010 )

② ئاپتور ئابدۇرەشىد قارى ھاجىم سابىت بىلەن بىللە مىسىرنىڭ
قاھىرە شەھىرىدىكى ئۆمەر ئىبن ئاس مەسچىتىدە( 5 . 1990 )

③ ئاپتور مىسىردىكى ئېھرامنىڭ ئىچىدە زىيارەتتە ( 10 . 1989 )

④ ئاپتور ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە ( 7 . 2004 )



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى — ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى . ئۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى سۈپىتىدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تىلى ، مەدەنىيىتى ، دىنىي ئېتىقادى ، تارىخى ، ئۆرپ ـ ئادىتى ، گۈزەللىك ۋە ئەخلاق قارىشى ، پسىخىكىسى ، شۇنىڭدەك جۇغراپىيەلىك مۇھىتى قاتارلىقلارنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ . ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى توغرىسىدا چوڭقۇر مەلۇماتقا ئىگە بولغاندا ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشەنگىلى ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرىنى چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ . ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە تەرەققىياتىغا ئىنتايىن مول مەدەنىيەت ئەندىزىلىرى سىڭگەن ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئاڭ ۋە پەزىلىتى قاتارلىق مەنىۋى ئامىللارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ . پەرزەنتلەرگە مەنىلىك ، گۈزەل ۋە نادىر ئىسىملارنى تاللاپ قويۇش ۋە ئۇنى توغرا قوللىنىش مەلۇم بىر مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ مەلۇم بىر ئائىلىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . چۈنكى ئىسىم قويۇش بىر كىشىنىڭ هاياتىدىكى تۇنجى مۇهىم باسقۇچ ، شۇنداقلا ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىشنىڭ تۇنجى قەدىمى . بۇنى هېس قىلغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كۆپچىلىكى بالا ئانىنىڭ قورسىقىدىكى چاغدىن باشلاپلا ئىسىم تاللاشقا كىرىشىدۇ . بوۋاق ئىڭەلەپ يەرگە چۈشكەندە بولسا ، نۇرغۇنلىغان خۇشاللىق ۋە ئۈمىدلەر شۇنىڭغا ئەگىشىپ بارلىققا كېلىدۇ ھەمدە پەرزەنتنىڭ ئىسمىغا مەركەزلىشىدۇ . ئىسىملارغا ئايرىم قارىغاندا ، ئۇ بەك ئاددىيدەك كۆرۈنىدۇ ، ئەمەلىيەتتە ، مەلۇم بىر ئاتا ـ ئانىنىڭ ياكى ئائىلىنىڭ مەدەنىيەت قارىشىنى ۋە پسىخىك ھېسسىياتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ . شۇڭا ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىن ئۆتمۈشتىكى ۋە بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيەت ئۆزگىچىلىكىنى ۋە مىللەتنىڭ پسىخىكىسىنى بايقىۋالغىلى بولىدۇ .

ۋاهالەنكى ، بىز نۆۋەتتە قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئىسىملارنىڭ كۆپ قىسمى ئەرەب ، پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان ياكى شۇ تىللارنى مەنبە قىلغان سۆزلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەلگەن بولۇپ ، مەنىسىنى ھەممىلا كىشى بىلىپ كەتمەيدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇ خىل ئىسىملاردىكى تەلەپپۇز ئۆزگىرىشلىرى ناهايىتى كۆپ ۋە خىلمۇخىل بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئەسلىي ئاتىلىشى ، تىل تەۋەلىكى ، مەنىسى ، كېلىپ چىقىشى ۋە ئۆزگىرىش ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى توغرا ئېنىقلاپ چىقىش ئاسان ئەمەس . ئۇنىڭدىن باشقا ، قەدىمكى ساپ ئۇيغۇرچە كىشى ئىسىملىرىنىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسىنىمۇ ئىزاھلاشقا توغرا كېلىدۇ . تەخمىنەن 1000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە هازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى گەرچە سان ـ ساناقسىز دۇردانە ـ جاۋاھىرلاردىن تەشكىل تاپقان بىر خەزىنە بولسىمۇ ، لېكىن بۇ جاۋاھىرلار ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە بىر يەرگە توپلانمىغان ، رەتلەنمىگەن ۋە تەتقىق قىلىنمىغانلىقتىن ، ئۇنىڭدىن تولۇق ، توغرا ۋە ئۈنۈملۈك

پايدىلىنىپ ، ئىسىم مەدەنىيىتىمىزنى بىر ئىزغا سېلىش مۇمكىن بولمىغان ئىدى . كىشىلەر ئىسىم تاللاشتا بىر قوللانمىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى . پەقەت ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن كېيىنلا بۇ ھەقتىكى تەتقىقات يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ ، گېزىت - ژۇرناللاردا ئىلگىرى - كېيىن ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە توختالغان بىر قاتار ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىندى . 1987 - يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى دەسلەپكى قەدەمدە توپلىنىپ رەتلەنگەن ۋە تەتقىق قىلىپ ئىزاھلانغان مەجمۇئەلەر نەشر قىلىندى . 1992 - يىلى «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەنىسى» ناملىق مەخسۇس كىتابنىڭ تارقىلىشى بۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ ، كەڭ ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى . ئۇنىڭدىن كېيىنلا 1994 - ، 1996 - يىللىرى «ئىسىمنى قانداق قويۇش كېرەك» ، «ئىسىم قويۇش قوللانمىسى» دېگەن كىتابلار بارلىققا كەلدى . 1998 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى» ناملىق كىتاب 13 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ، بىرقەدەر مۇكەممەل ئىزاھلىق لۇغەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ، تېخىمۇ كۆپ ئاممىنىڭ ئۆز ئىسمىنىڭ خاراكتېرى ۋە مەنىسىنى بىلىۋېلىش ۋە پەرزەنتلىرىگە يېڭى ئىسىم تاللىشىدىكى ئاممىباب قوللانما بولۇش رولىنى ئويناپلا قالماستىن ، 1999 - ، 2001 - ، 2003 - ۋە 2004 - يىللىرى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (6 - قىسىم) نىڭ ئاخىرىغا قوشۇمچە قىلىپ بېرىلگەن ئىسىملار ، «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسى ، قوللانمىسى» ، «ئۇيغۇر ئىسىم - فامىلىلىرى» ، «ئۇيغۇر ئىسىم - فامىلە قوللانمىسى» نىڭ تۈزۈلۈشى ئۈچۈن تۈرتكە ۋە ئاساسلىق پايدىلىنىش مەنبەسى بولدى . بۇ ساھەدىكى تۇنجى كىتاب — «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەنىسى» 2005 - يىلى 4 - ئايدا قازاقىستاندا سلاۋيان يېزىقى بىلەن (بىر قىسىم مەزمۇنلىرى رۇس تىلىدا) نەشر قىلىنىپ ، خەلقئارادىمۇ شۆھرەت قازاندى .

ھالبۇكى ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىن ئىبارەت بۇ مول خەزىنىنى قېزىش ئاخىرلاشقىنى يوق . مەن 2006 - يىلى 1 - ئايدا ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتىغا دائىر 6 - كىتابىم — «خەزىنىلەر ئاچقۇچى» ناملىق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىنى شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇرۇش بىلەن بىللە ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى تېخىمۇ تولۇقراق توپلاش ۋە رەتلەش ئۈستىدە ئىزدىنىپ ، ئاخىرى «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى قامۇسى» ناملىق مەزكۇر كىتابنى تۈزۈشكە كىرىشتىم . 2006 - ، 2007 - يىللىرى ئىككى يىل ئىچىدە ، ئالدى بىلەن «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى» ناملىق كىتابقا كىرمىگەن ، يېڭى توپلانغان ئىسىملارنى كارتىلاشتۇرۇپ رەتلەپ چىقتىم . 2008 - يىلى كارتا ئاساسىدا بارلىق ئىسىملارنى يېڭىباشتىن قول بىلەن كۆچۈرۈپ ، ئىزاھلاشقا تېگىشلىك مەزمۇنلارنى تولۇقلاپ ئىشلەپ چىقتىم . 2009 - يىلى 9 - ئايدا نەشرىياتنىڭ تېماتىك پىلانىغا سۇندۇم . كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى تەستىقلانغان ۋاقىت مېنىڭ ھايات سەپىرىم 60 - يىلغا قەدەم قويغان چاغقا توغرا كەلدى . مەن گەرچە ئاز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولمىغان ئەمگەك سەرپ قىلىپ بۇ قامۇسنى ۋۇجۇدقا چىقارغان بولسامۇ، ئۇنى يەنىلا ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئاخىرقى تەتقىقات نەتىجىسى دەپ قارىيالمايمەن. بىراق، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى توپلاش ۋە رەتلەشتە ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىكى مۇھىم ھالقا، ئەڭ بۇرۇن توپلاش ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن كېيىن تۈزگەننىڭ ئەجرى ئەلۋەتتە ئوخشاشمايدۇ. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ تەتقىق قىلىنىش جەريانى، جۈملىدىن قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىكى ھەم سالمىقىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىدىن خەۋىرى بار نۇرغۇن سەممىي ئوقۇرمەنلەر مېنىڭ 28 يىللىق تىرىشچانلىقىم ئاساسىدا، بۇ ساھەدە خىلمۇخىل توسالغۇ ۋە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، دادىل ھالدا تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلىشىمغا ۋە بۇگۈنكى كۈندە بۇ كىتابنى خەلققە تەقدىم قىلىشىمغا مەدەت بەردى. مەن ئۇلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

تۆۋەندە، بۇ قامۇسنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمەن:

1. بۇ قامۇستا جەمئىي 23 مىڭدىن ئارتۇق ئىسىم جەملەپ چىقىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ 21 مىڭدىن ئارتۇقراقىنى ھازىرقى زامان كىشى ئىسىملىرى، 2000 نى قەدىمكى ئۇيغۇرلار قوللانغان ئىسىملار تەشكىل قىلىدۇ. ئىسىملار ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى تەرتىپى بويىچە رەتكە تىزىلىپ، «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى» دېگەن كىتاب ئۇسلۇبىدا «ئەرلەر ئۇچۇن»، «ئاياللار ئۇچۇن» دەپ ئىككى بۆلەككە ئايرىلغان ئاساستا، ئىسىملارنىڭ ئاتىلىشى، تىل تەركىبى (تەۋەلىكى)، ئۆزگىرىشلىرى، مەنىسى ياكى كېلىپ چىقىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. قۇر بېشى بولۇپ كەلگىنى ئىسىملارنىڭ توغرا ئاتىلىشى ياكى بەزى ئىسىملارنىڭ ئادەتتىكى ئاتىلىشى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان ھەرپلەر شۇ ئىسىمنىڭ تىل تەۋەلىكىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى «ئە» ئەرەبچىنى، «پ» پارسچىنى، «ئۇ» ئۇيغۇرچىنى، «ئى» ئىبرانىي تىلىنى، «ھ» ھىندى تىلىنى، «ت» ھازىرقى زامان تۈرك تىلىنى، «م» موڭغۇل تىلىنى، «ي» ياۋروپا تىللىرىنى كۆرسىتىدۇ. تەۋەلىكى ئايرىلىش ئىسىملارغا يۇقىرىقى شەرتلىك ھەرپلەر بىرلىكتە بېرىلدى.

2. بىر تۈركۈم ھازىرقى زامان كىشى ئىسىملىرى، بولۇپمۇ ئەرەبچە، پارسچە ئىسىملار ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، جۈملىدىن ئۇيغۇر جانلىق تىلىغا بويسۇندۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىش ۋە ئىخچاملاپ قوللىنىش نەتىجىسىدە كۆپ ئۆزگىرىش ياساپ، بەزى ئىسىملارنىڭ نۇرغۇن شەكىللىرى بارلىققا كەلگەن، بەزىلىرىنىڭ ئاز دېگەندىمۇ بىر ـ ئىككى خىل ئۆزگىرىشى بار. ئايرىم ئىسىملار ئۆزگىرىش جەريانىدا ئەسلىي ئاتىلىشىدىن تەدرىجىي يىراقلاپ، باشقا بىر شەكىلدىكى ئىسىمغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكتىن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ خىل ئۆزگىرىشتىكى ئىسىملارنىڭ ئەسلىي ئاتىلىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتكەن شەكلىنى توغرا پەرقلەندۈرۈش سەۋىيەسى ئوخشاش ئەمەس. شۇڭا بەزىلەر تەرىپىدىن ئەسلىي ئىسىم بىلەن ئۇنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى ئايرىم ـ ئايرىم ئىسىم ئورنىدا بىر ئائىلىدە قوللىنىلغان. مەسىلەن، «مۇھەممەد» دېگەن ئىسىمنىڭ «مەخەت، مەممەت» دېگەن ئۆزگىرىشلىرى، «ئەھمەد» دېگەن ئىسىمنىڭ «ئەخمەت، ئەمەت» دېگەن

ئۆزگىرىشلىرى بىر ئائىلىدىكى ئاتا بىلەن بالىنىڭ ياكى ئوغۇل پەرزەنتلەرنىڭ ئىسمىدا ئىككى ئىسىم تەرىقىسىدە ئۇچرايدۇ . مۇشۇ خىل ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ ، ئىسىملارنىڭ ھەر خىل ئۆزگىرىشلىرى شۇ ئىسىمنىڭ ئۇدۇلىدا ياكى شۇ ئىسىم بار بەت ئاستىدا تولۇق كۆرسىتىلگەندىن سىرت ، ھەرپ تەرتىپى بويىچە مۇۋاپىــق كەلگەن جايدا باش قۇرغا ئېلىنىپ ، تەكرار كۆرسىتىلدى . ئەسلىي ئىسىم بىلەن ئۇنىڭ بىرەر ئۆزگىرىشى ئارقىدىنلا كېلىدىغان بولسا ، قايتا تەكرارلانمىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت . تەكرار كۆرسىتىــلگەن ئىسىملار ئۆزىنىڭ توغرا ئاتىلىشىغا ھاۋالە قىلىنىپ ، تىرناق ئىچىگە «پالانى ئىسمغا قاراڭ» دەپ ئەسكەرتىلدى . دېمەك ، ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىسىملارنىڭ تەۋەلىكى ، مەنىسى ۋە كېلىپ چىقىشىنى بىلىش ئۈچۈن ، ئەلۋەتتە ئەسلىي ئىسىمغا — ئىشارەت قىلىنغان ئىسىمغا قاراشقا توغرا كېلىدۇ .

3 . ھەر خىل ئورۇندا ئوخشاشمايدىغان مەنە بېرىلگەن ئىسىملار ياكى مەنىسى ۋە كېلىپ چىقىشىغا قارىتا ئىختىلاپلىق چۈشەندۈرۈش بېرىلگەن ئاز ساندىكى ئىسىملارغا نىسبەتەن نومۇر ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلدى . تىلىمىـــزدا ئاساسەن ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ئەرەبچە ھەرپلەرنى باشلىنىش قىلغان ئەرەبچە ، پارسچە ئىسىملارنىڭ مەنىلىرىنى بىر ئورۇندا ئىزاھلاشتىمۇ نومۇردىن پايدىلىنىلدى . مەسىلەن ، «ذ ، ظ ، ز ، ض» نى باشلىنىش قىلغان ئىسىملار «ز» بابىغا ؛ «ث ، ص ، س» نى باشلىنىش قىلغان ئىسىملار «س» بابىغا ، «ھ ، ح» نى باشلىنىش قىلغان ئىسىملار «ھ» بابىغا ، «ط ، ت» نى باشلىنىش قىلغان ئىسىملار «ت» بابىغا ، «ف ، پ» نى باشلىنىش قىلغان ئىسىملار «پ» بابىغا ؛ «ا ، ع» ھەرپى بىلەن باشلانغان ئىســـملار بولسا ، ئېھتىياجغا ئاساسەن «ئا ، ئە ، ئې ، ئى» ياكى «ئو ، ئۇ ، ئۆ ، ئۈ» بابلىرىغا تەۋە قىلىندى . بەزى ئىسىملارنىڭ مەنىلىرى ئاشۇ ئىسىم مەنبە قىلغان تىلدا ئەسلىدىنلا ھەر خىل بولغان بولسا ، چېكىتلىك پەش ( ؛ ) بىلەن ئايرىلدى . بىر ـ بىرىگە ئالاقىدار ، ئەمما باشقا مەنبەلەردە قىسمەن پەرقى بولغان مەنىلەر ئارىسىغىمۇ چېكىتلىك پەش قويۇلدى .

4 . قوش ياكى كۆپ (مۇرەككەپ ) تەركىبلىك بەزى ئىسىملارنى مەنە جەھەتتىن ئىزاھلاشتا ، قايسىسىنىڭ خاس ئىسىم ، قايسىسىنىڭ سۈپەت ياكى قوشۇمچە ئىسىم ئىكەنلىكىلا كۆرسىتىلدى . مەسىلەن ، «گۈلھاجىخان» نى ئىزاھلاشتا «گۈلھاجى : ئىسمى ؛ خان : سۈپىتى» دەپ كۆرسىتىلگەندەك . چۈنكى بۇ ئىسىم مەنە ئېتىبارى بىلەن ئەمەس ، بەلكى شەكىل يۈزىسىدىن ياكى باشقا زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن مۇنداقچىلا بىرىكتۈرۈلگەن . شۇنداقتىمۇ ئايرىم ئىسىملارغا كۆرسەتمە بېرىش بىلەن بىللە ، مەنە ھەققىدە قوشۇمچە چۈشەندۈرۈش بېرىلىپ ، تىرناق ئىچىدە ئەسكەرتىلدى ، يەنە بەزى ئىسىملارغا ئۇنىڭ مەنە نۇقتىسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلدى ھەمدە بۇ خىل ئىزاھات كۆپىنچە تېكىست ئىچىدە بايان قىلىندى . ئەگەر تېكىست ئىچىدە بايان قىلىشقا ئەپسىز بولسا ، شۇ بەت ئاستىغا ئىزاھ بەلگىسى قويۇپ چۈشەندۈرۈلدى .

5 . ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن بەزى ئىسىملارنىڭ مەنىسى ئۆزئارا ئوخشىشىپ كەتسە ، بۇنداق ئەھۋالدا «يۇقىرىقىغا ئوخشاش» دەپ ئىزاھلاندى . بۇ «مەنىســـى ئوخشاش»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

دېگەنلىكتۇر. بەزى ئىسىملارنىڭ بىر بۆلىكىگە مەنە بېرىلىپ، يەنە بىر بۆلىكى ئەينەن كۆرسىتىلىپ، «پالانىغا قاراڭ» ياكى «پالانى ئۇچۇن پۇستانىغا قاراڭ» دېيىلدى. مەسىلەن، «ئەبۇبەكرى» دىكى «ئەبۇ» غا مەنە بېرىلىپ، «بەكرى» ئەينەن كۆرسىتىلىپ، «‹بەكرى› گە قاراڭ» ياكى «‹بەكرى›، ئۇچۇن ‹ب› بابىغا قاراڭ» دېيىلدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، قائىدە بويىچە ئۇنىڭ مەنىسىنى شۇ جايدىن تېپىش كېرەك.

6. بەزى ئىسىملاردىكى مەنە تەكرارلىقىنى (ئايرىم ئىسىملارنىڭ يېقىنلا يەردە ئوخشاش ئىزاھلىنىشىنى) ياكى ئوخشاش مەنىدىكى ئىسىملارنىڭ باشقا ـ باشقا جايدا ئوخشىمايدىغان ئىزاھلىنىپ قېلىشىنى مۇمكىنقەدەر ئازايتىش ئۇچۇن، بەزىدە مەلۇم بىر ئىسىمنىڭ مەنىسى مەنداش كەلگەن يەنە بىر ئىسىمغا ھاۋالە قىلىنىپ، «پالانى بىلەن ئوخشاش» دېيىلدى. ئەمما، ئاياللارنىڭ ئايرىم ئىسىملىرىدا ئەرلەر ئۇچۇن بېرىلگەن شۇ خىل ئىسىملار بىلەن ئوخشاش دېيىلسە، ئۇلارنىڭ مەنىسى ئوپمۇئوخشاش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئەرلەر ئۇچۇن ئىشلىتىلگەن شۇ مەنە ئاياللار ئۇچۇنمۇ ماس كېلىدۇ، دېگەنلىك، يەنى شۇ خىل مەنەنى ئەرگە قاراتساق «مۇنداق ئەر»، ئايالغا قاراتساق «مۇنداق ئايال» دەپ چۈشىنىشىمىز كېرەك. مەسىلەن، «نۇركامال» نى «كامالەتكە يەتكەن ئەر» دېسەك، «نۇركامالخان» نى «كامالەتكە يەتكەن ئايال» دەپ؛ «زاھىد» نى «تەقۋادار، دىندار كىشى» دېسەك، «زاھىدە» نى «تەقۋادار، دىندار ئايال» دەپ چۈشىنىش مۇمكىن.

7. بەزى ئىسىملارنىڭ ئەسلىي ئاتىلىشى ئىزاھ بەلگىسى ئارقىلىق شۇ ئىسىم بار بەت ئاستىدا كۆرسىتىلدى، ئادەتتىكى ئاتىلىشى بولسا، تىلىمىزغا يەڭگىللەشتۈرۈپ بويسۇندۇرۇلغان ياكى كىشىلەر بىرقەدەر مۇقىمراق ئادەتلەنگەن بويىچە، ئامال بار توغرا ئاتاش ئاساسىدا ئېلىندى. مەسىلەن، «قەۋمىددىن» دېگەن ئىسىمنى ئۆزلەشكەن بويىچە «قەۋمىدىن» دەپ ئالغانغا ئوخشاش. ئالاقىدار باشقا ئىزاھاتلار، مەسىلەن، بەزى ئىسىملارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە قوللىنىلىش دائىرىسى، بەزى ئىسىملارنىڭ تەلەپپۇز ئالاھىدىلىكى، ئايرىم ئىسىملارنىڭ ئەسلىي ئاتىلىشى، خاراكتېرى، ئەر ـ ئاياللارغا ئورتاق ئىشلىتىلىشى، بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى، ئۆزگىرىشلىرىنىڭ ئوخشىشىپ قېلىشى توغرىسىدىكى ئەسكەرتىش ۋە مۇلاھىزىلەر بەت ئاستىغا بېرىلدى. ئۆزگىرىشلىرى بىرقەدەر كۆپ بولغان بەزى ئىسىملارنىڭ قىسمەن ئۆزگىرىشلىرىمۇ بەت ئاستىدا ئىزاھات شەكلىدە بېرىلدى.

8. كىتابنىڭ باش قىسمىغا لۇغەتتىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان زۆرۈر مەزمۇن سۈپىتىدە 11 پارچە ئىلمىي ماقالە بېرىلىپ، ئوقۇرمەنلەر ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە ئەنئەنىۋى ئىسىم قويۇش تەرتىپلىرى، كىشى ئىسىملىرىنىڭ قوللىنىلىش ئالاھىدىلىكى، جىنس ئالاھىدىلىكى، مەنە ئالاھىدىلىكى، قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى، ئىسىم ياسىغۇچى ۋە ئۆزگەرتكۈچى تەركىبلەر، كىشى ئىسىملىرىدىكى ئۆزگىرىش ۋە فامىلە قوللىنىش مەسىلىسى، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى دىنىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىك قاتارلىقلار ھەققىدە ئەتراپلىق چۈشەنچە ۋە بىلىمگە ئىگە قىلىندى.

9. كىتاب ئاخىرىغا قوشۇمچە قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇرلار قوللانغان ئىسىملار

ھەرپلەر بويىچە ئايرىم بۆلەكلەرگە بۆلۈپ كۆرسىتىلمەستىن، بەلكى ھەرپ تەرتىپىنى ئاساس قىلغان ھالدا بىر تۇتاش تىزىلدى. بەزى ئىسىملارنىڭ ئاتىلىشى يېنىدىكى تىرناق ئىچىگە ئېلىنغانلىرى شۇ ئىسىملارنىڭ باشقا تەلەپپۇز قىلىنىشى ياكى ئەسلىي تەلەپپۇزى ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى ئىسىملار ئومۇمەن ئۇيغۇرچە ئىسىملارنى گەۋدە قىلغاچقا، تىل تەركىبىمۇ ئەسكەرتىلمىدى، ئەر - ئاياللار ئىسىملىرىمۇ ئايرىلاش بېرىلدى. بۇ ئىسىملارنىڭ تەركىبىدىكى ناھايىتى ئاز بىر قىسىملىرى ھازىرقى زامان كىشى ئىسىملىرى قاتارىدىمۇ قىسمەن تەكرارلىنىدۇ. چۈنكى، قەدىمكى ئىسىملارنىڭ بەزىلىرى ھازىرمۇ ئەينەن قوللىنىلماقتا.

10. كىتابنىڭ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىغا ئالاقىدار يەنە بىر قوشۇمچە مەزمۇنى — قەدىمكى دەرىجە - ئەمەل ناملىرىمۇ پايدىلىنىشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن ھەرپ تەرتىپى بويىچە رەتلەندى. ھەربىر نامنىڭ ئۇدۇلىدا ئۇنىڭ تىل تەۋەلىكى ھازىرقى زامان كىشى ئىسىملىرىدا كۆرسىتىلگەندەك، تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان شەرتلىك ھەرپلەر بىلەن ئىزاھلاندى. ئەڭ ئاخىرىدا، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ مۇھىم مەنبەلىرىدىن سانىلىدىغان 99 گۈزەل ئىسىم ۋە 105 گۈزەل سۈپەت ئەرەب يېزىقىدا ۋە ئۇيغۇرچە ئوقۇلۇشى بىلەن بىللە بېرىلدى.

قىسقىسى، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى ئەڭ بۇرۇن توپلاش ۋە رەتلەپ ئىزاھلاش خۇددى دېڭىز ئاستىغا چۆكۈپ، بىر تالدىن جاۋاھىرات سۈزۈپ چىققانغا ئوخشاش ئىنتايىن مۇشەققەتلىك ۋە مۇرەككەپ ئىجادىي ئەمگەك. 20 نەچچە مىڭ ئىسىمنى ھەرپ تەرتىپى بويىچە رەتلەپ، تىل تەۋەلىكىنى بىر - بىرلەپ ئېنىقلاپ، ئەسلىي ئىسىم بىلەن ئۇنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى، ئۆزگىرىشلىرى ئارقىلىق ئەسلىي ئىسىمنى تېپىپ ئۆز جايىغا قويۇش ۋە مەنە بېرىپ، ئىزاھلىق لۇغەت ھالىتىگە ئەكىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن زېھنىي كۈچ ۋە ۋاقىت كېتىدۇ. شۇڭا، ئاخىرىدا تەتقىقاتچىلار ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ مۇشۇ ساھەدە قايتا كىتاب ياكى يۇمشاق دېتال ئىشلىگەندە، ئىسىملار لۇغىتىنى تورغا كىرگۈزگەندە ئىلگىرىكى كىتابلاردىن پايدىلىنىش دەرىجىسىنىڭ ۋە ئۇسۇلىنىڭ قائىدىگە ئۇيغۇن ھەمدە مۇۋاپىق بولۇشىنى؛ پايدىلانغانلىقىنى ۋە لۇغەتنى كىمنىڭ ئەسىرىدىن ئالغانلىقىنى چوقۇم ئەسكەرتىشىنى، پايدىلانغانلىقى ئېنىق تۇرۇپمۇ قىلچە ئىزاھات بېرىپ قويمايدىغان ئىشنى قىلماسلىقىنى، ئەمما «پايدىلاندىم» دەپ قويۇپلا، «تەييارغا ھەييار» بولۇپ، ئۆزى ئېھتىياجلىق مەزمۇننى چالا قويماي كۆچۈرۈۋېلىپ، باشقىلارنىڭ ئەسەر ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزىدىغان ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

— مۇتەللىپ سىدىق قاھىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# نەشرىياتتىن

تىلشۇناس ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتچىسى ، ژۇرنالىست مۇتەللىپ سىدىق قاھىرى 1950 ـ يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ياپچان بازىرىغا قاراشلىق كۇسەنبويى كەنتىدە مۆتىۋەر دىنىي زات ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . 1961 ـ يىلى يۇرتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنى ، 1964 ـ يىلى ياپچان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ، 1967 ـ يىلى يېڭىشەھەر ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىنى پۈتتۈرگەن . ئۇ 1963 ـ يىلىدىن تارتىپ خەۋەر ـ ماقالە يېزىش مەشقىنى باشلىغان ، ئۇنىڭ ياپچان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق ناخشا ئوقۇش مۇسابىقىسى توغرىسىدا يازغان «قىزىل ناخشىلار جاراڭلىماقتا» ناملىق خەۋىرى شۇ يىلى «شىنجاڭ پىيونېرلىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان . تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرى — 1965 ـ يىللىرىدىن تارتىپ ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ، خەتتاتلىق ۋە رەسساملىق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان . 1968 ـ يىلىدىن 1971 ـ يىلىغىچە يۇرتىدا قايتا تەربىيە ئالغان ، بۇ جەرياندا بىر مەزگىل ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتناشقاچ كىچىك ئەترەتنىڭ تەشۋىقاتچىسى بولغان ، يەنە بىر مەزگىل ئىشتىن ئايرىلىپ ، تەكلىپ بىلەن يېڭىشەھەر ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ، يېڭىشەھەر ناھىيە بازىرى ۋە بۇ ناھىيەگە قاراشلىق قومۇشئېرىق ، ياپچان ، ئەرمۇدۇن ، ئارال يېزىلىرىدا داھىيلارنىڭ رەسىملىرىنى سىزىش ، سۆز ـ ئۇزۇندىلىرىنى چوڭ خەت قىلىپ يېزىش ، لوزۇنكا ، پىلاكات ، تام دوسكىسى ۋە سىنىپىي تەربىيە كۆرگەزمىلىرىنى ئىشلەش ، ئۆز كەنتىدىكى ئىدىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشۋىقات ئەترىتىگە سەھنە ئەسىرى يېزىپ بېرىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلغان . 1971 ـ يىلى 11 ـ ئايدا يېڭىشەھەر ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئېچىلغان ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا كىرىپ ئوقۇپ ، 1972 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1973 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە ئۆز يۇرتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە خەلق باشقۇرغان مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغان . 1973 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ، ياپچان بازارلىق رادىيو ئۇزېلىغا يۆتكىلىپ ، 1978 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە بۇ ئورۇندا دىكتور ۋە مۇخبىر بولۇپ ئىشلىگەن . بۇ مەزگىلدە «قەشقەر گېزىتى» ، «شىنجاڭ گېزىتى» ، «شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى» ، «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا 84 پارچە خەۋەر ـ ماقالە ۋە شېئىر ئېلان قىلغان . 1977 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ ، 1978 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان . 1983 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆز فاكۇلتېتىغا ئېلىپ قېلىنغان ۋە 1991 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ، ئالىي مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىياتى ۋە

ئۇيغۇر خەتتاتلىقى ئوقۇتقۇچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغان. 1987 - يىلى لېكتورلۇق، 1993 - يىلى دوتسېنتلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1991 - يىلى 7 - ئايدىن ھازىرغىچە «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئۇ قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇش جەريانىدا، مەكتەپنىڭ تەكلىپى بىلەن ئوقۇشتىن سىرت بەش يىل ئىنستىتۇت رادىيو ئۇزېلىدا دىكتور ۋە باشقۇرغۇچى بولغان. ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان مەزگىلىدە بىر يىل قوشۇمچە ئىنستىتۇت گېزىتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئوقۇش جەريانىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىي ئىجادىيەت، خەتتاتلىق ۋە ئىختىيارىي مۇخبىرلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، 270 پارچە خەۋەر - ماقالە، ئەدەبىي ئەسەر، گۈزەل سەنئەت ئەسىرى ۋە خەتتاتلىق ئەسىرىنى ھەر دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان.

ئۇ 1985 - يىلى 9 - ئايدىن 1987 - يىلى 6 - ئايغىچە دەرس ئېھتىياجى بىلەن ئىككى يىل قەشقەر چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومىدا ئەرەب تىلى ئۆگەنگەن. 1989 - يىلى 9 - ئايدىن 1990 - يىلى 7 - ئايغىچە سابىق دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ بىر تۇتاش ئەۋەتىشى بىلەن مىسىر قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ، ئەرەب تىلى بويىچە بىر يىل بىلىم ئاشۇرغان. ئۇ قەشقەردىكى ئۆگىنىش مەزگىلىدە 1986 -، 1987 - يىللىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «ئەرەب تىلىدىن ئاساس» ناملىق ئۈچ پارچە كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان. 1989 - يىلى بۇ كىتابلار ئاساسىدىكى ئۈچ قىسىملىق «ئەرەب تىلى دەرسلىكى» نىڭ 1 - قىسمىنى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا رەسمىي نەشر قىلدۇرۇپ، تۇنجى قېتىم بۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

مۇتەللىپ سىدىقنىڭ مىسىردا ئوقۇش مەزگىلى ھەقىقەتەن زور ئۇتۇق قازانغان ۋاقىت ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن 1992 -، 1994 - يىللىرى «ئەرەب تىلى دەرسلىكى» نىڭ 2 -، 3 - قىسىملىرىنى نەشر قىلدۇرۇش بىلەن بىللە، مىسىردىن ئىبارەت بۇ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك، گۈزەل دۆلەت ھەققىدە نۇرغۇن زىيارەت خاتىرىسى ۋە ئەسلىمىلەرنى يازدى. ئۇنىڭ «مىسىردا ئۆتكەن بىر يىل» ناملىق يۇرۇشلۇك زىيارەت خاتىرىسى 1992 - يىلى «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ شۇ يىللىق بەش سانىدا، «مىسىر ھەققىدە ئەسلىمىلەر» ناملىق ئەدەبىي خاتىرىلىرى «شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىلىدىن 1999 - يىلىغىچە بولغان 13 سانىدا كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا، «قەشقەر گېزىتى مۇخبىرلار ئىشى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى گېزىتى» قاتارلىق ئاخبارات ۋاسىتىلىرىغىمۇ ئون پارچىغا يېقىن ئەسلىمىسى بېسىلدى. 1999 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ئۇنىڭ «ئاھ، نىل دەرياسى» ناملىق ئەسلىمىلەر توپلىمىنى نەشر قىلدى.

ئۇ ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئەرەب تىلى ئۆگىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش يولىدىكى خىزمەتلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ، 1996 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا «ئەرەبچە سۆزلىشىش» ناملىق كىتابىنى، 1998 - يىلى «ئەرەب تىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئېلىپبەسى» نىڭ قائىدىلەر قىسمىنى، 1999 - يىلى ئوقۇشلۇق قىسمىنى نەشر قىلدۇردى. 2003 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇنىڭ «ئەرەب تىلى قائىدىلىرى» ناملىق يىرىك ئەسىرىنى ئېلان قىلدى، شۇ يىلى يەنە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى «ئەرەبچىنى مۇئەللىمسىز ئۆگىنىش» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدى.

مۇتەللىپ سىدىق 1982 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن باشلاپ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى بىلەن تونۇشۇشقا ئىشتىياق باغلاپ، بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشكىمۇ قىزغىن كىرىشكەن ئىدى. ئۇ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئەرەبچە ۋە پارسچە ئىسىملار ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئۇيغۇرچىدا بىر قىسىم ئىسىملارنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئىسىملارنىڭ مەنىسىنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭمۇ ئازلىقىنى، كىشى ئىسىملىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە مەنىسىنى ئېنىقلاش زۆرۈرلۈكىنى تېخىمۇ ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر كىتاب يېزىشنى ئويلايدۇ. نەتىجىدە، ئەڭ بۇرۇن توپلىغان 600 گە يېقىن ئەرەبچە كىشى ئىسىملىرىنى ئۇيغۇرچە مەنىلىرى بىلەن بىللە «ئەرەب تىلىدىن ئاساس» ناملىق كىتابىنىڭ 2 - قىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇمچە قىلىپ بېرىپ، 1987 - يىلى 3 - ئايدا تۇنجى قېتىم كىتابخانلارغا تونۇشتۇرىدۇ. شۇ يىلى 10 - ئايدا 2700 دىن ئارتۇق ئەرەبچە، پارسچە، ئۇيغۇرچە ۋە باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان كىشى ئىسمىنى توغرا ئاتىلىشى، تىل تەۋەلىكى، ئۆزگىرىشلىرى ۋە مەنىسى ئاساسىدا رەتلەپ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تۈزگەن «مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى» ناملىق مەجمۇئەنىڭ 2 - قىسمىدا «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسى بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلىدۇ. مانا بۇ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئەڭ بالدۇر ئاشكارا مەتبۇئاتتا رەسمىي توپلاپ ئېلان قىلىنىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ماقالىسىدە ئىسىمشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئۇيغۇرلاردا بىر بوشلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ھەققىدە بىرقەدەر ئېنىق مەلۇمات بېرىپ، ئۇيغۇر ئىسىم مەدەنىيىتىنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ۋە كىشى ئىسىملىرىنى توغرا قوللىنىش مەسىلىسىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە بۇ جەھەتتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىگەن.

90 - يىللار ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى ئۈزلۈكسىز كېڭەيگەن بىر مەزگىل بولدى. مۇتەللىپ سىدىق ئون يىللىق توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق 1992 - يىلى «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى» ناملىق كىتابىنى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى پەن - تەتقىقات باشقارمىسى ئارقىلىق نەشر قىلدۇردى. بۇ كىتابتا 5000 غا يېقىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە 400 گە يېقىن قەدىمكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى چۈشەندۈرۈلدى. مەزكۇر كىتاب ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ ئىسىم - فامىلە تاللىشىدىكى ياخشى يېتەكچى بولغان ھەم بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تۇنجى قېتىم كىتاب ھالىتىدىكى يازما مەنبەگە ئىگە بولغان. بۇ يېڭى شەيئى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى 1994 - يىلى

3 ـ سانىدىن باشلاپ بىر نەچچەساندا ئارقا ـ ئارقىدىن بۆلۈپ ئېلان قىلدى . بۇ كىتاب خەلقئارادىمۇ ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر بولۇپ ، 2005 ـ يىلى 4 ـ ئايدا سىلاۋىيان ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن قازاقىستان «ناشىر» (بىزنىڭ دۇنيا) نەشرىياتىدا رەسمىي نەشر قىلىندى . كىتابنىڭ ئىسمى ، نەشر سۆزى ، كىرىش سۆز ۋە ماقالە قىسىملىرى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئىدى . بۇ ، مۇئەللىپنىڭ چەت ئەل يېزىقىدا نەشر قىلىنغان تۇنجى كىتابى ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ھەققىدىكى 5 ـ كىتابى ، شۇنداقلا شىنجاڭ بويىچە ئۇيغۇر ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلىپ ، چەت ئەلدە نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان مۇشۇ ساھەدىكى بىردىنبىر كىتاب ھېسابلىنىدۇ . بۇ كىتابنىڭ تارقىتىلغانلىق خەۋىرى شۇ يىللىق «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە سانلىرى ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، «شىنجاڭ گېزىتى» ، «قەشقەر گېزىتى» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى گېزىتى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا كەينى ـ كەينىدىن ئېلان قىلىندى ھەمدە شۇ يىلى 9 ـ ئايدا مەزكۇر كىتاب بېيجىڭ دۆلەت كۇتۇپخانىسىنىڭ چەت ئەل كىتابلىرى بۆلۈمىدە مەڭگۈلۈك ساقلاشقا قويۇلۇپ ، مۇئەللىپ سىدىقنى دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە قىلدى .

مۇئەللىپ سىدىق كۆپچىلىكنىڭ ئىلھام بېرىشى بىلەن كىشى ئىسىملىرىنى توپلاش ، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ، مۇشۇ جەھەتتىكى ئەمگەكلىرى ئاساسىدا 1994 ـ ، 1996 ـ يىللىرى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى گېزىت ـ ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى ، باينغولىن ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم باستۇرۇشى بىلەن يەنە «ئىسمنى قانداق قويۇش كېرەك» ، «ئىسىم قويۇش قوللانمىسى» ناملىق ئىككى پارچە كىتاب چىقىرىپ ، ئىچكى قىسىمدا تارقاتتى . «ئىسىمنى قانداق قويۇش كېرەك» تە 7000 ، «ئىسىم قويۇش قوللانمىسى» دا 11 مىڭ ئىسىم جەملەپ چىقىلدى . 1998 ـ يىلىغا كەلگەندە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ئۇنىڭ «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى» ناملىق كىتابىنى رەسمىي نەشر قىلدى . بۇ 12 مىڭدىن كۆپرەك ھازىرقى زامان كىشى ئىسىملىرى ، 1000 غا يېقىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار قوللانغان كىشى ئىسىملىرى ، 175 قەدىمكى دەرىجە ـ ئەمەل ناملىرى ، ئۇيغۇر ئىسىمشۇناسلىقىغا ئائىت يەتتە پارچە ئىلمىي ماقالە كىرگۈزۈلگەن بىرقەدەر چوڭ ھەجىملىك قورال كىتاب سانىلىدۇ . ئۇنىڭدا ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە فامىلە قوللىنىش ھەققىدە نىسبەتەن ئەتراپلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىپ ، ئۇيغۇر ئىسىمشۇناسلىقى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاساسقا ئىگە بولدى .

مۇئەللىپ سىدىق ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى توپلاشنى باشلىغان 28 يىلدىن ، بولۇپمۇ ئۇنى مەتبەئە يۈزىگە ئېلىپ چىققان 24 يىلدىن بۇيان ، ئىسىملارنى توپلاش ، رەتلەش جەھەتتىلا ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ، مەنىلىرىنى شەرھلەش ، تىل تەركىبى ۋە كېلىپ چىقىشىنى ئىزاھلاش ، ئىسىم ـ فامىلە قوللىنىش تەتقىقاتى جەھەتلەردىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى . 1989 ـ يىلدىن باشلاپ ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، «شىنجاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، «تىل ۋە تەرجىمە» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ، «شىنجاڭ گېزىتى» ، «قەشقەر گېزىتى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا «ئۇيغۇر ئىسىم ـ فامىلىلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە» ، «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ جىنس ئالاھىدىلىكى ھەققىدە» ، «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر» ، «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى مەدەنىيەت ئامىللىرى ۋە پسىخىك ئامىللار» ، «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكى ھەققىدە قىسقىچە مۇھاكىمە» ، «ئۇيغۇرلاردا ئىسىم قويۇش» ، «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى ئىسىم ياسىغۇچى ۋە ئۆزگەرتكۈچى تەركىبلەر» قاتارلىق 30 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ۋە سۆھبەت ئېلان قىلدى .

ئۇ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى ياخشى تاللاش ، توغرا قوللىنىش مەسىلىسىدە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپلا قالماي ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە ئىپادىلىنىشى مەسىلىسىنىمۇ ئويلاپ ، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى غەيۇر ئابدۇقادىر بىلەن بىرلىكتە «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە ئىپادىلىنىش لۇغىتى» ناملىق ئىلمىي ئەمگىكىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى ۋە «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1999 ـ يىللىق سانلىرى ۋە 2000 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا كەينى ـ كەينىدىن ئېلان قىلىپ ، بۇ جەھەتتىمۇ ئەڭ بالدۇر ئاساس سالدى .

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى تېماتىك مەزمۇنى كەڭ ، ئەمەلىيەتچانلىقى كۈچلۈك ، كۆپ تەرەپلىمە تىل ئىقتىدارى تەلەپ قىلىدىغان بىر تۈرلۈك مۇشەققەتلىك ئىلمىي خىزمەت بولۇپ ، ئۇنىڭ تىل تەۋەلىكىنىڭ مۇرەككەپ بولۇشى ئۇنى تەتقىق قىلىشنىڭمۇ مۇرەككەپ ئىش ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ . مىڭ يىللار ئىلگىرى باشلانغان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئەرەبچىلىشىشى نەتىجىسىدە كىشىلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆز ئىسمىنىڭ مەنىسىنى بىلمەيدىغان ، ئىسمىغا ئېتىبار قىلمايدىغان «ئىسىم ساۋاتسىزلىقى» مەۋجۇت ئىدى . ئەمما «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى» ، «ئىسىمنى قانداق قويۇش كېرەك» ، «ئىسىم قويۇش قوللانمىسى» ، «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى» قاتارلىق كىتابلار مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا 40 مىڭدىن ئارتۇق تىراژدا سېتىلىپ ، ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقالدى . بۇنىڭ بىلەن پەرزەنتلىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى يېزىپ قويۇشقىمۇ سەل قارايدىغان ئاز بولمىغان كىشىلەر ئارىسىدا ئۆز ئىسىملىرىنىڭ توغرا ئاتىلىشى ۋە مەنىسىنى بىلەلەيدىغان ، ئىسىم قويۇشتا كىتابقا ئاساسلىنىدىغان كەيپىيات شەكىللەندى .

مۇتەللىپ سىدىقنىڭ 2006 ـ يىلى 1 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «خەزىنىلەر ئاچقۇچى» ناملىق كىتابىمۇ ئۇيغۇر ئىسىمشۇناسلىقىنى ئاساسلىق ئوبيېكت قىلغان ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى بولۇپ ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى 28 پارچە ماقالىنىڭ 19 پارچىسى مۇشۇ ساھەگە تەئەللۇق .

مۇتەللىپ سىدىق ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئىلىملاردىمۇ پائال

ئىزدەندى . «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ئەستايىدىل ئوقۇپ ۋە ئۆگىنىپ ، شۇ ئاساستا «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› دىكى پاكىتلار» ، «ماقال ـ تەمسىللەر ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا مەنىۋى هايات» ناملىق ئىلمىي ماقالىلىرىنى ، شۇنىڭدەك يەنە «قىسمەن دىنىي ئەمەل ناملىرى توغرىسىدا» ، «مىسىر دىيالېكتى ۋە ئۇنىڭدىكى تۈركچە تەركىبلەردىن تىللارنىڭ ئۆزئارا ئۆتۈشۈشىگە نەزەر» ، «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئادەت سۆزلىرى» ، «تىلىمىزدىكى سىلىقلاشتۇرۇلغان سۆزلەر ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىكى رولى» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى . «باشلانغۇچ مەكتەپ تەييارلىق سىنىپلىرى ئۈچۈن ئېلىپبە» تۈزۈپ ، 2002 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇردى . شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ هازىرغىچە نەشر قىلدۇرغان كىتابلىرى مەزكۇر قامۇسنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ 20 پارچىغا ، ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلىرى 44 پارچىغا يەتتى .

جاپالىق ئەجىر هامان مېۋە بېرىدۇ ، ھەقىقىي بىلىم كىشىگە مۇقەررەر شان ـ شەرەپ ئاتا قىلىدۇ . مۇتەللىپ سىدىقنىڭ «ئەرەب تىلىدىن ئاساس» (1 ـ قىسىم) ، «ئەرەب تىلىدىن ئاساس» (3 ـ قىسىم) ، «ئەرەبچە سۆزلىشىش» ، «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى» ناملىق تۆت كىتابى 1992 ـ ، 1995 ـ ، 1997 ـ ۋە 2001 ـ يىللىرى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئىلگىرى ـ كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن تۆت قېتىملىق باھالاش پائالىيىتىدە ئايرىم ـ ئايرىم هالدا ئىنستىتۇت دەرىجىلىك «مۇنەۋۋەر ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى . ئۇ 650 مىڭ خەتلىك چوڭ ھەجىملىك كىتابى «ئەرەب تىلىدىن ئاساس» نىڭ 3 ـ قىسمىنى بىر يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدە يېزىپ بولغاندىن كېيىن ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەبچە مەتبەئە قىيىنچىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ، يەنە بىر يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ، ئورىگىنالىنى باشتىن ـ ئاخىر ئۆز قەلىمى بىلەن ھۆسنخەت قىلىپ قايتا كۆچۈرۈپ چىقىپ ، سۈپەتلىك قول يازما نۇسخىدا باستۇرۇپ ، كىتابخانلارنى ھەيران قالدۇرغان ئىدى . بۇ كىتابتا ئەرەبچە ئوقۇشلۇق ، ئەرەبچە خەت ـ چەكلەر ساۋاتى بولغانلىق سىرتىدا ، 20 مىڭ خەتلىك لۇغەت بار ئىدى . ئۇ ئاشكارا نەشر قىلىنغان تۇنجى ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرغان ۋە قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن .

مۇتەللىپ سىدىق نۆۋەتتە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللانماقتا . بۇ قېتىم «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى قامۇسى» ناملىق 23 مىڭدىن ئارتۇق ئىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرقەدەر چوڭ ھەجىملىك مەزكۇر ئەسەرنى پۈتتۈردى ۋە «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2008 ـ يىللىق سانلىرىدا ئۇنىڭ بىر بابىنى ئالدىن ئېلان قىلدى . پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن . بىز ئەرەب تىلى دەرسلىكى ۋە ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت تۈزۈپ ئەڭ بۇرۇن رەسمىي نەشر قىلدۇرغان ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى توپلاش ۋە رەتلەشنى ئەڭ بالدۇر باشلاپ گەۋدىلىك نەتىجە ياراتقان بۇ هارماس ئىزدەنگۈچىگە هايات سەپىرىنىڭ 60 ـ يىلىغا قەدەم قويغان قۇتلۇق پەيتىدە چىن كۆڭلىمىزدىن سالامەتلىك ۋە تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ھەققىدە قىسقىچە بايان ........................ 1

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ مەنە ئالاھىدىلىكى ........................ 12

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى ........................ 22

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى ئىسىم ياسىغۇچى ۋە ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى تەركىبلەر ........................ 32

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ جىنس ئالاھىدىلىكى ........................ 60

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ قوللىنىلىش ئالاھىدىلىكى ........................ 67

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى ئۆزگىرىش ........................ 77

فامىلە ھەققىدە ........................ 94

ئەنئەنىۋى ئىسىم قويۇش تەرتىپلىرى ........................ 100

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا ئىپادىلەنگەن دىنىي ئالاھىدىلىك ........................ 106

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئىجتىمائىيلىقى ...... 112

ئا ........................ 117

ئە ........................ 189

ب ........................ 234

پ ........................ 268

ت ........................ 285

ج ........................ 323

چ ........................ 337

خ ........................ 342

د ........................ 366

ر ............ 383
ز ............ 405
س ............ 436
ش ............ 488
غ ............ 517
ق ............ 527
ك ............ 550
گ ............ 561
ل ............ 584
م ............ 588
ن ............ 688
ھ ............ 725
ئو ............ 762
ئۇ ............ 767
ئۆ ............ 775
ئۈ ............ 778
ۋ ............ 780
ئې ............ 788
ئى ............ 791
ي ............ 809
قوشۇمچە Ⅰ : قەدىمكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىن ............ 817
قوشۇمچە Ⅱ : قەدىمكى دەرىجە - ئەمەلناملىرى ............ 871
قوشۇمچە Ⅲ : 99 گۈزەل ئىسىم ۋە 105 گۈزەل سۈپەت ............ 888

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ھەققىدە قىسقىچە بايان

كىشى ئىسىملىرى — ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانىدا كىشىلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ۋاستە. ئىسىمنى قانداق قويۇش — تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە كىشىلەر جىددىي كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋە ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان بىر مەسىلە. چۈنكى، پەرزەنتلەرگە ئۆزگىچە، چىرايلىق، مەنىلىك، مۇۋاپىق ئىسىم قويۇشمۇ بىر خىل مەدەنىيەت. كىشى ئىسىملىرىنىڭ توغرا ئاتىلىشى، تىل تەركىبى، قائىدىلىرى، ئۆزگىرىشلىرى، تارىخى، كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسىنى بىلىش، بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش بىر مىللەتنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، ئەخلاق، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ۋە باشقا جەھەتتىكى ئەھۋاللىرىنى چۈشىنىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. كىشى ئىسىملىرىنىڭ ياخشى تاللىنىشى، توغرا ئاتىلىشى، خاسلىققا ئىگە بولۇشى ۋە ساپلىقى مەلۇم بىر مىللەت، مەلۇم بىر جاي ۋە مەلۇم بىر ئائىلىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ قانداقلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، ئۇ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

كىشى ئىسىملىرىمۇ روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. چۈنكى ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ياشىغان كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىدا شۇ دەۋرگە خاس ئۆزگىچىلىكلەر، ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي مەزمۇن ۋە جەمئىيەت تەسىرى مەۋجۇت بولىدۇ. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىمۇ بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولغاچقا، تەرەققىيات تارىخىي ئىزنىلىرىدا بەلگىلىك دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرمەي قالمىغان. ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى كىشى ئىسىملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ مۇقەررەر ھالدا ئۆزگىرىپ بارغان. ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى ئىسىم قويۇش ئادەتلىرىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ، سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، كىشى ئىسىملىرىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك روشەن بايقىلىدۇ.

كىشى ئىسىملىرى تەبىئەت ۋە كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتى، جۈملىدىن دىنىي ئېتىقادى، ئارزۇ - ئارمانلىرى بىلەن زىچ باغلانغان. ئۇيغۇرلار ئەڭ بۇرۇنقى ئوۋچىلىق دەۋرلىرىدە بالىلىرىغا شۇ چاغدىكى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ۋە تۇتېم ئادەتلىرى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىسىملارنى قويغان. ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئەڭ تۆپ ئىشلەپچىقىرىش ئوۋچىلىق بولۇپ، كىشىلەر ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەكنى ئاشۇ ھايۋانات دۇنياسىدىن ئالاتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن ئالاقىدار جانىۋارلارنى چەكسىز ئۇلۇغلايتتى. كىشىلەر ئۆز پەرزەنتلىرىگە بۇ خىل تۇتېم ئەقىدىسىگە ئاساسەن،

هايۋانلارنىڭ ئىسمىنى قويۇش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن، ئارسلان، ياغان (پىل)، بۆرسلان (قاپلان)، چاغرى (لاچىن)، قاچىغار (قوچقار)، قوزى، بۈركۈت، ئېيىق، بۆرە قاتارلىق هايۋان ئىسىملىرى كىشى ئىسمى قىلىنغان ھەمدە بۇ ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا «تېكىن» (شاھزادە)، «بۆكە» (باتۇر)، «بەگ»، «بىكە» (خېنىم) قاتارلىق قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ، «ئارسلانتېكىن»، «ياغانتېكىن»، «چاغرىتېكىن»، «چاغرىبەگ»، «قاچىغار بۆكە»، «قوزىبىكە» دەپ ئاتالغان. ئىپتىدائىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلى — ئوۋچىلىق تېخىمۇ رەڭگارەڭ تەبىئەتنىڭ قوينىدا ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن، ئىنسانلار ئۇچرىشىدىغان شەيئىلەر تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ مول بولغان. زۇمرەتتەك سۈزۈك ئاسمان، كۆپكۆك دېڭىز، ئىللىق قۇياش، نۇرلۇق ئاي، جىمىرلاپ تۇرغان سانسىزلىغان يۇلتۇزلار، ھەيۋەتلىك تاغ - دەريالار، تۈرلۈك دەل - دەرەخلەر، كەڭ دالىدا يەلپۈنۈپ تۇرغان گۈل - گىياھلار كىشىلەرنىڭ سەزگۈسىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلاردا ئاجايىپ گۈزەل ھېسلارنى ئويغاتقان، بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇنلىغان گۈزەل ئىسىملار بارلىققا كەلگەن. «ئوغۇزنامە» داستانىدا، ئوغۇزخاننىڭ ئۆز ئوغۇللىرىغا «كۈن، ئاي، يۇلتۇز، كۆك، تاغ، تەڭىز» (دېڭىز) دەپ ئىسىم قويغانلىقى كۆرۈلىدۇ. ئورخۇن - يەنسەي يادىكارلىقلىرىدا «كۆلتېكىن» (ئەقلى كۆلدەك شاھزادە)، «بىلگە قاغان» (بىلىملىك خان)، «قۇتلۇغبىلگە قاغان» (بەختلىك، دانىشمەن شاھ) دېگەن كىشى ئىسىملىرى ئۇچرايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە «كۈنتوغدى»، «ئايتولدى»، «ئۆگدۈلمىش» (ئەقىل ئىگىسى)، «ئۇدغۇرمىش» (ئويغانغان؛ ئويۇشقان) دېگەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئالپ ئەر تۇڭا» (قاپلاندەك باتۇر ئەر)، «قاتمىش» (قاتقان)، «قاۋشۇت» (كېلىشتۇر)، «قەدىر» (قەيسەر، كەسكىن)، «ئالپتېكىن» (باتۇر شاھزادە)، «قۇتلۇغتېكىن» (بەختلىك شاھزادە)، «بۆگۈبىلگە» (ئەقىللىق ئالىم) دېگەن كىشى ئىسىملىرىمۇ تىلغا ئېلىنغان.

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر ۋە كەڭ ئەكس ئەتكەن. بۇددا دىنى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان مەزگىللەردە يۇقىرىقى كىشى ئىسىملىرىدىن سىرت، «ئاچارى» (ھەزرەت، تەقسىر)، «ئاچىتا» (ئاسماندىكى مۇزىكانت)، «ئابىتا» (بۇت)، «راتنا» (گۆھەر، ئۈنچە)، «باقشى» (موللا، ئۇستاز)، بۇرخان قۇلى (بۇددانىڭ قۇلى)، نوم قۇلى (دىن قۇلى)، «تەڭرىتوغمىش» (خۇدا ياراتقان)، «تويىن» (راھىب)، «قاراتويىن» (چوڭ راھىب)، «تەڭرىلى» (خۇداگۇي، مۆمىن)، «بۇرخان» (تەڭرى، بۇددا) دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملارمۇ قوللىنىلاتتى. «تۇرپان تېكىستلىرى» دىكى ئېلىم - بېرىمگە دائىر ھۆججەتلەردە «ئىلچى قارا باقشى» (ھۆكۈمدار چوڭ ئۇستاز)، «قىيۇمتۇ» (ھوشيار)، «بەگبۇقا»، «بۆكەبارس» (يولۋاستەك باتۇر)، «قاپان» (قاۋان) دېگەندەك ئىسىملارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىنىڭ ئاندىرسى
www.uyghurkitap.com

قوللىنىلغانلىقى مەلۇم.

مىلادىيە 10 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئىسلام دىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇ دىن ئەينى ۋاقىتتا تولۇپ تاشقان هاياتى كۈچكە تولغان بولۇپ، ئەرەب تىلى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا مۇهىم ئورۇن تۇتتى. بۇ خىل ۋەزىيەت ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىمۇ ئەكس ئەتتى. كىشىلەر ئىسىم قويۇشتىمۇ ئىسلام دىنى مەۋقەسىنى ئاساس قىلدى. بۇ دىنغا بولغان ئەقىدىنىڭ كۈچىيىپ بېرىشى، شۇنىڭدەك ئەرەب تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، بۇرۇنقى ئىسىملارنىڭ ئورنىنى ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەرەبچە ئىسىملار ئىگىلىدى. كىشىلەر ئىسىم قويۇشقا موللىلارنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ، ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئاساسىي جەھەتتىن ئەرەبچە ئىسىملارنى قويدۇردى. ئەرەب تىلىغا مەنسۇپ بۇ خىل ئىسىملار ئاللاغا بولغان كۈچلۈك ئېتىقاد، ئىسلام دىنىغا بولغان يۈكسەك ساداقەتنى ئىزهار قىلىشنىڭ بىر خىل ۋاستىسىگە ئايلاندى. قاراخانىيلار دەۋرى ئۇيغۇرچە ئىسىملار بىلەن ئەرەبچە ئىسىملار راسا ئارىلىشىۋاتقان مەزگىل بولدى. مەسىلەن، «ئەلى ئارسلانخان، ئەلى ئىلىكخان، مۇھەممەد توغاخان، بىلگە كۆل قادىرخان، مۇسا تېكىن، هارۇن بۇغراخان، مەنسۇر ئارسلانخان» دېگەن ئىسىملار تەركىبىگە «ئەلى، مۇھەممەد، قادىر، مۇسا، هارۇن، مەنسۇر» دېگەنگە ئوخشاش ئەرەبچە ئىسىملار ياكى ئەرەبلەشكەن ئىسىملار قوشۇلغان. قاراخانىيلارنىڭ خاقانى بولغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئەڭ دەسلەپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىللە، ھەتتا بۇ دىنغا بولغان ئىخلاسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئىسمىنى «ئابدۇلكەرىم» (كارامەتلىك، سېخىي ئاللانىڭ بەندىسى) دېگەن تولۇق ئەرەبچە ئىسىمغا ئۆزگەرتكەن. شۇنداق قىلىپ ئەرەبچە كىشى ئىسىملىرىنى ئالاھىدە ئەتىۋارلاش ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلىنىپ قالغان. پۈتۈنلەي ئەرەبچە ئىسىم قويىدىغانلار بارا ـ بارا كۆپەيگەن. كىشىلەر ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئالدى بىلەن ئاللانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى (99 گۈزەل ئىسىم) نى، مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى (105 گۈزەل سۈپەت)، «قۇرئان كەرىم» دە قەيت قىلىنغان باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرىنى، چاھارىيارلار، مالائىكىلەر، بۈيۈك ئانىلار، مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە تۇغقانلىرى، ئىسلام تارىخىدىكى قەھرىمان شەخسلەر، «قۇرئان كەرىم» دىكى سۈرە ـ ئايەتلەرنىڭ نامىنى، باشقا تۈرلۈك دىنىي كىتابلار ۋە جەڭنامىلەردىكى ئىسىملارنى تاللاپ قويۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. مەسىلەن، بىرىنچى تەركىبى «ئابدۇ» (قۇل، بەندە، ئىنسان، كىشى) بىلەن كەلگەن «ئابدۇلئەھەد» (بىر ئاللانىڭ بەندىسى)، «ئابدۇرەشىد» (توغرا يول كۆرسەتكۈچى ئاللانىڭ بەندىسى)، «ئابدۇرەھمان» (مېهىر ـ شەپقەتلىك ئاللانىڭ بەندىسى) دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملار ئەرەبچە كىشى ئىسىملىرىنىڭ خېلى بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئەرلەر ئىسىملىرىدىن كىشىلەر ئەڭ ياقتۇرىدىغىنى ۋە ئەڭ ياخشى ئىسىم دەپ

قارايدىغىنى ئاللانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بىلەن «مۇھەممەد» دېگەن ئىسىم بولدى. كىشىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن پەرزەنتلىرىگە «مۇھەممەد» دېگەن ئىسىمنى كۆپرەك قويىدى. بەزى ئاتا ـ ئانىلار ئەگەر ئۈچ ئوغلى بولسا، ئۇنىڭ بىرىگە «مۇھەممەد» دېگەن ئىسىمنى قويىدىغان بولدى. مەسىلەن، قاراخانىيلار خاقانلىرىنىڭ ئىچىدىلا «مۇھەممەد» ئىسىملىك خانلاردىن بەشى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەر يەنە «مۇھەممەد» نى سۈپەت قىلىپ، ئىككىنچى بىر ئىسىمنى ئۇنىڭ ئارقىسىغا ياكى ئالدىغا قوشۇپ، «مۇھەممەدئەمىن» (مەتىمىن)، «مۇھەممەدئەلى» (مەتىلى)، «مۇھەممەدرەھىم» (مەترەيىم)، «مۇھەممەدتۇرسۇن» (مەتتۇرسۇن)؛ «نۇرمۇھەممەد» (نۇرىمەت)، «توختىمۇھەممەد» (توختىمەت)، «يارمۇھەممەد» (يارمەت)، «شىرمۇھەممەد» (شىرمەت) دېگەنگە ئوخشاش قوش تەركىبلىك ئىسىملارنى قوللىنىشنى ئادەت قىلدى. خوتەن قاتارلىق جايلاردا بۇ خىل ئىسىملار كۆپ ئۇچرايدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىمۇ ئىنتايىن كۆپ قوللىنىلغان. مەسىلەن، «مەھمۇد، ئەھمەد، قاسىم، هامىد، رەسۇل، ياسىن، ناسىر، هاپىز، ئادىل، ھەكىم، مۆمىن» دېگەندەك ئىسىملارنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا كۆپ تېپىلىشى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇ چاغدا، ئاياللار ئىسىملىرىنىڭمۇ ئەڭ ئالقىشلىنىدىغانلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى، قىزلىرى ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئىسمى بولغان. مەسىلەن، پاتىمە، ئائىشە (ئايشەم)، خەدىچە (خەلىچە)، زەينەب، ئۇمۇكۇلسۇم، بىلقىس (بېلىقىز)، راھىلە، مەريەم، ئۇزرا (ھۆزرا) دېگەنلەردەك.

يۇقىرىقىلارغا ئەگىشىپ، بۇ دەۋردە دىنىي مەزمۇن بىۋاسىتە ئەكس ئەتكەن ئىسىملار ۋە «ئاللا»، «دىن» دېگەن سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ دىنىي مەزمۇن ئىپادىلەنگەن ئىسىملارمۇ كەڭ قوللىنىلدى. مەسىلەن، «ئىمان، ئىسلام، ئىبادەت، ساجىدە، ئابىدە، ئاقائىد، ئايەت، نۇرۇللا، نۇرىدىن» دېگەنلەردەك.

ئەرەبچە كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئارىسىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرىمۇ كۆپ قوللىنىلغان. بۇلار گەرچە ئىبرانىي تىلىنى مەنبە قىلغان بولسىمۇ، بىراق «قۇرئان كەرىم» دە تىلغا ئېلىنغان ئىسىملار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەرەب تىلى ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلىرىنىڭ تىللىرىغا ناھايىتى ئۆزلىشىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى ئەرەبچە ئىسىملاردەكلا بىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ ئەرەبلەشكەن ئىسىملاردۇر. مەسىلەن، «داۋۇد، مۇسا، سۇلايمان، ئېيسا، ئىدرىس، يەھيا، ئىلياس، ياقۇب، يۇسۇپ، ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق» دېگەندەك كىشى ئىسىملىرى خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. قاراخانىيلار خاقانلىرى ئىچىدىلا تۆتىنىڭ ئىسمى «يۇسۇپ، سۇلايمان، ئىبراھىم» دۇر.

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئىركىبىدە ئەرەبلەشكەن رىمچە ئىسىملارمۇ بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەسىلەن ، ئىسكەندەر (ئەسلىيسى ئالېكساندىر ) ، قەيسەر (ئەسلىيسى كايسار ) دېگەندەك .

قاراخانىيلارنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ئارىسىدا ھەتتا پۈتۈنلەي ئەرەب ئۇسلۇبى بويىچە قويۇلۇپ ، ئۆز ئىسمى بىلەن دادىسىنىڭ ئىسمى ئوتتۇرىسىغا «بىن» (ئوغۇل ) سۆزى قوشۇلۇپ ئىپادىلىنىدىغان بولدى . مەسىلەن ، «مەھمۇد بىن يۇسۇپ» (يۇسۇپنىڭ ئوغلى مەھمۇد ) ، «ھەسەن بىن سۇلايمان» (سۇلايماننىڭ ئوغلى ھەسەن ) ، «ئىبراھىم بىن ئەھمەد» (ئەھمەدنىڭ ئوغلى ئىبراھىم ) دېگەنلەرگە ئوخشاش .

ئىسلام شەرق مەدەنىيىتى تارىخىدا ئەرەب مەدەنىيىتى دەۋرىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ئاخىرلىشىپ ، تۆمۈرىلەر دەۋرى ، يەنى چاغاتاي دەۋرى باشلانغاندىن كېيىن ، تاكى ئاپاق خوجا دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەرگىچە پارس تىلىمۇ ئۇيغۇر مەدرىسەلىرىدە ئەرەب تىلىغا ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇنغا قويۇلدى ، ھەتتا ئۇ ئوردا ئەدەبىي تىلى سۈپىتىدىمۇ خىزمەت قىلدى . ئەينى ۋاقىتتا نەۋايى قاتارلىق مەشھۇر شائىر ، ئەدىبلەر پارس تىلىدا ئەسەر يېزىپ ، «قوش تىل ئىگىلىرى» دەپ ئاتالغان . شۇڭا ، پارس ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى گۈزەل مەنىلىك ، نادىر سۆزلەر ۋە پارس كىشى ئىسىملىرىمۇ ئۇيغۇرلار ياقتۇرۇپ تاللايدىغان ئىسىملاردىن ئىدى . مەسىلەن ، «باھار ، پەرھاد ، شېرىن ، گۈلزار ، چىمەن ، گۈلچېھرە ، گۆھەر ، دىلبەر ، گۈلىستان ، ماھىدىل ، ماھىرۇي ، دىلشاد ، مىرزا ، خوجا ، نەۋرۇز ، نىياز ، شاھمىرزا ، روزى ، ئەختەر» دېگەنلەرگە ئوخشاش ئىسىملارمۇ بىرقەدەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ .

ئىسلام دىنىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئارقىلىق ئەرەبچە ، پارسچە كىشى ئىسىملىرى قەدىمكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ ، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇيغۇرچە بەزى ئىسىملار يەنە داۋاملىق ساپ پېتىچە ساقلىنىپ قالدى . مەسىلەن ، «ئارسلان ، يولۋاس ، ئالتۇن ، ئارتۇق ، ئارىش ، بەكتۇر ، قۇتلۇق ، بەگقۇلى ، قوزى ، يۇلتۇز ، خانبابا ، ئوغۇز ، ئايخان ، ئوغۇلخان ، ئوغۇلئاي» دېگەنلەرگە ئوخشاش ، شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلار ئىچىدە پەرزەنت كۆرەلمىگەنلەر بىر مەزگىلدىن كېيىن تاسادىپىي پەرزەنت كۆرسە ، ئاللاغا بولغان تەشەككۇرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بالىلىرىغا «ئاللابەردى» ، «ئىگەمبەردى» ، «خۇدابەردى» ، «كەرىمبەردى» ، «شاھىمبەردى» دېگەندەك ئىسىملارنى قويغان . ئوغۇل پەرزەنتلىك بولالمىغانلار قىزىغا «ئوغۇلخان ، ئوغۇلنىسا ، ئوغۇلئاي» دەپ ئىسىم قويغان . پەرزەنتى تۇرمىغانلار ئۆز پەرزەنتىنىڭ قاتارغا قوشۇلۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ ، كۆپىنچە «تۇرسۇن ، تۇردى ، تۇر ، تۇرغۇن ، توختى ، توختاش» قاتارلىق ئىسىملارنى قويغان ۋە بۇ ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا «گۈل ، قىز ، خان ، ئاي ، ئايىم ، خېنىم ، نىسا» دېگەن ئىسىملارنى قوشۇش ئارقىلىق «تۇرسۇنئاي ، تۇردىخان ، توختىگۈل ، تۇرنىسا» دېگەندەك ئاياللارنىڭ ئىسمىنى شەكىللەندۇرگەن . ئىلگىرىكى

چاغلاردا يەنە ، كىشىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ جىسمىنىڭ مەھكەم بولۇشىنى ، ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرۈشىنى تىلەپ «پولات ، تۆمۈر ، تاش ، تاشپولات ، تاشتۆمۈر ، ئالماس» دېگەندەك ئىسىملارنى ؛ بالىلىرىنى كۆز تېگىشتىن ساقلاش ، سالامەت چوڭ قىلىش ئۈچۈن «چاۋار ، پاسار ، ئەخلەت ، يانتاق ، پالتا ، سۈپۈرگە ، كەكە ، چورۇق ، كېپەك ، تۇقا ، بوسۇغا» دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملارنى قويۇش ئادىتى بولغان . قەدىمكى چاغلاردا شەكىللەنگەن قەبىلە ، ئۇرۇق ، ئەجداد ناملىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئادىتىگە ئاساسەن ، ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ ئىسىملىرىنى مەيلى ئۇ ئەرەبچە ، پارسچە بولسۇن ياكى ئۇيغۇرچە بولسۇن ، مەيلى مەنىسى ياخشى ياكى ئادەتتىكىدەك بولسۇن ، يېڭى تۇغۇلغان بالىغا يۆتكەش ئەھۋالى ھېلىھەم مەۋجۇت . «كۇسەن ، باغراش ، سايرام ، بۇغدا ، تارىم ، كەلپىن ، ئىدىقۇت ، ئۇدۇن ، ئارتۇچ ، دولان» دېگەندەك يەر ـ جاي ناملىرى ؛ «ئۇيغۇر ، ئوغۇز ، قارلۇق ، تۈرك ، تۈركەش» دېگەندەك مىللەت ياكى قەبىلە ناملىرىنى ئىسىم ـ فامىلە ئورنىدا ئاتاشمۇ مەۋجۇت بولۇپ كەلدى . ئۇيغۇرلار يەنە قەدىمدىن تارتىپ ھېيت ـ بايرام ۋە خاتىرە كۈنلەرنى پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسمى قىلىپ قوللىنىشقا ئادەتلەنگەن . مەسىلەن ، نەۋرۇزدا تۇغۇلغان بالىلارغا نەۋرۇز (نورۇز) ، ئۇشۇر ئېيىدا تۇغۇلغان بالىلارغا ئۇشۇر (ھۇشۇر) ، بارائەت ئېيىدا تۇغۇلغان بالىلارغا بارائەت (بارات) ، رامىزان ئېيىدا تۇغۇلغان بالىلارغا رامىزان ، رۇزى ، سائىم (روزا تۇتقۇچى) ، رەجەب ، شەئبان ئايلىرىدا تۇغۇلغان بالىلارغا رەجەب ، شەئبان (شەيبان ، شابان ، شاۋان) دەپ ئىسىم قويغان . ھېيت كۈنلىرى تۇغۇلغان بولسا ، ھېيت ، ئايەم ، قۇربان دېگەن ئىسىملارنى ، سەپەر ئېيىدا ياكى سەپەردە تۇغۇلغان بولسا ، سەپەر ، سەپەرگۈل ؛ مەمۇرچىلىق ، ئاۋات پەسىللەردە ياكى باھار پەسلىدە تۇغۇلغان بولسا مەئمۇر (مامۇر) ، مەئمۇرە ، باھارگۇل دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇشقان .

يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامانغا كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئېڭىنىڭ ئۆسۈشى ، يېڭى مائارىپنىڭ ئومۇملىشىشى ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ، تارىخ بىلىملىرىنىڭ كەڭ تارقىلىشى ۋە كىشىلەردىكى گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم تاللاش قارىشىدىمۇ پەيدىنپەي ئۆزگىرىش بولدى . بەزى ئاتا ـ ئانىلار ئىسىم قويۇشتا بارغانسېرى دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان ، نەزەرىنى نوقۇل ئىسلام خاھىشلىرىدىن بەلگىلىك دەرىجىدە يۆتكىگەن ئىسىملارنى تاللاشقا باشلىدى . بۇ ئەھۋال تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ : (1) ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا ئۆزى ھۆرمەت قىلغان ۋە چوقۇنغان مىللىي قەھرىمانلار ، داڭلىق شەخسلەر ، شائىر ، ئەدىبلەرنىڭ ئىسمىنى قويۇش . مەسىلەن ، نۇزۇگۇم ، رىزۋانگۈل ، ئابدۇخالىق ، مۇتەللىپ ، پۇرقەت دېگەندەك . (2) ئەسلىدە ئاللانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بىلەن «ئابدۇ» قوشۇلۇپ ياسالغان بىرىكمە ئىسىملارنى ئاددىيلاشتۇرۇپ ياكى قىسقارتىپ («ئابدۇ» نى قوشماي) ، ئادەتتىكى ئىسىمغا ئايلاندۇرۇپ قوللىنىش . مەسىلەن ، رەشىد ، سەمەد ، ئەھەد ، رەھىم ، ئەزىز ، غاپپار ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ۋاھاب دېگەندەك . (3) ئەرەبچە ، پارسچە ئىسىملار بىلەن ئۇيغۇرچە ئىسىملار ئۆزئارا ئارىلىشىپ كەلگەن مۇرەككەپ تەۋەلىك ياسالما ئىسىملارنى ئىشلىتىش . مەسىلەن ، نىيازمۇھەممەد (پارسچە ـ ئەرەبچە ) ، مۇھەممەد توختى (ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە ) ، تۇرسۇنئىسا (ئۇيغۇرچە ـ ئەرەبچە ) ، تۇرغۇنپاشا (ئۇيغۇرچە ـ پارسچە ) ، مىرزىبەگ (پارسچە ـ ئۇيغۇرچە ) ، تۇرنىساگۈل (ئۇيغۇرچە ـ ئەرەبچە ـ پارسچە ) ، گۈلھاجىقىز (پارسچە ـ ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە ) دېگەندەك . يۇقىرىقىدەك ياسالما ئىسىملارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىسىم مەدەنىيىتى دەپ قاراشقا بولىدۇ . چۈنكى بۇ ئىسىملاردا ئەرەبچە ، پارسچە ئىسىملار ئۆزگىچە بىر گەۋدىگە ئايلىنىپلا قالماي ، ئۇلارنىڭ تەركىبىگە ئۇيغۇرچە ئىسىملارمۇ ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە سىڭىپ كىرىپ ، خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەن .

بۈگۈنكى زاماندا ، ئۇيغۇر خەلقى يېڭىچە كىشى ئىسىملىرى ئارقىلىق يېڭى تۇرمۇش ، يېڭى ئىدىيەگە بولغان ئىنتىلىشىنى قىزغىن ئىپادىلىدى . ئىسىم مەدەنىيىتىدە بىر تەرەپتىن ، ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىنسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئىسىملار گۈزەللىشىش ، كۆپ خىللىشىش ۋە تەرەققىي قىلىش يۆنىلىشىگە قاراپ ماڭدى . چۈنكى ، كىشى ئىسىملىرى ئادەتتە سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ، ھاكىمىيەتنىڭ ئالمىشىشى تۈپەيلىدىن دەرھال ئۆزگىرىدىغان سىياسىي ئاتالغۇلارغا ئوخشىمىسىمۇ ، بىراق «ئوخشاش بولمىغان زامان ، دەۋر ۋە بۇ چاغدىكى ھۆكۈمران ئاڭ ـ ئەقىدىلەر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئومۇمىي سوستاۋىغا تەسىر كۆرسەتمەيمۇ قالمايدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدە شۇ مىللەت كىشىلىرى بېشىدىن كەچۈرگەن دەۋرلەر ۋە شۇ مەزگىلدىكى سىياسەت ، مەدەنىيەتنىڭ ئىزنالىرى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ» . ئۇيغۇرلار جەمئىيەتى سوتسىيالىزم دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن بۇيانقى 60 يىللىق ئەھۋاللارغا نەزەر سالىدىغان بولساق ، يېڭى زامان مەدەنىيىتىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلىششىغا ئەگىشىپ ، كىشى ئىسىملىرى سىستېمىسىدىمۇ زامانغا ماس يېڭى يۈزلىنىشلەرنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى ۋە كېلىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1992 ـ يىلى 3 ـ سان ) . مەسىلەن ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا ، بولۇپمۇ يەر ئىسلاھاتى مەزگىللىرىدە كەڭ دېھقانلار ئارىسىدا ئۆز باللىرىغا «ئازاد ، نىجات ، ئەركىن ، ئىسلاھات ، ھۆررىيەت» دېگەندەك ئىسىملارنى ، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىللىرىدە «دولقۇن ، يالقۇن ، غەيرەت ، ئۆركەش ، پولات ، تۆمۈر» دېگەندەك ئىسىملارنى ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدە بولسا «غەلىبە ، غالىب ، جۈرئەت ، ئىلغار ، قەھرىمان ، باتۇر ، ئۇچقۇن ، جەسۇر ، مەدەنىيەت ، كۈرەش ، قەيسەر ، ئىسيان ، ئەزىمەت» دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملارنى قويغانلار ناھايىتى كۆپ بولغان .

ھازىرقى ۋاقىتتا كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئىخچام بولۇشىنى ياقلاش ئومۇمىيۈزلۈك

خاھىشقا ئايلانماقتا. ياشلاردا، خۇسۇسەن شەھەر ياشلىرى ئىچىدە قوش تەركىبلىك ياكى كۆپ تەركىبلىك ئىسىملار تەدرىجىي ئازايماقتا. قىزلارنىڭ ئىسىملىرىدا گۈزەل، يېڭى بولۇشنى كۆزلەش ئاساسىي كەيپىياتقا ئايلىنىپ، ئىلگىرىكىدەك، ئەرلەر ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا «خان، گۈل، قىز، نىسا» نى قوشۇپلا «توختىخان، نىيازخان، قۇربانخان، تۇردىگۈل، تۇرغۇنگۈل، تۇرۇپقىز، تۆرەقىز، تۇرسۇنىنىسا، توختىنىسا» دېگەندەك خوتۇن - قىزلار ئىسىملىرىنى شەكىللەندۈرۈپ ئىشلىتىدىغان ئەنئەنە پەيدىنپەي ئاجىزلاشماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىسىملارنىڭ مەنىلىك، يېڭى بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش بارغانسېرى ئادەتكە ئايلانماقتا. ئىسىملارنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ قويۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى. نېمە مەنە بېرىدىغانلىقىنى ئۆزلىرى چۈشەنمەيدىغان ئىسىملارنى بالىلىرىغا قويۇشنى كىشىلەر ئانچە راۋا كۆرمەيدىغان بولدى. مەسىلەن، «سەدىردىن، بەدرىدىن، غىياسىدىن، زىيائۇللا، سەئدۇللا» دېگەندەك ئىسىملارنى بالىلار ئىسىملىرىدا كەمرەك ئۇچرىتىمىز. دىنىي دەرىجە - ئەمەل ناملىرىنى ئىسىم قىلىپ قويۇشمۇ پەيدىنپەي ئاز قالدى. مەسىلەن، «ئىمام، مەۋلام (موللام)، خەلپىتىم (خەپتىم)، مەخدۇم (مەخسۇم)، سۇپى، قازى، مۇپتى، ئەلەم، ئىشان، داموللام، خوجا (غوجى)، شەيخ» دېگەندەك ئىسىملار ھازىرقى بالىلاردا جىق ئەمەس.

نۆۋەتتە ئىلىم - پەن ئۆگىنىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىلمىي تەرەققىي قىلىش ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە قاراپ يۈرۈش قىلىش يېڭى ۋەزىيىتى ئاستىدا ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىمۇ مۇناسىپ ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ. نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار يېڭى تۇغۇلغان پەرزەنتلىرىگە «مەرىپەت، ئىرپان، ئىلىمنۇر، بىلىمدار، نەۋزاد (يېڭى ئەۋلاد)، نەۋشاد (يېڭى خۇشاللىق)، ئايپەرى، ئالىيمۇراد» دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇپ، ئۇلارنىڭ بىلىملىك، ئىقتىدارلىق، يۈكسەك غايىلىك، يېڭىچە كىشىلەردىن بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىمەكتە.

قىسقىسى، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەرەبچە، پارسچە ئىسىملارنىڭ قوللىنىلغان تارىخىلا مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى بۇ جەرياندا ئۈزلۈكسىز بېيىدى، مۇكەممەللەشتى ۋە دەسلەپكى سىستېمىغا ئىگە بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە داۋاملىق يېڭىلىنىشى مۇمكىن. ئەمما، مىڭ يىللار مابەينىدە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاساسىي سالمىقىنى ئىگىلەپ كەلگەن ئەرەبچە، پارسچە كىشى ئىسىملىرىنى مەلۇم مەزگىل دولقۇن قوزغاش ئارقىلىقلا چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى يېڭىلىغىلى ياكى «ساپلاشتۇرغىلى» بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خېلى ئۇزاق بىر دەۋر كېتىدۇ. بىر تەرەپلىمە ھالدا غەيرىي ئەرەبچە، پارسچە ئىسىملارنى تەشەببۇس قىلغاندا، كەڭ ئاممىنىڭ قوبۇل قىلىشىغىمۇ ئېرىشكىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى توغرا ئىگىلەپ، ئۇنى ئاممىۋى ئاساستا قېلىپلاشتۇرۇشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

لېكىن ، ئاڭ ـ سەۋىيەنىڭ ئۆسۈشى مەيلى بالدۇر ياكى كېيىن بولسۇن ، ھامان ئەنئەنە بىلەن مەلۇم دەرىجىدە توقۇنۇشىدۇ . ئىسىمنى قانداق قويۇش كېرەك ؟ قانداق ئىسىملارنى قويۇش كېرەك ؟ ئىسىمنى قانداق داۋاملاشتۇرۇش كېرەك ؟ قانداق قىلغاندا ئىسىمنى مىللەتكە ، ئائىلىگە خاس بەلگىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ ؟ دېگەن مەسىلە ھەممە كىشى بىردەك كۆڭۈل بۆلىدىغان ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئويلىنىدىغان يېڭى تېمىغا ئايلىنىدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن ئىسىم قويۇش ۋە قوللىنىش جەھەتتە ھەم ياخشى ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇش ، ھەم يېڭىلىق يارىتىش كېرەك . ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇش دېگىنىمىز ، ئىسىملارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ئۆزگىرىش ، تەرەققىي قىلىش قانۇنىيەتلىرىنى توغرا ئىگىلەپ ، ئىسىملارنى مۇۋاپىق تاللاپ ، توغرا تەلەپپۇز قىلىپ ، ئاخىرغىچە توغرا داۋاملاشتۇرۇشنى كۆرسەتسە ، يېڭىلىق يارىتىش دېگىنىمىز ، مۇشۇ شەرت ئاستىدا ، ئىسىملارنىڭ مەنىلىك ۋە خاس بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت .

ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئەزەلدىن كىشى ئىسىملىرىغا يۇكسەك ئەھمىيەت بەرگەن . ئىسىم تاللاشتا مەلۇم بىر تىلدا شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن مەنەگە ئېتىبار بەرگەن ۋە مەلۇم مۇددىئانى ئاساس قىلغان . بۇ جەرياندا كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئۆزىگە خاس قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى ، مەنە ئالاھىدىلىكى ۋە جىنس ئالاھىدىلىكى بارلىققا كەلگەن . كىشى ئىسىملىرىدا مەدەنىيەت ئامىللىرى ۋە پسىخىك ئامىللار گەۋدىلەنگەن ، ئىسىملار يەنە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان . كىشىلەر ئىسىمنى ياخشى قويۇش ساۋاب ، ياخشى قويماسلىق ئەيىب دەپ قارىغان . ئىسىمنى ياخشى تاللاپ بولغاندىن كېيىن ، بىر خىل مۇراسىم تۈسىنى ئالغان ئىسىم قويۇش رەسمىيىتىنى بېجىرگەن . بۇنىڭ بىلەن ئەنئەنىۋى ئىسىم قويۇش تەرتىپلىرى ۋۇجۇدقا چىققان . ۋاھالەنكى ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ قوللىنىلىشىدا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھازىرغىچە بەزى مەسىلىلەر ساقلانماقتا . ئۇ كۆپرەك تۆۋەندىكى تەرەپلەرگە مەركەزلىشىدۇ :

1 . ئەسلىي ئىسىم ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا خاتا تەلەپپۇز قىلىنىشى تۈپەيلىدىن ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر كۆپىيىپ كېتىپ ، ئەسلىي ئىسىم بىلەن ئۇنىڭ ئۆزگەرگەن شەكىللىرىنى ئايرىۋېلىش قىيىن بولۇش ؛ نەتىجىدە ، ئەسلىدىكى بىر ئىسىم بىر نەچچە خىلغا ، ھەتتا ئوننەچچە خىلغا ئۆزگىرىپ ، ئەسلىي ئاتىلىشىدىن تولىمۇ يىراقلاپ كەتكەچكە ، پەرزەنتلەرگە ئايرىم ـ ئايرىم ئىسىم تەرىقىسىدە قويۇلۇش . مەسىلەن ، «ئائىشە» : ئايشەم ، ئايشەمگۈل ، ئايشىگۈل ، ئايشىخان ، ھاشىخان ؛ «مۇھەممەد» : مەھەممەت ، مەممەت ، مەمەت ، مەخەت ، مەخەم ، مەھەم ، مەت ، مەتەك ، مەتاق ؛ «مەريەم» : مەرەم ، مەرەمخان ، مەريگۈل ، مەريخان ، مەخان ، مەگۈل ، مەقىز ؛ «ئۇبەيدۇللا» : ئەبەيدۇللا ، ئەبەي ، ئەبەيلا ، ئەبەيلەم ، ئەبىل ، ئەۋەي ، ئەۋەيدۇللا ، ئۆبدۇل ، ئۆبدۇللا ، ھەۋەي ، ھەۋەيدۇل ، ھەۋەيدۇللا ، بەيدۇل ، بەيدۇللا دېگەنلەرگە ئۆزگىرىپ كېتىش .

2 . يەنە بەزى ئىسىملار ئاتا ــ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى ئەركىلىتىپ چاقىرىشى ، كىشىلەرنىڭ بىر ــ بىرىنى كەمسىتىپ ئاتىشى تۈپەيلىدىن قوپال ئىسىملارغا ئايلىنىپ كېتىش . مەسىلەن ، «خوجا» : غوجى ، غوجەك ، غوجاق ، غوجەش ، غوجاش ؛ «مەۋلا» : موللا ، موللام ، موللاق ، موللەك ؛ «نۇر» : نۇرەك ، نۇرەش ، نۇرەم ، نۇراق دېگەندەك ئاتىلىش .

3 . يەنە بەزى كىشى ئىسىملىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن ، ئايرىم ھەرپلەرنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ۋە نۆۋەتلىشىشى نەتىجىسىدە ئۆزگىرىپ كېتىش . مەسىلەن ، «قۇربان» : قۇۋان ؛ «خەبىر» : خېۋىر ؛ «سابىر» : ساۋۇر ، ساۋى ؛ «بىبىزۇھرە» : بۇۋىزورا ، بۇزورا دەپ تەلەپپۇز قىلىنىش .

4 . بىر ئائىلە كىشىلىرى ئارىسىدا ، جۈملىدىن ئاتا بىلەن بالا ، بىر ئائىلىدىكى پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىسىم شەكىل جەھەتتىن تاغدىن ــ باغدىن بولۇپ قېلىپ ، ئۆزئارا ماسلاشماسلىق ؛ بىر ئۆيدىكى بالىلاردىن بىرسىنىڭ ئىسمى ئۇ تىلغا ، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى بۇ تىلغا تەۋە بولۇپ قېلىش ؛ ئوخشاش مەنىلىك بىر ئىسىم بىر ئائىلىدىكى ئىككى پەرزەنتكە ۋە ياكى ئاتا بىلەن پەرزەنتكە ئىككى ئىسىم ئورنىدا ، ھەتتا ئۈچ پەرزەنتكە ئۈچ ئىسىم تەرىقىسىدە قويۇلۇش . مەسىلەن :

(1) گۈلىستان يانتاق ، مۇھەممەد ئەخلەت ، روزى چوروق دېگەندەك ئاتا ــ بالا ئىسىملىرىغا ئوخشاش ؛

(2) ئوغۇز (ئۇيغۇرچە) ، نىزامىددىن (ئەرەبچە) ، دىلبەر (پارسچە) ، زويا (رۇسچە) دېگەندەك بىر ئائىلىدىكى بالىلار ئىسىملىرىغا ئوخشاش ؛

(3) ئەخمەت ، ئەمەت (ئەسلىيسى «ئەھمەد») ، سەيدىن ، سادىن (ئەسلىيسى «سەئدىن») ؛ مەخەت ، مەممەت (ئەسلىيسى «مۇھەممەد») ؛ ھەزىم ، ھەزىمگۈل ، ھەزىمخان (ئەسلىيسى «ئەزىم») دېگەندەك بىر ئائىلىدىكى پەرزەنتلەر ياكى ئاتا بىلەن بالا ئىسمىغا ئوخشاش .

5 . ئىسىملارنىڭ مەنىسىگە سەل قاراش ، مەنىسى ياخشى بولمىغان ياكى تەۋەلىكى ئېنىق بولمىغان ، مەنىسىز ئىسىملارنى قويۇش . مەسىلەن ، ئەلپىرە ، تىلپىرە ، زەرىلە ، پىلورە ، مارىتا ... دېگەنلەردەك .

6 . بەزى ئىسىملارنىڭ جىنس پەرقى ئېنىق بولماسلىق ، قىسمەن جايلاردا ئەرلەرگە قوللىنىلغان ئىسىم يەنە ئايرىم ئورۇنلاردا ئاياللارغا قويۇلۇپ ، ئەر ــ ئاياللار ئىسىملىرى جىنس جەھەتتىن ئايرىلىشىپ كېتىش ياكى ئىسىملارغا قوشۇمچە ئۇلىنىپ ، ئازراقلا پەرقلەندۈرۈلۈپ ، ئەر ــ ئاياللارغا ئاساسەن ئوخشاش ئىشلىتىلىش . مەسىلەن ، ساداقەت (ئايال) ، ساداقەتجان (ئەر) ، سەمەندەر (ئەر ــ ئايالغا ئورتاق) ، سەمەندەرجان (ئەر) ، جاسارەت (ئەر) ، جاسارەت خانىم (ئايال) ، مەدەنىيەت (ئايال) ، مەدەنىيەتجان (ئەر) ، مۇھەببەت (ئايال) ، مۇھەببەتجان (ئەر) ، نۇسرەت (ئەر ــ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئايالغا ئورتاق ) ، يادىكار (ئەر ــ ئايالغا ئورتاق ) .

ئۇنىڭدىن باشقا ، ئەرلەرگە خاس بەزى ئىسىملارنىڭ ئۆزگىرىشلىرى ئاياللارغا ، بەزى ئايالچە ئىسىملارنىڭ ئۆزگىرىشلىرى ئەرلەرگە قويۇلىدىغان ئەھۋالمۇ مەۋجۇت . مەسىلەن ، شاھزادە (ئەر ) ، شازادەم (ئايال ) ، شەئىبان (ئەر ) ، شاۋان (ئايال ) ، ئارزۇ (ئايال ) ، ئازى (ئەر ) ، شاھناز (ئايال ) ، شاناز (ئەر ) .

7 . بىر جايدا ئوخشاش ئىسىملار كۆپ تەكرارلىنىپ ، ئۆز ئارا ئالاقىگە تەسىر يېتىش . ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا «مۇھەممەد ، مەھمۇد (مەخمۇت ، مامۇت ) ، ئەھمەد (ئەمەت ، ئەخمەت ) ، مۇختار ، مۇھەممەدئەمىن (مەمتىمىن ) ، ئەنۋەر ، ئابدۇللا (ئابلا ) ، ئابدۇرەھىم ، ئابدۇلھەمىد (ئابلىمىت ) ، ئابدۇلئەھەد (ئابلەت ، ئەخەت ) ، ئۆمەر ، پاتىمە (پاتىگۈل ، پاتەم ) ، مەريەم (مەرەم ) ، ئائىشە (ئايشەم ، ئايشىگۈل )… قاتارلىق بىر تۈركۈم ئىسىملارنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى ئىنتايىن كۆپ . ئومۇمەن ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتىدە تەكشىسىزلىك ئەھۋالى ئېغىر . مەسىلەن ، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئائىلە قورۇسىدىلا «مۇختار » ئىسىملىك ئوقۇتقۇچى ۋە خىزمەتچىدىن 12 سى ، «ئەنۋەر » ئىسىملىكتىن 11 ى ، «ئابدۇلھەمىد » (ئابلىمىت ) ئىسىملىكتىن 10 ى ، «پاتىمە » ياكى «پاتىگۈل » ئىسىملىك خانىملاردىن توققۇزى بار . ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدىلا «ئابدۇلھەمىد » ئىسىملىك ئوقۇتقۇچىدىن ئۈچى ، «مۇھەممەدئەمىن » ئىسىملىكتىن ئۈچى بار ، ھەتتا ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئىسمىمۇ ئوخشايدىغان ئوقۇتقۇچىلار خېلى كۆپ تېپىلىدۇ .

يۇقىرىدا ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى مۇلاھىزە قىلىندى . بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكىمۇ ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى ئايرىم مەسىلىلەرمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلدى . بىز يۇقىرىقى مەزمۇنلار بويىچە داۋاملىق ئىزدىنىشىمىز كېرەك .

# ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ مەنە ئالاھىدىلىكى

ئىسىمسىز كىشى بولمايدۇ، شۇنىڭدەك مەنىسىز ئىسىممۇ بولمايدۇ. شەخسنىڭ بەلگىسى بولغان ئىسىم كىشىلەرنىڭ يېزىق ياكى تىل ئارقىلىق كىتاب ياكى ئېغىزدا قوللىنىلىپ، ئىجتىمائىي ئالاقە قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. تۈرلۈك ئالاقە سورۇنلىرىدا چىرايلىق، توغرا، ئۇرغۇلۇق ئىسىملار كىشىلەرنىڭ ئاسانلا دىققىتىنى قوزغايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسىم پەقەت بىر بەلگە بولسىمۇ، لېكىن قەدىمكى ۋە ھازىرقى، دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىكى بارلىق كىشىلەر پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قويۇشتا، تەكرار ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق يېڭىلىق، گۈزەللىك ۋە ئىلھام تۇيغۇسى بېرەلەيدىغان، يېقىشلىق ئىسىملارنى تاللىغان. ئەقىللىق، مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇرلارمۇ خۇددى باشقا مىللەت ئوقۇمۇشلۇقلىرىغا، مۆتىۋەرلىرىگە ئوخشاشلا، ئىسىملارنى ياخشى مەنىلىك، ماسلاشقان بولۇشى كېرەك، دەپ ھېسابلايدۇ.

كىشى ئىسىملىرى ئومۇمەن مەلۇم بىر تىلدا بەلگىلىك بىر مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىمۇ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە بەلگىلىك ئۆزگىرىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ، تىل جەھەتتە بىرقەدەر ساپ بولۇشتىن مۇرەككەپ تەۋەلىككە ئىگە بولۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلىپ، مەيلى قەدىمكى ياكى ھازىرقى زاماندا بولسۇن، مەيلى ساپ ئۇيغۇرچە ياكى باشقا مىللەت تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بولسۇن، ھامان مەلۇم مەنىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆزىگە خاس مەنە ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلدى.

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى مەنە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياشاش شارائىتى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە تارىخىنىڭ مەھسۇلى. ئۇنىڭدىكى تۈرلۈك مەنىلەرگە ئۇيغۇرلارنىڭ پاك روھىي دۇنياسى، ئالىيجاناب خاراكتېر ـ خۇسۇسىيەتلىرى، يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرى مۇجەسسەملەنگەن. تۆۋەندە مۇنداق ئىككى دەۋر بويىچە كونكرېت توختىلىمىز:

## 1. قەدىمكى كىشى ئىسىملىرىنىڭ مەنە ئالاھىدىلىكى

(1) قەدىمكى بەزى ئىسىملاردا، ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈش ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇنۇش ئېڭى ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، ئارتۇن (زىرە)، يانداق (يانتاق)، چېچەك (گۈل)، ئاسغۇ (مارجان)، ئاقىن (كەلكۈن)، تەڭىز (دېڭىز)، كۆل، كۆك (ئاسمان)، كۈن، يەغمۇر (يامغۇر)، ياشىن (چاقماق)، بۇيان قار (بەخت ياغدۇرغۇچى قار)، تەمۈر (تۆمۈر)، كۈمۈش، تاش دېگەنلەرگە ئوخشاش.

(2) يەنە بەزى ئىسىملاردا ئۇلارنىڭ ھايۋانلار، قۇشلارنى ئۇلۇغلاش ئادىتى ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن، ئادغىر (ئايغىر)، ئەركەچ (تېكە)، بۇغا، بۇقا، بارس

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

(يولۋاس)، ئارسلان، بۆغرا (ئەركەك تۆگە)، بۇتۇق (بوتىلاق)، بۆرە، قاچىغار (قوچقار)، توڭا (قاپلان)، ئارقار (ياۋا قوي)، قۇنتۇز (قۇندۇز)، سۇڭقۇر (شۇڭقار)، بۇركۇت، سار دېگەنلەرگە ئوخشاش.

(3) قەدىمكى ئۇيغۇرلار مىللەت ۋە قەبىلەناملىرىنى، ئۇلارنىڭ بەلگىلىرىنى، تۇرلۇك ئۇنۋان، ئەمەل ناملىرىنى پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قىلىش ئارقىلىق، ئۆز قوۋمىگە، ئۆز يولباشچىلىرىغا سادىق بولۇش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، ئارقىش (خەۋەرچى)، ئاراموت (قەبىلە نامى)، تۇرك (مىللەت نامى)، چارۇق (قەبىلە نامى)، چۇمۇل (قەبىلە نامى)، چىگىل (قەبىلە نامى)، باسمىل (قەبىلە نامى)، چۇۋى (ئۇنۋان نامى)، ساغۇن (ئۇنۋان نامى)، قۇغۇرسۇ (قەبىلە نامى)، يۇغرۇش (ئەمەل نامى) دېگەندەك.

(4) ئۇلار قەدىمكى كۆپلىگەن ئىسىملاردا جەڭلەردىكى باتۇرلۇق، قەھرىمانلىقنى، ئەلنى يېتەكلىگۈچى خان ـ سەركەردىلەرنىڭ، شاھزادىلەرنىڭ نام ـ شۆھرىتىنى، جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىشتەك جەڭگىۋار خىسلەتلىرىنى مەدھىيىلىگەن ۋە ياد ئەتكەن. مەسىلەن، ئارسلان تېكىن (ئارسلاندەك باتۇر شاھزادە)، چىگىل ئارسلان (چىگىللارنىڭ ئارسلانى)، ئالىپ ئەرتوڭا (قاپلاندەك باتۇر ئەر)، ئالىپ تېكىن (باتۇر شاھزادە)، ئالپاغۇت (يېڭىلمەس قەھرىمان)، ئەربۆكە (باتۇر ئەر)، بەگ بۇقا (بۇقىدەك كۈچلۈك ئەر)، ئىل قۇتادمىش (ئەلنى بەختىيار قىلغان)، ئىل ئەتمىش (دۆلەت قۇرغان)، بۆكەخان (باتۇرخان)، تۇتۇش (سوقۇش، ئۇرۇش)، قاراخان (ئۇلۇغ، كاتتا خان)، ئىل ئىنانچ (ئەلنىڭ ئىشەنچلىك تىرىكى)، ئۇتۇش (ئۇتقان)، ئۇدغۇرمىش (ئۇيۇشقان، غەلىبە قىلغان) دېگەنلەردەك.

(5) قەدىمكى ئۇيغۇرلار يەنە ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەت، ياخشى نىيەت، كۈچ ـ قۇۋۋەت قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نۇرغۇن ئىسىملارنى قوللانغان. مەسىلەن، ئاسقىن (ئېسىل)، ئاغىر (قەدىرلىك)، ئامۇل (تەمكىن)، ئايىسلىگ (ئايدەك پاك)، ئەدگۈئەر (ياخشى ئەر)، ئەدگۈئۆگلى (ياخشى نىيەتلىك)، ئەردەم (ئەدەپ ـ ئەخلاق)، ئىل ئەردەم (خەلقپەرۋەر)، بەرك (كۈچلۈك)، بەكرىش (مۇستەھكەم)، ئۆتكۇر (كەسكىن)، ئەسەن (ساغلام)، ئۇزاغۇت (چېۋەر) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

(6) قەدىمكى كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە بىلىم، بەخت، ئارزۇ مەنىسىدىكى ئىسىملارمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن، بىلىك (بىلىم)، بىلگە (ئاقىل، دانىشمەن)، كۆل بىلگە (بىلىملىك، ئەقلى كۆلدەك)، قۇتلۇغ (بەختلىك)، قۇتلۇغ تېكىن (بەختلىك شاھزادە)، قۇتلۇغ ئوغۇل (بەختلىك ئوغۇل)، كۆزۇش (ئارزۇ، ئۇمىد)، كۆسەنچ (ئارزۇ، تىلەك)، مۇڭسۇز (غەم ـ قايغۇسىز)، ئىنچ بەگ (خاتىرجەم ئەر) دېگەنلەردەك.

(7) قەدىمكى بەزى ئىسىملاردا شۇ چاغدىكى دىنىي ئېتىقادمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن، ئابىتا (بۇت)، ئاچارى (تەقسىر، ھەزرەت)، باقشى (موللا، ئۇستاز)، بۇرخان قۇلى (بۇددانىڭ قۇلى)، نوم قۇلى (دىن قۇلى)، تەڭرىلى

(خۇداگۇي ، مۆمىن ) ، تەڭرى تۇغمىش (خۇدا ياراتقان ) ، تويىن (راھىب ) دېگەنلەردەك .

## 2. ھازىرقى زامان كىشى ئىسىملىرىنىڭ مەنە ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئىسلام دىنىي ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەن دەۋرلەرگە كەلگەندە ، ئەرەب ، پارس تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە تەدرىجىي ھالدا ئەرەبچە ، پارسچە ئىسىملارغا ئورۇن بوشاتتى . شۇنىڭدىن بۇيان كىشى ئىسىملىرىنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنىدا ماس ھالدىكى ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ھازىرقى زامان دەۋرىگە قەدەم قويدى ؛ ئىسىملارنىڭ تىل تەۋەلىكى مۇرەككەپلەشتى ، قۇرۇلمىسى كۆپ خىللاشتى ، مەنىسى جەھەتتىن كېڭىيىش ، يېڭىلىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش باسقۇچىغا كىردى .

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىغا بولغان كۈچلۈك ئېتىقاد ۋە ساداقەتنى ئىزھار قىلىشنىڭ بىر خىل ۋاسىتىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى . ئاللا ، دىن ، ئاللاغا قۇللۇق بىلدۈرۈش ، دىننى قوغداش مەنىسىدىكى ئىسىملار سالماقلىق ئورۇنغا ئۆتتى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، پەيغەمبەرلەرنى ئۇلۇغلاش ، ئىسلام رىۋايەتلىرىدىكى بۈيۈك شەخسلەرنى ئۇلۇغلاش ، دىنىي ئەقىدە (ئىمان ) ، ئەدەپ ـ ئەخلاق ، دىنىي تەلىم ـ تەربىيە ۋە دىنىي قېرىنداشلىق تەشەببۇس قىلىنىدىغان مەزمۇندىكى ئىسىملار كۆپەيدى . يارىلىش ، جەننەت ، ئاخىرەت (كەلگۈسى ) ھەققىدىكى ئارزۇ ـ ئۈمىدلەر كۆپلەپ ئەكس ئەتتى .

لېكىن ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا ئىسلام دىنى مەزمۇنىدىكى ئىسىملارنىڭ توپلىمى دەپ تەسۋىرلىيەلمەيمىز . چۈنكى ، ئۇنىڭ تەركىبىدە تىل جەھەتتىن ئەرەبچە ، پارسچىغا مەنسۇپ بولسىمۇ ، مەنە جەھەتتىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نەچچە مىڭلىغان باشقا ئىسىملار بار . ئۇنىڭ تەركىبىدە يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ساقلانغانلىقى ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە خاس ئىسىملارنىڭمۇ ئاز ئەمەسلىكى — ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئىنتايىن كەڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئېلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن . شۇڭلاشقا ، ھازىرقى زامان كىشى ئىسىملىرىدا دىنىي مەزمۇن ئەكس ئەتكەننىڭ سىرتىدا ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بەختلىك ، گۈزەل تۇرمۇشقا ، ئەركىنلىككە ، ئىلىم ـ پەنگە ، يېڭى مەدەنىيەتكە بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىش ئىرادىسى ، پارلاق كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدۋارلىقى ، ۋەتەنگە ، ئاتا ـ ئانا ، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىغا بولغان مۇھەببىتى ، ئىناق ، خۇشال ياشاشتەك روھىي قىياپىتى چوڭقۇر ئىپادىلەنگەن .

(1 ) بۇ دەۋردىكى كىشى ئىسىملىرى يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك ، ئۆز مەزمۇنىدا ئالدى بىلەن ئىسلام ئېتىقادىنى مۇھىم ئورۇنغا قويدى . ئاللانىڭ 99 ئىسمى (ئەڭ گۈزەل ئىسىملار ) نى ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قىلىپ قويۇش كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىغا ئايلاندى . ئەمما ، بۇ خىلدىكى ئىسىملار يەككە ھالدا قوللىنىلماستىن ، كۆپىنچە «ئابدۇ» (قۇل ، بەندە ، كىشى ، ئىنسان ) دېگەن سۆز قوشۇلۇپ ، ئەسلىي ئىسىم ياسالدى ۋە ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن بىرىككەن مەنە ئىپادىلەندى . مەسىلەن ، ئابدۇلۋاھىد (بىر ئاللانىڭ بەندىسى ) ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئابدۇلكەرىم (سېخىي ئاللانىڭ بەندىسى)، ئابدۇلقەۋى (ھەممىدىن كۈچلۈك ئاللانىڭ بەندىسى)، ئابدۇلھەي (مەڭگۈ ھايات ئاللانىڭ بەندىسى)، ئابدۇلغەپۇر (كەچۈرگۈچى ئاللانىڭ بەندىسى)، ئابدۇرەھمان (مېھىر - شەپقەتلىك ئاللانىڭ بەندىسى)، ئابدۇلقادىر (ھەممىگە قادىر، ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى ئاللانىڭ بەندىسى) دېگەنلەرگە ئوخشاش. بۇ ئىسىملاردىكى ئەلۋاھىد (بىر)، ئەلكەرىم (سېخىي)، ئەلقەۋى (كۈچلۈك)، ئەلھەي (مەڭگۈ ھايات)، ئەلغەپۇر (كەچۈرگۈچى)، ئەررەھمان (مېھىر - شەپقەتلىك)، ئەلقادىر (ھەممىگە قادىر، ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى) دېگەن سۆزلەر ئاللانىڭ ئىسىملىرىدۇر. كۆپ سانلىق كىشىلەر بۇ ئىسىملارنى ئەسلىدە «ئابدۇ» بىلەن قوشۇلغان شەكىلدە قويغان بولسىمۇ، بىر مەزگىلدىن كېيىن «ئابدۇ» نى تاشلىۋېتىپ، ئاللانىڭ ئىسىملىرىنىلا يەككە ھالدا ئىشلەتكەن. بەزىلەر ئاللانىڭ ئىسىملىرىنى ئەسلىدىنىلا «ئابدۇ» قوشۇلمىغان ھالەتتە ئىسىم قىلىپ قوللانغان ھەمدە ئۇنىڭ بېشىغا ئەسلىي يېزىقتا (ئەرەب يېزىقىدا) قوشۇلۇپ كەلگەن «ئەل» (ئەلىپ لام) مۇ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا تەبىئىي ھالدا چۈشۈپ قالغان.

(2) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى ۋە سۈپەتلىرى (105 گۈزەل سۈپەت) مۇ كىشىلەرنىڭ ئىسىم تاللاشتىكى مۇھىم نىشانلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، مۇھەممەد (دائىم مەدھىيەلەنگۈچى)، ئەھمەد (ئەڭ مەدھىيەلىگۈچى، بەك ماختىغۇچى)، مەھمۇد (مەدھىيەلەنگەن، مەدھىيەلەنگۈچى)، نەبى (خەۋەرچى)، رەسۇل (ئەلچى)، مۇرتەزا (تاللانغان)، مۇستاپا (خىللانغان) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

گەرچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىگە ياكى ئاللانىڭ ئىسىملىرىدىن باشقا ھەرقانداق ئىسىمغا «ئابدۇ» نى قوشۇپ ئابدۇمۇھەممەد (مۇھەممەدكە قۇللۇق قىلغۇچى)، ئابدۇمەھمۇد (ماختالغۇچى كىشى)، ئابدۇنەبى (پەيغەمبەرگە قۇللۇق قىلغۇچى)، ئابدۇرەسۇل (پەيغەمبەرنىڭ قۇلى) دېگەندەك قوللىنىش توغرا ئەمەس دەپ قارالسىمۇ (قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ بېشىغا يېزىقتا «ئەل» قوشۇلمايدۇ)، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىگىمۇ، ھەتتا باشقا ئىسىملارغىمۇ «ئابدۇ» نى قوشۇپ ئىسىم ياساش ۋە قوللىنىش داۋاملىشىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، ئابدۇئىمان (ئىمانلىق كىشى، ئىماننىڭ قۇلى)، ئابدۇئۆمەر (ئۆمەرنىڭ قۇلى، ئۆمەردەك كىشى)، ئابدۇقارى (قارىي كىشى)، ئابدۇكۆرەش (كۆرەشنىڭ قۇلى، كۆرەشچان ئىنسان)، ئابدۇرەھمەت (رەھمەتنىڭ قۇلى، رەھمەتكە سازاۋەر كىشى)، ئابدۇجامال (جامالنىڭ قۇلى، گۈزەل ئىنسان)، ئابدۇغۇلام (ياش يىگىت) دېگەنلەردەك.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى ئىچىدە «ئابدۇ» قوشۇلغان ۋە تەركىبىگە «ئاللا» قوشۇلۇپ ياسالغان بىرىكمە ئىسىملارمۇ بار، ئۇلاردىن ئابدۇللا (ئاللانىڭ بەندىسى)، ھەبىبۇللا (ئاللانىڭ دوستى) دېگەن ئىسىملار بىرقەدەر كۆپ قوللىنىلغان.

(3) ئۇيغۇرلار يەنە «مۇھەممەد» دېگەن ئىسىمنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن ئۇنى پەرزەنتلىرىگە يالغۇز ئىسىم شەكلىدە قويغاندىن باشقا، «مۇھەممەد» نى سۈپەت قىلىپ، ئۇنىڭغا يەنە بىر مۇستەقىل ئىسىمنى قوشۇپ، «مۇھەممەد» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان قوش

تەركىبلىك ئىسىملارنى قوللىنىشقىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. مەسىلەن، مۇھەممەدرەھىم (مەترەيىم)، مۇھەممەدئەلى (مەمتىلى)، مۇھەممەدنىياز (مەتنىياز)، مۇھەممەدئەزىز (مەمتىز)، مۇھەممەديار (مەتيار)، مۇھەممەدئەمىن (مەمتىمىن) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

(4) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوستلىرى (چاھاريارلار)، باشقا پەيغەمبەرلەر، بۇيۇك ئانىلار، ئىسلام تارىخىدىكى باشقا مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرىمۇ دىنىي مەزمۇندىكى كىشى ئىسىملىرى قاتارىغا كىرىدۇ ۋە ئۇمۇ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئالاھىدە مەنبەلىرىدىن بىرىدۇر. مەسىلەن، ئابدۇلمۇتتەلىب (مۇتتەلىبنىڭ قۇلى، ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى ئىنسان)، ئاببās (قاپىقى تۈرۈلگەن، تۇتۇق ھاۋا)، ئەلتەييىب (ياخشى، ئېسىل)، پاتىمە (سۈتتىن ئايرىلغان، ئىمىشتىن توختىغان)، زەينەپ (بىر خىل گۈل ئىسمى، بەزى رىۋايەتلەردە قۇش ئىسمى بولۇپ كېلىدۇ)، ھەسەن (ياخشى)، ھۈسەين (ياخشى، چىرايلىق، گۈزەل)، ئۆمەر (ئاۋات، بوستان)، ئەلى (ئۈستۈن)، ئىبراھىم (ئاللاغا بويسۇنغۇچى)، مۇسا (بوۋاق)، ئىسمائىل (ئاللا ئاڭلىدى)، ياقۇپ (كېيىن تۇغۇلغان)، يۇنۇس (ئۇلپەت)، يەھيا (تىرىكچىلىك)، ئۇزرا (پاك قىز)، ئاسىيە (چىقىشقاق)، ھارۇن (بۇلبۇل)، جۇنەيد (كىچىك ئەسكەر)، ئەبۇمۇسلىم (مۇسلىمنىڭ ئاتىسى) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

(5) «ئاللا»، «دىن» دېگەن سۆزلەر ئىككىنچى تەركىب بولۇپ دىنىي مەزمۇن ئىپادىلەنگەن ئىسىملارمۇ كۆپ. ئۇلارمۇ «مۇسۇلمانچە» ئىسىم ياساپ قوللىنىشنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى. مەسىلەن، نۇرۇللا (ئاللانىڭ نۇرى)، ئەمرۇللا (ئاللانىڭ ئەمرى)، خەيرۇللا (ئاللانىڭ ياخشىلىقى)، لۇتپۇللا (ئاللانىڭ ئىلتىپاتى)، مۇتىئۇللا (ئاللاغا ئىتائەت قىلغۇچى)، نەسرۇللا (ئاللانىڭ ياردىمى)، سالاھىدىن (دىنىنىڭ قورالى)، شەمسىدىن (دىنىنىڭ قۇياشى)، راشىدىن (دىنىنىڭ توغرا يولىدا ماڭغۇچى)، ئەرشىدىن (دىنىنىڭ تەختى)، غىياسىدىن (دىنىنىڭ ياردەمچىسى)، ئەنسەرىدىن (دىنىنىڭ ھىمايىچىسى) قاتارلىقلار.

(6) ئۇيغۇر ھازىرقى زامان كىشى ئىسىملىرى تەركىبىدە دىنىي مەزمۇن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن باشقا ئىسىملارمۇ بار. مەسىلەن، ئىبادەت (چوقۇنماق)، تائەت (ئىبادەت)، ئابىد (چوقۇنغۇچى)، ئىمان (مۇتلەق ئەقىدە)، ئاقائىد (ئەقىدىلەر، ئىمان)، ئىسلام (بويسۇنماق)، مۇسلىم (مۇسۇلمان)، خەلىپىتىم (دىنىي ئەمەل نامى)، موللا (دىنىي ئەمەل نامى)، سۇپى (دىنىي مەرتىۋە نامى)، ئىشان (دىنىي مەرتىۋە نامى)، ئايەت (مۆجىزە، بەلگە)، جەننەت (باغ)، پىردەۋس (ئەڭ ئېسىل باغ)، مەۋلىد (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش)، مىئراج (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسمانغا چىقىشى)، دۇئا (چاقىرماق)، ئەئۇز (پاناھ تىلىمەك) قاتارلىقلار.

(7) دىنىي مەزمۇندىكى ئىسىملاردىن قالسا، مەيلى قايسى تىلغا مەنسۇپ بولسۇن، ھۆسن - جامال، قەددى - قامەت، خۇش پېئىللىق مەزمۇن قىلىنغان ئىسىملار ھازىرقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاساسىي تەركىبىنى تەشكىل قىلىدۇ . بۇ خىلدىكى ئىسىملارنىڭ كۆپ تاللانغانلىقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ گۈزەللىكنى نەقەدەر سۆيىدىغانلىقىنى ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىسىم تاللاشتا شەكىللەنگەن قارىغانلىقىنى ، مەنىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ . بۇ مەزمۇندىكى ئىسىملار تاق تەركىبلىك (بىرلا سۆزدىن تۈزۈلگەن ) بولغانىنىڭ سىرتىدا ، «ئاي ، نۇر ، كۈن ، گۈل ، دىل ، ئاق رەڭ» قاتارلىق گۈزەل شەيئىلەرنىڭ نامى بىلەن بىرىككەن قوشما ئىسىملار بولۇپ ، جەلپ قىلىش كۈچى ئىنتايىن يۇقىرى . مەسىلەن ، خۇشرۇي (گۈزەل ) ، زاھىيە (گۈزەل ، كېلىشكەن ) ، زىبا (كۆركەم ، زىننەتلىك ) ، سۇمەنسا (گۈزەل ) ، زەبىر (پاك ، چىرايلىق ) ، ئاققىز (ئاپئاق قىز ) ، ھۆسنىگۈل (ھۆسنى گۈلدەك ) ، ئالمىگۈل (ئالمىدەك چىرايلىق ) ، گۈلچېھرە (چىرايى گۈلدەك ) ، ئايپەرى (پەرىزاتتەك گۈزەل ) ، گۈلپەرى (گۈلدەك چىرايلىق ) ، ئايتولۇن (تولغان ئاي ) ، گۈلرۇي (گۈل چىراي ) ، شەمسىقەمەر (كۈن ـ ئايدەك ) ، گۈزەلنۇر (نۇردەك گۈزەل ) ، دىلبەر (كۆڭۈلنى تارتقۇچى ) ، دىلئارا (كۆڭۈلنى مەپتۇن قىلغۇچى ) ، نۇرقەمەر (ئاينىڭ نۇرى ) ، نۇرقەد (قامەتلىك ) دېگەنلەرگە ئوخشاش .

(8 ) ئۇيغۇر هازىرقى زامان كىشى ئىسىملىرىدىمۇ خۇددى قەدىمكىگە ئوخشاش كۈچ ـ قۇۋۋەت ، باتۇرلۇق ، ئىرادە قاتارلىق مەزمۇنلار كەڭ ئەكس ئەتكەن ھەمدە بۇ خىلدىكى ئىسىملار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلغان . دەرۋەقە ، بۇ خەلقىمىزنىڭ قەدىمدىن تارتىپ كۈچلۈك ، قەيسەر ، باتۇر ، ئىرادىلىك مىللەت بولۇشقا ئىنتىلىپ كەلگەنلىكىنى ، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلىنىپلا قالماي ، كىشى ئىسىملىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . مەسىلەن ، ئەزىمەت (مۇستەھكەم ئىرادە ، كۈچ ـ قۇۋۋەت ) ، قۇدرەت (كۈچ ) ، جۈرئەت ، غەيۇر (غەيرەتلىك ، باتۇر ) ، كۈرەش (جەڭ ) ، قەھرىمان ، باتۇر ، ئىرادە ، غەلىبە ، مۇزەپپەر (غەلىبە قىلغۇچى ) ، غالىب دېگەنلەرگە ئوخشاش .

(9 ) ئۇيغۇر هازىرقى زامان كىشى ئىسىملىرىدا بەخت ، خۇشاللىق ، ساداقەت ، پاكلىق ھەققىدىكى مەزمۇنلارمۇ ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ . مەسىلەن ، ئەسئەد (ئەڭ بەختلىك ) ، سەئىد (بەختلىك ) ، بەختىيار (بەخت يار بولغۇچى ) ، دىلشاد (كۆڭلى خۇش ) ، سائادەت (بەخت ) ، قۇتلۇق (بەختلىك ) ، خۇشدار (دائىم خۇش يۈرگۈچى ) ، راھەت ، پاراغەت ، خۇشدىل (كۆڭلى خۇش ، ئوچۇق ـ يورۇق ) ، ساداقەت ، سادىق (راستچىل ) ، سىددىق (سەمىمىي ، چىن ) ، مۇخلىس (ئىخلاسمەن ) ، ئىسمەت (پاك ، گۇناھسىز ) ، مەھپۇز (ساقلانغان ، قوغدالغان ) ، ئاسىم (پاك ) ، مەئسۇم (گۇناھسىز ، ئاسرالغان ) دېگەنلەرگە ئوخشاش .

(10 ) بەزى ئىسىملاردا ئۇلۇغلۇق ، شۆھرەت ، مەرتىۋە ئەكس ئەتكەن ؛ يەنە بەزىلىرىدە شاھ (پادىشاھ ) ، مىر (ئەمىر ، ئەر ) ، بەگ ، مىرزا (بەگ ، ئۇستاز ، كاتىپ ، ئەپەندى ) ، سەييىد (خوجا ، ئۇستاز ) ، بىبى (خېنىم ) دېگەن سۆزلەر سۈپەت قىلىنىپ ، ئۇلاردىمۇ پەرزەنتلەرنىڭ ئابرۇيلۇق ، نامدار ، كاتتا ئادەملەردىن بولۇشى ئۈمىد قىلىنغان . مەسىلەن ، ئەلا (ئەڭ ئۈستۈن ) ، شۆھرەت (مەشھۇر بولماق ) ، شەھىرە (شۆھرەتلىك ) ، مەئرۇپ (تونۇلغان ) ، چوڭ ، ئۇلۇغ ، مۇقەددەس (ئۇلۇغ ) ، مۇكەررەم

(ئابرۇيلۇق) ، نادىر (تەڭداشسىز) ، سۇلتان ، شاھزادە ، پاشا (پادىشاھ) ، ئەزەمشاھ (پادىشاھدەك ئۇلۇغ) ، شەۋكەت (ھەيۋەت ، ئۇلۇغ) ، مىرقادىر (كۈچلۈك ئەر) ، مىركامىل (كامالەتكە يەتكەن ، كامىل ئەر) ، مىرزىزادە (خان بالىسى) ، سەييىدزادە (خوجا ئەۋلادى) ، سەييىدئەكرەم (مەرھەمەتلىك ئۇستاز) ، بىبىقىز (خېنىم قىز) ، بىبىئاررۇ (ئارزۇلۇق خېنىم) دېگەنلەردەك .

(11) بىر بۆلۈك ئىسىملاردا ئۇيغۇرلارنىڭ بىلىمگە ئىنتىلىش ، توغرا يولدا مېڭىش ئىرادىسى ، مەدەنىيەتنى سۆيۈش ، ئەقىل - پاراسەت ۋە ئىقتىدارنى ئۇلۇغلاش روھى ئىپادىلەنگەن . مەسىلەن ، ئالىم (ئىلىم ئىگىسى) ، ئىلىمنۇر (ئىلىمنىڭ نۇرى) ، دانىش (بىلىملىك) ، تالىب (ئوقۇغۇچى) ، مۇتتەلىب (ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى) ، تەئلىم (ئۆگەتمەك) ، ئىرپان (بىلىم ، مەدەنىيەت) ، مەرىپەت (ئىلىم) ، مەدىنىيەت (مەدەنىيەتلىك) ، مەدىنە (شەھەر) ، ئىرشاد (يول كۆرسەتمەك) ، رەشىد (توغرا يول كۆرسەتكۈچى) ، ھىدايەت (توغرا يول) ، ئاقىل (ئەقىللىق) ، ھىكمەتيار (ئىلىمنى دوست تۇتقۇچى) ، دانا (بىلىملىك ، ئاقىل) ، مۇختەبىر (تەجرىبىلىك ، پىششىق) ، مەھدى (توغرا يول تاپقۇچى) دېگەنلەردەك .

(12) يەنە بىر قىسىم ئىسىملار ئادىللىق ، دوستلۇق ، قەلب ، كۆيۈمچانلىق ، مېھرىبانلىق قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلىگەن . مەسىلەن ، ئادىل ، ئادالەت (ئادىللىق ، قانۇن) ، رەپقەت (دوستلۇق) ، دوستئالى (ئالىي ھىممەتلىك دوست) ، زەمىر (كۆڭۈل ، ۋىجدان) ، مېھرىبان (كۆيۈمچان) ، ئاتىپ (شەپقەتچى) ، مېھرىگۈل (مېھرلىك قىز) ، مۇھەببەت (سۆيگۈ) ، رەھىمە (رەھىمدىل ئايال) ، ئىنايەت (غەمخورلۇق) ، ئېھسان (ياخشىلىق) قاتارلىقلار .

(13) ئاتا - ئانىنى ھۆرمەتلەش ، قوۋم - قېرىنداشلارنى سۆيۈش ، ئىتتىپاقلىق ، ئۆزئارا ھۆرمەت مەزمۇنىدىكى ئىسىملارمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسىملىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن ، ئاتا ، ئاتاخان ، ئابا ، ئاباخان (ئاتا) ، ئانا ، ئانىقىز ، ئاناخېنىم ، ئەبۇلقاسىم (قاسىمنىڭ ئاتىسى) ، ئەبۇبەكرى (بەكرىنىڭ ئاتىسى) ، ئەبۇلخەيرى (خەيرىنىڭ ئاتىسى) ، مۇقەررەب (يېقىن سىرداش) ، ھەمىمە (يېقىن دوست) ، ئۇممەت (مىللەت) ، يولداش (بىر يولدا ماڭغۇچى) دېگەنلەردەك .

(14) ئۇيغۇر ھازىرقى زامان كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە ، پەرزەنتلەرنىڭ قاتارغا قوشۇلۇشىنى ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىنى ، جېنىنىڭ مەھكەم بولۇشىنى تىلەپ قويۇلغان بىر بۆلۈك ئىسىملار بار . مەسىلەن ، تۇرسۇن ، تۇردى ، توختى ، توختاش ، تۇرغان ؛ تاش ، پولات ، تۆمۈر ، ئالماس ؛ ياشار ، ياشنار ، ياشات دېگەنلەرگە ئوخشاش .

(15) بۇ دەۋر كىشى ئىسىملىرىدا يەنە ، زېمىننى سۆيۈش ، تىنچلىق ، ئەمىنلىك ، خاتىرجەملىك ، ساغلاملىق ، مېھنەت ، پەخىرلىنىش ، پەرزەنت خۇشلۇقى ۋە پەرزەنتنى تاتلىق نەرسىلەرگە ئوخشىتىش ، ئەركىنلىك ، ئازادلىققا تەلپۈنۈش قاتارلىق نۇرغۇن مەزمۇنلار يارقىن جۇلالىنىپ تۇرىدۇ . مەسىلەن ، زېمىنجان (زېمىن خوجىسى) ، سەلىمە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(ساغلام) ، سالامەت (ساقلىق) ، ئاسۇدە (خاتىرجەم) ، سالام (تىنچلىق) ، ئامان (تىنچ ، خاتىرجەم) ، ئىپتىخار (پەخىرلەنمەك) ، پەخرىزاد (پەخىرلىك ئوغۇل) ، خىزمەت (ياردەم ، ئىش) ، خۇدابەردى ، ئاللابەردى ، خۇشكەلدى ، تويبولدى ؛ شېكەر ، ناۋات ، ئەسەل (ھەسەل) ، ئەركىن ، ئازاد ، نەجات (قۇتۇلماق) ، ھۆرىيەت (ھۆرلۈك ، ئەركىنلىك) دېگەنلەرگە ئوخشاش .

(16) ئۇنىڭدىن باشقا ، تۇغۇلغان مەزگىل ، ھېيت ـ بايرام ، خاتىرە كۈنلەرنى بەلگە قىلىپ ئىسىم قويۇشمۇ بىرقەدەر ئومۇملاشقان . مەسىلەن ، باھار ، مايسا ، ئەييام (ئايەم) ، روزى ، قۇربان ، ئېيد (ھېيت) ، رەجەب ، شەئبان ، رامىزان ، بارات ، نەۋرۇز (نورۇز) دېگەنلەرگە ئوخشاش .

ئومۇمەن ، قايسى دەۋردىكى بولمىسۇن ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى مەنىنىڭ كەڭلىكىنى ئاسمانغا ، چوڭقۇرلۇقىنى دېڭىزغا ئوخشاتساق ئارتۇق كەتمەيدۇ . ئۇنىڭدىكى چەكسىز مەنىلەر خۇددى ھېسابسىز خەزىنىدەك بىزنىڭ ئېچىشىمىزنى كۈتمەكتە . ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا تېخىمۇ ياخشى رول ئوينايدىغان قىلىش ئۈچۈن ، ئۇنىڭدا ئىپادە قىلىنغان مەنە ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىشمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

مەلۇم مۇددىئانى ئاساس قىلىش ، مەنىلىك ئىسىملارنى تاللاش ، بولۇپمۇ مەنىنىڭ ئىجابىي بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش — ئىسىم قويۇشتا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك زۆرۈر قائىدە . چۈنكى ، مەلۇم بىر ئىسىمنىڭ ئاڭلىنىشى ۋە يېزىقتا ئىپادىلىنىشى شۇ ئىسىمنىڭ جىسمى ھېسابلانسا ، مەنە ئۇنىڭ جېنىدۇر . مەنىسى بولمىغان ئىسىم ماھىيەتتە جانسىز ئىسىمدۇر ، مەنىسى ياخشى بولمىغان ئىسىممۇ ئىمجان ئىسىمدۇر .

قەدىمكى ئىسىملاردا كۆپىنچە تەبىئەتنى سۆيۈش ، ھايۋانلار ، قۇشلارنى ئۇلۇغلاش ، قەھرىمانلىق ، كۈچ ، بەخت ، بىلىم ، ئەقىل ـ پاراسەت ، گۈزەللىك ، ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەنىدىكى ئىسىملار ئاساس قىلىنغان . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئەتىۋارلىق ، قىممەت باھالىق نەرسىلەر ۋە رەڭلەرنىڭ نامىمۇ ئىسىم قىلىپ قويۇلغان . ھازىرقى زامان كىشى ئىسىملىرىدا ئىپادىلەنگەن مەنە تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر بولۇپلا قالماي ، ئىسىملار سان جەھەتتىنمۇ ئىنتايىن كۆپەيگەن . ئەمما ، بۇنىڭغا ئەگىشىپ ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەنىسى ، مىللەت ، دىن تەۋەلىكى ۋە كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىقى بىلەن كارى بولماي ، ھەر قىسما ئىسىملارنى قويۇشتەك ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلمەكتە . بەزى كىشىلەر ئىسىملارنىڭ ئۆزگىچە بولۇشىنى ، مەلۇم رىتىم ، قاپىيەگە ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىسىمۇ ، ئۇنىڭ مەنىسىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن ئانچە كارى بولمايدۇ . بولۇپمۇ بەزى قىزلار ئىسىملىرى ئاڭلىنىشىنىڭ چىرايلىق ، كۆركەم بولۇشىلا شەرت قىلىنىپ ، شەكىل جەھەتتىن خالىغانچە «ئۇيغۇنلاشتۇرۇلۇپ» ، ھېچبىر مەنىسى بولمىسىمۇ ئىشلىتىلمەكتە . مەسىلەن ، زەرىلە ، تىلپىرە ، ئىلنارە ، پىلورە دېگەندەك . يەنە بەزىلەر ئىسىملارنىڭ مەنىسىنىڭ قانداقلىقى ، يەنى ئۇنىڭ مەنىسىنىڭ ئىجابىي بولۇش ـ بولماسلىقى ، ياخشى بولۇش ـ بولماسلىقى ، مەقسەتكە مۇۋاپىق كېلىش ـ كەلمەسلىكى بىلەن ھېسابلاشمىغانلىقى

ئۈستىگە، تەۋەلىكىگىمۇ دىققەت قىلماي، پەقەت «ئۆزگىچە، يېڭى، ئالاھىدە» بولۇشىنى قوغلىشىپ، ئۆز پەرزەنتلىرىگە ياۋروپاچە ئىسىملارنى قويۇشماقتا. مەسىلەن، ئاپرېل، تېلمان، گېرمان، كلارا، مارىتا، ئوربېت، لىنا، لىدا (رىتا)، ۋېنېرا، مېرىدىيان، دېموكرات، زويا دېگەندەك.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەسلىدە ئەرەبچە ياكى ئەرەبچىدىن ئۆزلەشكەن ھەممە بەلگىلىك مەنىسى بار ئىسىملار ۋە تارىخىي ئىسىملار بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا مەنىسى ئانچە ياخشى بولمىغان، ئارقا كۆرۈنۈشى ھازىرقى ۋاقىتتا قوللىنىشقا ئانچە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان بىر قىسىم ئىسىملارمۇ بۇرۇندىن تارتىپ جايلاردا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىشلىتىلىپ كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن بەزى ئىسىملار ئاڭلىنىشقا چىرايلىق تۇيۇلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۆزى مەنسۇپ بولغان تىلدا ئىپادىلىگەن مەنىسى جەھەتتىن كۆتكەندەك چىقمىغان. مەسىلەن، «راھىلە» (ئەرەبچە مەنىسى — يۇك ئارتىلغان تۆگە)، «كۇلسۇم» ياكى «گۈلسۇم» (ئەرەبچە مەنىسى — ھاپقوۋز)، «ئابباس» (ئەرەبچە مەنىسى — قاپىقى تۈرۈلگەن)، «ۋاققاس» (ئەرەبچە مەنىسى — بوينى قىسقا)، «ئوسمان» (ئەرەبچە مەنىسى — يىلاننىڭ بالىسى، كىچىك يىلان)، «سۇۋەيدە» (ئەرەبچە مەنىسى — قارىۋاي، قارىچۇق) دېگەندەك.

دەرۋەقە، دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئېتىقاد، تۇرمۇش شارائىتى، تۇرمۇش ئادىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزئارا پەرقلىرى بولغاچقا، ئۇلار ئىشلەتكەن كىشى ئىسىملىرىدىمۇ ئۇنىڭ مۇئەييەن ئىپادىسى بولىدۇ. مەسىلەن، «بىپايان چۆل ـ جەزىرىلىك رايونلارنى ماكان قىلغان ئەرەبلەر ئۈچۈن، تۆگە بىباھا ھايۋان ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ كىشى ئىسىملىرىدا ‹يۇك ئارتىلغان تۆگە›، دېگەندەك مەنىگە ئىگە سۆزلەر ئۇچرايدۇ» (ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى» 259 ـ بەت). دېمەك، يۇقىرىقىدەك ئىسىملارنىڭ بەزىلىرىگە رېئال، كونكرېت باھا بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل ئىسىملارنى ئۆز پەرزەنتلىرىگە قويۇشتا ئاساسلانغىنى بۇ يەردە نوقۇل مەنە ئەمەس، ئەلۋەتتە. مەسىلەن، «راھىلە» يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى بولغان بولسا، «كۇلسۇم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى؛ «سۇۋەيدە» دېگەن ئىسىمدىمۇ قارا رەڭ ئۇلۇغلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەر «ئوسمان»، «ئاببىاس» دېگەن ئىسىملارنى قويۇشتىمۇ، بىرىنىڭ چاھارىيارلاردىن (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دوستلىرىدىن) ئوسماننىڭ ئىسمى ئىكەنلىكىنى، يەنە بىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئىسمى ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتقان. شۇنىڭدەك يەنە «زۇننۇن»، «ئىسرائىل» دېگەن ئىسىملارنى قويغاندىمۇ، بىرسىنىڭ يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ، يەنە بىرسىنىڭ ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ لەقىمى ئىكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلغان بولسا كېرەك. چۈنكى، «زۇننۇن» نىڭ ئەرەبچە مەنىسى «بېلىق بىلەن بىللە» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا مەيلى مەنە ياكى ئارقا كۆرۈنۈش جەھەتتىن بولسۇن، تازا چۈشىنىشلىك ئەمەس. «ئىسرائىل» دېگەن ئىسىمنى ئالساق، ئۇ ھازىر يەھۇدىيلارنىڭ ئورتاق نامى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. دېمەك، كىشىلەر ئەگەر مەنىگىلا قارىغان بولسا، بۇ ئىسىملارنى بەلكىم قويمىغان بولاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىراق ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى مەنىگە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى يەنىلا يوق دېيەلمەيمىز . بىز بۇ جەھەتتە داۋاملىق ئىزدىنىشىمىز كېرەك . مەسىلەن ، ئىسىملاردىكى قائىدىسىزلىك ۋە ھەر كىم خالىغانچە ئىسىم قويۇش مەسىلىلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ . چۈنكى ئۇ ، كىشى ئىسىملىرىنى ياخشى تاللاش ۋە توغرا قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىشىمىزدىكى ئىلمىي ئاساسلىرىمىزدىن بىرى .

قىسقىسى ، ئىسىم تاللاشتا ، مەنىگە سەل قارىماسلىق لازىم . ئىلمىيلىك ، گۈزەللىك ، مەنىۋى مەدەنىيلىك تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكىدەك شارائىتتا ، بىزدە ئاڭلىق ھالدا مەنىلىك ئىسىم قويۇشتەك ئەمەلىي ھەرىكەت بولۇشى كېرەك . بۇ ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ مەنە ئالاھىدىلىكىنى ھەقىقىي چۈشەنگەنلىك ۋە جارى قىلدۇرغانلىقتۇر .

# ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە مۇئەييەن مەنە ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىش بىلەن بىللە، ئۆز تەرەققىياتى داۋامىدا ئۆزىگە خاس قۇرۇلما (تۈزۈلۈش) ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئاساسلىقى ئىسىملارنىڭ لېكسىكىلىق تەركىبى، تىل تەۋەلىكى، سۆز تىپى ۋە نىسبەت جەھەتتىكى پەرقى قاتارلىقلار مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىكنى تەشكىل قىلىدۇ.

لېكسىكىلىق تەركىب مەلۇم ئىسىمنىڭ يەككە (تاق تەركىبلىك) ئىسىم، بىرىكمە (قوش تەركىبلىك ياكى كۆپ تەركىبلىك) ئىسىم ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە، تىل تەۋەلىكى ئىسىملارنىڭ ئەسلىي كېلىپ چىقىشىنىڭ قانداقلىقى، قانداق سۆزلەرنى مەنبە قىلغانلىقى، شۇنىڭدەك مەلۇم تىلغا مەنسۇپ ئىسىملارنىڭ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا ئىگىلىگەن ئورنى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئىسىملارنىڭ سۆز تىپى ۋە نىسبەت جەھەتتىكى پەرقى (ئۆزگىچىلىكى) بولسا، مەلۇم تۈردىكى ئىسىمنىڭ بارلىق ئىسىملار ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتىنى كۆرسىتىدۇ.

## 1. ئىسىملارنىڭ لېكسىكىلىق تەركىبى

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى يەككە ئىسىم ۋە بىرىكمە ئىسىم دەپ چوڭ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) يەككە ئىسىم

يەككە ئىسىم دېگىنىمىز، تاق تەركىبلىك ئىسىملارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بىر تاق سۆزدىن ھاسىل بولغان ئىسىملاردۇر. مەسىلەن، ئادىل، رەجەب، داۋۇد، رەيھان، شەۋكەت، قۇربان، كەنجى، مەھمۇد، نەبى، نۇسرەت، ئەھمەد، جەمىلە دېگەنلەرگە ئوخشاش.

بۇ ئىسىملار خاراكتېرى، بىلدۈرگەن مەنىسى، سۆز تۈركۈمى قاتارلىق جەھەتلەردىن قارىغاندا، ئەسلىي ئىسىملار، ياسالما ئىسىملار؛ سۈپەتلەر، پېئىللار؛ دەرىجە ـ ئەمەل ناملىرى، قوشۇمچە ئىسىملار ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىرىنچى، ئەسلىي ئىسىملار. قايسى تىلغا مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەنىلىك بۆلەكلەرگە ياكى ئۆزىدىن باشقا يەنە بىر مەنىلىك بۆلەككە ئاجرىتىشقا بولمايدىغان ئىسىملاردۇر. بۇلار ئاساسەن ئەرەب، پارس تىللىرى ۋە باشقا غەيرىي ئۇيغۇر تىلىغا مەنسۇپ ئىسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، رەجەب، داۋۇد، نەبى، ئەھمەد، مەھمۇد، قۇربان، جەمىلە، پولات، ئارزۇ، رەيھان، شەۋكەت، ئىيسا، يۈسۈپ دېگەنلەرگە ئوخشاش.

www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى، ياسالما ئىسىملار. قايسى تىلغا مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەنىلىك بۆلەكلەرگە ياكى ئۆزىدىن باشقا يەنە بىر مەنىلىك بۆلەككە ئاجرىتىشقا بولىدىغان ئىسىملارنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار ئاساسەن ئۇيغۇر تىلىغا مەنسۇپ ئىسىملاردۇر. مەسىلەن، تۇر + سۇن، قوش + ماق، ئال + ما، يول + ۋاس، يول + داش دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئۈچىنچى، سۇپەتلەرمۇ مەيلى قايسى تىلغا مەنسۇپ بولسۇن، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا كۆپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، ئادىل، كامىل، ئاقىل، قائىل، قابىل، ماھىر، زاھىر، قەھرىمان، غالىب، باتۇر، گۈزەل، ئەركىن، ئازاد دېگەنلەرگە ئوخشاش.

تۆتىنچى، پېئىللار ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا بىرقەدەر ئاز ئۇچرايدۇ ھەمدە ئۇلارمۇ ئاساسەن ئۇيغۇرچە سۆزلەردۇر. مەسىلەن، بەردى، تۇردى، تۇر، توختىسۇن (توخسۇن)، ياشار، ياشات، قۇچار، رۇسلان، ئاتلان دېگەنلەرگە ئوخشاش.

بەشىنچى، دەرىجە - ئەمەل نامىلىرىمۇ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. مەسىلەن، مەۋلا (موللا)، ھاجى، قارى، مەخدۇم (مەخسۇم)، خەلپەت، خەلپىتىم (خەپتىم)، قازى، مۇپتى، ئىشان، سۇپى، ئىمام، ئەلەم، ۋالى، ھاكىم دېگەنلەردەك.

ئالتىنچى، قوشۇمچە ئىسىملار. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ تولۇقلىمىسى ياكى خاس ئالاھىدىلىكىنى ھاسىل قىلغۇچى تەركىبلەردۇر. ئۇ، ئاساسلىق بۆلەككە ئەگىشىپ كېلىدىغان ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى بىر بۆلەكنى، يەنى فامىلە، تەخەللۇس، لەقەم، ھۆرمەت، كەسىپ نامىلىرى، تۇراقسىز قوشۇمچە ئىسىملار، تۇراقسىز ھۆرمەت قوشۇمچىلىرى ۋە باشقىلارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، تۇران (فامىلە)، قەشقەرى (تەخەللۇس)، قۇشقاچ (لەقەم)، قاساپ (كەسىپ نامى)، چوڭ (ھۆرمەت نامى)، بەگ، ئاخۇن، جان، گۈل، قىز (تۇراقسىز قوشۇمچە ئىسىملار ياكى ھۆرمەت قوشۇمچىلىرى) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

(2) بىرىكمە ئىسىملار

بۇ خىل ئىسىملار ئۆز ئىچىدىن يەنە قوش تەركىبلىك ۋە كۆپ (مۇرەككەپ) تەركىبلىك ئىسىملارغا ئايرىلىدۇ.

بىرىنچى، قوش تەركىبلىك ئىسىم دېگىنىمىز، مۇستەقىل ئىككى سۆزدىن ياكى بىرسى مۇستەقىل، يەنە بىرسى قوشۇمچە ئىسىم ئورنىدىكى ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان بىرىكمە ئىسىملارنى كۆرسىتىدۇ. تۈزۈلۈش شەكلىدىن قارىغاندا، بۇ ئىسىملارنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

① سىنتاكسىسلىق يول بىلەن (يانداش ياكى چىرمىشىش مۇناسىۋىتىدە) بىرىككەن ئىسىملار. مەسىلەن، يۈسۈپئەھمەد (يۈسۈپ + ئەھمەد)، ئابدۇشۈكۈر (ئابدۇ + شۈكۈر)، نۇرمۇھەممەد (نۇر + مۇھەممەد) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

② جۈملە شەكلىدە بىرىككەن ئىسىملار. بۇ خىل ئىسىملار ئاساسەن ئىگە - خەۋەر ياكى قوشما پېئىل شەكلىدە تۈزۈلگەن. مەسىلەن، ئاللابەردى، ئىگەمبەردى، خۇدابەردى، تويبولدى، يولبولدى، تىلىۋالدى، سېتىۋالدى دېگەنلەرگە ئوخشاش.

③ ئارىلاش بىرىككەن ئىسىملار (ئوخشاش بىر مۇستەقىل ئىسىم ياكى قوشۇمچە ئىسىم يەنە بىر ئىسىمنىڭ ئالدىغا ياكى كەينىگە ئورتاق قوشۇلۇش ئارقىلىق ياسالغان ئارىلاشما ئىسىملار). مەسىلەن، نۇرئاي، نۇرمۇھەممەد، نۇرگۈل، نۇرگۈزەل، ئاينۇر، مۇھەممەدنۇر، گۈلنۇر، گۈزەلنۇر؛ ئامانشاھ، مۇھەممەدشاھ، ئەھمەدشاھ، رەھمانشاھ، شاھئامان، شاھمۇھەممەد، شاھئەھمەد، شاھرەھمان؛ ئاسىمگۈل، دۆلەتگۈل، باھارگۈل، نىساگۈل، گۈلئاسىم، گۈلدۆلەت، گۈلباھار، گۈلنىسا دېگەنلەرگە ئوخشاش.

قوش تەركىبلىك ئىسىملار مەزمۇن جەھەتتىن قارىغاندا تۆۋەندىكىدەك شەكىللەردە كۆپرەك ئۇچرايدۇ:

① بىرىنچى تەركىبى «ئابدۇ» دىن، ئىككىنچى تەركىبى ئاللانىڭ ئىسىملىرى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن تۈزۈلگەن ئىسىملار. مەسىلەن، ئابدۇلئەھەد، ئابدۇرەھىم، ئابدۇرەشىد، ئابدۇسەمەد، ئابدۇلھەمىد، ئابدۇنەبى، ئابدۇرەسۇل دېگەنلەردەك.

② بىرىنچى تەركىبى خالىغان بىر سۆزدىن، ئىككىنچى تەركىبى «ئاللا» ۋە «دىن» دېگەن سۆزلەردىن قۇرۇلغان ئىسىملار. مەسىلەن، ھىدايىتۇللا، نۇرۇللا، جارۇللا، مۇتىئۇللا، نەسرۇللا، ھەبىبۇللا، ئۇبەيدۇللا، شەرىپىدىن، قۇتبىدىن، نۇرىدىن (نۇردۇن) دېگەنلەردەك.

③ بىرىنچى تەركىبى «ئاي، ئاق، ئەبۇ، بىبى، خان، خوجا، دىل، زۇل (ئىگە)، شاھ، گۈل، ماھى (ئاي)، مۇھەممەد (مەد)، مەۋلا (موللا)، مىر، مىرزا، نۇر» قاتارلىق ئىسىم ياسىغۇچى ۋە ئۆزگەرتكۈچى تەركىبلەردىن، ئىككىنچى تەركىبى باشقا سۆزلەردىن ياكى يەنە شۇ خىل تەركىبلەردىن تەشكىل قىلىنغان ئىسىملار. مەسىلەن، ئايپاتىمە، ئاققىز، ئەبۇبەكرى (ئابابەكرى)، بىبىزۇھرە (بۇزورا)، خانئايىم، خوجامىيار، دىلمۇراد، زۇلھايات، شاھنىياز، گۈلنىسا، ماھىدىل، مۇھەممەدرەھىم (مەترەھىم)، مەۋلائەھمەد (موللامەت)، مىرقادىر، مىرزىئالىم، نۇرمۇھەممەد دېگەنلەرگە ئوخشاش.

④ بىرىنچى تەركىبى مۇستەقىل ئىسىملار ياكى ئىسىم ياسىغۇچى ۋە ئۆزگەرتكۈچى تەركىبلەردىن، ئىككىنچى تەركىبىمۇ يەنىلا «خان، چوڭ، قىز، نىسا، ئاي، تاي، شاھ، مەۋلا، قارى، ھاجى، چوڭ، قۇل» قاتارلىق ئىسىم ياسىغۇچى ۋە ئۆزگەرتكۈچى تەركىبلەردىن تۈزۈلگەن ئىسىملار. مەسىلەن، تۇرسۇنخان، بەختىگۈل، چولپانقىز، تاجىنىسا، مېھرىئاي، نۇرتاي، ئەھمەدشاھ، مۇھەممەدمەۋلا، سەمەدقارى، كىچىكھاجى، مەنسۇرچوڭ، ئىگەمقۇل دېگەنلەردەك.

ئىككىنچى، كۆپ (مۇرەككەپ) تەركىبلىك ئىسىم دېگىنىمىز، بىر مۇستەقىل ئىسىم بىلەن يەنە بىر قوش تەركىبلىك ئىسىم ياكى بىر قوش تەركىبلىك ئىسىم بىلەن يەنە بىر قوشۇمچە ئىسىم بىرىكىپ، بىر كىشىنىڭ خاس ئىسمى ياسالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئىسىملار بىرقەدەر ئاز قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، مۇھەممەد ئابدۇللا (مۇھەممەد + ئابدۇللا)، ئەمىرنىساخان (ئەمىرنىسا + خان)، توختىنىيازخان (توختىنىياز +

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خان ) ، تۇرھاجىگۈل (تۇرھاجى + گۈل ) ، نۇرمۇھەممەدئەلى (نۇرمۇھەممەد + ئەلى ) ، مۇھەممەدرەھىمھاجى (مۇھەممەدرەھىم + ھاجى ) دېگەنلەردەك .

## 2. ئىسملارنىڭ تىل تەۋەلىكى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ تىل تەۋەلىكى ھەر خىل ۋە مۇرەككەپ بولۇپ ، ئەرەب ، پارس تىللىرى ، ئۇيغۇر تىلى ، بۇ ئۈچ تىلنىڭ ئارىلاشمىسى ۋە ئىبرانىي تىلى ، ياۋروپا تىللىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

(1) ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان ياكى ئەرەب تىلىنى مەنبە قىلغان ئىسملار بارلىق كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە تەخمىنەن 60% نى تەشكىل قىلىدۇ (ئەمما ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى ئىسىم ياسىغۇچى ۋە ئۆزگەرتكۈچى تەركىبلەر ئارىسىدا ئەھۋال ئوخشاش بولمايدۇ . ئەرەبچە ۋە ئەرەبلەشكەن ئىبرانىيچە سۆزلەرنىڭ نىسبىتى تەخمىنەن 40% نى ئىگىلەيدۇ . «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى ئىسىم ياسىغۇچى ۋە ئۆزگەرتكۈچى تەركىبلەر» دېگەن ماۋزۇغا قاراڭ ) . ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بۇ خىل ئىسملار مەيلى تاق تەركىبلىك ، قوش تەركىبلىك ياكى كۆپ تەركىبلىك بولسۇن ، ئومۇمەن تۆرلۈك پېئىللاردىن شاخلىنىپ چىققان ۋە مەلۇم سىنتاكسىسلىق يول بىلەن بىرىككەن بولۇپ ، شەكىل جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىلغا ئايرىلىدۇ :

بىرىنچى ، ئۈچ ھەرپلىك ئاددىي پېئىللاردىن شاخلانغان ۋە ئىش - ھەرىكەتنى ئورۇندىغۇچىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسملار . مەسىلەن ، ئادىل ، ئالىم ، زاھىر ، زاھىد ، سابىت ، كامىل ، نادىر ؛ ئادىلە ، زاھىرە ، زاھىدە ، ساجىدە ، كامىلە ، نادىرە دېگەنلەردەك .

ئىككىنچى ، ئۈچ ھەرپلىك ئاددىي پېئىللاردىن شاخلانغان ۋە ئىش - ھەرىكەتنى دائىم ئورۇندىغۇچىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسملار . مەسىلەن ، ئابباس ، ساتتار ، غاپپار ، قاھھار ، راززاق ، مەننان ، شەكۇر ، غەيۇر ، كەرىم ، رەھىم ، سەلىم ، ھەكىم ؛ كەرىمە ، ھەلىمە ، رەھىمە ، سەلىمە ، ھەكىمە دېگەنلەردەك .

ئۈچىنچى ، ئۈچ ھەرپلىك ئاددىي پېئىللاردىن شاخلانغان ۋە ئىش - ھەرىكەتنىڭ نىسبەتەن ئارتۇقراق ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سېلىشتۇرما ئىسملار . مەسىلەن ، ئەكبەر ، ئەكرەم ، ئەھمەد (ئەخمەت ) ، ئەنۋەر ، ئەنسەر ، ئەشرەپ دېگەنلەردەك .

تۆتىنچى ، ئۈچ ھەرپلىك ئاددىي پېئىللاردىن شاخلانغان ۋە ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتىنى ياكى ئىش - ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسملار . مەسىلەن ، مەخدۇم (مەخسۇم ) ، مەھمۇد (مەخمۇت ، مامۇت ) ، مەھپۇز (مەپىز ) ، مەسئۇد ، مەئرۇپ (مەرۇپ ) ، مەئمۇر (مامۇر ) ، مەئمۇن (مامۇن ) ، مەقسۇد (مەخسۇت ) ، مەنسۇر (ماڭسۇر ) ؛ مەھبۇبە ، مەھپۇزە ، مەختۇمە ، مەغپۇرە ، مەقسۇدە ، مەنسۇرە دېگەنلەردەك .

بەشىنچى ، ئۈچتىن ئارتۇق ھەرپلىك پېئىللاردىن شاخلانغان ۋە ئىش - ھەرىكەتنى ئورۇندىغۇچىنىڭ ۋە ئىش - ھەرىكەت ئوبيېكتىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسملار .

مەسلەن ، مۇقەددىر ، مۇبەششىر ، مۇقەررەب ، مۇكەررەم ، مۇزەپپەر ، مۇقەددەس ، مۇنەۋۋەر ، مۇسالىم ، مۇئادىل ، مۇنائىم ، مۇستاپا ، مۇرتەزا ، مۇقتەدىر ، مۇقارىب ، مۇقەۋۋى ، مۇھتەلىم دېگەنلەردەك .

ئالتىنچى ، ھەر خىل پېئىللارنىڭ تومۇرى ھېسابلىنىدىغان ۋە ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار . مەسلەن ، ساداقەت ، سالامەت ، كارامەت ، مۇھەببەت ، مەغپىرەت ، دىيانەت ، رەپقەت ، شەۋكەت ، رەھمەت ، تەلئەت ، غەيرەت دېگەنلەردەك .

يەتتىنچى ، ھەر خىل پېئىللاردىن شاخلانغان ھەمدە ۋاقىت ، ئورۇن ۋە نەرسە نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار . مەسلەن ، مەشئەل ، مەشرەب ، مەنار (مۇنار) ، مىئراج (مىراج) ، مەنزەر ، مەنۋەر دېگەنلەردەك .

سەككىزىنچى ، سىنتاكسىسلىق يول بىلەن باغلىنىپ ، بىرىكمە شەكىلدە قوللىنىلىدىغان ئىسىملار . ئەرەبچە ئىسىملار ئىچىدە بۇ خىلدىكىلىرىمۇ كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ . مەسلەن ، ئابدۇللا ، ئابدۇلۋەلى ، ئابدۇخەلىل ، ئەبۇلھەسەن ، ھەلىمىدىن ، خەيرىنىسا ، ئامانىنىسا ، نۇرنىسا ، مۇھەممەدسەئىد ، مۇھەممەدئەمىن دېگەنلەردەك .

(2) ئەرەبچە ئىسىملاردىن قالسا ، ھەر خىل ئارىلاشما تەۋەلىك ئىسىملار ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ تەخمىنەن % 20 نى تەشكىل قىلىدۇ .

بىرىنچى ، ئەرەبچە بىلەن ئۇيغۇرچىدىن بىرىككەن ئىسىملار . مەسلەن ، ئەلاخان ، ئەركىنىسا ، بەگمۇراد ، جەمىلئاي ، خاننۇر ، ئەرسىما ، مەۋلاتوختى ، مەۋلاخېنىم ، تۇركئەلى ، نۇسرەتقىز دېگەنلەردەك .

ئىككىنچى ، ئەرەبچە بىلەن پارسچىدىن بىرىككەن ئىسىملار . مەسلەن ، ئەختەرىدىن ، ئەختەرنىسا ، باھارنىسا ، پەخرىجاھان ، پەرىدىگۈل ، گۈزەلنۇر ، دوستمۇھەممەد ، دىلئالەم ، شىرمىنەل ، گۈلدىيار ، مىرشاد ، مىرزاد ، دىلئاسۇدە دېگەنلەردەك .

ئۈچىنچى ، پارسچە بىلەن ئۇيغۇرچىدىن بىرىككەن ئىسىملار . مەسلەن ، ئازادئاي ، ئايدىل ، گۈلشەنئاي ، گۈزەلئاي ، بەختىچوڭ ، تۇرنىياز ، ئوغۇلنىياز ، تۇرسۇنپاشا دېگەنلەردەك .

تۆتىنچى ، ئەرەبچە ، پارسچە ۋە ئۇيغۇرچىدىن بىرىككەن مۇرەككەپ تەۋەلىك ئىسىملار . مەسلەن ، تۇرھاجىگۈل ، تۇرنىساگۈل ، بىبىرەھىمئاي ، زۇمرەدنىساخان ، گۈلنىساقىز ، مۇھەممەدشاھباي دېگەنلەرگە ئوخشاش .

(3) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە پارسچە ئىسىملار تەخمىنەن % 12 نى تەشكىل قىلىدۇ (ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى ئىسىم ياسىغۇچى ۋە ئۆزگەرتكۈچى تەركىبلەر ئىچىدە پارسچە سۆزلەر % 25 نى ئىگىلەيدۇ) . تۆۋەندىكىلەر پارسچە ئىسىملاردۇر : ئارمان ، ئارزۇ ، ئازاد ، باھارگۈل ، ماھىرۇي ، گۈلچېھرە ، دىلبەر ، مېھرىبان ، گۈلشاد ، گۈلشەن ، گۈلچىمەن ، خۇدايار ، قەھرىمان ، ھەمراھ ، دەرۋىش ، يادىكار دېگەنلەردەك .

(4) كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئومۇمىي تەركىبىدە ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىملار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەخمىنەن 7.5% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئوخشىمايدىغان بىر ئەھۋال شۇكى، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە ئۇيغۇرچىنى مەنبە قىلغان نۇرغۇن ئىسىم ياسىغۇچى ۋە ئۆزگەرتكۈچى تەركىبلەر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ نىسبىتى 35% نى ئىگىلەيدۇ. دېمەك، ئۇلار ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى روشەن گەۋدىلەندۈرىدۇ. تۆۋەندىكىلەر ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىملاردۇر: ئارىش، ئايتېكىن، ئايتولۇن، ئاققىز، ئالتۇن، ئالما، ئەركىن، تۇرسۇن، تۇردى، توختى، تۇرغۇن، قۇتلۇق، قوزا، ئۇلۇغ، چوڭ، كىچىك، تاش، تۆمۈر، ئوغۇلخان، ئىگەمبەردى، يولۋاس، يۇلتۇز، ياشار، ياشات دېگەنلەردەك.

(5) ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تەركىبىدە ناھايىتى ئاز ساندا غەيرىي ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرگەن ياكى ئەرەب تىلى ۋە ئەرەبچە مۇقەددەس كىتابلار ۋاستىسى بىلەن كىرگەن ئەرەبلەشكەن ئىبرانىيچە ئىسىملار، شۇنىڭدەك يەنە ياۋروپاچە ئىسىملارمۇ بار. ھىندىچە، موڭغۇلچە، خەنزۇچە ياكى خەنزۇچە تەركىبنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسىملارمۇ بىر - ئىككىدىن ئۇچرايدۇ. ئۇلار ھەممىسى قوشۇلۇپ تەخمىنەن 0.5% نى تەشكىل قىلىدۇ.

بىرىنچى، ئەرەبلەشكەن ئىبرانىيچە ئىسىملار ۋە «قۇرئان كەرىم» دە تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەر ئىسىملىرى. مەسىلەن، سۇلايمان، ئەييۇب، ئىبراھىم، ئىسھاق، ئېيسا، مۇسا، ياقۇب، يۈسۈپ، داۋۇد، ئىلياس دېگەنلەردەك.

ئىككىنچى، ئەرەبلەشكەن ياۋروپاچە ئىسىملار. مەسىلەن، ئىسكەندەر (ئالېكساندىر)، قەيسەر (كايسار) دېگەنلەردەك.

ئۈچىنچى، ياۋروپاچە بىرقەدەر ئەينەن قوللىنىلغان ئىسىملار. مەسىلەن، مۇرالىس، ئاپرېل، زويا، مارىي، ۋېنېرا، مېرىدىيان، كلارا، ئوربىت، دېموكرات، گېرمان، تېلمان، مارىتا دېگەنلەردەك.

تۆتىنچى، ھىندىچە، موڭغۇلچە، خەنزۇچە ياكى خەنزۇچە تەركىبنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسىملار. مەسىلەن، بابۇر، باقشى، تۇتى؛ دوغلات (دولات)، تۆرە؛ جۇڭخۇاگۇل، ۋېنخۇاگۇل دېگەنلەردەك.

## 3. ئىسىملارنىڭ سۆز تىپى ۋە نىسبەت جەھەتتىكى پەرقى

ئىسىملارنىڭ خىلمۇخىل، مول ھەم راۋان بولۇشىدا سۆز تىپى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇيغۇرلار ئەرەبچە ئىسىملارنى «مۇسۇلمانچە ئىسىم» دەپ ئەتىۋارلاش بىلەن بىللە، بۇ تىلدىكى سۆزلەرنى ئۆزگىچە، رەڭدار ۋە مول دەپ قاراپ، ئاساسلىق تاللاش ئوبيېكتى قىلغان. پارسچە ئىسىملارمۇ ئېتىبار بىلەن قويۇلغان. بولۇپمۇ ئەرەب تىلىدىكى زور كۆپ سانلىق ئىسىملار يۇقىرى دەرىجىدە قېلىپلاشقان، يۇقىرى ئاھاڭدارلىققا، بەلگىلىك ۋەزىنگە ئىگە سۆزلەر دەپ قارالغانلىقتىن، ئەنە شۇ تىلنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان ئەرەب كىشى ئىسىملىرىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىنى قوزغىغان.

دەرۋەقە، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئەرەبچە ئىسىملار بولۇپ، ئۇسلۇب جەھەتتىمۇ ئەرەب كىشى ئىسىملىرىنى ئۈرنەك قىلىدۇ. شۇڭا، مەلۇم ھەرپلەرنى

باشلامچى قىلغان ئىسىملارنىڭ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئەرەب كىشى ئىسىملىرىنىڭ نىسبىتى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. مەسىلەن، 1998 ـ يىلى 11 ـ ئايدا بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان «ئەرەب تىلى ۋە ئەرەب مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابتىن مەلۇم بولۇشىچە، بېيروت ئاممىۋى كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشر قىلغان «ئەرەب كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى» دىكى ئىسىملاردا «م، ر، ع، ن» بىلەن باشلانغان ئىسىملار نىسبەتەن كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە «م» بىلەن باشلانغانلىرى تەخمىنەن 14 % نى ئىگىلەپ، ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1998 ـ يىلى 8 ـ ئايدا نەشر قىلغان «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى» ناملىق كىتابتىمۇ «م، ئا (ع)، ن، س» قاتارلىق ھەرپلەر بىلەن باشلانغان ئىسىملارنىڭ نىسبىتى كۆپ بولۇپلا قالماي، «م» ھەرپىنى باشلامچى قىــــلغان «مۇھەممەد، مەھمۇد، مۇختار، مۇنەۋۋەر، مۇيەسسەر، مۇكەررەم» دېگەندەك ئىسىملار نىسبىتىنىڭمۇ 14 % ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. بۇ نېمە دېگەن ئوخشاشلىق ـ ھە!

دېمەك، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان كىشى ئىسىملىرىنىڭ قوللىنىلىش مــــقدارى، جۈملىدىن ئايرىم ھەرپلەرنى باشلىنىش قىلغان ئىسىملارنىڭ ئومۇمىي ئىسىم ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ھەر خىل بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى پەرقى خېلى چوڭ (بۇ يەردە مەلۇم ئىسىملىك كىشىلەرنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى كۆزدە تۇتۇلماستىن، بەلكى نوقۇل ھالدا ئىسىملارنىڭ ئۆزىنىڭ سانى كۆزدە تۇتۇلىدۇ). بۇنىڭ سەۋەبلىرى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى ھەربىر ھەرپنى باشلامچى قىلغان سۆزلەرنىڭ سۆز تىپى، ئالاھىدىلىكى، قوللىنىش ياكى ياسىلىش خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان كىشى ئىسىملىرىنىڭ تىل تەركىبىگىمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ھەرقايسى ھەرپلەرنى باشلامچى قىلغان ئىسىملارنىڭ نىسبىتى تەخمىنەن تۆۋەندىكىچە:

(1) «م» ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىملار 14 %. بۇ خىل ئىسىملارنىڭ كۆپ بولۇشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن «مۇھەممەد» دېگەن ئىسىمنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنىڭ، شۇنىڭدەك «مۇھەممەد» نى بىرىنچى تەركىب قىلغان قوش تەركىبلىك ۋە كۆپ تەركىبلىك ئىسىملارنىڭ، ئۇنىڭدىن باشقا «ماھى، مەۋلا، مېھر، مىر، مىرزا» قاتارلىق سۆزلەرنى باشلامچى قىلغان ئىسىملارنىڭ كۆپ قويۇلۇشى ۋە ئەرەبچە ئىسىملار ئىچىدە ئۇچ ھەرپلىك ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ھەرپلىك پېئىلـــلاردىن شاخلىنىپ چىققان ئىسىملارنىڭ كۆپ قىسمى «م» ھەرپىنى باشلامچى قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، مۇھەممەد، مۇھەممەدئەلى، مۇھەممەدرەھىـــم، مەھمۇد، مەسئۇد، ماھىنۇر، مەۋلائەھمەد (موللەمەت)، مەۋلارەھىم (موللارەھىم)، مېھرىگۇل، مىرقادىر، مىرزىئالىم دېگەنلەردەك.

(2) «ئا» ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىملار 10 %. بۇ خىل ئىسىملارنىڭ كۆپ بولۇشى بىرىنچى تەركىبى «ئابدۇ» (عبد) بىلەن باشلانغان ئىسىملار ۋە «ئاق، ئاي، ئاخۇن، ئاللا، ئالتۇن، ئانار» نى باشلامچى قىلغان ئىسىملارنىڭ كۆپلۈكىدىن بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەرەبچىدىكى «ا، عا» ھەرپلىرىنى باشلامچى قىلــــىدىغان ئەرەبچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىسىملارنىڭ تىلىمىزدا ئوخشاشلا «ئا» تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقىمۇ بىر سەۋەب . مەسىلەن ، ئابدۇللا ، ئابدۇرەھىم ، ئابدۇلھەمىد ، ئالىم ، ئامان ، ئاخۇنقارى ، ئاللابەردى ، ئالتۇنئاي ، ئانارخان ، ئايگۈل ، ئاققىز دېگەنلەردەك .

(3) «س» ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىملار 7 % . ئەرەبچىدىكى «ث ، ص ، س» ھەرپلىرى بىلەن باشلىنىدىغان ئەرەبچە ئىسىملارنىڭ ھەممىسىلا تىلىمىزدا «س» تەلەپپۇز قىلىنىغانلىقى ئۈچۈن ، بۇ خىلدىكى ئىسىملار تەبىئىي ھالدا كۆپ بولۇش بىلەن بىللە ، ئۇنىڭ تەركىبىدە «ساھىب ، سەييىد (سېيىت) ، سۇلتان ، سۇبھى ، سەئىد ، سەئدۇن» قاتارلىقلار بىرىنچى تەركىب (بۆلەك) قىلىپ ياسالغان قوش تەركىبلىك ئىسىملار بىرقەدەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ . مەسىلەن ، ساھىبنەزەر ، سەئدۇللا (سەيدۇللا) ، سەييىدنىسا (سېتنىسا) ، سۇبھىقىز ، سۇلتانگۈل ، سەئىدباقى ، سەئدۇنھاجى ؛ سەمەر ، سەھبە ، سەلىمە دېگەنلەردەك .

(4) «ن» ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىملار 6 % . بۇ خىل ئىسىملار ئىچىدە بىرىنچى تەركىبى «نۇر ، نىياز» بولغان ئىسىملار ئالاھىدە كۆپ . مەسىلەن ، نۇرمۇھەممەد ، نۇرئادىل ، نۇرنىسا ، نۇرئىمان (نۇرىمان) ، نىيازخان دېگەنلەردەك .

(5) «ئە» ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىملارمۇ 6 % . بۇ خىل ئىسىملارنىڭ كۆپ قىسمى «ئەبۇ» نى باشلامچى قىلغانلىقى ، ئەرەبچە ئۈچ ھەرپلىك پېئىللاردىن چىققان سىلىشتۇرما ئىسىملارنىڭ قېلىپىمۇ «ئە» ھەرپىنى باشلامچى قىلغانلىقى ، ئۇنىڭدىن باشقا ، «ئەھمەد ، ئەل ، ئەلى ، ئەمىر» بىلەن باشلانغان ئىسىملارمۇ كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ سانى «م ، ئا ، س ، ن» دىن قالسا بىرقەدەر كۆپ بولغان . مەسىلەن ، ئەبۇلقاسىم ، ئەبۇبەكرى (ئابابەكرى) ، ئەھمەد ، ئەكبەر ، ئەسغەر (ئەسقەر) ، ئەكرەم ؛ ئەلىشىر ، ئەلمىھرى ، ئەلنەزەر ، ئەمىرھەمزە دېگەنلەردەك .

(6) «ھ» ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىملارمۇ 6 % . بۇ خىل ئىسىملارنىڭ بىرقەدەر كۆپ بولۇشى ، بىرىنچىدىن ، ئەرەبچىدىكى «ح ، ھ» نى باشلىنىش قىلغان ئىسىملارنىڭ تىلىمىزدا ئوخشاشلا «ھ» تەلەپپۇز قىلىنىشىغا ؛ ئىككىنچىدىن ، ئەسلىدە «ئا ، ئە ، ئو ، ئى» ھەرپلىرى بىلەن باشلىنىدىغان بەزى ئىسىملارمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ شېۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن «ھا ، ھە ، ھو ، ھى» تاۋۇشى بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىغانلىقىغا ؛ ئۈچىنچىدىن ، «ھاجى ، ھۆر» قاتارلىق سۆزلەرنى باشلامچى قىلغان ئىسىملارنىڭ نىسبەتەن كۆپلۈكىگە مۇناسىۋەتلىك . مەسىلەن ، ھامىد ، ھەسەن ، ھىدايەت ، ھارىپ (ئارىپ) ، ھەقىل (ئەقىل) ، ھاۋۇت (ئابىد) ، ھاشىر (ئاشىر) ، ھوشۇر (ئۇشۇر) ، ھالاۋدىن (ئالائىدىن) ، ھەسەل (ئەسەل) ، ھىلاخۇن (ئەلئاخۇن) ، ھاجىگۈل ، ھۆرنىسا دېگەنلەردەك .

(7) «ز» ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىملار 5 % . ئەرەبچىدىكى «ذ ، ض ، ظ ، ز» دىن ئىبارەت تۆت خىل ھەرپنى باشلامچى قىلغان ئىسىملارنىڭ تىلىمىزدا ئوخشاشلا «ز» تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى بۇ تۈردىكى ئىسىملارنىڭ سالمىقىنى بىرقەدەر ئاشۇرغان . بۇلارنىڭ ئىچىدە «زۇل ، زىبا» دېگەن سۆزلەرنى باشلامچى قىلغان ئىسىملار ئالاھىدە

كۆزگە چىلىقىدۇ . مەسىلەن ، زۇلھايات ، زۇلخۇمار ، زۇلپىقار ، زۇلپۇنۇن ، زۇلئىكرام ، زىيائىدىن ، زىيائۇللا ، زىياقەمەر دېگەنلەرگە ئوخشاش .

(8) «ت» ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىملارمۇ 5 % . بۇ خىلدىكى ئىسىملارنىڭ كۆپ قىسمىنى «تاش ، تۇرسۇن ، تۇردى ، تۇر ، تۇرا ، تۇران ، توختى ، تۇرغۇن» دېگەنگە ئوخشاش ئۇيغۇرچە ئىسىملارنى ۋە «تاجى» دېگەن ئەرەبچە ئىسىمنى بىرىنچى تەركىب قىلغان قوش ۋە كۆپ تەركىبلىك ئىسىملار ئىگىلەيدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، «ت ، ط» نى باشلىنىش قىلغان ئىسىملار ئوخشاشلا «ت» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن ، تاجىگۇل ، تاشقىز ، تۇرسۇنمۇھەممەد ، تۇردىمۇھەممەد ، تۇرنىسا ، تۇراقىز ، تۇرانەم ، توختىمۇھەممىدىن ، تۇرغۇنپاشا ، تاھىر ، تالىب دېگەنلەردەك .

(9) «ب» ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىملارمۇ 5 % . بۇ خىل ئىسىملار تەركىبىدە «بىبى» ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى بولغان «بۇۋى ، بۇ ، بۇ» نى ، شۇنىڭدەك «باي ، بەختى ، بەگ ، بەنى ، بوۋا» قاتارلىقلارنى باشلامچى قىلغان ئىسىملارنىڭ سالمىقى كۆپرەك . مەسىلەن ، بىبىھاجەر (بۇۋەجەر) ، بىبىنىسا (بۇنىسا) ، بىبىقىز (بۇۋقىز) ، بايمۇھەممەد ، بايھاجى ، بەنىسەلىم ، بوۋامۇھەممەد ، بەختىيار ، بەختىنىسا ، بەگمۇھەممەد ، بەگزاد دېگەنلەردەك .

(10) «ر» ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىملار 4 % . بۇنىڭدا «رەھىم ، روزى» قاتارلىق تەركىبلەرنى باشلامچى قىلىپ ياسالغان ئىسىملار مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدۇ . مەسىلەن ، رەھىمبەردى ، رەھىمباقى ، روزىمۇھەممەد ، روزىنىسا دېگەنلەردەك .

(11) «ش» ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىملارمۇ 4 % . بۇنىڭ ئىچىدە «شاھ ، شىر» دېگەن سۆزلەرنى باشلامچى قىلغان ئىسىملارنىڭ سانى بىرقەدەر كۆپ . مەسىلەن ، شاھنىياز ، شاھمىرزا ، شاھغۇلام ، شاھنەزەر ، شىرئەلى ، شىرمۇھەممەد ، شىرزاد دېگەنلەردەك .

(12) «گ» ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىملار 3 % . بۇ خىل ئىسىملارنى ئاساسەن «گۇل» نى بىرىنچى تەركىب قىلغان ئىسىملار تەشكىل قىلىدۇ . مەسىلەن ، گۇلنىسا ، گۇلقىز ، گۇلباھار ، گۇلدۆلەت ، گۇلمۇھەممەد دېگەنلەردەك .

(13) «خ» ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىملارمۇ 3 % . بۇ خىلدىكى ئىسىملار ئىچىدە «خال ، خالى ، خان ، خەيرى ، خوجا ، خۇدا ، خۇش ، خېنىم» دېگەن سۆزلەرنى باشلامچى قىلغان ئىسىملار كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئەرەبچىدىكى «ح» تاۋۇشى بەزى ئىسىملاردا «خ» تەلەپپۇز قىلىنىپ ، «خ» ھەرپلىك ئىسىملارنىڭ تەركىبىنى مەلۇم دەرىجىدە كۆپەيتكەن . مەسىلەن ، خالمۇراد ، خالىزاد ، خانقىز ، خەيرىنىسا ، خوجامىيار ، خۇدابەردى ، خۇشرۇي ، خېنىمئاي ؛ خەلىم (ھەلىم) ، خەلىمە (ھەلىمە) ، خەنىپە (ھەنىپە) دېگەنلەردەك .

(14) «ق» ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىملارمۇ 3 % . ئۇلارنىڭ ئىچىدە «قارا ، قۇت ، قۇتلۇق ، قوزا ، قۇل ، قۇربان ، قەمەر ، قوش» قاتارلىق سۆزلەرنى بىرىنچى تەركىب قىلغان ئىسىملار بىرقەدەر كۆپ . مەسىلەن ، قاراباتۇر ، قۇتتېكىن ، قۇتلۇقنىگار ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قوزىمۇھەممەد ، قۇلنەزەر ، قۇربانقىز ، قەمەرىدىن ، قوشمۇھەممەد دېگەنلەردەك .

(15) «پ» ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىملار 2.5 % . بۇنىڭدا «پ ، ف» نى باشلىنىش قىلغان ئىسىملار ئوخشاشلا «پ» ھەرپىگە تەۋە بولىدۇ . مەسىلەن ، پاتىمە ، پىدا ، پەزىلەت ، پەرھاد ، پولات ، پاشا دېگەنلەردەك .

(16) «د» ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىملارمۇ 2.5 % . بۇ خىل ئىسىملارنىڭ ئاساسىي سالمىقىنى «دىل ، دوست ، دۆلەت» نى باشلامچى قىلغان ئىسىملار ئىگىلەيدۇ . بولۇپمۇ «دىل» بىلەن كەلگەن ئەر ـ ئاياللار ئىسىملىرى ناھايىتى كۆپ . مەسىلەن ، دىلشاد ، دىلمۇراد ، دىلنۇر ، دىلبەر ؛ دوستمۇھەممەد ، دۆلەتنىياز ، دۆلەتخان دېگەنلەردەك .

(17) «ئى» ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىملار 2 % . بۇ خىل ئىسىملارنىڭ بىر قىسمىنى «ئىل ، ئىمام» قاتارلىق سۆزلەرنى بىرىنچى تەركىب قىلغان ئىسىملار تەشكىل قىلىدۇ ، شۇنىڭدەك «ئەمىر ، ئەمىن» قاتارلىق بىر قىسىم ئىسىملار قوللىنىلىش جەريانىدا «ئىمىر ، ئىمىن» دەپ ئۆزگىرىپ ، «ئى» ھەرپىنى باشلامچى قىلغان ئىسىملار تەركىبىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ . مەسىلەن ، ئىليار ، ئىلنەزەر ، ئىمامھەسەن ، ئىمامنىياز ؛ ئىمىرھەسەن (ئەمىرھەسەن) ، ئىمىننىياز (ئەمىننىياز) دېگەنلەردەك .

(18) «ج» ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىملارمۇ 2 % . بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى «جان ، جەننەت ، جانان ، جۇمە» قاتارلىق سۆزلەرنى باشلامچى قىلغان ئىسىملار ئىگىلەيدۇ . مەسىلەن ، جاندوست ، جەننەتخان ، جانانقىز ، جۇمەنىياز دېگەنلەردەك .

(19) «ك» ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىملارمۇ 2 % . بۇ خىلدىكى ئىسىملارنىڭ ئىچىدە «كەرىم ، كۆن ، كۈمۈش» قاتارلىق سۆزلەرنى بىرىنچى تەركىب قىلغانلىرى مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدۇ . مەسىلەن ، كەرىمبەردى ، كەرىمۇللا ، كۆنبەگ ، كۆنمىرزا ، كۈمۈشتېكىن دېگەنلەردەك .

(20) «چ ، غ ، ل ، ۋ ، ئې ، ي» قوشۇلۇپ ، ھەربىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تەخمىنەن 1 % تىن جەمئىي 6 % كىچە . مەسىلەن ، چوڭ ، چولپان ، چىمەنگۈل ؛ غازى ، غەيۇر ، غۇلام ؛ لاتىپ ، لەيلى ، لەتىپە ؛ ۋارىس ، ۋاسىل ، ۋاھىد ؛ ئېيد (ھېيت) ، ئېيسا ، ئېتىبار ؛ ياسىن ، يولۋاس ، يۈسۈپ دېگەنلەردەك .

(21) «ئو ، ئۇ ، ئۆ ، ئۈ» ھەرپلىرى بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىملار قوشۇلۇپ جەمئىي 2 % . مەسىلەن ، ئوغۇلنىسا ، ئوسمان ؛ ئۇلۇغ ، ئۇلۇغمۇھەممەد ؛ ئۆركەش ، ئۈمىد دېگەنلەردەك .

# ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى ئىسىم ياسىغۇچى ۋە ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى تەركىبلەر

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان كىشى ئىسىملىرىدا بىر بۆلۈك ئىسىم ياسىغۇچى ۋە ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى تەركىبلەر بار بولۇپ، ئۇ كىشى ئىسىملىرىنىڭ تۈزۈلۈشىنى تەشكىل قىلىدىغان، شۇنداقلا ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى يارىتىدىغان مۇھىم تەركىبىي قىسىم ھېسابلىنىدۇ. بۇ تەركىبلەر تىل تەۋەلىكى جەھەتتىن ھەر خىل بولۇپ، ئەرەبچە، ئۇيغۇرچە ۋە پارسچە سۆزلەرنى، شۇنىڭدەك ئەرەبچىلەشكەن ئىبرانىيچە سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەرەبچە ۋە ئەرەبچىلەشكەن ئىبرانىيچە سۆزلەر تەخمىنەن 40% نى، ئۇيغۇرچە سۆزلەر 35% نى، پارسچە سۆزلەر 25% نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ بارلىق كىشى ئىسىملىرى نىسبىتىدىكى ئەرەبچە ۋە پارسچە ئىسىملار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىغان ئەھۋالدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ). ئۇ، ئەر - ئايال كىشى ئىسىملىرى ئۈچۈن بىرقەدەر كۆپ قوللىنىلىدىغان (100 دىن ئارتۇق ئىسمىنىڭ ياسىلىشىغا ۋە ئۆزگىرىشىگە ئاساس بولىدىغان) ۋە بىرقەدەر ئاز قوللىنىلىدىغان (ئوندىن ئارتۇق ئىسمىنىڭ ياسىلىشىغا ۋە ئۆزگىرىشىگە ئاساس بولىدىغان)، ئەر - ئاياللارغا ئايرىم قوللىنىلىدىغان، ئورتاق قوللىنىلىدىغان، ئىسىملارنىڭ بېشىغا قوشۇلىدىغان، ئاخىرىغا قوشۇلىدىغان ۋە باش - ئاخىرىغا ئورتاق قوشۇلىدىغان تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق مىڭلىغان قوش تەركىبلىك ۋە كۆپ تەركىبلىك ئىسىملار يېڭىدىن ياسىلىدۇ ۋە ئۆزگەرتىپ كۆپەيتىلىدۇ. ياسالغان ۋە ئۆزگەرتىلگەن بۇ خىل ئىسىملار تاق تەركىبلىك ئىسىملارغا ئوخشاشلا مۇستەقىل بىر ئىسىم سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ.

ئىسىم ياسىغۇچى ۋە ئۆزگەرتكۈچى تەركىبلەرنى ئايرىشنىڭ پرىنسىپلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) مەيلى ئەرلەر ياكى ئاياللار ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئىسىم بولسۇن، ياكى ئەسلىي ئىسىم، سۈپەت ياكى قوشۇمچە ئىسىم بولسۇن، ئۇلارنىڭ بېشىغا قوشۇلىدىغان تەركىبلەر ئىسىم ياسىغۇچى بولىدۇ. بۇلار «ئابدۇ، ئاق، ئەبۇ، ئەل، ئەمىر (ئىمىر)، زۇل، ماھى، مىر، مىرزا، ئىل» دېگەنلەردىن ئىبارەت. بۇ تەركىبلەر ئىسىملارنىڭ بېشىدا كېلىپ، يېڭى ئىسىم ياسايدۇ. مەسىلەن، «ئەھەد — ئابدۇلئەھەد» (بىر ئاللانىڭ بەندىسى)، «ھاجى — ئاقھاجى» (ھاجى: ئىسمى، ئاق: سۈپىتى)، «بەكرى — ئەبۇ بەكرى» (بەكرىنىڭ ئاتىسى) دېگەنلەردەك.

(2) مەيلى ئەرلەر ياكى ئاياللار ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئىسىم بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان تەركىبلەرنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى تەركىب بىلەن بىللە بىر پۈتۈن مەنە ھاسىل قىلىدىغانلىرى ئىسىم ياسىغۇچى؛ ئالدىنقى تەركىبنىڭ سۈپىتى ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوشۇمچىسى رولىدا كېلىدىغىنى ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى ھېسابلىنىدۇ . بۇلار «دىن ، تاي ، قارى ، قىز ، نىسا » ۋە ئالاھىدە ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى قوشۇمچە «م » دىن ئىبارەت . بۇنىڭ ئىچىدىكى «دىن» ئىسىم ياسىغۇچى بولىدۇ . مەسىلەن ، «قەمەرىدىن» (دىنىنىڭ ئېيى ) ، شەمسىدىن (دىنىنىڭ قۇياشى ) دېگەندەك . «تاي ، قارى» مۇستەقىل بىر ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا ئارتۇق قوشۇلۇپ كېلىپ ، شۇ ئىسىمنى ئۆزگەرتىپ ، ئۇنى ئەسلىي ئىسىمدىن پەرقلەندۈرىدۇ . شۇڭا ئۇلار ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن ، «نۇر + تاي ، ئامان + تاي ، تۇرسۇن + تاي ، تۇرسۇن + قارى ، ئابدۇرەھمان + قارى » دېگەنلەردەك . «قىز ، نىسا » مۇ ئىسىم ئۆزگەرتكۈچىلەردۇر . بۇ تەركىبلەر ئەمەلىيەتتىمۇ ، ئەرلەر ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىپ ، ئۇلارنى ئاياللارنىڭ ئىسمىغا ئۆزگەرتىدۇ . مەسىلەن ، «قۇربان + قىز ، ھاجى + قىز ، تۇرسۇن + نىسا » دېگەندەك . بۇلارنىڭ ئىچىدە «قىز » ئاياللار ئىسمىغا ئارتۇق قوشۇلۇش ئارقىلىقمۇ ئەسلىي ئىسمىنى (ئاياللارنىڭ ئىسمىنى ) يەنە ئۆزگەرتىدۇ . مەسىلەن ، «گۈلشەن + قىز ، گۆھەر + قىز ، گۈلنىسا + قىز » دېگەنلەردەك .

(3 ) مەيلى ئەرلەر ياكى ئاياللار ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئىسىم بولسۇن ، ھەم باشتا ، ھەم ئاخىرىدا كېلىدىغان ياسىغۇچى ۋە ئۆزگەرتكۈچى تەركىبلەر ئىچىدە ، باشتا كېلىدىغانلىرى ئىسىم ياسىغۇچى ، ئاخىرىدا كېلىدىغانلىرىنىڭمۇ ئالدىنقى تەركىب بىلەن بىرىكىپ كېلىدىغانلىرى ئىسىم ياسىغۇچى ، باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىسىم ئۆزگەرتكۈچىدۇر . بۇ خىلدىكى تەركىبلەر بىرقەدەر كۆپ . ئۇلار «ئاخۇن ، ئاللا ، ئاي ، باي ، بەگ ، بىبى (بۇۋى ) ، توختى ، جان ، خان ، خوجا ، خېنىم ، دىل ، سەييىد ، شاھ ، قۇل ، گۇل ، مەۋلا (موللا ) ، مۇھەممەد ، نۇر ، نىياز ، ھاجى» دېگەنلەردىن ئىبارەت . بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئاللا» مەيلى باشتا ياكى ئاخىرىدا كەلسۇن ئىسىم ياسىغۇچىدۇر . قالغانلىرى باشتا كەلسە ئىسىم ياسىغۇچى ، ئاخىرىدا كەلسە ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن ، «ئاللا بەردى» (ئاللا بەرگەن ئوغۇل ) ، «نۇرۇللا» (ئاللانىڭ نۇرى ) دېگەن ئىسىملارنىڭ ھەر ئىككىسىدە «ئاللا» يۇقىرىقى تەركىب بىلەن بىرىكىپ بىر پۈتۈن مەنە ھاسىل قىلىدۇ ، شۇڭا ئۇ ئىسىم ياسىغۇچى بولىدۇ . «ئاينۇر» (ئاي نۇرىدەك گۈزەل قىز ) ، «ئايگۇل» (ئايدەك گۈزەل قىز ) دە «ئاي» ئىسىم ياسىغۇچى ، ئەمما «پاكىدىنئاي ، پاشائاي» دا ئىسىم ئۆزگەرتكۈچىدۇر . ئۇنىڭدىن باشقا ، «گۇل» نى ئالساق ، «گۇلباھار» (باھارگۇلى ) دا ئىسىم ياسىغۇچى ، «مەرىيەمگۇل» دە ئىسىم ئۆزگەرتكۈچىدۇر .

(4 ) مەيلى ئەرلەر ياكى ئاياللار ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئىسىم بولسۇن ، بىرقەدەر ئاز قوللىنىلىدىغان ئىسىم ياسىغۇچى ۋە ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى تەركىبلەر ئىچىدە ، باشتا كەلگەنلىرى ئىسىم ياسىغۇچى ، ئاخىرىدا كەلگەنلىرى ئىسىم ئۆزگەرتكۈچىدۇر ھەمدە ئۇلارنىڭ مەيلى باشتا ياكى ئاخىرىدا كەلگەنلىرى بولسۇن كۆپ قىسمى ئادەتتىمۇ مۇستەقىل ئىشلىتىلىدىغان ئىسىملاردۇر . بۇلار «ئالتۇن ، ئامان ، ئانار ، ئايىم ، ئەلى ، ئەھمەد ، بەختى ، تاجى ، تاش ، تۇر ، تۇرا ، تۇران ، تۇردى ، تۇرسۇن ، جانان ، جەننەت ، چوڭ ،

خال ، خالى ، خۇدا ، خۇش ، دوست ، دۆلەت ، رەھىم ، رۇزى ، زاد ، زىبا ، ساھىب ، سەئىد ، شاد ، شىر ، غۇلام ، مېھر ، ھۆر ، ئوغۇل ، يار ، يۈسۈپ » قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

تۆۋەندە ، بىر قەدەر كۆپ قوللىنىلىدىغان ۋە بىرقەدەر ئاز قوللىنىلىدىغان ئىسىم ياسىغۇچى ، ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى تەركىبلەر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شەرھلىنىدۇ :

## I بىرقەدەر كۆپ قوللىنىلىدىغان ئىسىم ياسىغۇچى ۋە ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى تەركىبلەر

### 1. ئەرلەر ئۈچۈن ئىسىم ياسىغۇچى ۋە ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى تەركىبلەر

(1) ئىسىملارنىڭ بېشىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان تەركىبلەر

«ئابدۇ »

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ . 1000 دىن ئارتۇق ئىسىم «ئابدۇ » ئارقىلىق ياسىلىپ ، «ئا » ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان ئەرلەر ئىسمىنىڭ 80 % نى تەشكىل قىلىدۇ . ئۇ ئاللانىڭ «ئەلقۇددۇس ، ئەلئەزىز ، ئەلقادىر ، ئەلخالىق » دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملىرى بىلەن كېلىپ ، «ئابدۇلقۇددۇس ، ئابدۇلئەزىز ، ئابدۇلقادىر ، ئابدۇلخالىق » بولغاندا «بەندە ، قۇل » دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ ، بىر پۈتۈن ئىسىم «ئۇلۇغ ئاللانىڭ بەندىسى ، قۇدرەتلىك ئاللانىڭ بەندىسى ، ھەممىگە قادىر ئاللانىڭ بەندىسى ، يارىتقۇچى ئاللانىڭ بەندىسى » دېگەن مەنىدە كېلىدۇ . ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىدىن بولغان «مۇھەممەد ، مەھمۇد ، خەلىل ، نەبى ، رەسۇل » دېگەندەك ئىسىملارغا قوشۇلۇپ ، «ئابدۇمۇھەممەد ، ئابدۇمەھمۇد ، ئابدۇخەلىل ، ئابدۇنەبى ، ئابدۇرەسۇل » دەپ كەلسە ، «پەيغەمبەرگە قۇللۇق قىلغۇچى » دېگەنلىك بولىدۇ . بۇ يەردە «ئابدۇ » نىڭ «بەندە ، قۇل » دېگەن مەنىسىگە قارايلا ، ئۇنى «مۇھەممەدنىڭ بەندىسى » ياكى «مەھمۇدنىڭ قۇلى ، نەبىنىڭ قۇلى ، رەسۇلنىڭ قۇلى » دېگەنلىك بولۇپ قالىدۇ دەپ ، بىر تەرەپلىمە ھالدا چۈشەنمەسلىك كېرەك . چۈنكى «پەيغەمبەرگە قۇللۇق قىلغۇچى » دېگەن سۆز «پەيغەمبەرگە پۈتۈن نىيىتى بىلەن ئەگەشكۈچى ، بارلىقىنى مۇھەممەدنىڭ دىنى يولىغا ئاتىغۇچى » دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ . «ئابدۇ » بەزىدە يەنە «پەرمان ، نەزەر ، نەئىم ، نىياز » دېگەندەك سۆزلەرگىمۇ قوشۇلۇپ كېلىدۇ . بۇ چاغدا ئۇ «ئابدۇپەرمان ، ئابدۇنەزەر ، ئابدۇنەئىم ، ئابدۇنىياز » دەپ ئاتىلىپ ، «ئىنسان ، كىشى » دېگەن مەنىنىمۇ بېرىپ ، «بۇيرۇققا بويسۇنغۇچى كىشى ، نەزەرگە لايىق كىشى ، خاتىرجەم ، بەختلىك ئىنسان ؛ ئۆزىنى چاكار ئورنىدا كۆرۈپ ، بارلىقىنى بېغىشلىغۇچى » دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ .

ئۇنىڭدىن باشقا ، «ئابدۇ » يەنە «ئۆمەر ، ۋاسىل ، دىلبەر ، سەنەم ، گۇل » دېگەندەك ئىسىملارغىمۇ قوشۇلۇپ ، «ئابدۇئۆمەر ، ئابدۇۋاسىل ، ئابدۇدىلبەر ، ئابدۇسەنەم ، ئابدۇگۇل » دېگەندەك شەكىلدە قوللىنىلغان . بۇ خىل ئىسىملارنى مەيلى ئېتىراپ قىلايلى ياكى قىلمايلى ، ئۇ بىزنىڭ ئىرادىمىزگە باغلىق بولمىغان ھالدا ئۇيغۇر كىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىسىملىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. ئايرىم ئورۇنلاردا بۇ خىل ئىسىملارنى قوللىنىۋاتقانلار ھەقىقەتەن بار. ئەمما، بۇنداق ئىسىملارنى «خاتا قوللانغان ئىسىملار» دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. بەلكى بۇلاردىمۇ «ئابدۇ» نى «ئىنسان، كىشى» دېگەن مەنىدە تونۇپ، «ئۆمەردەك كىشى، ۋەسلىگە يەتكۈچى كىشى، دىلنى تارتقۇچى كىشى، گۈزەل ئىنسان، گۈلدەك كىشى» دەپ مەنە بېرىشكە بولىدۇ. ئېھتىمال بۇ خىل ئىسىملارنى قويغانلارمۇ «ئابدۇ» نى شۇ مەقسەتتە چۈشەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

دېمەك، «ئابدۇ» يۇقىرىقىدەك «بەندە، قۇل، ئىنسان، كىشى» دېگەن ھەر خىل مەنىلىرى بىلەن نۇرغۇن يېڭى ئىسىملارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئوبيېكتى مۇتلەق ھالدا ئەرلەر بولۇپ، پەقەت ئەركەك جىنسقىلا خاس ئالاھىدە ئىسىمدۇر. شۇڭلاشقا، گەرچە ئۇ بەزى ئاياللار ئىسىملىرىغا قوشۇلۇپ كەلسىمۇ ۋە ياكى «ئابدۇ» بىلەن كەلگەن ئەرلەر ئىسىملىرىغا ئاياللارغا خاس ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى سۆز «خان» قوشۇلسىمۇ، بۇ تۈپەيلىدىن چىشى جىنسلىق ئىسىم ياسالمايدۇ. مەسىلەن، «ئابدۇدىلبەر، ئابدۇسەنەم، ئابدۇللاخان، ئابدۇلئەھەدخان» دېگەندەك.

ۋاھالەنكى، «ئابدۇ» ئايرىم قوللىنىلىدىغان مۇستەقىل ئىسىم ئەمەس، بەلكى ئىسىم ياسىغۇچى سۈپىتىدە، كۆپىنچە ئاللانىڭ ئىسىملىرىغا قوشۇلۇپ كېلىدۇ. بىراق، ئىسىملارنىڭ بەزىلىرىدىكى «ئابدۇ» دېگەن بۇ مۇھىم تەركىب مەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن كېيىن تاشلىۋېتىلىدىغان ئەھۋال دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، «ئابدۇلئەھەد» تىكى «ئابدۇ» تاشلىۋېتىلىپ، «ئەھەد» دەپ قوللىنىلغاندەك. «ئابدۇ» قوشۇلغان بەزى ئىسىملاردا، ئۇ تاشلىۋېتىلمىسىمۇ، ئەمما بۇزۇپ قوللىنىدىغان ئەھۋالمۇ بار. مەسىلەن، بەزى ئاتا ـ ئانىلار «ئابدۇلئەھەد» نى «ئابلەت»، «ئابدۇلھەمىد» نى «ئابلىمىت»، «ئابدۇلئەزىز» نى «ئابلىز» دەپ ئۆزگەرتىپ قوللىنىدۇ. بۇنىڭدا «ئابدۇ» بۇزۇۋېتىلىپلا قالماي، كېيىنكى تەركىبمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بۇزۇلىدۇ. شۇڭا «ئابدۇ» قوشۇلۇپ ياسالغان ئىسىملارنى باشتا قانداق قويغان بولساق، ئاخىرغىچە توغرا داۋاملاشتۇرۇشىمىز لازىم.

«ئەبۇ»

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «ئاتا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ ۋە ئىسىملارنىڭ بېشىغا قوشۇلۇپ كېلىپ، ئەرلەر ئۈچۈن خاس ئىسىم ياسايدۇ. مەسىلەن، «ئەبۇبەكرى» (بەكرىنىڭ ئاتىسى)، «ئەبۇتالىب» (تالىبنىڭ ئاتىسى)، «ئەبۇلقاسىم» قاسىمنىڭ ئاتىسى، «ئەبۇلخەيرى» (خەيرىنىڭ ئاتىسى) دېگەندەك. ئۇ مەنە ئېتىبارى بىلەن مۇتلەق ھالدا ئەرلەر ئۈچۈن ئىسىم ياسىغاچقا، بەزى ئاياللار ئىسىملىرىنىڭ بېشىغا قوشۇلۇپ كەلسىمۇ، نەتىجىدە، ئاياللارنىڭ ئىسمى ھاسىل بولمايدۇ. مەسىلەن، «ئەبۇلخەيرى» دىكى «خەيرى»، «ئەبۇلەيلى» دىكى «لەيلى» ئايرىم تۇرغاندا قىزلارنىڭ ئىسمى بولۇپ كېلىدۇ، ئۇلارغا «ئەبۇ» قوشۇلغاندىن كېيىن، مۇقەررەر ئەرلەرنىڭ ئىسمىغا ئايلىنىدۇ. «ئەبۇ» بىلەن باشلانغان ئىسىملار 120 دىن ئارتۇق.

«ئەل»

بۇ ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ ، «خەلق ، پۇقرا ، مىللەت ، مەملىكەت» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . بۇ سۆز يەنە «ئىل» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ۋە كىشى ئىسىملىرىدا ئايرىم ـ ئايرىم قوللىنىلىسىمۇ ، مەنە جەھەتتىن ئوخشاشلىقتا ئىگە . مەسىلەن ، «ئەلشاد» (ئەلنىڭ شادلىقى) ، «ئىلشاد» («ئەلشاد» قا ئوخشاش) ، «ئەلقۇت» (ئەلنىڭ بەختى) ، «ئىلقۇت» («ئەلقۇت» قا ئوخشاش) . ئەمما «ئەل» بەزى ئىسىملاردا ئەرەبچىدىكى «ال» (ئەلىپ لام) ئورنىدىمۇ كېلىدۇ . مەسىلەن ، «ئەلئەسپەر» (سېرىق رەڭ) ، «ئەلبەدرى» (تولۇن ئاي) ، «ئەلتەييىب» (ياخشى) دېگەن ئىسىملاردىكى «ئەل» ئەرەبچە «ال» (ئەلىپ لام) ئورنىدا كەلگەچكە ، ئۇلارغا ئۇيغۇرچىدىكى «ئەل» نىڭ مەنىسى بېرىلمەي ، يۇقىرىقىدەك ئىزاھلىنىدۇ . «ئەل» ناھايىتى ئاز ساندا ئاياللار ئىسىملىرىغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ . مەسىلەن ، «ئەلمېھرى» (ئەلنىڭ مېھرىبان قىزى) ، «ئەلنىگار» (ئەلنىڭ دوستى) دېگەنلەردەك .

«ئەمىر»

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ ، «شەھەر باشلىقى ، شاھزادە ؛ بۇيرۇق قىلغۇچى ، بۇيرۇق چۈشۈرگۈچى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . ئەمما ، ئۆزى قوشۇلۇپ كەلگەن كېيىنكى تەركىب بىلەن بىرلىكتە بىر پۈتۈن مەنە بېرىدىغانلىرى كۆپ ئەمەس . شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىسىم ياسىغۇچى رولىنى ئۆتەيدۇ . مەسىلەن ، «ئەمىرباقى» (ئەمىر : ئىسمى ، باقى : سۈپىتى) ، «ئەمىربەگ» (ئەمىر : ئىسمى ، بەگ : سۈپىتى) ، «ئەمىرغىياس» (ئەمىر : ئىسمى ، غىياس : سۈپىتى) . ئۇ ئاياللار ئۈچۈنمۇ بىر ـ ئىككى ئىسىم ياسايدۇ . مەسىلەن ، «ئەمىرنىسا» (ئاياللارنىڭ ئىچىدىكى مەلىكە) دېگەنگە ئوخشاش . ئۇ قوللىنىلىش جەريانىدا ، كۆپىنچە «ئىمىر» گە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ .

«مىر»

بۇ ئەسلىدە «ئەمىر» نىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ ، «مىر» بولغاندا تىلىمىزدا «بەگ ، ئەمىر ، خوجا ، ئەر ، ئوغۇل ، ئىگە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ («ئەمىر» نىڭ بىلدۈرگەن مەنىسىدىن قىسمەن ئۆزگىرىدۇ) ھەمدە مەنە ئېتىبارى بىلەن ئاساسەن ئەرلەرگە قوللىنىلىدۇ ۋە كېيىنكى تەركىب بىلەن بىرلىشىپ ، بىر پۈتۈن مەنە بېرىدۇ . مەسىلەن ، «مىرئادىل» (ئادىل ئەر) ، «مىرئالىم» (بىلىملىك ئەر) ، «مىرپازىل» (پەزىلەتلىك ، بىلىملىك ئەر) دېگەنلەرگە ئوخشاش . ئۇ يەنە ناھايىتى ئاز ساندا ئاياللار ئىسىملىرىغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ . مەسىلەن ، «مىرسالىھخان» ، «مىرھاجىخان» ، «مىركامىلە» ، «مىرسالىھە» دېگەنلەردەك .

بۇ ئىسىمنى بەزىلەر «مىرزا» نىڭ قىسقىرىشى دەپمۇ ھېسابلايدۇ . «مىر» ئەرلەر ئۈچۈن 200 گە يېقىن ئىسىم ياسايدۇ .

«مىرزا»

بۇ پارسچە سۆز بولۇپ ، بىزچە «كاتىپ ، خان ، بەگ ، ئالىم ، ئەپەندى ، ئۇستاز ، خوجا» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ ، يېڭى ئىسىم ياسايدۇ . مەسىلەن ، «مىرزىئالىم» (بىلىملىك ئۇستاز) ، «مىرزىئەھمەد» (ئەھمەد : ئىسمى ، مىرزا : سۈپىتى) ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

«مىرزىدۆلەت» (دۆلەتمەن ئۇستاز) دېگەنلەردەك .

بۇ يەردە تەكىتلەشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى ، «مىرزا» غا «خان ، گۈل ، قىز ، ئاي» قاتارلىق ئىسىملار سۈپەت ئورنىدا قوشۇلۇپ كەلسە ، ئۇ ئاياللارنىڭ ئىسمىغا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ . مەسىلەن ، «مىرزىخان ، مىرزىگۈل ، مىرزىقىز ، مىرزىئاي» دېگەنلەرگە ئوخشاش .

«ئىل»

بۇ «ئەل» بىلەن ئوخشاش مەنىگە ئىگە ئۇيغۇرچە سۆز . ئۇنىڭ ئەرەبچىدىكى «ال» (ئەلىپ لام) بىلەن مۇناسىۋىتى يوق . مەسىلەن ، «ئىلھايات» (ئەلنىڭ هاياتى) ، «ئىلزاد» (ئەل ئوغلى) ، «ئىلدان» (ئەلنىڭ بىلىملىك ئوغلى) دېگەنلەردەك . دەرۋەقە ، بۇ سۆزمۇ مۇتلەق ئاز ساندىكى ئاياللار ئىسىملىرىدىمۇ قوللىنىلىدۇ . مەسىلەن ، «ئىلنۇر» (مىللەت نۇرى) ، «ئىلدانا» (ئەلنىڭ بىلىملىك قىزى) دېگەنلەردەك .

يۇقىرىقى «ئەل ، ئەمىر ، مىر ، مىرزا ، ئىل» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ئاياللارغا قوللىنىلىشى بەكمۇ ئاز ، ھەتتا يوق دېيەرلىك بولغاچقا ، «ئابدۇ ، ئەبۇ» قاتارىدا يەنىلا ئەرلەرگە خاس ئىسىم ياسىغۇچىلار دەپ قاراشقا بولىدۇ .

(2) ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان تەركىبلەر

«دىن»

بۇ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا باشتىن ـ ئاخىر ئىسلام دىنىنى كۆرسىتىدىغان ئەرەبچە سۆز بولۇپ ، ئومۇمەن ئىسىملارنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ . مەسىلەن ، «نۇرىدىن» (دىنىنىڭ نۇرى) ، «نەسرىدىن» (دىنىنىڭ غەلىبىسى) ، «پەخرىدىن» (دىنىنىڭ پەخرى) ، «نىزامىدىن» (دىنىنىڭ قانۇن ـ پىرىنسىپلىرى) دېگەنلەردەك . ئەمما «مۇھەممىدىن ، زەيدىن ، سەئدىن» دېگەن ئىسىملاردىكى «دىن» نىڭ كېلىپ چىقىشى يۇقىرىقى ئىسىملاردىكى «دىن» بىلەن ئوخشىمايدۇ . مەسىلەن ، «مۇھەممىدىن» دىكى «دىن» بولسا «مۇھەممەدۇن» نىڭ ئۆزگىرىشى ياكى زىرلىق كېلىشى ھېسابلىنىدۇ .

ئۇ ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىرقانچە ئىسىمنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپمۇ كېلىدۇ . مەسىلەن ، «دىنمۇھەممەد» (مۇھەممەدنىڭ دىنى) ، «دىنئالىم» (دىنىي ئالىم) دېگەندەك . ئەمما ئۇ خاراكتېرى جەھەتتىن ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان ، ئالدىنقى تەركىب بىلەن بىر پۈتۈن ھالدا مەنە ئىپادىلەيدىغان ۋە مۇتلەق ھالدا ئەرلەر ئۈچۈن ئىسىم ياسايدىغان سۆزدۇر .

«تاي»

ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ ، ئاتنىڭ بالىسىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇيغۇرلار بۇ سۆزنى ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ ئاتاشتا ، ئوغۇل پەرزەنتلەرنى تايچاققا ، ئاتا ـ ئانىلارنى ئاتقا ئوخشىتىپ ، قەدىمكىلەردەك ئاتنى ئۇلۇغلاش ئېڭىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ھەمدە ئوغۇل پەرزەنتنىڭ تايچاقتەك شوخ ، ئەركىن چوڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان . شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆزدىن پايدىلىنىپ ھەم مۇددىئانى ئىپادىلىگەن ، ھەم باشقىچە تۈستىكى يېڭى ئىسىمغا ئېرىشكەن . مەسىلەن ، «نۇرتاي» (تايچاقتەك شوخ ئوغۇل) ، «ئامانتاي» (تايچىقىم ئامان

بولسۇن ) ، «تۇرسۇنتاي» (تايچىقىم تۇرۇپ قالسۇن ) دېگەنلەردەك . بۇ خىل ئىسىم غۇلجا تەرەپلەردە كۆپرەك ئۇچرايدۇ .

«قارى»

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ ، «ئوقۇغۇچى ، قىرائەت قىلغۇچى» دېگەن مەنىگە ئىگە. «قۇرئان كەرىم» نى تولۇق يادقا ئېلىپ ئوقۇغۇچىلار شۇنداق ئاتالغان . ئۇ دىنىي ھۆرمەت نامى بولۇپمۇ كېلىدۇ . بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاخىرىغا كۆپىنچە «م» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ، «قارىم» دەپ ئاتىلىدۇ . بەزى ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ئەسلىدە باشقا ئىسىم قويغان بولسىمۇ ، كېيىن «قارى» نى قوشۇپ ئاتاپ ، بارا ـ بارا ئەسلىي ئىسمىنى تاشلىۋېتىپ ، «قارى بالام» دەپ چاقىرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن «قارى» دېگەن بۇ ئىسىم ئەسلىي ئىسىم بولۇپ قالىدىغان ئەھۋالمۇ بار .

ئۇ ئومۇمەن ئەرلەرگە قوللىنىلىدۇ ۋە ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىپ ، ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى بولىدۇ . مەسىلەن ، «ياسىنقارى» ، «ئابدۇرەھىمقارى» ، «مەھمۇدقارى» ، «ئېيساقارى» ، «ئەبۇلقاسىمقارى» دېگەنلەرگە ئوخشاش . ئەگەر باشتا كەلسە ، ئۆزى يالغۇز مۇستەقىل ئىسىم بولۇش بىلەن بىللە ، پەقەت «قارىبەگ ، قارىھاجى» دېگەندەك بىر نەچچە ئىسمىنىلا ياسايدۇ . ئۇ ئاياللار ئۈچۈن ئاساسەن قوللىنىلمايدۇ . پەقەت ئاخىرىغا «خان ، گۈل» قوشۇلۇپ ، «قارىخان ، قارىگۈل» دېگەن شەكىلدىكى بىر ـ ئىككى ئىسىملا ياسىلىشى مۇمكىن .

(3 ) ئىسىملارنىڭ بېشى ھەم ئاخىرىغا ئورتاق قوشۇلىدىغان تەركىبلەر

«ئاخۇن»

بۇ ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ ، كىشى ئىسىملىرىدا كۆپ قوللىنىلىدۇ . بەزىلەر ئۇنى «ئاق ھۇن» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشى دەيدۇ . ئەمما چاغاتاي دەۋرى ئەدەبىي تىلىدا بۇ ئىسىم پارس تىلى ئەنئەنىسىگە ماس ھالدا «ئاخۇند» تەرىزدە خاتىرىلەنگەن . يەنە بەزىلەر ئۇنى ئەرەبچىدىكى «ئەخۋان» (ئاكا ـ ئۇكا ، بۇرادەر ، قېرىنداش ) سۆزىدىن كەلگەن دەپمۇ قارايدۇ . مەيلى قانداقلا بولسۇن ، بۇ سۆز ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ ، باشتا كەلسە «ئاخۇنھاجى ، ئاخۇنمەۋلا ، ئاخۇنقارى» دېگەن شەكىللەردە مۇستەقىل ئىسىم ياسايدۇ ؛ ئاخىرىدا كەلسە «تۇردىئاخۇن» ، «تۇرۇپئاخۇن» ، «مۇسائاخۇن» (مۇسىراخۇن ) دېگەندەك ئىسىملار تەركىبىدە قوشۇمچە بولۇپ كېلىپ ، شۇ ئىسىمغا ھۆرمەت تۈسى قوشۇپ ، قوللىنىشىنى سىلىق ۋە قولاي شەكىلگە كىرگۈزىدۇ .

«ئاللا»

بۇ ئاللانىڭ ئىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ، ئاز ساندىكى بىر قىسىم ئىسىملارنىڭ بېشىغا قوشۇلۇپ ، «ئاللابەردى» (ئاللا ئوغۇل بەردى ) ، «ئاللاقۇل» (ئاللانىڭ قۇلى بولسۇن ) ، «ئاللاكەرىم» (سېخىي ئاللا بەرگەن ئوغۇل ) ، «ئاللامۇراد» (ئاللا مۇرادىنى بەرسۇن ) ، «ئاللايار» (ئاللا يار بولسۇن ) دېگەن شەكىلدە كېلىدۇ . لېكىن مۇتلەق كۆپ قىسىم ئەھۋالدا ، ئىسىملارنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ ، «نۇرۇللا» (ئاللانىڭ نۇرى ) ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

«ئۇبەيدۇللا» (ئاللانىڭ كىچىك قۇلى) ، «نەسرۇللا» (ئاللانىڭ ياردىمى) دېگەن شەكىلدە قوللىنىلىدۇ ھەم مەيلى ئىسىملارنىڭ بېشىدا كەلسۇن ياكى ئاخىرىدا كەلسۇن، يۇقىرىدىكى «ئابدۇ، ئەبۇ، دىن» دېگەن تەركىبلەرگە ئوخشاش مۇتلەق ھالدا ئەرلەر ئىسىملىرىنى ياسايدۇ.

«باي»

بۇ ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، كىشى ئىسىملىرىغا قوشۇلۇپ كەلگەندە، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە باياشاتلىق تىلىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ ۋە «ئەر، كىشى، يىگىت» دېگەن قوشۇمچە مەنىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئەرلەرگىلا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، «بايئارسلان» (باي ھەم باتۇر كىشى) ، «باياتاش» (باي ھەم تاشتەك مەھكەم ئەر) ، «ئوسمانباي» (ئوسمان: ئىسمى، باي: سۈپىتى) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

«بەگ»

بۇ ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر «خان، ۋەزىر، ھۆكۈمران، باشلىق، شاھزادە، ئۇلۇغ، چوڭ، ئەر» دېگەن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەدىمكى ئەمەل ناملىرىدىن بىرى. ئۇ «بېك» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، كېيىن «بەگ» دەپ ئۆزگەرگەن. قەدىمكى چاغلاردا بۇ «قەبىلە باشلىقى، يۇرت چوڭى» دېگەن مەنىنى بېرەتتى، كېيىن «ھەربىي قوماندان» مەنىسىنىمۇ بىلدۈرگەن. مانجۇ ھۆكۈمىتى دەۋرىدە ناھىيە ياكى چوڭ يۇرت، يېزا دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارغا ئېيتىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، «ھاكىمبەگ» دېگەن ئەمەل نامى تەركىبىدە ۋىلايەت دەرىجىلىك ھۆكۈمرانىنىمۇ كۆرسەتتى. ھازىر بولسا ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە، بەزىدە ئىسىملارنىڭ بېشىدا كېلىپ ئىسىم ياسىغۇچى بولىدۇ؛ بەزىدە ئىسىملارنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ سۈپەتلىگۈچى (ئۆزگەرتكۈچى) رولىنى ئوينايدۇ ۋە كۆپىنچە ھالدا «ئەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، «بەگتاش» (تاشتەك مۇستەھكەم ئەر) ، «بەگمۇراد» (مۇرادى ھاسىل بولغۇچى ئەر) ، «تۇرسۇنبەگ» (تۇرسۇن: ئىسمى، بەگ: سۈپىتى) ، «تۇرغانبەگ» (تۇرغان: ئىسمى، بەگ: سۈپىتى) دېگەنلەردەك. ئۇ ھازىرقى ۋاقىتتا يەنە، بەزى ئىسىملارنىڭ بېشىدا كېلىپ، «ئاللا، تەڭرى» دېگەن مەنىدىمۇ قوللىنىلماقتا. مەسىلەن، «بەگقۇلى» (ئاللانىڭ قۇلى) ، «بەگيار» (ئاللا يار بولغاي) دېگەنلەردەك.

«جان»

بۇ پارسچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «سۆيۈملۈك، ئەزىز» مەنىلىرىدە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىنغان. ئۇ، ئىسىملارنىڭ بېشىدا كېلىپمۇ ئىسىم ياسىغۇچى بولۇپ، ئاز ـ تولا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، «جاندوست» (دوستلۇقنى جاندىنمۇ ئەتىۋار بىلگۈچى) ، «جانۋاپا» (جانغا ۋاپا قىلغۇچى) دېگەنلەردەك. لېكىن، ناھايىتى كۆپ ھاللاردا ئىسىملارنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، ئومۇمەن ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى بولىدۇ. مەسىلەن، «تۇرسۇنجان، قۇربانجان، داۋۇدجان» دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئەمەلىيەتتىمۇ ئاخىرىغا «جان» قوشۇلۇپ كەلگەن يۇقىرىقى ئىسىملار «تۇرسۇن، قۇربان، داۋۇد» لارنىڭ ئۆزگىرىشلىرىدۇر. بۇ ئىسىملارغا «جان» نىڭ

قوشۇلۇشى بىلەن خۇددى «ئاخۇن» قوشۇلغان ئىسىملارغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ شەكلى ۋە مەنىسىدە بەلگىلىك ئۆزگىرىش بولۇپ، ئىززەت، ھۆرمەت تۈسى كۈچىيىدۇ، قوللىنىلىشمۇ سىلىقلىشىدۇ. ئۇ يەنە مۇتلەق ئەرلەرگە خاس سۆز بولغاچقا، بەزى ئاياللار ئىسىملىرىنى ئەرلەر ئىسىملىرىغا ئۆزگەرتىدۇ. مەسىلەن، «مۇھەببەتجان، ساداقەتجان، مۇقەددەسجان، سەمەندەرجان» دېگەنلەردەك.

«خوجا»

بۇ پارسچە سۆز بولۇپ، ئەسلىي تەلەپپۇزى «خۋاجە، خاجە، خوجە» دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا «خوجا» (غوجى) دەپ ئۆزلەشكەن. ئۇ مەنە جەھەتتىن «ئۇستاز، خوجايىن، ئىگە» دېگەنلىك بولۇپ، بەزىدە «ئىگەم، ئاللا» دېگەن كۆچمە مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ، جۈملىدىن كىشى ئىسىملىرىدا ئېخىمۇ شۇنداق. مەسىلەن، «خوجامبەردى، خوجامىيار، خوجامقۇل، نۇرخوجا» دېگەننى «ئاللا بەردى، ئاللا يار، ئاللانىڭ قۇلى، ئاللانىڭ نۇرى» دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، «شاھ، خان، بەگ» قاتارلىق ئىسىملارمۇ خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەنە جەھەتتىن كۆپىنچە شاھ، خان ياكى بەگنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، بەلكى ئاللانى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، ئاللا ھەممىنىڭ شاھى، خانى ۋە بېگى دەپ ماختىلىدۇ. «خوجا» يەنە بەزىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى «خوجا» نىڭ ئەرەبچە ئاتىلىشى بولغان «سەييىد» (سېيىت) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. كىشىلەر دەل مۇشۇ سەۋەبتىنمۇ «خوجا» نى پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قىلىپ قويۇشقان. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىسىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئەۋلادى» (سەييىد ئەۋلادى) دەپ قارىلىدىغان ئاتالمىش خوجىلارنىمۇ كۆرسىتىدىكەن. مېنىڭچە، كىشى ئىسىملىرىدا خوجىلار كۆزدە تۇتۇلماسلىقى مۇمكىن. ئايرىم ئەھۋالدا، «خوجا، خوجام» دېگەن سۆزلەر يەنە ئوغۇل پەرزەنتنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «خوجامكەلدى» (بىر ئوغۇل دۇنياغا كەلدى) دېگەنگە ئوخشاش. «خوجا» باشتا كەلگەن ئەرلەر ئىسىملىرى 100 دىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ «خوجام، غوجام، غوجا، غوجى، غوجاش، غوجەش، غوجاق، غوجەك» دېگەن ئۆزگىرىشلىرى بار. «خوجا» گەرچە پارسچە سۆز بولسىمۇ، لېكىن ئەرەب كىشى ئىسىملىرىدىمۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

بىز «خوجا» نى ئىسىم قىلىپ قوللانغاندا، خالىغانچە ئۆزگەرتىۋەتمەي، توغرا داۋاملاشتۇرۇشىمىز لازىم.

«سەييىد»

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا كۆپىنچە «سېيىت» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ۋە «خوجا، ئەپەندى، ئۇستاز، پاشا» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتىنى بىلدۈرگەچكە، «خوجا ئەۋلادى» دېگەن كىشىلەر «سەييىد ئەۋلادى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

«سەييىد» مۇ بەزىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرسەتسە، يەنە بەزىدە «ئاللا» نى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، «سەييىدئەھمەد» (سەيدەخمەت) تىكى «سەييىدى» نىڭ مەنىسى «خوجام، ئۇستازىم» دېگەنلىك بولىدۇ؛ «ئەھمەد» بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارىسى

بىر ئىسمى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولغاندا بۇ ئىسمنى «خوجام مۇھەممەد» دەپ چۈشىنىمىز. «سەييىدئالىي» (سەيدالى) دا «ھەممىدىن ئۈستۈن خوجام» (ئالla) دېگەن مەنە ئىپادىلىنىدۇ. «سەييىد» نى ئاياللارغا ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە «سەييىدە» بولىدۇ. شۇڭا، ئاياللارنىڭ ئىسمى «سەييىدىگۈل، سەييىدىنىسا» لاردا كەلگەن «سەييىدى» دىكى «ئى» بۇ يەردە «سەييىدە» دىكى «ە» (ئە) نىڭ ئاجىزلىشىشىدۇر. دېمەك، ئەرلەر ئىسمىدا «سەييىدئەھمەد» بولغان چاغدىكى «ئى» بىلەن، ئاياللار ئىسمىدا «سەييىدىنىسا» بولغان چاغدىكى «ئى» خاراكتېرى جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ.

«شاھ»

بۇ پارسچە سۆز بولۇپ، «پادىشاھ» بىلەن ئوخشاش مەنىگە ئىگە. ئۇ بەزىدە «شەھ» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ («پادىشاھ» بەزى كىشى ئىسىملىرىدا «پاشا» غا ئۆزگىرىپ، ئاياللارغا ئىشلىتىلىدۇ. تۈركىيە، مىسىر قاتارلىق ئەللەردە «پاشا» ھۆرمەت ئاتالغۇسى سۈپىتىدە يەنىلا ئەرلەرگە قوللىنىلىپ، «ئۇستاز، ئەپەندى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ). ئەمما ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ بىر قىسمىدا «ئالla — ھەممىنىڭ پادىشاھى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ؛ كۆپلىگەن ئىسىملاردا سۈپەت رولىنى ئويناپ، «ئوغۇل، يىگىت» دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇ مۇتلەق ھالدا ئەرلەر ئۈچۈن ئىسىم ياسايدۇ ۋە ئۆزگەرتىدۇ. مەسىلەن، «شاھئەكبەر» دېگەن ئىسىمدا «ئالla ھەممىدىن ئۇلۇغ» دېگەن مەنىدە كەلسە، «شاھنىياز» دا «ئاللاغا ئۆزىنى بېغىشلىغان ئوغۇل» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. «شاھئەكبەر» يەنە «چوڭ ئوغۇل» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرۈشى مۇمكىن. بېشىغا «شاھ» قوشۇلۇپ كېلىدىغان يۇقىرىقىدەك ئىسىملار 300 گە يېقىن بولۇپ، «ش» ھەرپلىك ئەرلەر ئىسمىنىڭ % 50 نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ سۆز ئىسىم ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان ئەھۋالمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ ھەمدە مەيلى باشتا ياكى ئاخىرىدا كەلسۇن، ئۇنىڭدىكى «ھ» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ، دائىم دېگۈدەك «شا» تەرىزدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «شاھنىياز» بولسا «شانىياز» دەپ، «رەھمانشاھ» بولسا «رەخمانشا» دەپ، «ئامانشاھ» بولسا «ئامانشا» دەپ قوللىنىلغانغا ئوخشاش.

«قۇل»

بۇ ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، بەزى ئىسىملاردا «قۇلى» دەپمۇ كېلىدۇ ۋە «چاكار، بەندە، قۇللۇق قىلغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە، «ئەر، كىشى، ئوغۇل» دېگەن مەنىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. كۆپىنچە ھالدا ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىپ، قوشۇمچە رولىدا ئىسىم ئۆزگەرتىدۇ. مەسىلەن، باشتا كەلگەندە «قۇلخوجا» (خوجىنىڭ — ئاللانىڭ قۇلى)، «قۇلھەق» (ھەق ئاللانىڭ قۇلى)، «قۇلمۇھەممەد» (مۇھەممەدكە قۇللۇق قىلغۇچى)، «قۇلنەزەر» (نەزەرگە يولۇققان ئوغۇل) دەپ قوللىنىلسا؛ ئاخىرىدا كەلگەندە «ئاللاقۇل» (ئاللانىڭ قۇلى، ئاللانىڭ بەندىسى)، «بەگقۇلى» (ئاللانىڭ قۇلى)، «شاھقۇلى» (يۇقىرىقىغا ئوخشاش) دېگەندەك قوللىنىلىدۇ.

«مەۋلا»

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا «خوجا، ئۇستاز، ئىگە، باشلىق،

بەگ ، تۆرە ، خوجايىن ، شەپقەتچى ؛ بەندە ، قۇل ، ھەمراھ ، ئوغۇل ، دوست ، تاغا ، مېھمان ، قوشنا ، نەۋرە» دېگەندەك كۆپ خىل مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ ۋە كۆپىنچە «موللا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . ئۇ دىنىي ئەمەل نامى سۈپىتىدىمۇ خىزمەت قىلىدۇ ۋە دىنىي ئىلىمدىن خەۋىرى بولۇپ ، كۆپىنچە تۈركىي كىتابلار بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ . ئۇ «ال» (ئەلىپ لام ) بىلەن كېلىپ «ئەلمەۋلا» بولسا ، ئاللانى كۆرسىتىدۇ . باشقا ئەھۋالدا ، ئىسىملارنىڭ بېشى ۋە ئاخىرىدا كېلىپ ، ئومۇمەن سۈپەت رولىنى ئۆتەيدۇ . مۇشۇ تەرىقىدە نۇرغۇن يېڭى ئىسىملار ياسىلىدۇ . «مەۋلا» (موللا ) باشتا كەلگەن ئەرلەر ئىسىملىرىلا 200 دىن ئاشىدۇ . مەسىلەن ، «مەۋلائەھمەد» (ئەھمەد : ئىسمى ، مەۋلا : سۈپىتى ) ، «مەۋلاتوختى» (توختى : ئىسمى ، مەۋلا : سۈپىتى ) دېگەنلەردەك . ئەمما «مەۋلا» قوشۇلغان يۇقىرىقىدەك ئىسىملار «موللا» غا ئۆزگىرىپ تەلەپپۇز قىلىنىپلا قالماي ، باشقا ئىسىملار بىلەن بىرلەشكەندە تېخىمۇ ئۆزگىرىپ ، «موللەمەت ، مولتوختى» دېگەن شەكىلگە كىرىپ قالىدۇ . ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كەلگەندە ، «مۇھەممەدمەۋلا» (مۇھەممەدموللا ) ، «مۇسامەۋلا» (مۇساموللا ) دېگەندەك قوللىنىلىدۇ . ئۇ ئاساسەن ئەرلەر ئۈچۈن ئىسىم ياساش بىلەن بىللە ، پەقەت ئۆزىلا «خېنىم ، قىز» قاتارلىق تەركىبلەرنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ ، ئاياللارغىمۇ ئىسىم بولىدۇ . مەسىلەن ، «مەۋلاخېنىم» (موللىخېنىم ) ، مەۋلاقىز (موللىقىز ) دېگەندەك .

«مۇھەممەد»

بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى بولۇپ ، ئۇيغۇرلاردا يەككە ئىسىم سۈپىتىدە ناھايىتى كۆپ قوللىنىلغاندىن سىرت ، يەنە بىر ئىسىمنىڭ بېشى ياكى ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىپ ، نۇرغۇن قوش تەركىبلىك يېڭى ئىسىملارنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ . «مۇھەممەد» ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشلىرى ھېسابلىنىدىغان «مەمەت ، مەممەت ، مەت» باشتا كەلگەن ئەرلەر ئىسىملىرىلا 250 دىن ئاشىدۇ . ئۇ ، خوتەن شېۋىسىدە ۋە قاغىلىق قاتارلىق خوتەنگە يېقىن جايلارنىڭ ئاتاش ئادىتىدىمۇ كۆپىنچە «مەد» (مەت ) كە قىسقارتىلىپ ، «مەتقاسىم ، مەتقۇربان ، مەتتوختى» دېگەن شەكىللەردە قوللىنىلىدۇ . «مۇھەممەد» يەنە بىر ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كەلگەندىمۇ يەنىلا «توختىمەت ، يارمەت» دەپ ئاتىلىدىغان ئەھۋال بار . مېنىڭچە ، بۇنداق ئىسىملارنى مۇمكىنقەدەر تولۇق ۋە توغرا ئاتاپ ، «مۇھەممەدقاسىم ، مۇھەممەدقۇربان ، مۇھەممەدتوختى ، توختىمۇھەممەد ، يارمۇھەممەد» دەپ قوللىنىشىمىز كېرەك .

«نىياز»

بۇ پارسچە سۆز بولۇپ ، «موھتاج ، ھاجەتمەن ، ئېھتىياج ، ھاجەت ؛ قۇل ، بەندە ، چاكار ؛ قۇللۇق بىلدۈرمەك ، قۇللۇق قىلماق ، ئۆتۈنمەك ، يالۋۇرماق ، ئۈمىد قىلماق ، تىلىمەك ؛ تۆھپە ، ئاللاغا ئاتالغان سەدىقە ، بەخشەندە قىلىنغان نەرسە ، ئۆزىنى بېغىشلىماق ، ئۆزىنى چاكار دەپ بىلمەك ، كەمتەرلىك قىلماق» دېگەندەك مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئۇ باشتا قوشۇلۇپ كەلگەن «نىيازمۇھەممەد ، نىيازخوجا» دېگەندەك ئىسىملار بىرقەدەر ئاز . ئەمما ئاخىرىدا قوشۇلۇپ «مۇھەممەدنىياز» (مەتنىياز ) ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

«تۇرنىياز» (تۇنىياز)، «تۇردىنىياز» دېگەندەك ئاتىلىدىغان ئىسىملار بىرقەدەر كۆپ. «نىياز» يەككە ھالدا ئاياللارغا قويۇلمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ۋە ئۇ قوشۇلۇپ كەلگەن باشقا ئىسىملارغا «خان، گۈل» ئۇلىنىپ، ئاياللار ئىسىملىرى ياسىلىدۇ. مەسىلەن، «نىيازخان، نىيازگۈل، تۇردىنىيازخان، تۇرسۇننىيازخان» دېگەنلەردەك.

**2. ئاياللار ئۈچۈن ئىسىم ياسىغۇچى ۋە ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى تەركىبلەر**

(1) ئىسىملارنىڭ بېشىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان تەركىبلەر

«ماھى»

بۇ پارسچە سۆز بولۇپ، ئەسلىي تەلەپپۇزى «ماھ». ئۇ «ئاي» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ ۋە ئاياللارغا خاس ئىسىملارنىلا ياسايدۇ. مەسىلەن، «ماھىنۇر» (نۇرلۇق ئاي)، «ماھىرۇي» (ئاي يۈزلۈك)، «ماھىبەدەر» (تولغان ئاي) دېگەنلەردەك.

(2) ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان تەركىبلەر

«قىز»

بۇ ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، ئاياللار ئۈچۈن خاس مەنە ئىپادىلەيدۇ ھەمدە بەزى ئەرلەر ئىسىملىرىنى ئاياللار ئىسىملىرىغا ئۆزگەرتىدۇ. مەسىلەن، «قۇربان + قىز، نۇر + قىز، تۇردى + قىز» دېگەنلەردەك. ئاياللار ئىسىملىرىغا بۇ سۆز يەنە تەكرار قوشۇلۇپ كېلىپ، شۇ ئىسىمنىڭ جىنس پەرقىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ. مەسىلەن، «گۆھەرقىز، پاشاقىز، پاتىمىقىز» دېگەنلەردەك.

«نىسا»

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «ئاياللار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، شۇڭا ئۇ ئاياللار ئۈچۈنلا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، «ئاينىسا» (ئاياللارنىڭ ئارىسىدىكى گۈزەل ئايال)، «گۈلنىسا» (ئاياللارنىڭ گۈلى)، «گۆھەرنىسا» (گۆھەردەك ئېسىل ئايال) دېگەنلەردەك.

ئۇ يەنە بەزى ئەرلەر ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، ئۇنى ئاياللار ئىسىملىرىغا ئۆزگەرتىدۇ. مەسىلەن، «تۇرسۇننىسا، توختىنىسا، تۇرغۇننىسا» دېگەنلەردەك. بۇ ئىسىم پەقەت ئۆزىلا باشتا كېلىپ ۋە باشقا ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى سۆزلەرنى ئەگەشتۈرۈپ، يەنىلا ئاياللار ئىسىملىرىنى ياسايدۇ. مەسىلەن، «نىسا، نىسائاي، نىساخان، نىساگۈل، نىساقىز، نىسايىم» دېگەنلەردەك.

(3) ئىسىملارنىڭ بېشى ھەم ئاخىرىغا ئورتاق قوشۇلىدىغان تەركىبلەر

«بىبى»

بۇ پارسچە سۆز بولۇپ، «چوڭ ئانا، خېنىم، خانقىز» دېگەن مەنىلەردە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇ بەزىدە بولۇپمۇ ئىسىم ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كەلگەندە «بىبە» شەكلىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. ئىسىملارنىڭ بېشى ياكى ئاخىرىدا كېلىپ، مەخسۇس ئاياللار ئۈچۈنلا ئىسىم ياسىغاچقا، بەزى ئەرلەر ئىسىملىرىنىمۇ ئاياللار ئىسىملىرىغا ئۆزگەرتىدۇ ھەمدە قوللىنىلىش جەريانىدا كۆپىنچە «بۈۋى، بۇ، بۇ» تەلەپپۇز قىلىنىپ، ئەسلىي شەكلىدىن ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، «بىبىئاتىكە — بۈۋىئاتىكە» (سېخىي خېنىم)،

«بىبىئامىنە — بۇئامىنە» (ئېتىقادلىق، تىنچ خېنىم)، «بىبىمەريەم — بۇمەريەم» (مەريەم: ئىسمى، بىبى: سۈپىتى)؛ «نۇربىبە — نۇربىيە» (خېنىم قىز)، «تۇربىبە — تۇربىيە» (خېنىم قىزنىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولسۇن) دېگەنلەردەك.

ئۇ يەنە ئۆزى يالغۇزمۇ «بىبى» (بۇۋى) شەكلىدە ئاياللار ئىسمى بولۇپ كېلىدۇ. ئۇ قوشۇلۇپ كەلگەن ئىسىملار بىرقەدەر كۆپ قوللىنىلىدۇ، جۈملىدىن 300 گە يېقىن ئىسىم ياسىلىپ، «ب» ھەرپلىك ئايالار ئىسمىنىڭ % 60 تىن ئارتۇقراقىنى تەشكىل قىلىدۇ.

«خېنىم»

بۇ ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «خان» غا بىرىنچى شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، «خانىم» شەكلىگە، ئۇ تېخىمۇ ئاجىزلىشىش ئارقىلىق «خېنىم» شەكلىگە كىرگەن. لېكىن «خانىم» بۇ يەردە ئىسىم قوشۇمچىسى بولماستىن، بەلكى ئادەتتە ئايالارنىڭ ھۆرمەت نامى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. «خېنىم» سۆزىلا خۇددى «بىبى» گە ئوخشاش ئىسىملارنىڭ بېشى ھەم ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، مۇتلەق ئايالار ئىسىملىرىنى ياسايدۇ ۋە ئەرلەر ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئۇ قىز پەرزەنتلەرنىڭ ئىسمىغا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۇلارنى ئۆزىگە تەۋە قىلىپ ئاتىشى ۋە ئەزىزلەپ ئەركىلىتىشى يۈزىسىدىن قوشۇلسا، بەزى ياش قىز ـ چوكانلار، ھەتتا ئوتتۇرا ياش ئايالار ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغىمۇ ھۆرمەت ـ ئىززەت تۈسىدە قوشۇلۇپ، «خان قىزىم، خانىم قىزىم، خانقىز، مەلىكە، بۇۋۇم» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، «خېنىمئاي» (ئايدەك قىزىم)، «خېنىمنىسا» (خېنىم ئايال)؛ «ئانخېنىم» (ئانا كەبى ئەزىز قىزىم)، «تۇرخېنىم» (قىزىمىز تۇرۇپ قالسۇن)، «مۇنەۋۋەر خېنىم» (نۇرلۇق خانقىز) دېگەنلەردەك.

«گۈل»

بۇ پارسچە سۆز بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «چەچەك» (چېچەك) دەپ ئاتالغان. شۇڭا ھازىر تىلىمىزدا «گۈل» بىلەن قوشما سۆز ھاسىل قىلىپ، كۆپىنچە «گۈل ـ چېچەك» ھالىتىدە كېلىدۇ. بۇ سۆز ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا، بولۇپمۇ ئايالار ئىسىملىرىنى ياساش ۋە ئەرلەر ئىسىملىرىنى ئايالار ئىسىملىرىغا ئۆزگەرتىشتە ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ (ئۇ ئايالارغا خاس 500 گە يېقىن ئىسىم ياسايدۇ ۋە «گ» ھەرپلىك ئايالار ئىسمىنىڭ % 95 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ). چۈنكى قىز ـ ئايالارنىڭ خۇددى گۈل ـ چېچەكتەك چىرايلىق، جەلپكار بولۇشى ئارزۇ قىلىنىدۇ ھەمدە «گۈل» ئۇلارنىڭ سىمۋولى ۋە بەلگىسى قىلىنىدۇ. دېمەك، «گۈل» قوشۇلغان ئىسىملار ئومۇمەن ئايالار ئىسىملىرىدۇر. مەسىلەن، «گۈلشەھەر» (شەھەر قىزى)، «گۈلقەمەر» (ئايدەك قىز)، «گۈلزىبا» (كېلىشكەن قىز)، «تۇرسۇنگۈل» (قىزىمىز تۇرۇپ قالسۇن) دېگەنلەردەك. ئەمما مۇتلەق ئەرلەر ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان «ئابدۇ، مۇھەممەد» دېگەن ئىسىملارغا «گۈل» قوشۇلۇپ، «ئابدۇگۈل، گۈلمۇھەممەد» بولغاندا، ئۇ ئايالار ئىسمىنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى «ئابدۇ» ۋە «مۇھەممەد» تۈپەيلىدىنلا ئەرلەرنىڭ ئىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھېسابلىنىدۇ. «گۈل» قوشۇلۇپ ئەرلەر ئىسمى ياسىلىدىغان ياكى «گۈل» ئۆزىلا ئەرلەر ئىسمى بولىدىغان ئەھۋال بىزدە يوق دېيەرلىك. بىراق، بۇ سۆز پارسلاردا، جۈملىدىن تاجىكلاردا، ھەتتا تۈركىيە تۈركلىرىدە ئەرلەر ئىسمى بولۇپمۇ كېلىۋېرىدۇ.

**3. ئەر - ئاياللار ئۈچۈن ئورتاق قوللىنىلىدىغان ئىسىم ياسىغۇچى ۋە ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى تەركىبلەر**

(1) ئىسىملارنىڭ بېشىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان تەركىبلەر

«ئاق»

بۇ ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا ئىسىم ياكى سۈپەت بولۇپ كېلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭلەرگە چوقۇنۇش ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. بۇ يەردە ئاق رەڭ ئۇلۇغلانغان. بۇ ماھىيەتتە، كۈن، ئاي، يورۇقلۇق ياكى نۇرنى ئۇلۇغلاشتىن كەلگەن. شۇ ئاساستا پەرزەنتنىڭ مەيلى ئوغۇل ياكى قىز بولسۇن، ئاق يۈزلۈك، ئاق كۆڭۈل، پاك بولۇشى ئۈمىد قىلىنىپ، ئەرلەر ئۈچۈن «ئاقھاجى» (ھاجى: ئىسمى، ئاق: سۈپىتى)، «ئاقپولات» (پولات: ئىسمى، ئاق: سۈپىتى) دېگەندەك؛ ئاياللار ئۈچۈن «ئاققىز» (ئاپئاق قىز)، «ئاقنۇر» (نۇر كەبى ئاق قىز) دېگەندەك ئىسىملار قوللىنىلغان.

«زۇل»

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «ئىگە بولغۇچى، ئېرىشكۈچى، بىللە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ئەسلىدە ئەرەبچىدىكى «بەش ئىسىم»، يەنى اب (ئاتا)، اخ (ئاكا)، حم (قېيناتا)، فو (ئېغىز)، ذو (ئىگە) تەركىبىگە كىرىدىغان «زۇ» دېگەن سۆزنىڭ بەزىدە «ال» (ئەلىپ لام) لىق (تونۇشلۇق) سۆزنىڭ بېشىدا كېلىپ («ال» بىلەن قوشۇلۇپ)، «زۇل» ئاتىلىشىدۇر. ئەمما ئۇ «زۇئەقىل» (ئەقىللىق)، «زۇھۆرمەت» (ھۆرمەت ئىگىسى)، «زۇقۇۋۋەت» (كۈچلۈك) دېگەن ئىسىملاردا «ال» سىز (تونۇشسىز) سۆزنىڭ بېشىدا «زۇ» ھالىتىدە كەلگەن (ئەرەبچىدە «ال» لىق كەلگەن سۆزلەر تونۇشلۇق، «ال» سىز كەلگەن سۆزلەر تونۇشسىز دەپ ئاتىلىپ، ئىككىگە ئايرىلىدۇ).

بۇ سۆز ئىسىملارنىڭ بېشىدا كېلىپ، ئەرلەر ئۈچۈن «زۇلئابىدىن» (ئىبادەت قىلغۇچىلار بىلەن بىللە)؛ «زۇلجالال» (نۇر ئىگىسى)، «زۇلئىكرام» (ھۆرمەتكە ئېرىشكۈچى) دېگەندەك؛ ئاياللار ئۈچۈن «زۇلپۇنۇن» (ئىلىم ئىگىسى)، «زۇلخۇمار» (خۇمارلىق، ئارزۇلۇق)، «زۇلھايات» (ھايات ئىگىسى) دېگەندەك قوللىنىلغان. ئۇ ئەر - ئاياللارنىڭ «ز» ھەرپلىك ئىسىملىرىدا تەخمىنەن 20% نى ئىگىلەيدۇ.

(2) ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان تەركىبلەر

ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، ئەر - ئاياللار ئۈچۈن ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان بىرلا ئالاھىدە ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى قوشۇمچە بار، ئۇ بولسىمۇ «م» دىن ئىبارەت.

«م»

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا ئەر ـ ئايال ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا ئوخشاشلا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىمنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت تۈسى قوشىدۇ ھەمدە قوللىنىشنى سىلىق ۋە قولايلاشتۇرىدۇ. ئۇ كۆپىنچە ئاياللار ئىسىملىرىنىڭ، بولۇپمۇ قىزلار ۋە ياش ئاياللار (چوكانلار) ئىسىملىرىنىڭ، ھەتتا ئوتتۇرا ياش ئاياللار ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىپ، يېقىنلىق تۇيغۇسى بېرىدۇ ھەم شۇ قىز ياكى ئايالنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئۆزگىچە تەۋە قىلىپ ئاتاش؛ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆز قىزلىرىنى ئۆزگىچە تەۋە قىلىپ ئاتىشى مۇناسىۋىتى بىلەن قوشۇلىدۇ. ئەمما ئۇ ھەرقانداق شەكىلدىكى ئاياللار ئىسىملىرىغا باب كېلىۋەرمەيدۇ، پەقەت ئاخىرى «ئە» بىلەن تۈگىگەن ئىسىملارغا قوشۇلىدۇ. مەسىلەن، «رەشىدەم، شەرىپەم، پاتىمەم، ساجىدەم» دېگەنلەردەك. شۇڭا «م» قوشۇلىدىغان ئايالچە ئىسىملارنىڭ ئاخىرى باشقا ھەرپلىك بولسىمۇ، جەزمەن «ئە» بىلەن تۈگەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن، «گۈلنىسا — گۈلنىسەم، تۇرنىسا — تۇرنىسەم، ھۆرى — ھۆرەم، ئىلنۇر — ئىلنۇرەم، تۇران — تۇرانەم، ئالتۇن — ئالتۇنەم» دېگەنلەردەك.

بۇ قوشۇمچە يەنە ئەرلەر ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغىمۇ (ئاخىرى «ئاللا» بىلەن كېلىپ، «ئا» تاۋۇشىدا ئاخىرلاشقان ئىسىملارغا) مەلۇم دەرىجىدە قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىمنىڭ سىلىقلىق ھالىتىنى كۈچەيتىدۇ. مەسىلەن، «ئابدۇللام، ئۇبەيدۇللام، سەئىدۇللام، زۇھرۇللام» دېگەنلەردەك. ئەرلەرگە بۇ خىل ئىسىم قوللىنىش غۇلجا تەرەپلەردە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە ئايرىم دىنىي دەرىجە ـ ئەمەلناملىرىغىمۇ قوشۇلۇپ، ھۆرمەتنى ۋە كىشىلەرنىڭ شۇ نام ئىگىسىنى ئۆزلىرىگە تەۋە قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ھەمدە شۇ ھالدا ئەرلەر ئىسمى قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «ھاجى — ھاجىم، قارى — قارىم، داموللا (داۋمەلا) — داموللام، خەلپەت — خەلپىتىم» (خەپتىم) دېگەنلەردەك. بىراق «م» يەنە بەزى ئەر ـ ئايالار ئىسىملىرىنى سەتلىمە شەكىلدە ئاتاشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ (بۇ ھالدىمۇ ئاخىرى «ئا، ئە» بىلەن كەلمىگەن ئىسىملار «ئا، ئە» بىلەن ئاخىرلىشىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، ئاندىن «م» قوشۇلىدۇ). مەسىلەن، تۇرام، تۇرەم؛ نۇرام، نۇرەم، روزەم، توختەم، تۇردەم (تۇدەم) دېگەنلەرگە ئوخشاش. دەرۋەقە، بۇ خىل ئىسىملار بىر ئاز قوپال ھېس قىلىنىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئاخىرىغا يەنە «جان، ئاكا، ئاچا» دېگەندەك ھۆرمەت قوشۇمچىلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى قوشۇلسا، قايتا سىلىق ھالەتكە كېلىدۇ. مەسىلەن، «تۇرامجان، تۇرەمئاكا، روزەمئاكا، نۇرەمئاكا، توختەمئاكا، توختەمئاچا، تۇردەمئاچا، روزەمئاچا» دېگەنلەردەك.

(3) ئىسىملارنىڭ بېشى ھەم ئاخىرىغا ئورتاق قوشۇلۇپ كېلىدىغان تەركىبلەر

«ئاي»

بۇ ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، ئاسماندىكى ئاينى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆز قوشۇلۇپ ياسالغان ۋە ئۆزگەرتىلگەن ئىسىملارمۇ بىرقەدەر كۆپ، ئايالار ئۇچۇنلا 300 گە يېقىن ئىسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ياسالغان بولۇپ، بېشى «ئا» ھەرپلىك ئاياللار ئىسمىنىڭ 40% نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا سالماقلىق ئورۇنغا ئىگە بولۇشى كىشىلەرنىڭ ئاينى، يورۇقلۇقنى ئۇلۇغلاش، ئۇنى گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى قىلىش، جۇملىدىن پەرزەنتلەرنىڭ ئايدەك چىرايلىق ۋە پاك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇ «ئاق، ماھى» سۆزلىرىنىڭ خاراكتېرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

بۇ سۆز ئىسىملارنىڭ بېشىدا كېلىپ، ئەرلەر ئۈچۈن «ئايبېك» ياكى «ئايبەگ» (ئايدەك چىرايلىق يىگىت)، «ئايدىن» (دىنىنىڭ نۇرلۇق ئېيى)، «ئايمۇھەممەد» (مۇھەممەد: ئىسمى، ئاي: سۈپىتى) دېگەندەك؛ ئاياللار ئۈچۈن «ئايزىلال» (سۈپسۈزۈك ئاي)، «ئايزىبا» (كۆركەم، كېلىشكەن، گۈزەل قىز)، «ئايپاتىمە» (پاتىمە: ئىسمى، ئاي: سۈپىتى) دېگەندەك ئىسىملارنى ياسايدۇ.

ئۇ ئىسىملارنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ ئومۇمەن ئاياللار ئۈچۈن ئىسىم ئۆزگەرتىدۇ ياكى سۈپەتلەيدۇ. دېمەك، ئاخىرىدا «ئاي» كەلگىنى ئاياللارغا خاس ئىسىملاردۇر. مەسىلەن، «تۇرسۇنئاي» (قىزىم تۇرۇپ قالسۇن)، «شېرىنئاي» (شېرىن سۆزلۈك، تاتلىق قىز)، «مەنسۇرئاي» (ياردەمگە ئېرىشكۈچى قىز)، «نىيازئاي» (ئۆزىنى بېغىشلىغۇچى قىز) دېگەنلەردەك.

«توختى»

بۇ ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، پەرزەنتنىڭ سالامەت قاتارغا قوشۇلۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، «توختاپ قالسۇن» دېگەن مەنىدە قويۇلىدۇ. «توختى» باشتا كەلگەن ئەر – ئاياللار ئىسىملىرىلا 100 گە يېتىدۇ. ئۇ ئىسىملارنىڭ باش ياكى ئاخىرىدا كېلىپ، ئەرلەر ئۈچۈن «توختىباقى» (توختى: ئىسمى، باقى: سۈپىتى)، «توختىمۇھەممەد» (توختى: ئىسمى، مۇھەممەد: سۈپىتى)، «مۇھەممەدتوختى» (يۇقىرىقىغا ئوخشاش)، «ئەھمەدتوختى» (توختى: ئىسمى، ئەھمەد: سۈپىتى) دېگەندەك ئىسىملارنى؛ ئاياللار ئۈچۈن «توختىخان» (قىزىمىز تۇرۇپ قالسۇن)، «توختىگۈل» (يۇقىرىقىغا ئوخشاش)، «توختىنىسا» (توختى: ئىسمى، نىسا: قوشۇمچىسى)، «ئايتوختى» (قىزىمىزنىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولسۇن) دېگەندەك ئىسىملارنى ياسايدۇ.

«خان»

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «قاغان» نىڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ، «پادىشاھ، بەگ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئىسىم كېيىن «خاقان» دەپ ئاتالغان، بارا – بارا «خان» دېيىلگەن. ھەمدە «خان» تەرىزدە خانلار ئىسىملىرىغىلا ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى ئەرلەر ئىسىملىرىغىمۇ ناھايىتى كۆپ قوللىنىلغان. بۇ خىل ئەھۋال ھېلىھەم مەلۇم دەرىجىدە بار. ئۇ پارس تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەرلەر ئىسىملىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

ئۇ كىشى ئىسىملىرىنىڭ بېشىدا كېلىپ، ئەر – ئاياللار ئۈچۈن ئايرىم – ئايرىم ھالدا ئىسىم ياسىغۇچى بولىدۇ. بەزى ئىسىملاردا سۈپەت رولىدا كەلسىمۇ، يەنىلا ئىسىم ياساشقا ئاساس بولىدۇ. مەسىلەن، «خانبابا» (خاندەك ئاتا)، «خانئەلى» (ئەلى: ئىسمى، خان:

سۇپىتى )، «خانخوجا» (مەرتىۋىلىك خان، خان ئىگىمىز)، «خانمىرزا» (مىرزا: ئىسمى، خان: سۇپىتى) دېگەندە ئەرلەر ئىسىملىرى بولىدۇ. «خانئايىم» (ئايدەك چىرايلىق خېنىم)، «خانقىز» (خان كەبى قىز)، «خاننىياز» (ئۆزىنى بېغىشلىغۇچى خېنىم) دېگەندە ئاياللار ئىسىملىرى بولىدۇ. ئەمما كۆپىنچە، كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، ئاياللار ئۈچۈن ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى بولۇپ، بىر قىسىم ئەرلەر ئىسىملىرىنى ئاياللار ئىسىملىرىغا ئايلاندۇرىدۇ. مەسىلەن، «تۇردى + خان، تۇرسۇن + خان، ئۇشۇر + خان، نىياز + خان» دېگەنلەردەك.

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەشكە تېگىشلىككى، «خان» نىڭ ئەرلەر ئىسىملىرىنى ئاياللار ئىسىملىرىغا ئۆزگەرتىشى مۇتلەق بولمايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىر قىسىم ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا «خان» قوشۇلسىمۇ، ئۇ ئاياللارنىڭ ئىسمى بولۇپ قالمايدۇ. بۇنىڭدا بىرى، «خان» نىڭ ئەسلىي مەنىسى رول ئوينىسا، مۇھىمى، «خان» نى ئۆزىگە قوشۇپ كەلگەن ئىسىملارنىڭ خاراكتېرى رول ئوينايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئاللا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسىم، سۇپەتلىرى، چاھارىيارلار، باشقا پەيغەمبەرلەر ۋە تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر پادىشاھلار، ئەر قەھرىمانلار، ئەر شەخسلەرنىڭ ئىسمى، شۇنىڭدەك «ئابدۇ، ئاللا، دىن، ئەبۇ» قاتارلىق پۈتۈنلەي ئەرلەر ئۈچۈن ئىسىم ياسىغۇچى سۆزلەر بىلەن كەلگەن ئىسىملارغا «خان» قوشۇلسىمۇ، ئۇ جىنس جەھەتتىن ئۆزگەرمەيدۇ. مەسىلەن، «قادىرخان، مۇھەممەدخان، ئابدۇللاخان، ئەبۇبەكرىخان، ئىدرىسخان، قاھىرخان، بۇغراخان، نەسرىدىنخان» دېگەنلەردەك.

بىراق، بۇگۈنكى كۈندە «خان» قوشۇلغان ئەرلەر ئىسىملىرى بەزى جايلاردا ئادەتتىكى جانلىق ئاتاشتا ئاز - تولا قوللىنىلسىمۇ (قەدىمكى ئىسىملارنى ھېسابقا ئالمىغاندا)، يېزىقتا ئانچە ئۇچرىمايدۇ. ئۇ قازاق كىشى ئىسىملىرىدا «قان» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

«دىل»

بۇ پارسچە سۆز بولۇپ، «قەلب، كۆڭۈل، ۋىجدان» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. باشتا «دىل» قوشۇلغان ئىسىملارلا «د» ھەرپىلىك ئاياللار ئىسىملارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ ئىسىملارنىڭ بېشى ياكى ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، ئەر - ئاياللار ئۈچۈن ئورتاق قوللىنىلىپ، «د» ھەرپىگە تەئەللۇق نۇرغۇن يېڭى ئىسىملارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. مەسىلەن، «دىلئەكبەر» (كۆڭۈلدىكى ھەممىدىن ئۇلۇغ كىشى)، «دىليار» (كۆڭۈلدىكى دوست)، «نۇردىل» (قەلبى نۇر بىلەن يورىغان) قاتارلىق ئىسىملار ئەرلەر ئۈچۈن؛ «دىلخۇمار» (كۆڭۈلنى ئارزۇلىغۇچى)، «دىلدار» (كۆڭۈل ئىزدىگۈچى)، «دىلناز» (نازۇك، ئۇياتچان)، «ماھدىل» (يۇقىرىقىغا ئوخشاش) قاتارلىق ئىسىملار ئاياللار ئۈچۈن قويۇلىدۇ.

«نۇر»

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا «نۇردەك گۈزەل، چىرايلىق، نۇرلۇق» دېگەن مەنىلەردە ئەر - ئاياللارغا ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ. بۇمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى

ئاي ۋە قۇياشنى ئۇلۇغلاش ، يورۇقلۇققا تەلپۈنۈش ئېتىقادىنىڭ ئەكس ئېتىشى ھېسابلىنىدۇ . كىشىلەر ئادەتتە «نۇر » نى «پەرزەنت » دېگەن كۆچمە مەنىدىمۇ قوللىنىدۇ ، يەنى بۇ سۆزنى پەرزەنتكە سىمۋول قىلىپ ، مۇستەقىل ئىسىم تەرىقىسىدە يالغۇز قوللىنىپلا قالماي ، ئۇنى ئەر ـ ئاياللار ئىسىملىرىنىڭ بېشى ياكى ئاخىرىغا قوشۇپ ، قوش ۋە كۆپ تەركىبلىك ئىسىم قىلغاندىمۇ ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى «نۇر » نى پەرزەنت سۈپىتىدە تونۇيدۇ ياكى پەرزەنتكە ۋەكىل قىلىدۇ .

بۇ سۆز ئىسىملارنىڭ بېشىدا كېلىپ ئەرلەر ئۈچۈن «نۇرئادىل » (ئادالەت نۇرى ) ، «نۇرئالىم » (ئالىمنىڭ نۇرى ) ، «نۇرتالىپ » (ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى ئوغۇل ) دېگەندەك ؛ ئاياللار ئۈچۈن «نۇرجامال » (جامالىدىن تارالغان نۇر ، گۈزەل قىز ) ، «نۇرنىسا » (گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى ) ، «نۇرھايات » (ھاياتلىق نۇرى ) دېگەندەك ئىسىملارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ . ئىسىملارنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ ، ئەرلەر ئۈچۈن «مۇھەممەدنۇر » (نۇر : ئىسمى ، مۇھەممەد : سۈپىتى ) ، «ئىماننۇر » (مەنە جەھەتتىن «نۇرئىمان » بىلەن ئوخشاش ) ، «تاجىنۇر » (مېنىڭ تاجىم ھەم كۆزۈمنىڭ نۇرى — ئوغلۇم ) ، «توختىنۇر » (توختى : ئىسمى ، نۇر : سۈپىتى ) دېگەندەك ؛ ئاياللار ئۈچۈن «گۈلنۇر » (نۇر كەبى قىز ) ، «گۈزەلنۇر » (گۈزەل قىز ) ، «مېھرىنۇر » (مېھرى ئىللىق قىز ) ، «شاھنۇر » (ئاللانىڭ نۇرى ؛ شاھ قىز ) دېگەندەك ئىسىملارنى ياسايدۇ .

بىراق ، بەزى ئاتا ـ ئانىلار «نۇر » نى ئوغۇللىرىغا مۇستەقىل ئىسىم قىلىپ قويۇپ بولغاندىن كېيىن ، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ ياكى ئەركىلىتىپ ئاتاپ ؛ بەزى كىشىلەر ئىسىم ئىگىلىرىنى كەمسىتىپ ئاتاپ «نۇرەك ، نۇرەم ، نۇرەش ، نۇراق » دېگەندەك سەتلىمە ئىسىملارغا ئۆزگەرتىۋېتىدىغان ئەھۋال بار . ئەتىۋارلاپ قويغان چىرايلىق ، مەنىلىك ئىسىمنى توغرا ئاتىماسلىق ئەيىب سانىلىشى كېرەك .

«ھاجى »

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ ، «ھەج قىلغۇچى ، سەپەر قىلغۇچى » دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ . ئۇ كۆپىنچە ئەرلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ . ئاياللار ئۈچۈنمۇ ئىسىملارنىڭ بېشىدا كېلىدۇ (ئاخىرىدا كەلمەيدۇ ) . مەسىلەن ، «ھاجىئەكبەر » (ئەكبەر : ئىسمى ، ھاجى : سۈپىتى ) ، «ھاجىمۇھەممەد » (ھاجى : ئىسمى ، مۇھەممەد : سۈپىتى ) ، «ھاجىياقۇپ » (ھاجى : ئىسمى ، ياقۇپ : قوشۇمچىسى ) ، «نۇرھاجى » (نۇر : ئىسمى ، ھاجى : سۈپىتى ) ؛ «ھاجىخان » (ھاجى : ئىسمى ، خان : سۈپىتى ) ، «ھاجىنىسا » (ھاجى : ئىسمى ، نىسا : قوشۇمچىسى ) ، «ھاجىگۈل » (ھاجى : ئىسمى ، گۈل : سۈپىتى ) دېگەنلەردەك .

بۇ يەردە شۇ نەرسە ئېنىقكى ، «ھاجى » نىڭ مەيلى ئەرلەر ئىسمىدا ياكى ئاياللار ئىسمىدا بولسۇن ، ئۆزى قوشۇلۇپ كەلگەن ئىككىنچى بىر تەركىبىي قىسىم بىلەن بىر پۈتۈن مەنە ھاسىل قىلىشى ئازراق . چۈنكى ئۇ ، مەخسۇس ھەج قىلغۇچىلارغا قوللىنىلىدىغان دەرىجە ياكى ھۆرمەت نامى بولغاچقا ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدە مەنە ئىپادىلەيدۇ ؛ سۈپەت رولىدا كېلىپ ، ئىسىم ئۆزگەرتىدۇ . ئەمما ئۇ ، ئەمەلىيەتتە ھەج

قىلمىغان كىشىلەرگىمۇ مۇستەقىل ئىسىم ياكى قوشۇمچە ئىسىم بولۇپ كېلىۋېرىدۇ .

## Ⅱ بىرقەدەر ئاز قوللىنىلىدىغان ئىسىم ياسىغۇچى ۋە ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى تەركىبلەر

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا يۇقىرىقىلاردىن باشقا ، بىرقەدەر ئاز قوللىنىلىدىغان ئىسىم ياسىغۇچى ۋە ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى تەركىبلەر بار ، لېكىن ئۇلار ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ ئوندىن ئارتۇق يېڭى ئىسىمنىڭ ياسىلىشىغا ۋە ئۆزگىرىشىگە ئاساس بولىدۇ . تۆۋەندە ، بۇ خىل تەركىبلەر ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمىز :

**1. ئەرلەر ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئىسىم ياسىغۇچى ۋە ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى تەركىبلەر**

(1) ئىسىملارنىڭ بېشىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان تەركىبلەر

«خۇدا»

بۇ پارسچە سۆز بولۇپ ، «ئىلاھ ، مەئبۇد ، پەرۋەردىگار ، تەڭرى» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە . ئۇ ئىسىملارنىڭ بېشىدا كېلىپ ، ئەرلەر ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ . مەسىلەن ، «خۇدابەردى» (خۇدا بىر ئوغۇل بەردى) ، «خۇدايار» (ئوغلۇمغا خۇدا يار بولغاي) ، «خۇداقۇل» (خۇدانىڭ قۇلى) دېگەنلەرگە ئوخشاش .

(2) ئىسىملارنىڭ بېشى ياكى ئاخىرىغا ئورتاق قوشۇلىدىغان تەركىبلەر

«ئەلى»

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ ، «ال» (ئەلىپ لام) بىلەن كەلسە ، ئاللانىڭ ئىسمىنى بىلدۈرۈپ ، «ئالىي ، ھەممىدىن ئۈستۈن» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ ؛ ئايرىم كەلسە ، چاھاريارلاردىن ئەلىنىڭ ئىسمىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا كۆپىنچە ئەلى ئۆلۈغلىنىپ ، «ئەلىدەك باتۇر ، ئەرلەرنىڭ سەردارى ئەلى ، ئەرلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەر» دېگەن مەنىدە ئەرلەر ئىسىملىرىنىڭ باش ياكى ئاخىرىدا ئىسىم ياسىغۇچى ياكى سۆپەتلىگۈچى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن ، «ئەلىشىر» (شىردەك ئەلى) ، «ئەلىيار» (ئەلىنىڭ دوستى) ، «ئەلىنىياز» (ئەلىگە بەخشەندە قىلىنغان) ، «شىرئەلى» (ئەلىدەك باتۇر) دېگەنلەردەك .

«ئەھمەد»

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى . ئۇ «ئەڭ كۆپ ماختىغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ ھەمدە ئىسىملارنىڭ بېشى ياكى ئاخىرىدا كېلىپ ، ئەرلەر ئۈچۈن يېڭى ئىسىم ياسايدۇ . مەسىلەن ، «ئەھمەدتوختى» (ئەھمەد : ئىسمى ، توختى : قوشۇمچىسى) ، «ئەھمەدشاھ» (ئەھمەد : ئىسمى ، شاھ : سۈپىتى) ، «ئەھمەدقۇل» (ئەھمەد : ئىسمى ، قۇل : قوشۇمچىسى) ، «نۇرئەھمەد» (ئەھمەدنىڭ نۇرى) ، «مىرئەھمەد» (ئەھمەد : ئىسمى ، مىر : سۈپىتى) دېگەنلەردەك .

«سەئىد»

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ ، «بەختلىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

«سەئىدباقى» (مەڭگۈلۈك بەخت) ، «سەئىدنىياز» (سەئىد : ئىسمى ، نىياز : قوشۇمچىسى) ، «سەئىدزادە» (بەختلىك ئوغۇل) ، «نۇرسەئىد» (بەخت نۇرى) دېگەنلەردەك . بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىشكە تېگىشلىككى ، «سەئىد» بىلەن «سەييىد» قوللىنىلىش جەريانىدا تەلەپپۇزى ئۆزگىرىپ ، ئارىلىشىپ كېتىدۇ (ھەر ئىككىسى «سېيىت» كە ئۆزگىرىدۇ) . يۇقىرىدىكى «سەئىدزادە» ، «نۇرسەئىد» دېگەن ئىسىملار ئەسلىدە «سەييىدزادە ، نۇرسەييىد» بولۇشى ئېھتىمال (شۇ ھالدا «خوجائەۋلادى ، خوجىمىز مۇھەممەدنىڭ نۇرى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ ، ئىسىم قويغۇچىلارنىڭ مۇددىئاسىغا تېخىمۇ يېقىنلىشىشى مۇمكىن) .

«شىر»

بۇ پارسچە سۆز بولۇپ ، «ھايۋانلار پادىشاھى» دەپ ئاتىلىدىغان مەشھۇر ھايۋاننىڭ ئىسمى . ئۇ كىشى ئىسىملىرىدا «باتۇر ، قورقماس» دېگەن مەنىدە ئىسىملارنىڭ باش ياكى ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىپ ، ئەرلەر ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ . مەسىلەن ، «شىرئەلى» (ئەلىدەك باتۇر) ، «شىرزاد» (شىر بالىسى ؛ شىردەك باتۇر) ، «شىرمۇھەممەد» (مۇھەممەدنىڭ شىرى) ، «ئەلىشىر» (شىردەك ئەلى ؛ ئاللانىڭ شىرى — ئەلى) دېگەنلەردەك .

«غۇلام»

بۇ پارسچە سۆز بولۇپ ، «ياش يىگىت ، ياش چاكار ، ئۆسمۈر قۇل» دېگەن مەنىگە ئىگە . مەسىلەن ، «غۇلامئەلى» (ئەلىنىڭ چاكىرى) ، «غۇلامشاھ» (شاھ — ئاللانىڭ قۇلى) ، «غۇلامەمۇھەممەد» (مۇھەممەدنىڭ چاكىرى) ، «مۇھەممەدغۇلام» (غۇلام : ئىسمى ، مۇھەممەد : سۈپىتى) دېگەنلەرگە ئوخشاش .

«يۈسۈپ»

بۇ ئەرەبچىلەشكەن ئىبرانىيچە سۆز بولۇپ ، يۈسۈپ پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى . ئەسلىي ئاتىلىشى «ئىئوسىپ» ، ئەرەبچە توغرا تەلەپپۇزى «يۈسۈپ» (يۇسۇف) ، مەنىسى : «كۆپەيتىلگەن» دېگەن بولىدۇ . بۇ گەرچە مەنبە جەھەتتىن ئىبرانىيچە سۆز بولسىمۇ ، «قۇرئان كەرىم» دە زىكىر قىلىنىدىغان قۇرئان قىسسىلىرىدە ، جۈملىدىن «قەسەسۇل ئەنبىيا» (پەيغەمبەرلەر قىسسىسى) قاتارلىق مەشھۇر كىتابلاردا قەيت قىلىنىدىغان كىشى ئىسمى بولغاچقا ، ئۇنى ئۇيغۇرلار ئوغۇل پەرزەنتلىرىگە مۇستەقىل ئىسىم ھالىتىدە ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىش بىلەن بىللە ، باشقا ئىسىملارنىڭ باش ـ ئاخىرىغا قوشۇپ ، ئالاھىدە بىرىكمە ئىسىم قىلىپمۇ قوللانغان . مەسىلەن ، «يۈسۈپئەھمەد» (يۈسۈپ : ئىسمى ، ئەھمەد : سۈپىتى) ، «يۈسۈپقادىر» (يۈسۈپ : ئىسمى ، قادىر : سۈپىتى) ، «يۈسۈپتوختى» (يۈسۈپ : ئىسمى ، توختى : قوشۇمچىسى) ، «مۇھەممەديۈسۈپ» (يۈسۈپ : ئىسمى ، مۇھەممەد : سۈپىتى) دېگەنلەردەك .

### 2. ئاياللار ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئىسىم ياسىغۇچى ۋە ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى تەركىبلەر

(1) ئىسىملارنىڭ بېشىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان تەركىبلەر

«ئالتۇن»

بۇ ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ ، قىممەتلىك مېتال ئىسمىنى كۆرسىتىدۇ ۋە «ئېسىل»

دېگەن مەنىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ . مەسىلەن ، «ئالتۇنئاي» (ئالتۇندەك قىز) ، «ئالتۇنگۈل» (يۇقىرىقىغا ئوخشاش) ، «ئالتۇننىسا» (ئاياللار ئىچىدىكى ئېسىل ئايال) دېگەنلەردەك .

(2) ئىسىملارنىڭ بېشى ياكى ئاخىرىغا ئورتاق قوشۇلۇپ كېلىدىغان تەركىبلەر

«ئانار»

بۇ ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ ، مېۋە ئىسمىنى كۆرسىتىدۇ ۋە «چىرايلىق» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ . مەسىلەن ، «ئانارخان» (ئاناردەك چىرايلىق ئايال) ، «ئانارجاھان» (جاھاننىڭ چىرايلىقى) ، «ئانارنىسا» (ئاياللارنىڭ ئىچىدىكى چىرايلىق ئايال) ، «گۈلئانار» (ئانار گۈلىدەك چىرايلىق) ، «دىلئانار» (كۆڭۈلدىكى ئانار يۈزلۈك قىز) دېگەنلەردەك . ئىسىملارنىڭ ئاخىرىدا كېلىدىغان «ئانار» ئادەتتە قىسقىراپ «نار» بولىدۇ . مەسىلەن ، «دىلنار ، گۈلنار» دېگەندەك . ئۇ ئەرەبچىدىكى «نار» (ئوت) سۆزى ئەمەس .

«ئايىم»

بۇ ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ ، «مېنىڭ ئايدەك قىزىم ، مېنىڭ ئېيىم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن ، «ئايىمنىسا» (ئايىم : ئىسمى ، نىسا : قوشۇمچىسى) ، «ئايىمگۈل» («ئايىم» بىلەن ئوخشاش) ، «گۈلئايىم» (مېنىڭ ئايدەك چىرايلىق قىزىم) دېگەنلەردەك .

«جانان»

بۇ پارسچە سۆز بولۇپ ، «جانغا جان قوشقۇچى ، سۆيۈملۈك ، ئەزىز ؛ قەلب ، دىل ؛ گۈزەل ، نەپىس ؛ جانلار» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە . مەسىلەن ، «جانانئاي» (جانغا جان قوشقۇچى قىز) ، «جانانگۈل» (سۆيۈملۈك قىز) ، «ئايجانان» («جانانئاي» غا ئوخشاش) ، «گۈلجانان» («جانانگۈل» گە ئوخشاش) دېگەنلەردەك .

«جەننەت»

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ ، «باغ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . ئۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ باقىي ئالەمدە جەننەتكە كىرىش ۋە جەننەتتىكى ھۆر ـ پەرىلەردەك ياشاش ، شۇنىڭدەك جەننەتتىكى ھەممە نەرسىنى گۈزەل ، ئۇلۇغ دەپ قاراش ئېڭى ئەكس ئېتىدۇ . مەسىلەن ، «جەننەتئاي» (جەننەتتىكى ھۆر ـ پەرىلەردەك گۈزەل قىز) ، «جەننەتخان» (يۇقىرىقىغا ئوخشاش) ، «گۈلجەننەت» (جەننەتنىڭ گۈزىلى) دېگەنلەردەك .

«مېھر»

بۇ پارسچە سۆز بولۇپ ، «قۇياش ؛ قەلب ؛ ئازاد ؛ كۆيۈمچانلىق ، مېھرىبانلىق» دېگەندەك مەنىلەردە كېلىپ ، پەقەت «مېھرۇللا» (ئاللانىڭ مېھىر ـ شەپقىتى) ، «مېھرىدىن» (دىنىنىڭ قۇياشى) دېگەندەك بىر ـ ئىككى ئىسىملا ئەرلەرگە قوللىنىلغاندىن باشقا ، مۇتلەق كۆپ ھالدا ئىسىملارنىڭ باش ياكى ئاخىرىدا كېلىپ ، ئاياللار ئۈچۈن خاس ئىسىم ياسايدۇ . مەسىلەن ، «مېھرىئاي» (مېھرىبان قىز) ، «مېھرىبان» (مېھىرلىك ، جان كۆيەر ، كۆيۈمچان قىز) ، «مېھرىنىسا» (مېھرىبان ئايال) ، «ئەلمېھرى — ئەلمىرە» (ئەلنىڭ مېھرىبان قىزى) ، «گۈلمېھرى — گۈلمىرە» (مېھىرلىك قىز)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېگەنلەردەك .

3. ئەر - ئاياللار ئۈچۈن ئورتاق قوللىنىلىدىغان ئىسىم ياسىغۇچى ۋە ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى تەركىبلەر

(1) ئىسىملارنىڭ بېشىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان تەركىبلەر

«تاجى»

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئەسلىي تەلەپپۇزى «تاج». ئۇ پادىشاھلىق باش كىيىمىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىسىمدا كىشىلەرنىڭ پادىشاھنى ئۇلۇغلاش ھېسسىياتى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئەرلەر ئۈچۈن «تاجىئەلى» (تاجى: ئىسمى، ئەلى: سۈپىتى)، «تاجىدىن» (دىنىنىڭ تاجى) دېگەندەك؛ ئاياللار ئۈچۈن «تاجىگۈل» (بىر خىل گۈل نامــى)، «تاجىخان» (تاجى: ئىسمى، خان: سۈپىتى)، «تاجىنىسا» (ئاياللارنىڭ تاجى، ئەڭ گۈزەل ئايال) دېگەندەك ئىسىملار ياسىلىدۇ.

«تاش»

بۇ ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، كىشى ئىسىملىرىدا پەرزەنتنىڭ تاشتەك چىدامىلىق بولۇشى ۋە ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشى ئۈمىد قىلىنىغان. ئۇ ئىسىملارنىڭ بېشىدا كېلىپ، ئەرلەر ئۈچۈن «تاشباي» (تاشتەك مۇستەھكەم ئەر)، «تاشپولات» (تاش ۋە پولاتتەك مــەھكــەم)، «تاشمۇھەممەد» (تاش: ئىسمى، مۇھەممەد: سۈپىتــــى) دېگەندەك؛ ئاياللار ئۈچۈن «تاشقىز» (تاشتەك مۇستەھكەم قىز)، «تاشتوختىخان» (تاشتوختى: ئىسمى، خان: سۈپىتى)، «تاشنىيازخان» (تاشنىياز: ئىسمى، خان: سۈپىتى) دېگەندەك ئىسىملارنى ياسايدۇ.

«تۇر»

بۇ ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «تۇرۇپ قالسۇن» دېگەن مەنىدىمۇ، «قاراۋۇلخانا، بەلگە مۇنارى، ئېگىز دۆڭ» دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ. ئۇ كۆپىنچە، پەرزەنتلەرنىڭ تۇرۇپ قېلىشىنى، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىنى ئارزۇ قىلىپ قويۇلغان بولۇپ، ئەرلەر ئۈچۈن «تۇرئەھمەد» (تۇر: ئىسمى، ئەھمەد: سۈپىتى)، «تۇرئەلى» (تۇر: ئىسمى، ئەلى: سۈپىتى)، «تۇرئالىم» (تۇر: ئىسمى، ئالىم: سۈپىتى)؛ ئاياللار ئۈچۈن «تۇرئايىم» (ئاللا قىزىمنىڭ ئۆمرىنى بەرسۇن)، «تۇرئەلا» (تۇر: ئىسمى، ئەلا: سۈپىتــى)، «تۇرخېنىم» (بۇ قىز تۇرۇپ قالسۇن) دېگەندەك ئىسىملار ياسىلىدۇ.

«تۇرا»

بۇ ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «ئالدىنقى سەپ، ئەتراپى قورشالغان جاي؛ بەلگە مۇنارى، قاراۋۇلخانا؛ تۈرك، تۈركىي» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ ۋە ئەرلەر ئۈچۈن «تۇرابەگ» (تۇرا: ئىسمى، بەگ: سۈپىتى)، «تۇراجان» (تۇرا: ئىسمى، جان: قوشۇمچىسى)، «تۇرادىن» (دىنىنىڭ ئالدىنقى سېپى) دېگەندەك؛ ئاياللار ئۈچۈن (ئىسىملارنىڭ باش ياكى ئاخىرىدا كېلىپ) «تۇرائاي» (تۈرك قىزى)، «تۇراقىز» (يۇقىرىقىغا ئوخشاش)، «تۇراگۈل» (يۇقىرىقىغا ئوخشاش)، «ئايتۇرا» («تۇرائاي» غا ئوخشاش) دېگەندەك

ئىسىملارنى ياسايدۇ .

«تۇران»

بۇ ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ ، «تۇرك ، تۇرك ئېلى» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ ۋە ئەرلەر ئۇچۇن «تۇرانقۇل» (تۇرك ئوغلى ) ، «تۇرانبەگ» (تۇرك يىگىتى ) دېگەندەك ؛ ئاياللار ئۇچۇن (باش ياكى ئاخىردا كېلىپ ) «تۇرانقىز» ( «تۇرائاي» غا ئوخشاش ) ، «تۇرانىسا» (تۇرككە مەنسۇپ ئايال ) ، «ئايتۇران» ( «تۇرائاي» غا ئوخشاش ) دېگەندەك ئىسىملارنى ياسايدۇ .

«خال»

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ ، «خاللىق (بەلگىلىك ) ؛ بەختلىك ، ئەركىن ، ئەيىبتىن خالىي» دېگەندەك مەنىلەردە كېلىدۇ ۋە ئەرلەر ئۇچۇن «خالمەڭ» (بەخت بەلگىسى ) ، «خالمۇھەممەد» (مۇھەممەد : ئىسمى ، خال : سۈپىتى ) ، «خالرەشىد» (بەختكە يول كۆرسەتكۈچى ) دېگەندەك ؛ ئاياللار ئۇچۇن «خالبىبى» (ئەركىن ، ھۆر ، بەختلىك خېنىم ) ، «خالمېھرى — خالمىرە» (ئەركىن ، مېھىرلىك ، مېھرىبان قىز ) ، «خالنۇر» (بەخت نۇرى ) دېگەندەك ئىسىملارنى ياسايدۇ .

«خالى»

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ ، «خال» نىڭ سۈپەتلەشكەن شەكلىدۇر . ئۇ «ئەركىن ، ھۆر ، بويتاق ؛ خال ؛ ئەيىبتىن خالىي ؛ بوش ، بىكار» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ ۋە ئەرلەر ئۇچۇن «خالىباي» (خالى : ئىسمى ، باي : سۈپىتى ) ، «خالىبەگ» (خالى : ئىسمى ، بەگ : سۈپىتى ) ، «خالىدىن» (دىنغا ئەبەدىي سادىق ) دېگەندەك ؛ ئاياللار ئۇچۇن «خالىگۇل» (ئەركىن قىز ) ، «خالىنۇر» (يۇقىرىقىغا ئوخشاش ) دېگەندەك ئىسىملارنى ياسايدۇ .

«ھۆر»

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ ، ئەسلىي ئاتىلىشى «ھۇرر» ، مەنىسى : ئەركىن ، ئازاد ؛ جەننەتتىكى ھۆر ـ پەرىلەر ؛ قاراكۆز دېگەنلەرگە ئوخشاش . ئۇ ئىسىملارنىڭ بېشىدا كېلىپ ، ئەرلەر ئۇچۇن پەقەت «ھۆرۇللا» (ئاللانىڭ ئەركىن كىشىسى ) ، «ھۆرىدىن» (دىنىنىڭ ئەركىن كىشىسى ) ، «ھۆرنىياز» (ئەركىنلىككە ئۆزىنى بېغىشلىغان كىشى ) دېگەندەك بىر نەچچىلا ئىسىم ياسايدۇ . ئاياللار ئۇچۇن كۆپرەك قوللىنىلىدۇ . مەسىلەن ، «ھۆرسىما» (ھۆرسۈپەت ) ، «ھۆرقىز» (ئەركىن قىز ) ، «ھۆرنىسا» (ھۆر ـ پەرىدەك ئايال ) دېگەنلەردەك .

«ئوغۇل»

بۇ ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ ، ئوغۇل پەرزەنتنىڭ نامىدۇر . ئۇ ئىسىملارنىڭ بېشىدا كېلىپ ، ئەرلەر ئۇچۇن «ئوغۇلنىياز» (ئۆزىنى بېغىشلىغۇچى ئوغۇل ) ، «ئوغۇلدۆلەت» (دۆلەتمەن ئوغۇل ) ، «ئوغۇلچاق» (كىچىك ئوغۇل ) دېگەندەك ؛ ئاياللار ئۇچۇن «ئوغۇلخان» (ئوغۇلنىڭ ئورنىدىكى قىز ) ، «ئوغۇلنىسا» (ئوغۇلنىڭ ئورنىدىكى ئايال ) ، «ئوغۇلنىساخان» (ئوغۇلنىسا : ئىسمى ، خان : سۈپىتى ) دېگەندەك ئىسىملارنى ياسايدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

(2) ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان تەركىبلەر

«زاد»

بۇ پارسچە سۆز بولۇپ، «پەرزەنت، ئەۋلاد، بالا، ئوغۇل، قىز» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ ھەمدە ئەرلەر ئۈچۈن «نەۋزاد» (يېڭى ئەۋلاد)، «خالزاد» (بەختلىك ئەۋلاد)، «مىرزاد» (بەگ بالىسى) دېگەندەك؛ ئاياللار ئۈچۈن: «گۈلزاد» (گۈلدەك چىرايلىق قىز)، «ئايزاد» (ئاي بالىسى) دېگەندەك ئىسىملارنى ياسايدۇ.

(3) ئىسىملارنىڭ بېشى ياكى ئاخىرىغا ئورتاق قوشۇلۇپ كېلىدىغان تەركىبلەر

«ئامان»

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، تىنچ ـ ئامانلىقنى ئىپادىلەيدۇ ۋە ئەرلەر ئۈچۈن «ئامانئەل» (ئەلنىڭ ئامانلىقى)، «ئامانىدىن» (دىننىڭ ئامانلىقى)، «ئامانتاي» (تايچاقتەك ئوغلۇم تىنچ ـ ئامان تۇرغاي)، «مۇھەممەدئامان» (ئامان: ئىسمى، مۇھەممەد: سۈپىتى) دېگەندەك؛ ئاياللار ئۈچۈن «ئامانگۈل» (تىنچ ـ ئامان قىز)، «ئامانىنىسا» (ئاياللارنىڭ ئامانلىقى)، «گۈلئامان» («ئامانگۈل» بىلەن ئوخشاش) دېگەندەك ئىسىملارنى ياسايدۇ.

«بەختى»

بۇ پارسچە سۆز بولۇپ، ئەسلي تەلەپپۇزى «بەخت». ئۇ تىلىمىزدا «بەختلىك، بەخت ـ تەلەي» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ ۋە ئەرلەر ئۈچۈن «بەختىدۆلەت» (بەختلىك، دۆلەتمەن)، «بەختىچوڭ» (بەختى: ئىسمى، چوڭ: سۈپىتى)، «بەختىخوجا» (بەختلىك ئۇستاز)، «نۇربەختى» (بەخت نۇرى) دېگەندەك؛ ئاياللار ئۈچۈن «بەختىخان» (بەختلىك ئايال)، «بەختىگۈل» (بەختلىك قىز)، «بەختىنۇر» (بەخت نۇرى)، «گۈلبەختى» («بەختىگۈل» بىلەن ئوخشاش) دېگەندەك ئىسىملارنى ياسايدۇ. «بەخت» دېگەن بۇ ئىسىم ئەرەبلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. قازاقلاردا ئۇ «باقتى، باقىت» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

«تۇردى»

بۇ ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «توختى، تۇرسۇن» لارغا ئوخشاش پەرزەنتنىڭ تۇرۇپ قېلىشىنى، ئۇزاق ياشىشىنى تىلەش مەنىسى ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ ئىسىملارنىڭ بېشى ياكى ئاخىرىدا كېلىپ، ئەرلەر ئۈچۈن «تۇردىئەھمەد» (تۇردى: ئىسمى، ئەھمەد: سۈپىتى)، «تۇردىباقى» (تۇردى: ئىسمى، باقى: سۈپىتى)، «تاشتۇردى» (تاشتەك ئۇزاق تۇرسۇن)، «مۇھەممەدتۇردى» (تۇردى: ئىسمى، مۇھەممەد: سۈپىتى) دېگەندەك؛ ئاياللار ئۈچۈن «تۇردىگۈل» (قىزىمىز تۇرۇپ قالسۇن)، «تۇردىخان» (يۇقىرىقىغا ئوخشاش) دېگەندەك ئىسىملارنى ياسايدۇ.

«تۇرسۇن»

بۇ ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «پەرزەنتىمىز تۇرۇپ قالسۇن» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ ۋە ئەرلەر ئۈچۈن «تۇرسۇنبەگ» (تۇرسۇن: ئىسمى، بەگ: سۈپىتى)، «تۇرسۇنمۇھەممەد» (تۇرسۇن: ئىسمى، مۇھەممەد: سۈپىتى)، «تۇرسۇنتوختى» (تۇرسۇن: ئىسمى، توختى: قوشۇمچىسى)، «مۇھەممەدتۇرسۇن» («تۇرسۇنمۇھەممەد» كە ئوخشاش) دېگەندەك؛ ئاياللار ئۈچۈن «تۇرسۇنگۈل» (قىزىمىز تۇرۇپ قالسۇن)، «تۇرسۇنئاي» (يۇقىرىقىغا ئوخشاش)، «تۇرسۇنپاشا» (مېنىڭ پاشا قىزىم تۇرۇپ قالسۇن)،

«ئايتۇرسۇن» («تۇرسۇنئاي» غا ئوخشاش) دېگەندەك ئىسىملارنى ياسايدۇ.

«چوڭ»

بۇ ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «ئۇلۇغ، كاتتا، ھۆرمەتتە چوڭ» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. كىشى ئىسىملىرىدا «چوڭ ئوغۇل، چوڭ قىز» دېگەن مەنىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. ئۇ كۆپىنچە ئەرلەر ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، سۈپەت رولىنى ئوينايدۇ ۋە ئىسىملارنى ئۆزگەرتىدۇ. ئەرلەر ئۈچۈن «چوڭھاجى» (چوڭ: ئىسمى، ھاجى: سۈپىتى)، «چوڭقارى» (چوڭ: ئىسمى، قارى: سۈپىتى)، «مۇھەممەدچوڭ» (مۇھەممەد: ئىسمى، چوڭ: سۈپىتى) دېگەندەك؛ ئاياللار ئۈچۈن «چوڭخان» (كاتتا ئايال؛ چوڭ قىز)، «چوڭنىسا» (ئۇلۇغ، ھۆرمەتتە چوڭ ئايال) دېگەندەك ئىسىملارنى ياساشقا ئاساس بولىدۇ (ئاياللار ئۈچۈن ئىسىم ئاخىرىغا قوللىنىلمايدۇ).

«خۇش»

بۇ پارسچە سۆز بولۇپ، «يېقىملىق، خۇشال، سۆيۈملۈك، چىرايلىق» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ ۋە ئەرلەر ئۈچۈن باشتا كېلىپ «خۇشئەھمەد» (ئەھمەد: ئىسمى، خۇش: سۈپىتى)، «خۇشدار» (دائىم خۇش يۈرگۈچى)، «خۇشمۇھەممەد» (مۇھەممەد: ئىسمى، خۇش: سۈپىتى) دېگەندەك؛ ئاياللار ئۈچۈن باش ياكى ئاخىرىدا كېلىپ «خۇشناز» (نازۇك بەدەن)، «خۇشنۇر» (ئاجايىپ نۇرلۇق)، «خۇشنىگار» (سۈرەت كەبى چىرايلىق قىز)، «دىلخۇش» (كۆڭلى دائىم خۇشال) دېگەندەك ئىسىملارنى ياسايدۇ.

«دوست»

بۇ پارسچە سۆز بولۇپ، كىشى ئىسىملىرىدا «يېقىن، ئامراق، ھەمراھ، ئاداش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ ۋە كۆپىنچە ھالدا ئەرلەر ئۈچۈن «دوستئالىي» (ھەممىدىن ئۈستۈن ئاللانىڭ دوستى)، «دوستمەۋلا» (ئالىم ـ ئۇستازلارنى دوست تۇتقۇچى)، «دوستمۇھەممەد» (مۇھەممەدنىڭ دوستى)، «ئەلدوست» (ئەلنىڭ دوستى)، «جاندوست» (جاندىن ئەزىز دوست) دېگەندەك؛ ناھايىتى ئاز ساندا ئاياللار ئۈچۈن «دوستگۈل» (گۈلنىڭ دوستى، چىرايلىق قىز)، «دوستئاي» (ئاينىڭ دوستى)، «گۈلدوست» (گۈلنىڭ ھەمراھى) دېگەندەك ئىسىملارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

«دۆلەت»

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا «دۆلەتمەن، بەختلىك» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ ۋە ئەرلەر ئۈچۈن «دۆلەتشاھ» (پادىشاھتەك دۆلەت كۆرگەي)، «دۆلەتقەدەم» (دۆلىتى كېلىدىغان، ئايىغى ياراشقان)، «دۆلەتنىياز» (دۆلەت: ئىسمى، نىياز: قوشۇمچىسى)، «مىرزىدۆلەت» (دۆلەتمەن ئەپەندى) دېگەندەك؛ ئاياللار ئۈچۈن «دۆلەتخان» (دۆلەتمەن ئايال)، «دۆلەتگۈل» (دۆلەتمەن قىز)، «گۈلدۆلەت» (يۇقىرىقىغا ئوخشاش) دېگەندەك ئىسىملارنى ياسايدۇ.

«رەھىم»

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «رەھىمدىل، شەپقەتلىك، مېھرىبان، كۆيۈمچان» دېگەن

www.uyghurkitap.com

مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . ئۇ «ال» بىلەن كەلسە ئاللانىڭ ئىسمىنى ، ئايرىم كەلسە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتىنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئەرلەر ئۈچۈن «رەھىمباقى» (مەڭگۈ رەھىم ـ شەپقەتلىك ) ، «رەھىمشاھ» (ئاللانىڭ رەھىم ـ شەپقىتى ) ، «رەھىمنىياز» (رەھىم ـ شەپقەتلىك ئاللاغا بەخشەندە قىلىنغان قۇل ) ، «مۇھەممەدرەھىم» (رەھىم : ئىسمى ، مۇھەممەد : سۈپىتى ) دېگەندەك ؛ ئاياللار ئۈچۈن «گۈلرەھىم» (رەھىمدىل قىز ) ، «دىلرەھىم» (يۇقىرىقىغا ئوخشاش ) دېگەندەك ئىسىملارنى ياسايدۇ (ئاياللار ئۈچۈن ئىسىملارنىڭ بېشىغا قوشۇلىدىغان چاغدا ، ئۇنىڭ مۇئەننەس شەكلى «رەھىمە» قوللىنىلىدۇ ) .

«رۇزى»

بۇ پارسچە سۆز بولۇپ ، ئەسلىي تەلەپپۇزى «رۇز» . ئۇ «كۈن ، كۈندۈز» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا كۆپىنچە «رامىزان ئىچىدە تۇغۇلدى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ ، روزا ۋە روزا ئېيىنى ئۇلۇغلاش قارىشىمۇ ئىپادىلىنىدۇ . ئۇ ئىسىملارنىڭ بېشى ياكى ئاخىرىدا كېلىپ ، ئەرلەر ئۈچۈن «رۇزىئالىم» (رۇزى : ئىسمى ، ئالىم : سۈپىتى ) ، «رۇزىمۇھەممەد» (رۇزى : ئىسمى ، مۇھەممەد : سۈپىتى ) ، «رۇزىھاجى» (رۇزى : ئىسمى ، ھاجى : سۈپىتى ) ، «مۇھەممەدرۇزى» ( «رۇزىمۇھەممەد» كە ئوخشاش ) قاتارلىق ئىسىملارنى ؛ ئاياللار ئۈچۈن «رۇزىگۈل» (رامىزان ئېيىدا تۇغۇلغان قىز ) ، «رۇزىخان» (يۇقىرىقىغا ئوخشاش ) ، «گۈلرۇزى» ( «رۇزىگۈل» گە ئوخشاش ) ، «ئايرۇزى» (رامىزان ئېيى ) قاتارلىق ئىسىملارنى ياسايدۇ .

«زىيا»

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ ، ئەسلىي تەلەپپۇزى «زىيائ» . ئۇ «نۇر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ ۋە ئەرلەر ئۈچۈن «زىياقەمەر» (ئاي نۇرى ) ، «زىيائۇللا» (ئاللانىڭ نۇرى ) ، «زىيائىدىن» (دىنىنىڭ نۇرى ) ، «مۇھەممەدزىيا» (مۇھەممەدنىڭ نۇرى ) ، «ئەھمەدزىيا» (يۇقىرىقىغا ئوخشاش ) دېگەندەك ؛ ئاياللار ئۈچۈن «زىياخان» (نۇرلۇق ئايال ) ، «زىياگۈل» (نۇرلۇق قىز ) ، «ئايزىيا» (ئاي نۇرى ) دېگەندەك ئىسىملارنى ياسايدۇ .

«ساھىب»

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ ، «ئىگە ، ئىگە بولغۇچى ، ئىگىلىگۈچى ، دوست ، سۆھبەتداش ، ھەمراھ ، ئىشداش» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بېرىدۇ ۋە ئەرلەر ئۈچۈن «ساھىبدىل» (ئاق كۆڭۈل كىشى ) ، «ساھىبنەزەر» (ئۆتكۈر ، دىتى بار كىشى ) ، «ساھىبكامال» (كامالەت ئىگىسى ) ، «نۇرساھىب» (ئاللا ئىگەم بەرگەن ئوغۇل ) دېگەندەك ؛ ئاياللار ئۈچۈن «ساھىبجامال» (چىرايلىق ) ، «ساھىبنىسا» (ئاياللارنىڭ دوستى ) ، «ئايساھىب» (ئاينىڭ ھەمراھى ) دېگەندەك ئىسىملارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ .

«شاد»

بۇ پارسچە سۆز بولۇپ ، «خۇشال ، خۇشاللىق ، خۇشال ـ خۇرام» دېگەن مەنىلەرنى

بىلدۈرىدۇ ھەم پەرزەنتىنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن شۇ ئائىلىگە خۇشال ـ خۇراملىق ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ خۇشاللىقتا چۆمگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ . ئۇ ئەرلەر ئۈچۈن دىلشاد (كۆڭلى خۇشال ) ، «نەۋشاد» (يېڭى خۇشاللىق ) ، «شادمۇھەممەد» (شاد : ئىسمى ، مۇھەممەد : سۈپىتى ) دېگەندەك ؛ ئاياللار ئۈچۈن «گۈلشاد» (خۇشال قىز ) ، «ئايشاد» (يۇقىرىقىغا ئوخشاش ) ، «شادگۈل» (يۇقىرىقىغا ئوخشاش ) دېگەندەك ئىسىملارنى ياسايدۇ .

«يار»

بۇ پارسچە سۆز بولۇپ ، «دوست ، ھەمراھ» دېگەن ئاساسلىق مەنىدە ۋە «ئاللا» دېگەن كۆچمە مەنىدە كېلىپ ، ئەرلەر ئۈچۈن «يارۇللا» (ئاللانىڭ دوستى ) ، «يارئەلى» (ئەلىنىڭ دوستى ) ، «يارمۇھەممەد» (مۇھەممەدنىڭ دوستى ) ، «خۇدايار» (خۇدا يار بولغاي ) ، «مۇھەممەديار» (مۇھەممەد يار بولغاي ) دېگەندەك ؛ ئاياللار ئۈچۈن «يارخان» (دوست ، ھەمراھ ئايال ) ، «يارسەنەم» (گۈزەلنىڭ دوستى ) ، «گۈليار» (گۈل بىلەن ھەمراھ ) دېگەندەك ئىسىملارنى ياسايدۇ .

دېمەك ، بىرقەدەر ئاز قوللىنىلىدىغان ئىسىم ياسىغۇچى ۋە ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى تەركىبلەر يۇقىرىقىلارلا ئەمەس ، تېخىمۇ ئاز قوللىنىلىدىغان (ئۇنىدىن تۆۋەن ياكى ئۇن ئەتراپىدىكى ئىسىمنىڭ ياسىلىشىغا ۋە ئۆزگىرىشىگە ئاساس بولىدىغان ) يەنە بىرمۇنچە ئىسىم ياسىغۇچى ۋە ئۆزگەرتكۈچى تەركىبلەر بار . مەسىلەن ، «ئابا ، ئارتۇق ، ئالىي ، بەخش ، بەنى ، بوۋا ، پاتىمە ، پاشا ، پەزل ، پەيز ، پىدا ، پىر ، تۇرغۇن ، تۇرۇپ ، تۆمۈر ، تۇرك ، تىلەك ، تىللا ، جاھان ، جۇمە ، چولپان ، چىمەن ، خاس ، دادا ، زىبا ، سەئدۇن ، سۇبھى ، سۇلتان ، شەيخ ، غەنى ، غىياس ، قارا ، قەمەر ، قوش ، قۇت ، قۇتلۇق ، قۇربان ، قۇزى ، كۈمۈش ، كۈن ، گۆھەر ، گۈزەل ، مەخدۇم (مەخسۇم ) ، مارجان ، مەريەم (مارىيە ) ، نەزەر ، نەۋ ، ھاۋا ، ھەلىم ، ھۆسنى ، ئوغۇز ، ئۇلۇغ ، ئۈممۇ ، ئۇيغۇر ، ئېيد (ھېيت ) ، ئىپار ، ئىززەت ، ئىگەم ، ئىمام ، يۇلتۇز» قاتارلىقلارغا ئوخشاش . ئۇنىڭدىن باشقا ، يەنە بەزى ئەر ـ ئاياللار ئىسىملىرىنى كەمسىتىپ سەتلىمە ئىسىم شەكلىدە ئاتاشتا قوللىنىلىدىغان ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى قوشۇمچىلارمۇ بار . ئۇلار ئىسىملارنىڭ ئاخىرى «ئا ، ئە» كەلگەندە بىۋاسىتە ئۇلىنىدىغان ، بولمىسا «ئا ، ئە» قوشۇلۇپ ، ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن «ق ، ك ، ش ، م» لاردىن ئىبارەت ( «م» سەتلىمە ئىسىم قوشۇمچىسى بولۇپمۇ ، ئالاھىدە ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى قوشۇمچە بولۇپمۇ كېلىدۇ ) . مەسىلەن ، «نۇراق ، نۇرەك ، نۇرەش ، نۇرەم» دېگەن ئىسىملاردىكى ئاۋۋال «ئا ، ئە» كەلگەندىن كېيىن ئۇلانغان «ق ، ك ، ش ، م» لارغا ئوخشاش . ئاخىرى «ئە» بىلەن كەلگەن ئاياللارچە ئىسىملار سەتلىمە ئىسىملارغا ئايلىنىشتا «ئە» تاۋۇشى «ئۇ» غا ئالمىشىدىغان ئەھۋال بار . مەسىلەن ، «سەلىمە — سەلىمۇق (سەمۇق ) ، ھەلىمە — ھەلىمۇق» (ھەمۇق ) دېگەنلەرگە ئوخشاش . ئۇنىڭدىن باشقا ، بەزى ئاياللارچە ئىسىملار «ئا ، ئە» قوشۇلغان ئاساستا «ش ، ق» ئارقىلىقمۇ سەتلىمە ئىسىمغا ئۆزگىرىدۇ . مەسىلەن ، «سەيلاق ، سەيلەش ، رەھىمەش ، رەيمەش ، مەگلەش ، قەمەش ، زورەش» دېگەنلەردەك . لېكىن سەتلىمە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا «جان ، ئاكا ، ئاچا» قاتارلىق ھۆرمەت قوشۇمچىلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى قوشۇلسا (ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى ئالاھىدە قوشۇمچە «م» ئۈستىدە توختالغاندا تەكىتلىگىنىمىزدەك) ، قايتىدىن سىلىق ھالەتكە ، نورمال ئىسىمغا ئۆزگىرىدۇ . مەسىلەن ، «تۇراقجان ، تۇراقئاكا ، مەخلەشئاچا ، سەلىمۇقئاچا» (سەمۇقئاچا) دېگەنلەردەك .

ئىسىم ياسىغۇچى ۋە ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى بۇ خىل تەركىبلەر ئۆزئارا قوشۇلۇپمۇ نۇرغۇن يېڭى ئىسىملار ياسىلىدۇ . مەسىلەن ، ھاجىگۈل ، ئايتۇرسۇن ، جانانگۈل ، خانقىز ، گۈلنىسا ، ئاخۇنھاجى ، بەگمۇھەممەد ، مەۋلانىياز ، ئاللاقۇل ، خۇدايار دېگەنلەردەك .

يىغىنچاقلىغاندا ، ئۇيغۇر ئىسىم مەدەنىيىتىدە ، يۇقىرىقىدەك تەركىبلەردىن پايدىلىنىپ ، نۇرغۇن ئىسىملارنىڭ پەرقلىق ھالدا ۋۇجۇدقا كېلىشى بىلەن ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى يېڭىلىنىدۇ ۋە تولۇقلىنىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكى تېخىمۇ روشەن بارلىققا كېلىدۇ .

# ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ جىنس ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى مۇئەييەن مەنە ۋە قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئىسىملىرى ئايرىم بولۇشتەك ئۆزىگە خاس جىنس ئالاھىدىلىكىگىمۇ ئىگە. بۇمۇ مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ بىر بەلگىسى. كىشى ئىسىملىرىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئىسىم مەدەنىيىتىدە ئوخشاشلا مەۋجۇت بولۇۋەرمەيدۇ ياكى گەۋدىلىنىپ كەتمەيدۇ. خەنزۇلارنىڭ كىشى ئىسىملىرىدىمۇ ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئىسىملىرى سىستېمىلىق ئايرىلغان ئەمەس، بەلكى رەسمىي ھۆججەتلەردە ئاياللارنىڭ ئىسمى ئالايىتەن ئەسكەرتىلىدۇ. مەسىلەن، «ۋۇ يى (ئايال)، ليۇ لېيىڭ (ئايال)، ما ۋېن (ئايال)، پىڭ گاڭ (ئايال) دېگەندەك» («قەشقەر گېزىتى»، 1997 ـ يىل 20 ـ سېنتەبىر سانى 1 ـ بەت).

ئەرلەر ۋە ئاياللار ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئىسىملار ياكى ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئىسىملىرىنى پەرقلەندۈرۈش سۆزلىرى، قوشۇمچىلىرى ئايرىم بولۇش ۋە ئېنىق بولۇش كىشى ئىسىملىرىدىكى بىر خىل مۇكەممەللىكنىڭ ئىپادىسى. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى گەرچە ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ھەر خىل دىن ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، بەلگىلىك دەۋر ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىدە پەيدىنپەي جىنس ئالاھىدىلىكىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ۋە ساقلاپ، دەسلەپكى قەدەمدە بىرقەدەر قېلىپلاشقان ئىسىم تۈركۈمىگە ئايلانغان.

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى جىنس ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلەنگەن:

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ۋە توتېم ئادەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا ئۆزلىرىگە بۆرە، ئارسلان، ياغان (پىل)، قاپلان، قاچىغار (قوچقار)، چاغرى (لاچىن)، بۈركۈت قاتارلىق ھايۋانلار، قۇشلارنىڭ ئىسىملىرىنى ۋە كۈن، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرى، شۇنىڭدەك تەبىئەتتىكى باشقا نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى، مىللەت، قەبىلە نامىلىرىنى قويۇشقان بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ھاللاردا يۇقىرى تەبىقىدىكى ئەرلەر ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا «تېكىن» (شاھزادە)، «بەگ» (خان)، «بۆكە» (باتۇر)؛ ئاياللار ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا «بېگىم» (خانىم، خانىمىز)، «بىكە» (خېنىم، خانقىز)، «قاتىن» (خوتۇن، خانىش) دېگەنلەردەك سۆزلەرنى قوشۇپ، «ئارسلان تېكىن»، «چاغرى بەگ»، «قاچىغار بۆكە»؛ «يۇلتۇز بېگىم»، «ئاي بىكە»، «تۇركان قاتىن» دەپ ئاتاپ، ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئىسىملىرىنى بەلگىلىك دەرىجىدە پەرقلەندۈرگەن.

مىلادىيە 10 ـ ئەسىرلەردە ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەرەب، پارس مەدەنىيىتى تەسىرى بىلەن ئەرەبچە، پارسچە ئىسىم قويۇش ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بارا ـ بارا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئومۇملاشتى ، بولۇپمۇ «قۇرئان كەرىم» نىڭ تىلى بولغان ئەرەب تىلىنىڭ ئۇلۇغلىنىشى ۋە ئۆگىنىلىشى بىلەن ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەرەبچە ئىسىملار ئىگىلىدى ھەمدە ئەرەب تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ مۇزەككەر (ئەركەك جىنس) ، مۇئەننەس (چىشى جىنس) دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىك ئاساسىدا ، ئەر - ئاياللار ئىسىملىرى ئەرەب كىشى ئىسىملىرىدەك روشەن جىنس پەرقى بويىچە قويۇلىدىغان بولدى . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئەرلەرگە مۇزەككەر ئىسىملارنى ، ئاياللارغا مۇئەننەس ئىسىملارنى قويۇش ئۇيغۇرلار ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىدىغان ئاڭلىق ئادەتكە ئايلاندى . بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك تۆۋەندىكىدەك كونكرېتلاشتى :

(1) ئەرەبچىدە ئىش - ھەرىكەتنى ئورۇندىغۇچىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ۋە ئۈچ ھەرپلىك پېئىللاردىن شاخلانغان① «ئادىل ، كامىل ، ماجىد ، نادىر» دېگەندەك ئىسىملار ئەرلەرگە قويۇلسا ، ئۇلارنىڭ مۇئەننەس شەكلى «ئادىلە ، كامىلە ، ماجىدە ، نادىرە» قاتارلىقلار ئاياللارغا قويۇلدى .②

(2) ئەرەبچىدە ئۈچ ھەرپلىك پېئىللاردىن شاخلىنىپ ، ئىش - ھەرىكەتنى دائىم ئورۇندىغۇچىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان «كەرىم ، رەھىم ، سەلىم ، ھەكىم» دېگەندەك ئىسىملار ئەرلەرگە قويۇلۇپ ، ئۇلارنىڭ مۇئەننەس شەكلى بولغان «كەرىمە ، رەھىمە ، سەلىمە ، ھەكىمە» قاتارلىقلار ئاياللارنىڭ ئىسمى قىلىندى .

(3) ئەرەبچىدە ئۈچ ھەرپلىك پېئىللاردىن شاخلىنىپ ، ئىش - ھەرىكەتنىڭ نىسبەتەن ئارتۇقراق ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سېلىشتۇرما ئىسىملارنىڭ مۇزەككەر بىرلىك شەكىللىرى ئەرلەرگە ئىسىم قىلىندى . مەسىلەن ، «ئەكبەر ، ئەكرەم ، ئەھمەد ، ئەشرەپ» دېگەنلەردەك .

(4) ئەرەبچىدە ئۈچ ھەرپلىك پېئىللاردىن شاخلىنىپ ، ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتىنى ياكى ئىش - ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان «مەھبۇب ، مەھمۇد (مەخمۇت) ، مەھپۇز (مەپىز) ، مەنسۇر» (ماڭسۇر) قاتارلىق ئىسىملار ئەرلەرنىڭ ئىسمى بولۇپ كەلسە ، ئۇلارنىڭ مۇئەننەس شەكىللىرى بولغان «مەھبۇبە ، مەھمۇدە ، مەھپۇزە ، مەنسۇرە» قاتارلىق ئىسىملار ئاياللارغا قويۇلدى .

(5) ئەرەبچىدە ئۈچ ھەرپلىك پېئىللاردىن شاخلىنىپ ، ۋاقىت ، ئورۇن ۋە نەرسە ناملىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار ئاساسەن ئەرلەرگە قويۇلدى . مەسىلەن ، «مەرسەد ، مەشئەل ، مەشرەب ، مەنزەر ، مەنۋەر» دېگەنلەردەك .

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا ئەر - ئاياللارنىڭ ئىسىملىرىنى پەرقلەندۈرۈش سۆزلىرى ۋە قوشۇمچىلىرى ئايرىم بولۇش بىلەن بىللە ، ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن مەزمۇنمۇ بەلگىلىك پەرق قىلىدۇ . جىنس پەرقى مەزمۇن جەھەتتىمۇ ئەكس ئېتىدىغان ئەھۋال ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا ئەرەب ، پارس كىشى ئىسىملىرىغا قارىغاندا ئۆزگىچە شەكىللەنگەن بولۇپ ،

① ئەرەبچىدە پېئىللار ئۈچ ھەرپلىك ۋە ئۈچتىن ئارتۇق ھەرپلىك دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ ۋە ھەر خىل ئىسىملار ئاساسەن پېئىللاردىن شاخلىنىپ چىقىدۇ .
② ئەرەبچىدە مۇئەننەس ئىسىملارنىڭ ئاخىرى ئاساسىي جەھەتتىن زەبەرلىك («ئە») ئوقۇلىدۇ .

ئۇنىڭدا ئەرەبچە، پارسچە ئىسىملارنىڭ مەزمۇن جەھەتتىمۇ پەرقلىنىدىغان قىسمەن ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئۆزىگە خاس مەزمۇن ئۆلچىمى بىرلەشكەن. ئۇنى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئۆزىگە خاس يارىتىلغان جىنس پەرقى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

(1) ئۇيغۇرلار ئەنئەنىۋى ئىسىم تاللاش ئادىتى بويىچە كۈچلۈكلۈك، باتۇرلۇق، مەردلىك، چىدام ـ غەيرەت ۋە ھوقۇق مەزمۇنىدىكى ئىسىملارنى؛ مەھكەم، قاتتىق، قوپال نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى ئەرلەرگە قوللانغان. ئۇنىڭدىن باشقا، قۇش ۋە ھايۋانلارنىڭ نامىنى كىشى ئىسمى قىلىپ قويغاندىمۇ، ئەرلەرگە كۈچلۈك، چوڭ قۇش ۋە ھايۋانلارنىڭ نامىنى تاللاپ قويغان. مەسىلەن، «ئەزىمەت، باتۇر، قەھرىمان، قۇدرەت، جۈرئەت، غەيرەت، غەيۇر، كۈرەش، غالىب، ئالماس، پولات، پالتا؛ يولۋاس، ئارسلان، تۇلپار، شۇڭقار، بۈركۈت» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

(2) گۈزەللىك، نازۇكلۇق، مېھرىبانلىق، ئۆز قىممىتىنى ساقلاش، ئەخلاق، قەلب، كۆيۈمچانلىق مەزمۇنىدىكى ئىسىملارنى؛ چىرايلىق، نازۇك، ئېسىل، تاتلىق، خۇشپۇراق نەرسىلەر، چىرايلىق گۈل ـ گىياھلار، يۇمران مايسىلار، يېشىل دەل ـ دەرەخلەرنىڭ نامىلىرىنى؛ مۇلايىم، ئوماق، كىچىك قۇش ۋە ھايۋانلارنىڭ نامىنى ئاياللارغا قويغان. مەسىلەن، «گۈلشەن، چىمەن، مايسا، چولپان، ئاي، يۇلتۇز، جەننەت، ئالتۇن، كۈمۈش، ياقۇت، گۆھەر، مارجان، مەرۋايىت، ياقۇت، زۇمرەد، مېھرىبان، زىبا، شېكەر، ناۋات، ئالما، ئانار، زەيتۇن، رەيھان، ياسىمەن، قۇندۇز، سۆسەر، تۇتى» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

(3) «ئاخۇن، ئەل، ئەمىر، ئىل، باي، بەگ، تاي، جان، چوڭ، خوجا، سەييىد، شاھ، قارى، قۇل، مەخدۇم (مەخسۇم)، مەۋلا (موللا)، مىر، مىرزا، ھاجى، نىياز» دېگەندەك ئىسىملار ئۆزىدە ئىپادە قىلىنغان مەزمۇنغا ئاساسەن، ئومۇمەن ئەرلەر ئۈچۈن سۈپەت ۋە قوشۇمچە ئىسىم بولۇپ، يەنىلا ئەرلەرگە قويۇلىدىغان يېڭى ئىسىم ياسايدىغان بولدى. يۇقىرىقى ئىسىملار يەنە بىر ـ بىرى بىلەن قوشۇلۇپمۇ ئەرلەرنىڭ مۇستەقىل ئىسىملىرىنى شەكىللەندۈردى. مەسىلەن، «ئەمىر، چوڭ، خوجا، سەييىد، قارى، مەخدۇم، مەۋلا، مىرزا، ھاجى، نىياز» لار ئەرلەرنىڭ خاس ئىسمى بولغان بولسا، «ئەلنەزەر، ئەمىرھەمزە، ئاماتقۇل، ئەلىچوڭ، تۇرسۇنبەگ، مىرقادىر، مىرزىئالىم، قاسىمجان، سەئدىنھاجى، مەھمۇدقارى، ۋەلىمەخدۇم، نۇرتاي، سەييىدئەكرەم، نىيازئەلى» دېگەن ئىسىملاردا مەلۇم بىر مۇستەقىل ئىسىمغا قوشۇلۇپ، ئىسىم ياسىغۇچى ياكى ئۆزگەرتكۈچى بولدى. «ئاخۇنقارى، بەگھاجى، ئاخۇنمەۋلا (ئاخۇنموللا)، بايھاجى، قارىھاجى، مىرزىھاجى، نىيازئاخۇن (نىزاخۇن)، چوڭھاجى، شاھمىرزا، شاھنىياز، خوجانىياز، مىرشاھ، سەييىدنىياز، قۇلخوجا، ئىلشاد» دېگەندەك ئىسىملار بىر ـ بىرى بىلەن قوشۇلۇپ، يەنىلا ئەرلەرنىڭ ئىسمى بولدى.

(4) مەنە ئېتىبارى بىلەن ئەرەبچە، پارسچە دىنىي ۋە مەمۇرىي دەرىجە ـ ئەمەل نامىلىرىمۇ ئەرلەرگە قويۇلدى. مەسىلەن، «خوجا (سەييىد)، شەيخ، قازى، مۇپتى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

خەلپىتىم ، ھاكىم ، ۋالى» دېگەنلەرگە ئوخشاش .

(5) مەنە ئالاھىدىلىككە ئاساسەن ، «گۈل ، ئاي ، نىسا (ئايال) ، قىز ، ماھى (ئاي) ، بىبى (بۈۋى) ، خېنىم ، خان» قاتارلىق ئىسىملار ئومۇمەن ئاياللار ئۈچۈن خاس ئىسىم بولۇش بىلەن بىر چاغدا ، ئاياللارنىڭ مەلۇم بىر مۇستەقىل ئىسمى ئۈچۈن سۈپەت ياكى قوشۇمچە ئىسىم بولۇپ ، يەنىلا ئاياللارغا قويۇلىدىغان يېڭى ئىسىم ھاسىل قىلدى ، شۇنىڭدەك بۇ ئىسىملارمۇ بىر - بىرى بىلەن قوشۇلۇپ ، ئاياللارنىڭ مۇستەقىل ئىسمى بولۇش رولىنى ئوينىدى . مەسىلەن ، «نىسا ، بىبى» (بۈۋى) لار ئاياللارنىڭ خاس ئىسمى بولسا ، «ئارزۇگۈل ، ئاينۇر ، قەمەرنىسا ، تىللاقىز ، مەريەمخان» دېگەن ئىسىملار يەنە بىر مۇستەقىل ئىسىم بىلەن قوشۇلۇپ ، قوشۇمچە ئىسىم ياكى سۈپەت بولۇپ كەلدى . «ئايخان ، ئايخېنىم ، ئايبىبى (ئايبۈۋى) ، بىبىنىسا (بۈنىسا) ، ئايگۈل ، ئاينىسا ، گۈلقىز ، خانقىز ، ماھگۈل» قاتارلىقلاردا ، ئۇلار بىر - بىرى بىلەن قوشۇلۇپ ، يەنىلا ئاياللارنىڭ ئىسمىنى بارلىققا كەلتۈردى .

(6) «گۈل ، قىز ، خان ، ئاي ، ماھى ، بىبى ، خېنىم» قاتارلىقلار ئۆزىدە ئىپادە قىلىنغان مەنە بويىچە ئاياللارنىڭ ئىسمىنى پەرقلەندۈرۈشمىزنىڭ ئاساسى بولۇپ خىزمەت قىلدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل سۆزلەر قوشۇلغان ئىسىملار ئومۇمەن ئاياللار ئۈچۈن خاس دەپ ھېسابلانغاچقا ، ئۇلار ئەرلەرنىڭ بەزى ئىسىملىرىنى ئاياللارنىڭ ئىسىملىرىغا ئايلاندۇردى . مەسىلەن ، «ئازاد + گۈل ، ھەسەن + گۈل ، مەۋلا (موللا) + قىز ، تاجى + قىز ، چوڭ + خان ، ھاجى + خان ، قارى + خان ، تۇردى + خان ، توختى + خان ، ئاي + تۇرسۇن ، تۇرسۇن + گۈل ، تۇرسۇن + قىز ، ماھى + نۇر ، نۇر + بىبى (بۈۋى) ، ھاجى + خېنىم» دېگەنلەردەك .

(7) ئاللانىڭ ئىسىملىرى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسىم ، سۈپەتلىرى دېگۈدەك ئەرلەرگە قويۇلۇش بىلەن بىللە ، «ئابدۇ (بەندە ، قۇل ، كىشى ، ئىنسان) ، ئاللا ، دىن ، ئەبۇ» (ئاتا) دېگەن سۆزلەر مەنە ئېتىبارى بىلەن ئەرلەرنىڭ ئىسمىغىلا قوشۇلۇپ ، ئەرلەر ئىسىملىرى ئۈچۈن بىر ئالاھىدىلىك بولدى . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئەرلەرگە خاس ئىسىم ياسىغۇچى قىلىنىپ قوللىنىلدى . شۇڭا ، بۇ خىل سۆزلەر قوشۇلغان ئىسىملار پۈتۈنلەي ئەرلەرنىڭ ئىسمى ھېسابلاندى . مەسىلەن ، «ئابدۇلھەمىد ، ئابدۇرەھىم ، نۇرۇللا ، ئەمرۇللا ، نۇرىدىن (نۇردۇن) ، شەمسىدىن ، ئەبۇلقاسىم ، ئەبۇبەكرى» دېگەنلەردەك .

(8) ئۇيغۇر ھازىرقى زامان كىشى ئىسىملىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئەرەبچە ، پارسچە كىشى ئىسىملىرىنى ئۆلگە قىلغانلىقتىن ، ئەرەبلەر ۋە پارسلار تەرىپىدىن ئەرلەرگە قويۇلغانلىرى بىزدىمۇ ئەرلەرگە ، ئۇلاردا ئاياللارغا قويۇلغانلىرى بىزدىمۇ ئاياللارغا قويۇلۇپ ، تارىختىكى ئەر - ئايال ئىسىملىرى ئىزچىللاشتۇرۇلدى .

بىرىنچى ، پەيغەمبەرلەر ، چاھارىيارلار ، خان - پادشاھلارنىڭ ، سەركەردىلەرنىڭ ئىسىملىرى ئومۇمەن ئەرلەرگە قويۇلدى . مەسىلەن ، «ئىبراھىم ، ئىسمائىل ، ئېيسا ، مۇسا ، مۇھەممەد ، ئوسمان ، ئەلى ، ئىسكەندەر ، رۇستەم ، ھارۇن» دېگەنلەردەك .

ئىككىنچى ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنتلىرى ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى

ئىچىدىكى ئەرلەرنىڭ ئىسمى بىزدىمۇ شۇ پېتى ئەرلەرگە، ئاياللارنىڭ ئىسمى ئاياللارغا قويۇلدى. مەسىلەن، «ئەلتەيىپ (ئولتىيىپ)، ھەسەن، ھۈسەيىن» قاتارلىقلار ئەرلەرگە قويۇلسا، «زەينەپ، ئۇمۇكۇلسۇم (ئىمىگۇلسۇم)، پاتىمە» قاتارلىقلار ئاياللارغا قويۇلدى.

ۋاھالەنكى، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ جىنس ئالاھىدىلىكى نۇقسانسىز ئەمەس. چۈنكى، ئۇ يەنىلا مۇكەممەللىشىش ۋە قېلىپلىشىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئەستايىدىل تەتقىق قىلساق، ئۇنىڭدا جىنس ئالاقىدار بەزى مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى، قېلىپلىشىش دەرىجىسىنىڭ تېخى يۇقىرى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىمىز.

(1) ئەرەبچىدە ئۈچتىن ئارتۇق ھەرپلىك پېئىللاردىن شاخلانغان، مەنە جەھەتتىن بەزىلىرى ئىش ـ ھەرىكەتنى ئورۇندىغۇچىنىڭ، يەنە بەزىلىرى ئىش ـ ھەرىكەت ئوبيېكتىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان بىر تۈركۈم ئىسىملار بولۇپ، ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم قېلىپتىكى ئىككى خىل ئىسىم بولسىمۇ، لېكىن كونكرېت قوللانغاندا ئارىلىشىپ، بىر خىل قېلىپتىكى ئوخشاش ئىسىمنىڭ بەزىلىرى ئەرلەرگە، يەنە بەزىلىرى ئاياللارغا قويۇلغان. بۇنىڭدا، مەلۇم جەھەتتىكى ئادەتلىنىش ياكى بەلگىلىك مەنە ئاساس قىلىنغان. مەسىلەن، بىر خىل قېلىپتىكى «مۇكەررەم، مۇقەددەس، مۇنەۋۋەر، مۇزەپپەر، مۇئەززەم، مۇنائىم، مۇقارىب، مۇجاھىد» دېگەن ئىسىملار ئىچىدە «مۇزەپپەر، مۇئەززەم، مۇقارىب، مۇجاھىد» ئەرلەرنىڭ ئىسمى بولسا، قالغانلىرى ئاياللارنىڭ ئىسمىدۇر.

(2) ئەرەبچىدە ھەر خىل پېئىللارنىڭ تومۇرى (مەنبەسى) ھېسابلىنىدىغان ۋە ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ نامىنى (ھەرىكەتنامىنى) بىلدۈرىدىغان مۇئەننەس ئىسىملار قائىدە بويىچە ئاياللارغا قويۇلىدۇ. ئەمما، بۇ خىل ئىسىملارنىڭ بەزىلىرى ئەرلەرگىمۇ قوللىنىلغان. بۇمۇ بىر تەرەپتىن، ئادەتلىنىش، ياقتۇرۇش تۈپەيلىدىن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مەنە ياكى گۈزەللىك ئۆلچىمى بويىچە بارلىققا كەلگەن بىر خىل ئىختىيارەن پەرق ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، «ساداقەت، سالامەت، كارامەت، لاتاپەت، مۇھەببەت، مەغپىرەت، دىيانەت، راھەت، نۇسرەت» دېگەن ئىسىملار ئاياللارغا قويۇلسىمۇ، لېكىن مۇشۇ خىل قېلىپتىكى «جاسارەت، شىجائەت، رەپقەت، خىزمەت، شەۋكەت، رەھمەت، تەلئەت، غەيرەت، جۈرئەت» دېگەندەك ئىسىملار ئەرلەرگە قويۇلغان.

(3) ئەر ـ ئاياللارغا قويۇشتا ئانچە پەرقلەندۈرەلمەيدىغان ياكى ئاسانلا ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىدىغان، ئاڭلىماققا جىنس پەرقىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان، بەزى رايونلاردا ئەرلەرگە قويۇلسا، بەزى جايلاردا ئاياللارغا قويۇلىدىغان ئايرىم ئىسىملار بار. مەسىلەن، «ئازاد، ئاسىم، ئايەت، ئايدىل، ئەسما، ئەلنۇر، ئەنسار، بۇلبۇل، تاجىپاشا، تاۋار، تىللا، جاسارەت، خانزاد، خەلىپە، خەيرى، خۇشدىل، خۇمار، خىسلەت، دىلاۋەر، ساداقەت، سەمەندەر، سۇبھى، شاھىدىل، شەھرىيار، شەئبان، قەمەر، كاپالەت، مەئسۇم (مەسۇم)، مۇئەتتەر، مۇختەبەر، مۇختەسەر، مۇسەممە، مۇنەۋۋەر، مۇھەببەت، مۇھتەرەم، مۇھەررەم، مۇھەييا، مېھرىزاد، ناسىب، نەسىب، نۇرئازاد، نۇرزاد،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىلگىچ ئادرېسى

نۇرزامان ، نۇسرەت ، نىدا ، ھاجىر ، ھاجىنۇر ، ھايات ، ھەسرەت ، ھۆرمەت ، ئىپتىخار ، ئىخبار ، يادىكار ، ياقۇت» قاتارلىقلار .

(4) بەزى ئىسىملار مۇئەييەن ئورتاقلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ ، ئەگەر ئۇنىڭغا ئەرلەرگە خاس ئىسىم ياكى سۆپەت ئۇلانسا ئەرلەرنىڭ ئىسمى ، ئاياللارغا خاس سۆپەت ياكى قوشۇمچە تەركىب ئۇلانسا ئاياللارنىڭ ئىسمى بولىدۇ . مەسىلەن ، «نۇر» نى ئالساق ، «نۇرجان ، نۇرىدىن ، نۇرۇللا ، نۇرئەھمەد (نۇرەخمەت) ، نۇرھاجى» دېگەندە ئەرلەرنىڭ ئىسمى شەكىللەنسە ، «نۇرخان ، نۇرگۈل ، نۇرنىسا ، نۇربىبى (نۇربۇۋى) ، نۇرخېنىم» دېگەندە ئاياللارغا خاس ئىسىم ھاسىل بولىدۇ . قوشۇلغۇچىغا قاراپ ، جىنس پەرقى تۈپتىن ئۆزگىرىدىغان بۇنداق ئىسىملار ئىنتايىن كۆپ . بۇنىڭدا باشتىن ـ ئاخىر رول ئوينايدىغىنى يەنىلا ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئىسىملىرىنى جىنس جەھەتتىن پەرقلەندۈرۈشتە قوللىنىلىدىغان تەركىبلەردۇر . بىراق ئۇلار جىنس ئۆزگىرىشىنى ھەرقانداق ئەھۋالدا كەلتۈرۈپ چىقىرالايدىغان مۇتلەق ئالاھىدىلىككىمۇ ئىگە ئەمەس . دەرۋەقە ، «خان ، ئاي ، گۈل» قاتارلىق سۆزلەر ئومۇمەن ئاياللارنىڭ بەلگىسى قىلىنىپ ، ئەرلەرنىڭ بەزى ئىسىملىرىنى ئاياللارنىڭ ئىسمىغا ئايلاندۇرۇپ قويىسىمۇ ، ئاز ساندىكى يەنە بىر قىسىم ئىسىملار ئۇنىڭلىق بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ . يەنى يۇقىرىقى سۆزلەر قوشۇلسىمۇ ، بەزى ئىسىملار ئاياللارنىڭ ئىسمى بولۇپ قالمايدۇ . مەسىلەن ، «قاسىمخان ، قادىرخان ، ئەھمەدخان ، مەھمۇدخان ، مۇھەممەدخان ، ئابدۇللاخان ، ئايبېك ، ئايمۇھەممەد ، ئايدىن ، گۈلمۇھەممەد ، ئابدۇگۈل» دېگەنلەردەك . بۇ خىل ئىسىملاردا ، ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى مۇستەقىل ئىسىملارنىڭ كۆپىنچىسى ئاللانىڭ ئىسىملىرى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسىم ۋە سۆپەتلىرى بولغانلىقى ، جىنس پەرقلەندۈرگۈچى سۆزلەر بىلەن قوشۇلۇپ بىرلىكتە ئىسىم ياسىغان «ئابدۇ ، دىن» دېگەن تەركىبلەرنىڭمۇ مۇتلەق ئەرلەر ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئالاھىدە سۆزلەر بولغانلىقى رول ئوينىغان .

(5) ئەرلەرگە خاس بەزى ئىسىملارنىڭ ئۆزگىرىشلىرى ئاياللارغا ، ئايرىم ئاياللارچە ئىسىملارنىڭ ئۆزگىرىشلىرى ئەرلەرگە قويۇلىدىغان ئەھۋالمۇ مەۋجۇت . مەسىلەن :

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئەييام | (ئەر) | ئايەم | (ئايال) |
| دىلسەمىئى | (ئەر) | دىلسەم | (ئايال) |
| دىلشەمىئى | (ئەر) | دىلشەم | (ئايال) |
| شاھزادە | (ئەر) | شازادەم | (ئايال) |
| شەئبان | (ئەر) | شاۋان | (ئايال) |
| مەينىدىن | (ئەر) | مەينەم | (ئايال) |
| ئاشىر | (ئەر) | ھاشى | (ئايال) |
| ئەسەل | (ئەر) | ھەسەل | (ئايال) |
| تەنەۋۋۇر | (ئەر) | تەنەۋەر | (ئايال) |
| ئازى | (ئەر) | ئارزۇ | (ئايال) |
| مەنۇر | (ئەر) | مەڭنۇر | (ئايال) |

| | | | |
|---|---|---|---|
| مىراج | (ئەر ) | مىئراج | (ئايال ) |
| شاناز | (ئەر ) | شاھناز | (ئايال ) |
| ئەلمايىت | (ئەر ) | ئەلمائىدە | (ئايال ) |
| رىزگان | (ئەر ) | رىزۋان | (ئايال ) |
| زىلەم | (ئەر ) | زۇلھەي | (ئايال ) |
| زىنەم | (ئەر ) | زىننەت | (ئايال ) |
| يەسمىن | (ئەر ) | ياسەمىن | (ئايال ) |

دېمەك ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ جىنس ئالاھىدىلىكىمۇ مۇرەككەپ بىر تېما ، ئۇنى داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ قوللىنىلىش ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ھەرقايسى تارىخىي مەزگىللەردە مۇئەييەن دەۋر ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىش بىلەن بىللە، ئۆز تەرەققىياتى داۋامىدا ئۆزگىچە خاس قوللىنىلىش ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئادەتتە ئۆز ئىسمى، ئاتىسىنىڭ ئىسمى ياكى چوڭ دادىسى، بوۋىسىنىڭ ئىسمىدىن ئىبارەت ئىككى بۆلەكتىن تۈزۈلىدۇ (بەزىلەر ئۆز ئىسمىدىن كېيىن ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئورنىغا چوڭ دادىسىنىڭ ياكى بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى قوللىنىدۇ). دېمەك، بىر ئۇيغۇرنىڭ پۈتۈن ئىسمى ئاشۇ ئىككى بۆلەكنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. دەرۋەقە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسمى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا يۇقىرىقى شەكىل بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بەزىلەرنىڭ ئىسمى تەركىبىدە ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمى بولغاندىن باشقا، ئاتىسىنىڭ ئىسمى ياكى چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمى، تەخەللۇسى ياكى فامىلىسى قوشۇلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. بۇ خىل ئىسىم كۆپىنچە ئالاھىدە سورۇنلاردا ياكى كىتابىي تىلدا ۋە ياكى مەتبۇئاتتا ئىشلىتىلىدۇ. كىشىلەر ئادەتتىكى ئالاقىدە پەقەت ئۆز ئىسمىنى ياكى ئۆز ئىسمىغا ئاتىسىنىڭ ياكى چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ۋە ياكى ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا لەقىمى، قوشۇمچە ئىسمىنى قوشۇپ ئاتاشنى ئادەت قىلغان. يەنە ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا دادىسىنىڭ تولۇق ئىسمىنى ياكى دادىسىنىڭ ئۆز ئىسمى بىلەن تەخەللۇسىنى قوشۇپ قوللىنىدىغانلارمۇ بار. يەنە مۇنداق ئەھۋالمۇ بار: بەزىلەرنىڭ ئۆز ئىسمى ئىككى بولىدۇ (ئەسلىي ئىسمى ياكى ئۆزگەرگەن ئىسمى بولىدۇ) ۋە ھەر ئىككى ئىسمىنى تەڭ قوللىنىدۇ. كىشىلەر بىر ـ بىرىنى چاقىرغاندا بولسا، كۆپىنچە ئۆز ئىسمىنى (يالغۇز ئىسمىنى) قوللىنىدۇ. بەزىدە ئۆز ئىسمى ئاتا ـ ئانىلار ياكى باشقىلار تەرىپىدىن ئەركىلەتمە ۋە سەتلىمە ئىسىم تەرىقىسىدىمۇ قوللىنىلىدۇ، ئەمما بۇ خىل ئەھۋال كۆپ ئۇچرىمايدۇ. بەزىلەر ياشقا چوڭلارنى، ئۆزى ھۆرمەت قىلىدىغان شەخسلەرنى ياكى رەھبەرلەرنى بىۋاستە ئاتىغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا تۇراقلىق ياكى تۇراقسىز ھالدىكى يەنە بىر قوشۇمچە ئىسمىنى (ھۆرمەت نامى، ھۆرمەت قوشۇمچىسى، سۈپەت سۆزى، كەسىپ نامى ياكى ئەمەل نامىنى) قوشىدۇ. چۈنكى مۇنداق ئاتاش ياكى چاقىرىش ھەم ئىنچام، ھەم قولاي بولىدۇ.

كىشى ئىسىملىرى ئادەتتە مۇنداق قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

يالقۇن (ئۆز ئىسمى)

مۇھەممەد ئىسمائىل (ئۆز ئىسمى + ئاتىسىنىڭ ئىسمى)

ئىلغار ئەزىز[1] (ئۆز ئىسمى + چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمى)
كامىل رەھىم[2] (ئۆز ئىسمى + چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمى)
ماھىنۇر جارى[3] (ئۆز ئىسمى + بوۋىسىنىڭ ئىسمى)
ماھىنۇر ھاجى ياقۇپ (ئۆز ئىسمى + دادىسىنىڭ تولۇق ئىسمى)
ئارسلان ئەھمەد زىيائى (ئۆز ئىسمى + دادىسىنىڭ ئىسمى + دادىسىنىڭ تەخەللۇسى)
مۇھەممەد بارات تەشنائى (ئۆز ئىسمى + ئاتىسىنىڭ ئىسمى + تەخەللۇسى)
تۇردى قۇربان يامغۇر (ئۆز ئىسمى + ئاتىسىنىڭ ئىسمى + فامىلىسى)
داۋۇدجان تۇرسۇن (ئۆزىنىڭ ئەسلىي ئىسمى + ئاتىسىنىڭ ئىسمى)
ئىقبال تۇرسۇن (ئۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن ئىسمى + ئاتىسىنىڭ ئىسمى)
مەقاش توختى (سەتلىمە ئىسىم شەكلىدىكى ئۆز ئىسمى + ئاتىسىنىڭ ئىسمى)
تۇرەك نۇرەك (سەتلىمە ئىسىم شەكلىدىكى ئۆز ئىسمى + سەتلىمە ئىسىم شەكلىدىكى ئاتىسىنىڭ ئىسمى)
ياسىن سەتەڭ (ئۆز ئىسمى + لەقىمى)
ئابدۇرەشىد قاسساپ (ئۆز ئىسمى + لەقىمى ياكى كەسپىي نامى)
ئابدۇسەمەد مەخدۇم (ئۆز ئىسمى + قوشۇمچە ئىسمى)
ئامىنگۇل (ئۆز ئىسمى + سۈپەتى ياكى ھۆرمەت قوشۇمچىسى)
زۇنۇنقىز (ئۆز ئىسمى + سۈپەتى)
مۇھەممەدجان (ئۆز ئىسمى + ھۆرمەت قوشۇمچىسى)
قايىمموللا (ئۆز ئىسمى + قوشۇمچە ئىسمى)
موللائاخۇن (ئۆز ئىسمى + قوشۇمچە ئىسمى)
قاسىمھاجى (ئۆز ئىسمى + قوشۇمچە ئىسمى)
ياسىنقارى (ئۆز ئىسمى + قوشۇمچە ئىسمى)
ئەكبەر ۋالى (ئۆز ئىسمى + ئەمەل نامى)
ئەبۇلقاسىم سېكرىتار (ئۆز ئىسمى + ئەمەل نامى)
تۆۋەندە، بىرقانچە نۇقتىلار بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم توختىلىمەن:

### 1. ئۆز ئىسمى

ئۆز ئىسمى ھەربىر ئادەمگە خاس ئالاھىدە ئاتالغۇ بولۇپ، تىل جەھەتتىن قارىغاندا قانداق تىل تەۋەلىكىگە ياكى قانداق مەنىگە ئىگە بولۇشىدىن، ھەتتا مەنىسى ياخشى بولماسلىقىدىن ياكى كونكرېت مەنىسى يوق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت شۇ شەخسنىڭ خاس نامىدىنلا ئىبارەت، ئۇ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئەڭ ئاساسىي قىسمى بولۇپ،

[1] ئىلغار ئەزىزنىڭ دادىسى ئابدۇرەھىم ئەزىزوف.
[2] كامىل رەھىمنىڭ دادىسى مۇھەممەد رەھىم.
[3] ماھىنۇر جارىنىڭ دادىسى رەھمىتۇللا، بوۋىسى جارى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەربىر ئادەمدە بولىدۇ ، خاس ئىسمى بولمىغان ئادەم يوق . ھازىرقى ئىسىم سىستېمىسىدا ئۆز ئىسمى ئالدىغا قويۇلۇپ ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ئىسىم (دادىسىنىڭ ئىسمى ) بىلەن يانداش مۇناسىۋەتتە بىرىكىدۇ . مەسىلەن ، «مۇھەممەد ئەھمەد ، خەيرىگۇل ھۇسەيىن» دېگەن ئىككى ئىسىمدىكى «مۇھەممەد ، خەيرىگۇل» دېگەنلەر شۇ شەخسلەرنىڭ ئۆز ئىسمى ھېسابلىنىدۇ .

ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئۆز ئىسمى تاق تەركىبلىك بولىدۇ ، قوش تەركىبلىك ئىسىم قوللانغانلارمۇ ئاز ئەمەس ، ھەتتا بەزىلەرنىڭ ئۆز ئىسمىلا ئۈچ ئىسىمدىن تۈزۈلگەن كۆپ تەركىبلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن . مەسىلەن ، «تۇرسۇن خوجا» دېگەن ئىسىمدا ئۆز ئىسمى «تۇرسۇن» تاق تەركىبلىك ؛ «مۇھەممەدئەلى قادىر» دېگەن ئىسىمدا ئۆز ئىسمى «مۇھەممەد + ئەلى» قوش تەركىبلىك ؛ «مۇھەممەدرەھىمھاجى تۇرسۇن» دېگەن ئىسىمدا ئۆز ئىسمى «مۇھەممەد + رەھىم + ھاجى» كۆپ تەركىبلىك سانىلىدۇ .

## 2. ئاتىسىنىڭ ئىسمى ياكى چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمى

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا ئاتىسىنىڭ ئىسمى ياكى چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئۆز ئىسمىنىڭ كەينىدە (ئىككىنچى ئورۇندا ) تۇرىدۇ . ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئادەتتە شۇ كىشىنىڭ كىمنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىسىمۇ ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئىسىملارنىڭ تەكرارلىنىپ قېلىشى ياكى ئوخشىشىپ كېتىشىدىن مەلۇم دەرىجىدە ساقلىنىش رولىنى ئوينايدۇ . لېكىن ئۇنى قانداشلىقنىڭ بەلگىسى قىلغىلى ، يەنى فامىلە ئورنىدا قوللانغىلى بولمايدۇ . چۈنكى ئىككىنچى ئەۋلادقا كەلگەندە ئاتىنىڭ ئىسمى ئۆزگىرىپ ، ئەجداد بەلگىسى بولالمايدۇ . شۇ سەۋەبتىن ، ئۇيغۇرلاردا ئوخشاش ئىسىملار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ . خالىغان بىر پارچە ئۇيغۇرچە گېزىت ياكى ژۇرنالدىنلا ياكى مەلۇم بىر سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ، بىر ئىدارە خىزمەتچىلىرى ، بىر مەھەللە كىشىلىرى ئىچىدىنلا بىر نەچچە «مۇھەممەد» ، «ئىسمائىل» ، «تۇرسۇن» دېگەندەك ئەرلەر ئىسىملىرىنى ، «ئائىشە» (ئايشەم ، ئايشىگۇل ) ، «پاتىمە» (پاتەم ، پاتىگۇل ) ، «تۇرسۇنگۇل» دېگەندەك ئاياللار ئىسىملىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ، ھەتتا ئۆز ئىسمىمۇ ، ئاتىسىنىڭ ئىسمىمۇ ئوخشاش كىشىلەرنى ھەممە جايدىن تاپقىلى بولىدۇ . شۇڭا ، ئۆز ئىسمىغا ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ئاتاش بىلەن بىللە ، فامىلە قوللىنىش زۆرۈر .

بەزىلەر ئادەتتە ئۆز ئىسمىغىلا ئەھمىيەت بېرىدۇ ، ھەتتا مەتبۇئاتتىمۇ ئۆز ئىسمىنىلا قوللىنىپ ، ماقالە ـ خەۋەر ئېلان قىلىدۇ . مەسىلەن ، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىل 4 ـ سانىدا «ئۇيغۇر تىلىدىكى چايغا ئائىت ئىبارىلەر توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە» دېگەن ماقالە «مىجىت» دېگەن بىرلا ئىمزا بىلەن ئېلان قىلىنغان . بۇ ، توغرا ئەمەس . يالغۇز ئىسىم شۇ كىشىنىڭ ھەقىقىي بەلگىسى بولالمايلا قالماستىن ، بەلكى ئاتىسىنى ياكى ئەجدادىنى ھۆرمەتلىمىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قالىدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، پەرۋاسىزلىق ، نادانلىق ، پەزىلەتسىزلىك ۋە مەدەنىيەتسىزلىكنى ئىپادىلەپ قويىدۇ .

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا ئانىنىڭ ئىسمى ئاتا ئىسمى ئورنىدا قوللىنىلمايدۇ . ئەمما ، بەزى پەرزەنتلەرگە ئالاھىدە ئەھۋالدا ئانا تەرەپ چوڭ دادا ، تاغىلىرىنىڭ ياكى بېقىۋالغان دادىسى ، ئۆگەي دادىسى قاتارلىقلارنىڭ ئىسمى ئاتا ئىسمى قىلىنىدۇ .

### 3. فامىلىسى

فامىلە تولۇق ئىسىمنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ ، ئۇ ئادەتتە ئاتىنىڭ ئىسمى ياكى چوڭ دادا ئىسمىنىڭ كەينىدە تۇرىدۇ . ئۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەر تەرىپىدىن ئوخشاشلا ئۈچىنچى ئىسىم قىلىپ قوللىنىلغاندا ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا قانداشلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ . بۇ ئەۋلادتە پەرزەنتلەر ۋە بىر تۇغقانلارنىڭ بىر نىيەتتە داۋاملاشتۇرۇلىشىغا باغلىق . ئەگەر فامىلە مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن تاشلىنىپ قالسا ، ياكى بىر تۇغقانلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنى قوللانمىسا ۋە ئۆزگەرتىۋالسا ، ئۇ ھالدا نەسەب ئۈزۈلۈپ قالىدۇ ياكى قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ . دېمەك ، فامىلىنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى رولى ئىنتايىن چوڭ . ئۇ ئەجدادلارنى ئەۋلادلارغا باغلاش بىلەن بىللە ، ئەۋلادلارنىڭ ئىتتىپاق ، ئۆم تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق .

فامىلە قوللىنىش يېقىندىن بۇيان ھەر ساھەنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ ، كەڭ ئاممىنىڭ چۈشىنىشى ۋە پەيدىنپەي ئالقىشىغا ئېرىشمەكتە . نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ئۆزلۈكىدىن فامىلە قوللىنىپ ، ئۆز ئىسمى ، ئاتىسىنىڭ ئىسمى ۋە فامىلىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىسىم سىستېمىسىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە ؛ كىشى ئىسىملىرى دەسلەپكى قەدەمدە مۇشۇ ئەندىزە ئاساسىدا قېلىپلىشىش ۋە ئومۇملىشىش يولىغا كىردى . نۆۋەتتە فامىلە قوللىنىۋاتقانلارنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا ، كىشىلەر ئىختىيارلىق بويىچە ، تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلارنى فامىلە ئاساسى قىلماقتا : (1 ) ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان باشقا ئىسىم ۋە ئىجابىي لەقەملەر ؛ (2 ) كەسىپ نامى ؛ (3 ) بەزى تەخەللۇسلار ؛ (4 ) چوڭ دادىلىرىنىڭ ئىسىملىرى ياكى ئەجدادلىرىنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم بىرسىنىڭ ئىسمى ؛ (5 ) شۇ ئائىلىدىكى مەلۇم بىر كىشىنىڭ ئىسمى ياكى ئەسلىي ئىسمى ؛ (6 ) شۇ ئائىلىدە خاتىرىلەشكە تېگىشلىك مەلۇم بىر ئىسىم ؛ (7 ) شۇ كىشىنىڭ يۇرت نامى ؛ (8 ) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى دەرىجە ـ ئەمەلناملىرى ؛ (9 ) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ھۈنەر ـ كەسىپ ناملىرى ؛ (10 ) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئېيتىلىشقا ئوڭاي ، مەنىسى چۈشىنىشلىك ، مەقسەتكە مۇۋاپىق ، ئۇرغۇلۇق ، ئىخچام سۆزلەر ؛ (11 ) قەدىمكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىرى ، شاھزادىلىرى ۋە سەركەردە ، باتۇرلىرىنىڭ خاس ئىسىملىرى ، قوشۇمچە ناملىرى ؛ (12 ) «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى» كىتابىدىكى ياخشى مەنىلىك ، گۈزەل ئىسىملار ؛ (13 ) مەلۇم بىر ئائىلىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ياكى ئەجدادىغا ئالاقىدار باشقا ئىسىملار ؛ (14 ) ئوخشىتىش ۋە سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئىگە ، تەبىئەت ، جەمئىيەت ، تارىخ ۋە مەدەنىيەتكە دائىر تۈرلۈك سۆزلەر......

### 4. باشقا ئىسمى ياكى ئۆزگەرگەن ئىسمى

روشەنكى ، بۇ بىر كىشىنىڭ ھەقىقىي ئىسمىدىن باشقا ، يەنە بىر نامىنى (ئىككىنچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىر ئۆز ئىسمىنى ) كۆرسىتىدۇ . ئۇ بىر كىشىنىڭ ھازىرقى ئىسمىدىن بۇرۇنقى ئىسمىنى ۋە ئەسلىي ئىسمىدىن كېيىن ئۆزگەرگەن ئىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

ئەسلىي ئىسمىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇنداق ئۈچ جەھەتتىن بولىدۇ : بىرى ، ئاتا ـ ئانىلار مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن پەرزەنتىگە باشقا ئىسىم قويىدۇ ياكى پەرزەنتى كىچىك ۋاقتىدا باشقا بىر ئىسىم بىلەن ئەركىلىتىپ ئاتاپ ، كېيىن شۇنىڭغا كۆنۈپ قالىدۇ ، باشقىلارمۇ شۇ ئەركىلەتمە ئىسىم بىلەن چاقىرىدۇ ـ دە ، تەبىئىي ھالدا ئەسلىي ئىسىم ئۆزگىرىپ كېتىدۇ . مەسىلەن ، «ئەھەد روزى» دېگەن كىشىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ئەركىلىتىپ «قارى بالام» دەپ چاقىرغانلىقتىن ، ئۇنىڭ ئىسمى كېيىن «قارى روزى» بولۇپ قالغان .

يەنە بىرى ، باشقىلار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىۋېتىلىدۇ . كىشىلەر بەزىلەرنىڭ ئىسمىنى ئۆچمەنلىك ، مەسخىرە قىلىش ، كەمسىتىش ياكى قىسقارتىش تۈپەيلىدىن بۇزۇپ ئاتاپ ، قەستەن ئۆزگەرتىۋېتىدۇ . نەتىجىدە ، ئەسلىي ئىسىم باشقا بىر ئىسىمغا ئايلىنىپ قالىدۇ . مەسىلەن ، «مۇھەممەد توختى» دېگەن بىر كىشىنىڭ ئىسمى باشقىلار تەرىپىدىن بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىپ ، «مەقاش توختى» غا ئۆزگىرىپ كەتكەن . ئۇنىڭدىن باشقا ، كىشىلەر بىرەر ئىسىم ئۆزگەرتىش دولقۇنىدىن پايدىلىنىپ ، ياكى بىرەر باھانە ـ سەۋەب بىلەن بەزى ئىسىملارنى ئىسىم ئىگىسىگە مەجبۇرىي تاڭلاتقۇزىدۇ . مەسىلەن ، كەمىنە مۇئەللىپنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىدا ئوقۇيدىغان چاغلىرىمغىچە ئەسلىي ئىسمىم «ئابدۇقاھىر ، قاھىر» دەپ ئاتىلاتتى . شۇ چاغدىكى مەكتەپ مۇدىرى «بۇنداق ئىسىم قويۇش كونىلىق بولىدۇ» دېگەن گەپ بىلەن ئىسمىمنى مەجبۇرىي ھالدا «مۇتەللىپ» كە ئۆزگەرتىۋەتكەن . شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئىككى ئىسمىم بولۇپ قالغان . ھازىر مەكتەپتە ، رەسمىي سورۇنلاردا ، ئارخىپ ، ئانكېت ، تىزىملىك ، كىنىشكا قاتارلىقلاردا ۋە مەتبۇئاتتا «مۇتەللىپ» دەپ ئاتىلىمەن ؛ يۇرتۇمدا ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارىسىدا «قاھىر» دەپ چاقىرىلىمەن .

ئۈچىنچى بىرى ، مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن ئىسىم ئىگىسى ئۆزى ئۆزگەرتىدۇ . بەزىلەر كىچىك ۋاقتىدا ياكى يۇرتىدا قوللانغان ئەسلىي ئىسمىنى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ياكى كادىر بولغاندىن كېيىن ، «ئاڭلىنىشى قوپال» ، «زامانغا لايىق كەلمەيدۇ» ياكى «تىل تەۋەلىكى ، مەنىسى ياقمىدى» دېگەندەك سەۋەبلەر بىلەن ئۆزگەرتىۋالىدۇ . مەسىلەن ، «ھەۋىخان قۇربان» دېگەن ئىسمىنىڭ «ھۆرىيەت قۇربان» غا ئۆزگەرتىلگىنىگە ئوخشاش .

ئۇنىڭدىن باشقا ، يېقىندىن بۇيان ئاتا ـ ئانىلار ياكى ئىسىم ئىگىلىرى مەلۇم ئېھتىياج بىلەن ئىسىم ئۆزگەرتىش ئېلانى بېرىپ ، يېڭى ئىسىم تاللىماقتا . مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ، باشقا ئىسىم ياكى كېيىنكى ئىسىم بارا ـ بارا كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىسمىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ . بەزىلەرنىڭ باشقا ئىسمى ھازىرقى ئىسمى بىلەن تەڭ قوللىنىلىپ ، مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ .

### 5. ھۆرمەت، كەسىپ ناملىرى ياكى قوشۇمچە ئىسمى

بۇ ، ئاتىدىن بالىغا مىراس سۈپىتىدە قالىدىغان ھۆرمەت نامى ، كەسىپ نامى ياكى تۇراقلىق قوشۇمچە ئىسمىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇنىڭ قوللىنىلىشىنى باشقىلارمۇ ۋە ئىسىم ئىگىلىرىمۇ تەبىئىي ھالدا قوبۇل قىلىدۇ . مەسىلەن ، «ئابدۇسەمەد مەخدۇم» (مەخسۇم) دېگەن كىشىنىڭ ئوغۇللىرىنى شۇ يۇرتلۇق كىشىلەر ئۆزلۈكىدىن «ئابدۇقەۋى مەخسۇم ، ئابدۇسەمى مەخسۇم» دەپ ئاتىغانغا ، شۇنىڭدەك «ئەزىز» (ھەززى) قاساپ دېگەن كىشىنىڭ ئوغلىنى مەيلى ئۇ قاساپلىق قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن كىشىلەر «سەئىدىن» (سادىن) قاساپ دەپ ئاتىغانغا ئوخشاش .

لېكىن بۇ خىل ناملارنىڭ خاراكتېرى مەلۇم بىر كىشىنىڭ ئەسلىي ئىسمىغا ياكى ئۆزگەرگەن ئىسمىغا ئوخشىمايدۇ . ئەسلىي ئىسىم ياكى ئۆزگەرگەن ئىسىم شۇ شەخسنىڭ ئۆز ئىسمى سۈپىتىدە دائىم قوللىنىلىدۇ . ئەمما ھۆرمەت ، كەسىپ ناملىرى ئۆز ئىسىم بولالمايدۇ . پەقەت ئۆز ئىسمىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ياكى قوشۇمچە ئىسىملا بولىدۇ . ھەمدە ئۆز ئىسمىغا ئەگىشىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . ئەمما ، ئۆز ئىسمىغا ئاتىنىڭ ئىسمىنى قوشۇشقا توغرا كەلگەندە ، ئاتىنىڭ ئىسمىغا ئورۇن بوشۇتۇپ بېرىدۇ . مەسىلەن ، «ئابدۇسەمەد مەخدۇم» دېگەن ئىسمىغا ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى «سىددىق» نى قوشقاندا ، «ئابدۇسەمەد سىددىق» بولىدۇ . نەتىجىدە «مەخدۇم» (مەخسۇم) دېگەن ھۆرمەت نامى ياكى قوشۇمچە ئىسىم ئۆزلۈكىدىن چۈشۈپ قالىدۇ . ئۇنى قوشۇمچە ئىسىم دەپ ئاتىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇ .

ئۇ يەنە ئاتىدىن بالىغا قالمايدىغان ، بەزىدە ئىشلىتىپ ، بەزىدە ئىشلەتمەيدىغان تۇراقسىز ھۆرمەت ناملىرى ياكى تۇراقسىز قوشۇمچە ئىسىملارغىمۇ ئوخشىمايدۇ (بۇ خىل قوشۇمچە ئىسىملار ھەققىدە ئايرىم توختىلىمىز) .

قىسقىسى ، ھۆرمەت ، كەسىپ نامى ياكى قوشۇمچە ئىسىملار گەرچە مىراس تەرىقىسىدە بىر مەزگىل داۋاملاشسىمۇ ، لېكىن ئۆز ئىسمىدەك رول ئوينىيالمايدۇ ، فامىلىدەك مەڭگۈلۈككە ئىگە ئەمەس ، بەلكى مەلۇم يىللاردىن كېيىن ياكى بىر - ئىككى ئەۋلادتىن كېيىن تەدرىجىي ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ .

### 6. تەخەللۇس

بىر قىسىم ئۇيغۇر ئەدىب - شائىرلىرى ئۆز ئىسمى ، ئاتىسىنىڭ ئىسمىدىن كېيىن ئۈچىنچى بىر ئىسىم ئورنىدا تەخەللۇس قوللىنىدۇ ، ئەمما ئۇنى قەلەمكەشلەر ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىشلىتىدۇ ، يەنى شائىرلار ئۆز غەزەللىرىنىڭ خۇلاسە مىسرالىرىدا خاس ئىسمىنىڭ ئورنىدا تەخەللۇسنى يالغۇز قوللىنىدۇ ، شۇڭا ئۇ كېيىنچە كىشىلەرگە ئەسلىي ئىسمىدەكلا تونۇشلۇق بولۇپ كېتىدۇ . ھازىرغىچە ئۇيغۇرلار ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان تەخەللۇسلار ئومۇمەن «مەشرەپ ، زۇلپىقار» دېگەندەك ئىسىملاردىن ، «لۇتفى ، سەبۇرى ، تەجەللى ، سۇزۇك ، ئۆتكۈر» دېگەندەك سۈپەت سۆزلىرىدىن ، شۇنىڭدەك ئاخىرىغا «ئى» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ سۈپەتلەشتۈرۈلگەن «قەشقەرى ، خوتەنى ، يېڭىسارى ، سايرامى» دېگەندەك يەر - جاي ناملىرىدىن ، ئۇنىڭدىن باشقا ، سۈپەتلەشتۈرۈلگەن باشقا ئىسىملاردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تەشكىل تاپقان. نۆۋەتتە، سۈپەتلەشتۈرۈلمىگەن نۇرغۇن ئورۇن - جاي ئىسىملىرىمۇ ئەينەن قوللىنىلىپ تەخەللۇس قىلىنماقتا. مەسىلەن، «باغراش، كىروران، بۇغدا، كەلپىن» دېگەندەك.

تەخەللۇسمۇ فامىلىگە ئوخشاش ئۆز ئىگىسى تەرىپىدىن قويۇلۇپ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر مەنىلىك، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە، سىمۋوللۇق سۆزلەر تاللىنىدۇ. بەزى تەخەللۇسلاردا شۇ ئەدىب ياكى شائىرنىڭ مەقسەت - ئارزۇسى، ئەينى شارائىتتىكى رېئال تۇرمۇشى، جەمئىيەت قارىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولىدۇ؛ بەزىلىرىدە ئۆزىنى كەمسىتىش، تۆۋەن كۆرۈش ئېڭى ئىپادىلەنسىمۇ، بىراق ئۇنىڭدا شۇ ئەدىب ياكى شائىرنىڭ ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى زامان شۇملۇقلىرىدىن نەپرەتلىنىش، جەمئىيەتتىن نارازى بولۇش، بىزار بولۇش، ئۆز ھالىغا ئېچىنىش، مەلۇم مۇددىئانى يوشۇرۇش ھېسسىياتى نامايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن، زەلىلى (خار)، گۇمنام (نامى ئۆچكەن)، مەھزۇن (كۆڭلى پەرىشان)، ناقىس (يېتەرسىز، كەمتۈك) دېگەنلەردەك.

نۇرغۇن شائىرلار قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۆز تەخەللۇسلىرىنى ئەستايىدىل تاللاپ، ئىزچىل قوللانغانلىقتىن، ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا شۇ كىشىنىڭ ئەسلىي ئىسمىدەكلا كەڭ ئومۇملىشىپ ۋە ئەسلىي ئىسمىنىڭ ئورنىنى بېسىپ، مەڭگۈ داۋاملىشىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، نەۋايى، تەجەللى قاتارلىق كىلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ نامى ئۇلارنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسلىرى بىلەن مەشھۇر بولۇپ كەلدى.

دېمەك، تەخەللۇس مەلۇم جەھەتتىن فامىلىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ رولىنى تامامەن ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. بىرىنچىدىن، ئۇنى قوللانغۇچىلار چەكلىك؛ ئىككىنچىدىن، ئۇنى داۋاملاشتۇرىدىغىنى تەخەللۇس ئىگىسىنىڭ ئۆزىلا بولۇپ، ئەۋلادلىرىنىڭ ئۇنى قوللىنىشى ناتايىن؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى بەلگىلەشمۇ مەلۇم دائىرە بىلەن چەكلىنىدۇ، يەنى تەخەللۇس شۇ ئەدىب ياكى قەلەمكەشنىڭ شەخسىي مۇددىئاسى ۋە خاراكتېرى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدۇ.

ئەمما، تەخەللۇس قوللانغانلار ئۆزى مۇۋاپىق كۆرسە ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇنى فامىلە ئورنىدا قوللىنىشىنى تەۋسىيە قىلىپ، يېڭىدىن فامىلە تاللاپ يۈرمىسىمۇ بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندا، ئۇنىڭ تەخەللۇسى فامىلە رولىنى ئويناپ، ئەۋلادلىرى ئاسانلا فامىلىلىك بولۇپ قالىدۇ.

### 7. لەقەم

«لەقەم» ئەرەبچىدە «لەقەب» دەپ ئاتىلىدۇ ۋە «باشقا بىر ئىسىم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. گەرچە ئۇ ھەممە ئادەمدە بولمىسىمۇ، لېكىن مەيلى زىيالىي ياكى دېھقان بولسۇن، مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ھەرقانداق تەبىقىگە مەنسۇپ كىشىدە بولىدىغان (ئۆز ئىسمى ۋە ئاتىسىنىڭ ئىسمىدىن باشقا) يەنە بىر ئىسىمنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇ ئۆز ئىسمىدىن كېيىن ئىككىنچى ئىسىم ئورنىدا خىزمەت قىلىدۇ. فامىلىنىڭ رولىنى ئويناش جەھەتتە تەخەللۇستىن پەرق قىلىدۇ ياكى بەزى ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە،

يەنى لەقەم ئاتىدىن بالىغا يۇقۇپ ، بىرنەچچە ئەۋلاد داۋاملىشالايدۇ . مەسىلەن ، «ھاپىز شەيتان» دېگەن كىشىنىڭ ئوغلىنى كىشىلەر خۇددى پۇتۇشۇپ قويغاندەك «ياقۇپ شەيتان» دەپ ئاتىشىدۇ . ئۇنىڭ ئوغلىنىمۇ بەلكىم كېيىنكىلەر «× شەيتان» دېيىشى مۇمكىن .

بىراق ، لەقەممۇ فامىلىنىڭ ئورنىنى تولۇق ئالالمايدۇ . چۈنكى ، بىرىنچىدىن ، لەقەم كۆپىنچە باشقىلار تەرىپىدىن ھەر خىل سەۋەب ۋە مەقسەتلەر بىلەن قويۇلغان بولىدۇ . ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى بىزارلىق ۋە چاقچاق تۇيەيلىدىن كېلىپ چىقىدۇ . ئۇنىڭ ئىچىدە ، فىزىيولوگىيەلىك ئاجىزلىق ۋە كەمتۈكلۈك ، تېرىسىنىڭ رەڭگى ، مىجەز - خاراكتېر جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكى ياكى بىنورماللىقى ، يامان سۈپەتلىرى كەمسىتىلگەن ۋە مەسخىرە قىلىنغان سەلبىي لەقەملەر بار . مەسىلەن ، يۇنۇس تۆگە (ئۇستىخىنى تۆگىدەك كېلەڭسىز ، ئۈزۈن) ، تۇرسۇن قۇشقاچ (قۇشقاچتەك ۋىچىرلاپ تولا گەپ قىلىدىغان) ، ھاپىز شەيتان (شەيتاندەك كىشىنى ئازدۇرىدىغان) ، گۈلنىسا پور (پور كۆتەكتەك سېمىز) دېگەنلەردەك . ئىككىنچىدىن ، كۆپ قىسىم لەقەم ئىگىلىرىدە ئىختىيارلىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇلار 2 - ، 3 - ئەۋلادتىن كېيىن بەرىبىر ئۇ لەقەمنى چەكلىمىگە ئۇچرىتىدۇ ياكى ئېتىراپ قىلمايدۇ ؛ ئۈچىنچىدىن ، گەرچە بەزى لەقەملەرنىڭ مەنىسى سەلبىي بولمىسىمۇ ، ئۇ ھامان ئېغىزدا ياكى ئادەتتىكى پاراڭدا قوللىنىلىپ ، يېزىقتا كۆرۈلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن ، يىلتىزى چوڭقۇر بولمايدۇ ياكى كېڭىيەلمەيدۇ . نەتىجىدە ، ئاخىرى ئىستېمالدىن قالىدۇ . لەقىمى بار كىشىلەرنىڭ ئىنتايىن ئاز سانىنى تەشكىل قىلىشى شۇ سەۋەبتىندۇر .

ئەمما ، مەلۇم بىر كىشىنىڭ ھۈنەر ، كەسپى ياكى ئەجدادلىرىنىڭ كەسپىي نامى ، شۇ كىشىنىڭ تۇغۇلغان يېرى ياكى ئەجدادلىرىنىڭ يۇرتى ، شۇ كىشىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئارتۇقچىلىقى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن «قادىر پىچاق» (ئاتا كەسپى پىچاقچى) ، «ئېيسا ياپچان» (ئەجدادلىرىنىڭ يۇرتى ياپچان دېگەن جاي) ، «سېيىت نوچى» (كۈچلۈك ، مەغرۇر ئادەم) دېگەندەك لەقەملەرنى داۋاملاشتۇرۇپ فامىلە قىلىۋېلىشقا بولىدۇ ، چۈنكى لەقەم ئاساسىدىكى فامىلىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاسانغا توختايدۇ .

### 8. تۇراقسىز قوشۇمچە ئىسىملار

بۇ «قارى ، ھاجى ، چوڭ ، موللا ، ئاخۇن» قاتارلىق ئىسىملارنىڭ ۋە تۇرلۇك ئەمەل ، ھۆرمەت ناملىرىنىڭ قوشۇمچە ئىسىم تەرىقىسىدە كىشى ئىسىملىرىغا تۇراقسىز ھالدا قوشۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇنى تۇراقلىق قوشۇمچە ئىسىملارغا سېلىشتۇرغاندا تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە جەھەتتىن پەرق قىلىدۇ :

(1) تۇراقسىز قوشۇمچە ئىسىملار ئاتىدىن بالىغا قالمايدۇ . مەسىلەن ، ئاتىسى «قاسىمھاجى» (ئۆز ئىسمى + قوشۇمچە ئىسمى) دەپ ئاتالغان بولسا ، بالىسىنىڭ قوشۇمچە ئىسمىمۇ «ھاجى» بولۇشى ؛ ئاتىسىنىڭ ئىسمى «مۇھەممەد چوڭ» (ئۆز ئىسمى + قوشۇمچە ئىسمى) دەپ ئاتالسا ، ئۇ كىشىنىڭ مەلۇم بىر ئوغلىنىڭ ئىسمىمۇ «× چوڭ» دەپ ئاتىلىشى ناتايىن .

(2) كىچىك ۋاقتىدا قوللىنىلماي ، مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن قوللىنىلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەسىلەن، «مەھمۇد قارى» دېگەن كىشىنىڭ ئۆز ئىسمى «مەھمۇد»، دادىسىنىڭ ئىسمى «سەمەد» بولۇپ، «قارى» دېگەن قوشۇمچە ئىسىم دىنىي مەكتەپتە ئازراق ئوقۇغاندىن كېيىن ياكى قۇرئان خەتمە قىلىپ قارى بولغاندىن كېيىن قوشۇلغان.

(3) بەزى كىشىلەرگە قوللىنىلىپ، يەنە بەزى كىشىلەرگە قوللىنىلمايدۇ. مەسىلەن، «ھاجى، قارى» دېگەن قوشۇمچە ئىسىملار ئەسلىدە قائىدە بويىچە مەلۇم كىشى ھەج قىلغاندىن كېيىن ياكى قۇرئان خەتمە قىلىپ رەسمىي قارى بولغاندىن كېيىن قوللىنىلىشى كېرەك. ئەمما، ھەج قىلمىغان ياكى قۇرئان خەتمىسى قىلمىغان كىشىلەرنىمۇ ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن «ھاجى، قارى» دەيدىغان ئادەت بار، ئەمما بۇ ھەممە كىشىگە تەڭ قوللىنىلمۇەرمەيدۇ.

(4) بەزى چاغدا قوللىنىلىپ، يەنە بەزىدە قوللىنىلمايدۇ. مەسىلەن، ئۆز ئىسمىغا ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇشقا توغرا كەلگەندە، خۇددى تۇراقلىق قوشۇمچە ئىسىملارغا ئوخشاش ئۆزلۈكىدىن ئورۇن بوشىتىدۇ، يەنى «داۋۇد قارى» دېگەن كىشىنىڭ ئۆز ئىسمى «داۋۇد»، ئاتىسىنىڭ ئىسمى «تۇرسۇن» بولغان بولسا، ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى ئۆز ئىسمىغا قوشقاندا «داۋۇد قارى تۇرسۇن» ئەمەس، «داۋۇد تۇرسۇن» دېيىلىدۇ. «ئەركىن ھاكىم» دېگەن ئىسىمدىكى ئەمەل نامى «ھاكىم» مۇ مۇقەررەر ھالدا ئاتىنىڭ ئىسمىغا ئورۇن بېرىدۇ ھەم مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن قوللىنىلمايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ خىل ئىسىملار قوشۇلۇپ ئاتىلىدىغان كىشىلەر بىلەن ئادەتتىكى كىشىلەر ئۆزئارا ئارىلىشىپ قالغاندا ياكى كېلىشەلمەيدىغان بولۇپ قالغاندا، ئاچچىقىنى چىقىرىش ئۈچۈن قارشى تەرەپنىڭ قوشۇمچە ئىسمىنى تاشلىۋېتىدۇ، يەنى «غازىچوڭ، مۇھەممەدمولا، داۋۇدئاخۇن» دېگەن كىشىلەرنى «غازى، مۇھەممەد، داۋۇد» دەپلا ئاتىشىدۇ.

**9. تۇراقسىز ھۆرمەت قوشۇمچىلىرى ياكى سۈپەتلەر**

بۇلار «بەگ، جان، خان، گۈل، قىز، (م)، ھەرپى» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل قوشۇمچىلار ياكى سۈپەتلەر تۇراقسىز قوشۇمچە ئىسىملارنىڭ قوللىنىلىشىغا كۆپ جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، ئاتىدىن بالىغا قالمايدۇ؛ بەزى كىشىلەرگە قوللىنىلىپ، بەزىلەرگە قوللىنىلمايدۇ؛ بەزى چاغدا قوللىنىلىپ، يەنە بەزىدە تاشلىۋېتىلىدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى، بۇ قوشۇمچىلار پەرزەنت كىچىك ۋاقتىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. يەنە بىرى، ئۆز ئىسمىغا ئاتىنىڭ ئىسمى قوشۇلسا تاشلىنىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. مەسىلەن، «تۇرسۇنجان، تۇرسۇنبەگ، ئامىنەگۈل، سەنەمقىز، سەيدۇللام، رەشىدەم» دېگەن ئىسىملار پەرزەنت 1 ـ 2 ياش ۋاقتىدىمۇ، ياشقا چوڭ بولغاندىمۇ ئوخشاشلا قوللىنىلىدۇ ھەمدە ئۇلارغا ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ، «تۇرسۇنجان ئېيسا، تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم، ئامىنەگۈل يۇنۇس، سەنەمقىز مۇتەللىپ، سەيدۇللام توختى، رەشىدەم مۇھەممەد» دەپ ئاتىسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

## 10. ئەركىلەتمە ئىسىم ۋە سەتلىمە ئىسىم

بەزى كىشى ئىسىملىرى ، بولۇپمۇ تاق تەركىبلىك ئىسىملار بەزىدە ئەركىلىتىش ياكى كەمسىتىش تۈپەيلىدىن ، ئاتا ـ ئانا ۋە باشقىلار تەرىپىدىن ئەركىلەتمە ۋە سەتلىمە ئىسىملارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلۇشى ، باشقا ئىسىملارغا ئۆزگىرىپ قېلىشى ، ھەتتا قوش تەركىبلىك ئىسىملارمۇ ئەركىلىتىش ۋە سەتلەشتۈرۈش جەريانىدا قىسقىرىپ ، ئىخچاملىنىپ كېتىشى ، ھەتتا پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىشى ھەمدە شۇنداق ئۆزلىشىپ قېلىشى مۇمكىن . مەسىلەن :

جۇمە — جۇمەك ، جۇماق ، جۇمى

ئىبراھىم — ئىبراش ، ئىبراي ، ئىبىر

تۇر — تۇرەك ، تۇراق ، تۇرەم

نۇر — نۇرەك ، نۇراق ، نۇرەم

مىر — مىرىم ، مىراق

ھەسەن — ھەسۇق ، ھەسىناق ، ھەسىم

مەريەم — مەخان ، مەقىز ، مەگۈل

مەريەمنىسا — مەنىسا ، مەنىمخان

نىزامىدىن — نىزامۇق ، نىزۇق ، نىزام

زەبىھۇللا — زەبى ، زەبەي ، زىبىبۇل ، زىبى

ئۇۋەيسىدىن — ۋەيسىدىن ، ۋەستۇق ، ۋەستىن

مۇھەممەدئابدۇللا — مەمتاۋلا ، مەمتىۋلا

مۇھەممەديار — مەتيار ، مەمەيىيا ، مەمەي

ئەزىزيار — ھەزىيا ، ھەزيا

شۇڭا ، ئەركىلەتمە ئىسىم ۋە سەتلىمە ئىسىملارغا قارىتا ئاتا ـ ئانىلار ، شۇنداقلا ئىسىم ئىگىلىرى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ، ئۆز ئىسمىنى ئەسلىي بويىچە توغرا قوللىنىشى ، توغرا داۋاملاشتۇرۇشى ئىنتايىن مۇھىم . ئەكسىچە بولغاندا ، چىرايلىق ، توغرا ، ياخشى مەنىلىك ئەسلىي ئىسمىنى سەتلىمە ، خاتا ، مەنىسىز ، باشقىچە بىر ئىسىمغا ئايلاندۇرۇپ قويىمىز .

دەرۋەقە ، ئەركىلەتمە ئىسىمنى چەتكە قاقمايمىز ، چۈنكى ئۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆز بالىلىرىغا بولغان ئامراقلىقى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ ، ئەمما ئۇنى پەقەت بىر مەزگىللىك قوشۇمچە ئىسىم قىلىشقا بولىدۇ . ئەركىلەتمە ئىسىم ئارقىلىق ئەسلىي ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە ياكى ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋېلىشقا مۇمكىنقەدەر يول قويماسلىق كېرەك .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

# ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى ئۆزگىرىش

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى ئۆزگىرىش بىرقەدەر گەۋدىلىك . ئۇ ، ئاساسەن ئىسىملارنى تولۇق ۋە توغرا ئاتىماسلىق ، ئەركىلىتىپ ۋە كەمسىتىپ ئاتاش ، جانلىق تىلدا پەيدىنپەي ئۆزگىرىپ كېتىش قاتارلىق بىرنەچچە خىل ئۆزگىرىشكە مەركەزلەشكەن . بىر بۆلۈك ئىسىملار ئىستېمال جەريانىدا توغرا قوللىنىلمىغانلىقتىن ، ئەسلىي ئاتىلىشىدىن قىسمەن ياكى كۆرۈنەرلىك يىراقلاپ كېتىپ ، بەزى ئىسىملارنىڭ كۆپ خىل ئۆزگىرىشلىرى بارلىققا كەلگەن . ئايرىم ئىسىملارغا ئەسلىنى تاپماي تۇرۇپ ، زادى مەنە بەرگىلى بولمايدۇ . بەزى ئىسىملارنىڭ ئەسلىنى تاپماقمۇ ناھايىتى قىيىن . 20 نەچچە يىللىق ئىزدىنىش ، جۇملىدىن ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئۈستىدە تەكرار توپلاش – رەتلەش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالىنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلەنگەنلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە ھېس قىلدىم ۋە بىرقەدەر ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلدىم .

1 . بىرىنچى تەركىبى «ئابدۇ» بىلەن ، ئىككىنچى تەركىبى ئاللانىڭ ئىسىملىرىدىن ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن ياكى باشقا ئىسىملاردىن ياسالغان كىشى ئىسىملىرىدا «ئابدۇل ، ئابدۇ» دېگەن سۆزلەر «ئابدى ، ئابى» غا ئۆزگەرگەن ۋە قىسقارغان . شۇنىڭ بىلەن بىللە «ئابدۇ» تولۇق تاشلىنىۋېتىلگەن . مەسىلەن :

| توغرىسى | ئۆزگىرىشلىرى |
|---|---|
| ئابدۇلئەھەد | ئابلەھەت ، ئابلەت ، ئەخەت |
| ئابدۇلباقى | ئابدىۋاقى ، باقى |
| ئابدۇلجاببار | ئابدىجاپپار ، جاپپار |
| ئابدۇشەكۇر | ئابدىشۈكۈر ، شۈكۈر |
| ئابدۇلجەلىل | ئابدىجېلىل ، ئابجىل ، جېلىل |
| ئابدۇسەمەد | ئابدىسەمەت ، سەمەت |

2 . بىرىنچى تەركىبى «ئابدۇ» بىلەن ، ئىككىنچى تەركىبى يۇقىرىقىدەك شەكىلدە كەلگەن بەزى ئىسىملاردا «ئابدۇ» بولسا «ئابى» غا قىسقىرىش بىلەن بىللە ، ئىككىنچى تەركىبمۇ ئىخچاملىنىپ كېتىكەن . مەسىلەن :

| توغرىسى | ئۆزگىرىشلىرى |
|---|---|
| ئابدۇللا | ئابلا ، ئابلىراخۇن |
| ئابدۇلئەزىز | ئابلىز |

| | |
|---|---|
| ئابدۇلئەلا | ئابلەلا |
| ئابدۇلھەكىم | ئابلىكىم |
| ئابدۇلۋاھاب | ئابا |

3 . بىرىنچى تەركىبى مۇستەقىل ئىسىملاردىن ، ئىككىنچى تەركىبى «ئاللا» دېگەن سۆزدىن تۈزۈلگەن ئىسىملاردا «ئاللا» تولۇق تەلەپپۇز قىلىنماي، بىرىنچى تەركىبىلا يېرىم ـ يارتا قوللىنىلغان . مەسىلەن :

| توغرىسى | ئۆزگىرىشلىرى |
|---|---|
| رەببىدۇللا | رەۋەيدۇل |
| زەببىھۇللا | زىببىۇل ، زەبەي |
| ئۇبەيدۇللا | ئەبەيدۇل ، ئەۋەيدۇل ، ئەبەي |
| ئىنايىتۇللا | ئەنەيتۇل |
| ئەنەللا | ئەنەل |
| خوجائابدۇللا | خوجابدۇل ، خوجىدۇل ، غوجىدۇل |
| زىيائۇللا | زىياۋۇل ، زىياۋۇش |
| ۋەدىئۇللا | ۋەدىل ، ۋەدەل |
| ئىشقۇللا | ئىشقۇل |
| كەشپۇللا | كەشپۇل |

4 . ئەرەبچە ، پارسچە بەزى ئىسىملار ۋە قىسمەن ئۇيغۇرچە ئىسىملار ئۇيغۇر تىلىنىڭ شېۋە ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ، تاۋۇش (ھەرپ) ئالمىشىش ۋە چۈشۈپ قېلىش جەريانى ئارقىلىق ئۆزگىرىپ ۋە ئىخچاملىنىپ ، جانلىق تىلغا بويسۇنغان ، بۇنداق ئۆزگەرگەن ئىسىملار ناھايىتى كۆپ بولۇش بىلەن بىللە ، مۇرەككەپ ، زەنجىرسىمان ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان . تاۋۇش ئالمىشىش مۇنداق ئەكس ئەتكەن :

(1) «ع» نى باشلىنىش قىلغان بەزى ئەرەبچە ئىسىملاردا ، بۇ تاۋۇش «ھ» غا ئۆزگىرىپ ، ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئا ، ئە ، ئې ، ئى ، ئۇ» قاتارلىق سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تەلەپپۇز قىلىنغان بىر قىسىم ئىسىملارنىڭ باشلىنىش بوغۇمى «ھا ، ھە ، ھې ، ھى ، ھۇ» تەلەپپۇز قىلىنغان . مەسىلەن :

| توغرىسى | ئۆزگىرىشلىرى |
|---|---|
| ئابىد | ھاۋۇت |
| ئالائىدىن | ھالاۋىدىن |
| ئارىپ | ھارىپ |
| ئەسەل | ھەسەل |
| ئەقىدە | ھەقىدە |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| ئەقىلە | ھەقىلە |
| ئۇبەيدۇللا | ھەۋەيدۇللا |
| ئەزىز | ھەزىز |
| ئەدىل | ھەدىل |
| ئۇشۇر | ھۇشۇر |
| ئۆزرا | ھۆزرا |
| ئېيد | ھېيت |
| ئىلاخۇن | ھىلاخۇن |

(2) «ھ ، ئى» تاۋۇشى «ي» غا ئۆزگەرگەن . بۇنىڭدىكى «ئى» ئەرەبچىدىكى «ئ» (ھەمزە) ياكى «ع» بولۇپ ، بۇ ئەرەب تىلىدىكى «و» (ۋاۋ) ، «ا» (ئەلىپ) ، «ى» (يا) دىن ئىبارەت شەرتلىك ئۈچ سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرىگە ئايلىنىشىدەك ھادىسىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ ؛ «ھ» نىڭ «ي» غا ئۆزگىرىشى ئەرەبچە ، پارسچە ئىسىملارنىڭ بەزىلىرىدە ئورتاق كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن :

| توغرىسى | ئۆزگىرىشلىرى |
|---|---|
| ساھىب | سايىپ |
| تاھىر | تايىر |
| ۋاھىد | ۋايىت |
| زاھىد | زايىت |
| ماھىدىل | مايدىل |
| ماھىگۈل | مايگۈل |
| ئائىشە | ئايشەم |
| قائىل | قايىل |
| قائىم | قايىم |
| رابىئە | رابىيە |
| نەئىم | نەيىم |

(3) ئەرەبچىدە «ا» (ئەلىپ) ، «ئ» (ھەمزە) بىلەن ياكى «ع» بىلەن كېلىپ ، ئەسلىدە «ئە» تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بەزى ئىسىملاردىكى بۇ تاۋۇش «ئا ، ئو ، ئۇ ، ئې ، ئى» غا ئۆزگەرگەن . بۇ خىل ئەھۋال تىلىمىزدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ناھايىتى ئۆزگىرىشچان كېلىدىغانلىقىنى ، ئەمما ئاسان ماسلىشىدىغان تاۋۇشلار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . مەسىلەن :

| توغرىسى | ئۆزگىرىشلىرى |
|---|---|
| شەئبان | شابان ، شاۋان |

| | |
|---|---|
| ئابدۇرەئۇپ | ئابدۇراۋۇپ |
| تۇرئەھمەد | تۇرامەت |
| ئەمىن | ئىمىن |
| مەئمۇر | مامۇر |
| ئەييۇب | ئايۇپ ، ئۇيۇپ |
| ئەلانۇر | ئالانۇر |
| ئەبۇمۇسلىم | ئاۋامسىلىم |
| ئەبۇبەكرى | ئابابەكرى ، ئۇلبەكرەم |
| ئەبۇلقاسىم | ئۇبۇلقاسىم |
| ئەلتەييىب | ئۇلتىيىپ |
| زەبىرە | زىبىرە |
| ئەمىر | ئىمىر |
| سەمەر | سىمىر |
| ئەلى | ئېلى |
| سەييىد | سېيىت |
| سەلىم | سېلىم |
| سەپىرە | سېپىرە |
| جەمىلە | جىمىلە |
| مەئمۇر | مامۇر |

(4) «ئى ، ئۇ» تاۋۇشى «ۋ» غا ئۆزگەرگەن . بۇمۇ ئەرەبچىدىكى «ھەمزە» نىڭ «ۋاۋ» غا ئايلىنىش خۇسۇسىيىتىنىڭ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا ئەكس ئېتىشىدۇر . مەسىلەن :

| توغرىسى | ئۆزگىرىشلىرى |
|---|---|
| باھائىدىن | باھاۋىدىن |
| بارائىدىن | بۇراۋىدىن |
| زىيائىدىن | زىياۋىدىن |

(5) «ئا ، ئۇ» تاۋۇشىمۇ «ئە ، ئې» گە ئۆزگەرگەن . بۇمۇ ئوخشاشلا سوزۇق تاۋۇشلار ئىچىدىكى ئۆزئارا ئالمىشىش ھادىسىسىدۇر . مەسىلەن :

| توغرىسى | ئۆزگىرىشلىرى |
|---|---|
| ئائىشە | ئەيشەم ، ئېيشەم |
| ساقى | سەقى ، سېقى |
| ساقىم | سەقىم ، سېقىم |
| سالىھە | سەلىخە |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| ئۇبەيدۇللا | ئەبەيدۇللا ، ئەبەيدۇل |
| رابىئە | رەبەخان |

(6) «ئى» تاۋۇشى يەنە «ئۇ ، ئۇ ، غ ، ئا» غا ئۆزگەرگەن ، بۇ يەردە «غ» غا ئۆزگەرگىنى كۆپىنچە «ئى» تەلەپپۇز قىلىنغان «ع» دۇر . مەسىلەن :

| توغرىسى | ئۆزگىرىشلىرى |
|---|---|
| ئىبراھىم | ئۇرايىم |
| ئىنايەت | ئانايەت |
| نىئمەت | نىغمەت |
| ئىپپەت | غىپپەت |
| مەرپۇئە | مەرپۇغە |
| ئىلاجىدىن | غىلاجىدىن |
| بىبىئامىنە | بۇئامىنە |
| بىبىرابىئە | بۇرابىيە |
| بىبىھاجەر | بۇۋەجەر |
| نەئىم | نەغىم |

(7) «ئۇ» تاۋۇشى «ئى ، ئا ، ئە» گە ئۆزگەرگەن . مەسىلەن :

| توغرىسى | ئۆزگىرىشلىرى |
|---|---|
| مۇئىزەم | مەزەم |
| مۇھەممەدئەۋلا | مەتەۋلا |
| ئۇمۇكۇلسۇم | ئىمىگۇلسۇم |
| ئۇممەت | ئىممەت |
| مۇھىدىن | مەيدىن |
| ئۇبەيد | ئىبەت |
| مۇرادۇللا | مۇرادىللا |
| نۇرۇمبەگ | نۇرامبەگ |

(8) «ئۇ» تاۋۇشى «ئ» (ھەمزە) بىلەن يانداش كېلىپ ، «ئۆ» گە ئۆزگەرگەن . مەسىلەن :

| توغرىسى | ئۆزگىرىشلىرى |
|---|---|
| مۇئتەبەر | مۆتىۋەر |
| مۇئجىزە | مۆجىزە |
| مۇئمىن | مۆمىن |

(9) «ئە» تاۋۇشى «ئ» (ھەمزە) ياكى «ع» بىلەن يانداش كېلىپ ، «ئ» چۈشۈپ

قىلىپ ، «ئە» ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشقا ئۆزگەرگەن . مەسىلەن :

| توغرىسى | ئۆزگىرىشلىرى |
|---|---|
| تەئزىم | تەزىم |
| تەئلىم | تەلىم |
| تەئمىن | تەمىن |
| تەئرىپ | تەرىپ |

(10) «ب» تاۋۇشى «ۋ ، پ» غا ئۆزگەرگەن . مەسىلەن :

| توغرىسى | ئۆزگىرىشلىرى |
|---|---|
| شەئبان | شاۋان |
| قابىل | قاۋۇل |
| قابىز | قاۋۇز |
| رابىت | راۋۇت |
| سابىت | ساۋۇت |
| باسىت | ۋاست |
| سۇبۇرە | سۇپۇرە |
| سابىر | ساۋۇر ، ساۋىر |
| سەبىرە | سەپىرە ، سىپىرە |
| ئابىدىن | ئاۋۇدۇن |
| مەخبىر | مەخپىر |
| ئاسىب | ئاسىپ |
| ئاقىپ | ئاقىپ ، ئاقۇپ |
| ئەبەيدۇللا | ئەۋەيدۇللا |
| زەبىر | زەپىر |
| بۇچىناي | پۇچىناي |
| بارائىدىن | پاراۋىدىن |

(11) «ق ، ھ ، غ ، ئى» تاۋۇشلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا «خ» غا ئۆزگەرگەن . بۇ يەردە «خ» تەلەپپۇز قىلىنغان «ھ» تاۋۇشى ئومۇمەن ئەرەبچىدىكى «ح» بولۇپ ، گەرچە توغرىراقى «ھ» تەلەپپۇز قىلىش بولسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە ، ئۇنىڭ «خ» غا مايىللىق تەرىپىمۇ بار . بۇ خىل ئەھۋال ئۆزبېك كىشى ئىسىملىرىدا تېخىمۇ روشەن ئەكس ئېتىدۇ . مەسىلەن :

| توغرىسى | ئۆزگىرىشلىرى |
|---|---|
| ئاقنىياز | ئاخنىياز |

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

| | |
|---|---|
| قۇتبىدىن | خۇتبىدىن |
| رەھىم | رەخىم |
| رەھمان | رەخمان |
| ئاقچى | ئاخچى |
| ئەھەد | ئەخەت |
| ئەھمەد | ئەخمەت |
| ھەلىمە | خەلىمە |
| ھەمىد | خەمىت ، يىمىت |
| مەھپۇزە | مەخپۇزە |
| سالىھە | سالىخە ، سەلىخە |
| پەرىھە | پەرىخە |
| قەھرىدىن | قەخرىدىن |
| رەھمەت | رەخمەت |
| رەيھان | رەيىخان |
| رەھىمە | رەخىمە |
| ساھابىدىن | ساخابىدىن |
| قاھار | قاخار |
| مەغپىرەت | مەخپىرەت |
| مەغپۇر | مەخپۇر |
| مەسئۇد | مەسخۇت |
| ئەسئەد | ئەسخەت |

(12) «خ» تاۋۇشى «غ» غا ، «غ» بولسا «ق» غا ئۆزگىرىپ ، زەنجىرسىمان ھالەت شەكىللەنگەن . مەسىلەن :

| توغرىسى | ئۆزگىرىشلىرى |
|---|---|
| خوجا | غوجا ، غوجى |
| خەزىنە | غەزىنە ، غەزىنىخان |
| ئەسغەر | ئەسقەر |

(13) «ز» تاۋۇشى «س» غا ، «س» مۇ «ز» غا ئۆزگىرىپ ، قايچىسىمان ئۆزگىرىش ھادىسىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن . مەسىلەن :

| توغرىسى | ئۆزگىرىشلىرى |
|---|---|
| رازىق | راسىق |
| ئائىزخان | ئايىسخان |
| نىيازەم | نىياسەم |
| مەرزىيە | مەرسىيە |

| | |
|---|---|
| بائىس | بايىز |
| ئىسھاق | ئىززاق |
| غىياسىدىن | غىيازىدىن |
| غەۋسۇللا | غەۋزۇللا |
| سىياۋۇش | زىياۋۇش |

(14) «ۋ ، ھ» تاۋۇشى «گ» غا ئۆزگەرگەن ، بۇ خىل ھادىسە قۇمۇل ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا گەۋدىلىك بولغان . مەسىلەن :

| توغرىسى | ئۆزگىرىشلىرى |
|---|---|
| رىزۋان | رىزگان |
| ۋاھىد | گايىت ، گېيىت |
| ۋاسىت | گاسىت |
| ۋۇسۇل | گۇسۇل |
| ۋاپابەگ | گۇپابەگ |
| ۋاجىد | گاجىت |
| داۋامەت | دۇگامەت |
| ۋاسىل | گاسىل |
| ھاشىم | گاشىم |
| ھۆزرا | گۇزەرە |

(15) «د» تاۋۇشى «ت» غا ئۆزگەرگەن ، بۇ خىل ئەھۋال ناھايىتى تەبىئىي ھالدا ئاسانلا يۈز بېرىدۇ ۋە كۆپ ئۇچرايدۇ . مەسىلەن :

| توغرىسى | ئۆزگىرىشلىرى |
|---|---|
| ئەھەد | ئەخەت |
| ئازاد | ئازات |
| دىلشاد | دىلشات |
| ئابىد | ئاۋۇت |
| سەمەد | سەمەت |
| ئەھمەد | ئەخمەت ، ئەمەت |
| مۇھەممەد | مۇھەممەت ، مەمەت |
| سەدرىدىن | سەترىدىن |
| قەدرىدىن | قەترىدىن |

5 . ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى تاۋۇش چۈشۈپ قېلىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن ئۆزگىرىش ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرنەچچە خىل بولۇپ ، ئۇنى قىسقىرىش ھادىسىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ :

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

(1) ئىسىملارنىڭ مەيلى ئوتتۇرىسىدا ياكى ئاخىرىسىدا كەلسۇن، ئومۇمەن «ھ» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى بەك كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، «ھ» بىلەن «ئا» قوشۇلۇپ، بىراقلا چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋالمۇ بار. مەسىلەن:

| توغرىسى | ئۆزگىرىشلىرى |
|---|---|
| ساباھ | سابا |
| ئامانشاھ | ئامانشا |
| شاھنىياز | شانىياز |
| ئەلىپشاھ | ئىلىپشا |
| زۇھرۇللا | زورۇللا |
| زۇھرە | زورا |
| رەھمىتۇللا | رەمتىللا |
| بايھاجى | باياجى |
| ئاقھاجى | ئاقاجى |
| زۇلھەي | زۇلەي، زىلەي |
| ئابدۇلھەي | ئابلەي |
| ئابدۇلھەق | ئابلەق |
| ئابدۇلھەمىد | ئابلىمىت |
| باھائىدىن | باۋۇدۇن |
| گۇلھەرەم | گۇلەرەم |
| سۇبھىنۇر | سۇبىنۇر |
| مەشھۇرە | مەشۇرە |
| ئاباھاجى | ئاباجى |
| داداھاجى | داداجى |
| ئاتاھاجى | ئاتاجى |
| مەۋلاھاجى | موللاجى |
| مەۋلاھاپىز | موللاپىز |
| خوجاھاپىز | خوجاپىز، غوجاپىز |

(2) ئارقا ـ ئارقىدىن تەكرارلىنىپ كەلگەن ئوخشاش ئىككى تاۋۇشنىڭ بىرى قىسقىرىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

| توغرىسى | ئۆزگىرىشلىرى |
|---|---|
| قاھھار | قاھار |
| ئەۋۋەل | ئەۋەل |
| سەييىد | سىيىت |

| | |
|---|---|
| ئەررابەت | ئارابەت |
| ئىئتىبار | ئېتىبار |
| راززاق | رازاق |
| نەسرىددىن | نەسرىدىن |
| سەيپىددىن | سەيپىدىن |
| ئابدۇررەئۇپ | ئابدىرۇپ |
| ئابدۇلۋاھھاب | ئابدۇۋاھاپ |

(3) «ئ» (ئەرەبچىدىكى «ع» نىڭ ئىپادىلىنىشى) چۈشۈپ قالغان، بۇ «ئە» تاۋۇشىنىڭ «ئ» (ھەمزە) ياكى «ع» بىلەن يانداش كېلىپ، ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشقا ئۆزگەرگىنىگە ئوخشاش ئەھۋالدۇر.[①] مەسىلەن:

| توغرىسى | ئۆزگىرىشلىرى |
|---|---|
| ئەئلا | ئەلا |
| ئەئلەم | ئەلەم |
| مەئرۇپ | مەرۇپ |
| ئەئزەم | ئەزەم |
| ئەسئەد | ئەسەت |
| سۇنئۇللا | سۇنۇللا |

(4) ئىسىملارنىڭ باش بوغۇمى ياكى بىر، ئىككى تاۋۇشى ساقلاپ قېلىنىپ، ئاخىرى پۈتۈنلەي قىسقىرىپ كېتىش بىلەن، ئۇنىڭ ئورنىغا «گۈل، خان، قىز» قاتارلىق ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى تەركىبلەر ئۇلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن:

| توغرىسى | ئۆزگىرىشلىرى |
|---|---|
| ئاتىكە | ئاتىگۈل |
| مەريەم | مەقىز، مەگۈل، مەخان |
| جەمىلە | جىمىگۈل، جىمىخان |
| گۈلشەن | گۈشەقىز، گۈشەخان |
| پاتىمە | پاتىگۈل، پاتىخان |
| نۇرنىسا | نۇناقىز، نۇقىز |
| قەمەر | قەمىگۈل، قەمىخان |

(5) «ر» چۈشۈپ قالغان، بۇ تىلىمىزنىڭ جانلىق شەكلىدە تەبىئىي كۆرۈلىدىغان ھادىسە بولۇپ، كىشى ئىسىملىرىمۇ ئۇنىڭدىن خالىي ئەمەس. مەسىلەن:

| توغرىسى | ئۆزگىرىشلىرى |
|---|---|
| بارمان | بامان |

① مەزكۇر ماقالىدىكى بەشىنچى تارماقنىڭ توققۇزىنچى مەزمۇنىغا قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| تۇرنىسا | تۇنسا |
| تۇردىخان | تۇدىخان |
| نۇرخان | نۇخان |
| تۇردىھاجى | تۇداجى |
| تۇرگۇل | تۇگۇل |
| زەرخان | زەخان |
| ئابدۇناسىر | ئابدۇناسى |
| سابىر | ساۋى |

(6) «ئا» چۈشۈپ قالغان ياكى «ئ» چۈشۈپ قېلىپ، «ا» ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن:

| توغرىسى | ئۆزگىرىشلىرى |
|---|---|
| گۇلئالەم | گۇلالەم |
| زۇلپىئانار | زۇلپىنار |
| شىرىنئاي | شىرىناي |
| مىھرىئاي | مىھراي |
| خوجائابدۇللا | خوجابدۇللا |
| خوجائالىم | خوجالىم، غوجالىم |
| تۇرئامەد | تۇرامەت |
| خانئانام | خاننام |
| دىلئانار | دىلنار |
| گۇلئانار | گۇلنار |

(7) بىردىن ئارتۇق ياكى بىرنەچچە تاۋۇش (ھەرپ) بىراقلا چۈشۈپ قېلىپ، ئىخچاملىنىش ئەھۋالى بار. مەسىلەن:

| توغرىسى | ئۆزگىرىشلىرى |
|---|---|
| زۇھۇرمۇھەممەد | زۇرمەت |
| ئابدۇئەسئەد | ئابدەسەت |
| يارمۇھەممەد | يارمەت |
| بىبىزۇھرە | بۇزورا |
| مەۋلائەھمەد | موللەمەت |
| خوجائەھمەد | غوجەمەت |
| شىرمۇھەممەد | شىرمەت |
| مۇھەممەدئابدۇللا | مەمتابلا، مەمتاۋلا |
| مۇھەممەدئەلى | مەمتىلى |
| زۇلپۇنۇن | زۇپۇن، زۇپۇنخان |

| | |
|---|---|
| خەيرىنىسا | خەرنىسا ، خەرىخان |
| زۇلقەھرى | زۇلقەر |
| مۇھەممەدرەھىم | مەترەيىم |

(8) تاۋۇش ئالمىشىش ۋە چۈشۈپ قېلىش بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت ، مەسىلەن :

| توغرىسى | ئۆزگىرىشلىرى |
|---|---|
| جامائىدۇللا | جامايدىل |
| رابىئە | رابىيە ، رابىخان |
| قۇتبىدىن | قۇپىدىن ، قۇپى |
| سەييىدئەھمەد | سىيىتئەمەت |
| رەئۇپۇللا | رەپۇل |
| زەبىرە | زىۋىرە ، زىۋەم ، زىۋەر ، زىۋىخان |
| رەبىيدۇللا | رەۋەيدۇللا ، رەۋەيدۇل ، رەۋىدۇل |
| ئۇبەيدۇللا | ئەبەيدۇل ، ئەبەي ، ھەۋەي |

بۇ يەردە ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ تاۋۇش (ھەرپ) ئالمىشىش ۋە چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسىنى كۆپرەك سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ۋە «ھ ، ي ، ۋ ، غ ، ب ، پ ، ق ، خ ، ز ، س ، گ ، د ، ت» قاتارلىق تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىشى ۋە چۈشۈپ قېلىشى ، ئۇنىڭدىن باشقا ، بىرنەچچە تاۋۇش ۋە بوغۇمنىڭ بىراقلا چۈشۈپ قېلىشى شەكىللەندۈرگەن ، دېگەن خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن .

6 . بەزى ئىسىملار كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى كەمسىتىشى ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۆزلىرىچە ئەركىلىتىپ چاقىرىشى تۈپەيلىدىن توغرا ئاتىلىشىدىن يىراقلاپ كەتكەن ، بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى چىرايلىق ئىسىملار قوپال ، سەتلىمە ئىسىملارغا ئايلىنىپ قالغان .① مەسىلەن :

| توغرىسى | ئۆزگىرىشلىرى |
|---|---|
| ئابدۇللا | ئابلاق ، ئابلام |
| ئاتا | ئاتاق ، ئاتەك ، ئەتاق |
| ئابا | ئاباق ، ئابەك ، ئابەش ، ئابام ، ئاباش |
| خەلىل | خەلەك ، خېل |
| جۇمە | جۇمەك ، جۇمى ، جۇماق ، جۇماش |
| ئېيد | ھېيت ، ھېيتەم ، ھېيتاق |
| ھەسەن | ھەسۈق ، ھەسىناق |

① ئادەتتىكى ئىسىملار سەتلىمە ئىسىملارغا ئايلىنىشتا رول ئوينايدىغان قوشۇمچىلار ئىسىملارنىڭ ئاخىرى «ئا ، ئە» كەلگەندە بىۋاسىتە ئۇلىنىدىغان ، بولمىسا «ئا ، ئە» قوشۇلۇپ ، بەزى ئايالچە ئىسىملارنىڭ ئاخىرى «ئە» بىلەن كەلسە «ئۇ» غا ئالماشتۇرۇلۇپ ، ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن «ق ، ك ، ش ، م» لاردىن ئىبارەت («م» ئادەتتىكى ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى تەركىب رولىدىمۇ كېلىدۇ) .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

| | |
|---|---|
| نۇر | نۇرەم ، نۇرەك ، نۇراق ، نۇرەش |
| قەمەر | قەمەش ، قەمەشخان |
| خەيرىنىسا | خەيرەك ، خەرەك ، خەنەك |
| توختى | توختەم ، توختەك |
| تۇر | تۇراق ، تۇرەك ، تۇرام |
| تۇردى | تۇردۇش ، تۇدۇش ، تۇدەك |
| ئەبۇلقاسىم | ئوبۇق |
| سەييىد | سەيدەك |
| سەلىمە | سەلىمۇق ، سەمۇق |
| ھەلىمە | ھەلىمۇق ، ھەمۇق |
| تۆرە | تۆرەش |
| ئەلى | ئەلەك ، ئېلەك ، ئەلەش ، ئىلەم ، ئىلاق |
| ھەلىم | ھەلەك ، ھېلەك ، ھىلاق |
| زىيا | زىياش ، زىياق ، زىيەك ، زىيەم |
| مەئمۇنە | مەيمەش ، مەيمەشخان |
| رەھىمە | رەيمەش |
| نۇئمان | نامان ، ناماق |
| نىزامىدىن | نىزامۇق ، نىزاق ، نىزۇق |
| ئېيسا | ئېيساق ، ئىساق |
| سابىر | ساۋاق ، ساۋۇش |
| مۇسا | مۇساق ، مۇسەم |
| ئۇۋەيسىدىن | ۋەستىن ، ۋەستۇق ، ۋەستەم |
| خوجا | غوجاق ، غوجەك ، غوجاش ، غوجەم |
| ئىبراھىم | ئىبراش |
| ئىسرائىل | ئىسراق |
| مەۋلا | موللاق ، موللەك |
| قۇربان | قۇۋان ، قۇناش ، قۇنەش ، قۇنەك ، قەنەك |
| مۇھەممەد | مەخەم ، مەھەم ، مەتاق ، مەقاش ، مەتەك ، مەمتەك |
| ئابىد | ئاۋۇش |
| باتۇر | باتۇش |
| مىرىم | مىرىماق |
| مىر | مىرەك ، مىراق |
| مۆمىن | مۆمىش |

7 . ئۇيغۇر تىلىدا «ئا ، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ «ئې ، ئى» غا ئۆزگىرىشى قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ، ئاخىرقى تاۋۇشى «ئا ، ئە» بىلەن كەلگەن ئىسىملار ئۆزگە باشقا تەركىبلەر

قوشۇلۇپ كەلگەندە، تەبىئىي ھالدا ئۆزگىرىپ كەتكەن. مەسىلەن:

| توغرىسى | ئۆزگىرىشلىرى |
|---|---|
| ئاتا | ئاتىخان، ئاتىجان |
| ئابا | ئابىخان |
| دادا | دادىخان، دادىجان |
| ئانا | ئانىخان، ئانىقىز، ئانىخېنىم |
| سەلىمە | سەلىمىخان |
| ھەلىمە | ھەلىمىخان |
| سارە | سارىخان |
| ھەپىزە | ھەپىزىخان، ھەپىزىگۈل |
| جەمىلە | جىمىلىخان، جىمىخان، جىمىلەم |

8. ئەرەبچىدىن قوبۇل قىلىنغان بەزى ئىسىملارنىڭ باش بوغۇمى تەلەپ بويىچە «ئە» تەلەپپۇز قىلىنىشى كېرەك. ئەمما، ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، «ئە» بوغۇمى «ئا» غا ئۆزگىرىدۇ. دەرۋەقە، بۇ خىل ئۆزگىرىش تەبىئىي ھالدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن:

| توغرىسى | ئۆزگىرىشلىرى |
|---|---|
| سەلام | سالام |
| كەمال | كامال |
| ۋەھھاب | ۋاھاب |
| كەرامەتۇللا | كارامىتۇللا |
| جەمال | جامال |

9. ئەرەبچىدىن قوبۇل قىلىنغان «ال» لىق ئىسىملارنىڭ بەزىلىرىدە «ل» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ ئىككىنچى تەركىبىدىمۇ مۇئەييەن ئۆزگىرىش بولغان. مەسىلەن:

| توغرىسى | ئۆزگىرىشلىرى |
|---|---|
| ئابدۇلمەجىد | ئابدۇمېجىت |
| ئابدۇلۋاھاب | ئابدۇۋاھاپ |
| ئابدۇلغەپۇر | ئابدۇغوپۇر |
| ئابدۇلكەرىم | ئابدۇكېرىم |
| ئابدۇلجەلىل | ئابدۇجېلىل |

10. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان كىشى ئىسىملىرىدا ئۆزگىرىشكە ئالاقىدار يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە خىل ئەھۋال بار:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

(1) بەزى ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى تەركىبلەردىن «م» ۋە «جان» لار قوشۇلۇپ كېلىپ، شۇ خىل ئىسىملارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمەت مەنىسىنى كۈچەيتىپلا قالماستىن، بەلكى ئىسىملارنى شەكىل جەھەتتىمۇ يېڭى تۈسكە ئىگە قىلىدۇ. مەسىلەن، رەشىدە — رەشىدەم، ئاتىكە — ئاتىكەم، ئاسۇدە — ئاسۇدەم، ساجىدە — ساجىدەم، زەيتۇنە — زەيتۇنەم، قارى — قارىم، ھاجى — ھاجىم، تاھىر — تاھىرجان، زاھىر — زاھىرجان، قاھىر — قاھىرجان، ئەھمەد — ئەھمەدجان، تۇرسۇن — تۇرسۇنجان دېگەنلەردەك.

(2) ئەسلىدە باشقا ـ باشقا ئىسىملار بولسىمۇ، ئىستېمالدا ئۆزگىرىش جەريانىدا بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ قېلىپ، مەلۇم ئىسىم قايسى بىر ئىسىمنىڭ ئۆزگىرىشى ئىكەنلىكىنى دەرمەھەل پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن:

| ئىسىملار | ئۆزگىرىشى |
|---|---|
| ئايىئەزىم، ئازىم، ئەزىم، ئەزىمە | ئايزىم |
| ئابدۇلئەلىم، ئابدۇلھەلىم | ئابلىلىم |
| ئاشىرە، ھاشىر، ئائىشە | ھاشىخان |
| ئابدۇتالىپ، ئاتائالىپ، ئەبۇتالىپ | ئاتالىپ |
| ئابدۇزارى، ئەبۇزارى | ئابزارى، ئوبزارى |
| ئەسئەدۇللا، ئەسىدۇللا | ئەستۇللا |
| ئەلىيار، ئېلىيار، ئەليار | ئىليار |
| پەرىيزە، پەرھىزە | پەرىزە |
| خالى، ھەلىم | خالىم |
| ئەمىر، ئۆمەر | ھەمىر |
| قۇببىدىن، قۇتبىدىن | قۇپىدىن |
| سابىر، ساۋۇق، سابىت | ساۋاق، ساۋىخان |
| مېھرۇللا، مىرۇللا | مىرىللا |
| تالىئخان، تەلھەخان | تەلەخان |
| مىرئەزەم، مىرزام | مىرزەم |
| گۈلچىمەن، گۈلچىنار | گۈلچىخان |
| گۈلجەمىلە، گۈلجەمەت، گۈلجەمئىيەت | گۈلجەم |
| مۇززەممىل، مۇئەززەم، مۇئزەم | مەزەم، مۇزەم |
| مەڭنۇر، مەيىننۇر | مەنۇر، مونۇر |
| مۇئىززىخان، مۇساخان | مۇسىخان |
| مۇھىيدىن، مۇھىدىن، مۇئىدىن | مەيدىن، مويدىن |
| نۇرھامىد، نۇرئامەد، نۇرئەھمەد | نۇرەمەت، نۇرامەت |
| مىرئامەد، مىرئەھمەد | مىرەمەت |

| | |
|---|---|
| تۇرئامەد ، تۇرئەھمەد | تۇرەمەت |
| شىرمۇھەممەد ، شىرمەرد | شىرمەت |
| نۇرئەلەم ، نۇرئەلا | نۇرەلەم |
| تۇرنىسا ، تۇرقىز | تۇقىز |
| تۇرنىساگۇل ، تۇرگۇل ، تۇتى ، تۇتىگۇل | تۇگۇل |
| ھەمىد ، ئەمىن | ئىمىخان |
| مەريەمخان ، مۇھەررەمخان ، مەريەمنىساخان | مەرەمخان ، مەخان |
| مۇھەممەدئەۋلا ، مۇھەممەدئەلا | مەتەۋلا |
| سەمىئ ، سەمەد | سەمىخان |

(3) بەزى ئىسىملار پەيدىنپەي ئۆزگىرىش ئارقىلىق بىر ـ بىرىدىن يىراقلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ، بىر مەنبەلىك ۋە ئوخشاش مەنىلىك ئىسىم بولسىمۇ ، بىر ئائىلىدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن ئاڭسىز ھالدا ئايرىم ـ ئايرىم ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلغان . نەتىجىدە ، ئاتىنىڭ ئىسمى بىلەن ئوغۇلنىڭ ، ئانىنىڭ ئىسمى بىلەن قىزنىڭ ياكى بىر ئۆيدىكى ئىككى پەرزەنتنىڭ ئىسمى ماھىيەتتە ئوخشاش ئىسىم بولۇپ قالغان . مەسىلەن :

| ئەسلىي ئىسىم | ئاتىنىڭ ئىسمى | ئوغۇلنىڭ ئىسمى |
|---|---|---|
| مۇھەممەد | مەممەت | مەخەت |
| ئەھمەد | ئەمەت | ئەخمەت |

| ئەسلىي ئىسىم | ئانىنىڭ ئىسمى | قىزنىڭ ئىسمى |
|---|---|---|
| ئائىشە | ئايشەمگۇل | ھاشگۇل |
| مارىيە | مەريەم | مارىگۇل ، مەرىگۇل |

| ئەسلىي ئىسىم | بىر ئائىلىدىن ئىككى پەرزەنتنىڭ ئىسمى | |
|---|---|---|
| سەئدىن | سادىن | سەيدىن |
| ئارزۇ | ئازى | ھازى |
| ئەزىم | ئايزىم | ھەزىم |

(4) بەزى ئەرەبچە ئىسىملار (مۇئەننەس شەكلى) ئاياللارغا قوللىنىلغاندا ئۆزگەرمىسىمۇ ، لېكىن ئەرلەرگە قوللىنىلغاندا (مۇزەككەر شەكلى) ئۆزگىرىپ كەتكەن . مەسىلەن :

| ئىسىملار | ئاياللار ئۈچۈن | ئەرلەر ئۈچۈن |
|---|---|---|
| رەشىد | رەشىدە | رېشىت |
| مەنسۇر | مەنسۇرە | ماڭسۇر |
| كەرىم | كەرىمە | كېرىم |
| مەجىد | مەجىدە | مېجىت |
| شەرىپ | شەرىپە | شېرىپ |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

| | | |
|---|---|---|
| سەيىيد | سەيىيدە | سېيىت |
| مەۋلۇد | مەۋلۇدە | مەۋلۇت |
| ئابىد | ئابىدە | ئاۋۇت |
| ھەمىد | ھەمىدە | ھىمىت ، يىمىت |
| مەقسۇد | مەقسۇدە | مەخسۇت |

يىغىنچاقلىغاندا ، كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئۆزگىرىشلىرى ، جۈملىدىن قۇرۇلمىسى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تىل ئەمەلىيىتى ۋە مەدەنىي ھاياتىنىڭ نامايەندىسى . ئۇ ، گەرچە قوللىنىلىش جەريانىدا كۆپ خىل ئۆزگىرىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ ، بۈگۈنكى ھالەتكە كەلگەن بولسىمۇ ، بىز ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى ئىلمىي بولمىغان ئۆزگىرىشلەرنى ۋە قىسمەن ئەھمىيەتسىز ، پاسسىپ نەرسىلەرنى ئاڭلىق ھالدا تۈزىتىشىمىز لازىم .

دەرۋەقە ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئاز ئەمەس ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇرەككەپ . ئۇنىڭ ھەممە جەريانلىرىنى ئىنچىكە ۋە تەپسىلىي كۆرسىتىپ بولۇش قىيىن . ئەمما ، بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىدىغان بولساق ، ئۇنىڭ بىر قىسمى تىلىمىزنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيىتىگە ماس ھالدا بارلىققا كەلگەن ۋە تىلىمىزغا ئۆزلىشىپ كەتكەن . شۇڭا ، ئۇنى پۈتۈنلەي چەتكە قاققىلى بولمايدۇ . مەسىلەن ، ئەرەبچىدىن قوبۇل قىلىنغان كىشى ئىسىملىرىنى شۇ تىلدا قانداق ئاتاشقا توغرا كەلسە ، شۇنداق ئاتاش كېرەك ، دېيەلمەيمىز ، ئەلۋەتتە . تىلىمىزنىڭ قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ، ئاز - تولا ئۆزگىرىش بولىدۇ . گەرچە ، نامۇۋاپىق قوللىنىلغان بارلىق ئىسىملارنى تېزلا توغرىلاش ئاسان ئىش بولمىسىمۇ ، بىراق ، مەسئۇلىيەتسىزلىك ، ئاڭسىزلىق تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان بەزى ئۆزگىرىشلەرنى ، جۈملىدىن ئەسلىي ئاتىلىشىدىن يىراقلاپ كەتكەن ئىسىملار ۋە سەتلىمە ئىسىملارنى ھېچبولمىغاندا ئەدەبىي تىلدا ياكى مەتبۇئاتتا تۈزىتىپ قوللىنىپ ، توغرىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، ئومۇملاشتۇرۇشىمىز لازىم .

# فامىلە ھەققىدە

## 1. فامىلىنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتى

فامىلە — ئورتاق قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بىر جەمەتنىڭ نام بەلگىسى ياكى نەسەبنامىسى، ئۇ ۋارىسلىق قىلىش - قىلىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئۇ كىشى ئىسىملىرىغا قوشۇلۇپ كېلىپ، بىر جەمەتنىڭ نەسەبىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇرۇغ - تۇغقانلارنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا بىر - بىرىنى ئۇنتۇماسلىقىغا، ئىناق ئۆتۈشىگە، ئائىلىنىڭ تارىخىنى بىلىۋېلىشىغا، شۇنىڭدەك كىشى ئىسىملىرىنىڭ خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە پايدىلىق. شۇڭا، ئۇ نۇرغۇن مىللەتلەردە كىشى ئىسىملىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە خىزمەت قىلماقتا. ئۇ بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىر مىللەت ياكى جەمەتنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى، مىللىي پسىخىكىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ فامىلە قوللىنىشنى بىلىشى مەلۇم نۇقتىدا كىشىلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىلگەنلىكى ۋە فامىلىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى رولىنى چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

قەدىمكى دەۋرلەردە، كىشىلەر قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان بەلگىلەرنى قوللانغان، بۇ تەدرىجىي يوسۇندا ئەڭ دەسلەپكى فامىلىگە ئاساس سالغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلار قەبىلە ناملىرىنى ياكى بوۋىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆز ئىسمىنىڭ ئالدىغا قوشۇپ فامىلە ئورنىدا ئىشلەتكەن. مەھمۇد كاشغەرىي تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئۇرۇقلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ: «بۇ ئېيتىلغان ئۇرۇقلارنىڭ ناملىرى ئۇلارنى قۇرغان ئەڭ قەدىمكى بوۋىلىرىنىڭ ئىسىملىرىدۇر. ئەرەبلەردە ‹بەنى سەلىم› (سەلىم ئوغۇللىرى)، ‹بەنى خەفاجە› (خەفاجە ئوغۇللىرى) دەپ يۈرگۈزۈلگىنىدەك، ئۇلارمۇ ئۆز ناملىرىنى قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرىغا قاراپ شۇنداق يۈرگۈزىدۇ» دېگەن («تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 80 - بەت). ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر خىل رەڭلەرنى ئۆزىگە فامىلە قىلغان ئەھۋالمۇ بار ئىدى، ئورۇن - جاي ناملىرىمۇ فامىلە قىلىناتتى. ئىسلامىيەتتىن كېيىن، يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ بەزى كىشىلەر مەخسۇس ئاتالغۇلارنى ئىزچىل ھالدا ئۆز ئىسىملىرىنىڭ بېشىغا ياكى ئاخىرىغا قوشۇپ ئىشلەتكەن. مەسىلەن، ئاپپاق خوجا ئەۋلادلىرى «خوجا» (سەييىد) سۆزىنى فامىلە ئورنىدا داۋاملاشتۇرغان بولسا، قۇمۇل ۋاڭ جەمەتىدىكىلەر «غازى» سۆزىنى ئۆزلىرىگە فامىلە قىلغان. زىيالىيلار تەبىقىسى ئىچىدە ئەرەب ئەنئەنىسى بويىچە ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئوتتۇرىسىغا «بىن» (ئوغۇل) دېگەن سۆزنى قوشۇپ، ئۆزىنىڭ كىمنىڭ ئوغلى ياكى قايسى جەمەتنىڭ ئادىمى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئادىتىمۇ يۈرگۈزۈلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇنىڭدىن باشقا ، ئۇيغۇرلاردا يەنە لەقەم (لەقەب) ئىشلىتىش ئادىتىمۇ بار ئىدى . ئۇ ھەرقانداق ئادەمنىڭ مەيلى ئۇ زىيالىي ياكى دېھقان بولسۇن ، ئۆز ئىسىم ـ فامىلىسىدىن باشقا قويۇلغان نامىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇمۇ بىر تەرەپتىن ، فامىلە ئىشلەتكەنگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ . لەقەملەرمۇ ھەر خىل سەۋەب ۋە مەقسەتلەر بىلەن قويۇلىدۇ . مەنە دائىرىسى جەھەتتىن مەلۇم بىر كىشىنىڭ ھۈنەر ـ كەسپى ، چىراي شەكلى ، تەققى ـ تۇرقى ، بەدەن ئەزالىرىدىكى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكلىرى ، مىجەز ـ خاراكتېرى قاتارلىقلارغا قاراپ قويۇلۇشىمۇ ، يەر ـ جاي ناملىرى ، ھايۋان ، ئۇچار قانات ناملىرىدىن ئېلىپ قويۇلۇشىمۇ مۇمكىن . دەرۋەقە ، لەقەملەرنىڭ ئىچىدە كەمسىتىش ، مەسخىرە قىلىش تۈسىنى ئالغانلىرىمۇ بار . ئەمما ، كۆپ قىسىم لەقەملەر ئۇزاققىچە قوللىنىلىپ ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن فامىلە رولىنى ئويناپ ، بىر ئائىلىنىڭ ياكى ئەجدادنىڭ نەسەبنامىسىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ . بىراۋنى ئىزدىمەكچى بولغان ياقا يۇرتلۇق بىر كىشى ئۇنىڭ ئىسمى ، ئاتىسىنى سۈرۈشتۈرسە ئاسانلىقچە تاپالمىسىمۇ ، لېكىن ئۇ كىشىنىڭ لەقىمى بولغان بولسا ، كىشىلەر ئۇنىڭ بىرنەچچە ئەۋلادىنى ياكى ئەجدادىنى ساناپ بېرەلەيدۇ . مانا بۇ لەقەمنىڭمۇ بەلگىلىك رولى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ . مەسىلەن ، رەھىم باپكار ، ئىمىن قوتاز ، ئابلا تۆگە ، تۇرسۇن قوچقاچ ، ئەھمەد تايغان دېسە ، بۇ خىل لەقەمدىكى كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئەتراپتىكىلەرگە تېزلا تونۇشلۇق بولىدۇ . بىراق ھازىر لەقەممۇ كەم كۆرۈلىدىغان ئەھۋال بولۇپ قالدى .

ئۇيغۇر ئەدىب ـ شائىرلىرىدا ئىلگىرىدىن تارتىپ تەخەللۇس قوللىنىش ئادىتى بولۇپ ، ئۇمۇ لەقەمگە ئوخشاشلا كىشىلەرنىڭ ئىككىنچى بىر ئىسمىنى ئىپادە قىلىدۇ . ئەمما ئۇ ، ئاساسەن قەلەمكەشلەر ئەسەردە قوللىنىدىغان خاس ئىسىمدۇر . مەسىلەن ، شائىرلار ئۆز غەزەللىرىنىڭ خۇلاسە مىسرالىرىدا (مەقتەئىدە) ئىسىم ئىشلىتىش ئېھتىياجى بويىچە ئۆزلىرى ئۈچۈن مەخسۇس ئەدەبىي لەقەملەرنى قوللىنىپ ، ئۇنى «تەخەللۇس» دەپ ئاتىشىدۇ . بۇ ئەرەبچىدە «خۇلاسىلىمەك» ، «ئاخىرلاشتۇرماق» ، «ئالاھىدىلىك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . ھازىرغىچە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان تەخەللۇسلار ئومۇمەن «مەشرەب ، باغراش ، كروران ، زۇلپىقار» دېگەندەك ئىسىملاردىن ، «لۇتفى ، سەبۇرى ، تەجەللى ، سۇزۇك ، يارقىن ، ئۆتكۈر» دېگەندەك سۈپەت سۆزلىرىدىن ، شۇنىڭدەك ئاخىرىغا «ئىي» قوشۇلۇپ سۈپەتلەشتۈرۈلگەن «قەشقەرىي ، خوتەنىي ، يېڭىسارى ، سايرامى» دېگەندەك يەر ـ جاي ناملىرىدىن ياكى سۈپەتلەشتۈرۈلگەن باشقا ئىسىملاردىن تەشكىل تاپقان . ئۇرغۇن شائىرلار قەدىمدىن ھازىرغىچە مۇنداق تەخەللۇسلارنى ئۆز ئارزۇسىغا ئاساسەن ، ئورۇن ، زامان ، تۇرمۇش ، جەمەت قاتارلىقلارغا باغلاپ ئەستايىدىل تاللىغان ۋە قوللانغانلىقتىن ، باشتا ئۆز ئىسمىنىڭ ئارقىسىغا قوشۇپ ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ ، ئاخىرقى ھېسابتا ئەسلىي ئىسمىدەكلا ئۆزلىشىپ كەتكەن ، كېيىن ھەتتا ئەسلىي ئىسمىنىڭ ئورنىنى بېسىپ ، مەڭگۈ داۋاملاشقان . مەسىلەن ، ئاتايى ، سەككاكى ، لۇتفى ، نەۋايى ، زەلىلى ، نىزارى ، تەجەللى قاتارلىق كىلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ نامى ئۇلارنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسلىرى بىلەن مەشھۇر بولۇپ كەلدى .

دېمەك ، فامىلە قوللىنىش ياكى لەقەم ۋە تەخەللۇس ئىشلىتىش بىزدە ئەزەلدىن بار ئىدى . ھازىر تەرەققىي قىلغان نۇرغۇن مىللەتلەر فامىلە قوللىنىدۇ . بەزى دۆلەتلەردە فامىلە بىلەن قائىدە ـ نىزام بىرلا ۋاقىتتا بارلىققا كەلگەن . ئىنگلىزلار ، نېمىسلار ، رۇسلار ، خەنزۇلارنىڭ فامىلە قوللىنىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان . مەسىلەن ، خەنزۇلاردا جەمئىي 600 خىلدىن ئارتۇق فامىلە بار . بەزى مىللەتلەردە گەرچە فامىلە بولمىسىمۇ ، ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ، ئۇلاردا ھامان فامىلە بارلىققا كېلىدۇ .

ياپونلارنىڭ فامىلە ئىشلەتكەن ۋاقتى ئانچە ئۇزاق ئەمەس ، يەنى بۇنىڭدىن 100 يىللار ئىلگىرى ئۇلاردا فامىلە يوق ئىدى . پەقەت ئاز سانلىق ئاقسۆڭەكلەر ، چامباشچىلار ، دوختۇرلارنىڭلا فامىلىسى بار ئىدى . مىڭجى يىللىرىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ، ياپونىيە ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر «ھەربىر ياپونىيە پۇقراسىنىڭ فامىلىسى بولۇشى كېرەك ، بۇ ھەربىر كىشىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئومۇمىي بۇيرۇق چىقارغان . شۇنىڭدىن كېيىن ياپونلار جەرىمانە تۆلەشتىن ئىلگىرى ئۆزلىرىگە فامىلە تاللىغان . مۇۋاپىق فامىلە تاپالمىغانلار ئىسىم تىزىملىغۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ ، فامىلە تاللاتقۇزغان . ئىسىم تىزىملىغۇچىلار ئۇلارنىڭ تۇرىدىغان ئورنى ، يۇرتى ، شۇغۇللىنىدىغان كەسپىگە ئاساسەن فامىلە بېكىتىپ بەرگەن . مەسىلەن ، بىر كىشى تاغلىق جايدا ئولتۇرىدىغان بولسا ، ئۇنىڭ فامىلىسى «تاغ ئۈستى» (شەنشاڭ) ، قارىغايلىقتا تۇرىدىغان بولسا «قارىغاي ئاستى» (سۇڭشيا) ، ئېتىز ئارىسىدا بولغان بولسا «ئېتىز ئارىسى» (تيەنجۇڭ) ، سۇ بېشىدا ماكانلاشقان بولسا «سۇ بېشى» ياكى «قۇدۇق ئۈستى» (جىڭشاڭ) دەپ ئاتالغان .

ئېيتىلىشىچە ، ئەرەبلەرنىڭ ئىسمىدىمۇ بۇرۇنقى زامانلاردا فامىلە يوق ئىكەن . كېيىنچە بەزى شۆھرەتلىك قەبىلىلەردىن ياكى نامدار ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىدىن كېلىپ چىققان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئېسىلزادىلەردىن ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ، ئۆزىنىڭ ياكى دادىسىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قەبىلە ياكى ئۇرۇقنىڭ نامىنى قوشۇپ ئاتىغان . شۇنىڭ بىلەن پەيدىنپەي فامىلە بارلىققا كەلگەن ۋە ئومۇملاشقان . ھازىر ئەرەبلەر كۆندىلىك ئالاقىدە كۆپىنچە پەقەت ئۆز ئىسمى ياكى ئۆز ئىسمىغا ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ئاتاشنى ، ئۆز ئىسمىغا فامىلىسى ياكى لەقىمىنى قوشۇپ چاقىرىشنى ئادەت قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئالاھىدە سورۇنلاردا ياكى مەتبۇئاتتا (يېزىقتا). ئۆز ئىسمى ، ئاتىسىنىڭ ئىسمى ، چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ياكى فامىلە ۋە ياكى لەقەمدىن ئىبارەت تولۇق ئۈچ تەركىبلىك ئىسىم ـ فامىلىنى ئىشلىتىدۇ ، ئاندىن بۇ خىل ئىسىم ئېنىق قاراتمىلىققا ئىگە بولىدۇ . مەسىلەن ، مۇھەممەد ئىبراھىم سۇلايمان (ئۆز ئىسمى + دادىسىنىڭ ئىسمى + چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمى) ، مۇھەممەد خەلىپە تۇنىسى (ئۆز ئىسمى + دادىسىنىڭ ئىسمى + فامىلىسى) ، جامالىدىن ئىبن ھىشام ئەنسارى (ئۆز ئىسمى + دادىسىنىڭ ئىسمى + لەقىمى) .

ئۇلاردا فامىلە ئۈچۈن تاللانغان ئىسىملارنىڭ بەزىسى شۇ شەخسنىڭ ئارزۇسى بويىچە مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتنى ئىپادىلىشى مۇمكىن . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، مەلۇم قۇش ، ھايۋان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە ئورۇن ـ جاي ئىسىملىرىدىن ئېلىنىشىمۇ ياكى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىسىملىرى قوبۇل قىلىنىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، «نەسرۇددىن ھەسەن شەتتا» دېگەن ئىسىمدا «شەتتا» (زېمىستاننى كەتكۈزدى) فامىلە بولۇپ، شۇ كىشى ئارزۇ قىلغان مەلۇم ھەرىكەتتىن؛ «ئەھمەد ئەتىييە سەقر» دېگەن ئىسىمدا «سەقر» (قارچۇغا) فامىلە بولۇپ، قۇشلارنىڭ ئىسمىدىن؛ «سەلاھۇددىن مۇھەممەد ئەل بەقەرى» دېگەن ئىسىمدا «بەقەر» (كالا) فامىلە بولۇپ، ھايۋانلار ئىسمىدىن؛ «ئەلى سالىھ ئەل ئاسيۇتى» دېگەن ئىسىمدا «ئاسيۇت» فامىلە بولۇپ، ئورۇن ـ جاي ئىسمىدىن؛ «پەتھى مۇھەممەد كامىل»، «مۇھەممەد مەھمۇد ئابدۇلۋەھھاب» دېگەن ئىسىملاردا «كامىل»، «ئابدۇلۋەھھاب» لار فامىلە بولۇپ، كىشى ئىسىملىرىدىن ئېلىنغان.

خۇيزۇلارنىڭمۇ ئۆزگىچە فامىلە ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ فامىلىسىدىكى «ما» ئەرەب كىشى ئىسىملىرىدىكى «ماجىد» نىڭ، «مۇ» فامىلىسى «مۇھەممەد» (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى) نىڭ باش ھەرپىدىن كەلگەنىكەن.

بەزى فامىلىلەرنىڭ قىزىقارلىق ئارقا كۆرۈنۈشلىرى بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، فۇجۇنىڭ چۈەنجۇ بازىرى دېڭىز بويىغا جايلاشقان بولۇپ، قەدىمكى دەۋردە دېڭىز يولى بىلەن دىن تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەن ئەرەبلەرنىڭ بىر بۆلىكى مۇشۇ جايغا چۈشۈپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئىكەن. شۇڭلاشقا، بۇ يەردە مۇسۇلمانلار (خۇيزۇلار) بىرقەدەر مەركەزلەشكەن ھەمدە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى «تۇڭ» ۋە «دىڭ» فامىلىلىك ئىكەن. «تۇڭ» فامىلىسى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەبلەر تىككەن زەيتۇن دەرىخىنىڭ، «دىڭ» بولسا، «دىن» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن كەلگەن ئىكەن. شۇڭا، چۈەنجۇ بازىرى «ستۇڭچېڭ» (زەيتۇن شەھىرى) دەپمۇ ئاتىلىدىكەن ۋە كىشىلەر بۇ شەھەردىكى «تۇڭ» ۋە «دىڭ» فامىلىلىكلەرنىڭ ئەجدادىنى مۇسۇلمان ياكى ئەرەب دەپ بىلىشىدىكەن («ئەرەب تىلى ۋە ئەرەب مەدەنىيىتى» بېيجىڭ 1998 ـ يىلى نەشرى).

بۇلار، فامىلە ئىشلىتىشنىڭ بەلگىلىك رولى ۋە ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

### 2. فامىلە قوللىنىشنى ئومۇملاشتۇرۇش مەسىلىسى

فامىلە قوللىنىش مەدەنىي ھاياتىمىزدا بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇلغان يېڭى، زۆرۈر ۋە جىددىي بىر مەسىلىدۇر. بىز فامىلە قوللىنىشنى قانچە بالدۇر ئىشقا ئاشۇرساق، بىر تەرەپتىن، ئىسىملارنى مەدەنىي قويۇش، مەدەنىي ئاتاشنى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى قېلىپلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەقسىتىگە شۇنچە تېز يېتەلەيمىز.

خەلقىمىزنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت سەۋىيەسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىغا ئەگىشىپ، مۇقىم ۋە ئومۇميۈزلۈك فامىلە قوللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەشەببۇسى ۋە بۇ جەھەتتىكى تەلەپ كۈنسېرى كۈچەيمەكتە. بىز نۆۋەتتىكى ئىسلاھات دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئىسىم قويۇش جەھەتتىكى تۈرلۈك يېتىشسىزلىكلەر ۋە ئىللەتلەرنى تۈزىتىش بىلەن بىرقاتاردا، فامىلە قوللىنىشنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

فامىلىنى ئومۇملاشتۇرۇش دەرۋەقە ئوڭاي ئىش ئەمەس . مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئالاقىدار ئورۇنلار ئومۇم خەلقنى فامىلە قوللىنىشقا چاقىرىش بىلەن بىللە ، ھۆكۈمەت تارماقلىرىمۇ بۇ خىزمەتنى كۈچلۈك قوللىشى لازىم . فامىلىنى قانداق شەكىلدە قوللىنىش ۋە فامىلە ئۈچۈن قانداق سۆزلەرنى تاللاشمۇ ئەلۋەتتە ئاسانلا بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس . فامىلىنى قاچاندىن باشلاپ قوللىنىشنى بەلگىلەش تېخىمۇ بالدۇرلۇق قىلىدۇ . پەرمان چۈشۈرگەن ، ۋاقىت بەلگىلەپ بەرگەن بىلەن ، كەڭ ئاممىنىڭ قوبۇل قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بەلگىلىك شەرت ـ شارائىت ھازىرلانمىسا بولمايدۇ . ئاممىنىڭ سەۋىيەسى ، قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى ، مايىللىقى بىلەن ھېسابلاشماي ، ئالدىراقسانلىق بىلەن قىلغان ئىش مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ ، خالاس . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۇيغۇر ئىسىم ـ فامىلىلىرى توغرىسىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى ئىزدىنىشلەرگە سەممىيەتسىزلىك قىلىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقىمىز كېرەك .

ھازىر بىزدە ئاتىنىڭ ئىسمى فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىلىۋاتىدۇ . بۇ گەرچە يامان ئىش بولمىسىمۇ ، لېكىن ئىككىنچى ئەۋلادتىلا ئۆزگىرىپ كېتىپ ، بىر جەمەتنىڭ تۇراقلىق نامى بولالمايۋاتىدۇ . مول مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بىر مىللەت ئەزالىرى ئۈچۈن فامىلىسىز كېتىۋېرىش كەلگۈسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئەجدادىنى يىتتۇرۇپ قويۇشقا ئېلىپ بارىدۇ . بەزى نەۋرىلەرنىڭ بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن چوڭ دادىلىرىنىڭ ئىسمىنى بىلمەسلىكى ياكى ئۇنتۇپ كېتىشى يىتتۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئامىللىرىنىڭ كۆرۈلۈشكە باشلىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . ئاتىسىنىڭ ئىسمىلا فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىلسە ، ئۇ فامىلە بولالمايلا قالماستىن ، بەلكى ئوخشاش ئىسىملارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنى تېزلىتىۋېتىدۇ . بىر سىنىپ ، بىر ئىدارە ، بىر مەھەللىدىلا ئۆزىنىڭ ئىسمىمۇ ، ئاتىسىنىڭ ئىسمىمۇ ئوخشىشىدىغان كىشىلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ . بىرەر مەكتەپ ، كوچا ياكى بىرەر يېزىدا ئوخشاش ئىسىملار تېخىمۇ كۆپ تېپىلىدۇ . بۇ خىل ئەھۋالدا تۇرلۇك ئالاقە ئىشلىرى مەلۇم ئاۋارىچىلىك ۋە ئۇقۇشماسلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ ، ئىسىملارنىڭ ئالاھىدىلىكىمۇ يوققا چىقىدۇ . جۈملىدىن ، «مۇھەممەد تۇرسۇن» دېگەن قوش ئىسىم بىلەن ، ئۆزىنىڭ ئىسمى «مۇھەممەد» ، ئاتىسىنىڭ ئىسمى «تۇرسۇن» بولغانغا ئوخشاش مۇشۇنداق كىشى ئىسىملىرىنى ئاڭلاش ۋە ئاتاشتا پەرقلەندۈرگىلى بولماي قالىدۇ . شۇڭا ، بىز پەرزەنتلەرگە ئىسىم قويۇشقا دىققەت قىلىش بىلەن بىللە ، فامىلە قوللىنىشنى جەزمەن ئويلىشىشىمىز كېرەك . ئۇ پەقەت يازغۇچى ، شائىرلار ياكى ئاز ساندىكى زىيالىيلار ئۈچۈنلا مۇۋاپىق كېلىپ ، ئادەتتىكى ئاممىنىڭ قوللىنىشىغا ماس كەلمەيدىغان ياكى ياراشمايدىغان نەرسە ئەمەس ، بەلكى ھەر ساھە ، ھەر قاتلام كىشىلىرىنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى . ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش مەدەنىيەتلىك مۇنداق بىر مىللەت ئەزالىرىنىڭ فامىلىسىز كېتىۋېرىشى ، بىر تەرەپتىن ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسىگە خىلاپ ، يەنە بىر تەرەپتىن ، «ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ قاتارىدا ئىسىم ـ نەسەبلىك بىر مىللەت بولۇشىمىز» غا نۇقسان يەتكۈزىدۇ («ئىبراھىم مۇتىئىي ئىلمىي ماقالىلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1990 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى ، 403 ـ بەت) .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇگۈنكى كۈندە، كىشىلەر ئۆز ئىسىملىرىغا ۋە فامىلە قوللىنىش مەسىلىسىگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى. بىز فامىلە قوللانغاندا، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ نامى ياكى ياخشى كۆرگەن بىرەر نامنى قوبۇل قىلساقمۇ بولىدۇ، ئۇنى قەدىمكى ئىسىملار ياكى ھازىرقى ئىسىملار ئىچىدىن تاللىساقمۇ بولىدۇ، شۇنداقلا باشقا مىللەتلەرنىڭ فامىلە تاللاشتىكى ياخشى ئۇسۇلىدىن پايدىلانساقمۇ بولىدۇ. ھازىرقى فامىلە قوللىنىۋاتقانلارنىڭ رايى ئۇلار فامىلە قىلغان سۆزنىڭ قايسى تىلغا مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇسۇل جەھەتتە ئەرەبلەرگە ئوخشاش ئۈچ ئىسىم سىستېمىسى بويىچە بىر پۈتۈن ئىسىم ـ فامىلە قوللىنىشقا مەركەزلەشمەكتە، يەنى فامىلىنىڭ ئورنىنى ئۆز ئىسمى ۋە ئاتىسىنىڭ ئىسمىدىن كېيىنكى ئۈچىنچى ئىسىم (ئاخىرقى ئىسىم) ئورنىدا تۇرغۇزۇپ، ئۇنى ھەربىر ئەۋلاد داۋاملىق ھالدا ئۆزىنىڭ ئۈچىنچى ئىسمى قىلىپ قوللانماقتا. مەسىلەن، ئادىل + مۇھەممەد + تۇران؛ سۇبھى + ئادىل + تۇران؛ مۇتەللىپ + سىدىق + قاھىرى؛ تاھىرجان + مۇتەللىپ + قاھىرى، دېگەنلەرگە ئوخشاش.

دەرۋەقە، بۇ تىلىمىزغا، ئۆرپ ـ ئادىتىمىزگە ۋە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە قوللىنىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، گەرچە ئىسىملار ئۆزىراپ كەتكەندەك ھېس قىلىنسىمۇ، لېكىن ئوخشاش ئىسىملارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنىپ، ئىسىملارنى تېخىمۇ كونكرېتلىققا ۋە خاسلىققا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

بىز فامىلە قوللانغاندىن كېيىن، ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئىخچام بولۇشنى كۆزدە تۇتقاندا، ئاتىنىڭ ئىسمىنى قىسقارتىپ، ئۆز ئىسمى ۋە فامىلە شەكلىنى قوللانساقمۇ بولىدۇ. لېكىن ھازىرچە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا فامىلە بولمىغىنى بىلەن، ئاتىنىڭ ئىسمى ئۆز ئىسمىنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ، مەلۇم جەھەتتىن فامىلە رولىنى ئۆتىگەچكە، ئىسىملارنى بەلگىلىك ئېھتىياج تۈپەيلىدىن قىسقارتىپ يېزىشقا توغرا كەلسە، ئۆز ئىسمىنىڭ باش ھەرپىنى ئېلىش، ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى قىسقارتىۋەتمەسلىك، فامىلىسى بارلارنىڭ ئۆز ئىسمىنىڭ باش ھەرپىنى ئېلىش، فامىلىسىنى قىسقارتىۋەتمەسلىك كېرەك. ئېيتىلىشتا، ئاتىنىڭ ئىسمىنى قىسقارتىپ ئۆز ئىسمى بىلەن فامىلىنىلا قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ، لېكىن مەتبۇئاتتا ۋە تۈرلۈك ھۆججەت، كىنىشكا، ئانكېتىلاردە ئۈچ ئىسىمنى تولۇق قوللىنىش، ئۇنى ھەربىر ئەۋلاد شۇنداق قىلىش كېرەك. ئورگانلىرىمىز، مۇتەخەسسىسلىرىمىز يېتەكلەپ، كەڭ زىيالىيلار ۋە ئاڭلىق ئامما قىزغىن قوللىسىلا بۇ نىشان يېقىن كەلگۈسىدە رېئاللىققا ئايلىنىپ، فامىلە ئارقىلىق كىشىلەر ئاخىرى قانداشلىقىنىڭ بەلگىسىگە ئىگە بولۇپ، مەدەنىيەت ئاساسىنى تېخىمۇ پۇختا تۇرغۇزالايدۇ.

# ئەنئەنىۋى ئىسىم قويۇش تەرتىپلىرى

## 1. ئىسىم قويۇشنىڭ تەييارلىقى ۋە مەزمۇنى

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىختا، شانلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولۇپ، بارلىق مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى قاتارىدا، ئۆزىگە خاس ئىسىم قويۇش ئادىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، دۇنيا ئىسىم مەدەنىيىتىگىمۇ بەلگىلىك تۆھپە قوشقان.

قەدىمكى تەبىئەت ئىلاھىيەتچىلىكى دەۋرىدە، ئۇيغۇرلار ئۆز پەرزەنتلىرىگە تەبىئەتكە، جۈملىدىن ئاسمان جىسىملىرىغا، هايۋاناتقا، ئۇچار قاناتلارغا، گۈل ـ گىياهلارغا، دەل ـ دەرەخلەرگە، تەبىئەت هادىسىلىرىگە، زېمىن ۋە سۇغا دائىر ئىسىملارنى قويۇش بىلەن بىللە، ئىسىمنىڭ قۇدرىتىگە ئىشىنىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. «بوۋاققا كۆپ كېسەل تەگسە، ئىسمى ئېغىر كېتىپتۇ، دەپ قاراپ، ئەسلىدىكى ئىسمىنى ئاددىيراق مەنىدىكى ئىسىمغا يۆتكىۋېتەتتى» («شىنجاڭ تەزكىرىسى» 1996 ـ يىل 4 ـ سان 49 ـ بەت). چۈشكە تەبىر بېرىشتىمۇ، چۈش كۆرگۈچىنىڭ ئىسمىنىڭ مەنىسىگە قارىلاتتى. ئەگەر ئىسىم ياخشى بولسا، ئۇنى مۇلاهىزە قىلىپ، ئاندىن كۆرگەن چۈشكە تەبىر بېرىلەتتى. دېمەك، بۇ يەردە كىشى ئىسمى بىلەن چۈشنىڭ ۋە چۈش مەنىسىنىڭ مۇناسىۋىتى بارلىقى قەيت قىلىنىغان («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2004 ـ يىل 1 ـ سان). بالىغا كۆز تەگمەسلىك ئۈچۈن، ئادەتتە كىشىلەرنىڭ نەزەرى چۈشمەيدىغان ناهايىتى تۆۋەن نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى قويۇشاتتى. ئەمما، كىشىلەر ئارىسىدا «نامرات كىشى ئۆز پەرزەنتىگە چىرايلىق ئىسىم قويسا، ئۇ چوڭ بولغاندا ئېسىلزادىگە ئايلىنىدۇ» دەيدىغان ئەقىدىمۇ بار. ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردىمۇ، ئىسىم بىلەن پەرزەنتنىڭ تەقدىرى زىچ باغلىنىشلىق دېگەن قاراش مەۋجۇت ئىدى. ئىسىم قويۇش مۇراسىمىدا، بوۋاقنى ئاق كىگىزگە ياتقۇزۇپ، كىگىز بىلەن بىللە يۆگەپ، بوسۇغا ئاستىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇزاق ئۆمۈر تىلىنەتتى.

ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن، ئەرەب ئىسىم مەدەنىيىتىمۇ سىڭىپ كىردى، ئەنئەنىۋى ئىسىم قويۇش تەرتىپلىرىمۇ قويۇق دىنىي تۈس ئالدى. بۇ دەۋرگە كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىمنىڭ قۇدرىتىگە ئىشىنىش ئېڭى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ ئىسىم ئەقىدىچىلىكى ئىدىيەسى بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىر گەۋدىلەشتى. بالا تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈنگىچە، بەزى جايلاردا يەتتە كۈنگىچە ئىسىم قويۇش، ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەن، تېخى ئىسىم قويۇلمىغان بالىغا جەزمەن ئىسىم قويۇپ ئاندىن يەرلىكىدە قويۇش، بالىغا رەسمىي ئىسىم قويۇشتىن بۇرۇن، تۇغۇلغان ۋاقتىدىلا ئوغۇل بولسا «ئابدۇللا» (ئاللانىڭ بەندىسى)، قىز بولسا «ئابىدە» (ئاللاغا ئىبادەت قىلغۇچى ئايال) دەپ ۋاقىتلىق ئاتاپ تۇرۇش ئادەتكە ئايلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىدا تۆت ھەققى ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئاتا ـ ئانىنىڭ بالا ئالدىدا تۆت تۈرلۈك مەجبۇرىيىتى بار دېيىلىدۇ : ئۇنىڭ بىرىنچىسى ، ياخشى ئىسىم قويۇش ؛ ئىككىنچىسى ، تۆت ياش ، تۆت ئاي ، تۆت كۈنلۈك بولغاندىن باشلاپ ، ئېغىزىغا ئىلىم سېلىش ؛ ئۈچىنچىسى ، بالاغەت يېشىغا يەتكەندە تۇرمۇشلۇق قىلىش ؛ تۆتىنچىسى ، تىرىكچىلىك يولىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت .

شۇڭا كىشىلەر ئىسىم قويۇشقا سەل قارىماستىن ، بەلكى پۇختا تەييارلىق قىلىپ ، ئىسىمنى رەسمىي قائىدە ـ يوسۇن بويىچە قويغان . ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملاشقان ئىسىم قويۇش ئادىتى بويىچە بوۋاقنىڭ ئاتا ـ ئانىسى شۇ يۇرت ياكى مەھەللىنىڭ ئاقساقاللىرى ، مۆتىۋەر مويسىپىتلىرى ، ئىمام ـ مەزىنلىرى ياكى موللىلىرىنى چاقىرىپ ھەمدە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئىچىدىكى پېشقەدەملەرنى ، خۇشسەن بوۋاقنىڭ چوڭ دادا ، چوڭ ئانىلىرى ، تاغا ـ ھاممىلىرىنى ئۆيگە دەرقەمتە قىلىپ ، ئالدى بىلەن بالىغا قانداق ئىسىم قويۇش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىدۇ . ئىسىم قويۇشقا كۆپىنچە دىنىي زاتلار تەكلىپ قىلىنىدۇ . ئەگەر ئۇلار بولمىغاندا مويسىپىتلەردىن بىرى ياكى تۇغقانلار ئىچىدىكى پېشقەدەملەردىن بىرى تەكلىپ قىلىنىسىمۇ بولىدۇ . ئەينى ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانىلار كۆڭلىگە بىرەر ئىسىمنى پۈككەن بولسا ، كۆپچىلىكنىڭ سەمىگە سېلىپ ، شۇ ئىسىمنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ . ناۋادا ئۆزلىرى قانداق ئىسىم قويۇشنى ئالدىن ئويلاشمىغان ياكى ئويلىشىشقا ئۈلگۈرمىگەن بولسا ، ئىمام ياكى موللامىنىڭ ئېغىزىغا قارايدۇ . ئىسىم قويۇشقا تەكلىپ قىلىنغۇچى ئۇ ھالدا يەڭگىللىك بىلەن ھۆكۈم چىقارماستىن ، ئاۋۋال مۇقەددەس كىتاب «قۇرئان كەرىم» گە ۋە باشقا ئەرەبچە ، پارسچە مەشھۇر كىتابلارغا قاراپ ، مۇشۇ كىتابلاردا زىكرى قىلىنغان ئىسىملاردىن ئوغۇل ياكى قىزغا مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر ئىسىمنى تاللاپ ، بوۋاقنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رازىلىقى بىلەن رەسمىي بېكىتىدۇ . ئۇنىڭدىن قالسا ، مەلۇم مۇددىئاغا ئاساسەن ، مەنىلىك ، چىرايلىق ، ئاز ئۇچرايدىغان ئەرەبچە ، پارسچە ياكى ئۇيغۇرچە ئىسىملار قويۇلىدۇ . قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىسىملارمۇ ئېتىبار بىلەن تاللىنىدۇ . بەزىدە ، ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ ئىسىملىرى يۆتكەپ قويۇلۇشىمۇ مۇمكىن . دىنىي كىتابلاردىن ئېلىنغان ئىسىملارنى ، جۈملىدىن ئەرەبچە ، پارسچە ئىسىملارنى كىشىلەر «مۇسۇلمانچە ئىسىم» دەپ ئالاھىدە ئەتىۋارلايدۇ . دىنىي ئەقىدە بويىچە بولغاندىمۇ ، مۇسۇلمان پەرزەنتى بولغۇچىغا ياخشى ئىسىم قويۇش «ساۋاب» ، ئىسىمنى ياخشى قويماسلىق «ئەيىب» دەپ قارىلىدۇ . شۇڭا ، ئادەتتە «سۇپۇرگە ، چورۇق ، پالتا ، كەكە ، يانتاق ، ئەخلەت ، چاۋار ، كېپەك ، بوسۇغا ، توقا» دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملارنى قويۇش مەكرۇ (نەپرەتلىك ، كىشىلەرگە ياقمايدۇ ) دېيىلىدۇ .

ئىسىم قويۇشنىڭ كونكرېت مەزمۇنى مۇنداق : ئىسىم قويغۇچى ئاۋۋال تەرەت ئېلىپ ئىككى رەكئەت شۈكۈر نامىزى ئوقۇيدۇ ( «ئايەتۇل كۇرسى» ۋە «لەقەد جائەكۇم» ئايەتلىرى ئوقۇلىدۇ ) ، نامازنى ئىسىمنى قويۇپ بولۇپ ئوقۇسىمۇ بولىدۇ .

بۇ ئارىلىقتا پەرزەنتنىڭ ئانىسى بوۋاقنى پاكىز ، يېڭى كۆرپىگە زاكىدايدۇ ۋە دادىسى نامازدىن كېيىن ئىسىم قويغۇچىنىڭ قولىغا ئەكىلىپ بېرىدۇ . ئىسىم قويغۇچى ئورنىدىن

تۇرۇپ ، جايناماز ئۈستىدىلا بوۋاقنى «ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىــــر رەجىـــم ، بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دەپ قولىغا ئېلىپ ، بالىنىڭ بېشىنى شىمالغا ، پۇتىنى جەنۇبقا ، يۈزىنى غەربكە (قىبلىگە ) قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇپ ، ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان : «ئاللاھۇ ئەكبەر » (تۆت قېتىم ) ، «ئەشھەدۇ ئەللائىلاھە ئىللەللا » (ئىككى قېتىم ) ، «ۋەئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەر رەسۇلۇللا » (ئىككــى قېتىــم ) ، «ھــەييــە ئەلەسسەلات » (ئىككى قېتىم ) ، «ھەييە ئەلەلفەلاھ » (ئىككى قېتىم ) ، «ئاللاھۇ ئەكبەر » (ئىككى قېتىم ) ، «لائىلاھە ئىللەللا » (بىر قېتىم ) ؛ سول قۇلىقىغا تەكبىر ئوقۇيدۇ . تەكبىر دېگىنىمىز ، ئەزاننىڭ تېزراق ئوقۇلۇپ تەكرارلىنىشى بولۇپ ، پەقەت «ھەييە ئەلەلفەلاھ » دىن كېيىن «قەد قامەتىسسەلات » (ئىككى قېتىم ) ئارتۇق ئوقۇلىدۇ .

ئەزاننىڭ مەنىسى مۇنداق : ئاللا ئۇلۇغدۇر ، گۇۋاھلىق بېرىمەنكى ، ئاللادىن ئۆزگە ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر . يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى ، مۇھەممەد ئاللانىڭ ئەلچىسىدۇر . نامازغا كېلىڭلار ، نىجاتلىققا كېلىڭلار ، نامازغا تۇرىدىغان ۋاقىت بولدى . ئاللا ئۇلۇغدۇر ، ئاللادىن ئۆزگە ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر .

ئەزان بىلەن تەكبىر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، تۈركىي تىل (ئۇيغۇرچە ) بىلەن مۇنداق دېيىلىدۇ : ئۆزلىرىنىڭ ئاسماندىن چۈشكەن بەخت ـ سائادەتلىك ئاتلىرى ئاسمان ۋە يەر يۈزىنىڭ پەرىشتىلىرى ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن «╳ ئاخۇن» ياكى «╳ خېنىم» بولغاي . ئاندىن ئىسىم قويغۇچى بالىنى جايناماز ئۈستىدە يۆمۈلىتىدۇ (بىر قېتىم ) ، ئارقىدىن يەنە قولىغا ئېلىپ ، ئىسمىنى مۇبارەكلەپ بولغاندىن كېيىن ، دادىسىغا تۇتقۇزىدۇ (بەزىلەر ئانىنىڭ قولىغا بېرىدۇ دەپ قارايدۇ ) . دېمەك ، ھەرقانداق بوۋاققا ئىسىم قويغاندا ، ئەزان بىلەن تەكبىر ئېيتىلىدۇ ، شۇڭا جىنازا نامىزىدا ئەزان بىلەن تەكبىر ئېيتىلمايدۇ . جايناماز ئۈستىدە يۆمۈلىتىش مەزكۇر پەرزەنتنىڭ ئۆلگەندە جايىنامازغا يۆگەپ ، نامىزىنى ئوقۇپ يەرلىكىدە قويۇلىدىغان مۆمىنلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولۇشىنى ئارزۇ قىلىشىنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ .

ئاخىرىدا ، ھەممەيلەن تەڭ قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىدۇ . ئىسىم قويغۇچى ئۈنلۈك ھالدا بىرىنچى دۇئادا مۇنداق دەيدۇ : «ئاللاھۇممە رەببى ھازىھىد دەئۋەتىت تامماتى ۋەسسەلاتىل قائىمەتى ئاتى مۇھەممەدىنىل ۋەسىيلەتە ۋەلفەزىيلەتە ۋەددەرەجەتەل رەفىيئەتە ۋەبئەسھۇ مەقامەل مەھمۇدەنىل لەزى ۋەئەتتەھۇ ۋەرزۇقنا شەفائەتەھۇ يەۋمەل قىيامەتى ئىننەكە لا تۇخلىفۇل مىئات بىرەھمەتىكە يا ئەرھەمەر راھىمىن . »

مەنىسى مۇنداق : ئى باراخۇدايا ، مۇشۇ كامىل دەۋەتنىڭ ئىگىسى سەن ، مۇشۇ ئوقۇلغان نامازنىڭ ئىگىسىمۇ سەن ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىزلەر ئۈچۈن ۋاستە بولۇشنى ، پەزىلەت ۋە يۇقىرى دەرىجىنى ئاتا قىلغىن ، ئۇنى سەن ئۆزۈڭ ۋەدە قىلغان ، ئۇنىڭغا خاس بولغان مەقامدا تۇرغۇزغىن ، قىيامەت كۈنىدە بىزگە ئۇنىڭ شاپائىتىنى رىزقى قىلغىن ، شەكسىزكى ، سەن ۋەدەڭگە خىلاپلىـــق قىـــلمايسەن ، ئـــى ئاللا ، سەن رەھىمدىللەرنىڭ ئەڭ رەھىمدىلى سەن .

ئىككىنچى دۇئادا مۇنداق دەيدۇ :

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

«ئاللاھۇممە ئەجئەل ھازەل ۋەلەدە (ھازىھىل بىنتە ) مىنەت تەۋۋابىينە ۋە مىنەل مۇتەتەھھىرىينە ۋە مىنەس سالىھىينە ۋە مىنەل مۇخلىسىينە ۋە مىنەش شاكىرىينە ۋە مىنەس سابىرىينە ۋە مىنەل لەزىينە لا خەۋفۇن ئەلەيھىم ۋەلاھۇم يەھزەنۇن .»

مەنىسى مۇنداق : ئى ئاللا ، بۇ ئوغۇلنى (قىزنى ) تەۋبە قىلغۇچىلاردىن ، پاك يۈرگۈچىلەردىن ، ياخشىلاردىن ، مۇخلىسلاردىن ، نېمەتلىرىڭگە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن ۋە بالاغا سەۋرى قىلغۇچىلاردىن قىلغىن . بۇ بالىنى غەم ـ قايغۇسىز كىشىلەر قاتارىدا قىلغىن .

دۇئادىن كېيىن بوۋاقنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئىسىم قويغۇچىغا ھەدىيە بېرىدۇ . ئەگەر نامرات بولۇپ ، ھەدىيە بېرىشكە يېتىشەلمىسە ئاغزاكى رەھمەت ئېيتىسىمۇ بولىدۇ .

بىزدە ، ئىسىم قويغان كۈنى ئىسىم قويۇش تەرتىپلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ئىسىم قويۇشقا داخىل بولغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە بىردەك رەھمەت ئېيتىش ، ئىسىم قويغۇچىغا ئۆزى بىلىپ نەق پۇل ۋە رەخت قويۇش ، ئالدىن تەييارلىق قىلغان بولسا ، داستىخان سېلىپ چاي سۇنۇش بىرقەدەر كۆپ ئۇچرايدىغان رەسمىيەت شەكلى ھېسابلىنىدۇ . ئەمما ، ھازىرقى ۋاقىتتا بەزىلەرنىڭ ئىسىم قويغۇچىغا بېرىدىغان ھەدىيەنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشى ، باشقىلارنىڭ ئۈلارنى دوراپ ئېخىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈشى ، ھەتتا بەزى ھەشەمخور سودىگەرلەرنىڭ ئات تويى قىلىپ ، كاتتا زىياپەت بېرىشى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك سوۋغا تەقدىم قىلىشى ھاجەت ئەمەس .

ھازىر بەزى ئورۇنلاردا ئالايىتەن مېھمان چاقىرىپ يۈرمەستىن ، ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرىلا بىرەر مويسىپىت تۇغقىنىنى تەكلىپ قىلىپ ياكى قۇدىلار ئۆزئارا يىغىلىپلا ئاددىي ھالدىكى ئىسىم قويۇش رەسمىيىتىنى بېجىرىدۇ . ئەگەر ئىسىمنى بىرەر ھەپتە ئىچىدە قايتا ئۆزگەرتىشكە ياكى مەلۇم مەزگىل ، مەلۇم يىللاردىن كېيىن باشقا ئىسىم قويۇشقا توغرا كەلسە ، رەسمىيەت ئېخىمۇ ئاددىي بېجىرىلىدۇ . مەسىلەن ، شۇ ئۆيدە توي ، نەزىر ئۆتكۈزۈلگەن ياكى ھېيت ـ ئايەم مۇناسىۋىتى بىلەن مېھمان چاقىرىلغان پەيتكە توغرىلاپ ، پەرزەنتنىڭ يېڭى ئىسمىنى كۆپچىلىككە جاكارلىۋېتىسىلا كۇپايە . يېقىندىن بۇيان ، ئىسىم ئۆزگەرتىشتە گېزىتكە ئېلان بېرىش شەكلى قوللىنىلىۋاتىدۇ ، بۇ تېخىمۇ ياخشى ئۇسۇل .
بەزى جايلاردا ئىسىم قويۇش تەرتىپلىرىمۇ تولۇق ئورۇندىلىپ كەتمەيدۇ ، مەزمۇنىمۇ پەرق قىلىدۇ . مەسىلەن ، موللا ـ ئۆلىمالارنى چاقىرىشقا ئامال بولمىغان ياكى مويسىپىتلەر ئىچىدە يۇقىرىقى دۇئالارنى تولۇق بىلىدىغانلار بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ، ئوڭ قۇلاققا ئەزان ، سول قۇلاققا تەكبىر ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن ، تۈركىي تىل بىلەن ئېيتىلىدىغان ئىسىم قويۇش كەلىمىسىنى دەپ ، بوۋاقنى جايناماز ئۈستىدە يۆمۈلىتىپ ، ھەممەيلەن بىرلىكتە ئىسىمنى ئۈنلۈك مۇبارەكلەيدۇ . بەزىدە ئىككى رەكئەت نامازمۇ قىسقارتىلىدۇ .

ئايرىم ئورۇنلاردا شۇ جاينىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە بوۋاقنى جايناماز ئۈستىدە يۆمۈلىتىش ئورنىغا بالىنىڭ مەرتىۋىسى ئۈستۈن بولسۇن دەپ قىبلە تامدىكى تەكچە ياكى مورا بېشىغا ئېلىپ قويۇپ ، ئاندىن دۇئا قىلىپ ، ئاخىرىدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولىغا

تۇتقۇزىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، جايناماز ئۈستىدە يۇمۇلتىپ بولۇپ ، ئاندىن بىرەر ئېگىز جايغا ئېلىپ قويۇپ ، دۇئانىڭ ئورنىغا ئاددىي مۇبارەك سۆزى («ئاسماندىن چۈشكەن سائادەتلىك ئاتلىرى مۇبارەك بولغاي» دېگەن كەلىمە) بىلەن ئىسىم قويۇشنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان ئادەتمۇ بار .

## 2. ئىسمنى ئاخىرغىچە توغرا داۋاملاشتۇرۇش كېرەك

دەرۋەقە ، ئىسىم قويۇشتا رەسمىيەتنىڭ قانداق بېجىرىلىشى مەلۇم رايوندىكى ئاممىنىڭ ياكى مەلۇم جەمەتنىڭ ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئەنئەنىسىگە باغلىق . شۇڭا ، ئىسىم قويۇش تەرتىپىنىڭ تولۇق بولۇش ـ بولماسلىقى ، ئۇنداق ياكى مۇنداق بولۇشى مۇھىم ئەمەس ، بىز ئۈچۈن مۇھىم بولغىنى يەنىلا ئىسىمنى ياخشى تاللاش ، توغرا ئاتاش ، ئۆزگەرتمەسلىك ، ئاخىرغىچە توغرا داۋاملاشتۇرۇش . بۇ شۇ ئائىلە ، شۇ پەرزەنت ئۈچۈن ئىسىم قويۇشنىڭ ئەڭ ياخشى شەرتى ، كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرىنى ، شۇنىڭدەك ئۆز ـ ئۆزىنى قەدىرلىگەنلىكىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىپادىسى .

باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئىسىم قويۇش ئادەتلىرى بولىدۇ . ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۇسۇلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، بىز ئۇلاردىن ئىسىمنىڭ مەنىسىگە ئېتىبار بېرىشنى ، ئەتىۋارلاپ قويغان ئىسىمنى شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ، باشتىن ـ ئاخىر تولۇق ، توغرا ئاتاشنى ئۆگىنىشىمىز لازىم . خۇسۇسەن ئەرەبلەرنى مىسالغا ئالساق ، ئۇلار ئىسىمنى ئەزان توۋلاپ قويغان چاغدا قانداق ئاتىغان بولسا (ئەسلىي تەلەپپۇزى قانداق بولسا) ، مەيلى ئۇ كىشى مۆتىۋەر بولسۇن ياكى ئادەتتىكى پۇقرا بولسۇن ، مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن ، مەيلى ئۆيدە ياكى سىرتتا بولسۇن ھەرقاچان كامىل تەلەپپۇز قىلىدۇ . ئەگەر كىمدەكىم بىراۋنىڭ ئىسمىنى توغرا ئاتىمىسا ياكى ئۆزگەرتىۋەتسە ، بۇ ، ئىسىم ئىگىسى ئۈچۈن ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق ، ئاتىغۇچىغا نىسبەتەن ئاھانەت ھېسابلىنىدۇ . دېمەك ، ئىسىمنى ئۆزگەرتىۋەتمەسلىك ئەرەبلەرنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىغا بولغان مۇھەببىتىنى ، ئۆزىنىڭ بىلىم ۋە ساپاسىنى ئىپادىلىشىنىڭ بىر ۋاستىسى . شۇڭا ، ئۇلاردا بىر ئىسىمنىڭ كۆپ خىل ئۆزگىرىپ ، ئەسلىي ئاتىلىشىدىن يىراقلاپ كېتىش ئەھۋالى كۆپ ئەمەس .

ئەكسىچە ، بىزدە «مۇھەممەد» دېگەن بىر ئىسىمنىڭ 7 ـ 8 خىل ، «ئائىشە» دېگەن بىر ئىسىمنىڭ 9 ـ 10 خىل ، «مەريەم» ياكى «مەريەمنىسا» ، «خوجا» ، «ئۇبەيدۇللا» دېگەن ئىسىملارنىڭ ئون نەچچە خىل ئۆزگىرىشلىرى بار . يېڭى بىر ئەۋلاد دۇنياغا كۆز ئاچقاندا ، ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرىنى ناھايىتى بەختلىك سانىشىدۇ . پەرزەنتلىرىگە ئىسىمنى ياخشى قويۇش ، ئەڭ ياخشى ئىسىم قويۇش ئۈچۈن پايپېتەك بولىدۇ ۋە تۇغقانلارنى ، قولۇم ـ قوشنىلارنى گۇۋاھ قىلىپ ، ئاللانىڭ ئىسىمنى چاقىرىپ تۇرۇپ ، بالامغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىنى قويدۇم ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئايالىنىڭ ئىسمىنى قويدۇم ، مەريەم ئانىمىزنىڭ ئىسمىنى قويدۇم ، «خوجا» ، «ئۇبەيدۇللا» دېگەن ياخشى مەنىلىك ، چىرايلىق ئىسىملارنى قويدۇم دەپ خۇشال بولىدۇ . لېكىن ئىسىم قويۇش ئاخىرلىشىپ ،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا «مۇھەممەد» نى «مەت» ، «ئائىشە» نى «ھاشى» ، «مەريەم» نى «مەخان» ، «خوجا» نى «غوجاق» ، «ئۇبەيدۇللا» نى «ئەبەي» دېيىشكە باشلايدۇ. بۇ ، نېمىدېگەن مەسئۇلىيەتسىزلىك ـ ھە!

ئىسىم قويۇش بىر كىشىنىڭ ھاياتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم باسقۇچ. بۇنىڭدا ئىسىمنى قانداق ئۇسۇل بىلەن قويۇش ۋاقىتلىق ئىش ، ئەمما ئىسىمنى توغرا ئاتاش شۇ كىشىنىڭ ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىشى ، ئۇنىڭ ھۆرمىتى ۋە مەدەنىيەت دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان مۇھىم بەلگە. ئۆلىما ۋە مويسىپىتلىرىمىزنىڭ كۆپچىلىكى ئىسىمنى ئەزان توۋلاپ قويغاندا ، ئەزەلدىن توغرا ۋە تولۇق ئاتاپ ، ئالاھىدە پاساھەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. بىز بۇ يەردە ئىسىم قويغۇچىلاردىن يەنە شۇنى ئۆتۈنىمىزكى ، ئىسىم قويۇش سورۇنىدا ئاتا ـ ئانىلارغا ۋە ئىسىم قويۇشقا قاتناشقان بارلىق ئۇرۇق ـ تۇغقان ، يۇرتداشلارغا ئىسىمنى كامىل ئاتاشنى ، ئۆزگەرتىۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشىمىز ، ئۆزىمىز باشلامچىلىق بىلەن توغرا تەلەپپۇز قىلىشىمىز لازىم. ئىسىم تاللىغاندىمۇ شۇ ئىسىمنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىش ئېھتىمالىنى چوقۇم نەزەرگە ئېلىپ ، ئاسان ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان ئىسىملارنى تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز ، ئەڭ ياخشىسى ئۆزگەرتىۋەتمەسلىكىمىز لازىم. دېمەك ، ئىسىم قويۇشتا ئۇنىڭ تەرتىپىدىنمۇ بەك ، ئۇزاق مۇددەت توغرا داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز ، بۇنى پۈتۈن مىللەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى دەپ تونۇشىمىز كېرەك.

ئېنىقكى ، ئىسىمنى مۇمكىنقەدەر توغرا ئاتاش كۆپچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ. چۈنكى ، ئۆز ئىسمىنىڭ خاتا ، كەمتۈك ، قوپال ، سەت چاقىرىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. ئىشىنىشىمىز كېرەككى ، بۈگۈنكى كۈندە ئۆز تىلىمىزدا يېزىلغان ، بىرقەدەر مۇكەممەل كىشى ئىسىملىرى ئىزاھلىق لۇغەتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ ، ئىسىمنى كىتابقا ئاساسەن قويۇش ۋە توغرا قوللىنىش مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەر بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. يېقىنقى گېزىت ـ ژۇرناللارغا ، رادىيو ـ تېلېۋىزىيەلەرگە دىققەت قىلىدىغان بولساق ، بۇرۇن ياخشى تاللانمىغان ، مەنىسىنى ياخشى چۈشەنمىگەن ، مەلۇم مۇددەتنى ئاساس قىلمىغان ۋە كېيىن توغرا ئاتالمىغان كۆپلىگەن ئىسىملارنىڭ ئەمدىلىكتە ئۆزگەرتىلىۋاتقانلىقىنى ۋە توغرا تەلەپپۇز قىلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز. مانا بۇ كىشىلەردىكى يېڭىچە ئىسىم مەدەنىيىتىگە بولغان بىر خىل ئىنتىلىش ۋە مايىللىقنىڭ ئىپادىسى. بىز بۇ خىل يۈزلىنىشنى ۋاقتىدا قوللىساقلا ، ئىسىملارنى ياخشى تاللاش ، توغرا ئاتاش ، توغرا قوللىنىش ، گۈزەللەشتۈرۈش ۋە ئىلمىيلەشتۈرۈش ئاساسىدىكى يېڭى يۈكسىلىش چوقۇم بارلىققا كېلىدۇ. شۇ چاغدىلا بىز ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ ، ئۇنى ھەقىقىي تۈردە يېڭى دەۋر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايمىز.

# ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا ئىپادىلەنگەن دىنىي ئالاھىدىلىك

كىشى ئىسىملىرى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە خاس ئالاھىدە ھادىسە بولۇپ، باشقا تىل ھادىسىلىرىگە ئوخشاش مۇھىم ئەھمىيەتكە ۋە تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە. ئۇنىڭ شەكىللىنىشى جەمئىيەت، مەدەنىيەت، تارىخىي مۇھىت، دىنىي ئېتىقاد ۋە تىل قاتارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە تەرەققىياتىغا ئىنتايىن مول مەدەنىيەت، تارىخ ۋە دىن ئەندىزىلىرى سىڭگەن بولىدۇ؛ ئۇ كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى، پەزىلىتى قاتارلىق مەنىۋى ئامىللارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىمۇ باشقا مىللەت كىشى ئىسىملىرىغا ئوخشاش ئۆزىدە قويۇق دىنىي ئېتىقاد ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىگەن. بۇددا دىنى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان مەزگىللەردە بۇتقا چوقۇنۇش ئېتىقادىمۇ تەبىئىي ھالدا ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىدا گەۋدىلەنگەن. مەسىلەن، كىشىلەر ئۆز پەرزەنتلىرىگە تويىن (راھىب)، بۇرخان (تەڭرى، بۇددا)، بۇرخان قۇلى، نوم قۇلى دېگەندەك ئىسىملارنى قويغان.

مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقىلىپ، ناھايىتى تېز كېڭەيدى. بۇ دىن ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى، كۆزقارىشى، شۇ قاتاردا ئىسىم قويۇش ئادەتلىرىگىچە ئومۇمىيۈزلۈك تەسىر كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئىلگىرىكى كىشى ئىسىملىرى تەدرىجىي شاللىۋېتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىسلام دىنى ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىسىملار ئالدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرمۇ كۆپ خۇدالىق دىنغا ۋە بۇتقا چوقۇنغان بولۇپ، قۇياشقا ئېتىقاد قىلىدىغانلار كۆپىنچە «ئابدۇششەمس» (قۇياشنىڭ قۇلى) دەپ ئىسىم قويسا، ئايال ئىلاھ مەناتقا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئۆزلىرىگە «ئابدۇمەنات» (مەناتنىڭ قۇلى) دەپ ئىسىم قويۇشقان؛ تايىپنىڭ چاسا تېشى لاتقا چوقۇنغۇچىلار ئۆزلىرىگە «ئابدۇللات» (لاتنىڭ قۇلى) دەپ ئىسىم قويغان. ئەينى ۋاقىتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «ئابدۇللات» ئىسىملىك بىرىنىڭ ئىسمىنى «ئابدۇللا» (ئاللانىڭ قۇلى) غا ئۆزگەرتىپ بەرگەن.

ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئەرەبچە ئىسىملار بولغانلىقىنىڭ سىرتىدا، ئەنئەنىۋى ئىسىم قويۇش تەرتىپلىرىمۇ كۈچلۈك دىنىي تۈس ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنى ئېتىقادىنى ئىزھار قىلىشىنىڭ بىر خىل ۋاسىتىسىگە ئايلاندى. مۇنداق ئىسىملارنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئاللانىڭ ئىسمى ياكى سۈپەتلىرىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش. ئىسلام دىنىدا «ئاللا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەممىنى ياراتقۇچى» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ 99 گۈزەل ئىسمى بار. بۇ ئىسىملار ئاللانى مەدھىيەلەيدۇ، ھەربىر گۈزەل ئىسىم بىر مەدھىيە سۆزىدىن تۈزۈلگەن. مەسىلەن، ئەلھەمىد (مەدھىيەلەنگۈچى)، ئەلمەجىد (ھۆرمەتلەنگۈچى)، «ئەلھەلىم» (كەڭ قورساق)، ئەلقادىر (ھەممىگە قادىر) دېگەنلەردەك. بۇ گۈزەل سۈپەتلەرنى ئىسىم قىلىپ قويغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئاللاغا بولغان كۈچلۈك ئېتىقادىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، ئادەتتە ئاللانىڭ نامىنىڭ ئالدىغا «ئابدۇ» (قۇل، بەندە) دېگەن سۆزنى قوشىدۇ. مەسىلەن، «ئابدۇلۋاھاب، ئابدۇرەھمان، ئابدۇللا، ئابدۇلھەلىم» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

(2) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنى ئىسىم قىلىش.① مۇناسىۋەتلىك كىتابلاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان. سۈرىيەدە تۈزۈلگەن «دەلائىلۇل خەيرات» (ياخشىلىقنىڭ دەلىللىرى) دېگەن كىتابتا 201 ئىسىم ۋە سۈپەت كەلتۈرۈلگەن. پاكىستاندا نەشر قىلىنغان «مەجمۇئەتۇ ۋەزائىف» (مەجبۇرىيەتلەر توپلىمى) دېگەن قوللانمىدا 105 ئىسىم ۋە سۈپەت بېرىلگەن. بۇمۇ كىشىلەرنىڭ ئىسىم تاللىشىدىكى مۇھىم نىشانلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، مۇھەممەد (دائىم مەدھىيەلەنگۈچى)، ئەھمەد (ئەڭ ماختىغۇچى)، مەھمۇد (مەدھىيەلەنگەن)، رەسۇل (ئەلچى)، مۇستاپا (خىللانغان) دېگەنلەردەك.

(3) «مۇھەممەد» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان قوش تەركىبلىك ئىسىملارنى قوللىنىش. ئۇيغۇرلار «مۇھەممەد» دېگەن ئىسىمنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن ئۇنى پەرزەنتلىرىگە يالغۇز ئىسىم شەكلىدە قويغاندىن باشقا، «مۇھەممەد» نى سۈپەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئاخىرىغا ياكى بېشىغا يەنە بىر مۇستەقىل ئىسىمنى قوشۇپ، «مۇھەممەد» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان قوش تەركىبلىك ئىسىملارنى قوللىنىشقىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. مەسىلەن، مۇھەممەدرەھىم، (مەترەھىم)، مۇھەممەدئەلى (مەمتىلى)، مۇھەممەدنىياز (مەتنىياز)، مۇھەممەدئەمىن (مەمتىمىن)، توختىمۇھەممەد (توختىمەت)، يارمۇھەممەد (يارامەت) دېگەنلەردەك.

(4) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، ئاياللىرى، پەرزەنت ۋە نەۋرىلىرى، دوستلىرى (چاھاريارلار) نىڭ ئىسىملىرىنى تاللاپ قويۇش. بۇ خىل ئىسىملارمۇ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئالاھىدە مەنبەلىرىدىن بىرى بولۇپ، دىنىي مەزمۇندىكى كىشى ئىسىملىرى قاتارىغا كىرىدۇ. مەسىلەن، ئابدۇلمۇتتەلىب، ئاببas، ئائىشە، خەدىجە، پاتىمە، زەينەب، ھەسەن، ھۈسەيىن، ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئەلى، ئوسمان قاتارلىقلار.

(5) ئاللانىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا ھەر خىل ماختاش سۆزلىرىنى ياكى باشقا سۈپەتلەرنى قوشۇش ئارقىلىق ئۇنى ئىسىم قىلىپ، ئاللاغا بولغان مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش. مەسىلەن، ھەبىبۇللا (ئاللانىڭ دوستى)، رەھمىتۇللا (ئاللانىڭ شەپقىتى)، شۈكرۇللا

① ئىسىم قويۇشتا، بىر ئادەمنىڭ ئۈچ ئوغلى بولسا، ئۇنىڭ بىرىنىڭ ئىسمىنى «مۇھەممەد» قويۇش شەرت، ئۇنداق بولمىغاندا ئۇممەتلىككە يارىمايدۇ، دەيدىغان گەپ بار. «مۇھەممەد» دېگەن ئىسىمنىڭ كۆپ قويۇلۇشىدىكى بىر ئاساس مۇشۇ بولۇشى مۇمكىن.

(ئاللاغا رەھمەت)، ھەمدۇللا (ئاللاغا مەدھىيە ئوقۇماق)، خەيرۇللا (ئاللانىڭ ياخشىلىقى) دېگەنلەردەك.

(6) «دىن» دېگەن سۆزنىڭ ئالدىغا باشقا ئىسىملارنى قوشۇپ ئىسىم قىلىش. روشەنكى، بۇ يەردىكى «دىن» دېگىنىمىز، ئىسلام دىنىنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلەر بۇ خىل ئىسىملارنى قوللىنىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ بۇ دىنغا بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرگەن ياكى بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، نۇرىدىن (دىنىنىڭ نۇرى)، سالاھىدىن (دىنىنىڭ قورالى)، شەمسىدىن (دىنىنىڭ قۇياشى)، ئەنسەرىدىن (دىنىنىڭ ھىمايىچىسى)، غىياسىدىن (دىنىنىڭ ياردەمچىسى) دېگەنلەردەك.

(7) باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسمىنى قويۇش. «قۇرئان كەرىم» دە 25 نەپەر پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە «ئەھمەد» دەپ ئاتالغىنىدىن سىرت، باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ پەقەت بىرلا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن، ئىبراھىم، ئىسمائىل، يەئقۇب (ياقۇب)، يۇسۇپ، ئىسھاق، ئىلياس، ئىدرىس، يەھيا، يۇنۇس قاتارلىقلارغا ئوخشاش. باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسمى قوللىنىلغاندا، بۇ خىل ئىسىملار كۆپىنچە يالغۇز ئىشلىتىلىدۇ. باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسمى سۈپەت قىلىنىپ، ئۇنىڭغا باشقا ئىسىملار قوشۇلۇپ، قوش تەركىبلىك ئىسىم ياساشقا توغرا كەلسە، يەنىلا «مۇھەممەد» ياكى «ئەھمەد» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن، مۇھەممەد يۇسۇپ، مۇھەممەد ئىبراھىم، يۇسۇپ ئەھمەد دېگەنلەرگە ئوخشاش.

باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسمى گەرچە ئىبرانىي تىلىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار ئۇنىڭ قانداق تىلغا تەۋە بولۇشىدىن ياكى قانداق مەنە بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنى «قۇرئان كەرىم» دە زىكرى قىلىنغان ئىسىملار دەپ قاراپ، ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن.

(8) «قۇرئان كەرىم» نىڭ نامىنى ياكى ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىنى ئىسىم قىلىپ قوللىنىش. «قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولۇپ، ئاللانىڭ سۆزى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول. ئۇ، ئىسلام دىنى ئەھكاملىرىنىڭ ئاساسى، ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئۆرپ - ئادەت ۋە تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. ئىسلام دۇنياسىدىكى ھەرقايسى مەزھەپ ۋە ئېقىملار «قۇرئان كەرىم» نى ئورتاق ھالدا ئۆزلىرىنىڭ نەزەرىيە ئاساسى قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك بولۇپ، بۇ ھال ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىمۇ ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن، پۇرقان («قۇرئان كەرىم» نىڭ باشقىچە ئاتىلىشى)، ئايەت («قۇرئان كەرىم» نىڭ پاراگرافلىرى)، فاتىھە («قۇرئان كەرىم» نىڭ «كىرىش سۆزى»)، تاھا («قۇرئان كەرىم» نىڭ 20 - سۈرىسى)، ياسىن («قۇرئان كەرىم» نىڭ 36 - سۈرىسى) قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

(9) ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى ۋە مۇراسىم - قائىدىلىرى نامىنى ئىسىم قىلىش. ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى ئاساسەن دىنىي ئېتىقاد، دىنىي مەجبۇرىيەت (پەرز) ۋە ئۆشرە - زاكات بېرىپ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپىدۇ. دىنىي ئېتىقاد

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاساسلىقى ئاللاغا ئىشىنىش ، ئاللانىڭ بىرلىكىگە ئىشىنىش ، ئاللاغا شەك كەلتۈرمەسلىك قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ ؛ دىنىي مەجبۇرىيەتلەر (پەرزلەر) ئىمان كەلتۈرۈش ، ناماز ، روزا ، ئۆشرە ـ زاكات ، ھەج قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ . دىنىي ئەقىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىسىملاردىن تۆۋەندىكىلەرنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن : مەسىلەن ، شەھىد (ئاللا ئۈچۈن ئۆزىنى تەقدىم قىلغۇچى) ، غازى (ئاللا يولىدا جەڭ قىلغۇچى) ، ئۇبەيد (ئىنتايىن چوقۇنغۇچى) ، ئابىد (چوقۇنغۇچى) ، ئىبادەت (چوقۇنماق) ، ئىمان (ئىشەنچ) ، ئەقىدە (ئېتىقاد) ، تائەت (ئىبادەت) ، ساجىدە (سەجدە قىلغۇچى ئايال) ، ئاقائىد (ئەقىدىلەر) ، ئىسلام (بويسۇنماق) ، مۇسلىم (مۇسۇلمان ، بويسۇنغۇچى) ، ئەئۇز (پاناھ تىلىمەك) ، دۇئا (ئاللانى چاقىرماق) دېگەنلەردەك . ئۇنىڭدىن باشقا ، دىنىي مۇراسىم ـ قائىدىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىسىملارمۇ ئاز ئەمەس . مەسىلەن ، رۇزى (روزا تۇتماق) ، سائىم (روزا تۇتقۇچى) ، مەۋلىد (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش) ، مىئراج (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسمانغا چىقىشى) ، قۇربان (قۇربانلىق قىلماق) ، ئېيد (ھېيت) ، ئايەم (ھېيت كۈنلىرى) قاتارلىقلار .

(10) دىنىي دەرىجە ـ ئەمەل نامىلىرىنى ئىسىم قىلىپ قوللىنىش . ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا چوڭقۇر ئەقىدە قىلىپلا قالماستىن ، بەلكى بۇ دىن بىلەن شۇغۇللانغۇچى مۆتىۋەر زاتلارنى ، موللا ـ ئۆلىمالارنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ياكى ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ شۇلارغا ئوخشاش ئابرۇيلۇق زاتلاردىن ، دىنىي يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىدىن ، دىنىي ئىلىمگە كامىل كىشىلەردىن ، تەقۋادارلاردىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ ، تۈرلۈك دىنىي دەرىجە ـ ئەمەل نامىلىرىنىمۇ پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسمى قىلغان . مەسىلەن ، ھاجى (ھەج قىلغۇچى) ، قارى («قۇرئان كەرىم» نى قىرائەت قىلغۇچى) ، تالىب (ئوقۇغۇچى) ، خەلپىتىم (مەھەللىۋى مەدرىسەنىڭ ئوقۇتقۇچىسى) ، داموللام (دىنىي ئىلىم بويىچە بۇخارادا ئوقۇپ كەلگەنلەرگە بېرىلىدىغان دىنىي دەرىجە نامى) ، موللام (بەلگىلىك دىنىي سەۋىيەگە ئىگە كىشى) ، ئەلەم (شەرىئەت مەھكىمىسىنىڭ دېلو تەكشۈرگۈچىسى) ، مۇپتى (ئىسلام دىنى قانۇنىنى شەرھلىگۈچى) ، ئىمام (ناماز سېپىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ، جامائەتكە يېتەكچىلىك قىلغۇچى) ، خوجا[①] (غوجى) ، سەييىد[②] (سېيىت) دېگەنلەردەك .

(11) ھىجرىيە يىلنامىسىدىكى ئايناملىرىنى ئىسىم قىلىش . بۇ يىلنامە ئەرەب يىلنامىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ئۇ ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنەگە كۆچكەن ۋاقتىنى باشلىنىش قىلغان بولۇپ ، ئىسلام تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . ئەرەبلەر ھازىرمۇ بۇ يىلنامىنى مىلادىيە يىلنامىسى بىلەن ئوخشاش قوللىنىپ كەلمەكتە . شۇڭا ، ئۇيغۇرلار ئۇنىڭدىكى ئاي ناملىرىنىمۇ پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قىلىپ قويغان . مەسىلەن ،

① خوجا — توغرا ئاتىلىشى بويىچە «خۋاجە ، خاجە» دېيىلىدۇ . ئۇ ، پارسچە ئىسىم بولۇپ ، ئۇيغۇرچىدا «ئۇستاز ، ئىگە» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ . ئەمما كىشى ئىسىملىرىدا بەزىدە ئاللانى ۋە بەزىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ .

② سەييىد — ئەرەبچە ئىسىم بولۇپ ، كىشىلەر ئادەتتە «سېيىت» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ . ئۇيغۇرچىدا «خوجا» غا ئوخشاش مەنىگە ئىگە . شۇڭا ھەر ئىككىسى دىنىي ئىسىم ھېسابلىنىدۇ .

مۇھەررەم (1 ـ ئاي)، سەپەر (2 ـ ئاي)، رەجەب (7 ـ ئاي)، شەئبان (8 ـ ئاي)، رامىزان (9 ـ ئاي)، زۇلھىججە (12 ـ ئاي) دېگەنلەردەك.

(12) ئەرەب ئەللىرىدىكى ئورۇن ـ جاي، قەبىلە ناملىرىنى ۋە ئىسلام تارىخىدىكى مەزھەپ ناملىرىنى ئىسىم قىلىش. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقادى ئۇلارنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىگە، جۈملىدىن ئەرەب مەدەنىيىتىگە بولغان ھەۋەس ۋە ئىخلاسىنى كۈچەيتىپ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا ئەرەب ئەللىرىدىكى ئورۇن ـ جاي، قەبىلە ناملىرىنى، ئىسلام تارىخىدىكى تۈرلۈك ئېقىم ۋە مەزھەپلەر نامىلىرىنى ھەمدە ئۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلغۇچى شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرىنى قوللىنىشتەك ئەھۋالنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. مەسىلەن، مەككە (سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى مۇقەددەس جاي)، مەدىنە (سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى ئۇلۇغ شەھەر)، رىياد (سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ پايتەختى)، مىنا (سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى تاغ نامى)، قۇرەيش (قەدىمكى ئەرەب قەبىلىسى نامى)، باغداد (ئىراقنىڭ پايتەختى)، قاھىرە (مىسىرنىڭ پايتەختى)، سۇرىيە (بىر ئەرەب دۆلىتى)، پىرات (ئىراقتىكى دەريا نامى، «ئىفرات» مۇ دېيىلىدۇ)، ئەدەن (يەمەندىكى شەھەر)؛ ھەنىپ (پاك، توغرا؛ ھەنەپىي مەزھىپىدىكى كىشى)، دەرۋىش[①] (رىيازەت چەككۈچى، تەركىدۇنيالىق يولىنى تۇتقۇچى)، ئىشان[②] (پىر، شەيخ؛ تەرىقەت يولىدا ماڭغۇچى)، زاھىد (تەقۋادار)، سوپى (تەسەۋۋۇپچى)، شافى (شاپائەتچى)، مەھدى (توغرا يولغا ئېرىشكۈچى؛ مەھدى مەزھىپىدىكى كىشى) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

(13) پەرزەنت تۇغۇلغاندىن كېيىن ئاللاغا بولغان تەشەككۈرىنى ئۆز تىلىدا ئىپادىلەپ، ئۇنى ئىسىم قىلىش. مۇسۇلمانلار، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار پەرزەنتنى ئاللا ئاتا قىلىدۇ دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ ئاللاغا بولغان چەكسىز مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، بالىلىرىغا سەيىدنىياز (سەيىدكە بەخشەندە قىلىنغان، ئاتىۋېتىلگەن)، خوجانىياز (خوجىغا بەخشەندە قىلىنغان)، خوجامبەردى، ئاللابەردى، ئىگەمبەردى، شاھىمبەردى (ھەممىنىڭ پادىشاھى بولغان ئاللا بەردى)، ئاتائۇللا (ئاللا بەرگەن) دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملارنى قويغان. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى گەرچە ئۇيغۇرچە ئىسىملار بولسىمۇ، لېكىن شۈبھىسىزكى، ئۇلاردىمۇ دىنىي ھېسسىيات ئاساس قىلىنغان.

يىغىنچاقلىغاندا، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خاراكتېرىدا دىنىي تۈس ئىنتايىن گەۋدىلىك ۋە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆز تۇرمۇشىدا دىندىن ئايرىلالمىغاندەك، ئىسىم تاللاش ۋە قويۇشتىمۇ ئىسلام دىنى ئەقىدىسىنى مەركەز قىلغان. شۇڭا، دىنىي مەزمۇندىكى ئىسىملار كۆپ بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، باشقا مەزمۇندىكى ئەرەبچە ئىسىملار، شۇنىڭدەك يەنە ھەر خىل مەزمۇندىكى پارسچە ئىسىملار ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا كۆپ سانىنى تەشكىل قىلغان. خەزىنىمىزدىكى پارسچە ئىسىملار ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ تۈرتكىسىدە پارسلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن، پارس كىشى ئىسىملىرى ۋە پارس تىلىدىكى ئەسەرلەرنى مەنبە قىلغان ئاساستا قوشۇلغان. بىر ئۇيغۇر كىشى

①② دەرۋىش، ئىشان — پارسچە ئىسىملاردۇر.

ئىسىملىرىنى قانچە چوڭقۇر تەتقىق قىلساق، ئۇنىڭدىكى تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلەرنى شۇنچە چوڭقۇر قېزىپ چىقالايمىز. دەرۋەقە، ئۇنىڭدىكى دىنىي ئالاھىدىلىك يۇقىرىقى مەزمۇنلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بۇ پەقەت مېنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ھېس قىلغانلىرىم، كۆپچىلىكنىڭ بۇ ھەقتە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئىجتىمائىيلىقى

كىشى ئىسىملىرى شۈبھىسىزكى يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە ئىجتىمائىيلىققا ئىگە. چۈنكى ئۇ ئىسىم قويۇلغۇچى تۇرغان دۆلەت، رايون، يۇرت، شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. يەنە ئوخشاش بولمىغان دەۋر، دىن، مىللەت، ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئۆرپ ـ ئادەت، ئەخلاق ئەنئەنىسى، جۇغراپىيەلىك شارائىت، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەربىيەلىنىش قاتارلىقلار كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مۇجەسسەملىشىدۇ. تەبىئىيكى، بۇ كىشىلەرنى ھەر خىل ئىسىملارنى تاللاشقا ۋە ئۇنى ھەر خىل قوللىنىشقا يېتەكلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشى ئىسىملىرى مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇھىتتا يەرلىك ئالاھىدىلىكنى ۋە ئىجتىمائىيلىقنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

1. كىشى ئىسىملىرىدا يەرلىك ئالاھىدىلىك (رايون ئالاھىدىلىكى) بار

ئوخشاش بولمىغان دۆلەت، رايونلار ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە بولغاچقا، ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئىسىم تاللىشىغا ئوخشاش بولمىغان تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلار گەرچە بىر مىللەت بولسىمۇ، لېكىن ياشىغان جايلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، بىر قىسىم ئىسىملارنىڭ قوللىنىلىشىدا بەلگىلىك پەرقلەر مەۋجۇت.

شىنجاڭنىڭ خوتەن رايونىدا مەتقۇربان (مۇھەممەد قۇربان)، مەتتوختى (مۇھەممەد توختى)، مەتقاسىم (مۇھەممەد قاسىم)، مەترۇزى (مۇھەممەد رۇزى) دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملار، خوتەنگە تۇتاش قاغىلىق، يەكەنلەردە توختىمەت (توختى مۇھەممەد)، تۇرسۇن مۇھەممەد، نۇرىمەت (نۇر مۇھەممەد) دېگەندەك ئىسىملار كۆپ قوللىنىلىدۇ.

قەشقەرنى مەركەز قىلغان بىر قىسىم جايلاردا كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا «ئاخۇن، موللا، چوڭ، ھاجى، مەخدۇم (مەخسۇم)، قارى، گۈل، قىز، خېنىم، خانىم» قاتارلىق قوشۇمچە ئىسىملارنى ئۇلاپ قوللىنىدىغان ئەھۋال كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، سىدىقئاخۇن، سايىمموللا، قاسىمھاجى، مەنسۇرچوڭ، سەمەدمەخدۇم، تۇرسۇنقارى، تۇرسۇنگۈل، تۇرنىساقىز، مۇكەررەم خېنىم، تاجىنىسا خانىم دېگەنلەردەك.

ئاقسۇدا ۋە كورلىدا تۇرنىياز (تۇنىياز)، ئاقنىياز (ئاخنىياز)، توختىنىياز (توخنىياز)، ئەھمەد (ئەخمەت)، موللا ئەھمەد (موللەمەت) دېگەندەك ئىسىملار كۆپ بولسا، قۇمۇل، تۇرپان رايونلىرىدا سەييىدنىياز (سېيىتنىياز)، شاھنىياز (شانىياز)، خوجانىياز، ئۆمەر دېگەندەك ئىسىملار كۆپ قوللىنىلىدۇ ھەمدە بۇ رايوندا بەزى ئىسىملاردىكى «ۋ» تاۋۇشى «گ» تەلەپپۇز قىلىنىپ، «داۋامەت، ۋاسىل، ۋاھىد» دېگەندەك ئىسىملار «دۇگامەت، گاسىل، گايىت» دەپ ئاتىلىدىغان ئادەت بار.

ئىلى رايونىدا (غۇلجىدا)، ھۆرمەت تۇسىنى ئاشۇرۇش، پەرزەنتلەرنى ئەركىلىتىپ، بىر خىل يېقىنچىلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا «م» قوشۇمچىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قوشۇپ (بۇ خىل ئەھۋال قەشقەر قاتارلىق باشقا جايلاردىمۇ بار)، «سەيدۇللام، ئابدۇللام، نادىرەم، مەرپۇغەم» دەپ ئاتاش؛ ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا ياكى بېشىغا يەنە «جان، بۆۋى، زات، زۇل، تۇر، تاي، سەييىد، نۇر، مىر، مىرزا» قاتارلىق قوشۇمچە تەركىبلەرنى ئۇلاپ، «شاكىرجان، نۇربۆۋى، خالىزات، زۇلھەي (زىلەي)، ئامانتۇر، نۇرتاي، سەييىد ئەكرەم، مىرقادىر، مىرزا ئالىم» دەپ ئاتاش باشقا جايلارغا قارىغاندا كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئۈرۈمچى رايونىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا «جان، ئاپاي، ھەدە» دېگەن ئىسىملارنى قوشۇپ، «يالقۇنجان، زىننەت ئاپاي، خەلچەم ھەدە» دېگەندەك ئاتاش، مەنىسى ياكى تىل تەۋەلىكى ئېنىق بولمىغان «ئەلپىرە، تىلپىرە، ئىلپىرات، پىلورە» دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملارنى ياساپ قوللىنىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت.

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تەركىبىدە ئومۇمەن «ئابدۇ X» دەپ ئاتىلىدىغان ئىسىملار ناھايىتى كۆپ. بۇ خىل ئىسىملارنىڭ گەرچە ئىشلىتىلىش مىقدارى يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن تەپسىلىي كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىمۇ بەلگىلىك رايون پەرقى بارلىقىنى بايقايمىز. ئابدۇلكەرىم، ئابدۇرەھمان، ئابدۇرەھىم، ئابدۇلئەھەد (ئابلەت)، ئابدۇلئەزىز (ئابلىز)، ئابدۇسەمەد، ئابدۇرەشىد (ئابدۇرېشىت) دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملار قەشقەردە كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. قۇمۇل، تۇرپان تەرەپلەردە ئابدۇئەلى، ئابدۇئۆمەر، ئابدۇنەئىم دېگەندەك ئىسىملار كۆپ قوللىنىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، «X ئاللا»، «X دىن» دەپ ئاتىلىدىغان ئىسىملارنىڭ قوللىنىلىشىدىمۇ بەلگىلىك پەرق بار. مەسىلەن، «ئابدۇللا (ئابلا)، ھەبىبۇللا، نەجمىدىن، نۇرىدىن» دېگەن ئىسىملار قەشقەردە؛ «سەيدۇللا، جارۇللا، سەيپۇللا، ئەمىردىن، ئايدىن» دېگەن ئىسىملار غۇلجا تەۋەسىدە كۆپ ئۇچرايدۇ.

2. كىشى ئىسىملىرىدا ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرى بار

گەرچە دەۋر، ئورۇن ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىجتىمائىي مۇھىت ئۇيغۇرلارنىڭ تەپەككۇر شەكلىگە تەسىر كۆرسەتكەن ھەمدە ئۇ ئىسىم قويۇش ۋە تاللاشتىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېڭىدا دىنىي تەسىر كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا مۇناسىپ دىنىي مەزمۇن ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، شۇنىڭدەك ئۆزى ياشاۋاتقان جاينىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى، جۇغراپىيەلىك شارائىتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كىشى ئىسىملىرىمۇ ئاز ئەمەس، بۇ خىل ئىسىملارنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

(1) ئاسترونومىيەلىك ھادىسىلەر ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار

ئاي، ساما، نۇر، قۇياش، قەمەر (ئاي)، شەمس (كۈن)، شەمسىقەمەر، تولۇنئاي، ئايتولۇن، زۇھەل، زۆھرە (يۇلتۇز ناملىرى)، بەدرى (تولغان ئاي)، ھالە (ئاي گەردىشى)، يۇلتۇز، نەجىم (يۇلتۇز)، شاھاب (ئاقار يۇلتۇز)، چولپان (يۇلتۇز نامى)، ھۆكەر (يۇلتۇز تۈركۈمى)، پەرۋىن (ئۈكەر يۇلتۇز)، مارىس، ۋېنېرا (پىلانېتالار نامى)، ھىلال (يېڭى ئاي)، نەسىم (سالقىن شامال)، سابا (شەرق شامىلى،

سەھەر شامىلى) ، چاقماق ، يامغۇر ، بوران ، بۇلۇت .

(2) جۇغراپىيەلىك ناملاردىن تەشكىل تاپقان ئىسىملار

پامىر ، بۇغدا ، كۇسەن ، شەھيار ، باغراش ، تۇرپان ، سايرام ، بارچۇق ، جەئىپەر (ئۆستەڭ) ، بۇھەيرە (كۆل) ، بوستان ، بۇلاق ، دەريا .

(3) ھايۋان ، قۇش ، سۇ جانلىقلىرى ناملىرى

شىر ، ئەسەد (شىر) ، يولۋاس ، ئارسلان ، قاپلان ، سەمەندەر ، دۇلدۇل ، تۇلپار ، بۇركۇت ، شۇڭقار ، تۇرۇمتاي ، ئۇلاي ، قۇرغۇي ، ئەندەلىب (بۇلبۇل) ، تورغاي ، تومۇچۇق ، بۇلبۇل ، تۇتى ، سەدەپ (سەدەپ قۇلۇلىسى) ، بېلىق ، قۇندۇز ، سۆسەر ، ئۆردەك .

ھايۋان ، ئۇچار قاناتلار ۋە سۇ جانلىقلىرىنىڭ نامىنى ئىسىم قىلىش دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئورتاق ھادىسە . لېكىن سېلىشتۇرغاندا ، ئۇيغۇرلار ھازىر قوللىنىۋاتقان كىشى ئىسىملىرى تەركىبىدە بۇ خىل ئىسىملار كۆپ ئەمەس . بۇمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئولتۇراق تۇرمۇشى ، ئېتىكى ، كۆزقارىشى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك . شۇنداقتىمۇ ، يولۋاس ، ئارسلان ، شىر ، قۇندۇز ، سۆسەر قاتارلىق ھايۋان ئىسىملىرىنى قوللىنىدىغانلار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ . چۈنكى ئۇيغۇرلار ئەرلەرگە يولۋاس ، شىر قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ نامىنى قويۇش ئارقىلىق كۈچلۈكلۈك ، باتۇرلۇق ۋە قەيسەر ئىرادىگە سىمۋول قىلسا ، ئاياللارغا قۇندۇز ، سۆسەر قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ نامىنى قويۇش ئارقىلىق ، ئۇنى مۇلايىم ، سىلىق خاراكتېرنىڭ بەلگىسى قىلغان .

(4) ئۆسۈملۈكلەر ناملىرى

ئالما ، ئانار ، بادام ، ئۈزۈم (ئاقئۈزۈم) ، ئالىرات ، ئامۇت ، نەشپۈت ، شەمشاد ، سەنۆبەر (سەنەۋەر) ، چىنار ، جىنەستە ، مايسا ، فەرۋالە (بۆلجۈرگەن) ، گۈل ، چېچەك ، نىلۇپەر ، ياسىمەن ، مودەن ، رەيھان ، سەۋسەن ، سۇنبۇل ، زەيتۇن ، پىياز ، سامساق ، يانتاق ، تورۇپ .

ئۇيغۇرلار يۇقىرىقىدەك ئىسىملارنىڭ ئىچىدە «ئامۇت ، نەشپۈت ، سامساق ، يانتاق ، تۇرۇپ ، شەمشاد» تىن باشقا ھەممىنى دېگۈدەك ئاياللارنىڭ ئىسمى قىلىپ تاللاپ ، ئاياللارنىڭ نازاكەتلىك ، گۈزەل ، لەۋەن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشتىن ئىبارەت ئېستېتىك ئاڭنى ئىپادىلەيدۇ .

(5) ئىشلەپچىقىرىش ۋە جەڭ قوراللىرى نامى

كەكە ، پالتا ، بوقۇسا ، سەيپى (قوش بىسلىق قىلىچ) ، زۇلپىقار (شەمشەر) ، ھىسام (قىلىچ) ، قىلىچ ، خەنجەر .

(6) تۇرمۇش بۇيۇملىرى نامى

توقا ، مۇرۇۋۋەت ، سۇپۇرگە ، بوسۇغا ، چورۇق ، ئىماد (تۇۋرۇك) ، مەشئەل ، سىراج (چىراغ) ، مەنارە (چىراغپاي) ، تاج (تاجى) ، مەنار (ماياك) ، چىنە .

(7) يېمەكلىكلەر نامى

ئەسەل (ھەسەل) ، شېكەر ، ناۋات ، توقاچ ، قەنت ، كەمپۈت ، مەمپىس .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۇقىرىقىلار تاتلىق ، شېرىن نەرسىلەرنىڭ ناملىرى بولۇپ ، ئۇلارمۇ ئاساسەن ئاياللارغا قويۇلىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئاياللارنىڭ جەلپكار خىسلىتى ئىپادىلىنىدۇ .

3 . كىشى ئىسىملىرىدا ئىجتىمائىي ئادەتلەرنىڭ تەسىرى بار

مەلۇم ئىجتىمائىي شارائىتتىكى ئالاھىدە ئادەت ـ يوسۇنلار ، ئىدىيەۋى ئېقىم ياكى چوڭ ئىشلار كىشىلەرنىڭ ئىدىيەۋى ئېڭى ، ئېستېتىك قارىشىغا ، شۇنىڭدەك ئىسىم قويۇشى ۋە تاللىشىغىمۇ ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن مەلۇم ئادەت خاراكتېرىنى ئالغان بىر قىسىم ئىسىملار بارلىققا كېلىدۇ . مەسىلەن ، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ ، ئاللانىڭ ئىسىملىرى ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى ئىسىم قىلىنغان ، شۇنىڭدەك ئىمان ، ئەقىدە ، تائەت ، ئىسلام ، ئىبادەت دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملار بارلىققا كەلگەن . بەزى تارىخىي ۋەقەلەرمۇ ئادەت ـ يوسۇن خاراكتېرلىك ئىسىملارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولىدۇ . مەسىلەن ، غازى ، جىهاد (جەڭ) ، مۇجاهىد (پارتىزان) ، سەردار ، شەهىد (قۇربان بولغۇچى) ، جۇنەيد (كىچىك ئەسكەر) دېگەندەك ئىسىملار كۆپىنچە ئۇرۇش يىللىرىدا تۇغۇلغان باللارغا قويۇلغان . سېيىت نوچى ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن ، سېيىت (سەييىد) ، پالۋان دېگەن ئىسىمنى قويغانلارمۇ بولغان . خەلقئارادىكى بەزى ۋەقەلەرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىسىم قويۇشىغا سەۋەب بولغان . مەسىلەن ، 1 ـ قېتىملىق پارس قولتۇقى ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىراق زۇڭتۇڭى سادامنىڭ ئىسمىنى قويغانلار بولدى . پەلەستىن مەسىلىسى قىزىق نۇقتىغا ئايلانغاندىن كېيىن بەزىلەر باللىرىغا پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى ئاراپاتنىڭ ئىسمىنى قويدى .

4 . ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا ئىجتىمائىي كەسىپ ۋە كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ تەسىرى بار

ئىجتىمائىي كەسىپ شەخسنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە مۇھىتىنى بەلگىلەيدۇ . ئۇ ، كىشىلەرنىڭ ئىسىم قويۇش ۋە تاللاش ۋاقتىدىكى ئېڭىغىمۇ يوشۇرۇنچە تەسىر كۆرسىتىدۇ . ئۇيغۇرلاردا ئۆزى ياكى ئەجدادلىرى شۇغۇللانغان كەسىپنىڭ نامىنى ئۆز ئىسمى ياكى قوشۇمچە ئىسمى قىلىپ ، تولۇق ئىسمىنىڭ بىر تەركىبى سۈپىتىدە قوللىنىدىغان ئادەت بار . مەسىلەن ، دېهقان ، موللا ، قوغۇنچى ، قاسساپ ، باققال ، پاۋان (ئوۋچى) ، قۇشچى ، مۇغەننى (سازچى) ، مۇتەۋەللى (مەسچىتنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى) ، مۇتربە (ناخشىچى) ، قازى (سوتچى) ، مۇپتى (ئىسلام قانۇنىنى شەرھلىگۈچى ئەمەلدار) دېگەنلەرگە ئوخشاش .

مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىمۇ كىشىلەرنىڭ ئىسىم قويۇش ۋە تاللىشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ . ئادەتتە مەدەنىيەت سەۋىيەسى نىسبەتەن يۇقىرى كىشىلەر ئىسىمنىڭ شەكىل جەھەتتىن گۈزەل ، مەزمۇن جەھەتتىن چوڭقۇر بولۇشىغا دىققەت قىلىدۇ . مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن كىشىلەر ئىسىم قويغاندا كۆپىنچە باشقىلارنى دوراپ ، خالىغانچە ئىش قىلىدۇ ياكى ئەجدادلىرىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ، كۆپچىلىككە تونۇشلۇق بولغان ، ئۆز يۇرتىدا دائىم ئۇچرايدىغان ئىسىملارنى قويىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ،

پەرزەنت قاچان تۇغۇلغان بولسا، شۇ ۋاقىتنىڭ نامىنى ئىسىم قىلىپ قويىدۇ. ئەگەر پەرزەنت سەپەر ئۈستىدە تۇغۇلغان بولسا ياكى سەپەر ئېيىدا تۇغۇلغان بولسا «سەپەر» دەپ ئىسىم قويىدۇ. ئەمما، ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان بۇ خىل ئىسىملارنى نوقۇل مەدەنىيەت سەۋىيەگە مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ. ئۇنىڭدا پەرزەنتنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى ئەستە ساقلاش مۇددىئاسى بار، ئەلۋەتتە.

## 5. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا مەدەنىيەتنىڭ ئۆتۈشۈش تەسىرى گەۋدىلىك ۋە چوڭقۇر

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا پارلاق مەدەنىيەت يارىتىپلا قالماي، ئەرەب، پارس مەدەنىيىتىنىڭ ۋە باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىدە، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تېخىمۇ بېيىتقان. ئەرەبچە، پارسچە كىشى ئىسىملىرىنىڭ كۆپلەپ قوبۇل قىلىنىشى ۋە ئۆزلەشتۈرۈلۈشى بىلەن ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى خەزىنىسى ھېسابسىز دۇردانىلارغا تولغان. مۆلچەرلەپ چىقىشىمىزچە، ھازىرقى زامان كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە، ئەرەبچە، پارسچە تەركىب تەخمىنەن %70 تىن، ئارىلاشما تەركىب %20 تىن ئارتۇق؛ ساپ ئىسىملار بولسا، پەقەت %10 ئەتراپىدا. بۇنىڭدىن ئەرەب، پارس كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىگە نەقەدەر زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

قىسقىسى، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي مەزمۇنىنى ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن شەخسنىڭ سالاھىيىتى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدا گەۋدىلەنگەن كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت، بىلىم سەۋىيەسى جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ يەنە ئۇيغۇرلار بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئالاقە دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى بىر پارچە قامۇسقا ئوخشايدۇ (ئەلۋەتتە، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىسىملىرىمۇ شۇنداق). ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلساق، ئۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلاردىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە تەبىئىي مۇھىت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرى توغرىسىدا مول ماتېرىيالغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. شۇڭا، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىش ۋە قانات يايدۇرۇش ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشتە، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئا

## ئەرلەر ئۇچۇن

| ئاتىلىشى[1] | ئۆزگىرىشلىرى | مەنىسى |
|---|---|---|
| ئابا[2] | (ئۇ) ئاباخان، ئاباق، ئابام، ئابىخان، ئابەش، ئابەك، ئاباش | دادا، ئاتا، ئاتام (بۇ ئىسىمدا ئاتا ئۇلۇغلانغان) |
| ئابابەكرى | | («ئەبۇبەكرى» گە قاراڭ) |
| ئاباجى | | («ئابا هاجى» غا قاراڭ) |
| ئاباخان | | («ئابا» غا قاراڭ) |
| ئاباد | (پ) ئاۋات، ئاۋاتجان | ئاۋاتچىلىق، مەمۇرچىلىق، ئاۋات جاي، ئاۋات ئۆي |
| ئابارى | | («ئابدۇلبارى» غا قاراڭ) |
| ئاباس | | («ئابباس» قا قاراڭ) |
| ئاباسخوجا | | («ئابباسخوجا» غا قاراڭ) |
| ئاباش | | («ئابا» غا قاراڭ) |
| ئاباق | | («ئابا» غا قاراڭ) |
| ئاباك | | («ئەبۇبەكرى» گە قاراڭ) |
| ئابام | | («ئابا» غا قاراڭ) |
| ئابامبەگ | (ئۇ) | ئابام: ئىسمى، بەگ: سۇپىتى |
| ئابامئۇلۇغ | (ئۇ) | ئابام: ئىسمى، بەگ: سۇپىتى |
| ئاباهاجى | (ئۇئە) ئاباجى | ئابا: ئىسمى، هاجى: قوشۇمچىسى |
| ئاباهاجىم | (ئۇئەئۇ) ئاباجىم | ئابا: ئىسمى، هاجىم: قوشۇمچىسى |
| ئابەش | | («ئابا» غا قاراڭ) |
| ئابەك | | («ئابا» غا قاراڭ) |
| ئابەكرى | | («ئەبۇبەكرى» گە قاراڭ) |
| ئابباس[3] | (ئە) ئاباس | بۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئىسمى بولۇپ، مەنىسى: قوشۇمىسى تورۇلگەن، چىرايى تۇتۇلغان؛ تۇتۇق هاۋا |

① ئەرلەر ياكى ئاياللار ئۇچۇن كۆرسىتىلگەن ئىسىملار باش قۇردىكى «ئاتىلىشى» نى ئاساس قىلىدۇ.
② «ئابدۇلۋاهاب، ئابدۇكەرىم» قاتارلىق بىر قانچە ئىسىملارمۇ «ئابا» غا ئۆزگىرىدۇ.
③ «ئابباس» ئەسلىدە «ئەبباس» بولسىمۇ، تىل ئادىتىمىزگە ئاساسەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاباسخوجا | (ئەپ) | ئاباسخوجا | ئاباس : ئىسمى ، خوجا : سۈپىتى |
| ئابتالىب | | | ( «ئەبۇتالىب» قا قاراڭ ) |
| ئابجېلىل | | | ( «ئابدۇلجەلىل» گە قاراڭ ) |
| ئابجىل | | | ( «ئابدۇلجەلىل» گە قاراڭ ) |
| ئابدازى | | | ( «ئابدۇھازىر» غا قاراڭ ) |
| ئابدەزىم | | | ( «ئابدۇلئەزىم» گە قاراڭ ) |
| ئابدەسەت | | | ( «ئابدۇئەسئەد» كە قاراڭ ) |
| ئابدەلا | | | ( «ئابدۇئەلا» غا قاراڭ ) |
| ئابدەلى | | | ( «ئابدۇئەلى» گە قاراڭ ) |
| ئابدەمەت | | | ( «ئابدۇئەھمەد» كە قاراڭ ) |
| ئابدەھمەت | | | ( «ئابدۇئەھمەد» كە قاراڭ ) |
| ئابدەۋەل | | | ( «ئابدۇلئەۋۋەل» گە قاراڭ ) |
| ئابدۇ[1] | (ئە) | | بۇ ئىسىم ئادەتتە يالغۇز قوللىنىلمايدۇ . شۇڭا ، بۇ يەردىكى «ئابدۇ» ئەسلىي قويۇلغان ئىسىم ئەمەس ، بەلكى ئارقىسىدىكى تەركىب تاشلىۋېتىلگەن ئىسىمدۇر . لېكىن ئۇنىڭ مۇستەقىل مەنىسى بار . ئۇ «بەندە ، قۇل ، كىشى ، ئادەم ، ئىنسان» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە |
| ئابدۇئاخىر | | | ( «ئابدۇلئاخىر» غا قاراڭ ) |
| ئابدۇئالىم | (ئە) | ئابدىئالىم ، ئالىم | ئالىمنىڭ قۇلى ، ئالىم كىشى ، بىلىملىك ئادەم ( «ئالىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ) |
| ئابدۇئامىر | (ئە) | ئابدىئامىر ، ئامىر | ئامىرنىڭ قۇلى ( «ئامىر» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ، مەنىسى : ئەمىر قىلغۇچى ) . |
| ئابدۇئامىل | (ئە) | ئابدىئامىل ، ئامىل | ئامىلنىڭ قۇلى ؛ ئۇمىدلىك ئادەم |
| ئابدۇئەسئەد[2] | (ئە) | ئابدەسەت ، ئابدۇئەسەت ، ئابدىئەسەت ، ئەسئەت ، ئەسەت | بەختلىك كىشى |
| ئابدۇئەسەد | (ئە) | ئابدەسەت ، ئەسەت | شىر كەبى ئادەم |

---

① «ئابدۇ» ئەسلىدە (عبد) بولسىمۇ ، ئادەت بويىچە «ئا» غا مايىل ئېلىنىدى .
② «ئابدۇئەسئەد» بىلەن «ئابدۇئەسەد» نىڭ بەزى ئۆزگىرىشلىرى ئوخشىشىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| ئابدۇئەلا[1] | (ئە ) | ئابدەلا ، ئابدۇلئەلا ، ئابلەلا ، ئابدىئەلا | ئەلانىڭ قۇلى ( «ئەلا » نىڭ مەنىسى : ھەممىدىن ئۈستۈن . بۇ يەردە «ھەممىدىن ئۈستۈن كىشى » دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ ) |
| ئابدۇئەلى | | | ( «ئابدۇلئەلى » گە قاراڭ ) |
| ئابدۇئەمىن | (ئە ) | ئابدىمىن | ئىشەنچلىك ، خاتىرجەم كىشى |
| ئابدۇئەھمەد | (ئە ) | ئابدەھمەت ، ئابدەمەت ، ئابدۇلئەھمەت ، ئابدىئەھمەت ، ئەھمەت ، ئەمەت | ئەھمەدنىڭ قۇلى ( «ئەھمەد » مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى بولۇپ ، مەنىسى : بەك مەدھىيە ئوقۇغۇچى ) |
| ئابدۇئەۋۋەل | | | ( «ئابدۇلئەۋۋەل » گە قاراڭ ) |
| ئابدۇبار | (ئە ) | ئابدۇلبار ، ئابدىبار ، ئابدىۋار | ياخشى ، توغرا كىشى ( «بار » مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ) |
| ئابدۇبارى | | | ( «ئابدۇلبارى » غا قاراڭ ) |
| ئابدۇباسىت | | | ( «ئابدۇلباسىت » قا قاراڭ ) |
| ئابدۇبائىس | | | ( «ئابدۇلبائىس » كە قاراڭ ) |
| ئابدۇبايىز | | | ( «ئابدۇلبائىس » كە قاراڭ ) |
| ئابدۇبەد | | | ( «ئابدۇلبەدئى » كە قاراڭ ) |
| ئابدۇبەدا | | | ( «ئابدۇلبەدئى » كە قاراڭ ) |
| ئابدۇبەدى | | | ( «ئابدۇلبەدئى » كە قاراڭ ) |
| ئابدۇبەر | | | ( «ئابدۇلبەر » گە قاراڭ ) |
| ئابدۇبەرنا | | | بەرنانىڭ قۇلى ؛ كېلىشكەن ئادەم |
| ئابدۇبەسەر | | | ( «ئابدۇلبەسەر » گە قاراڭ ) |
| ئابدۇبەسىر | | | ( «ئابدۇلبەسىر » گە قاراڭ ) |
| ئابدۇبىلال | (ئە ) | ئابدىبىلال ، بىلال | ئوچۇق - يورۇق ئادەم |
| ئابدۇپازىل | (ئە ) | ئابدۇلپازىل ، ئابدىپازىل | پەزىلەتلىك ، بىلىملىك كىشى |
| ئابدۇپاشا | (ئەپ ) | ئابدىپاشا | پاشانىڭ قۇلى ( «پاشا » نىڭ ئەسلىيسى «پادىشاھ » بولۇپ ، بۇ يەردە ئۇ ھەممىنىڭ پادىشاھى بولغان ئاللانى كۆرسىتىدۇ . شۇڭا «ئاللانىڭ قۇلى » دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ ) |
| ئابدۇپەتتاھ | | | ( «ئابدۇلپەتتاھ » قا قاراڭ ) |

[1] ئەسلىيسى «ئابدۇئەئلا » .

| | | |
|---|---|---|
| ئابدۇپەرمان | (ئەپ) ئابدىپەرمان ، پەرمان | پەرماننىڭ قۇلى ؛ بۇيرۇققا بويسۇنغۇچى |
| ئابدۇپەزىل | (ئە) ئابدىپەزىل ، پەزىل ، پېزىل | «ئابدۇپازىل» بىلەن ئوخشاش |
| ئابدۇتارىق | (ئە) ئابدىتارىق ، تارىق ، تارىقجان | تارىقنىڭ قۇلى («تارىق» نىڭ مەنىسى : چولپان يۇلتۇزى) |
| ئابدۇتالىب① | (ئە) ئابدىتالىپ ، تالىپ | ئوقۇغۇچى ؛ تالىبنىڭ قۇلى |
| ئابدۇتاھا | (ئە) ئابدىتاھا | پاك ئىنسان («تاھا» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتى . مەنىسى : «پاك» . شۇڭا بۇ ئىسىم «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇللۇق قىلغۇچى» دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ) |
| ئابدۇتاھىر | (ئە) ئابدىتاھىر ، تاھىر ، تايىر ، تايى ، ئابدىتايىر | پاك كىشى ؛ تاھىرنىڭ قۇلى |
| ئابدۇتاۋاب② | (ئە) ئابدىتاۋاپ ، تاۋاپ | تۆۋىنى قوبۇل قىلغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى ؛ تاۋابنىڭ قۇلى |
| ئابدۇجابىر | (ئە) ئابدىجابىر ، جابىر | جابىرنىڭ قۇلى («جابىر» نىڭ مەنىسى : مەجبۇر قىلغۇچى) |
| ئابدۇجاپپار | | («ئابدۇلجاببار» غا قاراڭ) |
| ئابدۇجامال③ | (ئە) ئابدىجامال ، جامال ، ئابدۇلجامال | گۈزەل ئىنسان |
| ئابدۇجالال | | («ئابدۇلجالال» غا قاراڭ) |
| ئابدۇجامى | | («ئابدۇلجامئى» كە قاراڭ) |

① ئىككىنچى تەركىبى قۇياش ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان «ئابدۇتالىب ، ئابدۇتاھا ، ئابدۇتاھىر» دېگەندەك ئىسىملاردا ، قۇياش ھەرپى (ت ث د ذ ر ز س ش ص ض ط ظ ل ن) تەشدىدلىك (قوش ياكى تەكرار) ئوقۇلۇپ ، «ئابدۇتتالىب ، ئابدۇتتاھىر ، ئابدۇتتاھىر ، ئابدۇززاھىر ، ئابدۇسسەلىم» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىسىمۇ ، لېكىن كىتابىمىزدا ئەرەب تىلىغا خاس بۇ خىل تەلەپپۇز قائىدىسىنى ئۇيغۇر تىلىغا بويسۇندۇرۇپ ، يۇقىرىقىدەك «ئابدۇتالىب ، ئابدۇتاھا ، ئابدۇتاھىر» شەكلىدە قوللاندۇق . تۆۋەندە مۇشۇ خىلدىكى ئىسىملار بىردەك شۇنداق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ .

② «ئابدۇتاۋاب» خىلىدىكى بىرىكمە ئىسىملارنىڭ ئىككىنچى تەركىبىدىكى بىرىنچى ھەرپ (تاۋۇش) ئەسلىدە «ئە» تەلەپپۇز قىلىنىپ ، قۇياش ھەرپى بولغاندا تەشدىدلىك ئېيتىلىش ئاساسىدا «ئابدۇتتەۋۋاب» دەپ ؛ ئاي ھەرپى (ا ب ج ح خ ع غ ف ق ك م ھ و ى) بولغاندا «ئابدۇ» دىن كېيىن «ل» بىلەن قوشۇلۇپ ، «ئابدۇلجەببار» دەپ قوللىنىلىشى لازىم ئىدى . بىراق ، بۇ يەردىمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتىگە بويسۇندۇرۇلۇپ ، «ئا» تەلەپپۇز قىلىندى

③ ئەسلىيسى «ئابدۇجەمال» .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



| | | |
|---|---|---|
| ئابدۇجەبىر | (ئە ) ئابدىجەبىر ، ئابدىجەۋىر ، جەبىر ، جەۋىر | «ئابدۇلجاببار» بىلەن ئوخشاش |
| ئابدۇجەلىل | | ( «ئابدۇلجەلىل» گە قاراڭ ) |
| ئابدۇجەمىل | (ئە ) ئابدىجەمىل ، جەمىل | جەمىلنىڭ قۇلى ( «جەمىل» نىڭ مەنىسى : گۈزەل ، چىرايلىق ) . بۇ يەردە «چىرايلىق كىشى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ . |
| ئابدۇجۇمە[1] | (ئە ) ئابدىجۇمە ، جۇمە | جۇمەنىڭ قۇلى ( «جۇمە» نىڭ مەنىسى : بىر ھەپتە ، ھەپتىنىڭ بەشىنچى كۈنى ، يىغىلىش كۈنى . بۇ جۇمە كۈنى ئۇلۇغلىنىپ ، شۇ كۈنى تۇغۇلغان بالىغا قويۇلغان ئىسىم ) |
| ئابدۇخالىس | (ئە ) ئابدىخالىس ، خالىس | خالىسنىڭ قۇلى ؛ خالىس كىشى |
| ئابدۇخالىق | | ( «ئابدۇلخالىق» قا قاراڭ ) |
| ئابدۇخان | (ئەئۇ ) ئابدىخان | ھەممىنىڭ خانى بولغان ئاللانىڭ قۇلى (ئابدۇ : ئىسمى ، خان : سۈپىتى ) |
| ئابدۇخەبىر | | ( «ئابدۇلخەبىر» گە قاراڭ ) |
| ئابدۇخەلىل | (ئە ) ئابدۇخېلىل ، ئابدىخېلىل ، خېلىل | ( «خەلىل» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ) |
| ئابدۇخەۋەر[2] | (ئە ) ئابدىخەۋەر | خەۋەرنىڭ قۇلى |
| ئابدۇخەيرى | (ئە ) ئابدۇلخەيرى ، ئابدىخەيرى ، خەيرى | خەيرىنىڭ قۇلى ؛ ياخشى كىشى |
| ئابدۇخوجا | (ئەپ ) ئابدۇغوجى ، ئابدىخوجا ، ئابدىغوجى ، خوجا ، غوجى | خوجىنىڭ قۇلى ( «خوجا» بۇ يەردە «ئۇستاز ، ئىگە» دېگەن مەنىنى بىرىدۇ ۋە كۆپىنچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ . شۇڭا «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇللۇق قىلغۇچى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ ) |
| ئابدۇخېلىل | | ( «ئابدۇخەلىل» گە قاراڭ ) |
| ئابدۇخېۋىر | | ( «ئابدۇلخەبىر» گە قاراڭ ) |

[1][2] ئەسلىيسى «ئابدۇجۇمئە ، ئابدۇخەبەر» .

| | | |
|---|---|---|
| ئابدۇخىۋىر | | ( «ئابدۇلخەبىر» گە قاراڭ ) |
| ئابدۇخىزىر | (ئە) ئابدىخىزىر ، خىزىر | خىزىردەك كىشى ؛ خىزىرنىڭ قۇلى |
| ئابدۇدائىم[1] | (ئە) ئابدىدايىم ، دايىم | دائىمنىڭ قۇلى ؛ ( «دائىم» نىڭ مەنىسى : دائىم تۇرغۇچى ) |
| ئابدۇدىلبەر | (ئەپ) ئابدىدىلبەر ، ئابدۇلبەر ، ئابدىلبەر | دىلبەرنىڭ قۇلى ؛ دىلنى تارتقۇچى كىشى |
| ئابدۇراپى[2] | (ئە) ئابدىراپى ، راپى | ھەممىدىن ئۈستۈن ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇراجى | (ئە) ئابدىراجى ، راجى | ئۈمىدۋار كىشى |
| ئابدۇراخمان | | ( «ئابدۇرەھمان» غا قاراڭ ) |
| ئابدۇراززاق[3] | (ئە) ئابدۇرازاق ، ئابدىراززاق ، ئابدىرزاق ، راززاق ، رازاق ، رىزاق | رىزقى بەرگۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئايدۇرازى[4] | (ئە) ئابدىرازى ، رازى | رازى بولغۇچى ، خۇشال بولغۇچى |
| ئابدۇرازىق[5] | (ئە) ئابدىرازىق ، رازىق | «ئابدۇراززاق» بىلەن ئوخشاش |
| ئابدۇراھەت | (ئە) | راھەتلىك كىشى |
| ئابدۇراۋۇپ | | ( «ئابدۇرەئۇپ» قا قاراڭ ) |
| ئابدۇراۋى[6] | (ئە) ئابدىراۋى ، راۋى | رىۋايەت قىلغۇچى |
| ئابدۇرەپىق[7] | (ئە) ئابدىرەپىق ، رەپىق | رەپىقنىڭ قۇلى ؛ ئىللىق ، مۇلايىم ، دوست ، ھەمراھ ، سۆيۈملۈك (كىشى) |
| ئابدۇرەخمەت | | ( «ئابدۇرەھمەت» كە قاراڭ ) |
| ئابدۇرەسۇل[8] | (ئە) ئابدۇروسۇل ، ئابدۇرۇسۇل ، روسۇل ، رۇسۇل | رەسۇلنىڭ (پەيغەمبەرنىڭ) قۇلى ، پەيغەمبەرگە قۇللۇق قىلغۇچى |
| ئابدۇرەشىد[9] | (ئە) ئابدۇرېشىت ، رېشىت | توغرا يول كۆرسەتكۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇرەقىب[10] | (ئە) ئابدۇرېقىپ ، رېقىپ | ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |

[1][2][3][4][5][6][7][8][9][10] ئەسلىيسى «ئابدۇددائىم ، ئابدۇرراپىئ ، ئابدۇررەززاق ، ئابدۇررازى ، ئابدۇررازىق ، ئابدۇرراۋى ، ئابدۇررەپىق ، ئابدۇررەسۇل ، ئابدۇررەشىد ، ئابدۇررەقىب» .

www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| ئابدۇرەھمان[1] | (ئە) | ئابدۇراخمان ، ئابدىراخمان ، ئابدىرەخىم ، ئابدىرامان ، رامان ، رەخمان ، رەخىم ، رەخىمجان | مېھرى ـ شەپقەتلىك ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇرەھمەت | (ئە) | ئابدۇرەخمەت ، ئابدىرەخمەت ، ئابىرەخمەت ، رەخمەت | رەھمەتكە سازاۋەر كىشى ؛ رەھمەتنىڭ قۇلى («رەھمەت» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى) |
| ئابدۇرەھىم[2] | (ئە) | ئابدۇرېھىم ، ئابدىرېھىم ، ئابدىرەيىم ، رەھىم ، رەيىم ، ئابلەم ، رەخىم | رەھىملىك ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇرەئۇپ[3] | (ئە) | ئابدۇراۋۇپ ، ئابدىراۋۇپ ، ئابدۇرۇپ ، ئابدىرۇپ ، راۋۇپ ، راۋۇپجان | مېھرىبان ، شەپقەتلىك ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇروسۇل | | | («ئابدۇرەسۇل» گە قاراڭ) |
| ئابدۇرۇپ | | | («ئابدۇرەئۇپ» قا قاراڭ) |
| ئابدۇرۇسۇل | | | («ئابدۇرەسۇل» گە قاراڭ) |
| ئابدۇرەشاد | (ئە) | ئابدۇرېشات | ئاڭلىق ، يېتىلگەن ، تولغان كىشى |
| ئابدۇرىزا | (ئە) | ئابدۇلرىزا | رىزانىڭ قۇلى ؛ قوبۇل ، قانائەت ، خۇشاللىق ، رازىلىق |
| ئابدۇزارى[4] | (ئە) | ئابدىزارى ، ئابزارى ، ئابزار ، ئابزەر ، ئاۋزەر ، زارى | ھەممىنى موھتاج قىلغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇزاھىد | (ئە) | ئابدۇزايىت ، ئابدىزايىت ، ئابزايىت ، زايىت | تەقۋادار كىشى ؛ زاھىدنىڭ قۇلى |
| ئابدۇزاھىر[5] | (ئە) | ئابدۇزايىر ، ئابدىزاھىر ، ئابدىزايىر ، ئابزاھىر ، ئابزايىر ، ئەبزاھىر ، زاھىر ، زايىر | ھەممىنى ئوچۇقلاشتۇرغۇچى ، ھەممىنى ئاشكارا قىلغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى («زاھىر» ئايرىم كەلگەندە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتىنى بىلدۈرىدۇ) |

①②③④⑤ ئەسلىيسى «ئابدۇررەھمان ، ئابدۇررەھىم ، ئابدۇررەئۇپ ، ئابدۇززارى ، ئابدۇززاھىر» . «ئابدۇرەھمان» بىلەن «ئابدۇرەھىم» نىڭ بەزى ئۆزگىرىشلىرى ئوخشىشىپ قالىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئابدۇزەپەر | (ئە) | ئابدىزەپەر ، زەپەر | زەپەرنىڭ قۇلى («زەپەر» نىڭ مەنىسى : غەلىبە) |
| ئابدۇزۇنۇن① | (ئە) | ئابدىزۇنۇن ، زۇنۇن ، ئابدىزۇلۇن ، زۇلۇن | زۇنۇننىڭ قۇلى («زۇنۇن» يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ لەقىمى بولۇپ ، مەنىسى : بېلىق بىلەن بىللە) |
| ئابدۇس | | | («ئابدۇسەبۇر» غا قاراڭ) |
| ئابدۇسابىت② | (ئە) | ئابدۇساۋۇت ، ئابدىساۋۇت ، ساۋۇت | سابىتنىڭ قۇلى ؛ مۇستەھكەم ئادەم |
| ئابدۇسابىر③ | (ئە) | ئابدۇساۋۇر ، ئابدىسابىر ، ئابدىساۋۇر ، سابىر ، ساۋۇر ، ئابدىساۋىر ، ساۋىر ، ساۋىراخۇن | سابىرنىڭ قۇلى («سابىر» نىڭ مەنىسى : سەبرى - تاقەت قىلغۇچى . بۇ يەردە «سەبرى - تاقەتلىك كىشى ، سەۋرچان كىشى» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ) |
| ئابدۇساتتار④ | (ئە) | ئابدىساتتار ، ساتتار | ئەيىبلەرنى ياپقۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇسادام⑤ | (ئە) | ئابدىسادام ، سادام | سادامنىڭ قۇلى («سادام» نىڭ مەنىسى : ئۇشتۇمتۇت زەربە بەرگۈچى ، ئۇرغۇچى ، سوققۇچى) |
| ئابدۇسادىر⑥ | (ئە) | ئابدىسادىر ، سادىر | سادىرنىڭ قۇلى («سادىر» نىڭ مەنىسى : ئىش چىقارغۇچى) |
| ئابدۇسادىق⑦ | (ئە) | ئابدىسادىق ، سادىق ، ئابسادىق | سادىقنىڭ قۇلى («سادىق» نىڭ مەنىسى : راستچىل . بۇ ئىسىم يەنە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتى بولۇپ كېلىدۇ) |
| ئابدۇسالام⑧ | (ئە) | ئابدىسالام ، ئابسالام ، سالام | سالامەتلىكنى بەرگۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇسالامەت⑨ | (ئە) | ئابدىسالامەت ، ئابسالامەت | سالامەتنىڭ قۇلى ؛ سالامەت ، ساغلام كىشى |
| ئابدۇسالى | | | («ئابدۇسالىھ» كە قاراڭ) |
| ئابدۇسالىھ⑩ | (ئە) | ئابدۇسالى ، ئابدۇسەلەي ، ئابدىسەلەي ، ئابدىسالى ، ئابسالى ، سالى ، سەلەي | سالىھنىڭ قۇلى («سالىھ» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى . مەنىسى : ئادىل ، ياخشى كىشى) |

①②③④⑤⑥⑦⑧⑨⑩ ئەسلىيسى «ئابدۇززۇننۇن ، ئابدۇسسابىت ، ئابدۇسسابىر ، ئابدۇسسەتتار ، ئابدۇسسەددام ، ئابدۇسسادىر ، ئابدۇسسادىق ، ئابدۇسسەلام ، ئابدۇسسەلامەت ، ئابدۇسسالىھ» .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| ئابدۇساۋۇت | | | ( «ئابدۇسابىت» كە قاراڭ ) |
| ئابدۇسايىت | | | ( «ئابدۇسەئىد» كە قاراڭ ) |
| ئابدۇسەبۇر① | (ئە ) | ئابدۇس ، ئابدۇسوپۇر ، ئابدىسوپۇر ، سوپۇر | سەۋر ـ تاقەتلىك ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇسەبىر② | (ئە ) | ئابدىسەبىر ، سەبىر ، سەۋىر | «ئابدۇسابىر» بىلەن ئوخشاش |
| ئابدۇسەلەي | | | ( «ئابدۇسالىھ» كە قاراڭ |
| ئابدۇسەلىم③ | (ئە ) | ئابدۇسېلىم ، ئابدىسېلىم ، سېلىم ، سېلىمجان | سەلىمنىڭ قۇلى ؛ تىنچ ، ساغلام كىشى |
| ئابدۇسەمەد④ | (ئە ) | ئابدۇسەمەت ، ئابدۇسەمەت ، ئابدىسەمەت ، ئابسەمەت ، ئابسەمەت ، سەمەت ، سىمەت | موھتاجلارنى ھاجىتىدىن چىقارغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇسەمەر⑤ | (ئە ) | ئابدىسەمەر ، ئابدىسەمەر ، سەمەر ، سىمەر | سەمەرنىڭ قۇلى ؛ ئايدەك كىشى |
| ئابدۇسەمىر⑥ | (ئە ) | ئابدىسەمىر ، سەمىر | راھەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگۈچى كىشى ؛ سەمىرنىڭ قۇلى |
| ئابدۇسەمىئ⑦ | (ئە ) | ئابدۇسەمى ، ئابدىسەمى ، سەمى | ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇسەمىن | (ئە ) | ئابدۇسىمىن ، ئابدىسىمىن ، سىمىن ، سىمىن | سەمىننىڭ قۇلى ( «سەمىن» نىڭ مەنىسى : سېمىز ) |
| ئابدۇسەنەم | (ئە ) | ئابدىسەنەم ، ئابدىسىنەم | سەنەمنىڭ قۇلى ( «سەنەم» نىڭ مەنىسى : گۈزەل . بۇ يەردە «گۈزەل ئىنسان» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ ) |
| ئابدۇسەئىد⑧ | (ئە ) | ئابدۇسايىت ، ئابدۇسەئىد ، ئابدىسايىت ، ئابدىسەيىت ، ئابسايىت ، ئابدىسىيىت ، ئابسەيىت ، سايىت | سەئىدنىڭ قۇلى ( «سەئىد» نىڭ مەنىسى : بەختلىك ، بەخت . بۇ يەردە «بەختلىك ئىنسان ، خۇشال كىشى» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ ) |

①②③④⑤⑥⑦⑧ ئەسلىيسى «ئابدۇسسەبۇر ، ئابدۇسسەبىر ، ئابدۇسسەلىم ، ئابدۇسسەمەد ، ئابدۇسسەمەر ، ئابدۇسسەمىر ، ئابدۇسسەمىئ ، ئابدۇسسەئىد» .

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئابدۇسەيپى | (ئە) | ئابدىسەيپى | سەيپىنىڭ قۇلى («سەيپى» نىڭ مەنىسى: قىلىچ) |
| ئابدۇسەيدى | | | («ئابدۇسەييىدى» گە قاراڭ) |
| ئابدۇسەييىد[1] | (ئە) | ئابدۇسېيىت، ئابدىسېيىت، ئابسېيىت، سېيىت، سىيىت | مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى. مەنىسى: خوجا، ئۇستاز. بۇ يەردە «خوجىدىن مۇھەممەد پەيغەمبەرگە قۇللۇق قىلغۇچى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ |
| ئابدۇسەييىدى | (ئە) | ئابدۇسەيدى، ئابدىسەيدى، ئابسەيدى، سەيدى | خوجامنىڭ (مۇھەممەدنىڭ) قۇلى |
| ئابدۇسوپۇر | | | («ئابدۇسەبۇر» غا قاراڭ) |
| ئابدۇسۇپى[2] | (ئە) | ئابدۇسوپى، ئابدىسوپى، سوپى، سۇپى | سوپىنىڭ قۇلى؛ سوپى ئادەم |
| ئابدۇسۇلۇك | (ئە) | | توغرا مەزھەپ يولىدىكى كىشى |
| ئابدۇسۈننەت[3] | (ئە) | ئابدىسۈننەت، سۈننەت | سۈننەتنىڭ قۇلى («سۈننەت» نىڭ مەنىسى: پەرز، تەربىيە، ساۋاق؛ ھەرىكەت، پوزىتسىيە؛ دىنىي قانۇن. بۇ يەردە «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى ئىجرا قىلغۇچى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ) |
| ئابدۇسىددىق[4] | (ئە) | ئابدۇسىدىق، ئابدىسىدىق، سىدىق | سىددىقنىڭ قۇلى («سىددىق» نىڭ مەنىسى: راستچىل، سەمىمىي كىشى) |
| ئابدۇسېلىم | | | («ئابدۇسەلىم» گە قاراڭ) |
| ئابدۇسىدىق | | | («ئابدۇسىددىق» قا قاراڭ) |
| ئابدۇسىمىن | | | («ئابدۇسەمىن» گە قاراڭ) |
| ئابدۇش | | | («ئابدۇشەكۇر» غا قاراڭ) |
| ئابدۇشاكىر[5] | (ئە) | ئابدىشاكىر، شاكىر | شاكىرنىڭ قۇلى؛ شۈكۈر قىلغۇچى ئادەم، رەھمەت ئېيتقۇچى كىشى («شاكىر» نىڭ مەنىسى: شۈكرى قىلغۇچى، رەھمەت ئېيتقۇچى) |

①②③④⑤ ئەسلىيسى «ئابدۇسسەييىد، ئابدۇسسۇپى، ئابدۇسسۈننەت، ئابدۇسسىددىق، ئابدۇششاكىر».

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| ئابدۇشاھ | (ئەپ) | ئابدۇشا، ئابدىشا | شاھنىڭ قۇلى؛ ئاللانىڭ قۇلى |
| ئابدۇشاھىد① | (ئە) | ئابدۇشايىت، ئابدىشاھىت، ئابدىشايىت، ئابشايىت، شاھىد، شايىت | شاھىدنىڭ قۇلى («شاھىد» نىڭ مەنىسى: گۇۋاھچى، كۆرگۈچى) |
| ئابدۇشايىت | | | («ئابدۇشاھىد» كە قاراڭ) |
| ئابدۇشەرەپ② | (ئە) | ئابدىشەرەپ، ئابشەرەپ، شاراپ، شەرەپ | شەرەپنىڭ قۇلى («شەرەپ» نىڭ مەنىسى: پەخىر، ئالىي سالاھىيەت، يۇكسەك ئورۇن. بۇ يەردە «شەرەپلىك كىشى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ) |
| ئابدۇشەرىپ③ | (ئە) | ئابدۇشېرىپ، ئابدىشەرىپ، شېرىپ، شەرىپ | شەرىپنىڭ قۇلى («شەرىپ» نىڭ مەنىسى: مۆتىۋەر، ئېسىل، ھۆرمەتلىك، ئالىي، شەرەپلىك. بۇ يەردە «ھۆرمەتلىك كىشى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ) |
| ئابدۇشەكۇر④ | (ئە) | ئابدۇشۈكۈر، ئابدىشۈكۈر، شۈكۈر | شۈكرىنى قوبۇل قىلغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇشەھىد⑤ | (ئە) | ئابدۇشېھىت، ئابدىشېھىت، ئابدىشەيىت، شېھىت، شىيىت | ھەممىنى قۇربان قىلغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇشەھىر⑥ | (ئە) | ئابدۇشىر، ئابدىشىر | شۆھرەتلىك، مەشھۇر كىشى |
| ئابدۇشەيخ⑦ | (ئە) | ئابدىشەيخ، ئابدىشەخ | پېشۋا، شەيخ كىشى؛ شەيخنىڭ قۇلى («شەيخ» نىڭ مەنىسى: پىر، ئۇستاز، پېشۋا، قېرى. بۇ يەردە «پېشۋالارغا قۇللۇق قىلغۇچى» دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ) |
| ئابدۇشۈكۈر | | | («ئابدۇشەكۇر» غا قاراڭ) |
| ئابدۇشېرىپ | | | («ئابدۇشەرىپ» كە قاراڭ) |
| ئابدۇشېھىت | | | («ئابدۇشەھىد» كە قاراڭ) |

①②③④⑤⑥⑦ ئەسلىسى «ئابدۇشاھىد، ئابدۇششەرەپ، ئابدەششەرىپ، ئابدۇششەكۇر، ئابدۇششەھىد، ئابدۇششەھىر، ئابدۇششەيخ».

| | | |
|---|---|---|
| ئابدۇشىر | (ئەپ) ئابدىشىر ، شىر | (1) «ئابدۇشەھىر» نىڭ ئۆزگىرىشى ؛ (2) شىردەك ئىنسان |
| ئابدۇغاپپار | | («ئابدۇلغاپپار» غا قاراڭ) |
| ئابدۇغازى | (ئە) ئابدىغازى ، غازى | غازىنىڭ قۇلى («غازى» نىڭ مەنىسى : غازاتچى ، ئاللا يولىدا جەڭ قىلغۇچى) |
| ئابدۇغائىب | (ئە) ئابدۇغايىپ ، ئابدىغايىپ ، غايىپ | غائىبنىڭ قۇلى («غائىب» نىڭ مەنىسى : كۆرۈنمەس) |
| ئابدۇغەنى | | («ئابدۇلغەنى» غا قاراڭ) |
| ئابدۇغوپۇر | | («ئابدۇلغەپۇر» غا قاراڭ) |
| ئابدۇغوجى | | («ئابدۇخوجا» غا قاراڭ) |
| ئابدۇغۇلام | (ئە) ئابدىغۇلام ، غۇلام | ياش چاكار ، ياش يىگىت ، ياش ئۆسمۈر |
| ئابدۇغېنى | | («ئابدۇلغەنى» غا قاراڭ) |
| ئابدۇق[1] | | («ئابدۇقۇربان» غا قاراڭ) |
| ئابدۇقابىز | | («ئابدۇلقابىز» غا قاراڭ) |
| ئابدۇقابىل | (ئە) ئابدۇقاۋۇل ، ئابدىقاۋۇل ، قاۋۇل ، قاۋۇلجان ، قاۋۇلۇم | قابىلنىڭ قۇلى ؛ قابىلىيەتلىك كىشى ؛ قوبۇل قىلغۇچى |
| ئابدۇقادى | | («ئابدۇلقادىر» غا قاراڭ) |
| ئابدۇقادىر | | («ئابدۇلقادىر» غا قاراڭ) |
| ئابدۇقارى | (ئە) ئابدىقارى ، قارى | قارىنىڭ قۇلى («قارى» نىڭ مەنىسى : ئوقۇغۇچى ، قىرائەت قىلغۇچى) |
| ئابدۇقازى | (ئە) ئابدىقازى ، قازى | قازىنىڭ قۇلى («قازى» نىڭ مەنىسى : ھۆكۈم چىقارغۇچى) |
| ئابدۇقاسىم | (ئە) ئابدىقاسىم ، قاسىم | قاسىمنىڭ قۇلى («قاسىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ، مەنىسى : تەقسىم قىلغۇچى) |
| ئابدۇقاھھار | | («ئابدۇلقاھھار» غا قاراڭ) |

① «ئابدۇق» دېگەن بۇ ئىسىم قىسقارتىش ئارقىلىق بۇزۇلغان بولۇپ ، «ئابدۇ» دىن كېيىن «ق» تاۋۇشى بىلەن باشلانغان ئىسىملارنىڭ قىسقىرىشى ياكى «ئابدۇ» بىلەن باشلانغان بەزى ئىسىملارنىڭ سەتلەشتۈرۈلۈشى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن بولۇشى ئېھتىمال .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| ئابدۇقاھىر | (ئە) | ئابدىقاھىر ، ئابدىقايىر ، قاھىر ، قايىر ، قاھىرجان ، قايىرجان ، قەھەرجان | قاھىرنىڭ قۇلى («قاھىر» نىڭ مەنىسى : يۈكسەك ، تەڭداشسىز ؛ يىمىرگۈچى ، بويسۇندۇرغۇچى ، قەھر ـ غەزەپلىك) |
| ئابدۇقائىد | (ئە) | ئابدۇقايىت ، ئابدىقايىت ، قايىت | قائىدنىڭ قۇلى («قائىد» نىڭ مەنىسى : قوماندان) |
| ئابدۇقاۋۇل | | | («ئابدۇقابىل» گە قاراڭ) |
| ئابدۇقايىت | | | («ئابدۇقائىد» كە قاراڭ) |
| ئابدۇقائىم | (ئە) | ئابدۇقايىم ، ئابدىقايىم ، قايىم | قائىمنىڭ قۇلى («قائىم» نىڭ مەنىسى : ھازىر تۇرغۇچى . بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى) |
| ئابدۇقەمەر | (ئە) | ئابدۇقەمبەر ، ئابدىقەمبەر ، ئابدىقەمەر ، قەمبەر ، قەمەر ، قەمەرجان | قەمەرنىڭ قۇلى («قەمەر» نىڭ مەنىسى : ئاي . بۇ يەردە «ئاي كەبى ئىنسان» دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ) |
| ئابدۇقەنتەر | (ئە) | ئابدۇقەندەر ، ئابدىقەندەر ، قەندەر | «قەنتەر» بىلەن ئوخشاش |
| ئابدۇقەندەر | | | («ئابدۇقەنتەر» گە قاراڭ) |
| ئابدۇقەۋى | | | («ئابدۇلقەۋى» گە قاراڭ) |
| ئابدۇقەۋىم | (ئە) | ئابدىقەۋىم ، قەۋىم | گۈزەل ، قامەتلىك كىشى |
| ئابدۇقەيس | (ئە) | ئابدىقەيس ، قەيس | قەيسنىڭ قۇلى («قەيس» نىڭ مەنىسى : ئۆلچەم) |
| ئابدۇقەييۇم | | | («ئابدۇلقەييۇم» غا قاراڭ) |
| ئابدۇقۇددۇس | | | («ئابدۇلقۇددۇس» قا قاراڭ) |
| ئابدۇقۇربان | (ئە) | ئابدىقۇربان ، ئابدىقۇۋان ، ئابدۇق ، قۇربان ، قۇۋان | قۇرباننىڭ قۇلى («قۇربان» نىڭ مەنىسى : ئاللاغا بېرىلگەن نەرسە ؛ قۇربانلىق . بۇ يەردە «قۇربان ھېيت كۈنلىرى تۇغۇلغان» دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ ياكى قۇربان ھېيت ئۇلۇغلانغان) |
| ئابدۇك | | | («ئابدۇلكەرىم» گە قاراڭ) |
| ئابدۇكامال① | (ئە) | ئابدىكامال ، كامال | كامالنىڭ قۇلى («كامال» نىڭ مەنىسى : تولۇق يېتىلگۈچى ، يېتىلگەن كىشى) |

① ئەسلىسى «ئابدۇكەمال» .

| | | |
|---|---|---|
| ئابدۇكامىل | (ئە) ئابدىكامىل، كامىل، كامىلجان | كامىلنىڭ قۇلى («كامىل» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، مەنىسى: تولغان، كامالەتكە يەتكەن دېگەنلىك بولىدۇ، يەنى «كامال» بىلەن ئوخشاش) |
| ئابدۇكەبىر | | («ئابدۇلكەبىر» گە قاراڭ) |
| ئابدۇكەرىم | | («ئابدۇلكەرىم» گە قاراڭ) |
| ئابدۇكۈرەش | (ئەئۇ) ئابدىكۈرەش، كۈرەش | كۈرەشنىڭ قۇلى (بۇ يەردە «كۈرەشكە ئۆزىنى ئاتىغۇچى، كۈرەشچان ئادەم، كۈرەش ئوغلى» دېگەن مەنىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشى مۇمكىن) |
| ئابدۇكېرىم | | («ئابدۇلكەرىم» گە قاراڭ) |
| ئابدۇگايىت | | («ئابدۇلۋاھىد» قا قاراڭ) |
| ئابدۇگۈل | (ئەپ) ئابدىگۈل | گۈلدەك چىرايلىق كىشى |
| ئابدۇل | | («ئابدۇللا» غا قاراڭ) |
| ئابدۇلئاخىر | (ئە) ئابدۇئاخىر، ئابدىئاخىر، ئاخىر | ھەممىنىڭ ئاخىرى بولغان ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلئارىپ | (ئە) ئابدۇلئارۇپ | ئارىپنىڭ قۇلى |
| ئابدۇلئالىم[1] | | («ئابدۇئالىم» غا قاراڭ) |
| ئابدۇلئامىر | | («ئابدۇئامىر» غا قاراڭ) |
| ئابدۇلئامىل | | («ئابدۇئامىل» غا قاراڭ) |
| ئابدۇلئەخەت | | («ئابدۇلئەھەد» كە قاراڭ) |
| ئابدۇلەتىپ | | («ئابدۇللەتىپ» كە قاراڭ) |
| ئابدۇلئەزىز[2] | (ئە) ئابدۇلئېزىز | قۇدرەتلىك ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلئەزىم[3] | (ئە) ئابدۇلئېزىم | ئۇلۇغ، كاتتا ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلئەلا | | («ئابدۇئەلا» غا قاراڭ) |

---

① بۇ ئىسىم «ئابدۇلئالىم، ئابدۇئالىم» دېگەن شەكىللەردە مۇستەقىل قوللىنىلىدۇ. «ئابدۇئامىر، ئابدۇئامىل» قاتارلىق ئىسىملارمۇ «ال» قوشۇلغان ھالەتتە يەنىلا مۇستەقىل ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما، ئاللانىڭ ئىسمىدىن باشقا ئىسىملارغا «ال» قوشۇلماسلىقى تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

② «ئابدۇلئەزىز» نىڭ يەنە مۇنداق ئۆزگىرىشلىرى بار: ئابدىلئېزىز، ئاۋلىز، ئابلىزىز، ئابلىز، ئەزىز، ئېزىز، ھەزىز، ئابدۇھەزىز، ئابدىھېزىز، ئابدۇئېزىز.

③ «ئابدۇلئەزىم» نىڭ يەنە تۆۋەندىكىدەك كۆپ خىل ئۆزگىرىشلىرى بار: ئابدۇھەزىم، ئابدىلئېزىم، ئابدىئېزىم، ئابدىزىم، ئابدەزىم، ئابلىزىم، ئابلىزىم، ئابدىسىم، ئابدىھېزىم، ئېزىم، ھېزىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| ئابدۇلئەلى | (ئە) | ئابدۇئەلى ، ئابدىئەلى ، ئابدەلى ، ئابلەلى ، ئابدۇلى ، ئەلى ، ئېلى ، ئەلىخان ، ئېلىخان | ھەممىدىن ئۈستۈن ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلئېلىم[1] | (ئە) | ئابدۇلھەلىم | ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلئەھەد[2] | (ئە) | ئابدۇلئەھەت | بىر ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلئەھمەت | | | («ئابدۇئەھمەد» كە قاراڭ) |
| ئابدۇلئەۋۋەل[3] | (ئە) | ئابدەۋەل ، ئابدۇئەۋۋەل ، ئەۋۋەل ، ئەۋەل | ھەممىنىڭ ئەۋۋىلى بولغان ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلباتىن[4] | (ئە) | ئابدىباتىن ، باتىن ، باتۇق | ھەممىنى يوشۇرغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلبار | | | («ئابدۇبار» غا قاراڭ) |
| ئابدۇلبارى[5] | (ئە) | ئابدۇبارى ، ئابدىبارى ، ئابدىۋارى ، ئابدۇلبەر ، ئابدىۋەر ، بارى ، ئابارى | ھەممىنى يارانقۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلباست | (ئە) | ئابدۇباست ، ئابدۇۋاست ، ئابدىۋاست ، باست ، ۋاست | نازۇ - نېمەتلىرىنى كەڭ ياغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلباقى | (ئە) | ئابدۇباقى ، ئابدىۋاقى ، باقى ، ئابدۇۋاقى | مەڭگۈلۈك ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلبائىس | (ئە) | ئابدۇبائىس ، ئابدۇبائىز ، ئابدىبايىز ، بايىز ، بائىز ، بايىس | تىرىلدۈرگۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلبەدىئ | (ئە) | ئابدۇلبەدى ، ئابدۇبەدا ، ئابدۇبەد ، ئابدۇبەدى ، ئابدىبەدى ، بەدى ، ئابدىۋەت | يارانقۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |

① «ئابدۇلئەلىم» مۇ «ئابدۇلھەلىم ، ئابدىلھەلىم ، ئابدىلھىلىم ، ئابدىلىم ، ئابلىلىم ، ئابلىم» لەرگە ئۆزگىرىپ ، «ئابدۇلھەلىم» دېگەن يەنە بىر ئەسلىي ئىسمغا ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ .

② «ئابدۇلئەھەد» يەنە «ئابدۇلئەخەت ، ئابدىلئەخەت ، ئابلەخەت ، ئابلەھەت ، ئابلاھەت ، ئابلەت ، ئابلەم ، ئاۋلەت ، ئاۋلەتجان ، ئەخەت ، ئەھەت ، ئەخەم ، ئەختىم» لارغا ئۆزگىرىدۇ .

③④ «ئەۋۋەل ، باتىن» ئايرىم كەلگەندە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتىنى بىلدۈرىدۇ .

⑤ «ئابدۇلبارى» بىلەن «ئابدۇدىلبەر» ئوخشاشلا «ئابدۇلبەر» گە ئۆزگىرىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئابدۇلبەر[1] | (ئە) | ئابدىلبەر ، ئابدۇبەر ، ئابدىبەر ، بەررى | ئادىل ، پاك ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلبەسەر | (ئە) | ئابدۇبەسەر ، ئابدىبەسەر ، بەسەر | (1) «ئابدۇلبەسىر» گە ئوخشاش ؛ (2) كۆرۈش ئىقتىدارى ، پەرقلەندۈرۈش كۈچى يۇقىرى ئادەم |
| ئابدۇلبەسىر | (ئە) | ئابدۇبەسىر ، ئابدىبەسىر ، بەسىر | ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلپازىل | | | («ئابدۇپازىل» غا قاراڭ) |
| ئابدۇلپەتتاھ[2] | (ئە) | ئابدۇپەتتاھ ، ئابدىپەتتا ، ئابدىپەتتار ، پەتتار | دائىم غالىب ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلجاببار[3] | (ئە) | ئابدۇجاپپار ، ئابدىجاپپار ، جاپپار | مەجبۇر قىلغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلجالال[4] | (ئە) | ئابدۇجالال ، ئابدىجالال ، جالال | نۇرلۇق ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلجامىئ | (ئە) | ئابدۇجامى ، ئابدىجامى ، جامى | ھەممىنى توپلىغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلجەلىل | (ئە) | ئابدۇجەلىل ، ئابجىلىل ، ئابجەل ، ئابجىل ، جەللاخۇن ، جىلىل | ئۇلۇغ ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلخالىق | | ئابدۇخالىق ، ئابدىخالىق ، خالىق | ياراتقۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلخەبىر | (ئە) | ئابدۇخەبىر ، ئابدۇخىۋىر ، ئابدىخۇۋىر ، ئابدىخۇۋەر ، خۇۋەر ، خۇۋىر ، خىۋىر | ھەممىدىن خەۋەردار ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلرىزا | | | («ئابدۇرىزا» غا قاراڭ) |
| ئابدۇلغاپپار[5] | (ئە) | ئابدۇغاپپار ، ئابدىغاپپار ، غاپپار | دائىم ئەپۇ قىلغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |

① ئەسلىيسى «ئابدۇلبەرر» . بۇ ئىسىم «ئابدۇلبارى ، ئابدۇدىلبەر» قاتارلىق ئىسىملارنىڭ ئۆزگىرىشى بولغان «ئابدۇلبەر» گە ئوخشاپ قالىدۇ .
② «پەتتاھ» ئايرىم كەلگەندە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتىنى بىلدۈرىدۇ .
③④⑤ ئەسلىيسى «ئابدۇلجەببار ، ئابدۇلجەلال ، ئابدۇلغەپپار» .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| ئابدۇلغەپۇر | (ئە) | ئابدۇغوپۇر ، ئابدىغوپۇر ، غوپۇر | كەچۈرگۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلغەنى | (ئە) | ئابدۇغەنى ، ئابدۇغېنى ، ئابدىغېنى ، غېنى | باي ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلقابىز | (ئە) | ئابدۇقاۋۇز ، ئابدىقاۋۇز ، قاۋۇز | ھەممىنى ئېگىلدۈرگۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلقادىر | (ئە) | ئابدۇقادىر ، ئابدىقادىر ، قادىر ، ئابدۇقادى ، ئابدىقادى ، قادى | ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى ، ھەممىگە قادىر ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلقاھار[1] | (ئە) | ئابدۇقاھار ، ئابدىقاھار ، ئابدىقاخار ، قاھار ، قاھارجان ، قاخار | پۈتۈن ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلقەۋى | (ئە) | ئابدۇقەۋى ، ئابدىقەۋى ، قەۋى | ھەممىدىن كۈچلۈك ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلقەييۇم | (ئە) | ئابدۇقەييۇم ، ئابدىقەيۇم ، ئابدىقىيۇم ، قىيۇم | مەڭگۈ ھايات ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلقۇددۇس | (ئە) | ئابدۇقۇددۇس ، ئابدىقۇددۇس ، قۇددۇس ، ئابدىقۇدۇس ، قۇدۇس | ئۇلۇغ ، پاك ، مۇقەددەس ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلكەبىر | (ئە) | ئابدۇكەبىر ، ئابدىكەبىر ، ئابدىكېۋىر ، كەبىر ، كېۋىر | ھەممىدىن ئۇلۇغ ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلكەرىم | (ئە) | ئابدۇكەرىم ، ئابدۇكېرىم ، ئابدىكېرىم ، ئابدۇك ، كېرىم ، ئابدىكىرەم ، كىرەم ، ئابا | سېخى ، كارامەتلىك ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇللا[2] | (ئە) | ئابدۇللام | بۇ ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى بولۇپ ، «ئاللانىڭ بەندىسى ، ئاللانىڭ قۇلى» دېگەنلىك بولىدۇ . |

① ئەسلىيسى «ئابدۇلقەھھار» .
② ئابدۇللانىڭ يەنە «ئابلا ، ئابلام ، ئابدۇل ، ئابدۇلجان ، ئابلاق ، ئابۇش ، ئابلاجان ، ھەبدۇللا ، ھەبىدۇللا ، ھەبدۇل» قاتارلىق كۆپ خىل ئۆزگىرىشلىرى بار .

| | | |
|---|---|---|
| ئابدۇللائاخۇن | (ئەئۇ) ئابلىراخۇن | ئابدۇللا : ئىسمى ، ئاخۇن : قوشۇمچىسى |
| ئابدۇللاباقى | (ئە) ئابلاباقى | ئابدۇللا : ئىسمى ، باقى : قوشۇمچىسى |
| ئابدۇللاقۇل | (ئەئۇ) ئابلاقۇل | ئابدۇللانىڭ قۇلى ( «ئابدۇللا» نىڭ مەنىسى : ئاللانىڭ قۇلى ۋە بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى بولغاچقا ، بىر پۈتۈن ئىسىمدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇللۇق قىلغۇچى دېگەن مەنەمۇ كېلىپ چىقىدۇ ) |
| ئابدۇللايار | (ئەپ) ئابلايار | ئابدۇللانىڭ دوستى ، ئابدۇللا يار بولغۇچى (بۇ يەردىمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلۇپ ، «پەيغەمبەر يار بولغۇچى ؛ پەيغەمبەرنى دوست تۇتقان كىشى» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ ) |
| ئابدۇللاياسىن | (ئە) ئابلاياسىن | ئابدۇللا : ئىسمى ، ياسىن : قوشۇمچىسى (بۇ يەردىكى «ياسىن» «قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى ، شۇنداقلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ، «ئەي ، خوجا ؛ ئەي ، ئىنسان» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . بۇ ئىسىمنىڭ ھەر ئىككى تەركىبى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتى بولغاچقا ، ئۇنىڭدا پەيغەمبەر تېخىمۇ ئۇلۇغلانغان ) |
| ئابدۇللەتىپ | (ئە) ئابدۇلەتىپ ، ئابدۇلېتىپ ، ئابدىلىتىپ ، ئابلىتىپ ، لىتىپ | شەپقەتلىك ، كۆيۈمچان ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلماجىد | (ئە) ئابدۇماجىت ، ئابدىماجىت ، ماجىت | يۈكسەك ، ئېسىل ، داڭلىق ، ئۈستۈن ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمالىك | (ئە) ئابدۇمالىك ، ئابدىمالىك ، مالىك | ھەممىگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| ئابدۇلمانئى | (ئە) | ئابدۇمانى ، ئابدىمانى ، مانى ، ئابدۇمان | ھەممىنى چەكلىگۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمەتىن | (ئە) | ئابدۇمەتىن ، ئابدىمەتىن ، ئابدىمېتىن ، مەتىن ، مېتىن ، مىتىن | كۈچلۈك ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمەجىد[①] | (ئە) | ئابدۇمېجىت | «ئابدۇلجەلىل» بىلەن ئوخشاش |
| ئابدۇلمەلىك | (ئە) | ئابدۇمەلىك ، ئابدىمەلىك ، مەلىك ، مىلىك | ھەممىنىڭ پادىشاھى بولغان ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمەننان[②] | (ئە) | ئابدۇمەننان | شەپقەت قىلغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمۇئەخخىر | (ئە) | ئابدۇمۇئەخخىر ، مۇئەخخىر ، ئابدىمۇئەخخىر | ھەممىنى ئاخىرلاشتۇرغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمۇبدى | (ئە) | ئابدۇمۇبدى ، ئابدىمۇبدى ، ئابدىمۇپتى ، مۇبدى ، مۇپتى | ھەممىنىڭ باشلىنىشى بولغان ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمۇتتەلىب[③] | (ئە) | ئابدۇمۇتەللىپ ، ئابدىمۇتەللىپ ، مۇتەللىپ ، مۇتەللا | مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئىسمى بولۇپ ، مەنىسى : «ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى» دېگەنلىك بولىدۇ |
| ئابدۇلمۇتئالى[④] | (ئە) | ئابدۇمۇتئالى ، ئابدۇمۇتالى ، ئابدىمۇتالى ، مۇتالى | ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمۇجىب | (ئە) | ئابدۇمۇجىپ ، ئابدىمۇجىپ ، مۇجىپ ، مۇجۈپ ، ئابدىمۇجۈپ | تىلەككە يەتكۈزگۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمۇزەپپەر | (ئە) | ئابدىمۇزەپپەر ، مۇزەپپەر | غەلىبە قىلغۇچى ، غالىب كىشى |
| ئابدۇلمۇسەۋۋىر | (ئە) | ئابدۇمۇسەۋۋىر ، ئابدىمۇسەۋۋىر ، مۇسەۋۋىر | ھەممىنى سىزىپ ، ئويلاپ تۇرغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |

① «ئابدۇلمەجىد»نىڭ يەنە «ئابدىمېجىت ، ئابدىمىجىت ، ئابدىمىشت ، مىجىت ، مىشت ، مىشتەم» قاتارلىق ئۆزگىرىشلىرى بار .

② «ئابدۇلمەننان» نىڭ يەنە «ئابدۇمەننام ، ئابدىمەننام ، ئابدىمەننا ، مەننا ، مەننان ، مەننام» قاتارلىق ئۆزگىرىشلىرى بار .

③ بۇ ئىسىم ئادەت بويىچە «ال» بىلەن ئېلىنىدۇ .

④ ئەسلىيسى «ئابدۇلمۇتەئالى» .

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئابدۇلمۇغنى | (ئە) | ئابدۇمۇغنى ، ئابدۇ-مۇغنى ، مۇغنى | ھەممىنى باي قىلغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمۇقەددىم | (ئە) | ئابدۇمۇقەددىم ، ئابدىمۇقەددىم ، مۇ-قەددىم | ھەممىنى تەقدىم قىلغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمۇقتەدىر | (ئە) | ئابدۇمۇقتەدىر ، ئابدىمۇقتەدىر ، مۇق-تەدىر | ھەممىگە قادىر ، كۈچلۈك ، باي ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمۇقسىت | (ئە) | ئابدۇمۇقسىت ، ئابدۇمۇخسىت ، ئابدىمۇخسىت ، مۇق-سىت ، مۇخسىت | ئادىل ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمۇقىت | (ئە) | ئابدۇمۇقىت ، ئابدۇ-مۇقىت ، مۇقىت ، مۇقايىت | پەرۋىش قىلغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمۇمىت | (ئە) | | ھەممىنى ئۆلتۈرگۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمۇنتەقىم | (ئە) | | ئىنتىقام ئالغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمۇھەيمەن | (ئە) | ئابدۇلمۇھەيمەن ، ئابدۇمۇھەيمەن | ئاسرىغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمۇھسى | (ئە) | ئابدۇمۇھسى ، ئابدۇ-مۇخسى ، مۇخسى ، مۇھسى ، ئابدىمۇسى ، مۇسى | ھەممىنى ھېسابلاپ تۇرغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمۇھيى | (ئە) | ئابدىمۇھيى ، ئابدۇ-مۇھيى ، مۇھيى | ھەممىنى ھاياتلىققا ئېرىشتۈرگۈ-چى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمۇئىد | (ئە) | ئابدۇمۇئىت ، ئابدىمۇھىت ، ئابدىمۇ-يىت ، مۇھىت ، مۇيىت | ھەممىگە ياردەم بەرگۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلمۇئىززى | (ئە) | ئابدۇمۇئىززى ، ئابدۇمۇئىز ، ئابدۇ-مۇيىز ، مۇئىز ، مۇيىز | ھەممىنى ئەزىز قىلغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلهادى | (ئە) | ھادى ، ئابدۇھادى | يول كۆرسەتكۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| ئابدۇلھاكى | (ئە) | ئابدىلھاكى ، ئابلەكى | ھاكىمنىڭ قۇلى («ھاكى» نىڭ مەنىسى : ھېكايە ئېيتقۇچى) |
| ئابدۇلھەپىز | (ئە) | ئابدۇھەپىز ، ئابلەپىز ، ھەپىز ، ھېپىز | «ئابدۇھاپىز» بىلەن ئوخشاش |
| ئابدۇلھەزىر | (ئە) | ئابدۇھەزىر ، ھەزىر ، ھېزىر | دائىم ھازىر تۇرغۇچى |
| ئابدۇلھەزىم | | | («ئابدۇلئەزىم» گە قاراڭ) |
| ئابدۇلھەسەن | (ئە) | ئابدۇھەسەن | ياخشى كىشى |
| ئابدۇلھەسىب | (ئە) | ئابدۇھەسىپ ، ئابدىلھەسىپ | ھەممىدىن ھېساب ئالغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلھەق | (ئە) | ئابلەق ، ئابلاق | ھەق ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلھەكىم | (ئە) | ئابلېكىم ، ھېكىم | ھەممىگە ھاكىملىق قىلغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلھەلىم[1] | (ئە) | ئابدۇھەلىم ، ئابدىھەلىم ، ئابدىلىم ، ئابلىلىم ، ئابلىم ، ھېلىم | كەڭ قويۇپ بەرگۈچى ، تاقەتلىك ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلھەمىد | (ئە) | ئابدۇھېمىت ، ئابلەمىت ، ئابدىمىت ، ھېمىت ، ئېمىت ، يېمىت ، خەمىت | ماختاشقا لايىق ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلھەي | (ئە) | ئابلەي ، ئابلەخەي | «ئابدۇلقەييۇم» غا ئوخشاش |
| ئابدۇلۋاجىد | (ئە) | ئابدۇۋاجىت ، ئابدىۋاجىت ، ۋاجىت ، گاجىت | ھەممىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلۋارىس | (ئە) | ئابدۇۋارىس ، ئابدىۋارىس ، ۋارىس | ھەممىگە ۋارىس بولغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلۋاسىئ | (ئە) | ئابدۇۋاسى ، ئابدىۋاسى ، ۋاسى | ھەممىدىن رەھمىتى كەڭرى ، شەپقەتلىك ، ھەممىدىن ئادىل ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلۋالى | (ئە) | ئابدۇۋالى ، ئابدىۋالى ، ۋالى ، گالى | ھەممىنى باشقۇرغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلۋاھاب[2] | (ئە) | ئابدۇۋاھاپ ، ئابدىۋاھاپ ، ۋاھاپ ، ۋاخاپ | ھەممىدىن ساخاۋەتلىك ئاللانىڭ بەندىسى |

① «ئابدۇلئەلىم» نىڭ ئۆزگىرىشىمۇ «ئابدۇلھەلىم» بولىدۇ ، لېكىن بۇ يەردىكى «ئابدۇلھەلىم» ئەسلىي ئىسىم بولۇپ ، ھەرگىز «ئابدۇلئەلىم» نىڭ ئۆزگىرىشى ئەمەس .

② ئەسلىيسى «ئابدۇلۋەھھاب» .

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئابدۇلۋاھىد | (ئە) | ئابدۇۋاھىت ، ئابدۇۋايىت ، ئابدىۋايىت ، ئابدىگايىت ، ۋاھىد ، ۋايىت ، گايىت | «ئابدۇلئەھەد» بىلەن ئوخشاش |
| ئابدۇلۋەدۇد | (ئە) | ئابدۇۋەدۇت ، ئابدىۋەدۇت ، ۋەدۇت | سۆيۈملۈك ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلۋەكىل | (ئە) | ئابدۇۋەكىل ، ئابدىۋەكىل ، ۋەكىل ، ۋەكىلى | ھەممىنىڭ ۋەكىلى بولغۇچى ، ھەممىنىڭ دەۋاسىنى سورىغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلۋەلى[①] | (ئە) | ئابدۇۋەلى | ياردەم بەرگۈچى ، قوللىغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلېتىپ | | | («ئابدۇللەتىپ» كە قاراڭ) |
| ئابدۇلئېزىم | | | («ئابدۇلئەزىم» كە قاراڭ) |
| ئابدۇلئىكرام | (ئە) | ئابدۇئىكرام ، ئابدىكرام ، ئىكرام ، ئابلىكرام | ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلى | | | («ئابدۇلئەلى» گە قاراڭ) |
| ئابدۇماجىت | | | («ئابدۇلماجىد» قا قاراڭ) |
| ئابدۇماڭسۇر | | | («ئابدۇمەنسۇر» غا قاراڭ) |
| ئابدۇمالىك | | | («ئابدۇلمالىك» كە قاراڭ) |
| ئابدۇمامۇت | | | («ئابدۇمەھمۇد» قا قاراڭ) |
| ئابدۇمان | | | («ئابدۇلمانئى» كە قاراڭ) |
| ئابدۇماناب | (ئە) | ئابدۇماناپ ، ئابدىماناپ ، ئابدۇمانناپ ، ئابدىمانناپ ، ماناپ ، مانناپ | ۋەكىل ، ۋاكالەتلىك قىلغۇچى |
| ئابدۇمانناپ | | | («ئابدۇماناب» قا قاراڭ) |
| ئابدۇمەبۇت | | | («ئابدۇمەئبۇد» قا قاراڭ) |
| ئابدۇمەت | | | («ئابدۇمۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| ئابدۇمەتىن | | | («ئابدۇلمەتىن» گە قاراڭ) |
| ئابدۇمەخەت | | | («ئابدۇمۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| ئابدۇمەخسۇت | | | («ئابدۇمەقسۇد» قا قاراڭ) |
| ئابدۇمەخمۇت | | | («ئابدۇمەھمۇد» قا قاراڭ) |

① «ئابدۇلۋەلى» نىڭ يەنە «ئابدىۋەلى ، ئابدىۋېلى ، ۋەلى ، ۋېلى ، ۋەلەم ، ۋىلەم» قاتارلىق ئۆزگىرىشلىرى بار .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئابدۇمەرۇپ ( «ئابدۇمەئرۇپ» قا قاراڭ )

ئابدۇمەسىر (ئە ) ئابدىمەسىر ، مەسىر تەقدىرنىڭ قۇلى

ئابدۇمەقسۇد (ئە ) ئابدۇمەخسۇت ، ئابدىمەخسۇت ، مەخسۇت مەقسەت قىلىنغان كىشى (بۇ يەردە «بىزگە ئويلىغاندەك ئاللا بىر ئوغۇل پەرزەنت بەردى» دېگەن مەنە ئەكس ئېتىدۇ )

ئابدۇمەلىك ( «ئابدۇلمەلىك» كە قاراڭ )

ئابدۇمەممەت ( «ئابدۇمۇھەممەد» كە قاراڭ )

ئابدۇمەنسۇر (ئە ) ئابدۇماڭسۇر ، ئابدىماڭسۇر ، ئابدىمەنسۇر ، ماڭسۇر ، مەنسۇر مەنسۇرنىڭ قۇلى ( «مەنسۇر» نىڭ مەنىسى : ياردەمگە ئېرىشكۈچى ؛ غەلىبە قىلغۇچى ، نۇسرەت قازانغۇچى ، نۇسرەت بېرىلگەن كىشى . بۇ ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى )

ئابدۇمەننان ( «ئابدۇلمەننان» غا قاراڭ )

ئابدۇمەنۇن (ئە ) ئابدىمەنۇن ، مەنۇن كۆپ مەمنۇن بولغۇچى ، كۆپ رەھمەت ئېيتقۇچى كىشى

ئابدۇمەھمۇد (ئە ) ئابدۇمامۇت ، ئابدۇمەخمۇت ، ئابدىمەھمۇت ، ئابدۇمەخمۇت ، مەھمۇت ، مەخمۇت مەھمۇدنىڭ قۇلى ( «مەھمۇد» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ، مەنىسى : ماختالغۇچى ، مەدھىيەلەنگۈچى )

ئابدۇمەئبۇد (ئە ) ئابدۇمەبۇت ، ئابدىمەبۇت ، مەبۇت مەئبۇدنىڭ قۇلى ( «مەئبۇد» نىڭ مەنىسى : ئىبادەت قىلىنغۇچى ، ئىلاھ )

ئابدۇمەئرۇپ (ئە ) ئابدۇمەرۇپ ، ئابدىمەرۇپ ، مەرۇپ مەئرۇپنىڭ قۇلى ( «مەئرۇپ» نىڭ مەنىسى : تونۇلغان ، مەشھۇر ؛ سەممىي ، ئىللىق ، دوستانە ؛ ئېھسان ، شەپقەت ، كۆيۈم )

ئابدۇمەۋجۇد (ئە ) ئابدۇمەۋجۇت ، ئابدىمەۋجۇت ، مەۋجۇت مەۋجۇدنىڭ قۇلى ( «مەۋجۇد» نىڭ مەنىسى : ۋۇجۇدقا كەلگەن )

ئابدۇمۇئەخخىر ( «ئابدۇلمۇئەخخىر» گە قاراڭ )

ئابدۇمۇبدى ( «ئابدۇلمۇبدى» غا قاراڭ )

ئابدۇمۇپتى ( «ئابدۇلمۇبدى» غا قاراڭ )

ئابدۇمۇتا ( «ئابدۇمۇئتا» غا قاراڭ )

| | | |
|---|---|---|
| ئابدۇمۇتالى | | ( «ئابدۇلمۇتىئالى» غا قاراڭ ) |
| ئابدۇمۇتەللىپ | | ( «ئابدۇلمۇتتەلىب» كە قاراڭ ) |
| ئابدۇمۇتەللىم | | ( «ئابدۇمۇتىئەللىم» گە قاراڭ ) |
| ئابدۇمۇتىئالى | | ( «ئابدۇلمۇتىئالى» غا قاراڭ ) |
| ئابدۇمۇتىئەللىم① | (ئە) ئابدۇمۇتەللىم ، ئابدىمۇتەللىم ، مۇتەللىم | مۇتىئەللىمنىڭ قۇلى ( «مۇتىئەللىم» نىڭ مەنىسى : تەلىم بەرگۈچى ) |
| ئابدۇمۇجىب | | ( «ئابدۇلمۇجىب» كە قاراڭ ) |
| ئابدۇمۇختار | (ئە) ئابدۇمۇختەر ، ئابدىمۇختەر ، مۇختار ، مۇختەر | مۇختارنىڭ قۇلى ( «مۇختار» نىڭ مەنىسى : خىللانغان ، تاللانغان . بۇ ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى ) |
| ئابدۇمۇخسى | | ( «ئابدۇلمۇھسى» غا قاراڭ ) |
| ئابدۇمۇخسىت | | ( «ئابدۇلمۇقسىت» قا قاراڭ ) |
| ئابدۇمۇراد | (ئە) ئابدۇمۇرات ، ئابدىمۇرات ، مۇرات | مۇرادنىڭ قۇلى ( «مۇراد» نىڭ مەنىسى : مۇرادى ھاسىل بولغۇچى ، مۇرادقا يەتكۈچى ) |
| ئابدۇمۇزەر | (ئە) ئابدىمۇزەر ، مۇزەر | مۇزەرنىڭ قۇلى ( «مۇزەر» شىمالىي قىسىم ئەرەب ئەجدادلىرىنىڭ نامى ) |
| ئابدۇمۇسا | (ئەئى) ئابدىمۇسا ، مۇسا ، مۇساق | مۇسانىڭ قۇلى (مۇسا بولسا پەيغەمبەرلەردىن بىرى ) |
| ئابدۇمۇسەۋۋىر | | ( «ئابدۇلمۇسەۋۋىر» گە قاراڭ ) |
| ئابدۇمۇغنى | | ( «ئابدۇلمۇغنى» غا قاراڭ ) |
| ئابدۇمۇقەددەم | (ئە) ئابدىمۇقەددەم ، مۇقەددەم | ئالدىدا تۇرغۇچى |
| ئابدۇمۇقەددىم | | ( «ئابدۇلمۇقەددىم» گە قاراڭ ) |
| ئابدۇمۇقەۋۋى | (ئە) ئابدىمۇقەۋۋى ، مۇقەۋۋى | ئىلھام بەرگۈچى ، قوزغىغۇچى |
| ئابدۇمۇقتەدىر | | ( «ئابدۇلمۇقتەدىر» گە قاراڭ ) |
| ئابدۇمۇقسىت | | ( «ئابدۇلمۇقسىت» قا قاراڭ ) |
| ئابدۇمۇقىت | | ( «ئابدۇلمۇقىت» كە قاراڭ ) |
| ئابدۇمۇلك | (ئە) | بايلىقنىڭ قۇلى |
| ئابدۇمۇمىت | | ( «ئابدۇلمۇمىت» قا قاراڭ ) |

① ئەسلىيى «ئابدۇمۇتەئەللىم» .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| ئابدۇمۇنتەقى | (ئە) | ئابدىمۇنتەقى | تاللانغان كىشى |
| ئابدۇمۇنتەقىم | | | («ئابدۇلمۇنتەقىم» گە قاراڭ) |
| ئابدۇمۇنزىر | (ئە) | ئابدىمۇنزىر ، مۇنزىر | ئاگاھلاندۇرغۇچى ، تەنبىھ بەرگۈچى |
| ئابدۇمۇنۇپ | | | («ئابدۇمۇنىب» كە قاراڭ) |
| ئابدۇمۇنئىم | (ئە) | ئابدىمۇنئىم ، ئابدىمۇنىم ، ئابدۇمۇنىم ، مۇنىم | نېمەت بەرگۈچى ، شەپقەت قىلغۇچى ، ياخشىلىق قىلغۇچى |
| ئابدۇمۇنىب[1] | (ئە) | ئابدۇمۇنىپ | توغرا يولغا قايتقۇچى |
| ئابدۇمۇنىم | | | («ئابدۇمۇنئىم» گە قاراڭ) |
| ئابدۇمۇھەممەد[2] | (ئە) | ئابدۇمەممەت | مۇھەممەدكە قۇللۇق قىلغۇچى |
| ئابدۇمۇھەيمىن | | | («ئابدۇلمۇھەيمەن» گە قاراڭ) |
| ئابدۇمۇھسى | | | («ئابدۇلمۇھسى» گە قاراڭ) |
| ئابدۇمۇھسىن | (ئە) | ئابدىمۇھسىن ، مۇھسىن | ياخشىلىق قىلغۇچى |
| ئابدۇمۇھيى | | | («ئابدۇلمۇھيى» گە قاراڭ) |
| ئابدۇمۇھىت | | | («ئابدۇلمۇئىد» كە قاراڭ) |
| ئابدۇمۇئتا | (ئە) | ئابدۇمۇتا ، ئابدىمۇتا ، مۇتا | ئاتا قىلغۇچى ، بەرگۈچى |
| ئابدۇمۇئىت | | | («ئابدۇلمۇئىد» كە قاراڭ) |
| ئابدۇمۇئىز | | | («ئابدۇلمۇئىززى» گە قاراڭ) |
| ئابدۇمۇئىززى | | | («ئابدۇلمۇئىززى» گە قاراڭ) |
| ئابدۇمۆمىن[3] | (ئە) | ئابدىمۆمىن ، مۆمىن | ئىمان ئېيتقۇچى ، ئىشەنگۈچى («مۆمىن» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى) |
| ئابدۇناپى[4] | (ئە) | ئابدىناپى ، ناپى | ھەممىگە پايدا يەتكۈزگۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇنازىر[5] | (ئە) | ئابدىنازىر ، نازىر | (1) نازارەت قىلغۇچى ، كۆز سېلىپ تۇرغۇچى ؛ (2) گۈزەل ، چىرايلىق |
| ئابدۇناسى | | | («ئابدۇناسىر» غا قاراڭ) |

① «ئابدۇمۇنىب» يەنە «ئابدۇمۇنۇپ ، ئابدىمۇنۇپ ، ئابدۇماناپ ، مۇنۇپ ، مۇنىپ» لارغىمۇ ئۆزگىرىدۇ .

② «ئابدۇمۇھەممەد» يەنە «ئابدۇمەت ، ئابدىمەممەت ، ئابدىمەخەت ، ئابدۇمەخەت ، ئابدىمەت ، ئابمەت» قاتارلىقلارغا ئۆزگىرىدۇ .

③④⑤ ئەسلىيسى «ئابدۇمۇئمىن ، ئابدۇنناپىئ ، ئابدۇننازىر» .

| | | |
|---|---|---|
| ئابدۇناسىر[1] | (ئە) ئابدىناسىر ، ئابدىناسى ، ئابدۇناسى ، ناسىر ، ناسى | ياردەم بەرگۈچى ، ھىمايە قىلغۇچى («ناسىر» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى) |
| ئابدۇنامان | | («ئابدۇنۇئمان» غا قاراڭ) |
| ئابدۇنەبى[2] | (ئە) ئابدىنەبى ، نەبى ، نەبىجان | پەيغەمبەرگە قۇللۇق قىلغۇچى («نەبى» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى) |
| ئابدۇنەزەر[3] | (ئە) ئابدىنەزەر ، نەزەر | نەزەرنىڭ قۇلى؛ نەزەرگە لايىق كىشى؛ شەپقەتلىك كىشى |
| ئابدۇنەزىر[3] | (ئە) ئابدىنەزىر ، نەزىر | «نەزىر» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ، بىر پۈتۈن ئىسىمنىڭ مەنىسى: ئاگاھلاندۇرغۇچىغا قۇللۇق قىلغۇچى دېگەندىن ئىبارەت ياكى بۇ ، «ئابدۇمۇنزىر» گە ئوخشاش |
| ئابدۇنەسىر[4] | (ئە) ئابدىنەسىر ، نەسىر | «ئابدۇناسىر» غا ئوخشاش |
| ئابدۇنەسىم[5] | (ئە) ئابدىنەسىم ، نەسىم | نەسىمنىڭ قۇلى («نەسىم» نىڭ مەنىسى: مەيىن شامال) |
| ئابدۇنەئىم[6] | (ئە) ئابدۇنەيىم ، ئابدىنەيىم ، نەيىم | خاتىرجەم ، بەختلىك كىشى |
| ئابدۇنەيىم | | («ئابدۇنەئىم» گە قاراڭ) |
| ئابدۇنۇر[7] | (ئە) ئابدىنۇر ، نۇر | نۇرلۇق ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇنۇئمان[8] | (ئە) ئابدۇنامان ، نامان | نۇئماننىڭ قۇلى («نۇئمان» نىڭ مەنىسى: باياشات) |
| ئابدۇنىزار[9] | (ئە) ئابدىنىزار ، نىزار | زارلانغۇچى؛ نىزارنىڭ قۇلى |

① ئەسلىيسى «ئابدۇنناسىر» .

② «ئابدۇنەبى» ، «ئابدۇرەسۇل» قاتارلىق ئىسىملارنى بەزىلەر «توغرا مەنىلىك ئىسىم ئەمەس» دەپ قارايدۇ . بۇنداق دېيىشنىڭ سەۋەبى يۇقىرىقى ئىسىملارنىڭ سۆز مەنىسى «پەيغەمبەرنىڭ بەندىسى» دېگەنلىك بولۇپ قالىدۇ ، دەپ قارىغانلىقتىن ئىبارەت . دەرۋەقە ، «ئابدۇ» ئاللانىڭ ئىسىملىرى بىلەن كېلىشى كېرەك . ئەمما ئۇ ئاللانىڭ ئىسىملىرىدىن غەيرىي ئىسىملار بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەندە «بەندە» مەنىسىنى ئەمەس ، بەلكى «قۇللۇق قىلغۇچى ، ئىنسان ، ئادەم ، كىشى ، قۇل» دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ . شۇنداق بولغاندا «ئابدۇنەبى» ، «ئابدۇرەسۇل» دېگەن ئىسىملار «پەيغەمبەرگە قۇللۇق قىلغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . ئۇنى «خاتا مەنىلىك ئىسىم» دەپ قارىماسلىق كېرەك . «ئابدۇنەبى» نىڭ ئەسلىيسى «ئابدۇننەبى» .

③④⑤⑥⑦⑧⑨ ئەسلىيسى «ئابدۇننەزەر ، ئابدۇننەزىر ، ئابدۇننەسىر ، ئابدۇننەسىم ، ئابدۇننەئىم ، ئابدۇننۇر ، ئابدۇننۇئمان ، ئابدۇننىزار» (بۇ يەردە بۇ خىل ئىسىملارنىڭ ئەرەبچىدە ئەسلى ئوقۇلۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| ئابدۇنىياز | (ئە ) | ئابدىنىياز ، نىياز | نىيازنىڭ قۇلى («نىياز» نىڭ مەنىسى : قۇل ، بەندە ، چاكار ، ئۆزىنى بەخشەندە قىلغان . بۇ يەردە «ئۆزىنى چاكار ئورنىدا كۆرۈپ ، بارلىقىنى ئاتىغۇچى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ ) |
| ئابدۇھاپىز | (ئە ) | ئابدىھاپىز ، ھاپىز | ھاپىزنىڭ قۇلى («ھاپىز» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ، مەنىسى : مۇھاپىزەتچى ، قوغدىغۇچى ، ساقلىغۇچى ) |
| ئابدۇھادى | | | («ئابدۇلھادى» غا قاراڭ ) |
| ئابدۇھارىس | (ئە ) | ئابدىھارىس ، ھارىس | ھارىسنىڭ قۇلى («ھارىس» نىڭ مەنىسىمۇ «ھاپىز» غا ئوخشاش ) |
| ئابدۇھازىر | (ئە ) | ئابدىھازىر ، ئابدازى ، ھازىر ، ئابدازىر | دائىم تەييار تۇرغۇچى |
| ئابدۇھاشىم | (ئە ) | ئابدىھاشىم ، ھاشىم ، ئابداشىم | ھاشىمنىڭ قۇلى («ھاشىم» نىڭ مەنىسى : ئۇششاقلىغۇچى ، ئوشتۇغۇچى . ئەگەر «ھاشىم» سۈپەتلەشتۇرۇلۇپ ، «ھاشىمى» بولسا ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتىنى بىلدۈرۈپ ، «ھاشىملارغا خاس» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ ) |
| ئابدۇھايات | (ئە ) | ئابدىھايات | ھاياتنىڭ قۇلى |
| ئابدۇھەپىز | | | («ئابدۇلھەپىز» گە قاراڭ ) |
| ئابدۇھەزىر | | | («ئابدۇلھەزىر» گە قاراڭ ) |
| ئابدۇھەزىز | | | («ئابدۇلئەزىز» گە قاراڭ ) |
| ئابدۇھەزىم | | | («ئابدۇلئەزىم» گە قاراڭ ) |
| ئابدۇھەسەن | | | («ئابدۇلھەسەن» گە قاراڭ ) |
| ئابدۇھەسىپ | | | («ئابدۇلھەسىب» كە قاراڭ ) |
| ئابدۇھەلىم | | | («ئابدۇلھەلىم» ياكى «ئابدۇلئەلىم» گە قاراڭ ) |
| ئابدۇھەنىپ | | | («ئابدۇلھەنىب» كە قاراڭ ) |
| ئابدۇھۇ | (ئە ) | | (ئۇ ) ئاللانىڭ بەندىسى |

ئابدۇھېلىم ( «ئابدۇلھەلىم» گە قاراڭ )

ئابدۇھېمىت ( «ئابدۇلھەمىد» كە قاراڭ )

ئابدۇئۇسمان[①] (ئە) ئـابدىئوسمان ، ئوسـ- مان — ئوسماننىڭ قۇلـى ، ئوسماندەك كىشى (بۇ يەردە چاھارىيارلاردىن ئـوسمـان ئـۇلـۇغلانغـان ، ئـەمـا «ئوسمان» نىڭ مەنىسى : كىچىك يىلان )

ئابدۇئۆمەر[②] (ئە) ئابدىئۆمەر ، ئۆمەر ، ئابدىمەر ، ئەمەر — ئۆمەرنىڭ قۇلى ، ئۆمەردەك كىشى (بۇ ئـىسـمـدىمۇ چاھارىيارلاردىن ئۆمەر ئۇلۇغلانغان . «ئۆمەر» نىڭ مەنـىـسـى : ئاۋات ، بوستان ، مەمۇرچىلىق )

ئابدۇۋاپا[③] (ئە) ئابدىۋاپا ، ۋاپا — ۋاپانىڭ قۇلى ؛ ۋاپالىق كىشـى ، ۋاپادار ئادەم

ئابدۇۋاجىت ( «ئابدۇلۋاجىد» قا قاراڭ )

ئابدۇۋارىس ( «ئابدۇلۋارىس» قا قاراڭ )

ئابدۇۋاسى ( «ئابدۇلۋاسىئ» كە قاراڭ )

ئابدۇۋاسىت ( «ئابدۇلباسىت» قا قاراڭ )

ئابدۇۋاسىل (ئە) ئابدىۋاسىل ، ۋاسىل — ۋاسىلنىڭ قۇلى ( «ۋاسىل» نىڭ مـەنـىـسـى : نىشانغا يېتىپ بـارغـۇچى )

ئابدۇۋاققاس[④] (ئە) ئابدىۋاققاس ، ۋاققاس — ۋاققاسنىڭ قۇلى ( «ۋاققاس» نىڭ مەنىسى : بويىنى قىسقا )

ئابدۇۋاقى ( «ئابدۇلباقى» غا قاراڭ )

ئابدۇۋالى ( «ئابدۇلۋالى» غا قاراڭ )

ئابدۇۋاھاپ ( «ئابدۇلۋاھاب» قا قاراڭ )

ئابدۇۋاھىب (ئە) ئابـدۇۋاھىپ ، ئابدۇ- ۋاھىپ ، ۋاھىپ — ۋاھىبنىڭ قۇلى ( «ۋاھىب» نىڭ مەنىسى : سېخـىـي ، ئۆزىنـى بېغىشلىغۇچى )

ئابدۇۋاھىت ( «ئابدۇلۋاھىد» كە قاراڭ )

ئابدۇۋايىت ( «ئابدۇلۋاھىد» كە قاراڭ )

ئابدۇۋەدۇت ( «ئابدۇلۋەدۇد» قا قاراڭ )

ئابدۇۋەسىي (ئە) ئابدىۋەسى ، ۋەسى — رەھـمـىـتـى كـەڭـرى كـىـشـى ( «ئابدۇلۋاسىئ» كە ئوخشاش )

---

①②③④ ئەسلىيسى «ئابدۇئۇسمان ، ئابدۇئۇمەر ، ئابدۇۋەپا ، ئابدۇۋەققاس» .

ئابدۇۋەسى[①] (ئە) ئابدىۋەسى ، ۋەسى ۋەسىنىڭ قۇلى («ۋەسى» نىڭ مەنىسى : قوغدىغۇچى ، نازارەتچى ؛ ۋەسىيەتنى ئىجرا قىلغۇچى)

ئابدۇۋەكىل («ئابدۇلۋەكىل» گە قاراڭ)

ئابدۇۋەلى («ئابدۇلۋەلى» گە قاراڭ)

ئابدۇۋەيس (ئە) ئابدىۋەيس ، ۋەيس ۋەيسنىڭ قۇلى («ۋەيس» نىڭ مەنىسى : بۆرە بالىسى ؛ ئۇلۇغ)

ئابدۇئېزىز («ئابدۇلئەزىز» گە قاراڭ)

ئابدۇئىكرام («ئابدۇلئىكرام» غا قاراڭ)

ئابدۇئىمام (ئە) ئابدىئىمام ، ئابدىمام ، ئىمام ئىمامنىڭ قۇلى («ئىمام» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ، مەنىسى : يېتەكچى ، ئالدىدا تۇرغۇچى)

ئابدۇئىمان (ئە) ئابدىئىمان ، ئابدىمان ، ئابدىما ئىماننىڭ قۇلى ؛ ئىمانلىق كىشى

ئابدۇياقۇب[②] (ئەئى) ئابدىياقۇپ ، ئابدىيۇقۇپ ، ياقۇپ ، يۇقۇپ ياقۇبنىڭ قۇلى («ياقۇب» نىڭ مەنىسى : ئاللانىڭ بەندىسى ؛ كېيىن تۇغۇلغان . بۇ يەردە ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى ئۇلۇغلانغان)

ئابدىلىم («ئابدۇلھەلىم» گە قاراڭ)

ئابدىئەسەت («ئابدۇئەسئەد» كە قاراڭ)

ئابدىئەلى («ئابدۇلئەلى» گە قاراڭ)

ئابدىئەھمەت («ئابدۇئەھمەد» كە قاراڭ)

ئابدىبايىز («ئابدۇلبائىس» كە قاراڭ)

ئابدىبەر («ئابدۇلبەر» گە قاراڭ)

ئابدىپەتتا («ئابدۇلپەتتاھ» قا قاراڭ)

ئابدىپەتتار («ئابدۇلپەتتاھ» قا قاراڭ)

ئابدىتايىر («ئابدۇتاھىر» غا قاراڭ)

ئابدىجەۋىر («ئابدۇجەبىر» گە قاراڭ)

ئابدىجاپپار («ئابدۇلجاببار» غا قاراڭ)

---

① «ئابدۇۋۇەسى» ئايرىم ئىسىم بولۇشىمۇ ياكى «ئابدۇۋەسىي» نىڭ ئۆزگىرىشى بولۇشىمۇ مۇمكىن ، چۈنكى بۇ ئىككى ئىسىم ئىستېمال جەريانىدا ئوخشىشىپ قالىدۇ .

② ئەسلىيسى «ئابدۇيەئقۇب» .

ئابدىخەۋەر ( «ئابدۇخەۋەر» گە قاراڭ )
ئابدىخىلىل ( «ئابدۇخەلىل» گە قاراڭ )
ئابدىخىۋەر ( «ئابدۇلخەبىر» گە قاراڭ )
ئابدىخىۋىر ( «ئابدۇلخەبىر» گە قاراڭ )
ئابدىراپى ( «ئابدۇراپى» غا قاراڭ )
ئابدىراجى ( «ئابدۇراجى» غا قاراڭ )
ئابدىراخمان ( «ئابدۇرەھمان» غا قاراڭ )
ئابدىرامان ( «ئابدۇرەھمان» غا قاراڭ )
ئابدىراۋۇپ ( «ئابدۇرەئۇپ» قا قاراڭ )
ئابدىرەخىم ( «ئابدۇرەھمان» غا قاراڭ )
ئابدىرەيىم ( «ئابدۇرەھىم» گە قاراڭ )
ئابدىرۇپ ( «ئابدۇرەئۇپ» قا قاراڭ )
ئابدىزايىت ( «ئابدۇزاھىد» قا قاراڭ )
ئابدىزايىر ( «ئابدۇزاھىر» غا قاراڭ )
ئابدىزىر ( «ئابدۇلھەزىر» گە قاراڭ )
ئابدىسالى ( «ئابدۇسالىھ» كە قاراڭ )
ئابدىساۋۇر ( «ئابدۇسابىر» غا قاراڭ )
ئابدىساۋى ( «ئابدۇسابىر» غا قاراڭ )
ئابدىساۋىر ( «ئابدۇسابىر» غا قاراڭ )
ئابدىسايىت ( «ئابدۇسەئىد» كە قاراڭ )
ئابدىسەلەي ( «ئابدۇسالىھ» كە قاراڭ )
ئابدىسەمەت ( «ئابدۇسەمەد» كە قاراڭ )
ئابدىسەمى ( «ئابدۇسەمئى» كە قاراڭ )
ئابدىسەيدى ( «ئابدۇسەييىدى» گە قاراڭ )
ئابدىسەيت ( «ئابدۇسەئىد» كە قاراڭ )
ئابدىسىلىم ( «ئابدۇسەلىم» گە قاراڭ )
ئابدىسىدىق ( «ئابدۇسىددىق» قا قاراڭ )
ئابدىسىم ( «ئابدۇلئەزىم» گە قاراڭ )
ئابدىسىمەت ( «ئابدۇسەمەد» كە قاراڭ )
ئابدىسىمەر ( «ئابدۇسەمەر» گە قاراڭ )
ئابدىسىمىن ( «ئابدۇسەمىن» گە قاراڭ )
ئابدىسىنەم ( «ئابدۇسەنەم» گە قاراڭ )
ئابدىسىيىت ( «ئابدۇسەئىد» كە قاراڭ )
ئابدىشا ( «ئابدۇشاھ» قا قاراڭ )
ئابدىشايىت ( «ئابدۇشاھىد» قا قاراڭ )

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئابدىشەخ ( «ئابدۇشەيخ» كە قاراڭ )
ئابدىشېھىت ( «ئابدۇشەھىد» كە قاراڭ )
ئابدىشىر ( «ئابدۇشەھىر ، ئابدۇشىر» لارغا قاراڭ )
ئابدىشىرىپ ( «ئابدۇشەرىپ» كە قاراڭ )
ئابدىغايىپ ( «ئابدۇغائىب» كە قاراڭ )
ئابدىغوجى ( «ئابدۇخوجا» غا قاراڭ )
ئابدىغېنى ( «ئابدۇلغەنى» غا قاراڭ )
ئابدىقاخار ( «ئابدۇلقاھھار» غا قاراڭ )
ئابدىقادى ( «ئابدۇلقادىر» غا قاراڭ )
ئابدىقاۋۇل ( «ئابدۇقابىل» غا قاراڭ )
ئابدىقايىت ( «ئابدۇقائىد» كە قاراڭ )
ئابدىقايىر ( «ئابدۇقاھىر» گە قاراڭ )
ئابدىقايىم ( «ئابدۇقائىم» گە قاراڭ )
ئابدىقەمبەر ( «ئابدۇقەمەر» گە قاراڭ )
ئابدىقەندەر ( «ئابدۇقەنتەر» گە قاراڭ )
ئابدىقەيۇم ( «ئابدۇلقەييۇم» غا قاراڭ )
ئابدىقۇدۇس ( «ئابدۇلقۇددۇس» غا قاراڭ )
ئابدىقۇۋان ( «ئابدۇقۇربان» غا قاراڭ )
ئابدىقىيۇم ( «ئابدۇلقەييۇم» غا قاراڭ )
ئابدىكرام ( «ئابدۇلئىكرام» غا قاراڭ )
ئابدىكېۋىر ( «ئابدۇلكەبىر» گە قاراڭ )
ئابدىكىرەم ( «ئابدۇلكەرىم» گە قاراڭ )
ئابدىگايىت ( «ئابدۇلۋاھىد» كە قاراڭ )
ئابدىلئەخەت ( «ئابدۇلئەھەد» كە قاراڭ )
ئابدىلتىپ ( «ئابدۇللەتىپ» كە قاراڭ )
ئابدىلهېلىم ( «ئابدۇلهەلىم» گە قاراڭ )
ئابدىلئېزىز ( «ئابدۇلئەزىز» گە قاراڭ )
ئابدىلىم ( «ئابدۇلهەلىم» گە قاراڭ )
ئابدىما ( «ئابدۇئىمان» غا قاراڭ )
ئابدىماجىت ( «ئابدۇلماجىد» قا قاراڭ )
ئابدىماڭسۇر ( «ئابدۇمەنسۇر» غا قاراڭ )
ئابدىمام ( «ئابدۇئىمام» غا قاراڭ )
ئابدىمان ( «ئابدۇئىمان» غا قاراڭ )
ئابدىمانناپ ( «ئابدۇماناب» قا قاراڭ )

ئابدىمانى ( «ئابدۇلمانىئى» كە قاراڭ )

ئابدىمەبۇت ( «ئابدۇمەئبۇد» قا قاراڭ )

ئابدىمەت ( «ئابدۇمۇھەممەد» كە قاراڭ )

ئابدىمەخسۇت ( «ئابدۇمەقسۇد» قا قاراڭ )

ئابدىمەخمۇت ( «ئابدۇمەھمۇد» قا قاراڭ )

ئابدىمەر ( «ئابدۇئۆمەر» گە قاراڭ )

ئابدىمەننا ( «ئابدۇلمەننان» غا قاراڭ )

ئابدىمەيىز ( «ئابدۇلمۇئىززى» گە قاراڭ )

ئابدىمۇپتى ( «ئابدۇلمۇبدى» غا قاراڭ )

ئابدىمۇتا ( «ئابدۇمۇئتا» غا قاراڭ )

ئابدىمۇتالى ( «ئابدۇلمۇتىئالى» غا قاراڭ )

ئابدىمۇتەللىپ ( «ئابدۇلمۇتتەلىب» كە قاراڭ )

ئابدىمۇتەللىم ( «ئابدۇمۇتئەللىم» گە قاراڭ )

ئابدىمۇجۇپ ( «ئابدۇلمۇجىب» كە قاراڭ )

ئابدىمۇجىپ ( «ئابدۇلمۇجىب» كە قاراڭ )

ئابدىمۇخسى ( «ئابدۇلمۇھسى» گە قاراڭ )

ئابدىمۇخسىت ( «ئابدۇلمۇقسىت» كە قاراڭ )

ئابدىمۇسى ( «ئابدۇلمۇھسى» گە قاراڭ )

ئابدىمۇنۇپ ( «ئابدۇمۇنىب» كە قاراڭ )

ئابدىمۇنىم ( «ئابدۇمۇنئىم» گە قاراڭ )

ئابدىمۇيىت ( «ئابدۇلمۇئىد» كە قاراڭ )

ئابدىمۇيىز ( «ئابدۇلمۇئىززى» گە قاراڭ )

ئابدىمېتىن ( «ئابدۇلمەتىن» كە قاراڭ )

ئابدىمىت ( «ئابدۇلھەمىد» كە قاراڭ )

ئابدىمىجىت ( «ئابدۇلمەجىد» كە قاراڭ )

ئابدىمىشىت ( «ئابدۇلمەجىد» كە قاراڭ )

ئابدىمىن ( «ئابدۇئەمىن» گە قاراڭ )

ئابدىناسى ( «ئابدۇناسىر» غا قاراڭ )

ئابدىنەيىم ( «ئابدۇنەئىم» گە قاراڭ )

ئابدىنۇر ( «ئابدۇنۇر» غا قاراڭ )

ئابدىھازىر ( «ئابدۇھازىر» غا قاراڭ )

ئابدىۋاجىت ( «ئابدۇلۋاجىد» قا قاراڭ )

ئابدىۋاخاپ ( «ئابدۇلۋاھاب» قا قاراڭ )

ئابدىۋارى ( «ئابدۇلبارى» غا قاراڭ )

ئابدىۋاسى ( «ئابدۇلۋاسىئى» كە قاراڭ )

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغقى ئادرېسى



ئابدىۋاست ( «ئابدۇلباست» كە قاراڭ )
ئابدىۋايىت ( «ئابدۇلۋاھىد» كە قاراڭ )
ئابدىۋەت ( «ئابدۇلبەدىئ» كە قاراڭ )
ئابدىۋەدۇت ( «ئابدۇلۋەدۇد» قا قاراڭ )
ئابدىۋەر ( «ئابدۇلبارى» غا قاراڭ )
ئابدىۋەسى ( «ئابدۇۋەسئى ، ئابدۇۋەسى» لەرگە قاراڭ )
ئابدىۋېلى ( «ئابدۇلۋەلى» گە قاراڭ )
ئابدىيۇقۇپ ( «ئابدۇياقۇب» قا قاراڭ )
ئابزار ( «ئابدۇزارى» غا قاراڭ )
ئابزارى ( «ئابدۇزارى» غا قاراڭ )
ئابسايىت ( «ئابدۇسەئىد» كە قاراڭ )
ئابسەيت ( «ئابدۇسەئىد» كە قاراڭ )
ئابسىيىت ( «ئابدۇسەيىد» كە قاراڭ )
ئابشايىت ( «ئابدۇشاھىد» كە قاراڭ )
ئابشەرەپ ( «ئابدۇشەرەپ» كە قاراڭ )
ئابلا ( «ئابدۇللا» غا قاراڭ )
ئابلاباقى ( «ئابدۇللاباقى» غا قاراڭ )
ئابلاق[1] ( «ئابدۇللا» غا قاراڭ )
ئابلاقۇل ( «ئابدۇللاقۇل» غا قاراڭ )
ئابلام ( «ئابدۇللا» غا قاراڭ )
ئابلاھەت ( «ئابدۇلئەھەد» كە قاراڭ )
ئابلايار ( «ئابدۇللايار» غا قاراڭ )
ئابلەت ( «ئابدۇلئەھەد» كە قاراڭ )
ئابلەخەت ( «ئابدۇلئەھەد» كە قاراڭ )
ئابلەخەي ( «ئابدۇلھەي» گە قاراڭ )
ئابلەق ( «ئابدۇلھەق» كە قاراڭ )
ئابلەكى ( «ئابدۇلھاكى» گە قاراڭ )
ئابلەلا ( «ئابدۇئەلا» غا قاراڭ )
ئابلەم[2] ( «ئابدۇللا ، ئابدۇلئەھەد ، ئابدۇرەھىم» لارغا قاراڭ )

---

① «ئابدۇللا» بىلەن «ئابدۇلھەق» ئوخشاشلا «ئابلاق» قا ئۆزگىرىدۇ .
② «ئابدۇلئەھەد ، ئابدۇرەھىم ، ئابدۇللا» ئوخشاشلا «ئابلەم» گە ئۆزگىرىدۇ .

| | | |
|---|---|---|
| ئابلەھەت | | ( «ئابدۇلئەھەد» كە قاراڭ ) |
| ئابلەي | | ( «ئابدۇلھەي» گە قاراڭ ) |
| ئابلىزىز | | ( «ئابدۇلئەزىز» گە قاراڭ ) |
| ئابلىزىم | | ( «ئابدۇلئەزىم» گە قاراڭ ) |
| ئابلىكىم | | ( «ئابدۇلھەكىم» گە قاراڭ ) |
| ئابلىلىم | | ( «ئابدۇلھەلىم» گە قاراڭ ) |
| ئابلىپىز | | ( «ئابدۇلھەپىز» گە قاراڭ ) |
| ئابلىتىپ | | ( «ئابدۇللەتىپ» كە قاراڭ ) |
| ئابلىراخۇن | | ( «ئابدۇللائاخۇن» غا قاراڭ ) |
| ئابلىز | | ( «ئابدۇلئەزىز» گە قاراڭ ) |
| ئابلىزىر | | ( «ئابدۇلھەزىر» گە قاراڭ ) |
| ئابلىزىم | | ( «ئابدۇلئەزىم» گە قاراڭ ) |
| ئابلىكرام | | ( «ئابدۇلئىكرام» غا قاراڭ ) |
| ئابلىكىم | | ( «ئابدۇلھەكىم» گە قاراڭ ) |
| ئابلىم | | ( «ئابدۇلھەلىم» گە قاراڭ ) |
| ئابلىمىت | | ( «ئابدۇلھەمىد» كە قاراڭ ) |
| ئابمەت | | ( «ئابدۇمۇھەممەد» كە قاراڭ ) |
| ئابۇتاي | | ( «ئەبۇتاي» غا قاراڭ ) |
| ئابۇش | | ( «ئابدۇللا» غا قاراڭ ) |
| ئابىخان | | ( «ئابا» غا قاراڭ ) |
| ئابىد | (ئە) ئاۋۇت ، ئاۋۇش ، ھابىت ، ھاۋىت ، ھاۋۇت ، غابىت ، ئاگۇت | تەقۋادار ؛ دەرۋىش ؛ ئىبادەتگۆي ، ئىبادەت قىلغۇچى |
| ئابىدخوجا | (ئەپ) ئاۋۇتغوجى | ئابىد : ئىسمى ، خوجا : سۈپىتى (بۇ يەردە «ئىبادەتگۆي ئۇستاز» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ ) |
| ئابىدشاھ | (ئەپ) ئاۋۇتشا | ئابىد : ئىسمى ، شاھ : سۈپىتى (بۇ يەردە «ئاللاغا ئىبادەت قىلغۇچى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ ) |
| ئابىدنەزەر | (ئە) ئاۋۇتنەزەر | ئاللانىڭ نەزەرىدىكى ئىبادەتگۆي ئوغۇل |
| ئابىدۇللا | (ئە) ئاۋۇتۇللا ، ئاۋىتىللا | ئاللاغا ئىبادەت قىلغۇچى |
| ئابىدۇن | (ئە) ئاۋۇدۇن | ئىبادەت قىلغۇچىلار |

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| ئابىدىن[1] | (ئە) | ئاۋۇدۇن ، ئاۋىدۇن | دىنغا ئىبادەت قىلغۇچى ، دىنغا چوقۇنغۇچى |
| ئابىر | (ئە) | | يولۇچى |
| ئابىرەخمەت | | | («ئابدۇرەھمەت» كە قاراڭ) |
| ئابىزەر | | | («ئابدۇزارى» غا قاراڭ) |
| ئابىل | (ئە) | ھابىل | ھەيۋەتلىك ، زور ، گىگانت |
| ئاپپاق | (ئۇ) | | ئاق ، پاك ئوغۇل |
| ئاپپاقخوجا | (ئۇپ) | | ئاپپاق : ئىسمى ، خوجا : سۇپىتى |
| ئاپىرىن | (پ) | | ئاپىرىن ئېيتىشقا لايىق ئوغۇل ، بىر ئوغۇلنىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە ئاپىرىن ! |
| ئاتا | (ئۇ) | ئاتاق ، ئاتەك ، ئەتاق ، ئاتاش | دادا ، ئاتا ، ئاتام (بۇ ئىسمىدىمۇ «ئاتا» ئۇلۇغلانغان) |
| ئاتابەگ | (ئۇ) | ئاتابەك ، ئاتابېك | ئاتىدەك ئوغۇل ، ئاتا ئورنىدىكى ئوغۇل ؛ تەربىيەچى ، ئۇستاز |
| ئاتاجان | (ئۇپ) | ئاتىجان | ئاتا : ئىسمى ، جان : قوشۇمچىسى |
| ئاتاخان | (ئۇ) | ئاتىخان | ئاتا : ئىسمى ، خان : سۇپىتى |
| ئاتاجى | | | («ئاتاھاجى» غا قاراڭ) |
| ئاتاش | | | («ئاتا» غا قاراڭ) |
| ئاتاق | | | («ئاتا» غا قاراڭ) |
| ئاتاللا | | | («ئاتائۇللا» غا قاراڭ) |
| ئاتالىپ | | | («ئەبۇتالىب» قا قاراڭ) |
| ئاتاھاجى | (ئۇئە) | ئاتاجى | ئاتا : ئىسمى ، ھاجى : سۇپىتى |
| ئاتائۇللا[2] | (ئە) | ئاتاۋۇللا | ئاللانىڭ بەرگىنى ، ئاللا بەرگەن ئوغۇل |
| ئاتاي | (ئۇ) | | باچكا ؛ بالا |
| ئاتلان | (ئۇ) | | ئات سال ، يولغا چىق ، ئاتقا مىن |
| ئاتىپ | (ئە) | ھاتىپ | شەپقەتلىك ، كۆيۈمچان ، مېھرىبان |
| ئاتىجان | | | («ئاتاجان» غا قاراڭ) |
| ئاتىخان | | | («ئاتاخان» غا قاراڭ) |
| ئاتىك | (ئە) | | «ئاتىكە» نىڭ ئەرلەرگە خاس شەكلى |

①② ئەسلىيسى «ئابىددىن ، ئەتائۇللا» («دىن» تۆۋەندىمۇ باشتىن ـ ئاخىر ئىسلام دىنىنى كۆرسىتىدۇ . «ئابىدىن» بولسا «ئابىد» نىڭ قوش پىچلىق (ئاخىرى «ئۇن» ئوقۇلىدىغان) شەكلى بولۇشىمۇ ياكى «ئابىدۇن» (ئىبادەت قىلغۇچىلار) دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشى بولۇشىمۇ مۇمكىن . ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشلىرىمۇ ئوخشاپ قالىدۇ . «ئاتائۇللا» نىڭ يەنە «ئاتاۋۇل ، ئاتاللا ، ئاتىللا ، ئەتىللا» قاتارلىق ئۆزگىرىشلىرى بار .

| | | |
|---|---|---|
| ئاتىللا | (ئۇ) | ياۋروپا هۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەڭ داڭلىق ئىمپېراتورلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى. مەنىسى: بۈيۈك، داڭلىق. بۇ ئىسىم يەنە «ئاتائۇللا» نىڭ بىر خىل ئۆزگىرىشىگە ئوخشاپ قالىدۇ |
| ئاخپاشا | | («ئاقپاشا» غا قاراڭ) |
| ئاخپولات | | («ئاقپولات» قا قاراڭ) |
| ئاخچاۋار | | («ئاقچاۋار» غا قاراڭ) |
| ئاخچە | | («ئاقچە» گە قاراڭ) |
| ئاخچى | | («ئاقچە» گە قاراڭ) |
| ئاخچىم① | | («ئاقچە» گە قاراڭ) |
| ئاخسەيدى | | («ئاقسەييىدى» گە قاراڭ) |
| ئاخسۇ | | («ئاقسۇ» غا قاراڭ) |
| ئاخشا | | («ئاقشاھ» قا قاراڭ) |
| ئاخمول | | («ئاقمەۋلا» غا قاراڭ) |
| ئاخموللا | | («ئاقمەۋلا» غا قاراڭ) |
| ئاخمۇرات | | («ئاقمۇراد» قا قاراڭ) |
| ئاخنىياز | | («ئاقنىياز» غا قاراڭ) |
| ئاخۇن② | (ئۇ) ئاخۇنجان، ئاخۇنۇم | ئاخۇن ئوغلۇم، ئاخۇنۇم بالام |
| ئاخۇناجى | | («ئاخۇنهاجى» غا قاراڭ) |
| ئاخۇنباي | (ئۇ) | ئاخۇن: ئىسمى، باي: سۈپىتى |
| ئاخۇنبەگ | (ئۇ) | ئاخۇن: ئىسمى، بەگ: سۈپىتى |
| ئاخۇنجان | | («ئاخۇن» غا قاراڭ) |
| ئاخۇنزادە | (ئۇپ) | ئاخۇن بالىسى، ئاخۇن بالا |
| ئاخۇنقارى | (ئۇئە) | ئاخۇن: ئىسمى، قارى: سۈپىتى |
| ئاخۇنمەۋلا | (ئۇئە) ئاخۇنموللا | ئاخۇن: ئىسمى، مەۋلا: سۈپىتى |

① «ئاخچىم» ئاياللارغىمۇ قويۇلىدۇ.

② «ئاخۇن» بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان قوشۇمچە تەركىب بولۇپ، ئەرەبچىدىكى «ئەخۋان» (ئاكا ـ ئۇكا، بۇرادەر، قېرىنداش) سۆزىدىن كەلگەن. يەنە بەزىلەر ئۇنى «ئاق هۇن» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشى دەيدۇ. چاغاتاي دەۋرى ئەدەبىي تىلىدا بۇ ئىسىم پارس تىلى ئەنئەنىسىگە ماس هالدا «ئاخۇند» تەرىزدە خاتىرىلەنگەن ھەمدە بۇ قوشۇمچە بەزىدە پارس تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ كىشى ئىسىملىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاخۇننىياز | (ئۇپ) | | ئاخۇن : ئىسمى ، نىياز : قوشۇمچىسى (بۇ يەردە «ئاخۇنغا بەخشەندە قىلىنغان ، ئاخۇنغا ئۆزىنى ئاتىغۇچى» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ ) |
| ئاخۇنهاجى | (ئۇئە ) | ئاخۇناجى | ئاخۇن : ئىسمى ، هاجى : سۈپىتى |
| ئاخۇنئۇم | | | ( «ئاخۇن» غا قاراڭ ) |
| ئاخىر | (ئە ) | | ئاخىرقى (بۇ ئىسىم «ال» بىلەن كەلسە ئاللانىڭ ئىسمىنى ، يالغۇز تۇرغاندا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ يەردە «ئاخىرقى بالا» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ ) |
| ئاخىيول | | | ( «ئاقيول» غا قاراڭ ) |
| ئاخىيۇلتۇز | | | ( «ئاقيۇلتۇز» غا قاراڭ ) |
| ئادىب | (ئە ) | ئادىپ | ساھىبخان ، كۈتكۈچى |
| ئادىل | (ئە ) | هادىل ، هەدىل ، ئادىلجان | ئادالەتنى ياقلىغۇچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ) |
| ئادىلبەگ | (ئەئۇ ) | ئادىلۋەگ | ئادىل ئەر (ئادىل : ئىسمى ، بەگ : سۈپىتى ) |
| ئادىلجان | | | ( «ئادىل» غا قاراڭ ) |
| ئادىلشاھ | (ئەپ ) | ئادىلشا | ئادىل : ئىسمى ، شاھ : سۈپىتى (بۇ يەردە «ئاللا — ئادىل پادىشاھ» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ ) |
| ئادىللا | (ئە ) | | ئاللانىڭ ئادىل كىشىسى |
| ئادىن | (ئە ) | ئادى | سەكرىگۈچى ، ئالدىغا ئىنتىلگۈچى ؛ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرغۇچى |
| ئاراپات | | | ( «ئەراپات» قا قاراڭ ) |
| ئاراتۆرەم | (ئۇمئۇ ) | | ئوتتۇرانچى خوجام |
| ئارپات | | | ( «ئەراپات» قا قاراڭ ) |
| ئارتۇق | (ئۇ ) | ئارتۇقجان | (بۇ يەردە «ئوغۇل يېتەرلىك بولدى ، ئەمدى قىز پەرزەنت بولسا بولاتتى» دېگەن مەنە ئەكس ئېتىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، «باشقىلاردىن ئارتۇق تۇرىدىغان ئوغۇل» دېگەن مەنىسمۇ كېلىدۇ ) |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئارتۇقئارسلان | (ئۇ) | | ئىنتايىن باتۇر |
| ئارتۇقئالىپ | (ئۇ) | | باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان قەھرىمان |
| ئارتۇقبەگ | (ئۇ) | ئارتۇقۋەگ | باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئەر |
| ئارتۇقبول | (ئۇ) | | باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇر |
| ئارتۇقجان | | | («ئارتۇق» قا قاراڭ) |
| ئارتۇقمەت | | | («ئارتۇقمۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| ئارتۇقمۇھەممەد | (ئۇئە) | ئارتۇقمەممەت ، ئارتۇقمەت | ئارتۇق : ئىسمى ، مۇھەممەد : سۈپىتى |
| ئارتۇقنەزەر | (ئۇئە) | | ئارتۇق : ئىسمى ، نەزەر : سۈپىتى |
| ئارتۇقنىياز | (ئۇپ) | | ئارتۇق : ئىسمى ، نىياز : قوشۇمچىسى |
| ئارزۇچوڭ | (پئۇ) | ئازىچوڭ | ئارزۇ : ئىسمى ، چوڭ : سۈپىتى |
| ئارزۇقۇل | (پئۇ) | ئازىقۇل | ئارزۇ : ئىسمى ، قۇل ، قوشۇمچىسى |
| ئارزۇمەت | | | («ئارزۇمۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| ئارزۇمۇھەممەد | (پئە) | ئارزۇمەممەت ، ئارزۇمەت | مۇھەممەد : ئىسمى ، ئارزۇ : قوشۇمچىسى |
| ئارسلان | (ئۇ) | ئارىسلان | يولۋاس بالىسى |
| ئارسلانتېكىن | (ئۇ) | | ئارسلان كەبى قورقماس شاھزادە |
| ئارسلانشاھ | (ئۇپ) | ئارسلانشا | ئارسلاندەك باتۇر شاھ (ئوغۇل) |
| ئارمان | (پ) | | ئىشتىياق ، قىزغىنلىق ، ئارزۇ |
| ئارىپ | (ئە) | ھارىپ ، ئارۇپ ، ئارۇپجان | بىلگۈچى ، تونۇغۇچى ، بىلىملىك ، ئاقىل |
| ئارىز | (ئە) | | (1) ھادىسە ، ئىش ، ۋەقە ، (2) بۇلۇت ، (3) ئەرز قىلغۇچى ، ھال ئېيتقۇچى |
| ئارىش | (ئۇ) | | پاك ، تازا |
| ئارىم | | | («ئارىيە» گە قاراڭ) |
| ئازاد① | (پ) | ئازات | ھۆر ، ئەركىن |
| ئازادئەلى | (پئە) | | ئازاد : ئىسمى ، ئەلى : قوشۇمچىسى |
| ئازادمۇراد | (پئە) | ئازاتمۇرات | ئازادلىقنى ئارزۇ قىلغۇچى |

① «ئازاد» ئاياللارغىمۇ قويۇلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| ئازىنباقى[1] | (ئۇئە) | ئازىنۋاقى ، ئەزىنـباقى ، ئەزىنۋاقى ، ئەزۋاقى | ئازنا : ئىسمى ، باقى : قوشۇمچىسى («ئازنا» جۈمە كۈننى كۆرسىتىدۇ) |
| ئازىنقۇل[2] | (ئۇ) | ئەزىنقۇل | ئازنا : ئىسمى ، قۇل : قوشۇمچىسى |
| ئازىنمۇھەممەد | (ئۇئە) | ئازىنـمـەمـمـەت ، ئازىنمەت | ئازنا : ئىـسـمـى ، مۇھەممەد : سۈپىتى |
| ئازىنۋاقى | | | («ئازىنباقى» غا قاراڭ) |
| ئازى | | | («ئازرۇ» غا قاراڭ) |
| ئازىپ | (ئە) | | مۇزىكانت ، ئورۇندىغۇچى |
| ئازىچوڭ | | | («ئازرۇچوڭ» غا قاراڭ) |
| ئازىقۇل | | | («ئازرۇقۇل» غا قاراڭ) |
| ئازىم | (ئە) | هازىم ، هاسىم | (1) قەتئىي ئىرادىگە كەلگۈچى ، ئىـرادىـلىك ، نىـيـەت قىـلغۇچى (2) ئـارزۇيـۇم ، ئـارزۇلـۇق ئوغۇل ، (3) «ئەزىم» بىـلـەن ئوخشاش |
| ئاساد | (ئە) | ئاسات | شىرلار ، قاپلانلار |
| ئاسادۇللا | (ئە) | | ئاللانىڭ قاپلانلىرى |
| ئاسار | (ئە) | | ئەسەرلەر ، ئىزلار |
| ئاسارىبىلجان | (ئەئۇپ) | | سىرلارنى بىل ئوغلۇم |
| ئاسارىدىن | (ئە) | | دىننىڭ سىـرلـىـرى ، دىنـنـى ئەسەرلەر |
| ئاسانتاي | (ئۇ) | هاسانتاي ، هاستاي | ئاسان : ئىسمى ، تاي : سۈپىتى |
| ئاسان[3] | (ئۇ) | هاسان | (1) ئوڭايلىق ، ئاسانلىق ، (2) سالامەتلىك |
| ئاسانتېكىن | (ئۇ) | | ساغلام شاهزادە |
| ئاسقىن | (ئۇ) | | ئېسىل ، ئالىيجاناب |
| ئاسمار | | | («ئەسمار» غا قاراڭ) |
| ئاسۇر | (ئى) | ئاسۇرەم ، ئاسۇرخان | قەدىمكى بىر مىللەت نامى |
| ئاسىب | (ئە) | ئاسىپ ، ئاسىپجان ، ئاسىپخان ، هاسىپ | ئاتا جەمەت |

①② ئەسلىيسى «ئازىنەباقى ، ئازىنەقۇل» ياكى «ئـازىنـىباقـى ، ئازىنـىقۇل» . بۇ ئىسملارنىڭ تەركىبىدىكى «ئازىنە» ئېخىمۇ ئەسلىگە تارتقاندا «ئادىنە» دەپ ئېيتىلىدۇ .
③ «ئاسان» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەسەن» (سالامەتلىك ، ساقلىق) نىڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ ، هازىرقى مەنىسى ئاساس قىلىنمايدۇ . «ئاسان» بۇ يەردە «ئەسەن» گە هەم ئۇلار «هاسان ، هەسەن» گە ئۆزگىرىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاسىل | (ئە) | ھاسىل | ئېسىل نەسەبلىك |
| ئاسىم[1] | (ئە) | ھاسىم، ئاسىمجان | گۇناھسىز، پاك |
| ئاسىمتاي | (ئەئۇ) | | ئاسىم: ئىسمى، تاي: سۇپىتى |
| ئاسىمتۇر | (ئەئۇ) | | پاك تۇرغىن |
| ئاسىمۇھەممەد | (ئە) | | مۇھەممەد: ئىسمى، ئاسىم: سۇپىتى |
| ئاشۇر | (ئە) | ھاشۇر | (1) ئۇشۇر (ئاشۇرا) ئېيىدا تۇغۇلغان («ئاشۇرا» بىلەن ئوخشاش)، (2) ئۆشرە ئالغۇچى |
| ئاشۇرا[2] | (ئە) | ئاشۇراخان، ئەشۇراـ خان | ھىجرىيە 1 ـ ئاينىڭ دەسلەپكى ئون كۈنى ئىچىدە تۇغۇلغان پەرزەنت |
| ئاشىر[3] | (ئە) | ھاشىر | ئونىنچى ئوغۇل |
| ئاشىق | (ئە) | ھاشىق | ئىشق ئوتىدا كۆيگۈچى، سۆيگۈچى، ياخشى كۆرگۈچى، سېغىنغۇچى |
| ئاشىقمۇھەممەد | (ئە) | | مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سېغىنغۇچى (بۇ يەردە مۇھەممەد: ئىسمى، ئاشىق: سۇپىتى) |
| ئاغىنە | (ئۇ) | ئاغىنىخان[4] | ئاكا ـ ئىنىدەك بولماق |
| ئاقئاخۇن | (ئۇ) | ئاقاخۇن | ئاق: ئىسمى، ئاخۇن: قوشۇمچىسى |
| ئاقئالىپ | (ئۇ) | ئاقالىپ | ئاقيوللۇق باتۇر |
| ئاقاجى | | | («ئاقھاجى» غا قاراڭ) |
| ئاقارى | | | («ئاققارى» غا قاراڭ) |
| ئاقالىپ | | | («ئاقئالىپ» كە قاراڭ) |
| ئاقامىدىن | | | («ئەقۋامىدىن» گە قاراڭ) |
| ئاقائىد[5] | (ئە) | ئاقايىت | ئەقىدىلەر؛ ئىشەنچ، ئىمان؛ ئىدىيە، ئېتىقاد |
| ئاقباتۇر | (ئۇپ) | | «ئاقئالىپ» كە ئوخشاش |
| ئاقباي | (ئۇ) | ئاقۋاي | باي: ئىسمى، ئاق: سۇپىتى |
| ئاقبەگ | (ئۇ) | | ئاق ئەر، ئاق ئوغۇل |
| ئاقبول | (ئۇ) | | پاكىز، ئىمانلىق، يۈزى يورۇق بول |

①② «ئاسىم، ئاشۇرا» ئاياللارغىمۇ قويۇلىدۇ.
③ «ئاشىر» نىڭ ئۆزگىرىشى «ھاشىر» بولسىمۇ، لېكىن «ھ» بابىدا «ھاشىر» مۇ مۇستەقىل ئىسىملارنىڭ بىرى. ئۇ ئاياللارغا قويۇلغاندا «ھاشى، ھاشىخان» غا ئۆزگىرىدۇ.
④ «ئاغىنىخان» ئاياللارغا قويۇلىدۇ.
⑤ ئەسلىيسى «ئەقائىد».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاقبۇغا | (ئۇ) | | بۇغا : ئىسمى ، ئاق : سۈپىتى |
| ئاقبۇغرا | (ئۇ) | | ئاق ئەركەك تۆگە |
| ئاقپاشا① | (ئۇپ) | ئاخپاشا | پاشا : ئىسمى ، ئاق : سۈپىتى |
| ئاقپولات | (ئۇپ) | ئاخپولات | پولات : ئىسمى ، ئاق : سۈپىتى |
| ئاقتۇرسۇن | (ئۇ) | | تۇرسۇن : ئىسمى ، ئاق : سۈپىتى |
| ئاقچاۋار | (ئۇ) | ئاخچاۋار | چاۋار : ئىسمى ، ئاق : سۈپىتى |
| ئاقچە | (ئۇ) | ئاخچە ، ئاخچى ، ئاخچىم ، ئاقچى | بۇ يەردە كۈمۈش پۇل كۆزدە تۇتۇلۇپ ، «كۈمۈشتەك ئاق ۋە قىممەتلىك» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ |
| ئاقچى | (ئۇ) | | (1) «ئاقچە» گە قاراڭ ؛ (2) خەزىنىچى |
| ئاقسەييىدى | (ئۇئە) | ئاقسەيدى ، ئاخسەيدى | ئاپپاق خوجام |
| ئاقسۇ | (ئۇ) | ئاخسۇ | ئاق ئاقىدىغان سۇ ؛ سۇلۇق جاي |
| ئاقشاھ | (ئۇپ) | ئاقشا ، ئاخشا | ئاق : ئىسمى ، شاھ : سۈپىتى |
| ئاققارى | (ئۇئە) | ئاقارى | قارى : ئىسمى ، ئاق : سۈپىتى |
| ئاقمەت | | | («ئاقمۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| ئاقمەممەت | | | («ئاقمۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| ئاقمەۋلا | (ئەئۇ) | ئاقموللا ، ئاقمول ، ئاخموللا ، ئاخمول | مەۋلا : ئىسمى ، ئاق : سۈپىتى (ئاپپاق خوجام بالام) |
| ئاقمۇراد | (ئۇئە) | ئاخمۇرات | مۇراد: ئىسمى ، ئاق : سۈپىتى |
| ئاقمۇھەممەد | (ئۇئە) | ئاقمەمەت ، ئاقمەمەت ، ئاقمەت | مۇھەممەد : ئىسمى ، ئاق : سۈپىتى |
| ئاقنىياز | (ئۇپ) | ئاخنىياز | نىياز : ئىسمى ، ئاق : سۈپىتى |
| ئاقنىيەت | (ئۇئە) | | ئاق كۆڭۈل ، نىيىتى دۇرۇس |
| ئاقھاجى | (ئۇئە) | ئاقاجى | ھاجى : ئىسمى ، ئاق : سۈپىتى (ئاپپاق ھاجى بالام) |
| ئاقۇپ | | | («ئاقىپ» كە قاراڭ) |
| ئاقۇل | | | («ئاقىل» غا قاراڭ) |
| ئاقۇللا | | | («ئاقىللا» غا قاراڭ) |
| ئاقۋاي | | | («ئاقباي» غا قاراڭ) |

① «ئاق» نىڭ ئىسىم ياكى سۈپەت بولۇپ كېلىشى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى رەڭلەرگە چوقۇنۇش ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ ، بۇ يەردە ئاق رەڭ ئۇلۇغلانغان . بۇ ماھىيەتتە كۈن ، ئاي ، يورۇقلۇق ياكى نۇرنى ئۇلۇغلاشتىن كەلگەن . «ئاق» بۇ يەردە «ئاپپاق بالام» دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ .

| | | |
|---|---|---|
| ئاقى | (ئۇ) | سېخىي ، قولى ئوچۇق ؛ مەردانە ، جەسۇر |
| ئاقىپ | (ئە) ئاقىپ ، ئاقۇپ ، ھاقۇپ | (1) داۋاملاشتۇرغۇچى ، ئىز باسار ، ۋارىس ، مىراسخور (2) باش نازارەتچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى) |
| ئاقىل | (ئە) ھاقىل ، ھەقىل ، ئاقۇل | ئەقىللىق ، زېرەك ، دانىشمەن ، ئەقىلدار |
| ئاقىللا | (ئە) ھاقىللا ، ئاقۇللا | ئاللانىڭ ئەقىللىق كىشىسى |
| ئاقىلبەگ | (ئەئۇ) ئاقىلۋەگ | ئەقىللىق ئەر |
| ئاقيول | (ئۇ) ئاخيول | ئاقيوللۇق بولغۇچى |
| ئاقيۇلتۇز | (ئۇ) ئاخيۇلتۇز | نۇرلۇق يۇلتۇز ، يورۇق يۇلتۇز |
| ئاكابىر | (ئە) | ئاقسۆڭەك ، كاتتىلار |
| ئالامەت | (ئە) | (1) بەلگە ، ئىشارەت ، (2) قالتىس |
| ئالاۋۇدۇن | | («ئالائىدىن» گە قاراڭ) |
| ئالاۋىدىن | | («ئالائىدىن» گە قاراڭ) |
| ئالائىدىن[1] | (ئە) ئالاۋىدىن ، ئالاۋۇدۇن ، ھالاۋىدىن ، ئالايىدىن ، ئىلاۋىدىن ، ھىلاۋىدىن ، ھالاۋۇدۇن ، ئىلايىدىن | دىنىنىڭ يۈكسەك ئادىمى |
| ئالتۇنئەر | (ئۇ) | ئالتۇندەك يىگىت |
| ئالتۇنباي | (ئۇ) | ئالتۇن : ئىسمى ، باي : سۈپىتى |
| ئالتۇنتاي | (ئۇ) | ئالتۇن : ئىسمى ، تاي : قوشۇمچىسى (بۇ يەردە «ئالتۇندەك بىر ئوغۇل پەرزەنت دۇنياغا كەلدى» دېگەن مەنە ئىپادىلىنىدۇ) |
| ئالتۇنجان | (ئۇ) | ئالتۇن : ئىسمى ، جان : قوشۇمچىسى |
| ئالتۇنيار | (ئۇپ) | ئالتۇن يار بولسۇن |

① ئەسلىيسى «ئەلائىددىن» .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| ئالقىش | (ئۇ) | | بەخت، خۇشاللىق، تەنتەنە، چاۋاك (بۇ يەردە پەرزەنتنى ئالقىشلاش، بەختكە تەنتەنە قىلىش مەنىسى ئەكس ئېتىدۇ) |
| ئاللابەردى | (ئەئۇ) | ئاللاۋەدى | ئاللا بەرگەن ئوغۇل، ئاللا ئوغۇل بەردى |
| ئاللادوست | (ئەپ) | ئاللادوس | ئاللانى دوست تۇتسۇن |
| ئاللاشۈكۈر | (ئە) | | ئاللاغا رەھمەت، بىزگە بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلدى |
| ئاللاقۇل | (ئەئۇ) | | ئاللانىڭ قۇلى بولسۇن، ئاللاغا بەندىلىك قىلسۇن، ئاللانىڭ قۇلى |
| ئاللاقۇۋۋەت | (ئە) | ئاللاقۇۋۋەت | ئاللا كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرسۇن |
| ئاللاكەرىم | (ئە) | ئاللاكېرىم | سېخىي ئاللا بەرگەن ئوغۇل (ئاللاغا مەدھىيە ئوقۇش ئېڭى ئەكس ئېتىدۇ) |
| ئاللامۇراد | (ئە) | ئاللامۇرات | ئاللا مۇرادىنى بەرسۇن |
| ئاللانەزەر | (ئە) | | ئاللا نەزەرىنى سالسۇن |
| ئاللانۇر | (ئە) | ئالانۇر[1] | ئاللانىڭ نۇرى چۈشسۇن |
| ئاللانىياز | (ئەپ) | | ئاللا يولىغا ئۆزىنى بېغىشلىغۇچى، ئاللاغا بەخشەندە قىلىنغۇچى، ئاللانىڭ چاكىرى |
| ئاللاۋەدى | | | («ئاللابەردى» گە قاراڭ) |
| ئاللايار | (ئەپ) | | ئاللا يار بولسۇن، ئاللانى دوست تۇتسۇن |
| ئالماس | (پ) | ئالماسقارى، ئالماسجان، ئالماسخان | مېتال ئىسمى («ئالماستەك قاتتىق، مەھكەم» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزگىرىشلىرى پۈتۈنلەي ئەرلەرگە قويۇلىدۇ) |
| ئالماسبەگ | (پئۇ) | ئالماسۋەگ | ئالماستەك ئەر، يېڭىلمەس ئەر |
| ئالمەت | | | («ئالىيمۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| ئالمۇرات | | | («ئەلمۇراد» قا ياكى «ئالىيمۇراد» قا قاراڭ) |
| ئالىپ | (ئۇ) | | قەھرىمان، باتۇر |

① بۇ يەردىكى «ئالانۇر» دېگەن ئىسىم «ئەلانۇر» (ئەئلانۇر) دىن ئۆزگەرگەنگە ئوخشاش، «ئاللانۇر» دىنمۇ ئۆزگىرىپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئىسىم ئوخشاپ قالغان.

| | | |
|---|---|---|
| ئالىپئاتا | (ئۇ) | باتۇر ئاتا |
| ئالىپتېكىن | (ئۇ) | باتۇر شاھزادە |
| ئالىپشاھ | (ئۇپ) ئالىپشا | باتۇر خان |
| ئالىم | (ئە) ئالىمجان، غالىم | ئىلىم ئىگىسى، بىلىمدار، ئەدىب (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى) |
| ئالىمەت | | («ئالىيمۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| ئالىمتاي | (ئەئۇ) | ئالىم: ئىسمى، تاي: سۈپىتى |
| ئالىمخوجا | (ئەپ) ئالىمغوجى | ئالىم: ئىسمى، خوجا: سۈپىتى |
| ئالىمنەزەر | (ئە) | ئالىمنىڭ نەزەرى چۈشكەن |
| ئالىمنىياز | (ئەپ) | ئالىم: ئىسمى، نىياز: قوشۇمچىسى |
| ئالىموللا | | («ئالىيمەۋلا» غا قاراڭ) |
| ئالىيار | | («ئالىييار» غا قاراڭ) |
| ئالىي | (ئە) ئالى | ئۈستۈن، يۈكسەك |
| ئالىيجان① | (ئەپ) ئالىجان | ئالىي: ئىسمى، جان: قوشۇمچىسى |
| ئالىيمەۋلا | (ئە) ئالىموللا | ئالىي: ئىسمى، مەۋلا: قوشۇمچىسى |
| ئالىيمۇراد② | (ئە) ئالىمۇرات، ئالمۇرات | ئارزۇسى ئۈستۈن، مۇرادى يۈكسەك (بۇ يەردە «ھەممىدىن ئۈستۈن ئاللا مۇرادىغا يەتكۈزسۇن» دېگەن مەنىمۇ ئىپادىلىنىدۇ) |
| ئالىيمۇھەممەد | (ئە) ئالىمەممەت، ئالىمەت، ئالمەت | ئالىي: ئىسمى، مۇھەممەد: سۈپىتى |
| ئالىييار | (ئەپ) ئالىيار | ھەممىدىن ئۈستۈن ئاللا يار بولسۇن |
| ئالياس | | («ئىلياس» قا قاراڭ) |
| ئامان | (ئە) ئامانجان، ئامانخان③ | ئىشەنچلىك، تىنچ، بىخەتەر، خاتىرجەم |
| ئامانەت | (ئە) | ئىشەنچ قىلماق |
| ئامانئەل | (ئەئۇ) ئامانئەلخان④، ئامانەلخان⑤، ئامنەل | ئەلنىڭ ئامانلىقى |

① «جان» ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىسىم ئاخىرىغا «جېنىم، جاندەك ئېزىز» مەنىلىرىدە قوشۇپ قوللىنىلغان. ئۇ، ئۆزبېكلەر ئارىسىدا تېخىمۇ ئومۇملاشقان.

② «ئەلمۇراد» مۇ «ئالمۇرات» قا ئۆزگىرىدۇ.

③④⑤ «خان» ئۇلانغان بۇ خىل ئىسىملارمۇ ئەرلەرگە قويۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| ئامانئەلى | (ئە ) | ئامنەلى | ئامان : ئىسمى ، ئەلى : سۈپىتى |
| ئامانباي | (ئەئۇ ) | | تىنچ ـ ئامان ئەر |
| ئامانبەردى | (ئەئۇ ) | | ئاللا ئامانلىق بەرگەي |
| ئامانتاش | (ئەئۇ ) | | ئامان : ئىسمى ، تاش : قوشۇمچىسى |
| ئامانتاي | (ئەئۇ ) | | ئامان : ئىسمى ، تاي : قوشۇمچىسى |
| ئامانتۇر | (ئەئۇ ) | | تىنچ ـ ئامان تۇرغاي |
| ئامانتۇردى | (ئەئۇ ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئامانخان | | | ( «ئامان» غا قاراڭ ) |
| ئامانخوجا | (ئەپ ) | ئامانغوجى | ئامان : ئىسمى ، خوجا : سۈپىتى |
| ئامانشاھ | (ئەپ ) | ئامانشا | ئامان : ئىسمى ، شاھ : سۈپىتى |
| ئامانشۈكۈر | (ئە ) | | ئامان : ئىسمى ، شۈكۈر : قوشۇمچىسى |
| ئامانقۇل | (ئەئۇ ) | | تىنچ ـ ئامان ئوغۇل |
| ئاماننۇر | (ئە ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئامانىياز | (ئەپ ) | | ئامان : ئىسمى ، نىياز : قوشۇمچىسى |
| ئامانۇللا | (ئە ) | ئامىنۇللا ، ئامنۇللا | ئاللانىڭ تىنچ ـ ئامان كىشىسى |
| ئاماندىن | (ئە ) | | دىنىنىڭ ئامانلىقى |
| ئامانيار | (ئەپ ) | ئامانيا | ئامانلىق يار بولغاي |
| ئامەتۇللا | | | ( «ئامەدۇللا» غا قاراڭ ) |
| ئامەد | (پ ) | ئامەت | ئامەتى كەلگەي |
| ئامەدۇللا | (پئە ) | ئامەتۇللا ، ئامەتۇللا ، ئامتۇللا | ئاللا ئامەت بەرگەي ؛ ئاللا بەرگەن ئامەت |
| ئاممان | (ئە ) | | بىر ئەرەب پايتەختىنىڭ نامى |
| ئامسىلىم① | | | ( «ئاممىسەلىم» گە قاراڭ ) |
| ئاممىسەلىم | (ئە ) | ئامسىلىم | پۈتۈنلەي ساغلام |
| ئامنەل | | | ( «ئامانئەل» گە قاراڭ ) |
| ئامنەلى | | | ( «ئامانئەلى» گە قاراڭ ) |
| ئامنەلخان | | | ( «ئامانئەل» گە قاراڭ ) |
| ئامنۇللا | | | ( «ئامانۇللا» غا قاراڭ ) |
| ئامۇسلىم | | | ( «ئاۋامۇسلىم» گە قاراڭ ) |
| ئامۇت | (ئۇ ) | | بىر خىل مېۋە نامى |
| ئامۇر | | | ( «ئامىر» غا قاراڭ ) |

① «ئامسىلىم» بولسا «ئەبۇمۇسلىم» دىنمۇ ئۆزگىرىدۇ .

| | | |
|---|---|---|
| ئامۇن | | ( «ئامىن» گە قاراڭ ) |
| ئامىتۇللا | | ( «ئامەدۇللا» غا قاراڭ ) |
| ئامىر[1] | (ئە) ئامۇر ، ھامىر ، غامىر | (1) ئاۋات ، ئاۋات قىلغۇچى ، ئاۋات جاي ، ئولتۇراق جاي (2) قوماندان ، بۇيرۇق قىلغۇچى ، ئەمىر قىلغۇچى ، ئىش بۇيرۇغۇچى |
| ئامىل | (ئە) ھامىل | (1) ئۇمەلدىلىك ئەر ، (2) ئەمگەكچى ، ئىشچى ؛ گۇماشتا ، ئىجرا قىلغۇچى |
| ئامىن | (ئە) ئامۇن ، ئامۇنجان | (1) ئاللا تىنچ ـ ئامانلىقنى بەرگەي ، (2) بىخەتەر ، مۇقىم ، تىنچ ، خاتىرجەم ، ئامان ، (3) تىلىكىم ئاشۇنداق ، مىنى قۇتقۇزغىن ، (4) ئاللاغا شەكسىز ئىشىنىمەن ، ئاللادىن ئامانلىق تىلەيمەن |
| ئامىنۇللا | | ( «ئامانۇللا» غا قاراڭ ) |
| ئانات | (ئۇ) | تۈركچىدىكى «ئاناتولىيە» دىن قىسقارغان |
| ئانارىبېك | (ئۇ) ئانارىبەگ | ئانارىدەك چىرايلىق يىگىت |
| ئانايەت | | ( «ئىنايەت» كە قاراڭ ) |
| ئانايىت | | ( «ئىنايەت» كە قاراڭ ) |
| ئاھىل | (ئە) | ئۇلۇغ پادىشاھ |
| ئاۋات | | ( «ئاباد» قا قاراڭ ) |
| ئاۋاتجان | | ( «ئاباد» قا قاراڭ ) |
| ئاۋاز | (ئۇ) ھاۋاز | بۇ ئىسىمدا «ئاۋاز» ئۇلۇغلانغان |
| ئاۋاكرى | | ( «ئەبۇبەكرى» گە قاراڭ ) |
| ئاۋامسەلىم[2] | (ئە) ئاۋامسىلىم ، ئاۋامسىل | «ئامىمسەلىم» گە ئوخشاش |
| ئاۋاممۇسلىم[3] | (ئە) ئامۇسلىم ، ئاۋامۇسلىم | تولۇق مۇسۇلمان ؛ مۇسۇلمان ئاما |
| ئاۋلەت | | ( «ئابدۇلئەھەد» كە قاراڭ ) |
| ئاۋلەتجان | | ( «ئابدۇلئەھەد» كە قاراڭ ) |

① «ئامىر» دېگەن ئىسىم «امر» بولغاندا «قوماندان ، ئەمىر قىلغۇچى» دېگەندەك مەنىلەرنى بېرىپ ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرىنى كۆرسىتىدۇ ؛ ئەگەر «عامر» بولسا (1) مەنىنى كۆرسىتىدۇ .

② «ئەبۇمۇسلىم» مۇ «ئاۋامسەلىم» گە ئۆزگىرىدۇ .

③ «ئەبۇمۇسلىم» يەنە «ئاۋاممۇسلىم» غىمۇ ئۆزگىرىدۇ . ئومۇمەن «ئەبۇ مۇسلىم ، ئامىمسەلىم ، ئاۋامسەلىم ، ئاۋاممۇسلىم» قاتارلىق ئىسىملار ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن . بۇ خىل ئىسىملار ھەتتا «ئەبۇمۇسلىم» غىلا تەۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | |
|---|---|---|
| ئاۋرالزىب[1] | (ئۇپ) ئاۋرانزىب | ئاۋرالنىڭ زىننىتى («ئاۋرال» تاغ ئىسمى) |
| ئاۋرالنۇر | (ئۇئە) ئاۋراننۇر | ئاۋرالنىڭ يىگىتى |
| ئاۋلىز | | («ئابدۇلئەزىز» گە قاراڭ) |
| ئاۋۇت | | («ئابىد» كە قاراڭ) |
| ئاۋۇتۇللا | | («ئابىدۇللا» غا قاراڭ) |
| ئاۋۇدۇن | | («ئابىدىن» گە قاراڭ) |
| ئاۋۇش | | («ئابىد» كە قاراڭ) |
| ئائىد | (ئە) ئايىت | قايتقۇچى؛ كېسەلگە قارىغۇچى |
| ئائىز | (ئە) ئايىز، ئايىس | پېقىر |
| ئائىل | (ئە) ئايىل | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئايئالىپ | (ئۇ) | ئايدەك چىرايلىق يىگىت |
| ئاياتۇللا | | («هاياتۇللا» غا قاراڭ) |
| ئاياز | (ئۇ) | سوغۇققانلىق؛ قىش پەسلى |
| ئايازبېك | (ئۇ) ئايازبەگ | سوغۇققان يىگىت |
| ئايەت[2] | (ئە) ئايەتجان | «قۇرئان كەرىم» دىكى ئايەتلەر ئۇلۇغلىنىپ قويۇلغان ئىسىم بولۇپ، مەنىسى: (1) ئالامەت، بەلگە، (2) مۆجىزە |
| ئايەتۇللا[3] | (ئۇ) ئايىتۇللا، ئايىتىللا، هاياتۇللا | ئاللانىڭ مۆجىزىسى، ئاللانىڭ ئايىتى (بۇ يەردە يەنىلا «ئايەت» ئۇلۇغلانغان) |
| ئايباتۇر | (ئۇپ) | باتۇر: ئىسمى، ئاي: سۈپىتى |
| ئايبارس | (ئۇ) | بارس: ئىسمى، ئاي: سۈپىتى |
| ئايبەردى | (ئۇ) ئايۋەدى | ئاللا ئايدەك چىرايلىق بىر ئوغۇل بەردى |
| ئايبەگ | | («ئايبېك» كە قاراڭ) |
| ئايبول | (ئۇ) ئايۋول | ئايدەك چىرايلىق يىگىت بول |
| ئايبېك[4] | (ئۇ) ئايبەگ، ئايۋەگ | ئايدەك چىرايلىق يىگىت |
| ئايتاش | (ئۇ) | تاش: ئىسمى، ئاي: سۈپىتى |

① ئەسلىيسى «ئابرالزىب». بۇ ئىسىم «ئورانزىب» قا ئۆزگىرىشىمۇ مۇمكىن.

② «ئايەت» ئاياللارغىمۇ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ «ئايەتجان» دىن باشقا ئۆزگىرىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئاياللارغا قويۇلىدۇ.

③ «ئايەتۇللا» نىڭ ئۆزگىرىشى بولغان «ئايىتىللا» ئاياللارغا قويۇلىدۇ ھەم ئەسلىي ئىسىم بولغان «ئايىتىللا» غا ئوخشاپ قالىدۇ.

④ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش ئادىتىدە «ئاي»، «گۈل» ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاياللارنىڭ بەلگىسى قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئىسىملارنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن «ئاي» ئومۇمەن قىز ـ ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. لېكىن بۇ سۆزلەر بەزىدە «ئايبېك، ئايتۇرغان، ئابدۇگۈل» دېگەندەك ھالەتتە بەزى ئەرلەر ئىسىملىرىغىمۇ قوشۇلۇپ كېلىشى مۇمكىن.

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئايتۇرغان | (ئۇ) | | تۇرغان : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |
| ئايتۇرغۇن[1] | (ئۇ) | | تۇرغۇن : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |
| ئايتۆمۈر | (ئۇ) | | تۆمۈر : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |
| ئايتېكىن | (ئۇ) | | ئايدەك شاھزادە |
| ئايجان | (ئۇ) | | ئايدەك ئوغۇل |
| ئايخوجا | (ئۇپ) | ئايغوجى | ئايدەك چىرايلىق ئوغۇل |
| ئايدوست | (ئۇپ) | ئايدوس | دوست : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |
| ئايدىل[2] | (ئۇپ) | | دىلى ئايدەك |
| ئايدىن | (ئۇئە) | | دىنىنىڭ ئېيى |
| ئايسالىھ[3] | (ئۇئە) | | سالىھ : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |
| ئايساھىب | (ئۇئە) | | ساھىب : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |
| ئايشۆھرەت | (ئۇئە) | ئايشۆرەت | شۆھرەت : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |
| ئايغوجى | | | («ئايخوجا» غا قاراڭ) |
| ئايقۇت | (ئۇ) | | ئايدەك قىزنىڭ بەختى (بۇ ئىسىم «بەختلىك قىز» دېگەن مەنىدە ئاياللارغا قويۇلىشىمۇ مۇمكىن) |
| ئايقۇددۇس | (ئۇئە) | ئايقۇدۇس | قۇددۇس : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |
| ئايكىم | | | («ئايھەكىم» گە قاراڭ) |
| ئايمەت | | | («ئايمۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| ئايمەخدۇم | (ئۇئە) | ئايمەخسۇم | ئايدەك چىرايلىق ئوغلۇم |
| ئايمەردان | (ئۇپ) | | مەردان : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |
| ئايمەممەت | | | («ئايمۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| ئايمەۋلا | (ئۇئە) | ئايموللا | مەۋلا : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |
| ئايمۇراد | (ئۇئە) | ئايمۇرات | مۇراد : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |
| ئايمۇھەممەد | (ئۇئە) | ئايمەممەت ، ئايمەت | مۇھەممەد : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |
| ئايمىرزا | (ئۇپ) | | مىرزا : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |
| ئاينەبى | (ئۇئە) | | نەبى : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |
| ئاينەزەر | (ئۇئە) | | نەزەر : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |
| ئاينىياز | (ئۇپ) | | نىياز : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |
| ئايھەكىم | (ئۇئە) | ئايكىم | ھەكىم : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |

①② «ئايتۇرغان ، ئايتۇرغۇن ، ئايدىل» قاتارلىق ئىسىملار ئاياللارغىمۇ قويۇلىدۇ . بۇ ئىسىملارنىڭ بېشىدىكى «ئاي» سۆزى ئۇلارنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ ، «تۇرغانئاي ، تۇرغۇنئاي ، دىلئاي» بولسا ، جەزمەن ئاياللارغا قويۇلىدۇ .

③ «سالىھ ، ساھىب ، شۆھرەت ، قۇددۇس» قاتارلىق ئىككىنچى بۆلەك بولۇپ كەلگەن ، لېكىن مەنىسى بېرىلمىگەن سۆزلەر ئۈچۈن شۇ خىل ئىسىملار بابىغا قاراڭ .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | |
|---|---|---|
| ئايۇپ | | ( «ئەيىۇب» قا قاراڭ ) |
| ئايۇپبەگ | | ( «ئەيىۇببەگ» كە قاراڭ ) |
| ئايۋەدى | | ( «ئايبەردى» گە قاراڭ ) |
| ئايۋەگ | | ( «ئايبەگ» كە قاراڭ ) |
| ئايۋول | | ( «ئايبول» غا قاراڭ ) |
| ئايىت | | ( «ئائىد» كە قاراڭ ) |
| ئايىتۇللا | | ( «ئايەتۇللا» غا قاراڭ ) |
| ئايىز | (ئە ) | (1 ) «ئائىز» گە قاراڭ ، (2 ) ئېھتىياج ، تەلەپ |
| ئايىس | | ( «ئائىز» گە قاراڭ ) |
| ئايىل | | ( «ئائىل» گە قاراڭ ) |

## ئاياللار ئۈچۈن

| ئاتىلىشى | ئۆزگىرىشلىرى | مەنىسى |
|---|---|---|
| ئابادخان | (پئۇ ) ئاۋاتخان ، ئاۋەت- خان ، ئەۋەتخان | ئاباد : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| ئابىخان | | ( «ئابىدىخان» غا قاراڭ ) |
| ئابىدە | (ئە ) ئابىدەم[1] | «ئابىد» بىلەن ئوخشاش |
| ئابىدىخان | (ئەئۇ ) ئابىخان ، ئابىقىز ، ئابىگۈل ، ئابىدى- قىز ، ئابىدىگۈل | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئابىدىنىسا | (ئە ) ئابىنىسا | ئىبادەتگۆي ، تەقۋادار ئايال |
| ئابىقىز | | ( «ئابىدە» گە قاراڭ ) |
| ئابىگۈل | | ( «ئابىدە» گە قاراڭ ) |
| ئابىنىسا | | ( «ئابىدىنىسا» غا قاراڭ ) |
| ئابىھايات[2] | (پئۇ ) | ھاياتلىق سۈيى |
| ئاپئاقئاي | (ئۇ ) ئاپپاقئاي | ئايدەك ئاپپاق قىز |
| ئاپئاقخان | (ئۇ ) ئاپپاقخان | «ئاققىز» غا ئوخشاش |
| ئاپئاققىز | (ئۇ ) ئاپپاققىز | «ئاققىز» غا ئوخشاش |
| ئاپئاقگۈل | (ئۇپ ) ئاپپاقگۈل | ئاپپاق ، چىرايلىق قىز |
| ئاپرېل | (ي ) | ئاپرېل ئېيىدا تۇغۇلغان |
| ئاپىيە | (ئە ) | ساغلاملىق ، سالامەتلىك ، قۇۋۋەت |

[1] «ئابىدەم» دىكى «م» قوشۇلۇپ كەلگەن ھەربىر ئىسىمدا ھۆرمەت مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ ھەمدە شۈكىشىنى ئۆز كىشىم دەپ ئاتاش مۇناسىۋىتى بىلەن قوشۇلىدۇ . ئۇ ، بەزى ئاياللارنىڭ ئىسىملىرىدىن سىرت ، ئايرىم دىنىي دەرىجە ـ ئەمەل ناملىرىغىمۇ قوشۇلۇپ ، ھۆرمەت تۈسىنى كۈچەيتىدۇ . مەسىلەن ، قارىم ، ھاجىم دېگەنلەردەك . «ئابىخان ، ئابىدەم» قاتارلىق ئىسىملارنىڭ تەركىبىدە كەلگەن «بى» سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ .

[2] ئەسلىيسى «ئابىھەيات» .

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاپپەت | (ئە) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئاتەشىبىي | (پ) | ئاتەشبۇۋى | ئوتتەك خېنىم ، ئوت كەبى قىزغىن خېنىم |
| ئاتەشخان | (پئۇ) | | ئوتتەك قىزغىن ئايال |
| ئاتەشقىز | (پئۇ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئاتەشگۈل | (پ) | | «ئاتەشخان» غا ئوخشاش |
| ئاتىپە | (ئە) | | «ئاتىپ» بىلەن ئوخشاش |
| ئاتىخان | | | ( «ئاتىكە» گە قاراڭ ) |
| ئاتىخېنىم | | | ( «ئاتىكەخېنىم» غا قاراڭ ) |
| ئاتىقىز | | | ( «ئاتىكە» گە قاراڭ ) |
| ئاتىكە | (ئە) | ئاتىكەم ، ئاتىكەخان ، ئاتىخېنىم ، ئاتىخان ، ئاتىقىز ، ئاتىگۈل ، ئەتىگۈل | سېخىي ئايال |
| ئاتىكەخېنىم[①] | (ئەئۇ) | ئاتىخېنىم | سېخىي ، قولى ئوچۇق خېنىم |
| ئاجىلە | (ئە) | | دۇنيا |
| ئاخچوغلۇق | | | ( «ئاقچوغلۇق» قا قاراڭ ) |
| ئاخچېچەك | | | ( «ئاقچېچەك» كە قاراڭ ) |
| ئاخچىخان | | | ( «ئاقچىخان» غا قاراڭ ) |
| ئاخچىگۈل | | | ( «ئاقچىخان» غا قاراڭ ) |
| ئاخچىم | | | ( «ئاقچە» گە قاراڭ ) |
| ئاخخان | | | ( «ئاقخان» غا قاراڭ ) |
| ئاخسەدەپ | | | ( «ئاقسەدەب» كە قاراڭ ) |
| ئاخسۇلتان | | | ( «ئاقسۇلتان» غا قاراڭ ) |
| ئاخكۆكۈل | | | ( «ئاق كۆكۈل» گە قاراڭ ) |
| ئاخگۈل | | | ( «ئاقگۈل» گە قاراڭ ) |
| ئادالەت[②] | (ئە) | ئادالەتخان ، ئادالەتگۈل ، ئادالەم | ئادىللىق ، خالىسلىق ؛ قانۇن |
| ئادالەتنىسا[③] | (ئە) | | ئاياللارنىڭ ئادالىتى ؛ ئاياللارنىڭ قانۇنى |
| ئادىلە | (ئە) | ئادىلەم | ئادىل ئايال |
| ئادىلئاي | (ئەئۇ) | ئادىلاي | ئادىل قىز |
| ئادىلگۈل | (ئەپ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |

① «ئاتىكەخېنىم» ۋە «ئاتىكە» ئوخشاشلا «ئاتىخېنىم» غا ئۆزگىرىدۇ . ئۇنىڭ مۇزەككەر شەكلى «ئاتىك» ئەرلەرگە قويۇلىدۇ ۋە بۇ ئىسىم «سېخىي ئەر» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ .

②③ ئەسلىيسى «ئەدالەت ، ئەدالەتنىسا» .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | |
|---|---|---|
| ئادىنە | (ئۇ) ئادىنەم ، ئازىنە ، ئازىنە ، ئازىنەم | (بۇ ئىسىمدا ئازنە كۈنى تۇغۇلغان دېگەن مەنە ئەكس ئېتىدۇ) |
| ئادىيە | (ئە) ئادىيەم | ئالدىدا يۈرگۈچى ، رەھبەر ؛ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرغۇچى |
| ئادىيات | (ئە) | كارۋاننىڭ ئالدىدا يۈرىدىغان تۆگە («قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى) |
| ئارابەت | | («ئەررابەت» كە قاراڭ) |
| ئاراپاتگۈل[1] | (ئەپ) | ئاراپات : ئىسمى ، گۈل : سۈپىتى («ئەراپات» قا قاراڭ) |
| ئارامئاي | (ئۇ) ئاراماي | كۆڭۈلگە ئارام بېرىدىغان قىز |
| ئارامگۈل | (ئۇپ) | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئارەستە | (پ) ئارەستىخان | چىرايلىق ياسانماق ، بېزەنمەك ، زىننەتلەنمەك ، ياسىنىپ بولماق ، گىرىم قىلىپ بولماق ؛ چىرايلىق ياسانغان قىز |
| ئارتۇقئاي | (ئۇ) ئارتۇقاي | باشقىلاردىن ئارتۇق تۇرىدىغان قىز |
| ئارتۇقبۈۋى | | («ئارتۇقبىبى» غا قاراڭ) |
| ئارتۇقبىبى | (ئۇپ) ئارتۇقبۈۋى | باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان خېنىم |
| ئارتۇقگۈل | (ئۇپ) | «ئارتۇقئاي» بىلەن ئوخشاش |
| ئارزۇ[2] | (پ) ئارزۇگۈل | (1) ئۈمىد ، قىزغىنلىق ، (2) ئارزۇلۇق قىز (ئازىلىق قىز) |
| ئارزۇئاي | (پئۇ) ئازىئاي | ئارزۇلۇق قىز |
| ئارزۇپاشا | (پ) | ئارزۇ : ئىسمى ، پاشا : سۈپىتى |
| ئارزۇخان | (پئۇ) ئازىخان ، هازىخان | «ئارزۇ» بىلەن ئوخشاش |
| ئارزۇگۈل | (پ) ئازىگۈل ، هازىگۈل | «ئارزۇ» بىلەن ئوخشاش |
| ئارزۇم | | («ئارزۇيۇم» غا قاراڭ) |
| ئارزۇمخان | | («ئارزۇيۇم» غا قاراڭ) |
| ئارزۇنىسا | (پئە) ئازىنىسا ، هازىنىسا | ئاياللارنىڭ ئارزۇسى ؛ ئارزۇلۇق ئايال |

① ئەسلىيسى «ئەراپاتگۈل» .
② «ئارزۇ» نىڭ يەنە : ئارزۇخان ، ئارزۇقىز ، ئازىم ، ئازى ، ئازىخان ، ئازىگۈل ، ئازىقىز ، هازى ، هازىخان» قاتارلىق ئۆزگىرىشلىرى بار . يۇقىرىقىلارنىڭ ئىچىدە «ئازى ، هازى» ئەرلەرگە قويۇلىدۇ . بۇ چاغدا ئۇنىڭ مەنىسى «ئازىلىق ئوغۇل» بولىدۇ .

| | | |
|---|---|---|
| ئارزۇيۇم | (پئۇ) ئارزۇم ، ئارزۇمەخان ، ئارزۇمگۇل ، ئارزىم | مېنىڭ ئارزۇيۇم بويىچە ئاللا ماڭا بىر قىز پەرزەنت ئاتا قىلدى ، مەن ئارزۇ قىلغان قىز ئاخىر تۇغۇلدى |
| ئارگۇل | (ئەپ) | نومۇسچان ، ئار - نومۇسنى بىلىدىغان قىز |
| ئارمانئاي | (پئۇ) | ئارمان قىلغان قىز |
| ئارمانخان | (پئۇ) | ئارمان قىلغان ئايال |
| ئارمانگۇل | (پ) | «ئارمانئاي» بىلەن ئوخشاش |
| ئارمانىسا | (پئە) | ئاياللارنىڭ ئارمىنى ؛ ئارمان قىلغان ئايال |
| ئارىپە | (ئە) ھارىپە | سوۋغات ، ھەدىيە |
| ئارىپخان[1] | (ئەئۇ) ھارىپخان | ئارىپ : ئىسمى ، خان : سۈپىتى («ئارىپ» نىڭ مەنىسى : بىلگۈچى ، تونۇغۇچى ، ئاقىل) |
| ئارىپقىز | (ئەئۇ) ھارىپقىز | ئارىپ : ئىسمى ، قىز : قوشۇمچىسى |
| ئارىپگۇل | (ئەپ) ھارىپگۇل | ئارىپ : ئىسمى ، گۇل : سۈپىتى |
| ئارىزە | (ئە) ئارىزەم | يۈز (ئادەمنىڭ يۈزى) |
| ئارىمخان | | («ئارىيە» گە قاراڭ) |
| ئارىيە[2] | (ئە) ئارىمخان | ئارىيەت ئالماق ، قەرز ئالماق (بۇ يەردە «ئاللادىن پەرزەنت قەرز ئېلىش» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ . بۇ خۇددى «سېتىۋالدى» دېگەن ئىسىمغا «ئاللادىن پەرزەنت سېتىۋالدى» دەپ مەنە بەرگەنگە ئوخشاش) |
| ئارىيەم | (ئەئۇ) | مېنىڭ ئاللادىن ئارىيەت ئالغان قىزىم |
| ئازادئاي | (پئۇ) ئازاتئاي | ئەركىن ، ئازاد قىز |
| ئازادە | (پ) ئازادەم | ئەركىنلىك ، كەڭ - كۇشادىلىك |
| ئازادخان | (پئۇ) ئازاتخان | ئەركىن ، ئازاد ئايال |
| ئازادگۇل | (پ) ئازاتگۇل | ئەركىن قىز ، ئەركىنلىك گۇلى |

① «ئارىپخان» ئەرلەرگىمۇ قويۇلىدۇ ، بۇ چاغدا كۆپىنچە «ھارىپخان» غا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ .
② «ئارىيە» نىڭ يەنە «ئىستىئارە ؛ پارچە ، ئايرىپ ئېلىنغان ، ئۈزۈپ ئېلىنغان» دېگەن مەنىلىرى بار .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| ئازادنۇر | (پئە) | ئازاتنۇر | ئازادلىق ، ئەركىنلىك نۇرى |
| ئازادنىسا | (پئە) | ئازاتنىسا | ئايالالارنىڭ ئازادلىقى ؛ ئەركىن ئايال |
| ئازادگۈل | (پ) | ئازاگۈل | «ئازادە» گە ئوخشاش |
| ئازنەم | | | («ئازىنە» گە قاراڭ) |
| ئازنىئاي | | | («ئازىنىئاي» غا قاراڭ) |
| ئازنىخان | | | («ئازىنە» گە قاراڭ) |
| ئازنىقىز | | | («ئازىنە» گە قاراڭ) |
| ئازنىگۈل | | | («ئازىنە» گە قاراڭ) |
| ئازىخان | | | («ئارزۇ» غا قاراڭ) |
| ئازىقىز | | | («ئارزۇ» غا قاراڭ) |
| ئازىگۈل | | | («ئارزۇ» غا قاراڭ) |
| ئازىمە | (ئە) | ئايزىمە | «ئەزىمە» بىلەن ئوخشاش |
| ئازىمىئاي① | (ئەئۇ) | ئايزىمىئاي | بۈيۈك ئايال |
| ئازىمىگۈل② | (ئەپ) | ئايزىمىگۈل | پەخىرلىك قىز |
| ئازىنە③ | (ئۇ) | ئازنە ، ئازنىخان ، ئازنىقىز ، ئازنىگۈل ، ئازنەم ، ئازىنەم④ | ئازنا كۈنى تۇغۇلغان قىز |
| ئازىنىئاي | (ئۇ) | ئازنىئاي | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئازىنىسا | | | («ئارزۇنىسا» غا قاراڭ) |
| ئاسالەت | | | («ئەسالەت» كە قاراڭ) |
| ئاسمارە | | | («ئەسمارە» گە قاراڭ) |
| ئاسمارەم | | | («ئەسمارەم» گە قاراڭ) |
| ئاسمارگۈل | | | («ئەسمارىگۈل» گە قاراڭ) |
| ئاسمارىگۈل | | | («ئەسمارىگۈل» گە قاراڭ) |
| ئاسۇدە | (ئە) | ئاسۇدەم ، ئاسىدە ، ئاسىدەم | خاتىرجەم ، جىمجىت ، تىنچ ؛ راھەتلىك ، ئارامبەخش ؛ كۆڭلى تىنچ |
| ئاسۇرەم | | | («ئاسۇر» غا قاراڭ) |
| ئاسۇرىخان | | | («ئاسۇر» غا قاراڭ) |
| ئاسىبئاي | (ئەئۇ) | ئاسىپئاي | ئاتا جەمەت قىز |
| ئاسىبان | | | («ئاسىيبانۇ» غا قاراڭ) |

①② «ئازىمىئاي ، ئازىمىگۈل» لەرمۇ «ئەزىمىئاي ، ئايئەزىمىگۈل ، ئەزىمگۈل» لارغا ئوخشاش «ئايزىمىئاي ، ئايزىمگۈل» غا ئۆزگىرىدۇ .

③④ ئەسلىيسى «ئادىنە ، ئادىنەم» . «ئازىنە» نىڭ يەنە «ئەزىنە ، ئەزنەم ، ئەزنىگۈل» قاتارلىق ئۆزگىرىشلىرى بار .

| | | |
|---|---|---|
| ئاسپە | (ئە) ئاسپەم ، ئاسپقىز ، ئاسپگۈل | (1) قاتتىق بوران ، (2) «ئاسب» نىڭ ئۆزگىرىشى |
| ئاسپخان | | («ئاسب» كە قاراڭ) |
| ئاسپقىز | | («ئاسپە» گە قاراڭ) |
| ئاسپگۈل | | («ئاسپە» گە قاراڭ) |
| ئاسخان | | («ئاسيە» گە قاراڭ) |
| ئاسدە | | («ئاسۇدە» گە قاراڭ) |
| ئاسدەم | | («ئاسۇدە» گە قاراڭ) |
| ئاسرا | | («ئەسرا» غا قاراڭ) |
| ئاسرە | (ئە) | يېقىنچىلىق ، دوستلۇق مۇناسىۋىتى |
| ئاسرىگۈل | (ئەپ) | ئاسرە : ئىسمى ، گۈل : سۈپىتى |
| ئاسگۈل | | («ئاسيە» گە قاراڭ) |
| ئاسلە | (ئە) ھاسلە | «ئاسل» ياكى «ئەسل» بىلەن ئوخشاش (ئېسىل نەسەبلىك قىز) |
| ئاسلخان | (ئەئۇ) ئاسلخان ، ھاسلخان | ئېسىل نەسەبلىك ئايال |
| ئاسما | | («ئاسمە» گە قاراڭ) |
| ئاسمئاي | (ئەئۇ) ئاسماي | گۇناھسىز ، پاك ، سۆيۈملۈك قىز |
| ئاسمە | (ئە) ئاسما ، ئاسمخان ، ئاسمگۈل | (1) يۇقىرىقىغا ئوخشاش («ئاسم» بىلەن ئوخشاش) ؛ (2) پايتەخت |
| ئاسيە | (ئە) ئاسخان ، ئاسيەم ، ئاسگۈل ، ئاسيخان ، ئاسيگۈل ، ھاسگۈل | (1) چىقىشقاق ، تىنچ ، خاتىرجەم (2) دورا ، داۋا |
| ئاسيبانۇ | (ئەپ) ئاسبان | ئاسيە : ئىسمى ، بانۇ : سۈپىتى |
| ئاسيخان | | («ئاسيە» گە قاراڭ) |
| ئاسيگۈل | | («ئاسيە» گە قاالڭ) |
| ئاشبۇۋى | | («ئائىشىبىبى» گە قاراڭ) |
| ئاشۇرا | (ئە) ئاشۇراخان | ئاشۇرا ئېيى (ھجرىيە 1 ـ ئاي) دا تۇغۇلغان |
| ئاشرە | (ئە) ئاشرەم ، ئاشرخان ، ھاشرە ، ھاشرەم ، ھاشرخان ، ھاشخان ، ھاشگۈل | ئونىنچى قىز |

www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاغىچە | (ئۆ) | ئاغىچەم ، ئاغىچى | باي ، مۆتىۋەر (ئايال) ؛ خان ئاچا ، ئاچا ؛ خەزىنىچى ، يىپەك رەختلەرنى ساقلىغۇچى |
| ئاغىچىخان | (ئۆ) | | ئاغىچە : ئىسمى ، خان : سۆپىتى |
| ئاغىچىخېنىم | (ئۆ) | ئاغچىخېنىم | ئاغىچە : ئىسمى ، خېنىم : سۆپىتى |
| ئاغىچىقىز | (ئۆ) | ئاغچىقىز | ئاغىچە : ئىسمى ، قىز : قوشۇمچىسى (بۇ يەردە «مەرتىۋىلىك قىز» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ) |
| ئاغىچىگۈل | (ئۆپ) | | ئاغىچە : ئىسمى ، گۈل : سۆپىتى |
| ئاغىنىخان | (ئۆ) | | ئاغىنە : ئىسمى ، خان : سۆپىتى («ئاغىنە» نىڭ مەنىسى : ئاكا ـ ئىنى . بۇ يەردە «ئاچا ـ سىڭىلدەك ياكى قېرىنداشتەك يېقىن ئايال» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ) |
| ئاغىنىگۈل | (ئۆپ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئاغىنىنىسا | (ئۆئە) | ئاغىنىسا | ئايالLARنىڭ دوستى |
| ئاقئالتۇن | (ئۆ) | ئاقالتۇن | بىر خىل قىممەتلىك مېتال (بۇ يەردە «ئاق ئالتۇندەك ئەتىۋارلىق قىز» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ) |
| ئاقئاي | (ئۆ) | ئاقاي | ئاپپاق قىز |
| ئاقئايلا | (ئۆ) | ئاقايلا ، ئاقئايلىخان ، ئاقايلىخان ، ئاقايلەم | ئايلا : ئىسمى ، ئاق : سۆپىتى («ئايلا» نىڭ مەنىسى : ئاچا ، ھەدە خېنىم . بۇ يەردە «ئاق خېنىم» دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ) |
| ئاقئايىم | (ئۆ) | ئاقايىم | مېنىڭ ئايدەك ئاپئاق قىزىم |
| ئاقبۇلاق | (ئۆ) | | بەدىنى ئايدەك ئاق ، كۆزلىرى بۇلاقتەك چىرايلىق قىز |
| ئاقبۈۋى | | | («ئاقبىبى» گە قاراڭ) |
| ئاقبېكە | | | ئاق خېنىم |
| ئاقبېلىق | (ئۆ) | | بېلىق : ئىسمى ، ئاق : سۆپىتى |
| ئاقبىبى | (ئۆپ) | ئاقبۈۋى | «ئاقبېكە» گە ئوخشاش |
| ئاقچوغلۇق | (ئۆ) | ئاخچوغلۇق | چوغلۇق : ئىسمى ، ئاق : سۆپىتى |
| ئاقچېچەك | (ئۆ) | ئاخچېچەك | چېچەك : ئىسمى ، ئاق : سۆپىتى |
| ئاقچىخان | (ئۆ) | ئاخچىخان ، ئاخچىگۈل | «ئاقچە» بىلەن ئوخشاش |

| | | |
|---|---|---|
| ئاقخان | (ئۇ) ئاخخان | پاك ئايال، پاك قىز |
| ئاقديار | (ئۇئه) | مۇشۇ يۇرتتىكى ئاپئاق قىز |
| ئاقسەدەپ | (ئۇئه) ئاقسەدەپ، ئاخسەدەپ | سەدەپتەك ئاق (سەدەپ: ئىسمى، ئاق: سۈپىتى) |
| ئاقسۇلتان | (ئۇئه) ئاخسۇلتان | سۇلتان: ئىسمى، ئاق: سۈپىتى |
| ئاققىز | (ئۇ) | ئاپپاق قىز (بۇ يەردە دەرۋەقە ئاق رەڭ ئۇلۇغلىنىپ، قىز پەرزەنتنىڭ ئاق بەدەن بولۇشى ئۈمىد قىلىنغان) |
| ئاقكۆكۈل | (ئۇ) ئاخكۆكۈل | ئاق كۆكۈل، سەممىي قىز |
| ئاقگۈل | (ئۇپ) ئاخگۈل | «ئاققىز» بىلەن ئوخشاش |
| ئاقلەئلى | (ئۇئه) ئاقلەيلى | لەئلى: ئىسمى، ئاق: سۈپىتى («لەئلى» نىڭ مەنىسى: قىزىل ياقۇت) |
| ئاقنۇر | (ئۇئه) | نۇردەك ئاق، نۇر كەبى ئاق قىز |
| ئاقنىسا | (ئۇئه) | ئاپپاق ئايال |
| ئاقئۈزۈم | (ئۇ) ئاقىزىم | ئاق ئۈزۈمدەك تاتلىق قىز |
| ئاقئۈزۈمخان | (ئۇ) ئاقىزىمخان | ئاقئۈزۈم: ئىسمى، خان: سۈپىتى |
| ئاقىزىم | | («ئاقئۈزۈم» گە قاراڭ) |
| ئاقىزىمخان | | («ئاقئۈزۈمخان» غا قاراڭ) |
| ئاقىلئاي | | («ئاقىلىئاي» غا قاراڭ) |
| ئاقىلە | (ئە) ئاقىلەم | ئەقىللىق قىز، دانا ئايال |
| ئاقىلخان | | («ئاقىلىخان» غا قاراڭ) |
| ئاقىلىئاي | (ئەئۇ) ئاقىلئاي، ئاقىلاي | «ئاقىلە» گە ئوخشاش |
| ئاقىلىخان | (ئەئۇ) ئاقىلخان | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئاقيۇلتۇز | (ئۇ) | يۇلتۇز: ئىسمى، ئاق: سۈپىتى (بۇ يەردە «يورۇق يۇلتۇزدەك گۈزەل قىز» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ) |
| ئالانۇر | | («ئەلانۇر» غا قاراڭ) |
| ئالتۇن | (ئۇ) ئالتۇنجان[1]، ئالتۇنخان، ئالتۇنقىز، ئالتۇنگۈل | مېتال ئىسمى (بۇ يەردە قىز پەرزەنتنى ئالتۇنغا ئوخشىتىش مەنىسى ئەكس ئەتكەن. شۇڭا «ئالتۇندەك قىممەتلىك ۋە ئەتىۋار قىز» مەنىسىنى بېرىدۇ) |

① «ئالتۇنجان» ئەرلەرگە قوللىنىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



| | | |
|---|---|---|
| ئالتۇنئاي | (ئۇ) | ئالتۇندەك قىز |
| ئالتۇنە | (ئۇئە) ئالتۇنەم | «ئالتۇن» غا ئەرەبچە مۇئەننەسلىك ئىپادە «ئە» قوشۇلۇپ، ئۆزگىچە ۋە پەرقلىق ئىسىمغا ئايلاندۇرۇلغان |
| ئالتۇنبۇۋى | | («ئالتۇنبىبى» گە قاراڭ) |
| ئالتۇنبېكە | (ئۇ) | ئالتۇندەك خېنىم |
| ئالتۇنبىبى | (ئۇپ) ئالتۇنبۇۋى | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئالتۇنپاشا | (ئۇپ) | ئالتۇن: ئىسمى، پاشا: سۈپىتى |
| ئالتۇنخان | | («ئالتۇن» غا قاراڭ) |
| ئالتۇنسا | | («ئالتۇننىسا» غا قاراڭ) |
| ئالتۇنقىز | | («ئالتۇن» غا قاراڭ) |
| ئالتۇنگۈل | | («ئالتۇن» غا قاراڭ) |
| ئالتۇنمەريەم | (ئۇئە) | مەريەم: ئىسمى، ئالتۇن: سۈپىتى |
| ئالتۇننۇر | (ئۇئە) | ئالتۇن: ئىسمى، نۇر: سۈپىتى |
| ئالتۇننىسا | (ئۇئە) ئالتۇنسا | ئالتۇندەك ئايال، ئاياللار ئىچىدىكى ئالتۇن |
| ئالتۇنۇم | (ئۇ) | مېنىڭ ئالتۇن قىزىم |
| ئالما | (ئۇ) ئالمىخان، ئالمىگۈل، ئالمىقىز، ئامىگۈل، ئامىقىز | مېۋە ئىسمى (بۇ يەردە پەرزەنت ئالمىغا ئوخشىتىلغان) |
| ئالماسگۈل | (پ) | ئالماستەك قاتتىق، مەھكەم قىز |
| ئالمىخان | | («ئالما» غا قاراڭ) |
| ئالمىرە | | («ئەلمېھرى» گە قاراڭ) |
| ئالمىقىز | | («ئالما» غا قاراڭ) |
| ئالمىگۈل | | («ئالما» غا قاراڭ) |
| ئالپىخان | (ئۇ) | باتۇر ئايال |
| ئالىخان | | («ئالىيخان» غا قاراڭ) |
| ئالىدە | (ئەئۇ) | «ئالىيە ھەدە» نىڭ قىسقارتىلىشى |
| ئالىرا | | («ئالىرات» قا قاراڭ) |
| ئالىرات | (ئۇ) ئالىرا | مېۋە ئىسمى (بۇ يەردە ئالىراتتەك رەڭدار، پارقىراق، چىرايلىق دېگەن مەنىدە كېلىدۇ) |
| ئالىرە | (ئۇئە) | («ئالىرات» دېگەن ئىسىم قىسقارتىلىپ، ئەرەبچىدىكى مۇئەننەسلىك ئىپادە «ئە» قوشۇلۇپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن) |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئالىقىز | | | («ئالىيقىز» غا قاراڭ ) |
| ئالىگۈل | | | («ئالىيگۈل» گە قاراڭ ) |
| ئالىما | | | («ئالىمە» گە قاراڭ ) |
| ئالىمە | (ئە) | ئالىما | «ئالىم» بىلەن ئوخشاش |
| ئالىمقىز | (ئەئۇ) | | ئالىم : ئىسمى ، قىز : قوشۇمچىسى |
| ئالىمگۈل | (ئەپ) | | ئالىم سۈپەت قىز |
| ئالىمنۇر | (ئە) | | ئالىمنىڭ نۇرى (ئالىم : ئىسمى ، نۇر : سۈپىتى ) |
| ئالىمنىسا | (ئە) | | ئالىم ئايال |
| ئالىنۇر | | | («ئالىينۇر» غا قاراڭ ) |
| ئالىنىسا | | | («ئالىينىسا» غا قاراڭ ) |
| ئالىيە | (ئە) | ئالىيەم | «ئالىي» ياكى «ئەلىيە» بىلەن ئوخشاش |
| ئالىيەبىبى | (ئەپ) | ئالىيەبۇۋى | مەرتىۋىسى ئۈستۈن خېنىم |
| ئالىيەم | | | («ئالىيە» گە قاراڭ ) |
| ئالىيەمگۈل | (ئەئۇپ) | | مېنىڭ ئالىي قىزىم |
| ئالىيخان | (ئەئۇ) | ئالىخان | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئالىيقىز | (ئەئۇ) | ئالىقىز | مەرتىۋىسى ئۈستۈن قىز |
| ئالىيگۈل | (ئەپ) | ئالىگۈل | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئالىينۇر | (ئە) | ئالىنۇر | ئالىي : ئىسمى ، نۇر : سۈپىتى («نۇر» بۇ يەردە پەرزەنتنى كۆرستىدۇ ھەمدە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتىنىڭ ئالىي ، ئۈستۈن ئورۇنغا ئېرىشىشىنى ئارزۇ قىلىش ھېسسىياتى ئىپادىلىنىدۇ ) |
| ئالىينىسا | (ئە) | ئالىنىسا | مەرتىۋىسى ، ئورنى ئۈستۈن ئايال |
| ئامانئاي | (ئەئۇ) | | تىنچ ـ ئامان قىز |
| ئامانەتخان | (ئەئۇ) | | سادىق ، ئىشەنچلىك ئايال |
| ئامانەتگۈل | (ئەپ) | | سادىق ، ئىشەنچلىك ، پاك قىز |
| ئامانگۈل | (ئەپ) | | «ئامان» بىلەن ئوخشاش |
| ئامانىنا | | | («ئامانىنىسا» غا قاراڭ ) |
| ئامانىنىسا | (ئە) | ئامانىنا | ئىشەنچلىك ، خاتىرجەم ئايال |
| ئامىقىز | | | («ئالما» غا قاراڭ ) |
| ئامىگۈل | | | («ئالما» غا قاراڭ ) |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| ئامرە | (ئە) | | سىگنال، بۇيرۇق، پەرز، ۋەزىپە |
| ئاملە | (ئە) | | (1) ئۈمىدلىك ئايال، (2) ئايال ئىشچى |
| ئاملىنىسا | (ئە) | | ئامىل: ئىسمى، نىسا: قوشۇمچىسى |
| ئامىنە① | (ئە) | ئامىنەم، ئامىنەخان، ئامىنەگۈل | مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى، مەنىسى: (1) ئاللادىن نىجاتلىق تىلەيمەن؛ (2) ئاللا، مېنىڭ تىلىكىمنى ئىجابەت قىلغىن؛ (3) «ئەمىنە» گە قاراڭ |
| ئامىنەئاي | (ئەئۇ) | | ئامىنە: ئىسمى، ئاي: سۈپىتى |
| ئامىنەخان | | | («ئامىنە» گە قاراڭ) |
| ئامىنەگۈل | | | («ئامىنە» گە قاراڭ) |
| ئامىننىسا | | | («ئەمىننىسا» غا قاراڭ) |
| ئانا | (ئۇ) | ئانىخان، ئانىقىز، ئانىقىزخان، ئانىگۈل | بۇ ئىسىمدا «ئانا» ئۇلۇغلانغان ۋە قىز پەرزەنتكە ئىسىم قىلىپ قويۇلغان |
| ئاناتولىيە | (ت) | | تۈركىيەدىكى بىر جاينىڭ نامى |
| ئاناتۇرخان | (ئۇ) | ئانىتۇرخان | ئانىدەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسۇن |
| ئاناخېنىم | (ئۇ) | ئانىخېنىم | بۇ ئىسىمدا قىز پەرزەنت ئانىغا ئوخشىتىلغان ۋە ئانا كەبى ئەزىزلەنگەن |
| ئانار | (ئۇ) | ئانارەم، ئانارخان، ئانارقىز، ئانارگۈل | مېۋە ئىسمى (بۇ يەردە قىز پەرزەنت ئانارغا ئوخشىتىپ سۈپەتلەنگەن) |
| ئاناربۇۋى | | | («ئانارىبىبى» غا قاراڭ) |
| ئانارىبىبى | (ئۇپ) | ئانارىبۇۋى | ئاناردەك چىرايلىق خېنىم |
| ئانارجاھان | (ئۇپ) | | جاھاننىڭ چىرايلىقى، جاھاننىڭ گۈزىلى |
| ئانارخان | | | («ئانار» غا قاراڭ) |
| ئانارقىز | | | («ئانار» غا قاراڭ) |
| ئانارگۈزەل | (ئۇپ) | | ئاناردەك چىرايلىق قىز |
| ئانارگۈل | | | («ئانار» غا قاراڭ) |

① «ئامىنە» بىلەن «ئەمىنە» بىر ـ بىرىگە ئۆزگىرىدۇ ۋە ئۆزگىرىشلىرى ئوخشاپ قالىدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| ئانارنىسا | (ئۇئە) ئانانىسا | ئايالالارنىڭ ئىچىدىكى گۈزەل ئايال، ئاناردەك چىرايلىق ئايال |
| ئانارنۇر[1] | (ئۇئە) ئانىنۇر | ئانار : ئىسمى، نۇر : سۈپىتى |
| ئانانۇر[2] | (ئۇئە) ئانىنۇر، ئانىنۇرخان | ئانا : ئىسمى، نۇر : سۈپىتى |
| ئانىخان | | («ئانا» غا قاراڭ) |
| ئانىخېنىم | | («ئاناخېنىم» غا قاراڭ) |
| ئانىسە | (ئە) ئانىسەم | خېنىمقىز، يېڭى كېلىن، ياش قىز |
| ئانىقىز | | («ئانا» غا قاراڭ) |
| ئانىقىزخان | | («ئانا» غا قاراڭ) |
| ئانىگۈل | | («ئانا» غا قاراڭ) |
| ئانىنۇر | | («ئانانۇر» غا قاراڭ) |
| ئانىنۇرخان | | («ئانانۇر» غا قاراڭ) |
| ئاۋاتخان | | («ئابادخان» غا قاراڭ) |
| ئاۋازخان | (ئۇ) ھاۋازخان | ئاۋاز : ئىسمى، خان : سۈپىتى («ئاۋاز» غا قاراڭ) |
| ئاۋانە | (ئە) ئاۋانەم | پەيت، ۋاقىت، زامان، مەزگىل |
| ئاۋەتخان | | («ئابادخان» غا قاراڭ) |
| ئائىدە | (ئە) ئايىدە، ئايىدەم | مەنپەئەت، پايدا، نەتىجە |
| ئائىزە | (ئە) ئايىزە، ئايىزەم، ئايىسە، ئايزە، ئايسە | «ئائىز» بىلەن ئوخشاش |
| ئائىزخان | (ئەئۇ) ئايىزخان، ئايىسخان، ئايىسگۈل، ئايىسقىز، ئايزىقىز | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئائىشە[3] | (ئە) ئايشە، ئايشەم | (1) ياخشى تۇرمۇش، (2) چىرايلىق، (3) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىنىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇ يەردە «ئائىشەدەك ئايال» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ . |

①② «ئانارنۇر» بىلەن «ئانانۇر» لارنىڭ ئۆزگىرىشلىرى ئوخشاش . بەلكىم «ئانانۇر» بىلەن «ئانارنۇر» مۇ بىر - بىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بولۇشى مۇمكىن . چۈنكى «ئانارنۇر» دىكى «ر» چۈشۈپ قالىدۇ ۋە «ئانانۇر» بولىدۇ .

③ «ئائىشە» بىلەن «ئاشىر، ئاشىرە» نىڭ كېيىنكى ئۆزگىرىشلىرى ئوخشاپ كېتىدۇ . مەسىلەن، «ھاشىخان، ھاشىگۈل» دېگەنلەردەك . «ئائىشە» نىڭ يەنە «ئايشەمخان، ئايشەمگۈل، ئايشىخان، ئايشىقىز، ئايشىگۈل، ھاشىخان، ھاشىقىز، ھاشىگۈل، ئەيشەمخان، ئېيشىخان، ئېيشەم، ھاشى، ھايشەم» قاتارلىق ئۆزگىرىشلىرى بار .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| ئائىشبانۇ | (ئەپ ) | ئايشبانۇ ، ئايشىبان ، ئەشۇبان ، ئەيشبان | ئائىشەدەك خېنىم |
| ئائىشبىبى | (ئەپ ) | ئايشبۇۋى ، ئاشبۇۋى | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئائىشنۇر | (ئە ) | ئايشنۇر | ئائىشە : ئىسمى ، نۇر : سۈپىتى |
| ئاي | (ئۇ ) | | ئاسماندىكى ئاي ئۇلۇغلانغان ۋە قىز پەرزەنت ئايغا ئوخشىتىلغان |
| ئايئەزىم[①] | (ئۇئە ) | ئايزىم | ئەزىم : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى ( «ئەزىم» نىڭ مەنىسى : ئۇلۇغ ، كاتتا ) |
| ئايئەزىمە | (ئۇئە ) | ئايزىمە[②] | ئۇلۇغ ، كاتتا قىز |
| ئايئەزىمخان | (ئۇئەئۇ ) | ئايزىمخان ، ئايزىمقىز | ئۇلۇغ ، كاتتا ئايال |
| ئايئەزىمپاشا | (ئۇئەپ ) | ئايزىمپاشا | ئايئەزىم : ئىسمى ، پاشا : سۈپىتى |
| ئايئەزىمگۈل | (ئۇئەپ ) | ئايزىمگۈل | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئايئەزىمنىسا | (ئۇئە ) | ئايزىمنىسا ، ئايزىمسا | ئايئەزىم : ئىسمى ، نىسا : قوشۇمچىسى |
| ئايەتخان | (ئەئۇ ) | | «ئايەت» كە ئوخشاش |
| ئايەتقىز | (ئەئۇ ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئايەتگۈل | (ئەپ ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئايەتنىسا | (ئە ) | | ئايەت : ئىسمى ، نىسا : قوشۇمچىسى ( «ئايەت» نىڭ مەنىسى : مۆجىزە ) |
| ئايەم | | | ( «ئەييام» غا قاراڭ ) |
| ئايەمخان | | | ( «ئەييام» غا قاراڭ ) |
| ئايەمگۈل | | | ( «ئەييام» غا قاراڭ ) |
| ئايبانۇ | (ئۇپ ) | | ئايدەك خېنىم |
| ئايباھار | (ئۇپ ) | | باھار ئايلىرىدەك ئىللىق ، ئايدەك گۈزەل |
| ئايبەختى | (ئۇپ ) | | بەختلىك ئايال |

① «ئايئەزىم ، ئايئەزىمخان ، ئايئەزىمە» قاتارلىق ئىسىملار «ئازىمئاي ، ئازىمگۈل» ۋە «ئەزىمگۈل ، ئەزىمخان» لارغا ئوخشاش «ئايزىم» غا ئۆزگىرىدۇ .
② «ئايزىمە» بولسا «ئەزىمە» دىنمۇ ئۆزگىرىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئايبەدەن | (ئۆئە) | | ئايدەك سۈزۈك تەنلىك قىز، بەدىنى ئايدەك چىرايلىق ھەم ئاق قىز |
| ئايبەرنا | (ئۆپ) | | كېلىشكەن، گۈزەل قىز |
| ئايبوستان[1] | (ئۆپ) | | بوستان: ئىسمى، ئاي: سۈپىتى («بوستان» نىڭ مەنىسى: باغ) |
| ئايبولسۇن | (ئۆ) | | ئايدەك چىرايلىق قىز بولسۇن |
| ئايبۇلاق | (ئۆ) | | يۈزى ئايدەك، كۆزلىرى بۇلاقتەك قىز |
| ئايبۈۋەم | | | («ئايبىبى» غا قاراڭ) |
| ئايبۈۋى | | | («ئايبىبى» غا قاراڭ) |
| ئايبېكە | (ئۆ) | | ئايدەك خېنىم («ئايبانۇ» غا ئوخشاش) |
| ئايبېلىق | (ئۆ) | | ئايدەك چىرايلىق، بېلىقتەك تولغان قىز |
| ئايبىبى | (ئۆپ) | ئايبۈۋى، ئايبۈۋەم | ئايدەك چىرايلىق خېنىم |
| ئايپاتەم | | | («ئايپاتىمە» گە قاراڭ) |
| ئايپاتىمە | (ئۆئە) | ئايپاتەم | پاتىمە: ئىسمى، ئاي: سۈپىتى («پاتىمە» نىڭ مەنىسى: ئانىسىنى ئەمشىتىن توختىغان، سۈتتىن ئايرىلغان (قىز). «پاتىمە» گە قاراڭ) |
| ئايپاشا | (ئۆپ) | | پاشا: ئىسمى، ئاي: سۈپىتى (بۇ يەردە «پادىشاھدەك ئايال» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ) |
| ئايپەرىزاد | (ئۆپ) | ئايپەرىزات | پەرىزاتتەك گۈزەل |
| ئايپەرى | (ئۆپ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئايپولات | (ئۆپ) | | پولاتتەك ئىرادىلىك قىز |
| ئايتاش | (ئۆ) | | ئايدەك چىرايلىق، تاشتەك مەھكەم قىز |
| ئايتاۋار | (ئۆپ) | ئايتاۋارخان | تاۋاردەك چىرايلىق، قىممەتلىك، ئېسىل |
| ئايتەن | (ئۆ) | | تەنلىرى ئايدەك چىرايلىق ۋە ئاپپاق |

① ئەسلىيى «ئايبۇستان».

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| ئايتەۋەككۈل | (ئۇئە) | | ئاللاغا تاپشۇرۇلغان |
| ئايتوختاش[1] | (ئۇ) | | توختىغان ئايدەك تولۇن قىز (توختاش : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى ) |
| ئايتوختى | (ئۇ) | | (1) توختى : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى ، (2) توختىغان ئايدەك ، (3) ئاي توختىغاندا تۇغۇلغان ، (4) قىزىمىزنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن ، قىزىمىز تۇرۇپ قالسۇن |
| ئايتولان | | | («ئايتولۇن» غا قاراڭ) |
| ئايتولانخان | | | («ئايتولۇن» غا قاراڭ) |
| ئايتولدى | (ئۇ) | | ئايدەك تولغان |
| ئايتولسۇن | (ئۇ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئايتولۇق | | | («ئايتولۇن» غا قاراڭ) |
| ئايتولۇن | (ئۇ) | ئايتولان ، ئايتولانخان ، ئايتولۇق | تولغان ئايدەك گۈزەل قىز |
| ئايتۈتى | (ئۇھ) | | تۈتى قۇشتەك جەلپكار قىز |
| ئايتۇر | (ئۇ) | ئايتۇ | ئايدەك گۈزەل قىزىم تۇرۇپ قالسۇن |
| ئايتۇرا | (ئۇ) | ئايتۇراخان | تۇرك قىزى (تۇرا : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى . «تۇرا» ئۈچۈن «ت» غا قاراڭ ) |
| ئايتۇران | (ئۇ) | | تۇرك قىزى ، تۇرك گۈزىلى |
| ئايتۇردى | (ئۇ) | | بۇ يەردە «قىزىم تۇرۇپ قالدىكەن» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ |
| ئايتۇرسۇن | (ئۇ) | | بۇ يەردىمۇ «قىزىم تۇرۇپ قالسۇن» دېگەن تىلەك ئەكس ئېتىدۇ |
| ئايتۇرنسا | (ئۇئە) | ئايتۇنسا | تۇرنسا : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |
| ئايتوغ | (ئۇ) | | بۇ يەردە ئايدەك گۈزەل قىز پەرزەنت تۇغۇلۇشنى ئۈمىد قىلىش مەنىسىدە كېلىدۇ |

[1] «ئايتوختاش» تىكى «توختاش» بولسا «توختى» نىڭ ئۆزگىرىشى بولۇشىمۇ كېلىدۇ ، شۇڭا «ئايتوختاش» بىلەن «ئايتوختى» مەنە جەھەتتىنمۇ ئوخشاش .

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئايتوغدى | (ئۇ) | | «يېڭى تۇغۇلغان ئايدەك چىرايلىق بىر قىز تۇغدى، ئايدەك بىر قىز دۇنياغا كەلدى» دېگەن خۇشال ھېسسىيات ئەكس ئېتىدۇ |
| ئايتۇلپار | (ئۇپ) | | تۇلپاردەك ئېسىل |
| ئايتۇمار | (ئۇئە) | | «تۇمار پۈتۈپ ئېسىۋالسۇن، كۆز تەگمىسۇن» دېگەن مەنە ئەكس ئېتىدۇ |
| ئايتۇن | | | («ئايتۇن» گە قاراڭ) |
| ئايتۇنەم | | | («ئايتۇنە» گە قاراڭ) |
| ئايتۇنخان | | | («ئايتۇن» گە قاراڭ) |
| ئايتۇنسا | | | («ئايتۇرنىسا، ئايتۇننىسا» غا قاراڭ) |
| ئايتۇنقىز | | | («ئايتۇن» گە قاراڭ) |
| ئايتۇنگۈل | | | («ئايتۇن» گە قاراڭ) |
| ئايتۇننىسا | | | («ئايتۇننىسا» غا قاراڭ) |
| ئايتۆرە | (ئۇم) | ئايتۆرەم | چىرايلىق ۋە ئېسىل نەسەبلىك |
| ئايتۆمۈر[①] | (ئۇ) | | تۆمۈردەك مەھكەم، ئايدەك چىرايلىق قىز بولۇپ چوڭ بولسۇن |
| ئايتۇرك | (ئۇ) | | «ئايتۇران» غا ئوخشاش |
| ئايتۇمەن | (ئۇ) | | تۇمەن: ئىسمى، ئاي: سۈپىتى |
| ئايتۇن | (ئۇ) | ئايتۇن، ئايتۇنخان، ئايتۇنقىز، ئايتۇنگۈل | تۇندىكى ئاي |
| ئايتۇنە | (ئۇئە) | ئايتۇنە، ئايتۇنەم | «ئايتۇن» گە ئەرەبچە مۇئەننەسلىك ئىپادە «ئە» قوشۇلۇپ، ئۆزلەشتۈرۈلگەن |
| ئايتۇنەم | (ئۇ) | | (1) مېنىڭ «ئايتۇنە» قىزىم، (2) «ئايتۇنە» نىڭ ئۆزگىرىشى |
| ئايتۇننىسا[②] | (ئۇئە) | ئايتۇننىسا، ئايتۇنسا | ئاياللارنىڭ تۇندىكى ئېيى |
| ئايتىللا[③] | (ئۇ) | ئايتىللاخان | تىللادەك ئېسىل، قىممەتلىك قىز |

① «ئايتۆمۈر، ئايتۇرغان، ئايتۇردى، ئايتۇرغۇن» قاتارلىق ئىسىملار بەزى جايلاردا ئەرلەرگە، بەزى جايلاردا ئاياللارغا قويۇلىدۇ. شۇڭا بۇ ئىسىملار ئارىلاش كۆرستىلدى.
② «ئايتۇننىسا» بىلەن «ئايتۇرنىسا» ئوخشاشلا «ئايتۇنسا» غا ئۆزگىرىدۇ.
③ «ئايتىللا» بولسا «ئايەتۇللا» دىنمۇ ئۆزگىرىدۇ ۋە ئاياللارغا قويۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| ئايجامال[①] | (ئۇئە) | ئايجامالخان | ئايدەك چىرايلىق ، ساھىبجامال قىز |
| ئايجانان | (ئۇپ) | | جانغا جان قوشقۇچى قىز |
| ئايجاھان[②] | (ئۇپ) | | جاھاننىڭ گۈزىلى |
| ئايجەلىل | (ئۇئە) | ئايجېلىل | جەلىل : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى («جەلىل» نىڭ مەنىسى : ئۇلۇغ) |
| ئايجەمىلە | (ئۇئە) | ئايجېمىلە ، ئايجەمىلەم | جەمىلە : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى («جەمىلە» نىڭ مەنىسى : گۈزەل قىز) |
| ئايجەننەت | (ئۇئە) | | جەننەتنىڭ گۈزىلى |
| ئايجۆرە[③] | (ئۇئە) | | ئاينىڭ قوشنىسى ، ئاينىڭ ھەمراھى |
| ئايجۇمە[④] | (ئۇئە) | | جۈمە كۈنى تۇغۇلغان قىز |
| ئايچەك | | | («ئايچېچەك» كە قاراڭ) |
| ئايچولپان | (ئۇپ) | | چولپان يۇلتۇزىدەك نۇرلۇق قىز |
| ئايچېچەك | (ئۇ) | ئايچەك | چېچەكتەك يۇمران ، گۈزەل ، پاك قىز |
| ئايچىن | (ئۇ) | | ھەقىقىي ئاي ، ھەقىقەتەن ئايدەك گۈزەل قىز |
| ئايچىمەن | (ئۇپ) | | چىمەن : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |
| ئايچىنار | (ئۇپ) | ئايچىنارخان | چىناردەك كېلىشكەن ، گۈزەل قىز ؛ چىنار بويلۇق قىز |
| ئايچېھرە | (ئۇپ) | | ئاي يۈزلۈك ، چىرايى ئايدەك ، چىرايلىق قىز |
| ئايچىۋەر | (ئۇ) | | چىۋەر قىز |
| ئايخاتۇن | (ئۇ) | | ئايدەك گۈزەل ئايال ، گۈزەل خانىش |
| ئايخامۇش | (ئۇپ) | | تىنچ ، مۇلايىم قىز |
| ئايخان | (ئۇ) | | ئاي كەبى ئايال |
| ئايخانىش | (ئۇپ) | | خانىش : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى («خانىش» نىڭ مەنىسى : پادىشاھنىڭ ئايالى) |
| ئايخۇمار | (ئۇ) | | خۇمارلىق قىز |

①②③④ ئەسلىيسى «ئايجەمال ، ئايجەھان ، ئايجۆرە ، ئايجۇمئە» .

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئايخېنىم | (ئۇ) | | ئايدەك خېنىم (بۇ ئىسىم بەزىدە «ئاينۇرخېنىم» دىن قىسقىرىپمۇ مۇشۇنداق ئاتىلىدۇ) |
| ئايدەنا | (ئۇپ) | ئايدانا ، ئايدەن | ئەقىللىق ، دانىشمەن ، بىلىملىك قىز |
| ئايدوست | (ئۇپ) | | ئاينىڭ دوستى |
| ئايدۆلەت | (ئۇئە) | | دۆلەتمەن قىز |
| ئايدىڭخان | | | («ئايدىنخان» غا قاراڭ) |
| ئايدىل | (ئۇپ) | ئايدىلخان | دىلى ئايدەك ئاق ۋە پاك قىز |
| ئايدىنئاي | (ئۇئەئۇ) | | ئايدىن : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |
| ئايدىنخان | (ئۇئەئۇ) | ئايدىڭخان | ئايدىن : ئىسمى ، خان : سۈپىتى («ئايدىن» نىڭ مەنىسى : دىنىنىڭ ئېيى) |
| ئايدىنسا | | | («ئايدىننىسا» غا قاراڭ) |
| ئايدىننىسا | (ئۇئە) | ئايدىنسا | ئايدىن : ئىسمى ، نىسا : قوشۇمچىسى |
| ئايدىننۇر | (ئۇئە) | ئايدىنئۇر | ئايدىن : ئىسمى ، نۇر : سۈپىتى |
| ئايراھەت | (ئۇئە) | | راھەتلىك قىز ، راھەت كۆرىدىغان قىز |
| ئايروشەن | (ئۇپ) | | يورۇق ئاي |
| ئايرۇخسار | (ئۇپ) | | چىرايى ئايدەك قىز |
| ئايرۇزەم | | | («ئايرۇزى» غا قاراڭ) |
| ئايرۇزى | (ئۇپ) | ئايرۇزىخان ، ئايرۇزەم | روزى : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى (رامىزان ئېيى) |
| ئايرىزا | (ئۇئە) | | قوبۇل بولىدىغان قىز |
| ئايزابان[①] | (ئۇپ) | | تىلى گۈزەل ، شېرىن سۆزلۈك قىز |
| ئايزات[②] | (ئۇئە) | | ۋۇجۇدى ئاي ، ئايدىن تۆرەلگەن ئاي بالىسى |
| ئايزادە | (ئۇپ) | ئايزادەم ، ئايزادىخان ، ئايزادىگۈل | |
| ئايزامان[③] | (ئۇئە) | | زاماننىڭ گۈزىلى |
| ئايزە | | | («ئائىزە» گە قاراڭ) |

①③ ئەسلىيسى «ئايزەبان ، ئايزەمان» .
② «ئايزات» دېگىنىمىز «ئايزاد» نىڭ ئۆزگىرىشى بولۇشىمۇ مۇمكىن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| ئايزەبىر | (ئۇئە) | ئايزەۋىر، ئايزىۋىر، ئايزىۋى | پاك، چىرايلىق قىز |
| ئايزەلىقە | (ئۇئە) | ئايزىلىق | سىلىق، مۇلايىم قىز |
| ئايزەمىن | (ئۇئە) | ئايزېمىن، ئايزىمىن | زېمىندىكى ئاي، زېمىننىڭ گۈزىلى |
| ئايزەۋىر | | | («ئايزەبىر» گە قاراڭ) |
| ئايزورا | | | («ئايزۆھرە» گە قاراڭ) |
| ئايزۈلپەر | (ئۇئە) | ئايزۈلپار | زۈلپەر: ئىسمى، ئاي: سۈپىتى («زۈلپەر» نىڭ مەنىسى ئۈچۈن «ز» بابىغا قاراڭ) |
| ئايزۇلال[①] | (ئۇپ) | ئايزىلال | سۈپ ـ سۈزۈك ئاي، سۈزۈك ئايدەك قىز |
| ئايزۈلخۇمار | (ئۇئەئۇ) | | زۈلخۇمار: ئىسمى، ئاي: سۈپىتى («زۈلخۇمار» نىڭ مەنىسى: خۇمارلىق) |
| ئايزۆھرە[②] | (ئۇئە) | ئايزورا، ئايزوردىخان، ئايزورەم | گۈزەل ئاي؛ زۆھرە يۇلتۇزىدەك نۇرلۇق، پارلاق، يارقىن قىز |
| ئايزېمىن | | | («ئايزەمىن» گە قاراڭ) |
| ئايزىبا | (ئۇپ) | ئايزىۋا، ئايزىۋاخان | كۆركەم، كېلىشكەن، گۈزەل قىز |
| ئايزىرا | | | («ئايزىرە» گە قاراڭ) |
| ئايزىرە | (ئۇ) | ئايزىرا، ئايزىراخان | زىرە: ئىسمى، ئاي: سۈپىتى («زىرە» بىر خىل ئەتىۋارلىق، خۇش پۇراق ئۆسۈملۈك) |
| ئايزىقىز | | | («ئائىزخان» غا قاراڭ) |
| ئايزىلال | (ئۇپ) | | سۈپسۈزۈك ئاي |
| ئايزىم[③] | | | («ئايئەزىم» گە قاراڭ) |
| ئايزىمە | | | («ئازىمە، ئايئەزىمە» گە قاراڭ) |
| ئايزىمپاشا | | | («ئايئەزىمپاشا» غا قاراڭ) |
| ئايزىمخان | | | («ئايئەزىمخان» غا قاراڭ) |
| ئايزىمقىز | | | («ئايئەزىمخان» غا قاراڭ) |

① «ئايزۇلال» بىلەن «ئايزىلال» ئوخشاشلا ئەسلىي ئىسىم بولالايدۇ.
② ئەسلىيسى «ئايزۆھرە» ياكى «ئايزۆھەرە».
③ «ئايزىم» ئوخشاشلا «ئايئەزىم، ئازىم» ۋە «ئەزىم»، «ئەزىمە» لەردىن ئۆزگىرىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئايزىمگۈل | | | ( «ئايئەزىمگۈل» گە قاراڭ ) |
| ئايزىمسا | | | ( «ئايئەزىمنىسا» غا قاراڭ ) |
| ئايزىمنىسا | | | ( «ئايئەزىمنىسا» غا قاراڭ ) |
| ئايزىمىن | | | ( «ئايزەمىن» گە قاراڭ ) |
| ئايزىۋا | | | ( «ئايزىبا» غا قاراڭ ) |
| ئايزىۋاخان | | | ( «ئايزىبا» غا قاراڭ ) |
| ئايزىۋىر | | | ( «ئايزەبىر» گە قاراڭ ) |
| ئايزىۋى | | | ( «ئايزەبىر» گە قاراڭ ) |
| ئايزىيا | (ئۇئە) | ئايزىياخان | ئاي نۇرى |
| ئايسائادەت | (ئۇئە) | ئايسادەت | سائادەتمەن، بەختلىك قىز |
| ئايسائەت | (ئۇئە) | | سائەت: ئىسمى، ئاي: سۈپىتى |
| ئايسادەت | | | ( «ئايسائادەت» كە قاراڭ ) |
| ئايسار | (ئۇئە) | | خۇشال قىلغۇچى، خۇشاللىق بېغىشلىغۇچى قىز |
| ئايسارە | (ئۇئە) | | خۇشال قىز |
| ئايسارەم | (ئۇئەئۇ) | | مېنىڭ ئايدەك «سارە» قىزىم |
| ئايسالام[1] | (ئۇئە) | | ساغلام، تىنچ قىز |
| ئايسالامەت[2] | (ئۇئە) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئايسانىيە | (ئۇئە) | ئايسانى، ئايسانە | ئىككىنچى قىز |
| ئايساھىب | (ئۇئە) | ئايساپىپ | ئاينىڭ ھەمراھى |
| ئايسە | | | ( «ئائىزە» گە قاراڭ ) |
| ئايسەپەر[3] | (ئۇئە) | | سەپەر ئېيىدا تۇغۇلغان |
| ئايسەدەب | (ئۇئە) | ئايسەدەپ | سەدەبتەك پارقىراق، پاك، سۈزۈك ۋە ئاپئاق قىز |
| ئايسەمىن | (ئۇئە) | ئايسىمەن، ئايسىمىن | قىممەتلىك، ئېسىل، قەدىرلىك |
| ئايسەمەر | (ئۇئە) | ئايسىمەر | «ئايزادە» بىلەن ئوخشاش |
| ئايسەمەرگۈل | (ئۇئەپ) | | ئايسەمەر: ئىسمى، گۈل: سۈپىتى |
| ئايسەمئى | (ئۇئە) | ئايسەمى | سەمئى: ئىسمى، ئاي: سۈپىتى ( «سەمئى» نىڭ مەنىسى: ئاڭلىغۇچى ) |
| ئايسەنەم | (ئۇئە) | ئايسەنە[4] | گۈزەل قىز |

①② ئەسلىسى «ئايسەلام، ئايسەلامەت».
③ «ئايسەپەر» ئەرلەرگىمۇ قويۇلىدۇ.
④ «ئايسەنە» دېگىنىمىز «ئاي» بىلەن «سەنە» (يىل) نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان ئىسىم بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| ئايسۇرۇر | (ئۇئە) | | خۇشال قىز |
| ئايسۇلا | (ئۇ) | ئايسۇلۇ | ئايدەك چىرايلىق قىز |
| ئايسۇلتان | (ئۇئە) | | سۇلتان : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى (گۈزەللەرنىڭ شاھى) |
| ئايسۇن | | | («ئايسۆيۈن» گە قاراڭ) |
| ئايسۇنگۇل | | | («ئايسۆيۈنگۈل» گە قاراڭ) |
| ئايسۆسەر① | (ئۇپ) | | سۆسەر كەبى ئەتىۋارلىق ، نادىر قىز |
| ئايسۆيەر | (ئۇ) | | سۆيۈملۈك قىز |
| ئايسۆيۈن | (ئۇ) | ئايسۇن | كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان قىز |
| ئايسۆيۈنگۈل | (ئۇپ) | ئايسۇنگۇل | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئايسۇپەت | (ئۇئە) | | ئاي كەبى چىرايلىق قىز |
| ئايسىمەن | | | («ئايسەمەن» گە قاراڭ) |
| ئايسىھرە | (ئۇپ) | ئايسىرە | سىھىرلىك ، جەلپكار قىز |
| ئايسىخان | | | («ئائىزخان» غا قاراڭ) |
| ئايسىقىز | | | («ئائىزخان» غا قاراڭ) |
| ئايسىگۈل | | | («ئائىزخان» غا قاراڭ) |
| ئايسىلىگ | (ئۇ) | | ئايدەك پاك |
| ئايسىما② | (ئۇئە) | ئايسىمان ، ئايسىمە | ئاي يۈزلۈك ، ئايدەك |
| ئايسىمەر | | | («ئايسەمەر» گە قاراڭ) |
| ئايسىمەن | (ئۇپ) | | (1) كۈمۈش بەدەن قىز ، (2) «ئايسەمەن» نىڭ ئۆزگىرىشى |
| ئايسىنە | (ئۇپ) | | كېلىشكەن قىز |
| ئايسىۋانە | | | («ئايسىيانە» گە قاراڭ) |
| ئايسىيانە | (ئۇئە) | ئايسىۋانە ، ئايسىۋانەم | مۇھاپىزەت قىلىنغان ، قوغدالغان قىز |
| ئايشاھ | (ئۇپ) | ئايشا | شاھ : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى (شاھ قىزى) |
| ئايشاھگۈل | (ئۇپ) | ئايشاگۈل | ئايشاھ : ئىسمى ، گۈل : سۈپىتى (شاھ قىزى بولۇشقا لايىق قىز) |
| ئايشە | | | («ئائىشە» گە قاراڭ) |
| ئايشەرەپ | (ئۇئە) | | شەرەپلىك ، ئۇلۇغ قىز |

①② ئەسلىيسى «ئايسەۋسەر ، ئايسىيما» .

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئايشەم | | | ( «ئائىشە» گە قاراڭ ) |
| ئايشەمخان | | | ( «ئائىشە» گە قاراڭ ) |
| ئايشەمگۇل | | | ( «ئائىشە» گە قاراڭ ) |
| ئايشەھەر | (ئۇپ ) | | شەھەر قىزى ؛ شەھەر گۈزىلى |
| ئايشەھىر | (ئۇئە ) | | شۆھرەتلىك ، مەشھۇر قىز |
| ئايشەھىرە | (ئۇئە ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئايشىرىن | (ئۇپ ) | | شېرىن ، تاتلىق سۆزلۈك قىز |
| ئايشىبانۇ | | | ( «ئائىشىبانۇ» غا قاراڭ ) |
| ئايشىبۇۋى | | | ( «ئائىشىبىبى» گە قاراڭ ) |
| ئايشىپا[1] | (ئۇئە ) | ئايشىپاخان | ئاتا ـ ئانىنىڭ دەردىگە داۋا بولىدىغان قىز |
| ئايشىخان | | | ( «ئائىشە» گە قاراڭ ) |
| ئايشىقىز | | | ( «ئائىشە» گە قاراڭ ) |
| ئايشىگۇل | | | ( «ئائىشە» گە قاراڭ ) |
| ئايشىنۇر | | | ( «ئائىشىنۇر» غا قاراڭ ) |
| ئايقەمەر | (ئۇئە ) | | ئاي ( «قەمەر» مۇ ئەرەبچىدە «ئاي» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ ) |
| ئايقۇندۇز | (ئۇپ ) | | قۇندۇز : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |
| ئايقىز | (ئۇ ) | | ئايدەك قىز |
| ئايكەرىم | (ئۇئە ) | ئايكىرەم ، ئاي-كىرەمخان | كېرەملىك ، سېخىي قىز |
| ئايكەرىمە | (ئۇئە ) | ئايكەرىمەم | سېخىي ئايال |
| ئايكەۋسەر | (ئۇئە ) | | كەۋسەر : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |
| ئايكۇلسۇم | (ئۇئە ) | ئايگۇلسۇم | كۇلسۇم : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |
| ئايكۆز | (ئۇ ) | | كۆزى نۇرلۇق قىز |
| ئايكۈمۈش | (ئۇ ) | | كۈمۈشتەك قىممەتلىك |
| ئايكۈن | (ئۇ ) | | ئاي ۋە كۈندەك نۇرلۇق |
| ئايكۈنگۇل | (ئۇپ ) | | ئاي ۋە كۈندەك گۈزەل |
| ئايكىرەمخان | | | ( «ئايكەرىم» گە قاراڭ ) |
| ئايگۆھەر | (ئۇپ ) | | گۆھەردەك ئەتىۋار قىز |
| ئايگۈزەل | (ئۇپ ) | | گۈزەل قىز |
| ئايگۇل | (ئۇپ ) | ئايگۇلخان ، ئاي-گۇلقىز | ئايدەك گۈزەل قىز |
| ئايگۇلسۇم | | | ( «ئايكۇلسۇم» غا قاراڭ ) |

[1] ئەسلىيسى «ئايشىپائ» .

www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| ئايگۈلقىز | | | ( «ئايگۈل» گە قاراڭ ) |
| ئايلا | (ئۇ ) | ئايلىخان ، ئايلام ، ئايلىقىز ، ئايلامخان ، ئايلىگۈل | ئاچا ، هەدە ؛ ئاچا ئورنىدىكى قىز |
| ئايلىسارە | (ئۇئە ) | | خۇشال هەدە |
| ئايلىقىز | | | ( «ئايلا » غا قاراڭ ) |
| ئايلىگۈل | | | ( «ئايلا » غا قاراڭ ) |
| ئايمارجان | (ئۇپ ) | | مارجاندەك پارقىراق ، چىرايلىق |
| ئايماهال | | | ( «ئايمەهەل » گە قاراڭ ) |
| ئايمەخدۇمە | (ئۇئە ) | ئايمەختۇمە | خىزمەت قىلىنغۇچى قىز |
| ئايمەلىك | (ئۇئە ) | ئايمىلىك | شاھ قىزى |
| ئايمەلىكە | (ئۇئە ) | ئايمەلىكەم | مەلىكىدەك گۈزەل |
| ئايمەهەل | (ئۇئە ) | ئايماهال | ئايدەك يېقىملىق ، ئەللىق ؛ گۈزەل ئاي |
| ئايمۇدەن | (ئۇ ) | | مودەن گۈلىدەك چىرايلىق قىز |
| ئايمېهرى | (ئۇپ ) | ئايمىرە | مېهرلىك ، مېهرىبان ، كۆيۈمچان ، شەپقەتلىك قىز |
| ئايمىلىك | | | ( «ئايمەلىك » كە قاراڭ ) |
| ئايناخان | | | ( «ئاينەخان » غا قاراڭ ) |
| ئايناگۈل | | | ( «ئاينەگۈل » گە قاراڭ ) |
| ئايناۋات | (ئۇ ) | | ناۋاتتەك تاتلىق قىز |
| ئاينەبى | (ئۇئە ) | | نەبى : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |
| ئاينەپىسە | (ئۇئە ) | | گۈزەل قىز |
| ئاينەزەر | (ئۇئە ) | | نەزەردىكى قىز |
| ئاينەزىرە | (ئۇئە ) | | كۆركەم قىز |
| ئاينەسەب | (ئۇئە ) | ئاينىسەپ ، ئاينىسەپخان ، ئاينىسەپگۈل | ئايدىن تۆرەلگەن ، ئاي نەسەبلىك ، ئايغا ئوخشاش |
| ئاينۇر | (ئۇئە ) | ئاينۇرەم ، ئاينۇرخان ، ئاينۇرقىز ، ئاينۇرگۈل ، ئاينىم[①] | ئاي نۇرىدەك گۈزەل قىز |
| ئاينۇرخېنىم | (ئۇئەئۇ ) | ئايخېنىم | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |

① «ئاينىم» بولسا «ئايىنىم» نىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئوخشاپ قالىدۇ .

| | | |
|---|---|---|
| ئاينىسا[1] | (ئۇئە) ئاينىساخان | ئاياللارنىڭ ئارىسىدىكى گۈزەل |
| ئاينىگار | (ئۇپ) | ئايدەك كۆرۈنىدىغان، ئاي سۈرەت |
| ئاينىم | | («ئاينۇر» غا ۋە «ئاينىنىم» غا قاراڭ) |
| ئاينىمخان | | («ئاينىنىم» غا قاراڭ) |
| ئاينىھال | (ئۇپ) | يېڭى چىققان ئاي، ئاي سۈپەت، ئاي يۈزلۈك |
| ئاينىياز | (ئۇپ) | ئۆزىنى بېغىشلىغۇچى قىز |
| ئايھەلىمە | (ئۇئە) | ياۋاش، كەڭ قورساق، مۇلايىم قىز |
| ئايىدە | | («ئائىدە» گە قاراڭ) |
| ئايىزە | | («ئائىزە» گە قاراڭ) |
| ئايىزخان | | («ئائىزخان» غا قاراڭ) |
| ئايىم | (ئۇ) ئايىمخان، ئايىمگۈل، ئايىمقىز | مېنىڭ ئايدەك گۈزەل قىزىم |
| ئايىمبۇۋى | | («ئايىمبىبى» گە قاراڭ) |
| ئايىمبىبى | (ئۇپ) ئايىمبۇۋى | ئايىم: ئىسمى، بىبى: سۈپىتى (خېنىم قىزىم) |
| ئايىمپاشا | (ئۇپ) | مېنىڭ پاشا قىزىم |
| ئايىمتىللا | (ئۇ) | تىللادەك ئەتىۋارلىق قىزىم |
| ئايىمخان | | («ئايىم» غا قاراڭ) |
| ئايىمدەنا | (ئۇپ) ئايىمدانا | مېنىڭ ئەقىللىق، دانىشمەن قىزىم |
| ئايىمسا | | («ئايىمنىسا» غا قاراڭ) |
| ئايىمسارە | (ئۇئە) | مېنىڭ خۇشال قىزىم |
| ئايىمقىز | | («ئايىم» گە قاراڭ) |
| ئايىمگۈل | | («ئايىم» گە قاراڭ) |
| ئايىمنىسا | (ئۇئە) ئايىمسا | ئايىم: ئىسمى، نىسا: قوشۇمچىسى |
| ئايىنەخان | (ئۇ) ئايناخان | ئەينەكتەك پاك ئايال |
| ئايىنەگۈل | (ئۇپ) ئايناگۈل | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئايىنىم | (ئۇ) ئاينىم، ئاينىمخان | مېنىڭ ئەينەكتەك پاك قىزىم |
| ئاييۇلتۇز | (ئۇ) | ئاي ۋە يۇلتۇز كەبى گۈزەل قىز |

① «ئاينىسا» نىڭ يەنە «ئاينىساقىز، ئاينىسايىم، ئاينىساگۈل، ئاينىسەم، ئەينىسا، ئەينىسەم، ئەينىسەمخان» قاتارلىق ئۆزگىرىشلىرى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئە

## ئەرلەر ئۇچۇن

| ئاتىلىشى | ئۆزگىرىشلىرى | مەنىسى |
|---|---|---|
| ئەبەد | (ئە) ئەبەت، ئىبەت① | مەڭگۈ، دائىم، چەكسىز |
| ئەبەدىللا② | (ئە) | ئاللانىڭ ئەبەدىيلىكى |
| ئەبەي | | («ئۇبەيد» كە قاراڭ) |
| ئەبەيخان | | («ئۇبەيدخان» غا قاراڭ) |
| ئەبەيدۇللا | | («ئۇبەيدۇللا» غا قاراڭ) |
| ئەبەيدۇل | | («ئۇبەيدۇللا» غا قاراڭ) |
| ئەبەيلا | | («ئۇبەيدۇللا» غا قاراڭ) |
| ئەبەيلەم | | («ئۇبەيدۇللا» غا قاراڭ) |
| ئەبرار | (ئە) | ياخشى، ئادىل، پاك، سەمىمىي |
| ئەبرارىدىن | (ئە) | دىنىنىڭ ئادىل، ھەققانىي، پاك كىشىسى |
| ئەبراز | (ئە) | (1) «ئەبۇرازى» غا قاراڭ، (2) ئەڭ گەۋدىلىك، روشەن |
| ئەبرۇ | (پ) | بۇلۇت |
| ئەبرىيا | (ئە) | گۇناھسىز |
| ئەبزار | | («ئەبۇزارى» غا قاراڭ) |
| ئەبزارى | | («ئەبۇزارى» غا قاراڭ) |
| ئەبزاھىر | | («ئەبۇزاھىر» غا قاراڭ) |
| ئەبقەر | (ئە) | تالانتلىق |
| ئەبۇ | (ئە) ئوبۇق③ | ئاتا، ئىگە |
| ئەبۇئابدۇللا | (ئە) | ئابدۇللانىڭ ئاتىسى («ئابدۇللا» غا قاراڭ) |
| ئەبۇبەدرى | (ئە) | بەدرىنىڭ ئاتىسى («بەدرى» گە قاراڭ) |
| ئەبۇبەسىر | (ئە) | بەسىرنىڭ ئاتىسى («بەسىر» گە قاراڭ) |

① «ئۇبەيد» ۋە «ئەبىد» مۇ «ئىبەت» كە ئۆزگىرىدۇ.
② بۇ ئىسىم «ئۇبەيدۇللا» نىڭ ئۆزگىرىشى بولۇشىمۇ مۇمكىن.
③ «ئەبۇلقاسىم» مۇ «ئوبۇق» قا ئۆزگىرىدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| ئەبۇبەكرى | (ئە) ئابابەكرى، ئاباكرى، ئاۋاكرى، ئاباك، ئۇلبەكرەم، ئۇلبەك | بەكرىنىڭ ئاتىسى («بەكرى» گە قاراڭ) |
| ئەبۇپەرھە | (ئە) | پەرھەنىڭ ئاتىسى («پەرھە» گە قاراڭ) |
| ئەبۇتالىب | (ئە) ئوبۇتالىپ، ئاتالىپ[1]، ئابتالىپ، ئوبۇلتالىپ | تالىبنىڭ ئاتىسى («تالىب» قا قاراڭ) |
| ئەبۇتاھىر | (ئە) | «تاھىر» نىڭ ئاتىسى («تاھىر» غا قاراڭ) |
| ئەبۇتاي | (ئەئۇ) ئابۇتاي | تاينىڭ ئاتىسى («تاي» بۇ يەردە ئوغۇل پەرزەنتنى كۆرسىتىدۇ) |
| ئەبۇتەلھە | (ئە) | تەلھەنىڭ ئاتىسى («تەلھە» ئۇچۇن «ت» غا قاراڭ) |
| ئەبۇتەييىب | (ئە) ئەبۇتېيىپ | تەييىبنىڭ ئاتىسى («تەييىب» كە قاراڭ) |
| ئەبۇتۇرك | (ئەئۇ) | تۇركنىڭ ئاتىسى |
| ئەبۇجامال[2] | (ئە) ئوبۇجامال، ئوبۇلجامال | جامالنىڭ ئاتىسى («جامال» غا قاراڭ) |
| ئەبۇجاھىد | (ئە) ئەبۇجاھىت | جاھىدنىڭ ئاتىسى («جاھىد» قا قاراڭ) |
| ئەبۇجىھاد | (ئە) ئەبۇجىھات | جىھادنىڭ ئاتىسى («جىھاد» قا قاراڭ) |
| ئەبۇخەتىب | (ئە) ئەبۇخەتىپ | خەتىبنىڭ ئاتىسى («خەتىب» كە قاراڭ) |
| ئەبۇخۇزەر | (ئە) | خۇزەرنىڭ ئاتىسى («خۇزەر» گە قاراڭ) |
| ئەبۇرازى | (ئە) ئەبرازى، ئەبراز | رازىنىڭ ئاتىسى («رازى» غا قاراڭ) |
| ئەبۇرەييان | (ئە) | رەييانىنىڭ ئاتىسى («رەييان» غا قاراڭ) |
| ئەبۇزار | (ئە) ئابۇزار، ئابزار | زارنىڭ ئاتىسى |

| ئەرەمنىساگۈل | (ئەپ) | ئىرەمنىساگۈل ، ھەرەمنىساگۈل | ئەرەمنىسا : ئىسمى ، گۈل : سۈپىتى |
| ئەرەنگۈل | (ئۆپ) | ئورەنگۈل | ئەرلەرچە ، ئەركەكلەرچە ، جاسارەتلىك قىز |
| ئەربىئە | (ئە) | ئەربىيە ، ئەربىيەم ، ئەبىيەم | باھار |
| ئەرخان | (ئۇ) | ئىرخان | ئەر ئورنىدىكى قابىل ئايال |

① «ئەرەم» ئەرلەرگىمۇ قويۇلىدۇ ۋە «ئىرەم» دېگەن تەلەپپۇزى كۆپرەك قوللىنىلىدۇ . بۇ ئىسىم يەنە «ئەھرەم» نىڭ ئۆزگىرىشىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ .
② ئەسلىيسى «ئەرەمسىيما» .

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئەردەمئاي | (ئۇ) | | پەزىلەتلىك ، ئەخلاقلىق قىز |
| ئەردەمگۈل | (ئۈپ) | | ئەردەم : ئىسمى ، گۈل : سۈپىتى |
| ئەررابەت | (ئە) | ئارابەت ، ئەرابەت | تەربىيەچى ، تايانچى ، ئىشەنچلىك كاپالەتچى |
| ئەررابەتگۈل | (ئەپ) | ئارابەتگۈل ، ئەرابەتگۈل | ئىشەنچلىك قىز |
| ئەرزىيا[①] | (ئە) | ئەرسىيە | خۇشال هالەت |
| ئەرسىما[②] | (ئۇئە) | ئەرسىمان ، ئەرسىمانخان ، ئەرسىماخان ، ئەرسىماگۈل ، ئەرسىمانگۈل | ئەر كەبى ئايال ، يىگىتتەك ئايال |
| ئەرسىيە | | | («ئەرزىيا» غا قاراڭ) |
| ئەرشەم | | | («ئەرش» كە قاراڭ) |
| ئەرشگۈل | (ئەپ) | ئەرشىگۈل | ئەرش : ئىسمى ، گۈل : سۈپىتى |
| ئەرشىنىسا | (ئە) | ئەرشنىسا | ئاياللارنىڭ تەختى |
| ئەركىنئاي | (ئۇ) | ئەركىناي | ئەركىن قىز ، خۇشال قىز ؛ ئەركىن ئايال |
| ئەركىنپاشا | (ئۈپ) | | ئەركىن : ئىسمى ، پاشا : سۈپىتى |
| ئەركىنسا | | | («ئەركىننىسا» غا قاراڭ) |
| ئەركىنقىز | (ئۇ) | | ئەركىن : ئىسمى ، قىز : سۈپىتى |
| ئەركىنگۈل | (ئۈپ) | | ئەركىن : ئىسمى ، گۈل : سۈپىتى |
| ئەركىننىسا | (ئۇئە) | ئەركىنسا | «ئەركىنئاي» غا ئوخشاش |
| ئەرنىسا | (ئۇئە) | | ئەركەبى ئايال ، ئەر ئورنىدىكى ئايال |
| ئەرنىساخان | (ئۇئەئۇ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئەرۋىسە | (ئە) | | ساھىبجامال ، گۈزەل |
| ئەرىبە | (ئە) | | ماھىر ، ئەپچىل ، ئەقىللىق |
| ئەزەمسا | | | («ئەزەمنىسا» غا قاراڭ) |
| ئەزەمگۈل[③] | (ئەپ) | | ھەممىدىن ئۈلۈغ (قىز) |
| ئەزەمنىسا[④] | (ئە) | ئەزەمسا | ھەممىدىن ئۇلۇغ ئايال |
| ئەزرا[⑤] | (ئە) | ھۆزرا ، ھەزرا ، ئۆزرا ، خۆزرا ، خۆزرام ، ھۆزراخان ، ھەزراخان | بۇ ، مەريەم ئانىنىڭ سۈپىتى ، مەنىسى : پاك قىز ، كىچىك ، سەبىي قىز |

①②③④ ئەسلىيسى «ئەرزىيائ ، ئەرسىيما ، ئەئزەمگۈل ، ئەئزەمنىسا» .

⑤ «ئەزرا» بولسا «ئۆزرا» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى بولغان «خۆزرام» ئەرلەرگىمۇ قويۇلىدۇ . بۇ چاغدا ئۇنىڭ مەنىسى «پاك ئوغۇل» دىگەنلىك بولىدۇ . بۇ ئىسىمنىڭ يۇقىرىقىلاردىن باشقا ، يەنە «ھۆزرا ، ھۆزراخان ، گۆزەرە ، ئۆزرا» دىگەندەك ئۆزگىرىشلىرىمۇ بار .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | |
|---|---|---|
| ئەزرابىبى | (ئەپ) هۆزرابۇۋى ، هەزرابۇۋى ، ئۆزرابۇۋى | مەريەم ئانىدەك خېنىم ، پاك خېنىم |
| ئەززە | (ئە) ئەززەم ، ئەززخان ، ئەززەمخان ، ئەززگۈل ، هەززگۈل | ئىززەتلىك ، ئەزىز ؛ قەدىرلىك بولدى |
| ئەزنە | | («ئازىنە» گە قاراڭ) |
| ئەزنەم | | («ئازىنە» گە قاراڭ) |
| ئەزنگۈل | | («ئازىنە» گە قاراڭ) |
| ئەزىزئاي | (ئەئۇ) ئەزىزاي ، ئېزىزاي | «ئەزىزئاي» غا ئوخشاش |
| ئەزىزگۈل | (ئەپ) ئېزىزگۈل | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئەزىزنىسا | (ئە) ئېزىزنىسا | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئەزىزە① | (ئە) ئەزىزەم ، ئېزىزەم | «ئەزىز» گە ئوخشاش |
| ئەزىزئاي② | (ئەئۇ) هېزىزئاي ، هېزىزاي | ئەزىز قىز ، ئەزىز ئايال |
| ئەزىزگۈل | (ئەپ) هەززگۈل ، هېزىزگۈل | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئەزىمە | (ئە) ئايزىمە ، هەزىمە ، هەزىمەم ، ئەزىمەم | (1) ئارزۇ ، ئارمان ، نىيەت ، (2) ئۇلۇغلۇق ، ئەزىمەتلىك ، بۈيۈكلۈك ، باتۇرلۇق ، پەخىرلىنىش ، هەيۋەت ؛ ئۇلۇغ ئايال («ئەزىم» بىلەن ئوخشاش) ، (3) ئەپسۇن ، جادۇ ، سېھىر |
| ئەزىمگۈل | (ئەپ) ئايزىمگۈل ، هەزىمگۈل ، هېزىمگۈل | ئەزىم : ئىسمى ، گۈل : سۈپىتى («ئەزىم» نىڭ مەنىسى : ئۇلۇغ ، كاتتا ، مەشھۇر ، پەخىرلىك) |
| ئەزىمنىسا③ | (ئە) ئايزىمنىسا ، ئايزىمسا ، ئەزىمسا | ئاياللارنىڭ كاتتىسى ، مەشھۇر ئايال |
| ئەسالەت | (ئە) ئاسالەت | توغرا قاراش ، توغرا هۆكۈم قىلىش ؛ گۈزەل ، ئۆتكۈر |
| ئەسەل④ | (ئە) هەسەل ، هەسەلخان ، هەسەلقىز ، هەسەلگۈل ، هەسگۈل | هەسەل هەرىسىدىن ئېلىنىدىغان بىر خىل تاتلىق ئىچىملىك |

① «ئەزىزە» نىڭ يەنە «ئېزىزە ، ئېزىزخان ، ئېزىزگۈل ، ئېززخان ، ئېززگۈل ، ئەززخان ، ئەززگۈل ، هەزىزە ، هەزىزخان ، هەزىزگۈل ، هەززگۈل ، هەززخان» قاتارلىق ئۆزگىرىشلىرى بار ۋە ئۇنىڭ قىسمەن ئۆزگىرىشلىرى «ئەززە» ۋە «هەززى» نىڭ ئۆزگىرىشلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىسىملاردا مۇرەككەپ تەۋەلىك كېلىپ چىقىدۇ .

② «ئەزىزئاي» بىلەن «ئەزىزاي» ئوخشاش مەنىلىك هەم ئۆزگىرىشلىرى ئوخشايدۇ .

③ «ئەزىمنىسا» بىلەن «ئايئەزىمنىسا» ئوخشاشلا «ئايزىمنىسا» غا ئۆزگىرىدۇ .

④ «ئەسەل» ئەرلەرگىمۇ قويۇلىدۇ ، ئەمما ئۆزگىرىشلىرى ئاياللارغا خاستۇر .

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئەسپەرخان | (ئەئۇ) | | «ئەسپەر» گە ئوخشاش |
| ئەسراخان | | | ( «ئەسرارخان» غا قاراڭ ) |
| ئەسرارە | (ئە) | | «ئەسرار» بىلەن ئوخشاش ( «ئەسرار» غا مۇئەننەسلىك بەلگىسى «ئە» قوشۇلۇپ، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ) |
| ئەسرارخان | (ئەئۇ) | ئەسراخان | «ئەسرار» بىلەن ئوخشاش |
| ئەسرىيە | (ئە) | | زامانىۋى، زامانىۋىلىق، زامانغا لايىق، ئەسىرگە ماس |
| ئەسلاخان | (ئەئۇ) | ئەسلەمخان، ئەسلىخان | ئەسلا: ئىسمى، خان: سۆپەتى ( «ئەسلا» نىڭ مەنىسى: ئەسلىي، ئەڭ بۇرۇن ) |
| ئەسلىخان | | | ( «ئەسلاخان» ياكى «ئەسلىگۈل» گە قاراڭ ) |
| ئەسلىگۈل | (ئەپ) | ئەسلىخان | ئەسلىدىن، تېگى ـ تەكتىدىن گۈل كەبى قىز |
| ئەسما | (ئە) | ئەسمە | ( «ئەرلەر ئۇچۇن» گە قاراڭ ) |
| ئەسمار | (ئە) | ئاسمار | يۇقىرىقىغا ئوخشاش ( «ئەرلەر ئۇچۇن» گە قاراڭ ) |
| ئەسمارە | (ئە) | ئەسمارەم، ئاسمارە، ئاسمارەم | «ئەسمار» بىلەن ئوخشاش ( «ئەسمار» غا مۇئەننەسلىك بەلگىسى «ئە» قوشۇلۇپ، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئىسىم. مەنىسى: مېۋىلەر ) |
| ئەسمارگۈل | | | ( «ئەسمارىگۈل» گە قاراڭ ) |
| ئەسمارىخان | (ئەئۇ) | ئاسمارىخان، ئاسمارخان، ئەسمارخان | ئەسمارە: ئىسمى، خان: سۆپەتى |
| ئەسمارىگۈل | (ئەپ) | ئاسمارىگۈل، ئەسمارگۈل، ئاسمارگۈل | ئەسمارە: ئىسمى، گۈل: سۆپەتى (بۇ يەردە «كۆپ مېۋە بېرىدىغان، كۆپ بالىلىق بولىدىغان قىز» دېگەن مەنىنى بېرىشى مۇمكىن) |
| ئەسمە | | | ( «ئەسما» غا قاراڭ ) |
| ئەسمەن | (ئە) | ئەسمەنقىز، ئەسمەنگۈل | (1) قايماق، سېرىقماي؛ (2) ئەڭ قىممەتلىك |

www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| ئەسمىرە | (ئە) | | ئەڭ كۆپ مېۋە بەرگۈچى |
| ئەسمىقىز | | | («ئەسمىنە» گە قاراڭ) |
| ئەسمىگۈل | | | («ئەسمىنە» گە قاراڭ) |
| ئەسمىنە | (ئە) | ئەسمىقىز ، ئەس- مىگۈل | بەك قىممەتلىك ، باھاسى ئۈستۈن |
| ئەسمىيە | (ئە) | | ئاسمانلار |
| ئەسنىيە | (ئە) | | مەدھىيە |
| ئەسۋىدە | (ئە) | ئەسۋىدەم | قارا كىيىم ، قارا ؛ زور كۆپ سانلىق |
| ئەسىبە | (ئە) | ئەسىپە | قاتتىق ئىسسىق ؛ جاپا ـ مۇشەققەت |
| ئەسىرا | (ئە) | ئاسىرا | سولخاي قىز (سول قولىنى ئىشلىتىدىغان قىز) |
| ئەسىيلە | (ئە) | ئەسىلە ، ئەسىلەم | ئېسىل نەسەبلىك قىز |
| ئەشرە① | (ئە) | ئەشرەم ، ئەشىرەم ، ئەشىرە ، ئەشرىخان ، ئەشرەمخان | ئونىنچى قىز ، قىزنىڭ ئونىنچىسى («ئاشىرە» گە ئوخشاش) |
| ئەشرەپخان | (ئەئۇ) | | «ئەشرەپ» بىلەن ئوخشاش |
| ئەشرەپگۈل | (ئەپ) | | «ئەشرەپ» بىلەن ئوخشاش |
| ئەشرەم | | | («ئەشرە» گە قاراڭ) |
| ئەشرەمخان | | | («ئەشرە» گە قاراڭ) |
| ئەشرىبانۇ | (ئەپ) | ئەشرىبان | ئونىنچى خېنىم |
| ئەشرىخان | | | («ئەشرە» گە قاراڭ) |
| ئەشمىگۈل | (ئەپ) | | ئۈمىدلىك قىز ؛ ئەشمىنىڭ قىزى |
| ئەشۇرا | (ئە) | ئەشۇراخان | «ئاشۇرا» بىلەن ئوخشاش |
| ئەشۇبان | | | («ئائىشىبانۇ» غا قاراڭ) |
| ئەشۇراخان | | | («ئەشۇرا» غا قاراڭ) |
| ئەشىرە② | (ئە) | ئەشىرەم | (1) قەبىلە ؛ (2) «ئەشرە» نىڭ ئۆزگىرىشى |
| ئەقرىبە | (ئە) | | غىلاپ ، قىلىچ ياكى خەنجەر غىلىپى |
| ئەقلىيە | (ئە) | | ئەقىل كۈچىگە ، زېھنىگە ، مەنتىقىلىككە خاس ؛ ئەقىل بىلەن قىلىنىدىغان ئىش ۋە سۆزلەر ؛ ئەقىللىق |

①② «ئەشرە» بىلەن «ئەشىرە» نىڭ قىسمەن ئۆزگىرىشلىرى ئوخشىشىپ قالىدۇ .

| | | |
|---|---|---|
| ئەقىبە | (ئە) ئەقىبەم ، ھەقىبە ، ھەقىبەم ، ھىقىبە ، ھىقىبە ، ھىقىبەم | «ئەقىب» بىلەن ئوخشاش |
| ئەقىدە[1] | (ئە) ئەقىدەم ، ھەقىدە ، ھەقىدەم ، ئەقىدىخان | ئىشەنچ باغلىماق ، ئېتىقاد قىلماق |
| ئەقىرە | (ئە) | ناخشا ئاۋازى ، قىرائەت ئاۋازى |
| ئەقىلاي | | («ئەقىلئاي» غا قاراڭ) |
| ئەقىلە[2] | (ئە) ھەقىلە ، ھەقىلخان ، ھەقىلىخان ، ئەقىلە-خان ، ئەقىلخان | (1) خانىم ، خېنىم ، ئايال ، (2) ئەقىللىق قىز |
| ئەقىلخان | (ئەئۇ) ھېـقىـلـخـان ، ھەقىلخان ، ھىقىل-خان | ئەقىل : ئىسمى ، خان : سۈپىتى (بۇ يەردە «ئەقىللىق ئايال» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ) |
| ئەقىلئاي | (ئەئۇ) ئەقىلاي | ئەقىللىق قىز |
| ئەقىلىخان | | («ئەقىلە» گە قاراڭ) |
| ئەكمىلە | (ئە) | تولۇق ، پۈتۈن ، مۇكەممەل ، بەك كامىل قىز |
| ئەلاخان[3] | (ئەئۇ) | ئۈستۈن ئورۇندىكى ئايال |
| ئەلاقىز[4] | (ئەئۇ) | ئۈستۈن ئورۇندىكى قىز |
| ئەلاگۈل[5] | (ئەپ) | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئەلامخان | | («ئەھلامخان» غا قاراڭ) |
| ئەلامقىز | | («ئەھلامقىز» غا قاراڭ) |
| ئەلامگۈل | | («ئەھلامگۈل» گە قاراڭ) |
| ئەلامنىسا | | («ئەھلامنىسا» غا قاراڭ) |
| ئەلانۇر[6] | (ئە) ئالانۇر | «ئەلاقىز» بىلەن ئوخشاش |
| ئەلانىسا[7] | (ئە) | «ئەلاخان» بىلەن ئوخشاش |
| ئەلايىم | (ئەئۇ) | مېنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن قىزىم |
| ئەلەمگۈل[8] | (ئەپ) | ھەممىدىن بىلىملىك قىز |
| ئەلەمنىسا[9] | (ئە) | ھەممىدىن بىلىملىك ئايال |

[1] «ئەقىدە» نىڭ «ھېقىدە ، ھېقىدەم ، ھېقىدىخان ، ھەقىدىخان ، ھىقىدە ، ھىقىدەم ، ھىقىدىخان» دېگەنلەرگە ئوخشاش نۇرغۇن ئۆزگىرىشلىرى بار .

[2] «ئەقىلە» مۇ «ئەقىلخان ، ھەقىلخان» لارغا ئۆزگىرىپ ، «ئەقىلخان» بىلەن ئوخشاش ئىسىمغا ئايلىنىپ قالىدۇ .

[3][4][5][6][7][8][9] لارنىڭ ئەسلىيسى «ئەئلاخان ، ئەئلاقىز ، ئەئلاگۈل ، ئەئلانۇر ، ئەئلانىسا ، ئەئلەمگۈل ، ئەئلەمنىسا» .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| ئەلپىرە[1] | (ئە) | ئەلپىرەم | چىشى چاشقان |
| ئەلپىيە | (ئە) | ئەلپىيەم | مىڭ يىل، مىڭ مىسرالىق شېئىر؛ ياۋاش، مەسۇم قىز |
| ئەلقۇتگۇل | (ئۇپ) | | ئەلنىڭ بەخت نۇرى؛ ئەلنىڭ بەختلىك قىزى |
| ئەلقۇتنۇر | (ئۇئە) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئەلزەمىرە | (ئە) | ئىلزىمىرە | قەلب، دىل، ۋىجدان |
| ئەلمائىدە[2] | (ئە) | ئەلمايىت، ئولمايىت | خىسلەتلىك داستىخان |
| ئەلمېھرى | (ئۇپ) | ئالمىرە، ئەل-مىرە، ئەلمىرەم | (1) ئەل سۆيەر، (2) ئەل مۇھەببىتى؛ ئەلنىڭ مېھرىبان قىزى |
| ئەلمېھرىگۇل | (ئۇپ) | ئەلمىرىگۇل | «ئەلمېھرى» بىلەن ئوخشاش |
| ئەلمىرە | | | («ئەلمېھرى» گە قاراڭ) |
| ئەلمىرىگۇل | | | («ئەلمېھرىگۇل» گە قاراڭ) |
| ئەلنۇر | (ئۇئە) | ئەلنۇرخان | ئەلنىڭ قىزى |
| ئەلنىگار | (ئۇپ) | ئىلنىگار | ئەلنى سۆيگەن؛ ئەلنىڭ دوستى |
| ئەلىپە | (ئە) | ئەلىپەم | كۆنۈك، ياۋاش؛ دوست |
| ئەلىمىنسا | (ئە) | ھەلىمىنسا، ھىلىمى-نىسا | بىلىملىك ئايال، ھەممىنى بىلىدىغان ئايال |
| ئەلىنۇر | (ئە) | | ئەلىنىڭ نۇرى، ئەلىنىڭ قىزى كەبى ئايال (بۇ يەردە چاھارىيارلار-دىن ئەلى ئۇلۇغلانغان) |
| ئەلىيە[3] | (ئە) | ئالىيە، ئالىيەم، ئەلىيەم | يۈكسەك، يۇقىرى، ئۈستۈن |
| ئەلىيەگۇل | (ئەئۇپ) | ئالىيەگۇل | مېنىڭ يۈكسەك ئورۇندىكى قىزىم |
| ئەمەلىيە | (ئە) | ئەمىلىيە | ھەرىكەت، ئىش تەرتىپى، ئەمەلىيەت، جەريان |
| ئەمبارائاي | | | («ئەنبەرئاي» غا قاراڭ) |
| ئەمبەرخان | | | («ئەنبەرخان» غا قاراڭ) |
| ئەمبەرنىسا | | | («ئەنبەرنىسا» غا قاراڭ) |
| ئەممەنە | (ئە) | | بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلماق |
| ئەمىرە | (ئە) | ئىمىرە، ئىمىرەم | مەلىكە، ئايال ئەمىر |

① ئەسلىيسى «ئەلپىئرە».
② «ئەلمائىدە» دىكى «ئەل» ئەرەبچىدىكى «ال» (ئەلىف لام) دۇر. بۇ ئىسمىنىڭ ئۆزگىرىشلىرى ئەرلەرگە قويۇلىدۇ.
③ «ئەلىيە» بىلەن «ئالىيە» ئوخشاش مەنىلىك ھەم ئۆزگىرىشلىرىمۇ ئوخشاپ قالىدۇ، شۇنىڭدەك ئەسلى ئىسمىمۇ بىر ـ بىرىگە ئۆزگىرىدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| ئەمىرنىسا | (ئە) ئىمىرنىسا، ئىمىرنىساخان، ئىمىرنىساخان، ئىمىرنىسا | ئاياللارنىڭ ئىچىدىكى مەلىكە؛ ئاياللارنىڭ ئەمىرى |
| ئەمىرئاي | (ئەئۇ) ئەمىراي، ئەمىراي | ئايدەك مەلىكە؛ مەلىكىدەك قىز |
| ئەمىرگۈل | (ئەپ) ئىمىرگۈل، ئىمىرگۈل | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئەمىلە | (ئە) ئىمىلە، ئىمىلەم | «ئەمىل» گە ئوخشاش |
| ئەمىلىيە | | («ئەمەلىيە» گە قاراڭ) |
| ئەمىمە | (ئە) | ئومۇمىيۈزلۈك، تولۇق |
| ئەمىنە① | (ئە) ئەمىنەم | «ئەمىن» گە ئوخشاش |
| ئەمىنىسا | (ئە) ئامىنىسا | ئىشەنچلىك ئايال |
| ئەمىنۇر | | («ئەمىنىنۇر» غا قاراڭ) |
| ئەمىنئاي | (ئەئۇ) ئامىنئاي | ئىشەنچلىك قىز |
| ئەمىنىنۇر | (ئە) ئەمىنۇر | ئەمىنە: ئىسمى، نۇر: سۈپىتى |
| ئەمىنىيە | (ئە) | بىخەتەرلىك، كاپالەت، تىنچلىق، خاتىرجەملىك |
| ئەنەسخان | (ئەئۇ) ئەنەشخان | «ئەنەس» بىلەن ئوخشاش |
| ئەنەسقىز | (ئەئۇ) ئەنەشقىز | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئەنەسگۈل | (ئەپ) ئەنەشگۈل | «ئەنەس» كە ئوخشاش |
| ئەنەلخان | (ئەئۇ) | «ئەنەللا» بىلەن ئوخشاش |
| ئەنەلقىز | (ئەئۇ) | «ئەنەللا» بىلەن ئوخشاش |
| ئەنەلگۈل | (ئەپ) | «ئەنەللا» بىلەن ئوخشاش |
| ئەنبەرئاي | (پئۇ) ئەنبەراي، ئەمبەراي | «ئەنبەر» گە ئوخشاش |
| ئەنبەرخان② | (پئۇ) ئەمبەرخان | «ئەنبەر» گە ئوخشاش |
| ئەنبەرقىز③ | (پئۇ) ئەمبەرقىز | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئەنبەرگۈل | (پ) ئەمبەرگۈل | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئەنبەرنىسا | (پئە) ئەمبەرنىسا | «ئەنبەر» گە ئوخشاش (ئەنبەر: ئىسمى، نىسا: قوشۇمچىسى) |
| ئەنبىيە | | («ئەنبىيا» غا قاراڭ) |

① «ئەمىنە» بىلەن «ئامىنە» بىر - بىرىگە ئۆزگىرىدۇ، بولۇپمۇ «ئەمىنە» نىڭ «ئامىنە» ۋە «ئىمىنە» گە ئۆزگىرىشى كۆپ بولىدۇ، ئەمما «ئامىنە» مۇ ئۆز ئالدىغا مەنە بىلدۈرىدۇ. «ئەمىنە» نىڭ يەنە مۇنداق ئۆزگىرىشلىرى بار: «ئىمىنە، ئىمىنىگۈل، ئىمىنىخان، ئىمىنىقىز، ئىمىخان، ئىمىقىز، ئىمىگۈل».

②③ «ئەنبەرخان، ئەنبەرقىز» قاتارلىق ئىسىملار «ئەمبەرخان، ئەمبەرقىز» غا ئۆزگىرىش بىلەن بىللە، ئۇلار بىر - بىرىگىمۇ ئۆزگىرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| ئەنجۇرەم | (پئۇ) | | مېنىڭ ئەنجۇردەك شېرىن قىزىم |
| ئەنجۇرخان | (پئۇ) | | ئەنجۇردەك تاتلىق، شېرىن ئايال |
| ئەندامئاي | (پئۇ) | ئەنداماي | بويى كېلىشكەن قىز |
| ئەندامگۈل | (پ) | | «ئەندامئاي» غا ئوخشاش |
| ئەنزەرخان | (ئەئۇ) | | «ئەنزەر» بىلەن ئوخشاش |
| ئەنزەرگۈل | (ئەپ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئەنسارە | (ئە) | ئەنسارەم، ئەنسا①، ئەنسە | «ئەنسار» بىلەن ئوخشاش |
| ئەنسارخان | (ئەئۇ) | | ئەنسار: ئىسمى، خان: سۈپىتى |
| ئەنسارىخان | (ئەئۇ) | | ئەنسارە: ئىسمى، خان: سۈپىتى |
| ئەنسە | | | («ئەنسارە» گە قاراڭ) |
| ئەنقەرە | | | تۈركىيەنىڭ پايتەخت شەھىرى |
| ئەنقىرە② | (ئە) | | يىلتىز، تۈپ، تۈپ يىلتىزى |
| ئەنۋەرگۈل | (ئەپ) | | نۇرلۇق قىز («ئەنۋەر» گە ئوخشاش) |
| ئەنىسە | (ئە) | ئىنىسە، ئىنىسەم | «ئەنىس» كە ئوخشاش |
| ئەھدىنۇر | (ئە) | | ئەھدە قىلىنغان قىز؛ كېلىشىلگەن قىز |
| ئەھدىنىسا | (ئە) | ئەھدىنسا | ئەھدە قىلىنغان ئايال؛ كېلىشىلگەن ئايال |
| ئەھرارە | (ئە) | | «ئەھرار» بىلەن ئوخشاش |
| ئەھرەم | (ئە) | ئەرەم، ئەرەمخان | چەكلەنگەن، توسۇلغان |
| ئەھرەمخان | (ئەئۇ) | ئەرەمخان | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئەھرەمقىز | (ئەئۇ) | ئەرەمقىز | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئەھرەمگۈل | (ئەپ) | ئەرەمگۈل | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئەھزىمە | (ئە) | ئەخزىمە | زۇننار |
| ئەھسەنە | (ئە) | | «ئەھسەن» گە ئوخشاش |
| ئەھلامخان | (ئەئۇ) | ئەلامخان | «ئەھلام» غا ئوخشاش |
| ئەھلامقىز | (ئەئۇ) | ئەلامقىز | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئەھلامگۈل | (ئەپ) | ئەلامگۈل | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئەھلامنىسا | (ئە) | ئەلامنىسا | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ئەھلىيە | (ئە) | ئەخلىيە | (1) ئىقتىدار، سالاھىيەت؛ (2) ئايال |

① «ئەنسا» ئەرلەرگە قويۇلىدۇ.
② «ئەنقەرە» بولسا «ئەنقىرە» گە ئۆزگەرگەن بولۇشى ئېھتىمال.

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئەھمەدىيە | (ئە) | ئەھمەدىيە | ئەھمەدكە خاس، ئەھمەدىلەر گۇرۇھىدىن |
| ئەھمەرە | (ئە) | | «ئەھمەر» بىلەن ئوخشاش |
| ئەۋەتخان | | | ( «ئابادخان» غا قاراڭ ) |
| ئەۋەلخان | | | ( «ئەۋۋەلخان» غا قاراڭ ) |
| ئەۋەلقىز | | | ( «ئەۋۋەلقىز» غا قاراڭ ) |
| ئەۋەلگۈل | | | ( «ئەۋۋەلگۈل» گە قاراڭ ) |
| ئەۋەلنىسا | | | ( «ئەۋۋەلنىسا» غا قاراڭ ) |
| ئەۋزەلئاي | | | ( «ئەپزەلئاي» غا قاراڭ ) |
| ئەۋزەلخان | | | ( «ئەپزەلخان» غا قاراڭ ) |
| ئەۋزەلقىز | | | ( «ئەپزەلقىز» غا قاراڭ ) |
| ئەۋزەلگۈل | | | ( «ئەپزەلگۈل» گە قاراڭ ) |
| ئەۋزەلنىسا | | | ( «ئەپزەلنىسا» غا قاراڭ ) |
| ئەۋسىمە | (ئە) | | مېدال، مېدالىيئون |
| ئەۋلاخان | (ئەئۇ) | | ئەۋلا: ئىسمى، خان: سۈپىتى ( «ئەۋلا» غا قاراڭ ) |
| ئەۋلاقىز | (ئەئۇ) | | ئەۋلا: ئىسمى، قىز: قوشۇمچىسى |
| ئەۋلاگۈل | (ئەپ) | | ئەۋلا: ئىسمى، گۈل: سۈپىتى |
| ئەۋلانىسا | (ئە) | | ئەۋلا: ئىسمى، نىسا: قوشۇمچىسى |
| ئەۋۋەلخان | (ئەئۇ) | ئەۋەلخان | «ئەۋۋەل» گە ئوخشاش (بىرىنچى ئايال) |
| ئەۋۋەلقىز | (ئەئۇ) | ئەۋەلقىز | «ئەۋۋەل» گە ئوخشاش (بىرىنچى قىز) |
| ئەۋۋەلگۈل | (ئەپ) | ئەۋەلگۈل | «ئەۋۋەل» گە ئوخشاش (بىرىنچى قىز) |
| ئەۋۋەلنىسا | (ئە) | ئەۋەلنىسا | «ئەۋۋەلخان» غا ئوخشاش (بىرىنچى ئايال) |
| ئەۋىنە | (ئە) | | «ئەۋىن» بىلەن ئوخشاش |
| ئەيشەمخان | | | ( «ئائىشە» گە قاراڭ ) |
| ئەيشىبان | | | ( «ئائىشىبانۇ» غا قاراڭ ) |
| ئەينجامال[1] | (ئە) | | گۈزەللىك بولىقى؛ ھەقىقىي گۈزەل |
| ئەينجاھان[2] | (ئەپ) | | جاھاننىڭ كۆزى |

①② ئەسلىيسى «ئەينجەمال، ئەينجەھان» بولۇپ، «ئەينجاھان» بەزى ئەرلەرگىمۇ قويۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەينىخان (ئەئۇ) ئەين : ئىسمى ، خان : سۈپىتى (بۇ ئىسىمدىكى «ئەين» نىڭ مەنىسى : «بۇلاق ، كۆز ؛ ھەقىقىي» دېگەنلىك بولۇپ ، «خان» بىلەن قوشۇلغاندا ، «ئەينىجامال» بىلەن ئوخشاش مەنىدە كېلىدۇ)

ئەينىسا («ئاينىسا» غا قاراڭ)

ئەينىسەم («ئاينىسا» غا قاراڭ)

ئەينىسەمخان («ئاينىسا» غا قاراڭ)

# ب

## ئەرلەر ئۈچۈن

| ئاتىلىشى | ئۆزگىرىشلىرى | مەنىسى |
|---|---|---|
| بابا | (ئۇ ) | ئاتا |
| باباجان | (ئۇ ) | ئاتىجان ، ئاتىنىڭ ئورنىدىكى ئوغۇل |
| باباخان | (ئۇ ) بۇبىخان | بوۋايدەك ، چوڭ ئاتىدەك ئوغۇل |
| بابۇر | (ھ ) | (1 ) ھايۋان ئىسمى (شىر ) ، (2 ) بىر خىل ئۆسۈملۈك |
| باتۇ | | ( «باھادىر» غا قاراڭ ) |
| باتۇر | | ( «باھادىر» غا قاراڭ ) |
| باتۇش | | ( «باھادىر» غا قاراڭ ) |
| باتىر | (ئە ) | ئۆتكۈر قىلىچ |
| باتىن | (ئە ) بەتىن | مەخپىي ، ئىچكى ، يوشۇرۇن ، يوشۇرغۇچى (بۇ ئىسىم «ال» لىق كەلسە ئاللانىڭ ئىسمىنى ، يالغۇز كەلگەندە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتىنى بىلدۈرىدۇ ) |
| باخشى | | ( «باقشى» غا قاراڭ ) |
| بادامشاھ | (پ ) بادامشا | بادام : ئىسمى ، شاھ : سۈپىتى |
| بادۇك | | ( «باھائىدىن» گە قاراڭ ) |
| بادىخان | | ( «باھائىدىن» گە قاراڭ ) |
| بارات[1] | (ئە ) | (1 ) بارات ئېيىدا تۇغۇلغان ، (2 ) گۇناھسىز ، گۇناھتىن قۇتۇلماق |
| باراتخان | (ئەئۇ ) | بارات : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| باراتۇللا | (ئە ) بارىتۇللا | ئاللانىڭ گۇناھسىز ، پاك كىشىسى |
| باراتتاي[2] | (ئەئۇ ) بارىتاي[3] | بارات : ئىسمى ، تاي : سۈپىتى |
| باراجىم | | ( «بارىھاجىم» غا قاراڭ ) |
| باراۋىدىن | | ( «بارائىدىن» گە قاراڭ ) |

---

①② ئەسلىيسى «بەرائەت ، بەرائەتتاي» .
③ «باراتتاي» مۇ «بارىتاي» غا ئۆزگىرىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | |
|---|---|---|
| بارائىدىن[①] | (ئە) باراۋىدىن ، پاراۋىدىن ، بۇراۋىدىن ، پىراۋىدىن | دىنىنىڭ گۇناھسىز ، پاك كىشىسى |
| بارئەبەد | (ئۇئە) | مەڭگۈ ياشايدۇ |
| بارخان | (ئۇ) | قۇم دۆۋىلىرى |
| باردى | | («بەردى» گە قاراڭ) |
| بارسبەگ | (ئۇ) | يولۋاستەك باتۇر ئەر |
| بارسخان | (ئۇ) | يولۋاستەك باتۇرخان |
| بارمان[②] | (ئۇ) بامان | دۆلەتمەن |
| بارى | (ئە) بارىجان | ھەممىنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى ، ھەممىنى ياراتقۇچى (ئاللانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى) |
| بارىز | (ئە) | ئالاھىدە ، گەۋدىلىك ، روشەن |
| بارىھاجىم | (ئەئۇ) باراجىم | بارى : ئىسمى ، ھاجىم : سۈپىتى |
| بازارباي | (پئۇ) | بازار : ئىسمى ، باي : سۈپىتى |
| باست | (ئە) ۋاست ، گاست | نازۇ ـ نېمەتلىرىنى كەڭ يايغۇچى |
| باستۇللا | (ئە) ۋاستۇللا ، گاستۇللا | ئاللانىڭ نازۇ ـ نېمەتلىرىنى كەڭ يايغۇچى بەندىسى |
| باسىل | (ئە) | باتۇر ، قەھرىمان ، جۈرئەتلىك |
| باسىم | (ئە) | كۈلۈمسىرەپ تۇرغۇچى |
| باغداد[③] | (ئە) باغدات | ئىراقنىڭ پايتەختى |
| باغدۆلەت | (ئۇئە) | ئائىلىدىن ئىبارەت ئىللىق باغنىڭ دۆلەتمەن ئوغلى |
| باغراش | (ئۇ) | باغراش كۆلىنىڭ نامى |
| باقشى | (ھ) باخشى | (1) ئۇستاز ، (2) دۇئا بىلەن كېسەل ياندۇرغۇچى |
| باقۇللا[④] | (ئە) باقىللا | مەڭگۈلۈك ئاللانىڭ بەندىسى |
| باقى | (ئە) باقىش ، باقەش | ھەمىشە مەۋجۇت ، مەڭگۈلۈك |
| باقىباي | (ئەئۇ) باقىۋاي | مەڭگۈ باي ئۆتكەي |
| باقىدىن | (ئە) | دىنىنىڭ ئەبەدىيلىككى ؛ مەڭگۈ دىنىنىڭ ئادىمى |
| باقىر | (ئە) | (1) كالا پادىسى ، (2) مىس ئاقچا |
| باقىسائىم | (ئە) باقىسايىم ، باقسايىم | باقى : ئىسمى ، سائىم : قوشۇمچىسى («سائىم» ئۈچۈن «س» بابىغا قاراڭ) |

①③④ئەسلىيسى «بەرائىددىن ، بەغداد ، باقىيۇللا» .
② «بارمان» مۇ «بامان» غا ئۆزگىرىپ ، «بەھمەن» نىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئوخشىشىپ قالىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| باقىش | | | ( «باقى» غا قاراڭ ) |
| باقىللا | | | ( «باقۇللا» غا قاراڭ ) |
| باقىمەت | | | ( «باقىمۇھەممەد» كە قاراڭ ) |
| باقىمۇھەممەد | (ئە) | باقىمەت ، باقىمەممەت | باقى : ئىسمى ، مۇھەممەد : سۈپىتى |
| باقىنىياز | (ئەپ) | | مەڭگۈلۈك بەخشەندە قىلىنغان |
| باقىۋاي | | | ( «باقىباي» غا قاراڭ ) |
| باقىيۇللا | (ئە) | باقۇللا | «باقۇللا» بىلەن ئوخشاش |
| باكىر | (ئە) | | (1) ئەتىگەن ، بالدۇر ، (2) بالاغەتكە يەتمىگەن |
| بالاجى | | | ( «بالاھاجى» غا قاراڭ ) |
| بالاھاجى | (ئۇئە) | بالاجى ، بالاجىم | بالا (پەرزەنت) : ئىسمى ، ھاجى : سۈپىتى (بۇ يەردە «ھاجى بالام» دېگەن ئەركىلەتمە مەنە كېلىپ چىقىدۇ) |
| بالىخان | (ئۇ) | | بۇمۇ ئەركىلەتمە ئىسىم بولۇپ «خان بالام» دېگەن بولىدۇ ؛ ئايالLARغىمۇ قويۇلىدۇ |
| بامان | | | ( «بارمان» غا ياكى «بەھمەن» گە قاراڭ ) |
| بانى | (ئە) | | قۇرغۇچى ، بىنا سالغۇچى |
| باھادىر[1] | (پ) | باتۇر ، باتۇ ، باتۇش | قورقماس ، يۈرەكلىك |
| باھادىرخان[2] | (پئۇ) | باتۇرخان ، باتۇخان | باھادىر : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| باھاربەگ | (پئۇ) | | باھاردەك ئىللىق ئەر |
| باھارھاجى | (پئە) | | باھار : ئىسمى ، ھاجى : سۈپىتى |
| باھام | | | ( «باھائىدىن» گە قاراڭ ) |
| باھاۋىدىن | | | ( «باھائىدىن» گە قاراڭ ) |
| باھائىدىن[3] | (ئە) | باھاۋىدىن ، باھاي ، باھاۋۇدىن ، بايىدىن ، باھايىدىن ، باۋۇدۇن ، باۋۇش ، باۋۇك ، باھام ، بادىخان | دىنىنىڭ ئەتىۋارى ، باھالىق كىشىسى |
| باھىر | (ئە) | | پارلاق ؛ روشەن ، ئېنىق |

[1][2][3] ئەسلىيسى «بەھادىر ، بەھادىرخان ، بەھائىددىن» .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| باۋۇدۇن | | | ( «باھائىددىن» گە قاراڭ ) |
| باۋۇش | | | ( «باھائىددىن» گە قاراڭ ) |
| بائىر | (ئە) | باير | ئىچىلمىغان بوز يەر |
| بائىز | | | ( «بائىس» كە قاراڭ ) |
| بائىس | (ئە) | بايىز ، بائىز ، بايىس | ئەۋەتكۈچى ؛ تىرىلدۈرگۈچى (ئاللانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى ) |
| بائىن | (ئە) | بايىن | بايان قىلغۇچى ، چۈشەندۈرگۈچى |
| باي | (ئۇ) | | بۇ ئىسىم ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە باياشاتلىق تىلىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ . ئۇ بەزى ھاللاردا «ئوغۇل ، يىگىت» دېگەن مەنىلەردىمۇ كېلىدۇ . |
| بايئاخۇن | (ئۇ) | باياخۇن | باي : ئىسمى ، ئاخۇن : قوشۇمچىسى |
| بايئارسلان | (ئۇ) | | باي ھەم ئارسلاندەك چەبدەس كىشى |
| باياجى | | | ( «بايھاجى» غا قاراڭ ) |
| باياخۇن | | | ( «بايئاخۇن» غا قاراڭ ) |
| باياز | (پ) | | شېئىرلار توپلىمى |
| باياشاد | (ئۇپ) | باياشات ، بايشات | باي ۋە خۇشال ئۆتمەك |
| باياغۇت | (ئۇ) | | دۆلەتمەن ، باي كىشى |
| بايان① | (ئە) | | ئىزھار ، ئىپادە ، شەرھى ، دوكلات ، خىتاب ، چۈشەندۈرۈش |
| بايبارس | (ئۇ) | | باي ھەم يولۋاستەك باتۇر ئوغۇل |
| بايبەگ | (ئۇ) | بايۋەگ | باي يىگىت ،باي كىشى |
| بايبول | (ئۇ) | بايۋول | باي ئەر بولغىن |
| بايبولدى | (ئۇ) | بايۋولدى | بۇ يەردە پەرزەنتنىڭ چوڭ بولغاندا باي كىشىلەردىن بولۇشىنى ئارزۇ قىلىش ھېسسىياتى ئەكس ئېتىدۇ |
| بايپولات | (ئۇپ) | | پولاتتەك مەھكەم ئەركەك |
| بايتاش | (ئۇ) | | باي ھەم تاشتەك مەھكەم كىشى |
| بايتوختى | (ئە) | | توختى : ئىسمى ، باي : سۈپىتى |
| بايتۇر | (ئۇ) | | باي : ئىسمى ، تۇر : قوشۇمچىسى (بۇ يەردە «باي بول ۋە ئۆمۈر كۆر» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ ) |

① ئەسلىيسى «بەيان» .

| | | | |
|---|---|---|---|
| بايتۇرا | (ئۇ) | | باي تۇرك يىگىتى |
| بايتۇران | (ئۇ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| بايتۇردى | (ئۇ) | | باياشاتلىقتا ئۆتسۇن ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسۇن |
| بايتۇرسۇن | (ئۇ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| بايتۇرغان | (ئۇ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| بايتۇرغۇن | (ئۇ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| بايتۆمۈر | (ئۇ) | | باي ھەم تۆمۈردەك مەھكەم ئوغۇل |
| بايتۆرە | (ئۇم) | | باي ئاقسۆڭەك |
| بايتۇرك | (ئۇ) | | باي تۇرك يىگىتى («بايتۇرا» غا ئوخشاش) |
| بايتېكىن | (ئۇ) | | باي شاھزادە |
| بايچوك | (ئۇ) | | بۇ يەردىمۇ پەرزەنتىنىڭ باي ھەم كاتتا ئۆتۈشى تىلەنگەن |
| بايخان | (ئۇ) | | باي كىشى |
| بايخوجا | (ئۇپ) | بايغوجى، بايغوجا | باي خوجايىن |
| بايدۆلەت | (ئۇئە) | | باي ۋە دۆلەتمەن ئوغۇل |
| بايدىن | (ئۇئە) | | دىنىنىڭ بېيى |
| بايرىن | (ئۇ) | بارىن | قەدىمكى قەبىلە نامى |
| بايرام | (ئۇ) | | بەزمە، ھېيت |
| بايزاد | (ئۇپ) | بايزات | باي بالىسى، بايۋەچچە |
| بايزادە | (ئۇپ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| بايشات | | | («باياشات» قا قاراڭ) |
| بايشۇڭقار① | (ئۇ) | | شۇڭقاردەك ئالغۇر كىشى |
| بايغوجى | | | («بايخوجا» غا قاراڭ) |
| بايقارا | (ئۇ) | | چوڭ باي |
| بايلار | (ئۇ) | بايلا | يەر نامى (بايلار كۆپ جاي) |
| بايمەت | | | («بايمۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| بايمەتھاجى | | | («بايمۇھەممەدھاجى» غا قاراڭ) |
| بايمەممەت | | | («بايمۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| بايمەۋلا | (ئۇئە) | بايمۇللا | مەۋلا: ئىسمى، باي: سۈپىتى |
| بايمۇراد | (ئۇئە) | بايمۇرات | مۇراد: ئىسمى، باي: سۈپىتى |
| بايمۇھەممەد | (ئۇئە) | بايمەت، بەيمەت، بايمەممەت | مۇھەممەد: ئىسمى، باي: سۈپىتى |

① ئەسلىيسى «بايسۇنغۇر».

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| بايمۇھەممەدھاجى | (ئۇئە) | بەيمەتھاجى ، بايمەتھاجى | بايمۇھەممەد : ئىسمى ، ھاجى : سۈپىتى |
| بايمۆمىن | (ئۇئە) | | مۆمىن : ئىسمى ، باي : سۈپىتى |
| باينەزەر | (ئۇئە) | | باينىڭ نەزىرى چۈشكەن ، باي نەزەر سالغان كىشى |
| باينىياز | (ئۇپ) | | نىياز : ئىسمى ، باي : سۈپىتى |
| بايھاجى | (ئۇئە) | باياجى | باي : ئىسمى ، ھاجى : سۈپىتى |
| بايۋەگ | | | («بايبەگ» گە قاراڭ) |
| بايۋول | | | («بايبول» غا قاراڭ) |
| بايۋولدى | | | («بايبولدى» غا قاراڭ) |
| بايىدىن | | | («باھائىدىن» گە قاراڭ) |
| بايىر | | | («بائىر» گە قاراڭ) |
| بايىز | | | («ئابدۇلبائىس» كە ياكى «بائىس» كە قاراڭ) |
| بايىس | | | («ئابدۇلبائىس» كە ياكى «بائىس» كە قاراڭ) |
| بايىن | | | («بائىن» گە قاراڭ) |
| بەتەل | (ئە) | | قەھرىمان ، باتۇر ، ماھىر |
| بەتىن | | | («باتىن» گە قاراڭ) |
| بەختاخۇن | | | («بەختىئاخۇن» غا قاراڭ) |
| بەختەم | (پئۇ) | | مېنىڭ بەختىم ؛ بەختى ئوغلۇم |
| بەختى[1] | (پ) | | بەخت ؛ بەختلىك |
| بەختىئاخۇن | (پئۇ) | بەختاخۇن | بەختى : ئىسمى ، ئاخۇن : قوشۇمچىسى |
| بەختىبار | (پئۇ) | | بەختلىك ، تەلەيلىك ، بەختى بىللە |
| بەختىجان | (پ) | | بەختى : ئىسمى ، جان : قوشۇمچىسى |
| بەختىتاجى | (پئە) | | بەختى : ئىسمى ، تاجى : قوشۇمچىسى |
| بەختىچوڭ | (پئۇ) | | بەختى : ئىسمى ، چوڭ : سۈپىتى |
| بەختىخوجا | (پ) | بەختىغوجى | بەختى : ئىسمى ، خوجا : سۈپىتى (بەختلىك ئۇستاز) |
| بەختىدۆلەت | (پئە) | | بەختلىك ، دۆلەتمەن (بۇ يەردە «ئاللا بەخت ـ دۆلىتىنى بەرسۇن» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ) |

① ئەسلىيسى «بەخت» . قازاق كىشى ئىسىملىرىدا «باقىت» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| بەختىزاد | (پ) | بەختىزات | بەختلىك ئەۋلاد |
| بەختىشاد | (پ) | بەختىشات | بەختلىك ، خۇشال ؛ بەختى كۈلگەن |
| بەختىغوجى | | | ( «بەختىخوجا» غا قاراڭ ) |
| بەختىنىياز | (پ) | | بەختى : ئىسمى ، نىياز : قوشۇمچىسى |
| بەختىيار | (پ) | بەختىيارخان[1] | بەختى بىللە ، بەخت يار بولغۇچى |
| بەخزات | | | ( «بەهزاد» قا قاراڭ ) |
| بەخش | (پ) | بەخشى | بېرىۋەتمەك ، بەرمەك ، تەقدىم قىلماق ؛ پەرزەنت بەرمەك |
| بەخشەندە | (پ) | | بەرمەك ، تەقدىم قىلماق ، بېغىشلىماق ؛ ئاللا بەندىچىلىكنى بەرمەك |
| بەخشۇل | | | ( «بەخشۇللا» غا قاراڭ ) |
| بەخشۇللا | (پئە) | بەخشۇل | ئاللا بەرگەن |
| بەخشى[2] | | | ( «بەخش» كە قاراڭ ) |
| بەدەل | (ئە) | بەدەلخان | ئىزباسار |
| بەدەلشاھ | (ئەپ) | بەدەلشا | بەدەل : ئىسمى ، شاھ : سۈپىتى |
| بەدەلقارى | (ئە) | | بەدەل : ئىسمى ، قارى : سۈپىتى |
| بەدەلھاجى | (ئە) | | بەدەل : ئىسمى ، ھاجى : سۈپىتى ( «ھەج بەدەل قىلىنغان كىشى» دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ ) |
| بەدرۇلئالەم | (ئە) | | ئالەمنىڭ تولۇن ئېيى ، ئالەمنى يورۇتقۇچى |
| بەدرۇللا | (ئە) | | ئاللا بەرگەن تولۇن ئايدەك ئوغۇل |
| بەدرى | (ئە) | بەدىر | (1) تولۇن ئاي ؛ (2) مەدىنەدىكى بىر جاينىڭ نامى |
| بەدرىجاھان[3] | (ئەپ) | | جاھاننىڭ تولۇن ئېيى |
| بەدرىدىن[4] | (ئە) | بەدىردىن | دىننىڭ تولۇن ئېيى |
| بەدرىشاھ | (ئەپ) | بەدىرشا | بەدرى : ئىسمى ، شاھ : سۈپىتى |
| بەدرىكامال[5] | (ئە) | بەدىركامال | تولغان ئاي كەبى كامالەتكە يەتكەن ئەر |

① «بەختىيارخان» مۇ ئەرلەرگە قويۇلىدۇ .

② «بەخشى» ئەسلىدە «بەخش» نىڭ ئۆزگىرىشى بولۇشىمۇ ياكى «بەخشۇللا» نىڭ ئۆزگىرىشى بولۇشىمۇ مۇمكىن ۋە ياكى مۇستەقىل مەنە بىلدۈرۈشىمۇ مۇمكىن . ئۇ ھالدا «بەرمەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .

③④⑤ ئەسلىيسى «بەدرىددىن ، بەدرىكەمال ، بەدرىجەھان» .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| بەدۆلەت | (پئە) | | چوڭ دۆلەتكە ، بايلىققا ئىگە |
| بەدىر | | | ( «بەدرى» گە قاراڭ ) |
| بەدىردىن | | | ( «بەدرىددىن» گە قاراڭ ) |
| بەدىرشا | | | ( «بەدرىشاھ» قا قاراڭ ) |
| بەدىركامال | | | ( «بەدرىكامال» غا قاراڭ ) |
| بەدىئۆززامان[1] | (ئە) | | زاماننىڭ چىرايلىقى |
| بەدىئ | (ئە) | بەدى[2] | مەشھۇر ، ئاجايىپ ، چىرايلىق ، گۈزەل ؛ يارىتقۇچى ، ئىجادكار ، ئىجادىيەتچى ( «بەدىئ»كە ۋە «بەردى» گە قاراڭ ) |
| بەرەكە | (ئە) | بەرىكە ، بەرىكەم | بەرىكەت ، بەخت |
| بەرداخۇن | | | ( «بەردىئاخۇن» غا قاراڭ ) |
| بەرداش | (ئۇ) | | قىيىنچىلىققا چىدايدىغان كىشى |
| بەردۆللا | (ئۇئە) | پەردۆللا ، پەردۆل | ئاللانىڭ بەرگىنى ، ئاللا بەردى |
| بەردى | (ئۇ) | بەدى ، باردى ، بادى | ئاللا بىر ئوغۇل بەردى |
| بەردىئاخۇن | (ئۇ) | بەرداخۇن | بەردى : ئىسمى ، ئاخۇن : قوشۇمچىسى |
| بەردىبەگ | (ئۇ) | | «بەردى» گە ئوخشاش |
| بەردىخوجا | (ئۇپ) | بەردىغوجى | «بەردى» گە ئوخشاش (بۇ يەردە «خوجا» ئاللانى كۆرسىتىدۇ ) |
| بەردىشاھ | (ئۇپ) | بەردىشا | «بەردى» گە ئوخشاش (بۇ يەردە «شاھ» نىڭ مەنىسىمۇ «ئاللا» دۇر ) |
| بەردىغوجى | | | ( «بەردىخوجا» غا قاراڭ ) |
| بەردىمەت | | | ( «بەردىمۇھەممەد» كە قاراڭ ) |
| بەردىمەممەت | | | ( «بەردىمۇھەممەد» كە قاراڭ ) |
| بەردىمۇھەممەد | (ئۇئە) | بەردىمەت ، بەردىمەممەت | بەردى : ئىسمى ، مۇھەممەد : سۈپىتى |
| بەررى | (ئە) | بەرى ، بەرىجان | ئادىل ، پاك ، شەپقەتلىك (ئاللانىڭ ئىسمى ) |
| بەررىدىن | (ئە) | بەرىدىن[3] | دىنىنىڭ ئادىل ، پاك كىشىسى |

① ئەسلىيسى «بەدىئۆززەمان» .
② بۇ يەردىكى «بەدى» بولسا «بەردى» دىن ئۆزگەرگەن «بەدى» گە تەلەپپۇز جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ (ئۇنىڭدىكى «ە» سوزۇق تاۋۇشى قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ) .
③ «بەھرىدىن» مۇ «بەرىدىن» گە ئۆزگىرىدۇ .

| | | |
|---|---|---|
| بەرزاد | (ئۆپ) بەرزات | بىر پەرزەنت بەرگەن (بۇ يەردە ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنت تىلەش ئۈمىدى ئەكس ئېتىدۇ) |
| بەرق | (ئە) | نۇر ، چاقماق |
| بەرقۇللا | (ئە) بەرىقۇللا | ئاللانىڭ نۇرى |
| بەرقى | (ئە) | نۇر ، چاقماق كەبى ؛ چاقماققا خاس |
| بەرقىچىن | (ئەئۇ) | ھەقىقەت نۇرى |
| بەرقىدىل | (ئەپ) | دىلدا چاقنىغان نۇر |
| بەرقىدىن | (ئە) | دىنىنىڭ نۇرى |
| بەركىباي[1] | (ئەئۇ) | بەختلىك ئوغۇل |
| بەرمەن | | («بەھرىمەن» گە قاراڭ) |
| بەرۇز | (پ) | يەكمۇيەك جەڭچى |
| بەرى | | («بەررى» گە قاراڭ) |
| بەرىجان | | («بەررى» گە قاراڭ) |
| بەرىدىن | | («بەررىدىن» ۋە «بەھرىدىن» گە قاراڭ) |
| بەرىكە | (ئە) | «بەرەكە» گە ئوخشاش |
| بەرىكەت | (ئە) | «بەرەكە» گە ئوخشاش |
| بەسەر | (ئە) | كۆرۈش قۇۋۋىتى ، نەزەر كۆچى |
| بەسرى | (ئە) | كۆزلۈك ؛ كۆزگە خاس |
| بەسىر | (ئە) | كۆزى ئۆتكۈر ، زېرەك ، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان (ئاللانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى) |
| بەسىرۇللا | (ئە) | ئاللا كۆزى ئۆتكۈرلۈكنى بەرگەن كىشى |
| بەسىرىدىن[2] | (ئە) | دىنىنىڭ كۆزى ئۆتكۈر كىشىسى |
| بەشەر | (ئە) | ئىنسان ، ئادەم |
| بەشىر | (ئە) بېشىر | خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى) |
| بەشىرۇللا | (ئە) | ئاللانىڭ خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچىسى |
| بەشىرىدىن[3] | (ئە) | دىنىنىڭ خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچىسى |

①②③ ئەسلىيسى «بەرىكىباي ، بەسىرۇددىن ، بەشىرۇددىن» .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| بەكتۇر | (ئۇ) | | مەھكەم تۇر ، چىڭ تۇر (ئۇزاق ئۆمۈر كۆر ) |
| بەكتۆمۈر | (ئۇ) | | تۆمۈردەك بەك مەھكەم |
| بەكخان | | | («بەگخان» غا قاراڭ ) |
| بەكرەش | | | («بەكرى» گە قاراڭ ) |
| بەكرى | (ئە) | بەكرەش | تۇنجى بالا ؛ بوتىلاق |
| بەكرىدىن | (ئە) | | دىنىنىڭ تۇنجى ئەۋلادى |
| بەكرىش[①] | (ئۇ) | | مۇستەھكەم ، كۈچلۈك |
| بەكرۇللا | (ئە) | بەكرىللا | ئاللا بەرگەن تۇنجى ئوغۇل |
| بەڭزات | | | («بەگزاد» قا قاراڭ ) |
| بەگ (بېك ) | (ئۇ) | | ئەر ، ھۆكۈمران ، خان ، باشلىق ، ھەممىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان (قەدىمكى ئەمەل ناملىرىدىن بىرى ) . بۇ ئىسىم «بېك» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ۋە بەزىدە «تەڭرى ۋە ئاللا» مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ |
| بەگئاتا | (ئۇ) | | ئاتا كەبى ئەر ، خان ئاتامدەك ئوغۇل |
| بەگئارسلان | (ئۇ) | | ئارسلاندەك باتۇر ئەر |
| بەگئالىپ | (ئۇ) | | باتۇر ئەر |
| بەگباتۇر | (ئۇپ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| بەگبارس | (ئۇ) | | يولۋاستەك باتۇر ئەر |
| بەگبول | (ئۇ) | | قابىل ئەر بولۇپ يېتىشكىن |
| بەگتاش | (ئۇ) | | تاشتەك مۇستەھكەم ئەر |
| بەگتۆمۈر | (ئۇ) | | تۆمۈردەك ئەر |
| بەگتۈرك | (ئۇ) | | تۈرك ئەر ، تۈرك يىگىتى ، تۈرك خانى |
| بەگتېكىن | (ئۇ) | | شاھزادە كەبى ئەر |
| بەگخان | (ئۇ) | بەكخان | بەگ ئوغۇل ؛ بەگ ئايال (ئاياللارغىمۇ قويۇلىدۇ ) |
| بەگزاد | (ئۇپ) | بەگزات ، بەڭزات | بەگ بالىسى ، بەگ نەسلىدىن |
| بەگزادە | (ئۇپ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |

① «بەكرىش» بولسا «بەكرى» نىڭ يەنە بىر ئۆزگىرىشى بولۇشىمۇ مۇمكىن .

| | | |
|---|---|---|
| بەگقۇلى[1] | (ئۇ) بەگقۇل | بەگنىڭ (ئاللانىڭ) قۇلى |
| بەگلەن | (ئۇ) | بەگ بول، خان بول؛ قابىل ئەر بولۇپ يېتىشكىن |
| بەگمەت | | («بەگمۇھەممەد» كە ياكى «بەگمەرد» كە قاراڭ) |
| بەگمەرد[2] | (ئۇپ) بەگمەت | مەرد ئەر، مەردانە ئەر، سېخىي ئەر |
| بەگمۇراد | (ئۇئە) بەگمۇرات | مۇرادى ھاسىل بولغۇچى ئەر |
| بەگمۇھەممەد | (ئۇئە) بەگمەت | مۇھەممەد: ئىسمى، بەگ: سۈپىتى |
| بەگھاجى | (ئۇئە) بىگاجى | بەگ: ئىسمى، ھاجى: سۈپىتى |
| بەگيار[3] | (ئۇپ) بىگيار، بىكيار | بەگ (ئاللا) يار بولغۇچى |
| بەمەن | | («بەھرىمەن» گە قاراڭ) |
| بەندەئەلى | (ئە) بەندەلى | ئەلىگە قۇللۇق قىلغۇچى؛ بۇ يەردە «ھەممىدىن ئالىي ئاللانىڭ بەندىسى» دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ |
| بەنۇللا | (ئە) بەنۇل | ئاللا ياراتقان ئوغۇل |
| بەنىتاھىر | (ئە) | تاھىرنىڭ ئوغلى («تاھىر» نىڭ مەنىسى: پاك) |
| بەنىتەييىب | (ئە) | تەييىبنىڭ ئوغلى («تەييىب» نىڭ مەنىسى: ياخشى، ئېسىل) |
| بەنىجامال | (ئە) | جامالنىڭ ئوغلى («جامال» نىڭ مەنىسى: گۈزەل) |
| بەنىزاھىر | (ئە) | زاھىرنىڭ ئوغلى («زاھىر» نىڭ مەنىسى: ئوچۇق) |
| بەنىقاھىر | (ئە) | قاھىرنىڭ ئوغلى («قاھىر» نىڭ مەنىسى: تەڭداشسىز) |
| بەنىسەلىم | (ئە) | سەلىمنىڭ ئوغلى («سەلىم» نىڭ مەنىسى: ساغلام) |
| بەنىسەئۇد | (ئە) | سەئۇدنىڭ ئوغلى («سەئۇد» نىڭ مەنىسى: بەخت) |
| بەنىلئەسەد | (ئە) | ئەسەدنىڭ ئوغلى («ئەسەد» نىڭ مەنىسى: شىر) |

①③ «بەگقۇلى، بەگيار» دېگەندەك ئىسىملاردىكى «بەگ» بۇ يەردە ئاللانى كۆرسىتىدۇ.
② «بەگمەرد» بىلەن «بەگمۇھەممەد» ئوخشاشلا «بەگمەت» كە ئۆزگىرىدۇ. «بەگمەرد» تىكى «مەرد» پارسچە يەنىلا «ئەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما ئىستېمالىمىزدا «مەرد، سېخىي، مەردانە» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى تارىسى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| بەنىلئەلا[①] | (ئە) | | ئەلانىڭ ئوغلى («ئەلا» نىڭ مەنىسى : ھەممىدىن ئۈستۈن) |
| بەنىلبەشەر | (ئە) | | بەشەرنىڭ ئوغلى («بەشەر» نىڭ مەنىسى : ئىنسان) |
| بەنىلقادىر | (ئە) | | قادىرنىڭ ئوغلى («قادىر» نىڭ مەنىسى : ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى) |
| بەنىلقاھىر | (ئە) | | «بەنىقاھىر» غا ئوخشاش |
| بەنىلكامىل | (ئە) | | كامىلنىڭ ئوغلى («كامىل» نىڭ مەنىسى : مۇكەممەل ، تولۇق) |
| بەنىلمۇھسىن | (ئە) | | مۇھسىننىڭ ئوغلى («مۇھسىن» نىڭ مەنىسى : ياخشىلىق قىلغۇچى) |
| بەنىمۇسلىم | (ئە) | | مۇسلىمنىڭ ئوغلى («مۇسلىم» نىڭ مەنىسى : مۇسۇلمان) |
| بەھرام | (پ) | | قەدىمكى ئىران شاھلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى . مەنىسى ئېنىق ئەمەس ، بەزىلەرنىڭ قارىشىچە «بەھرەم» بىلەن ئوخشاش مەنىگە ئىگە ئىكەن |
| بەھرەم[②] | (پ ئۇ) | | پايدام ، مەنپەئەتىم |
| بەھرەمنىياز | (پ) | | بەھرەم : ئىسمى ، نىياز : قوشۇمچىسى |
| بەھرۇز | (پ) | | بەختلىك |
| بەھرۇل | | | («بەھرۇللا» غا قاراڭ) |
| بەھرۇللا | (پ ئە) | بەھرۇل | ئاللا بەرگەن پايدا ـ مەنپەئەت |
| بەھرى | (پ) | | (1) پايدا ، مەنپەئەت ، (2) ئەرەبچىدە دېڭىزنى ۋە دېڭىز قاتنىشىنى كۆرسىتىدۇ ؛ مىسىردا تۆۋەنكى مىسىرنى كۆرسىتىدۇ |
| بەھرىدىن | (پ ئە) | بوردۇن | دىنىنىڭ مەنپەئەتى |
| بەھرىمەن | (پ) | بەھمەن ، بەرمەن ، بەمەن | بەھر ئالماق |

① ئەسلىيسى «بەنىلئەئلا» .
② بۇ ئىسىممۇ «بەھرام» غا ئۆزگىرىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| بەهزاد | (پ) | بەخزات ، بېهزات | يارامىلىق ئوغۇل |
| بەهمەن | (پ) | بامان① | (1) قەدىمكى ئىران خۇدالىرىنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى ، بەزى ماتېرىياللاردا ئىران شاھلىرىدىن بىرىنىڭ نامى دېيىلىدۇ ، (2) بىر خىل ئۆسۈملۈك نامى ، (3) ئىران ھېسابىدا شەمسىيە 11 ـ ئاي نامى (قىش ئېيى) ، [11 ـ ئايدا (قىش ئېيىدا ) تۇغۇلغان دېگەن مەنىدە] ؛ (4) ياخشى ئۇقۇم . يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ ئىسىم «بەھرىمەن» نىڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ ، زېرەك ، قەيسەر ؛ بەھرى ئالماق دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىكەن |
| بەهى | (ئە) | | كۆركەم ، چىرايلىق |
| بەئىس | (ئە) | بەيىس ، بەيسى | قەھرىمان ، باتۇر ، قەيسەر |
| بەئىسبەگ | (ئەئۇ) | بەيسبەگ | بەئىس : ئىسمى ، بەگ : سۈپىتى |
| بەيتۇللا | (ئە) | بەيتۇللام ، پەيتۇللا ، پەيتۇللام | ئاللانىڭ ئۆيى (بۇ يەردە ھەرەم ئۇلۇغلانغان ) |
| بەيدۇل | | | ( «ئۇبەيدۇللا» غا قاراڭ ) |
| بەيدۇللا | | | ( «ئۇبەيدۇللا» غا قاراڭ ) |
| بەيسى | | | ( «بەئىس» كە قاراڭ ) |
| بەيسبەگ | | | ( «بەئىسبەگ» كە قاراڭ ) |
| بەيمەت | | | ( «بايمۇھەممەد» كە قاراڭ ) |
| بەيمەتهاجى | | | ( «بايمۇھەممەدھاجى» غا قاراڭ ) |
| بەيىن | (ئە) | | ئوچۇق ، روشەن ، يورۇق ، چۈشىنىشلىك |
| بوران | (پ) | | كۈچلۈك شامال |
| بورەھىم | | | ( «بوۋارەھىم» گە قاراڭ ) |
| بوردۇن | | | ( «بەھرىدىن» گە قاراڭ ) |
| بورهان | | | ( «بۇرھان» غا قاراڭ ) |
| بوسۇغا | (ئۇ) | | ئىشىك بوسۇغىسىنى كۆرسىتىدۇ (بۇ يەردە پەرزەنتىنىڭ چىداملىق ، كەمتەر چوڭ بولۇشى ئۈمىد قىلىنغان ) |

① «بامان» بولسا «بارمان» دىنمۇ ئۆزگىرىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| بوسۇق | (ئە) | بوساق | ئېگىز ، ئېگىز بوي |
| بوسۇقنىياز | (ئەپ) | بوساقنىياز | بوسۇق : ئىسمى ، نىياز : قوشۇمچىسى |
| بوغۇن | (ئۇ) | | ئەۋلاد ، بالا ، نەسىل |
| بوقۇرسا | (ئۇ) | بوقۇسا | بىر خىل دېھقانچىلىق سايمىنى |
| بوۋا | (ئۇ) | بوۋام ، بوۋام | بۇ يەردە بوۋىلارنى ئۇلۇغلاش روھى ئەكس ئېتىدۇ |
| بوۋائاخۇن | (ئۇ) | بوۋاخۇن ، بوۋاخۇن | بوۋايدەك تەجرىبىلىك ، ھۆرمەتلىك |
| بوۋابەگ | (ئۇ) | بوۋبەگ | بوۋا : ئىسمى ، بەگ : قوشۇمچىسى |
| بوۋارەھىم | (ئۇئە) | بورەھىم | رەھىم : ئىسمى ، بوۋا : سۈپىتى |
| بوۋاق | (ئۇ) | بوۋاقىم | بوۋاقتەك پاك ۋە يېقىشلىق |
| بوۋاقۇلى | (ئۇ) | بوۋاقۇل | بوۋاق : ئىسمى ، قۇلى : قوشۇمچىسى |
| بوۋاقىم | | | ( «بوۋاق» قا قاراڭ ) |
| بوۋام | | | ( «بوۋا» غا قاراڭ ) |
| بوۋامۇھەممەد | (ئۇئە) | بومۇھەممەت ، بومەممەت ، بومەت | بوۋا : ئىسمى ، مۇھەممەد : سۈپىتى |
| بوۋانەزەر | (ئۇئە) | بونەزەر | ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ (ئەجدادلارنىڭ) نەزەرىدىكى ئوغۇل |
| بوۋايئاخۇن | (ئۇ) | بوۋىياخۇن | «بوۋائاخۇن» غا ئوخشاش |
| بوۋبەگ | | | ( «بوۋابەگ» كە قاراڭ ) |
| بوۋىياخۇن | | | ( «بوۋايئاخۇن» غا قاراڭ ) |
| بوبخان | | | ( «باباخان» غا قاراڭ ) |
| بوخارا | (پ) | | شەھەر نامى |
| بوراۋىدىن | | | ( «بارائىدىن» گە قاراڭ ) |
| بورسلان | (ئۇ) | | قاپلان |
| بوركان | (ي) | | ۋولقان ؛ يالقۇنتاغ |
| بورھان | (ئە) | بورھان | ئىسپات ، ھۆججەت ، پاكىت (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى) |
| بورھانىدىن① | (ئە) | | دىنىنىڭ ئىسپاتى |
| بوزرۇك② | (پ) | بوزۇر | ئۇلۇغ |

① ئەسلىيسى «بۇرھانۇددىن» .
② «بۇزرۇك» نىڭ ئۆزگىرىشى ئەسلىي ئىسىم «بۇزۇر» غا ئوخشىشىپ قالىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| بۇزرۇكخوجا | (پ) | بۇزرۇرخوجا ، بۇزرۇرغوجى ، بۇزرۇكغوجى | ئۇلۇغ خوجا ، ئۇلۇغ ئۇستاز |
| بۇزرۇر | (ئە) | | (1) «بۇزرۇك» قا قاراڭ ، (2) كېيىنكى ئەۋلاد ، نەۋرىلەر |
| بۇساق | | | («بوسۇق» قا قاراڭ) |
| بۇساقنىياز | | | («بوسۇقنىياز» غا قاراڭ) |
| بۇشرا | (ئە) | | خۇش خەۋەر ، بەخت خەۋىرى |
| بۇغدا | (م) | | تاغ ئىسمى (ئىلاھ ، تەڭرى) |
| بۇغرا | (ئۇ) | | ئەركەك تۆگە |
| بۇغراخان | (ئۇ) | | بۇغرا : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| بۇلاق | (ئۇ) | | بۇ يەردە سۇ ئۇلۇغلانغان |
| بۇكران | (ئە) | | بۇتىلاق |
| بۇلبۇل[①] | (ئە) | بۇلبۇلجان ، بۇلبۇلخان | قۇش ئىسمى (بۇ يەردە بۇلبۇلدەك گۈزەل ۋە يېقىملىق دېگەن مەنىدە كېلىدۇ) |
| بۇلبۇلشاھ | (ئەپ) | بۇلبۇلشا | شاھنىڭ بۇلبۇلى (بۇلبۇل : ئىسمى ، شاھ : سۈپىتى) |
| بۇلبۇللا | (ئە) | | ئاللانىڭ بۇلبۇلى |
| بۇلۇت | (ئۇ) | بۇلۇم ، بۇلۇمجان ، بۇلۇمقارى | ئاپئاق بۇلۇتلار ياكى يامغۇر بۇلۇتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ |
| بۇمەت | | | («بوۋامۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| بۇمەممەت | | | («بوۋامۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| بۇمۇھەممەت | | | («بوۋامۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| بۇنەزەر | | | («بوۋانەزەر» گە قاراڭ) |
| بۇنىياد | (ئە) | بۇنىيات | ئاساس ، يىلتىز |
| بۇنيان | (ئە) | | قۇرماق ، قۇرۇلۇش قىلماق |
| بۇنيامىن | (ئى) | | يۇسۇپ پەيغەمبەرنىڭ ئىنىسىنىڭ ئىسمى ، مەنىسى : ئېنىق ئەمەس |
| بۇۋام | | | («بوۋا» غا قاراڭ) |
| بۇۋاخۇن | | | («بوۋائاخۇن» غا قاراڭ) |
| بۇركۇت | (ئۇ) | بۇركۇتجان | بۇركۇتتەك ئوغۇل («بۇركۇت» قۇش ئىسمى) |

① بۇ ئىسىم ئاياللارغىمۇ قويۇلىدۇ . ئۆزگىرىشلىرىدىن «بۇلبۇلجان» ئەرلەرگە ، «بۇلبۇلخان» جەزمەن ئاياللارغا قويۇلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| بۆرە | (ئۇ) | | ياۋايى هايۋان ئىسمى (بۇ يەردە بۆرە توتېمى ئۇلۇغلىنىپ، ئەجدادلارغا بولغان سېغىنىش ئىپادىلىنىدۇ) |
| بۆرەباي | (ئۇ) | بۆرىۋاي | بۆرە: ئىسمى، باي: سۈپىتى (بۆرە كەبى چەبدەس ۋە ئەقىللىق ئوغۇل) |
| بۆرەتېكىن | (ئۇ) | | بۆرە كەبى ئەقىللىق شاهزادە |
| بۆرەيار | (ئۇپ) | بۆرىيار | بۆرە يار بولىدۇ، بۆرە يول باشلايدۇ (بۇ يەردىمۇ ئەجدادلارغا سېغىنىش روھى ئەكس ئېتىدۇ) |
| بۆرىۋاي | | | («بۆرەباي» غا قاراڭ) |
| بۆرىيار | | | («بۆرەيار» غا قاراڭ) |
| بۆشۈك | (ئۇ) | | بوۋاقنى بۆلەپ باقىدىغان بىر خىل جابدۇق |
| بېشارەت | (ئە) | | خەۋەر، بەلگە |
| بېشىر | | | («بەشىر» گە قاراڭ) |
| بېهىشكەرەم | (پئە) | بەشكېرەم | سېخىي جەننەت (جاي نامى) |
| بىشرۇللا | (ئە) | | ئاللا بەرگەن خۇش خەۋەر (پەرزەنت) |
| بىشرىدىن | (ئە) | | دىنىنىڭ خۇش خەۋىرى |
| بىكيار | | | («بەگيار» غا قاراڭ) |
| بىگيار | | | («بەگيار» غا قاراڭ) |
| بىگاجى | | | («بەگهاجى» غا قاراڭ) |
| بىلال | (ئە) | | ئوچۇق، ساپ هاۋا |
| بىلالىدىن① | (ئە) | | دىنىنىڭ ئوچۇق - يورۇق كىشىسى |
| بىلائىدىن② | (ئە) | بىلايىدىن، ۋالايىدىن | دىنغا كۆكۈل بۆلگۈچى |
| بىلكان | (ئۇ) | | بىلىم كانى |
| بىلگار | | | («بىلگىئەر» گە قاراڭ) |
| بىلگە | (ئۇ) | | ئالىم، ئاقىل، بىلىملىك، دانىشمەن |
| بىلگىئەر | (ئۇ) | | بىلىملىك ئەر |
| بىلگىبەگ | (ئۇ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| بىلگىتاي | (ئۇ) | | بىلگە: ئىسمى، تاي: قوشۇمچىسى |

①② ئەسلىيسى «بىلالىددىن، بىلائىددىن».

| | | | |
|---|---|---|---|
| بىلگىن | (ئۇ) | | بىلىم ئال ؛ بىلىملىك (بۇ يەردە پەرزەنتنىڭ بىلىملىك كىشىلەردىن بولۇشى ئۈمىد قىلىنغان ) |
| بىلگىيار | (ئۇپ) | | ئىلىمنى ۋە ئالىمنى دوست تۇتقۇچى |
| بىللا | (ئە) | | خۇدا ھەققى |
| بىللام | (ئەئۇ) | | مېنىڭ بىللا ئوغلۇم |
| بىلگەر | (ئۇ) | بىلگار | بىلىملىك ئەر ، ئالىم |
| بىلگزاد | (ئۇپ) | بىلگزات ، بىلىكزات | بىلىملىك ئەۋلاد |
| بىلگىيار | (ئۇپ) | | «بىلگىيار» بىلەن ئوخشاش |
| بىلىمدار | (ئۇپ) | | بىلىملىك ، بىلىمى كۆپ |
| بىنائىل | | | مەنىسى ئېنىق ئەمەس |
| بىنايەت | (ئە) | پانايەت ، پىنايەت ، پانائەت | بىنا قىلماق ، قۇرماق |
| بىنۋەلىد | (ئە) | بىنۋەلىت | ۋەلىدنىڭ ئوغلى («ۋەلىد» نىڭ مەنىسى : بوۋاق ، غۇلام ، سەبى ، بالا ، قۇل ، ئۆسمۈر ) |

## ئاياللار ئۈچۈن

| ئاتلىشى | | ئۆزگىرىشلىرى | مەنىسى |
|---|---|---|---|
| باتۇرنىسا | (پئە) | | قەھرىمان ئايال |
| باتىخان | | | («باتىمە» گە قاراڭ ) |
| باتىنە | (ئە) | | «باتىن» بىلەن ئوخشاش |
| باتىيە | (ئە) | | چوڭ لوڭقا ، چوڭ قۇتا |
| بادام | (پ) | بادامخان ، بادامقىز ، بادامگۇل | مېۋە ئىسمى (بۇ يەردە «بادامدەك تاتلىق ۋە ئەتىۋار» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ ) |
| بادامئاي | (پئۇ) | باداماي | بادامدەك تاتلىق قىز |
| بادامخان | | | («بادام» غا قاراڭ ) |
| بادامقىز | | | («بادام» غا قاراڭ ) |
| بادامگۇل | | | («بادام» غا قاراڭ ) |
| بادامنىسا | (پئە) | | بادامدەك ئەتىۋار ئايال |
| بادىنە | (ئە) | | جىسمى يېتىلگەن ، تولغان |

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| بادىيە | (ئە) | | سەھرا ؛ قۇملۇق ؛ ئادىمزات ئاياق باسمىغان جاي |
| باراتئاي[1] | (ئەئۇ) | بارتاي ، بارىتاي | بارات ئېيىدا تۇغۇلغان قىز |
| باراتگۇل[2] | (ئەپ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| بارىزە | (ئە) | | گەۋدىلىك ، روشەن ؛ داڭلىق ، نامدار ( «بارىز» بىلەن ئوخشاش ) |
| بارىيە | (ئە) | | «بارى» بىلەن ئوخشاش |
| باستە | (ئە) | | «باست» بىلەن ئوخشاش |
| باسىرە | (ئە) | | كۆز |
| باسىمە | (ئە) | باسىمخان ، باسىمگۇل | «باسىم» بىلەن ئوخشاش |
| باغچىگۇل | (ئۇپ) | | باغچىدىكى گۇلدەك قىز |
| باغدادگۇل | (ئەپ) | باغداتگۇل | باغداد : ئىسمى ، گۇل : سۈپىتى |
| باغىلەم | (ئۇ) | | مېنىڭ بېغىم ، مەن يايلايدىغان باغ |
| باغىمنىسا | (ئۇئە) | | باغىم : ئىسمى ، نىسا : قوشۇمچىسى |
| باغنىسا | (ئۇئە) | | ئاياللارنىڭ بېغى |
| باقىنىيازخان | (ئەپئۇ) | | مەڭگۈلۈك بەخشەندە قىلىنغان ئايال |
| باقىيە | (ئە) | | «باقى» بىلەن ئوخشاش |
| باكىرە | (ئە) | | ئەڭ بالدۇر پىشقان مېۋە |
| بالئاي | (پئۇ) | | ھەسەلدەك قىز |
| بالە | (ئە) | بالەت | خۇش پۇراق نەرسىلەرنى ئالىدىغان ئەينەك قۇتا |
| بالبىبى | (پ) | بالبۇۋى | ھەسەلدەك خېنىم |
| بالخان | (پئۇ) | | ھەسەلدەك ئايال |
| بالقىز | (پئۇ) | | «بالئاي» بىلەن ئوخشاش |
| بالگۇل | (پ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| بالىخان[3] | (ئۇ) | | (1) «ئەرلەر ئۇچۇن» بېرىلگەن «بالىخان» غا قاراڭ ، (2) بالا : ئىسمى ، خان : قوشۇمچىسى |
| بامىخان | | | ( «بائىمە» گە قاراڭ ) |

①② ئەسلىيسى «بەرائەتئاي ، بەرائەتگۇل» .
③ «بالىخان» ئەرلەرگىمۇ قويۇلىدۇ .

| | | |
|---|---|---|
| بانۇ | (پ) بانۇم ، بانىـــخـان ، بانىقىز ، بانىگۈل | خېنىم ، ھەمشىرە |
| بانۇم | (پئۇ) بانۇمخان | خان قىـــزىـم («بـانـۇ» نىـــڭ ئۆزگىرىشى) |
| بانىخان | | («بانۇ» غا قاراڭ) |
| بانىقىز | | («بانۇ» غا قاراڭ) |
| بانىگۈل | | («بانۇ» غا قاراڭ) |
| بانىيە | (ئە) | قۇرغۇچى |
| باھار | (پ) باھارخان ، باھارقىـــز ، باھارگۈل ، باھارەم | باھار پەسلىدەك ئىللىق |
| باھارئاي | (پئۇ) باھاراي | باھاردەك ئىللىق قىز |
| باھارئايىم | (پئۇ) | مېنىڭ باھاردەك ئىللىق قىزىم ، مېنىڭ باھارىم |
| باھارەم | | («باھار» غا قاراڭ) |
| باھاربانۇ | (پ) | باھاردەك ئىللىق خېنىم |
| باھارخان | | («باھار» غا قاراڭ) |
| باھارقىز | | («باھار» غا قاراڭ) |
| باھارگۈل | | («باھار» غا قاراڭ) |
| باھارنۇر | (پئە) | باھارنىڭ ئىللىق نۇرى |
| باھارنىسا | (پئە) | باھاردەك ئىللىق ئايال ؛ ئاياللارنىڭ باھارى |
| باھىرە | (ئە) | «باھىر» غا ئوخشاش |
| بائىرە | (ئە) بايىرە | توي قىلمىغان ، ياشقا چوڭ قىز |
| بائىزە | | («بائىسە» گە قاراڭ) |
| بائىسئاي | (ئەئۇ) بائىساي | بائىس : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى («بائىس» كە قاراڭ) |
| بائىسە | (ئە) بائىزە ، بايىزە | «بائىس» بىلەن ئوخشاش |
| بائىسخان | (ئەئۇ) بايىسخان | بائىس : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| بائىمە | (ئە) بايىمە ، بائىـــممە ، بائىمخان ، بايىممە ، بامىخان | مەنىسى ئېنىق ئەمەس |
| بائىنە | (ئە) بايىنە | «بائىن» بىلەن ئوخشاش |
| بايىبۇۋى | | («بايىبىبى» گە قاراڭ) |
| بايىبىبى | (ئۇپ) بايىبۇۋى | باي خېنىم |

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



| | | | |
|---|---|---|---|
| بايبىكە | (ئۇ) | | «بايبىبى» بىلەن ئوخشاش |
| بايچوڭخان | (ئۇ) | | «بايچوڭ» غا ئوخشاش |
| بايچىچەك | (ئۇ) | | چىچەك : ئىسمى ، باي : سۈپىتى |
| بايرامخان | (ئۇ) | | بايرام كۈنلىرى تۇغۇلغان |
| بايىسخان | | | ( «بائىسخان» غا قاراڭ ) |
| بايقىز | (ئۇ) | | باياشات قىز |
| بايگۈل | (ئۇپ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| باينىسا | (ئۇئە) | | ئاياللارنىڭ بېيى ، باي ئايال |
| بايىرە | | | ( «بائىرە» گە قاراڭ ) |
| بايىزە | | | ( «بائىزە» گە قاراڭ ) |
| بايىمە | | | ( «بائىمە» گە قاراڭ ) |
| بايىممە | | | ( «بائىمە» گە قاراڭ ) |
| بايىنە | | | ( «بائىنە» گە قاراڭ ) |
| بەتۈلىيە | (ئە) | | پاكلىق |
| بەجەقىز | | | ( «بىبىھاجەر» گە قاراڭ ) |
| بەختىسائادەتخان | (پئەئۇ) | بەختىسادەتخان | بەخت ـ سائادەتلىك ئايال |
| بەختىتاجىخان | (پئەئۇ) | | «بەختىتاجى» بىلەن ئوخشاش |
| بەختچوڭخان | (پئۇ) | | «بەختچوڭ» بىلەن ئوخشاش |
| بەختخان | (پئۇ) | | بەختلىك ئايال ( «بەختى» بىلەن ئوخشاش ) |
| بەختىدۆلەتخان | (پئەئۇ) | | «بەختىدۆلەت» بىلەن ئوخشاش |
| بەختىسادەتخان | | | ( «بەختىسائادەتخان» غا قاراڭ ) |
| بەختىساھىبە | (پئە) | | بەخت ئىگىسى ، بەخت ھەمراھ بولغۇچى |
| بەختىقىز | (پئۇ) | | بەختلىك قىز |
| بەختىگۈل | (پ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| بەختىنۇر | (پئە) | | بەخت نۇرى ، بەختلىك قىز |
| بەختىنىسا | (پئە) | بەختىنىساخان ، بەختنىساخان | ئاياللارنىڭ بەختى |
| بەختىنىيازخان | (پئۇ) | | «بەختىنىياز» غا ئوخشاش |
| بەخشخان | (پئۇ) | | «بەخش» بىلەن ئوخشاش (بۇ يەردە «ئاللا بىر قىز پەرزەنت بەردى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ ) |
| بەدەلئاي | (ئەئۇ) | | قىز ئىزباسار |
| بەدەلخان | (ئەئۇ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| بەدەلقىز | (ئەئۇ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |

| | | | |
|---|---|---|---|
| بەدەلنۇر | (ئە ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| بەدرىبانۇ | (ئەپ ) | بەدىربانۇ | تولۇن ئايدەك خېنىم |
| بەدرىجامال[1] | (ئە ) | | چىرايى تولۇن ئاي كەبى قىز ، گۈزەللىكتە تولغان ئاي ، تولغان ئايدەك گۈزەل |
| بەدرىجاھان[2] | (ئەپ ) | | جاھاننىڭ تولغان ئېيى |
| بەدرىكامالخان[3] | (ئەئۇ ) | | «بەدرىكامال » بىلەن ئوخشاش |
| بەدرىگۈل | (ئەپ ) | | تولۇن ئايدەك قىز |
| بەدرىنىسا | (ئە ) | بەدرىنسا | ئاياللارنىڭ تولۇن ئېيى ، تولۇن ئايدەك ئايال |
| بەدرىھايات[4] | (ئە ) | | ھاياتلىقتىكى تولۇن ئاي ، ھاياتنىڭ تولغان ئېيى |
| بەدرىيە | (ئە ) | | «بەدرى» بىلەن ئوخشاش |
| بەدىئە | (ئە ) | بەدىيە | يېڭى ئىش ، ئاز كۆرۈلىدىغان ئەھۋال |
| بەدىربانۇ | | | ( «بەدرىبانۇ » غا قاراڭ ) |
| بەدىنە | (ئە ) | بەدىنەم | جىسمى يېتىلگەن ، تولغان ( «بادىنە» بىلەن ئوخشاش ) |
| بەدىنۇر | | | ( «بەدىئنۇر » غا قاراڭ ) |
| بەدىئۇلجامال[5] | (ئە ) | | گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى |
| بەدىئنۇر | (ئە ) | بەدىنۇر | نۇردەك گۈزەل |
| بەرقىيە | (ئە ) | | تېلېگراممىا ؛ نۇر كەبى قىز ، چاقماقتەك قىز |
| بەرگىگۈل | (پ ) | | گۈل بەرگىدەك نازۇك قىز |
| بەرنا | (پ ) | بەرناقىز ، بەرناگۈل | ياش ، كېلىشكەن ئايال |
| بەرنائاي | (پئۇ ) | | كېلىشكەن قىز |
| بەرناقىز | | | ( «بەرنا» غا قاراڭ ) |
| بەرناگۈل | | | ( «بەرنا» غا قاراڭ ) |
| بەسالەت | (ئە ) | | باتۇرلۇق ، جەسۇرلۇق |
| بەسەرئاي | (ئەئۇ ) | بەسىراي | نەزەر كۆچى ئالاھىدە قىز |
| بەسەرخان | (ئەئۇ ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |

① ئەسلىيسى «بەدرىجەمال» . بۇ ئىسىم ئەرلەرگىمۇ قويۇلىدۇ .
②③④⑤ ئەسلىيسى «بەدرىجەھان ، بەدرىكەمالخان ، بەدرىھەيات ، بەدىئۇلجەمال» .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| بەسىراي | | | («بەسەرئاي» غا ياكى «بەسىرئاي» غا قاراڭ) |
| بەسىرە | (ئە) | بەسىرگۈل، بەسىرخان | كۆزى نۇرلۇق، ئۆتكۈر؛ كۆز نۇرى، كۆرۈش قۇۋۋىتى |
| بەسىرئاي | (ئە) | بەسىراي | كۆزى نۇرلۇق، ئۆتكۈر قىز |
| بەسىرخان | | | («بەسىرە» گە قاراڭ) |
| بەسىرگۈل | | | («بەسىرە» گە قاراڭ) |
| بەسىماي | | | («بەسىمئاي» غا قاراڭ) |
| بەسىمە | (ئە) | | «باسىم» بىلەن ئوخشاش |
| بەسىمئاي | (ئەئۇ) | بەسىماي | كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان قىز |
| بەشەرئاي | (ئەئۇ) | | ئاي سۈپەت قىز، ئادەملەر ئارىسىدىكى ئاي، ئايدەك چىرايلىق ئىنسان |
| بەشىرە | (ئە) | | «بەشىر» بىلەن ئوخشاش |
| بەشىرئاي | (ئەئۇ) | | (1) خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى قىز؛ (2) «بەشەرئاي» بىلەن ئوخشاش |
| بەكىرە | (ئە) | | «باكىرە» بىلەن ئوخشاش |
| بەگزادىخان | (ئۇپئۇ) | | بەگ قىزى (بەگزادە: ئىسمى، خان: سۈپىتى) |
| بەنەزەر | (پئە) | | بەك گۈزەل، نەزەرگە لايىق |
| بەھرىقىز | (پئۇ) | | مەنپەئەتلىك قىز |
| بەھرىگۈل | (پ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| بەھرىنىسا | (پئە) | بەھرىنسا | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| بەھرىنىساقىز | (پئەئۇ) | بەھرىنساقىز | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| بەھرىيە | (پئە) | | (1) «بەھرى» گە مۇئەننەسلىك ئىپادە «ئە» قوشۇلۇپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن؛ (2) ئەرەبچىدە دېڭىزچى، كېمىچى، سۇ ئەسكىرى ۋە دېڭىز ئارمىيەسىنى كۆرسىتىدۇ |
| بەھىيە | (ئە) | | «بەھى» بىلەن ئوخشاش |
| بەئىسخان | (ئەئۇ) | بەيسخان | باتۇر، قەيسەر ئايال |
| بەئىسگۈل | (ئەپ) | بەيسگۈل | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| بەيتۇللانىسا | (ئە) | | «بەيتۇللا» غا «نىسا» نى قوشۇش ئارقىلىق ئاياللارغا خاس ئىسىم قىلىنغان |

| | | | |
|---|---|---|---|
| بەيسخان | | | ( «بەئىسخان» غا قاراڭ ) |
| بەيسگۈل | | | ( «بەئىسگۈل» گە قاراڭ ) |
| بەينخان | | | ( «بەيىنە» گە قاراڭ ) |
| بەيىنە | (ئە) | بەينخان | ئىسپات، پاكىت، ئاساس؛ گۇۋاھچى ( «قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى ) |
| بوستان | (پ) | بوستانگۈل | باغ، باغچە (بۇ يەردە قىز پەرزەنت باغچىدىكى گۈللەرگە، ياپيېشىل مەنزىرىگە تەقلىد قىلىنىدۇ) |
| بوستانئاي | (پئۇ) | | باغچىدىكى گۈللەر كەبى قىز |
| بوستانگۈل | | | ( «بوستان» غا قاراڭ ) |
| بوۋاخان | (ئۇ) | بوۋاخان، بوۋىخان | بوۋا : ئىسمى، خان : سۈپىتى |
| بوۋاقخان | (ئۇ) | بوۋاقخان | بوۋاق : ئىسمى، خان : سۈپىتى |
| بوۋىخان | | | ( «بوۋاخان» غا قاراڭ ) |
| بۇئاتىكە | | | ( «بىبىئاتىكە» گە قاراڭ ) |
| بۇئارزۇ | | | ( «بىبىئارزۇ» غا قاراڭ ) |
| بۇئاسىمە | | | ( «بىبىئاسىمە» گە قاراڭ ) |
| بۇئاسىمخان | | | ( «بىبىئاسىمە» گە قاراڭ ) |
| بۇئالىيە | | | ( «بىبىئالىيە» گە قاراڭ ) |
| بۇئالىمگۈل | | | ( «بىبىئالىمگۈل» گە قاراڭ ) |
| بۇئامىنە[1] | | | ( «بىبىئامىنە» گە قاراڭ ) |
| بۇئايسە | | | ( «بىبىئائىزە» گە قاراڭ ) |
| بۇئايشەم | | | ( «بىبىئائىشە» گە قاراڭ ) |
| بۇئايشەمخان | | | ( «بىبىئائىشە» گە قاراڭ ) |
| بۇبىخان | | | ( «بىبى» گە قاراڭ ) |
| بۇپاتىمە | | | ( «بىبىپاتىمە» گە قاراڭ ) |
| بۇجامال | | | ( «بىبىجامال» غا قاراڭ ) |
| بۇجەننەت | | | ( «بىبىجەننەت» كە قاراڭ ) |
| بۇچەم | | | ( «بىبىخەدىچە» گە قاراڭ ) |
| بۇچىخان | | | ( «بىبىخەدىچخان» غا قاراڭ ) |
| بۇچىناي | | | ( «بىبىچىنىئاي» غا قاراڭ ) |
| بۇخەلچىخان | | | ( «بىبىخەدىچخان» غا قاراڭ ) |
| بۇخەلىچە | | | ( «بىبىخەدىچە» گە قاراڭ ) |
| بۇرابىيە | | | ( «بىبىرابىئە» گە قاراڭ ) |

① «بىبىئامىنە» بىلەن «بىبىئەمىنە» ئوخشاشلا «بۇئامىنە» گە ئۆزگىرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇرابىيەم ( «بىبىرابىئە» گە قاراڭ )
بۇرابىخان ( «بىبىرابىئە» گە قاراڭ )
بۇراۋخان ( «بىبىرابىئە» گە قاراڭ )
بۇرەھىمە ( «بىبىرەھىمە» گە قاراڭ )
بۇرەھىمەئاي ( «بىبىرەھىمەئاي» غا قاراڭ )
بۇرەھىمگۈل ( «بىبىرەھىمە» گە قاراڭ )
بۇزەينە ( «بىبىزەينە» گە قاراڭ )
بۇزەينەپ ( «بىبىزەينەب» كە قاراڭ )
بۇزورا ( «بىبىزۆھرە» گە قاراڭ )
بۇزوراخان ( «بىبىزۆھرە» گە قاراڭ )
بۇزۆرەم ( «بىبىزۆھرە» گە قاراڭ )
بۇزىلەي ( «بىبىزۇلھەي» گە قاراڭ )
بۇزىننەت ( «بىبىزىننەت» كە قاراڭ )
بۇسادەت ( «بىبىسائادەت» كە قاراڭ )
بۇسارە ( «بىبىسارە» گە قاراڭ )
بۇسارەم ( «بىبىسارە» گە قاراڭ )
بۇسارىخان ( «بىبىسارە» گە قاراڭ )
بۇسەرا ( «بىبىسەررا ، بىبىسەھرا» غا قاراڭ )
بۇسەلىمە ( «بىبىسەلىمە» گە قاراڭ )
بۇسالى ( «بىبىسالىھ» كە قاراڭ )
بۇسەمەرخان ( «بىبىسەمەرخان» غا قاراڭ )
بۇسەنەم ( «بىبىسەنەم» گە قاراڭ )
بۇسەئىدە ( «بىبىسەئىدە» گە قاراڭ )
بۇسەيدەم ( «بىبىسەئىدە» گە قاراڭ )
بۇسەيدى ( «بىبىسەئىدە» گە قاراڭ )
بۇسەيرەم ( «بىبىسەيرى» گە قاراڭ )
بۇسەيلەم ( «بىبىسەيرى» گە قاراڭ )
بۇسەيلى ( «بىبىسەيرى» گە قاراڭ )
بۇسەينەم ( «بىبىزەينە» گە قاراڭ )
بۇشارە (ئە) بۇشارەم سۆيۈنچە
بۇشەرى ( «بىبىشەھرى» گە قاراڭ )
بۇشەرىپە ( «بىبىشەرىپە» گە قاراڭ )
بۇشەرىخان ( «بىبىشەھرى» گە قاراڭ )
بۇشەھرى ( «بىبىشەھرى» گە قاراڭ )

| | | |
|---|---|---|
| بۈلاقئاي | (ئۇ) | كۆزى بۈلاقتەك ، يۈزى ئايدەك قىز |
| بۈلبۈلخان | (ئەئۇ) | بۈلبۈلدەك ئايال |
| بۈماھرۇي | | ( «بىبىماھرۇي» غا قاراڭ ) |
| بۈمەرەم | | ( «بىبىمەريەم» گە قاراڭ ) |
| بۈمەريەم | | ( «بىبىمەريەم» گە قاراڭ ) |
| بۈنىسا | | ( «بىبىنىسا» غا قاراڭ ) |
| بۈنىياز | | ( «بىبىنىياز» غا قاراڭ ) |
| بۈنىيازخان | | ( «بىبىنىيازخان» غا قاراڭ ) |
| بۈھەيرە | (ئە) | كۆل |
| بۈۋاتىكە | | ( «بىبىئاتىكە» گە قاراڭ ) |
| بۈۋاخان | | ( «بوۋاخان» غا قاراڭ ) |
| بۈۋاسىمە | | ( «بىبىئاسىمە» گە قاراڭ ) |
| بۈۋاسىمخان | | ( «بىبىئاسىمە» گە قاراڭ ) |
| بۈۋاشەم | | ( «بىبىئائىشە» گە قاراڭ ) |
| بۈۋاشخان | | ( «بىبىئائىشە» گە قاراڭ ) |
| بۈۋاقخان | | ( «بوۋاقخان» غا قاراڭ ) |
| بۈۋالىم | | ( «بىبىئالىم» گە قاراڭ ) |
| بۈۋالىمە | | ( «بىبىئالىمە» گە قاراڭ ) |
| بۈۋالىمگۈل | | ( «بىبىئالىمگۈل» گە قاراڭ ) |
| بۈۋالىيە | | ( «بىبىئالىيە» گە قاراڭ ) |
| بۈۋامىنە | | ( «بىبىئامىنە» گە قاراڭ ) |
| بۈۋايسە | | ( «بىبىئائىزە» گە قاراڭ ) |
| بۈۋايشەم | | ( «بىبىئائىشە» گە قاراڭ ) |
| بۈۋەختەر | | ( «بىبىئەختەر» گە قاراڭ ) |
| بۈۋەرەم | | ( «بىبىھەرەم» گە قاراڭ ) |
| بۈۋەرەمخان | | ( «بىبىھەرەمخان» غا قاراڭ ) |
| بۈۋەرىخان | | ( «بىبىھەرەمخان» غا قاراڭ ) |
| بۈۋەزىرە | | ( «بىبىۋەزىرە» گە قاراڭ ) |
| بۈۋەيزىخان | | ( «بىبىپەيزىخان» غا قاراڭ ) |
| بۈۋەنبەر | | ( «بىبىئەنبەر» گە قاراڭ ) |
| بۈۋەيسەم | | ( «بىبىۋەيس» كە قاراڭ ) |
| بۆشخان | | ( «بىبىئائىشە» گە قاراڭ ) |
| بۈرەۋىخان | | ( «بىبىرابىئە» گە قاراڭ ) |
| بۈمەخان | | ( «بىبىمەريەمخان» غا قاراڭ ) |
| بۈمەريەمخان | | ( «بىبىمەريەمخان» غا قاراڭ ) |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بۇمەريەمگۈل ( «بىبىمەريەمگۈل» گە قاراڭ )
بۇۋەجەر ( «بىبىھاجەر» گە قاراڭ )
بۇۋەجەرخان ( «بىبىھاجەر» گە قاراڭ )
بۇۋەجەرقىز ( «بىبىھاجەر» گە قاراڭ )
بۇۋەرەم ( «بىبىھەرەم» گە قاراڭ )
بۇۋەرەمخان ( «بىبىھەرەمخان» غا قاراڭ )
بۇۋەرىخان ( «بىبىرابىئە» گە قاراڭ )
بۇۋەشىخان ( «بىبىئائىشە» گە قاراڭ )
بۇۋىنىسا ( «بىبىنىسا» غا قاراڭ )
بۇۋىئالىم ( «بىبىئالىم» گە قاراڭ )
بۇۋىئالىمخان ( «بىبىئالىم» غا قاراڭ )
بۇۋىئالىمگۈل ( «بىبىئالىمگۈل» گە قاراڭ )
بۇۋىئەزىزە ( «بىبىئەزىزە» گە قاراڭ )
بۇۋىپاتىمەم ( «بىبىپاتىمە» گە قاراڭ )
بۇۋىجامال ( «بىبىجامال» غا قاراڭ )
بۇۋىجاھان ( «بىبىجاھان» غا قاراڭ )
بۇۋىجەننەت ( «بىبىجەننەت» كە قاراڭ )
بۇۋىخان ( «بىبىخان» غا قاراڭ )
بۇۋىدانا ( «بىبىدانا» غا قاراڭ )
بۇۋىداناخان ( «بىبىدانا» غا قاراڭ )
بۇۋىدەناخان ( «بىبىدانا» غا قاراڭ )
بۇۋىرابىيە ( «بىبىرابىئە» گە قاراڭ )
بۇۋىرازىيە ( «بىبىرازىيە» گە قاراڭ )
بۇۋىراھىلە ( «بىبىراھىلە» گە قاراڭ )
بۇۋىراۋىخان ( «بىبىرابىئە» گە قاراڭ )
بۇۋىرەھىمە ( «بىبىرەھىمە» گە قاراڭ )
بۇۋىرەھىمئاي ( «بىبىرەھىمئاي» غا قاراڭ )
بۇۋىرەيخان ( «بىبىرەيھان» غا قاراڭ )
بۇۋىرەيھان ( «بىبىرەيھان» غا قاراڭ )
بۇۋىرۇقىيە ( «بىبىرۇقىيە» گە قاراڭ )
بۇۋىزادە ( «بىبىزادە» گە قاراڭ )
بۇۋىزادەم ( «بىبىزادە» گە قاراڭ )
بۇۋىزاھىدە ( «بىبىزاھىدە» گە قاراڭ )
بۇۋىزەرىپە ( «بىبىزەرىپە» گە قاراڭ )
بۇۋىزەمىرە ( «بىبىزەمىرە» گە قاراڭ )

| | |
|---|---|
| بۇۋىزەينەپ | ( «بىبىزەينەب» كە قاراڭ ) |
| بۇۋىزۇبەيدە | ( «بىبىزۇبەيدە» گە قاراڭ ) |
| بۇۋىزۇلەيخا | ( «بىبىزۇلھەيخا» غا قاراڭ ) |
| بۇۋىزۇلھەي | ( «بىبىزۇلھەي» گە قاراڭ ) |
| بۇۋىزىلال | ( «بىبىزىلال» غا قاراڭ ) |
| بۇۋىزىلەي | ( «بىبىزۇلھەي» گە قاراڭ ) |
| بۇۋىزىلەيخا | ( «بىبىزۇلھەيخا» گە قاراڭ ) |
| بۇۋىزىننەت | ( «بىبىزىننەت» كە قاراڭ ) |
| بۇۋىسائەت | ( «بىبىسائەت» كە قاراڭ ) |
| بۇۋىسائەتخان | ( «بىبىسائەتخان» غا قاراڭ ) |
| بۇۋىساجىدە | ( «بىبىساجىدە» گە قاراڭ ) |
| بۇۋىسادەت | ( «بىبىسائادەت» كە قاراڭ ) |
| بۇۋىسارە | ( «بىبىسارە» گە قاراڭ ) |
| بۇۋىسارەم | ( «بىبىسارە» گە قاراڭ ) |
| بۇۋىسالامەت | ( «بىبىسالامەت» كە قاراڭ ) |
| بۇۋىسالى | ( «بىبىسالىھ» كە قاراڭ ) |
| بۇۋىسالىم | ( «بىبىسالىم» غا قاراڭ ) |
| بۇۋىسالىمە | ( «بىبىسالىمە» گە قاراڭ ) |
| بۇۋىسالىمخان | ( «بىبىسالىمخان» غا قاراڭ ) |
| بۇۋىسالىھە | ( «بىبىسالىھە» گە قاراڭ ) |
| بۇۋىسالىيە | ( «بىبىسالىھە» گە قاراڭ ) |
| بۇۋىسەل | ( «بىبىئەسەل» گە قاراڭ ) |
| بۇۋىسەلىمە | ( «بىبىسەلىمە» گە قاراڭ ) |
| بۇۋىسەنەم | ( «بىبىسەنەم» گە قاراڭ ) |
| بۇۋىسەئىدە | ( «بىبىسەئىدە» گە قاراڭ ) |
| بۇۋىسەيلەم | ( «بىبىسەيرى» گە قاراڭ ) |
| بۇۋىسۇلتان | ( «بىبىسۇلتان» غا قاراڭ ) |
| بۇۋىشەرىپە | ( «بىبىشەرىپە» گە قاراڭ ) |
| بۇۋىقىز | ( «بىبىقىز» غا قاراڭ ) |
| بۇۋىكامىلە | ( «بىبىكامىلە» گە قاراڭ ) |
| بۇۋىگۈل | ( «بىبىگۈل» گە قاراڭ ) |
| بۇۋىماھىرۇي | ( «بىبىماھىرۇي» غا قاراڭ ) |
| بۇۋىمەريەم | ( «بىبىمەريەم» گە قاراڭ ) |
| بۇۋىمەريەمخان | ( «بىبىمەريەم» گە قاراڭ ) |
| بۇۋىمەريەمگۈل | ( «بىبىمەريەمگۈل» گە قاراڭ ) |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| بۇۋىمەلۇم | | | («بىبىمەئلۇم» غا قاراڭ) |
| بۇۋىنار | | | («بىبىئانار» غا قاراڭ) |
| بۇۋىناز | | | («بىبىناز» غا قاراڭ) |
| بۇۋىنۇر | | | («بىبىنۇر» غا قاراڭ) |
| بۇۋىنىسا | | | («بىبىنىسا» غا قاراڭ) |
| بۇۋىنىياز | | | («بىبىنىياز» غا قاراڭ) |
| بۇۋىنىيازخان | | | («بىبىنىيازخان» غا قاراڭ) |
| بۇۋىھادىيە | | | («بىبىھادىيە» گە قاراڭ) |
| بۇۋىھەپىزە | | | («بىبىھەپىزە» گە قاراڭ) |
| بۇۋىھەجەر | | | («بىبىھاجەر» گە قاراڭ) |
| بۇۋىھەرەم | | | («بىبىھەرەم» گە قاراڭ) |
| بۇۋىھەرەمخان | | | («بىبىھەرەمخان» غا قاراڭ) |
| بۇۋىھەسەل | | | («بىبىئەسەل» گە قاراڭ) |
| بۇۋىھەسەلخان | | | («بىبىئەسەلخان» غا قاراڭ) |
| بۇۋىھەسرەت | | | («بىبىھەسرەت» كە قاراڭ) |
| بۇۋىھەنىپە | | | («بىبىھەنىپە» گە قاراڭ) |
| بۇۋىھەنىپخان | | | («بىبىھەنىپخان» غا قاراڭ) |
| بۇۋىھوشۇر | | | («بىبىئۇشۇر» غا قاراڭ) |
| بۇۋىھوشۇرخان | | | («بىبىئۇشۇرخان» غا قاراڭ) |
| بىشارەتخان | (ئەئۇ) | بىشارەتخان | «بىشارەت» بىلەن ئوخشاش |
| بىلىقخان | (ئۇ) | | بىلىقتەك تولغان، سىلىق ئايال |
| بىلىقىز | | | («بىلقىس» قا قاراڭ) |
| بىبى[①] | (پ) | بۇبى، بىبە، بۇبىخان، بۇۋى، بۇۋىخان، بۇۋىقىز، بۇۋىگۈل | چوڭ ئانا، خېنىم، خانقىز |
| بىبىئاتىكە | (پئە) | بۇئاتىكە، بۇۋاتىكە | سېخىي خېنىم |
| بىبىئارزۇ | (پ) | بۇئارزۇ | ئارزۇلۇق خېنىم |
| بىبىئاسىمە | (پئە) | بۇئاسىمە، بۇئاسىمخان، بۇۋاسىمە، بۇۋاسىمخان | پاك خېنىم |

① «بىبى» نىڭ «بۇبى، بىبە، بۇبىخان» دېگەن ئۆزگىرىشلىرىمۇ بار. ئۇ «باباخان» نىڭ «بۇبىخان» دېگەن ئۆزگىرىشىگە ئوخشىشىپ قالىدۇ. ئەمما «باباخان» دىن ئۆزگەرگەن «بۇبىخان» ھەرگىز «بۇۋىخان» بولمايدۇ ۋە ئۇ ئەرلەرگە قويۇلىدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| بىبىئالىم | (پئە) بۇۋئالىم ، بۇۋدئالىم ، بۇۋئالىمخان | ئالىم خېنىم ، بىلىملىك خېنىم |
| بىبىئالىمە | (پئە) بۇۋالىمە | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| بىبىئالىمگۇل | (پئەپ) بۇئالىمگۇل ، بۇۋالىمگۇل ، بۇۋئالىمگۇل | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| بىبىئالىيە | (پئە) بۇئالىيە ، بۇۋالىيە | ئۇستۇن خېنىم |
| بىبىئامىنە | (پئە) بۇئامىنە ، بۇئامىنەم ، بۇۋامىنە | ئىتىقادلىق ، تىنچ خېنىم |
| بىبىئانار | (پئۇ) بۇۋنار | ئانار يۈزلۈك خېنىم |
| بىبىئىزە | (پئە) بۇئايسە ، بۇۋايسە | پەقىر خېنىم |
| بىبىئائىشە[1] | (پئە) بۇئايشەم ، بۇئايشەمخان | ئائىشەدەك خېنىم («ئائىشە» گە قاراڭ) |
| بىبىئەختەر | (پ) بۇۋەختەر | يۇلتۇزدەك خېنىم |
| بىبىئەزىزە | (پئە) بۇۋئەزىزە | ئەزىز ، قەدىرلىك خېنىم |
| بىبىئەسەل | (پئە) بۇۋسەل ، بۇۋھەسەل | ھەسەلدەك خېنىم |
| بىبىئەسەلخان | (پئەئۇ) بۇۋھەسەلخان | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| بىبىئەمىنە[2] | (پئە) بۇئامىنە | «بىبىئامىنە» گە ئوخشاش |
| بىبىئەنبەر | (پ) بۇۋەنبەر | ئەنبەردەك خۇش پۇراق خېنىم |
| بىبىپاتىمە | (پئە) بۇپاتىمە ، بۇۋپاتىمە ، بۇۋپاتىمەم | بىبىپاتىمىدەك خېنىم («پاتىمە» ئۇچۇن «پ» بابىغا قاراڭ) |
| بىبىپەيزىخان | (پئەئۇ) بۇۋەيزىخان | ئېسىل ، ئالىيجاناب خېنىم |
| بىبىجامال[3] | (پئە) بۇجامال ، بۇۋجامال ، بۇۋجامالخان | گۈزەل خېنىم |
| بىبىجاھان[4] | (پ) بۇۋجاھان | جاھانغا مەشھۇر ، تونۇلغان خېنىم |
| بىبىجەننەت | (پئە) بۇجەننەت ، بۇۋجەننەت | جەننەت : ئىسمى ، بىبى : سۈپىتى («جەننەت» ئۇچۇن «ج» بابىغا قاراڭ) |

① «بىبىئائىشە» نىڭ يەنە «بۇۋاشەم ، بۇۋاشخان ، بۇۋاشقىز ، بۇۋاشگۈل ، بۇۋەشخان ، بۆشخان» دېگەن ئۆزگىرىشلىرى بار .
② «بىبىئەمىنە» بىلەن «بىبىئامىنە» نىڭ ئۆزگىرىشى ئوخشايدۇ ، ئۇلار مەنە جەھەتتىمۇ ئوخشاش .
③④ ئەسلىيسى «بىبىجەمال ، بىبىجەھان» .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| بىبىچىنىئاي | (پئۇ ) | بۇچىناي ، پۇچىناي | چىنىئاي : ئىسمى ، بىبى : سۈپىتى ( «چىنىئاي» ئۇچۇن «چ» بابىغا قاراڭ ) |
| بىبىخان | (پئۇ ) | بۇۋىخان | بىبى : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| بىبىخەدىجە | (پئە ) | بۇخەلىچە ، بۇخەلىچەم ، بۇچەم | خەدىجە ئىسمى ، بىبى : سۈپىتى ( «خەدىجە» گە قاراڭ ) |
| بىبىخەدىجىخان | (پئەئۇ ) | بۇخەلىچىخان ، بۇچىخان | بىبىخەدىجە : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| بىبىدانا | (پ ) | بۇۋىدانا ، بۇۋىدانا-خان ، بۇۋىدەناخان | دانىشمەن ، بىلىملىك ، ئەقىللىق خېنىم |
| بىبىرابىئە① | (پئە ) | بۇرابىيە ، بۇرابىيەم ، بۇرابىخان ، بۇراۋىخان | (1) ئوتتۇرا بوي خېنىم ، (2) تۆتىنچى خېنىم ، (3) رەھىمدىل خېنىم |
| بىبىرازىيە | (پئە ) | بۇۋىرازىيە | خۇشال خېنىم |
| بىبىراھىلە | (پئە ) | بۇۋىراھىلە | راھىلە : ئىسمى ، بىبى : سۈپىتى ( «راھىلە» نىڭ مەنىسى ئۇچۇن «ر» بابىغا قاراڭ ) |
| بىبىرەھىمە | (پئە ) | بۇرەھىمە ، بۇ-رەھىمگۈل ، بۇۋىرەھىمە | رەھىمدىل خېنىم |
| بىبىرەھىمئاي | (پئەئۇ ) | بۇرەھىمئاي ، بۇۋىرەھىمئاي | بىبىرەھىمە : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى (بۇ يەردە «ئايدەك چىرايلىق ۋە رەھىمدىل خېنىم» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ ) |
| بىبىرەيھان | (پ ) | بۇۋىرەيخان ، بۇۋى-رەيھان | رەيھان گۈلىدەك خۇش پۇراق خېنىم |
| بىبىرۇقىيە | (پئە ) | بۇۋىرۇقىيە | رۇقىيە : ئىسمى ، بىبى : سۈپىتى ( «رۇقىيە» ئۇچۇن «ر» بابىغا قاراڭ ) |
| بىبىزادە | (پ ) | بۇۋىزادە ، بۇۋىزادەم | ئېسىلزادە خېنىم |
| بىبىزاھىدە | (پئە ) | بۇۋىزاھىدە | تەقۋادار خېنىم |
| بىبىزەرىپە | (پئە ) | بۇۋىزەرىپە | ئەقىللىق ، چېچەن خېنىم |
| بىبىزەمىرە | (پئە ) | بۇۋىزەمىرە | ۋىجدانلىق خېنىم |

① «بىبىرابىئە» نىڭ يەنە «بۇرابىگۈل ، بۇۋىرابىيە ، بۇۋىراۋىخان ، بۇرەۋىخان ، بۇۋەرىخان» قاتارلىق ئۆزگىرىشلىرى بار .

| | | | |
|---|---|---|---|
| بىبىزەينە | (پئە) | بۇزەينە ، بۇسەينە ، بۇسەينەم | گۈزەل ، زىننەتلىك خېنىم |
| بىبىزەينەپ | (پئە) | بۇزەينەپ ، بۇۋىزەينەپ | زەينەپ : ئىسمى ، بىبى : سۈپىتى ( «زەينەپ» ئۈچۈن «ز» بابىغا قاراڭ ) |
| بىبىزۇبەيدە | (پئە) | بۇۋىزۇبەيدە | قايماق كەبى خېنىم |
| بىبىزۇلھەي | (پئە) | بۇۋىزۇلھەي ، بۇزىلھەي ، بۇۋىزىلھەي | هاياتلىقتا ئېرىشكۈچى خېنىم ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچى خېنىم |
| بىبىزۇلھەيخا | (پئەپ) | بۇۋىزۇلھەيخا ، بۇۋىزىلھەيخا | زۇلھەيخا : ئىسمى ، بىبى : سۈپىتى |
| بىبىزۇھرە① | (پئە) | بۇزورا ، بۇزۆرەم | زۇھرە يۇلتۇزىدەك خېنىم ( «زۇھرە» ئۈچۈن «ز» بابىغا قاراڭ ) |
| بىبىزىلال | (پ) | بۇۋىزىلال | سۈزۈك خېنىم |
| بىبىزىننەت | (پئە) | بۇزىننەت ، بۇۋىزىننەت | زىننەتلىك خېنىم |
| بىبىسائادەت② | (پئە) | بۇسادەت ، بۇۋىسادەت | بەخت ـ سائادەتلىك خېنىم |
| بىبىسائەت | (پئە) | بۇۋىسائەت | سائەت : ئىسمى ، بىبى : سۈپىتى |
| بىبىسائەتخان | (پئەئۇ) | بۇۋىسائەتخان | بىبىسائەت : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| بىبىساجىدە | (پئە) | بۇۋىساجىدە | ساجىدە : ئىسمى ، بىبى : سۈپىتى ( «ساجىدە» نىڭ مەنىسى : سەجدە قىلغۇچى ئايال ) |
| بىبىسارە③ | (پئە) | بۇسارە ، بۇسارەم | خۇشال خېنىم ، خۇش ۋاقىت خېنىم |
| بىبىسالامەت④ | (پئە) | بۇۋىسالامەت | سالامەت ، ساغلام خېنىم |
| بىبىسالىم | (پئە) | بۇۋىسالىم | ساق ـ سالامەت خېنىم |
| بىبىسالىمە | (پئە) | بۇۋىسالىمە | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| بىبىسالىمخان | (پئەئۇ) | بۇۋىسالىمخان | «بىبىسالىم» غا ئوخشاش |

① «بىبىزۇھرە» نىڭ يەنە «بۇزوراگۈل ، بۇزوراخان ، بۇزوراقىز» قاتارلىق ئۆزگىرىشلىرى بار .
②④ ئەسلىيسى «بىبىسەئادەت ، بىبىسەلامەت» .
③ «بىبىسارە» نىڭ يەنە «بۇسارىگۈل ، بۇسارىخان ، بۇۋىسارە ، بىسەرەم ، بىسەرەمخان ، بىسەرىخان ، بىسارىخان ، بىسەرىگۈل ، بىسەرىقىز ، بىسەخان ، بىسەگۈل ، بىسەقىز» قاتارلىق ناھايىتى كۆپ ئۆزگىرىشلىرى بار .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| ببىسالىھ | (پ ئە) | بۇسالى ، بۇۋسالى | ياخشى خېنىم |
| ببىسالىھە | (پ ئە) | بۇۋسالىھە ، بۇۋسالىيە | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ببىسەررا | (پ ئە) | بۇسەرا[①] | بەختلىك خېنىم |
| ببىسەلىمە | (پ ئە) | بۇسەلىمە ، بۇۋسەلىمە | ساغلام خېنىم |
| ببىسەمەرخان | (پ ئە ئۇ) | بۇسەمەرخان | ببىسەمەر : ئىسمى ، خان : سۈپىتى [«ببىسەمەر» نىڭ مەنىسى : مېۋە بېرىدىغان (بالىلىق) خېنىم] |
| ببىسەنەم | (پ ئە) | بۇۋسەنەم | گۈزەل خېنىم |
| ببىسەھرا | (پ ئە) | بۇسەرا | يېزىلىق خېنىم (يېزا خېنىمى) |
| ببىسەئىدە | (پ ئە) | بۇسەئىدە ، بۇسەيدەم ، بۇسەيدى ، بۇۋسەئىدە | بەختلىك خېنىم |
| ببىسەيرى | (پ ئە) | بۇسەيرەم ، بۇسەيلەم ، بۇسەيلى ، بۇۋسەيلەم | سەيرى : ئىسمى ، ببى : سۈپىتى («سەيرى» نىڭ مەنىسى : ساياھەتچى ، سەيلىچى ، ئايلىنىپ يۈرگۈچى) |
| ببىسۇلتان | (پ ئە) | بۇۋسۇلتان | سۇلتان : ئىسمى ، ببى : سۈپىتى («سۇلتان» نىڭ مەنىسى ئۈچۈن «س» بابىغا قاراڭ) |
| ببىشەرىپە | (پ ئە) | بۇشەرىپە ، بۇۋشەرىپە | شەرەپلىك ، ئۇلۇغ خېنىم |
| ببىشەھرى | (پ) | بۇشەھرى ، بۇشەرى ، بۇشەرىخان | (1) شەھەر خېنىمى (2) شۆھرەتلىك خېنىم |
| ببىقىز | (پ ئۇ) | بۇۋقىز | خانقىز ، خېنىمقىز |
| ببىكامىلە | (پ ئە) | بۇۋكامىلە | كامالەتكە يەتكەن قىز |
| ببىگۈل | (پ) | بۇۋگۈل | گۈل كەبى خېنىم |
| ببىماھرۇي | (پ) | بۇۋماھرۇي | ئاي يۈزلۈك خېنىم |
| ببىمەريەم | (پ ئە) | بۇمەريەم ، بۇمەرەم ، بۇۋمەريەم | («مەريەم» ئۈچۈن «م» بابىغا قاراڭ) |

① «ببىسەھرا» مۇ «بۇسەرا» غا ئۆزگىرىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| بىبىمەرىيەمخان | (پئەئۇ ) | بۈۋىمەرىيەمخان ، بۈمەرىيەمخان ، بۈمەخان | بىبىمەرىيەم : ئىسمى ، خان : سۆپىتى |
| بىبىمەرىيەمگۈل | (پئەپ ) | بۈۋىمەرىيەمگۈل ، بۈمەرىيەمگۈل | بىبىمەرىيەم : ئىسمى ، گۈل : سۆپىتى |
| بىبىمەئلۇم | (پئە ) | بۈۋىمەلۇم | تونۇلغان ، مەشھۇر خېنىم |
| بىبىناز | (پ ) | بۈۋىناز | نازلىق ، نازۇك خېنىم |
| بىبىنۇر | (پئە ) | بۈۋىنۇر | نۇرلۇق خېنىم |
| بىبىنىسا | (پئە ) | بۈنىسا ، بۈۋىنىسا ، بۈۋنىسا | ئاياللارنىڭ بۈۋىسى ، بۈۋۈم خېنىم |
| بىبىنىياز | (پ ) | بۈنىياز ، بۈۋىنىياز | بەخشەندە قىلىنغان خېنىم |
| بىبىنىيازخان | (پئۇ ) | بۈنىيازخان ، بۈۋىنىيازخان | بىبىنىياز : ئىسمى ، خان : سۆپىتى |
| بىبىھاجەر | (پئە ) | بۈۋىھەجەر ، بۈۋەجەر ،بۈۋەجەرخان ، بۈۋەجەرگۈل ، بۈۋەجەرقىز ، بەجەقىز | ھاجەر : ئىسمى ، بىبى : سۆپىتى ( «ھاجەر» ئۇچۇن «ھ» بابىغا قاراڭ ) |
| بىبىھادىيە | (پئە ) | بۈۋىھادىيە | سەردار خېنىم ، يولباشچى خېنىم |
| بىبىھەپىزە | (پئە ) | بۈۋىھەپىزە | ئاسرىغۇچى خېنىم |
| بىبىھەرەم | (پئە ) | بۈۋەرەم ، بۈۋىھەرەم ، بۈۋەرەم | ھەرەم : ئىسمى ، بىبى : سۆپىتى ( «ھەرەم» نىڭ مەنىسى ئۇچۇن «ھ» بابىغا قاراڭ . بۇ يەردە ھەرەم ئۇلۇغلانغان ) |
| بىبىھەرەمخان | (پئەئۇ ) | بۈۋەرەمخان ، بۈۋەرەمخان ، بۈۋەرخان ، بۈۋەرخان ، بۈۋىھەرەمخان | بىبىھەرەم : ئىسمى ، خان : سۆپىتى |
| بىبىھەسرەت | (پئە ) | بۈۋىھەسرەت | ھەسرەت خېنىم ( «ھەسرەت» نىڭ مەنىسى ئۇچۇن «ھ» بابىغا قاراڭ ) |
| بىبىھەنىپە | (پئە ) | بۈۋىھەنىپە | پاك خېنىم |
| بىبىھەنىپخان | (پئەئۇ ) | بۈۋىھەنىپخان | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| بىبىئۇشۇر | (پ ئە) | بۇۋىھوشۇر | ئۇشۇر : ئىسمى ، بىبى : سۇپىتى («ئۇشۇر» نىڭ مەنىسى ئۈچۈن «ئۇ» بابىغا قاراڭ) |
| بىبىئۇشۇرخان | (پ ئە ئۇ) | بۇۋىھوشۇرخان | بىبىئۇشۇر : ئىسمى ، خان : سۇپىتى |
| بىسارىخان | | | («بىبىسارە» گە قاراڭ) |
| بىسەخان | | | («بىبىسارە» گە قاراڭ) |
| بىسەرەم | | | («بىبىسارە» گە قاراڭ) |
| بىسەرەمخان | | | («بىبىسارە» گە قاراڭ) |
| بىسەرىخان | | | («بىبىسارە» گە قاراڭ) |
| بىسەرىقىز | | | («بىبىسارە» گە قاراڭ) |
| بىسەرىگۈل | | | («بىبىسارە» گە قاراڭ) |
| بىسەقىز | | | («بىبىسارە» گە قاراڭ) |
| بىسەگۈل | | | («بىبىسارە» گە قاراڭ) |
| بىكە | (ئۇ) | | خېنىم ، خانقىز |
| بىكەئاي | (ئۇ) | | ئايدەك خېنىم |
| بىلقىس | (ئى) | بېلىقىز ، بىلىقىز | سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىسمى . مەنىسى : ئېنىق ئەمەس |
| بىلگىئاي | (ئۇ) | بىلگاي | بىلىملىك قىز |
| بىلگىبىكە | (ئۇ) | | بىلىملىك خېنىم |
| بىلگىنۇر | (ئۇ ئە) | | «بىلگىئاي» غا ئوخشاش |
| بىلىقىز | | | («بىلقىس» قا قاراڭ) |

# پ

## ئەرلەر ئۇچۇن

| مەنىسى | ئۆزگىرىشلىرى | ئاتىلىشى |
|---|---|---|
| («پاتىھ» كە قاراڭ) | | پاتىخ |
| («پاتىھۇللا» غا قاراڭ) | | پاتىخۇللا |
| (1) ئىللىق ، ئىللمان ، (2) يارانقۇچى ، ئىجادچى («قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى) | (ئە) | پاتىر |
| ئەقىللىق ، زىرەك | (ئە) | پاتىن |
| يەڭگۈچى ، غەلىبە قىلغۇچى ، باتۇر ، ئاچقۇچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى) | (ئە) پاتىخ | پاتىھ |
| ئاللانىڭ باتۇرى | (ئە) پاتىخۇللا | پاتىھۇللا |
| (1) گۈزەل ، كۆركەم ، (2) پەخىرلەنگۈچى ؛ پۇزۇر ، تەكەببۇر | (ئە) | پاخىر |
| مول ، ياخشى | (پ) | پاراۋان |
| («بارائىدىن» گە قاراڭ) | | پاراۋىدىن |
| پارلاپ تۇرىدىغان ، نۇرلۇق | (پ) | پارلاق |
| خەلىپە ئۆمەرنىڭ لەقىمى ، مەنىسى : (1) دانىشمەن ، ئۇلۇغ ، چىۋەر ، داھىيانە ، (2) سالماق ، ئېھتىياتچان | (ئە) | پارۇق |
| يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلىغۇچى ، پەرھىزكار | (ئە) | پارسا |
| (1) چەۋەنداز ، باتۇر ، قەھرىمان ؛ (2) پارس مىللىتىنىڭ نامى ؛ (3) بارىس (يولۋاس) | (ئە) | پارىس |
| (1) باتۇر ئەر ؛ (2) بارىسبەگ | (ئەئۇ) بارىسبەگ | پارىسبەگ |
| (1) باتۇرخان ؛ (2) بارىسخان | (ئەئۇ) بارىسخان | پارىسخان |
| ئالاھىدە ، پەرقلىق | (ئە) | پارىق |

www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| پازىل | (ئە) | | (1) پەزىلەتلىك ، تالانتلىق ، بىلىملىك ؛ (2) مەڭگۈلۈك ، (3) تۆھپىسى بار ، ئەجرى بار ، (4) ئالاھىدىلىكى بار ، مەشھۇر ، داڭلىق |
| پازىلبەگ | (ئەئۇ) | | پەزىلەتلىك ئەر |
| پاسار | (ئۇ) | پاسىر | (1) قوناق ئۇگۇت ئەتكەندە چىقىدىغان ئىلغاندى نەرسىلەر ، (2) قوناق شېخى پارچىلىرى |
| پاسبان | (پ) | | مۇھاپىزەت قىلغۇچى ، قاراۋۇل |
| پاقلان | (ئۇ) | | يېشىغا توشمىغان قوي قوزىسى |
| پاكتىن | | | («پاكىدىن» غا قاراڭ) |
| پاكدىل | (پ) | | قەلبى پاك ، ئاق نىيەت ئوغۇل |
| پاكىدىن | (پئە) | پاكتىن | دىنىنىڭ پاك كىشىسى |
| پاكىر | (ئە) | | تەپەككۇر قىلغۇچى ، مۇلاھىزە قىلغۇچى |
| پاكىزات① | (پئە) | پاكزات | ۋۇجۇدى پاك |
| پالتا | (ئۇ) | پالتۇ ، پالتى ، پالتۇش | ئۆي سايمانلىرىدىن بىرى ، ئوتۇن يېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ |
| پالتائاخۇن | (ئۇ) | پالتاخۇن | پالتا : ئىسمى ، ئاخۇن : قوشۇمچىسى |
| پالتىباي | (ئۇ) | پالتىۋاي | پالتا : ئىسمى ، باي : سۈپىتى |
| پالۋان | | | («پەھلىۋان» غا قاراڭ) |
| پالىۋان | | | («پەھلىۋان» غا قاراڭ) |
| پامىر | (پ) | پامىرجان | تاغ ئىسمى |
| پامىل | (ئى) | | ئائىلە ، جەمەت ، تۇغقانچىلىق |
| پانائەت | (ئە) | پانايەت | (1) ئاخىر يوقالماق ، (2) «بىنايەت» نىڭ ئۆزگىرىشى |
| پانار② | (ي) | پەنەر ، پىنار | چىراغ ، مەشئەل |
| پاناھىدىن | (ئە) | پانايىدىن | دىنىنىڭ ھىمايىسى |
| پانتېكىن | (ئۇ) | | بۈيۈك شاھزادە |
| پاھىر | (ئە) | | قازغۇچى (ئىجادكار) |
| پاۋان | (ئۇ) | | ئوۋچى ؛ قەشقەرنىڭ يوپۇرغىدىكى جاي ئىسمى |

① بۇ ئىسىم ئاياللارغىمۇ قويۇلىدۇ .
② ئەسلىيسى «پەنار» .

| | | | |
|---|---|---|---|
| پاۋزۇ | | | ( «پەۋزى» گە قاراڭ ) |
| پائىز | (ئە) | پايىز | ئۇتقۇچى ، غەلىبە قىلغۇچى |
| پائىق | (ئە) | پايىق | ئۇستۇن ، ئالىي ، ئەلا ، يۇكسەك |
| پايان | (پ) | | ئاخىرقى نۇقتا ، چەك ، چېگرا |
| پايسال | | | ( «پەيسەل» گە قاراڭ ) |
| پەتتار | | | ( «پەتتاھ» قا قاراڭ ) |
| پەتتاردىن | | | ( «پەتتاھىدىن» گە قاراڭ ) |
| پەتتاھ | (ئە) | پەتتار | دائىم يەڭگۇچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇپەتلىرىدىن بىرى ) |
| پەتتاھىدىن | (ئە) | پەتتاردىن | دىنىنىڭ باتۇرى ، دىن يولىدا يەڭگۇچى |
| پەتتۇللا | | | ( «پەتھۇللا» غا قاراڭ ) |
| پەترىدىن | | | ( «پەتھىدىن» گە قاراڭ ) |
| پەتخۇللا | | | ( «پەتھۇللا» غا قاراڭ ) |
| پەتقۇللا | | | ( «پەتھۇللا» غا قاراڭ ) |
| پەتھۇللا | (ئە) | پەتتۇللا ، پەتۇللا ، پەتۇل ، پەتخۇللا ، پەتيۇللا ، پەتقۇللا ، پەتقۇللام | ئاللانىڭ ياردىمى ، ئاللانىڭ نۇسرىتى |
| پەتھىدىن | (ئە) | پەتىدىن ، پەترىدىن | دىنىنىڭ غەلىبىسى |
| پەتۇل | | | ( «پەتھۇللا» غا قاراڭ ) |
| پەتۇللا | | | ( «پەتھۇللا» غا قاراڭ ) |
| پەتى | | | ( «پەتىھ» كە قاراڭ ) |
| پەتىدىن | | | ( «پەتھىدىن» گە قاراڭ ) |
| پەتىھ | (ئە) | پەتى ، پەتىخ | غەلىبە ، نۇسرەت ؛ ئىشغال قىلماق |
| پەتيۇللا | | | ( «پەتھۇللا» غا قاراڭ ) |
| پەجرى | (ئە) | | تاڭ ، تاڭ سەھەر ، تاڭ ئاتماق |
| پەجرىدىن | (ئە) | پەجىردىن | دىنىنىڭ تېڭى |
| پەخراجى | | | ( «پەخرىھاجى» غا قاراڭ ) |
| پەخرۇللا | (ئە) | | ئاللانىڭ پەخىرلىك كىشىسى |
| پەخرى | (ئە) | پەخرىم ، پەھرى | پەخىرلىك ، پەخىرلەنمەك ؛ نامدار ، نام چەھەتتىكى |
| پەخرىجاھان[1] | (پئە) | | جاھاننىڭ پەخرى ، دۇنيانىڭ ئىپتىخارى |
| پەخرىدىن[2] | (ئە) | پەخىردىن ، پەقىردىن ، پەھرىدىن | دىنىنىڭ ئىپتىخارى |

[1][2] ئەسلىيى «پەخرىجەھان ، پەخرىددىن» .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| پەخرىدىنۇللا | (ئە) | | ئاللانىڭ دىنىدىن پەخىرلەنگۈچى ، ئاللانىڭ دىنىنىڭ ئىپتىخارى |
| پەخرىزاد | (ئەپ) | پەخرىزات | پەخىرلىك ئوغۇل |
| پەخرىھاجى | (ئە) | پەخراجى | پەخىرلىك ، نامدار ھاجى (پەخرى : ئىسمى ، ھاجى : سۈپىتى) |
| پەخمى | | | («پەھمى» گە قاراڭ) |
| پەخىر | (ئە) | پەقىر | يۈكسەك ، يۇقىرى ؛ ئىپتىخار ، شەرەپ ؛ ھاكاۋۇر ، پەخىرلىك |
| پەخىردىن | | | («پەخرىدىن» گە قاراڭ) |
| پەخىم | (ئە) | | (1) «پەھىم» گە قاراڭ ، (2) ھەشەمەتلىك ، كاتتا |
| پەخىمۇللا | | | («پەھىمۇللا» غا قاراڭ) |
| پەخىمى | | | («پەھىمى» گە قاراڭ) |
| پەخىمىدىن | | | («پەھىمىدىن» گە قاراڭ) |
| پەدەر | (پ) | | ئاتا ، دادا |
| پەدىدار | (پ) | | ئېنىق ، روشەن ، كۆرۈنەرلىك |
| پەرەخەت | | | («پەرھاد» قا قاراڭ) |
| پەرەھەت | | | («پەرھاد» قا قاراڭ) |
| پەرەھۇللا | (ئە) | پەرىھۇللا ، پەرىخۇللا | ئاللا شادلىق ئاتا قىلغۇچى |
| پەرت | | | («پەرد» كە قاراڭ) |
| پەرتۇ | (پ) | | نۇر |
| پەرخات | | | («پەرھاد» قا قاراڭ) |
| پەرخان | | | («پەرھان» غا قاراڭ) |
| پەرد① | (ئە) | پەرت | (1) يېگانە ، يالغۇز ؛ تەڭداشسىز ، (2) ئۈنچە ـ مارجان ، گۆھەر ، ئالماس |
| پەردۇل | | | («بەردۇللا» غا قاراڭ) |
| پەردۇللا | | | («بەردۇللا» غا قاراڭ) |
| پەردىن | | | («پەرىدىن» گە قاراڭ) |
| پەردۇن | | | («ئەپرىدۇن» غا قاراڭ) |
| پەررۇخ | | | («پەررۇھ» قا قاراڭ) |
| پەرز | (ئە) | | تەقدىر ـ پېشانە ؛ تاپشۇرۇق ، مەجبۇرىيەت |
| پەررۇھ | (پ) | پەررۇخ ، پەرۇخ ، پەرۇق | قەدىمكى ئىران شاھلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى . مەنىسى : گۈزەل ، مۇبارەك ، قۇتلۇق ، بەختىيار |

① «پەرد» بولسا «پەرىد» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ .

| | | |
|---|---|---|
| پەرزىن | (پ) | ۋەزىر (شاھماتتىكى) |
| پەرسا | (پ) | (1) چەۋەندازلىق ؛ (2) «پارسا»غا ئوخشاش |
| پەرسان | (پ) | چەۋەنداز ، باتۇر |
| پەرغۇن | (ئە) | خالىي ، بوش ؛ پاراغەت ، راھەت |
| پەرغۇزاد | (ئەپ) پەرغىزات ، پەرغۇزات ، پەرقۇزات | راھەت كۆرگۈچى ئوغۇل |
| پەرقۇت | (پئۇ) | بەخت قانىتى |
| پەرقۇزات | | («پەرغۇزاد»قا قاراڭ) |
| پەرمان | (پ) پەرمانجان ، پەرمانخان① | بۇيرۇق |
| پەرماندار | (پ) | پەرمان چۈشۈرگۈچى |
| پەرمانشاھ | (پ) پەرمانشا | پەرمان : ئىسمى ، شاھ : سۈپىتى (بۇ يەردە «شاھنىڭ - ئاللانىڭ پەرمانى ، ئاللانىڭ بۇيرۇقى» دېگەن مەنە ئىپادىلىنىدۇ ) |
| پەرمانقۇل | (پئۇ) | پەرمان : ئىسمى ، قۇل : قوشۇمچىسى (بۇ يەردە «پەرماننىڭ قۇلى ، ئاللانىڭ بۇيرۇقىغا باش ئەگكۈچى» دېگەن مەنە كېلىپ چىقىدۇ ) |
| پەرنىئمەت | (پئە) پەرنىمەت | زىيادە ياخشىلىق ، ئىلتىپات |
| پەرھاد | (پ) پەرھات ، پەرخات ، پەرەھەت ، پەرەخەت | بۇ ئىسىم ئايرىم - ئايرىم مەنە بىلدۈرىدىغان بەش ھەرپتىن تۈزۈلگەن بولۇپ ، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا «فرهاد» دەپ يېزىلىدۇ . ئۇنىڭدىكى «ف» پىراقنى ، «ر» رەشكنى ، «ه» ھىجراننى ، «ا» ئاھنى ، «د» دەردنى بىلدۈرىدۇ . ئەمما كىشىلەر بۇ ئىسىمنى نەۋائىينىڭ «پەرھاد - شىرىن» داستانىدىكى باتۇر ئوبراز — پەرھادنىڭ نامىغا ئاساسەن ، پەرزەنتلىرىگە ئەتىۋارلاپ قويغان |

① «پەرمانخان» ئاياللارغا قويۇلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| پەرھان | (ئە) | پەرخان | خۇشال ، خۇش ، شاد |
| پەرھىدىن[1] | (ئە) | پەرىدىن | دىنىنىڭ خۇشلۇقى |
| پەرھىز | (پ) | پەرىز | ساقلانماق |
| پەرۇخ | | | («پەررۇھ» قا قاراڭ) |
| پەرۇق | | | («پەررۇھ» قا قاراڭ) |
| پەرۋاز | (پ) | پەرۋازخان[2] | ئۇچماق |
| پەرۋەر | (پ) | | سۆيگۈچى ، قوغدىغۇچى |
| پەرۋىش | (پ) | | ئاسرىماق ، تەربىيەلىمەك |
| پەرۋىن | (پ) | | ئۈركەر يۇلتۇز |
| پەرىخۇللا | | | («پەرەھۇللا» غا قاراڭ) |
| پەرىدۇن | | | («ئەپرىدۇن» غا قاراڭ) |
| پەرىدىن[3] | (ئە) | پەردىن | دىنىنىڭ تەڭداشسىز كىشىسى |
| پەرىھۇللا | | | («پەرەھۇللا» غا قاراڭ) |
| پەزلۇللا | (ئە) | پەيزۇللا ، پەيزۇل ، پەزۇل | ئاللانىڭ پەزلى (شەپقىتى) |
| پەزلى[4] | (ئە) | پەزلىخان[5] | ئېھسان ، شەپقەت ، ياخشىلىق ، ئارتۇقچىلىق ، ئالاھىدىلىك ، ئەۋزەللىك ، ئۆزگىچىلىك ؛ شەرەپ ، پەخىر ؛ ئەجىر ، تۆھپە ؛ خاسىيەت |
| پەزلىدىن[6] | (ئە) | | دىنىنىڭ پەزلى (خاسىيىتى) |
| پەزۇل | | | («پەزلۇللا» غا قاراڭ) |
| پەزىل | (ئە) | پىزىل | پەزىلەتلىك ، ئالاھىدە |
| پەزىلئاخۇن | (ئەئۇ) | پىزىلاخۇن | پەزىل : ئىسمى ، ئاخۇن : قوشۇمچىسى |
| پەزىلەتشاھ | (ئەپ) | پەزىلەتشا | پەزىلەت : ئىسمى ، شاھ : سۈپىتى (بۇ يەردە «شاھ» — ئاللانىڭ پەزلى ياكى قۇدرىتى ، دېگەن مەنىدە ۋە ياكى پەزىلەتلىك ئوغۇل دېگەن مەنىدە كېلىدۇ) |
| پەسخۇللا | | | («پەسىھۇللا» غا قاراڭ) |
| پەسۇللا | | | («پەسىھۇللا» غا قاراڭ) |

① بۇ ئىسىمنى «پەرىدىن» گە ئۆزگەرتىدۇ .
② «پەرۋازخان» ئاياللارغا قويۇلىدۇ .
③④⑥ ئەسلىيسى «پەرىدىن ، پەزىل ، پەزلىدىن» .
⑤ «پەزلىخان» ئاياللارغا قويۇلىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| پەسىھ | (ئە) | | ئوچۇق تىللىق ، سۆزى راۋان (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ) |
| پەسىھۇللا | (ئە) | پەسخۇللا ، پەسۇللا | ئاللانىڭ پاساھەتلىك كىشىسى |
| پەقىر[1] | | | ( «پەخىر» گە قاراڭ ) |
| پەقىردىن | | | ( «پەخرىدىن» گە قاراڭ ) |
| پەلىۋان | | | ( «پەھلىۋان» غا قاراڭ ) |
| پەنار | | | ( «پانار» غا قاراڭ ) |
| پەننان | (ئە) | | ئارتىس ، رەسسام ، سەنئەتچى |
| پەھرى | | | ( «پەخرى» گە قاراڭ ) |
| پەھرىدىن | | | ( «پەخرىدىن» گە قاراڭ ) |
| پەھلىۋان | (پ) | پەلىۋان ، پالىۋان ، پالۋان | باتۇر ، يۈرەكلىك ؛ دارۋاز ، سىركچى |
| پەھمى | (ئە) | پەخمى | ئەقىللىق ، زىرەك |
| پەھىم | (ئە) | پەخىم | ئەقىللىق ، زېھنى ياخشى |
| پەھىمۇللا | (ئە) | پەخىمۇللا | ئاللانىڭ ئەقىللىق كىشىسى |
| پەھىمى | (ئە) | پەخىمى | چۈشەنچىلىك ، ئۇقۇمۇشلۇق |
| پەھىمىدىن | (ئە) | پەخىمىدىن | دىنىنىڭ ئەقىللىق كىشىسى |
| پەۋزى | (ئە) | پاۋزۇ | ئۇتۇق قازانغۇچى ؛ ئۇتۇق |
| پەيتۇللا | | | ( «بەيتۇللا» غا قاراڭ ) |
| پەيتۇللام | | | ( «بەيتۇللا» غا قاراڭ ) |
| پەيزاخۇن | | | ( «پەيزىئاخۇن» غا قاراڭ ) |
| پەيزەخمەت | | | ( «پەيزىئەھمەد» كە قاراڭ ) |
| پەيزەمەت | | | ( «پەيزىئەھمەد» كە قاراڭ ) |
| پەيزۇل | | | ( «پەزلۇللا» غا قاراڭ ) |
| پەيزۇللا | | | ( «پەزلۇللا» غا قاراڭ ) |
| پەيزى | (ئە) | | ئېھسان ، ئالىيجاناب ؛ بەرىكەت ، ئىنئام ،ياخشىلىق ؛ مول ، جىق |
| پەيزىئاخۇن | (ئەئۇ) | پەيزاخۇن | پەيزى : ئىسمى ، ئاخۇن : قوشۇمچىسى (بۇ يەردە «ئالىيجاناب كىشى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ ) |

① «پەقىر» بولسا «پەخىر» دىن ئۆزگىرىشىمۇ ياكى ئەسلىدە «پەقىر» (بىچارە ، كەمبەغەل ) دېگەن مەنىدە كەلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى تارقىتىش ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| پەيزئەھمەد | (ئە) | پەيزەخمەت ، پەيزەمەت | پەيزى : ئىسمى ، ئەھمەد : سۈپىتى («ئەھمەد» مۇھەممەد ئەلەيھسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى . «ئەھمەد» كە قاراڭ) |
| پەيزىدىن | (ئە) | پىزىدىن | دىنىنىڭ ئىپىل كىشىسى |
| پەيزىرەھمان | (ئە) | پەيزىراخمان | پەيزى : ئىسمى ، رەھمان : سۈپىتى («رەھمان» ئاللانىڭ ئىسمىلىرىدىن بىرى . «رەھمان» غا قاراڭ) |
| پەيزىمەت | | | («پەيزىمۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| پەيزىمەمەت | | | («پەيزىمۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| پەيزىمۇھەممەد | (ئە) | پەيزىمەت ، پەيزىمەمەت | پەيزى : ئىسمى ، مۇھەممەد : سۈپىتى |
| پەيزئوسمان | (ئە) | پەيزوسمان | پەيزى : ئىسمى ، ئوسمان : قوشۇمچىسى |
| پەيسەل | (ئە) | پايسال | ئادىل سوتچى ، كېسىم چىقارغۇچى ؛ گۇۋاھچى |
| پەيكار | (پ) | | ئۇرۇش ، كۈرەش ، جەڭ |
| پولات | (پ) | پولاتجان | مىتال ئىسمى («پولاتتەك مۇستەھكەم ، چىڭ» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ) |
| پولاتبەگ | (پئۇ) | | پولاتتەك ئەر |
| پولاتخان[1] | (پئۇ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| پۇئاد | (ئە) | | يۈرەك ، قەلب ، دىل ؛ ئەقىل |
| پۇراد | (ئە) | | «ئەلپۇراد» قا ئوخشاش |
| پۇرقان | (ئە) | | «قۇرئان كەرىم» نىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى ۋە سۈرىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى . مەنىسى : ئىسپات ، ھۆججەت ؛ ھەق ـ ناھەقنى ئايرىغۇچى |
| پۇرقەت | (ئە) | | ئايرىلماق ، جۇدالىق |
| پۇرۇز | (پ) | | (1) «پەرز» گە ئوخشاش ؛ (2) پارسچىدا «ئوت ياققۇچى» دېگەن مەنىدە |
| پۇرۇزان | (پ) | پىرۇزان | پارلاق ، نۇرلۇق |
| پۇزۇل | (ئە) | | ياخشىلىق ، شەپقەت ، ئېھسان |

① «پولاتخان» ئاياللارغىمۇ قويۇلىدۇ . قازاقلاردا «پولاتقان» بولۇپ ، يەنىلا ئەرلەرنىڭ ئىسمى ھېسابلىنىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| پۈزۈلى | (ئە) | | (1) دائىم بىر ئىشنى سوراپ تۇرغۇچى ، (2) شەپقەت ، ياخشىلىق قىلغۇچى |
| پۈكرات | | | («پىكرەت» كە قاراڭ) |
| پىتەك | (پئۇ) | | بۇ ئىسىم ئەسلىدە «پايتەگ» ياكى «پايتەك» بولۇپ ، «ئاياغنىڭ تېگى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . ئۇنىڭدىكى «پاي» پارسچە «پۇت ، ئاياغ» دېگەن مەنىدە ، «تەگ» ياكى «تەك» ئۇيغۇرچە «تېگى ، ئاستى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ . بۇ ئىسىمنى كىشىلەر پەرزەنتكە كۆز تەگمەسلىك ئۈچۈن قويىدۇ |
| پىچان | (ئۇ) | | بىر خىل ئۇسۇملۇك ؛ جاي نامى |
| پىدا | (ئە) | پىداجان | تەقدىم قىلماق ؛ بېغىشلىماق ، ئۆزىنى ئاتىماق |
| پىدائەھمەد | (ئە) | پىداخمەت ، پىداقمەت | پىدا : ئىسمى ، ئەھمەد : سۈپىتى («ئەھمەد» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ، بۇ يەردە «مۇھەممەد ئۈچۈن ، مۇھەممەدنىڭ يولى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغۇچى» دېگەن مەنە ئىپادىلىنىدۇ ) |
| پىداباي | (ئەئۇ) | پىداۋاي | پىدا : ئىسمى ، باي : سۈپىتى |
| پىداجان | | | («پىدا» غا قاراڭ) |
| پىداخمەت | | | («پىدائەھمەد» كە قاراڭ) |
| پىداقمەت | | | («پىدائەھمەد» كە قاراڭ) |
| پىداقۇل | (ئەئۇ) | | ئاللا يولىغا ئۆزىنى ئاتىغۇچى |
| پىداكار | (ئەپ) | | ئۆزىنى پىدا قىلغۇچى |
| پىدام | (ئەئۇ) | | مېنىڭ پىدا ئوغلۇم ، مېنىڭ پىدايىم |
| پىدانۇر① | (ئە) | | پىدا : ئىسمى ، نۇر : سۈپىتى |
| پىدانۇرۇم | (ئەئۇ) | | مېنىڭ پىدا ئوغلۇم ، كۆز نۇرۇم |
| پىداۋاي | | | («پىداباي» غا قاراڭ) |

① بۇ ئىسىم ئاياللارغىمۇ قويۇلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| پىدائىدىن | (ئە) | پىدايىدىن ، پىداۋىدىن | دىنغا ئۆزىنى بېغىشلىغۇچى ؛ دىنىنىڭ پىدائىيسى |
| پىدايى | (ئە) | | «پىداكار» غا ئوخشاش |
| پىدايىدىن | | | («پىدائىدىن» گە قاراڭ) |
| پىراۋىدىن | | | («بارائىدىن» گە قاراڭ) |
| پىرئەھمەد | (پئە) | پىرئەخمەت ، پىرەخمەت | بۇ ئىسىمدا : چوقۇنغۇچىمىز ياكى ئۇستازىمىز ئەھمەد (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) دېگەن مەنە كېلىپ چىقىدۇ . چۈنكى «پىر» نىڭ مەنىسى : «كىشىلەر چوقۇنغۇچى ، ئۇستاز ، پېشىۋا» دېگەندىن ئىبارەت ؛ «ئەھمەد» بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتىدۇر |
| پىردەۋس | (ي) | پىردوس | جەننەتنىڭ بىرىنىڭ نامى ، مەنىسى : ئەڭ ئېسىل باغ ، خۇشاللىق بېغى |
| پىرزاد | (پ) | پىرزات | پىر ئەۋلادى ، پىر نەسلى |
| پىرزان | (پ) | | «پەرزىن» بىلەن ئوخشاش |
| پىرمۇھەممەد | (پئە) | | «پىرئەھمەد» كە ئوخشاش |
| پىرنەزەر | (پئە) | | پىرنىڭ نەزىرى چۈشكەن |
| پىروز | (پ) | | (1) غالىب ؛ گۈللەنگەن ؛ بەختلىك ؛ (2) يېشىل ياقۇت |
| پىروزبەگ | (پئۇ) | | غالىب ئەر |
| پىربەگ | (پئۇ) | | بەگنىڭ بېگى ، ئەركەكلەرنىڭ ئەركىكى |
| پىرىدۇن | | | («ئەپرىدۇن» غا قاراڭ) |
| پىرىم | (پئۇ) | پىرىمجان | مېنىڭ پېشىۋايىم ، مەن چوقۇنغۇچى (بۇ يەردە ئۆز پەرزەنتىنى پىر ئورنىدا كۆرۈپ ئەتىۋارلاشتەك يۈكسەك مۇھەببەت ئەكس ئېتىدۇ) |
| پىرىمقۇل | (پئۇ) | | پىرىمغا قۇللۇق قىلغۇچى ، پىرىمغا چوقۇنغۇچى (بۇ يەردە «پىرىم» ئاللانى ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ . شۇڭا بۇ ئىسىمنىڭ مەنىسىنى «ئاللاغا چوقۇنغۇچى ، ئاللانىڭ قۇلى» دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ) |
| پىزىدىن | | | («پەيزىدىن» گە قاراڭ) |
| پىزىل | | | («پەزىل» گە قاراڭ) |
| پىزىلاخۇن | | | («پەزىلئاخۇن» غا قاراڭ) |

| | | |
|---|---|---|
| پىكرەت | (ئە) پىۆكرات | ئوي ، خىيال ، ئىدىيە ، پىكىر |
| پىكرى | (ئە) | پىكىرلىك ، تەسەۋۋۇرچان |
| پىنار | | («پانار» غا قاراڭ) |

## ئاياللار ئۈچۈن

| ئاتىلىشى | ئۆزگىرىشلىرى | مەنىسى |
|---|---|---|
| پاتاقىز | | («پاتىمە» گە قاراڭ) |
| پاتەم | | («پاتىمە» گە قاراڭ) |
| پاتەمنىسا | | («پاتىمىنىسا» غا قاراڭ) |
| پاتەمنىساخان | | («پاتىمىنىسا» غا قاراڭ) |
| پاتىمخان | | («پاتىمە» گە قاراڭ) |
| پاتىئاي | | («پاتىمىئاي» غا قاراڭ) |
| پاتىخان | | («پاتىمە» گە قاراڭ) |
| پاتىخە | | («پاتىھە» گە قاراڭ) |
| پاتىقىز | | («پاتىمە» گە قاراڭ) |
| پاتىگۇل | | («پاتىمە» گە قاراڭ) |
| پاتىمە[①] | (ئە) پاتىمەم ، پاتەم | بۇ ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى پاتىمىزۆھرەنىڭ ئىسمى بولۇپ ، بىبى پاتىمە دەپمۇ ئاتىلىدۇ . مەنىسى : سۈتتىن ئايرىلغان (ئانىسىنى ئىمىشتىن توختىغان) قىز |
| پاتىمىئاي | (ئەئۇ) پاتىئاي | بىبى پاتىمىدەك قىز (پاتىمە : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى) |
| پاتىمىزۆھرە[②] | (ئە) پاتىمىزورا ، پاتىمىزوراخان | بۇمۇ بىبى پاتىمەنىڭ ئىسمىنىڭ تولۇق ئاتىلىشى بولۇپ ، «يورۇق يۇلتۇز پاتىمە» دېگەنلىك بولىدۇ . چۈنكى ، «زۆھرە» نىڭ مەنىسى : يورۇق يۇلتۇز . |
| پاتىمىنىسا | (ئە) پاتەمنىسا ، پاتەمنىساخان | پاتىمە : ئىسمى ، نىسا : قوشۇمچىسى (بۇ يەردە يەنە «بىبى پاتىمىدەك ئايال» دېگەن مەنە كېلىپ چىقىدۇ . چۈنكى «نىسا» نىڭ مەنىسى : ئايال ، ئاياللار) |

① «پاتىمە» نىڭ ئۆزگىرىشلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ ، ئۇلار «پاتەمخان ، پاتىمىقىز ، پاتىخان ، پاتەمقىز ، پاتىقىز ، پاتاقىز ، پاتىگۇل ، پاتىمخان ، پاتىمقىز ، پاتىمگۇل ، پاتىمەم» دېگەنلەردىن ئىبارەت .

② «پاتىمىزۆھرە» نىڭ ئەسلىيسى «پاتىمەزۆھرە» بولۇپ ، بۇ ئىسىمنى كىشىلەر كۆپىنچە قوشكېزەك تۇغۇلغان ئىككى قىزغا ئايرىم - ئايرىم ئىسىم قىلىدۇ . يالغۇز ئىسىم قىلىپمۇ قوللىنىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| پاتىھە | (ئە) | پاتىخە | باشلىنىش ، دەسلەپكى ، ئاۋۋالقى ؛ مۇقەددىمە (بۇ يەردە «قۇرئان كەرىم» دىكى «سۈرە پاتىھە» كۆزدە تۇتۇلىدۇ ) |
| پاخىرە | (ئە) | | «پاخىر» بىلەن ئوخشاش |
| پاخىرىيە | (ئە) | | پەخىرلىنەرلىك |
| پاراسەت① | (ئە) | | ئەقىل ـ ئىدراك |
| پاراغەت② | (ئە) | | ئازادلىق ، تىنچلىق ، ئەركىنلىك ، راھەت |
| پارىخە | | | ( «پارىھە» گە قاراڭ ) |
| پارىسە | (ئە) | | ئايال چەۋەنداز |
| پارىقە | (ئە) | | ئالاھىدە ، پەرقلىق ، تاللانغان |
| پارىھە | (ئە) | پارىخە | خۇشال ؛ خۇشال قىز |
| پازىلە | (ئە) | پازىلەم | (1) «پازىل» بىلەن ئوخشاش ، (2) ئېسىل پەزىلەتلىك ، ئەخلاقلىق ؛ تىرىشچان ؛ (3) يۇكسەك پەزىلەت ؛ ئورنى ئۈستۈن بولماق ، ئۇتۇق قازانماق ، تۆھپە قوشماق |
| پاسارخان | (ئۇ) | | «پاسار» بىلەن ئوخشاش |
| پاساھەت③ | (ئە) | | سۆزدىكى ئىقتىدار ، بالاغەت ، تالانت ؛ چىرايلىق سۆزلىمەك ، شېرىن سۇخەنلىك بولماق ، سۆزگە ماھىرلىق ، سۆزدىكى گۈزەللىك |
| پاشا | (پ) | پاشاخان ، پاشاقىز ، پاشاگۇل ، پاشايىم | بۇ ، پارسچە «پادىشاھ» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ ، تۈركلەردە «ئەپەندى ، ئۇستاز ، خوجا» دېگەن مەندە ئىستېمال قىلىنىدۇ ۋە تارىختا ئىبراھىم پاشا ، مۇھەممەدئەلى پاشا دېيىلگەن . ئۇيغۇرلاردا بولسا ئاياللارنىڭ ئىسمى ياكى ئەرلەرنىڭ قوشۇمچە ئىسمى بولۇپ كېلىدۇ . ئەرلەرگە كۆپىنچە «شاھ» (شا ) تەرزىدە قوللىنىلىدۇ ۋە ئەھمەدشاھ ، ئامانشاھ دەپ ئىسىملارنىڭ كەينىدە كەلسە ، شاھئەمىن ، شاھنىياز دەپ ئالدىدا كېلىپ ، ئوخشاشلا سۈپەت بولىدۇ . |
| پاشائاي | (پئۇ) | | پاشا : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |

①②③ئەسلىيسى «پەراسەت ، پەراغەت ، پەساھەت» .

| | | | |
|---|---|---|---|
| پاشاخان | (پئۇ) | | پاشا : ئىسمى ، خان : سۆپىتى |
| پاشاقىز | (پئۇ) | | پاشا : ئىسمى ، قىز : قوشۇمچىسى |
| پاشاگۈل | (پ) | | پاشا : ئىسمى ، گۈل : سۆپىتى |
| پاشايىم | (پئۇ) | | مېنىڭ پاشا قىزىم |
| پاكتىنئاي | | | («پاكدىنئاي» غا قاراڭ) |
| پاكدىلئاي | (پئۇ) | | قەلبى پاك قىز |
| پاكدىنئاي | (پئەئۇ) | پاكتىنئاي | پاكدىن : ئىسمى ، ئاي : سۆپىتى (بۇ يەردە «پاك دىنلىق قىز» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ) |
| پاكرىيە | | | («پاكىرىيە» گە قاراڭ) |
| پاكىرە | (ئە) | | «پاكىر» بىلەن ئوخشاش |
| پاكىرىيە | (ئە) | پاكرىيە | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| پاكىزئاي | (ئۇ) | پاكىزاي | پاكىز ، چىرايلىق قىز |
| پاكىزە | (ئۇ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| پاكىھە | (ئە) | پاكىيە | مېۋە ، يېڭى مېۋە |
| پاكىيە[1] | | | («پاكىھە» گە قاراڭ) |
| پاۋزىيە | | | («پەۋزىيە» گە قاراڭ) |
| پائىزە | (ئە) | پايىزە | ئۇتقۇچى ، يەڭگۈچى |
| پائىدە | (ئە) | پايدە | پايدا ، نەپ |
| پەتھىيە | (ئە) | پەتىيە | بەختى ئېچىلغۇچى ؛ غەلىبىگە خاس پىلىك |
| پەتلە | (ئە) | | |
| پەتىيە | | | («پەتھىيە» گە قاراڭ) |
| پەخراي | | | («پەخرىئاي» غا قاراڭ) |
| پەخرىئاي | (ئەئۇ) | پەخىراي ، پەخىرئاي | پەخىرلىك قىز |
| پەخرىنۇر | (ئە) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| پەخرىنىسا | (ئە) | پەخرىنسا | ئاياللارنىڭ پەخرى ؛ پەخىرلىك ئايال |
| پەخرىنىساخان | (ئەئۇ) | پەخرىنساخان | پەخرىنىسا : ئىسمى ، خان : سۆپىتى |
| پەخرىنىسايىم | (ئەئۇ) | پەخرىنسايىم | مېنىڭ پەخىرلىك قىزىم |
| پەخرىيە | (ئە) | پەھرىيە | پەخىرلىك ، نامدار قىز («پەخرى» بىلەن ئوخشاش) |
| پەخىرئاي | | | («پەخرىئاي» غا قاراڭ) |

① «پاكىيە» دېگەن ئىسىم «پاك» دېگەن پارسچە ئىسىمنىڭ ئەرەبچە سۆپەتلەشتۈرۈلگەن شەكلى بولۇشىمۇ مۇمكىن ، لېكىن بۇ يەردە «پاكىھە» نىڭ ئۆزگىرىشى دەپ قارىدىم .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| پەرزانە | (پ) | | ئاقىل ، دانا |
| پەرزخان | (ئەئۇ) | | پەرز : ئىسمى ، خان : سۈپىتى («پەرز» نىڭ مەنىسى : تەقدىر ؛ ۋەزىپە ) |
| پەرزىخان | (ئەئۇ) | | پەرزى : ئىسمى ، خان : سۈپىتى («پەرزى» نىڭ مەنىسى : تەقدىرگە خاس ؛ نەزەرىيەۋى ) |
| پەرزىھەدەم | (ئەپ) | پەرزىدەم | پەرزى : ئىسمى ، ھەدەم : قوشۇمچىسى |
| پەرزىنە | (پ) | | (1) «پەرزىن» بىلەن ئوخشاش ؛ (2) «پەرزانە» بىلەن ئوخشاش («پەرزانە» نىڭ ئۆزگەرتىپ ئويغۇنلاشتۇرۇلۇشى ) |
| پەرزىنىسا | (ئە) | | ئاياللارنىڭ پەرزى |
| پەرزىننىسا | (ئە) | پەرزىنىسا | تاللانغان ئايال |
| پەرزىيە | (ئە) | | «پەرز» بىلەن ئوخشاش |
| پەرسەنە | (ئە) | | باتۇر ، قەھرىمان |
| پەرغانىئاي | | | («پەرغانىئاي» غا قاراڭ ) |
| پەرغانە | (ئۇ) | پەرغەنە | ئۆزبېكىستاندىكى جاي نامى |
| پەرغانىئاي | (ئۇ) | پەرغانىئاي ، پەرغەنىئاي | پەرغانە قىزى ، پەرغانە گۈزىلى |
| پەرغەنە | | | («پەرغانە» گە قاراڭ ) |
| پەرغەنىئاي | | | («پەرغانىئاي» غا قاراڭ ) |
| پەرغىزات | | | («پەرئىزات» قا قاراڭ ) |
| پەرقىزات | | | («پەرئىزات» قا قاراڭ ) |
| پەرقىنىسا | (ئە) | | پەرقلىق ، ئالاھىدە ئايال |
| پەرقىيە | (ئە) | پەرقىيەم | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| پەرمانخان | | | («پەرمان» غا قاراڭ ) |
| پەرمۇدە | (پ) | | بىر خىل يىمەكلىك ئىسمى |
| پەرھانە | (ئە) | | خۇشال ، خۇشال ـ خۇرام ؛ شادلىقتا چۆمگۈچى |
| پەرھە | (ئە) | | خۇشاللىق |
| پەرھىزە | (پ) | پەرىزە ، پەرىزەم ، پەرىزخان | ساقلانماق ؛ ساقلانغۇچى |
| پەرۋازخان | | | («پەرۋاز» غا قاراڭ ) |
| پەرۋالە | (ي) | | بىر خىل مېۋە ئىسمى |

| | | |
|---|---|---|
| پەرۋانە | (پ) پەرۋانەم، پەرۋان | ئاتا ـ ئانىسىغا پەرۋانە قىز («پەرۋانە» چىراغ يورۇقىغا ئۆزىنى ئۇرىدىغان بىر خىل ھاشارات نامى. بۇ يەردە خۇددى پەرۋانىدەك ئىنتىلىش روھى ئۇلۇغلىنىدۇ. «يورۇقلۇققا ئىنتىلگۈچى» دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ) |
| پەرۋانىئاي | (پئۇ) | پەرۋانىدەك ئىنتىلىشچان روھقا ئىگە قىز |
| پەرۋانىخان | (پئۇ) | «پەرۋانە» گە ئوخشاش |
| پەرۋانىگۈل | (پ) | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| پەرۋەرئاي | (پئۇ) | سۆيگۈچى، ھىمايە قىلغۇچى قىز |
| پەرۋىنە | (پ) | «پەرۋىن» بىلەن ئوخشاش |
| پەرئىزات | (ئە) پەرغىزات، پەرقىزات | نەسەبى ئۇستۇن |
| پەرى | (پ) پەرىخان، پەرىگۈل | پەرىزات، جەننەت ھۆرلىرى؛ گۈزەل قىز (بۇ يەردە «پەرىزاتتەك قىز» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ) |
| پەرىپەيكەر | (پ) | پەرى سۈرەتلىك؛ جەڭ قوزغىغۇچى (پەرى) |
| پەرىچېھرە | (پ) | پەرىزاتتەك چىرايلىق، گۈزەل قىز |
| پەرىخان | | («پەرى» گە قاراڭ) |
| پەرىخە | | («پەرىھە» گە قاراڭ) |
| پەرىدە | (ئە) پەرىدەم | «پەرد» بىلەن ئوخشاش |
| پەرىدىگۈل | (ئەپ) | ئۈنچىدەك قىز |
| پەرىزاد① | (پ) پەرى، پەرىزات | ھۆر ـ پەرىلەردىن تۆرەلگەندەك چىرايلىق قىز، پەرى بالىسى («پەرى» بىلەن ئوخشاش) |
| پەرىزادخان | (پئۇ) پەرىزاتخان | پەرىزاتتەك ئايال |
| پەرىزادگۈل | (پ) پەرىزاتگۈل | پەرىزاتتەك قىز |
| پەرىزە② | (ئە) پەرىزەم، پەرىزىگۈل | مەجبۇرىيەت، ۋەزىپە، ۋاجىب |
| پەرىسە | (ئە) پەرىسەم | ئوۋ ئولجىسى |
| پەرىشادە | (پ) پەرىشادەم | بىر پەرىزات توغۇلۇپ، بىزنى شادلاندۇردى؛ خۇشاللىق بەخش ئەتكۈچى پەرىزات؛ خۇشال پەرى |

① «پەرىزاد» مۇ «پەرى» گە ئۆزگىرىدۇ.
② «پەرھىزە» مۇ «پەرىزە» گە ئۆزگىرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| پەرشتە | (پ) | پەرشتەم | پەرشتىدەك چىرايلىق ۋە پاك قىز (بۇ ئىسىمدا جەننەت پەرشتىلىرى ئۇلۇغلىنىپ، قىز پەرزەنت پەرشتىگە ئوخشىتىلغان) |
| پەرقە | (ئە) | | ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۈستۈنى، پەرقلىنىپ تۇرىدىغىنى |
| پەرىگۈل | | | («پەرى» گە قاراڭ) |
| پەرىلەئلە | (پ) | پەرىلالە، پەرىلال، پىرىلال | پەرىزات ئاسىدىغان ياقۇت؛ ياقۇتتەك پەرى قىز |
| پەرىنىسا | (پئە) | | ئاياللار ئىچىدىكى پەرىزات |
| پەرىھە | (ئە) | پەرىخە | خۇشال |
| پەرىھنىسا① | (ئە) | پەرىنىسا | خۇشال ئايال |
| پەزلىخان | (ئەئۇ) | | پەزىلەتلىك ئايال («پەزلى» گە قاراڭ) |
| پەزلىگۈل | (ئەپ) | | پەزىلەتلىك قىز |
| پەزلىنىسا | (ئە) | | يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش |
| پەزلىيە | (ئە) | | پەزىلەتلىك، ئالىيجاناب قىز |
| پەزىرە | (پ) | | مەھلىيا قىلغۇچى |
| پەزىلە | (ئە) | پەزلىخان، پەزلەم، پەزلىگۈل، پىزلىخان، پىزلىگۈل، پىزلەم | «پەزىل» بىلەن ئوخشاش (گۈزەل ئەخلاق، ئالاھىدىلىك، ئارتۇقچىلىق) |
| پەزىلەت | (ئە) | پەزىلەتخان، پەنزىيەت، پەزىلەتگۈل | پەزىلەتلىك، ئەخلاقلىق قىز («پەزىلە» گە قاراڭ) |
| پەزىلەتنىسا | (ئە) | | ئاياللارنىڭ پەزىلەتلىكى، پەزىلەتلىك ئايال |
| پەزلەم | | | («پەزىلە» گە قاراڭ) |
| پەزلىخان | | | («پەزىلە» گە قاراڭ) |
| پەزلىگۈل | | | («پەزىلە» گە قاراڭ) |
| پەزلىيە | (ئە) | | «پەزىل» بىلەن ئوخشاش |
| پەسىھە | (ئە) | پەسىخە | (1) سۆزگە ماھىر، شېرىن سۆزلۈك، (2) كەڭ، ئازادە؛ كەڭ قورساق |
| پەنزىيەت | | | («پەزىلەت» كە قاراڭ) |

① «پەرىھنىسا» مۇ «پەرىنىسا» غا ئۆزگىرىدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| پەھرىيە | | ( «پەخرىيە» گە قاراڭ ) |
| پەھىماي | | ( «پەھىمىئاي» غا قاراڭ ) |
| پەھىمە | (ئە) پەھىمىگۇل | چۈشەنچىلىك ، ئەقىللىق ، ئوقۇمۇشلۇق ئايال |
| پەھىمىئاي | (ئەئۇ) پەھىماي | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| پەھىمىگۇل | | ( «پەھىمە» گە قاراڭ ) |
| پەۋزىيە | (ئە) پاۋزىيە | «پەۋزى» بىلەن ئوخشاش |
| پەيزىخان | (ئەئۇ) | ئېسىل ، ئالىيجاناب ئايال |
| پەيزىگۇل | (ئەپ) | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| پەيزىنۇر | (ئە) | ئېسىل ئايال («نۇر» ـ بۇ يەردە ئايالنى كۆرسىتىدۇ ) |
| پەيزىنىسا | (ئە) | ئاياللارنىڭ ئېسىلى ، پەيز ئايال |
| پەيزىۋاتگۇل | (ئەپ) | پەيزىۋات قىزى ، پەيزىۋات گۈزىلى |
| پەيكەر | (ئە) | (1) ئويچان ، سەممىي ؛ كۆيگۈچى ، كۆيۈنگۈچى ، كۆڭۈل بۆلگۈچى ؛ (2) تەن ، بەدەن ، ھەيكەل ؛ (3) سۈرەت |
| پەيھا | (ئە) | خۇش پۇراقلىق نەرسە (ياغ ) |
| پۇئادە | (ئە) | «پۇئاد» بىلەن ئوخشاش |
| پۇچىناي | | ( «بىبىچىنىئاي» غا قاراڭ ) |
| پۇرۇزە | (پ) | ئوت ياققۇچى (قىز ) |
| پۇرۇسە | (ئە) | چەۋەندازلىق |
| پىدائاي | (ئەئۇ) | پىداكار قىز ، ئۆزىنى پىدا قىلىدىغان قىز |
| پىداخان | (ئەئۇ) | پىداكار ئايال |
| پىداقىز | (ئەئۇ) | «پىدائاي» غا ئوخشاش |
| پىداگۇل | (ئەپ) | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| پىدانىسا | (ئە) | ئاياللارنىڭ پىداكارى |
| پىرۇزە | (پ) | كۆك قاشتېشى ؛ يېشىل ياقۇت |
| پىزىلەم | | ( «پەزىلە» گە قاراڭ ) |
| پىزىلىخان | | ( «پەزىلە» گە قاراڭ ) |
| پىكرىيە | (ئە) | پىكىرلىك ، تەپەككۇرغا باي |
| پىلنۇر | (ئە) | نۇر ئىچىدە ، نۇرغا چۆمۈلگەن |
| پىلورە | | تەۋەلىكى ۋە مەنىسى ئېنىق ئەمەس |
| پىيازخان | (پئۇ) | پىياز : ئىسمى ، خان : سۈپىتى (پىياز : كۆكتات ئىسمى ) |
| پىيازگۇل | (پ) | پىھاز : ئىسمى ، گۇل : سۈپىتى |

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ت

## ئەرلەر ئۈچۈن

| ئاتلىشى | ئۆزگىرىشلىرى | مەنىسى |
|---|---|---|
| تابارەك[1] | (ئە) | بەخت تىلىمەك («قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى) |
| تابى | (ئە) تابى، تابىخان، تابىجان | ئەگەشكۈچى |
| تاپار | (ئۇ) | تاپىدۇ (بەختىنى تاپىدۇ) |
| تاتلىق | | (بۇ يەردە پەرزەنتىنىڭ تاتلىقلىقى، پەرزەنت تۇغۇلغاندىن كېيىنكى خۇشاللىق كۆزدە تۇتۇلغان) |
| تاجاخۇن | | («تاجىئاخۇن» غا قاراڭ) |
| تاجەر | | («تاجىر» غا قاراڭ) |
| تاجەك | | («تاجى» غا قاراڭ) |
| تاجەلى | | («تاجىئەلى» غا قاراڭ) |
| تاجى | (ئە) تاجەك | تاج ئىگىسى (تاج — پادىشاھلىق باش كىيىمى) |
| تاجىئاخۇن | (ئەئۇ) تاجاخۇن | تاجى: ئىسمى، ئاخۇن: قوشۇمچىسى |
| تاجىئەلى | (ئە) تاجەلى | تاجى: ئىسمى، ئەلى: قوشۇمچىسى |
| تاجىباقى | (ئە) | تاجى: ئىسمى، باقى: قوشۇمچىسى (بۇ يەردە «مەڭگۈلۈك تاجىم — ئوغلۇم» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ) |
| تاجىباي | (ئەئۇ) تاجىۋاي | تاجى: ئىسمى، باي: سۈپىتى |
| تاجىپاشا[2] | (ئەپ) | پادىشاھنىڭ تاجى |
| تاجىتىللا | (ئەئۇ) | تاجى: ئىسمى، تىللا: قوشۇمچىسى |

① ئەسلىيسى «تەبارەك».
② بۇ ئىسىم ئاياللارغىمۇ قويۇلىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| تاجىخوجا | (ئەپ) | | تاجى : ئىسمى ، خوجا : قوشۇمچىسى (بۇ يەردە «ئاللا بەرگەن تاج» دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ) |
| تاجىدىن | (ئە) | | دىنىنىڭ تاجى |
| تاجىر | (ئە) | تاجەر | تىجارەتچى ، سودىگەر |
| تاجىقارى | (ئە) | | تاجى : ئىسمى ، قارى : سۈپىتى |
| تاجىكەرىم | (ئە) | تاجىكېرىم | تاجى : ئىسمى ، كەرىم : قوشۇمچىسى (بۇ يەردە «سېخىي ئاللا ئاتا قىلغان تاج» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ) |
| تاجىم | (ئەئۇ) | | مېنىڭ تاجى ئوغلۇم ، بېشىمدىكى تاجىم |
| تاجىمەت | | | («تاجىمۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| تاجىمەخەت | | | («تاجىمۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| تاجىمەمەت | | | («تاجىمۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| تاجىمۇھەممەد | (ئە) | تاجىمەت ، تاجىمەمەت ، تاجىمەخەت | تاجى : ئىسمى ، مۇھەممەد : سۈپىتى |
| تاجىنۇر | (ئە) | | تاجى : ئىسمى ، نۇر : سۈپىتى (بۇ يەردە «مېنىڭ تاجىم ھەم كۆزۈمنىڭ نۇرى — ئوغلۇم» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ) |
| تاجىنىياز | (ئەپ) | | تاجى : ئىسمى ، نىياز : قوشۇمچىسى (بۇ يەردە «ئاللا بەخشەندە قىلغان تاجىم — ئوغلۇم» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ) |
| تاراخۇن | | | («تارىئاخۇن» غا قاراڭ) |
| تارانچى | (ئۇ) | | تېرىقچى ، تېرىمچى (تارىمچى) |
| تارەك | | | («تارى» غا قاراڭ) |
| تارەم | | | («تارى» غا قاراڭ) |
| تارخان | (ئۇ) | | (قەدىمكى ئۇنۋان ناملىرىدىن بىرى بولۇپ ، ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ ئىمتىيازلىق ئەزالىرىغا بېرىلىدۇ ھەمدە ئۆزىدىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئىمتىيازى ئەۋلادلىرىغا مىراس بولۇپ قالىدۇ) |
| تارى | (ئە) | تارەم ، تارەك | (1) غېرىب ، سىرتتىن كەلگەن كىشى ، (2) ياش يىگىت |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| تارىئاخۇن | (ئەئۇ) | تاراخۇن | تارى : ئىسمى ، ئاخۇن : قوشۇمچىسى |
| تارىق | (ئە) | | (1) كېچىدە كەلگەن مېھمان ؛ (2) چولپان يۇلتۇزى |
| تارىقۇللا | (ئە) | | ئاللانىڭ يورۇق يۇلتۇزى |
| تاش | (ئۇ) | | مەدەن ئىسمى (بۇ يەردە پەرزەنتنىڭ تاشتەك چىداملىق بولۇشى ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى ئۈمىد قىلىنغان) |
| تاشئاخۇن | (ئۇ) | تاشاخۇن | تاش : ئىسمى ، ئاخۇن : قوشۇمچىسى |
| تاشئەلى | (ئۇئە) | | تاش : ئىسمى ، ئەلى : قوشۇمچىسى |
| تاشباتۇر | (ئۇپ) | | تاشتەك مەھكەم ھەم باھادىر ئوغۇل (تاش : ئىسمى ، باتۇر : سۈپىتى) |
| تاشباي | (ئۇ) | تاشۋاي | تاش : ئىسمى ، باي : سۈپىتى (تاشتەك مەھكەم ئەر) |
| تاشبەگ | (ئۇ) | تاشۋەگ | تاشتەك چىداملىق ئەر |
| تاشپالتا | (ئۇ) | | تاش : ئىسمى ، پالتا : قوشۇمچىسى |
| تاشپولات | (ئۇپ) | | تاش ۋە پولاتتەك مەھكەم |
| تاشتوختى | (ئۇ) | | تاش كەبى تۇرۇپ قالسۇن ، تاشتەك ئۇزۇن ياشىسۇن |
| تاشتۇردى | (ئۇ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| تاشتۆمۈر | (ئۇ) | | تاش ۋە تۆمۈردەك ئەر |
| تاشچوك | (ئۇ) | | تاشتەك مەھكەم ھەم كاتتا ئەر بولۇپ يېتىشسۇن (تاش : ئىسمى ، چوك : سۈپىتى) |
| تاشخوجا | (ئۇپ) | تاشغوجى | تاش : ئىسمى ، خوجا : قوشۇمچىسى |
| تاشغۇلام | (ئۇپ) | | تاشتەك مەھكەم ئوغۇل (تاش : ئىسمى ، غۇلام : قوشۇمچىسى) |
| تاشقارى | (ئۇئە) | | تاش : ئىسمى ، قارى : قوشۇمچىسى |
| تاشقاسىم | (ئۇئە) | | تاش : ئىسمى ، قاسىم : قوشۇمچىسى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| تاشقىن | (ئۇ) | | سۇ تاشقىنى (بۇ يەردە سۇ ئۇلۇغلانغان، سۇنىڭ كۆپ بولۇشى ئۇمىد قىلىنغان) |
| تاشمەت | | | («تاشمۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| تاشمەممەت | | | («تاشمۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| تاشمەۋلا | (ئۇئە) | تاشموللا | تاش: ئىسمى، مەۋلا (موللا): سۇپىتى |
| تاشمۇسا | (ئۇئى) | | تاش: ئىسمى، مۇسا: قوشۇمچىسى |
| تاشمۇھەممەد | (ئۇئە) | تاشمەت، تاشمەممەت | تاش: ئىسمى، مۇھەممەد: سۇپىتى |
| تاشنۇر | (ئۇئە) | تاشنۇرۇم | تاش: ئىسمى، نۇر: سۇپىتى |
| تاشنىياز | (ئۇپ) | | تاش: ئىسمى، نىياز: قوشۇمچىسى |
| تاشھاجى | (ئۇئە) | | تاش: ئىسمى، ھاجى: سۇپىتى |
| تاشۋاي | | | («تاشباي» غا قاراڭ) |
| تاشۋەگ | | | («تاشبەگ» كە قاراڭ) |
| تاشئۇلۇغ | (ئۇ) | | تاش: ئىسمى، ئۇلۇغ: سۇپىتى |
| تاغئاشار | (ئۇ) | تاغاشار | توسالغۇلارنى يېڭىپ، قەيسەرلىك بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىگۈچى |
| تاغباي | (ئۇ) | تاغۋاي | تاغ: ئىسمى، باي: سۇپىتى |
| تاغتېكىن | (ئۇ) | | تاغدەك يۈكسەك شاھزادە |
| تاغمەت | | | («تاغمۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| تاغمۇھەممەد | (ئۇئە) | تاغمەت | تاغ: ئىسمى، مۇھەممەد: سۇپىتى |
| تاغۋاي | | | («تاغباي» غا قاراڭ) |
| تاقەت | (ئە) | | (1) سەۋر، (2) كۈچ، ئېنېرگىيە، ئىقتىدار |
| تالى | (ئە) | | (1) «تالئى» كە قاراڭ، (2) ئىز باسار |
| تالىب | (ئە) | تالىپ، تايلىپ، تالىش، تالىپجان | ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى، ئوقۇغۇچى |
| تالىبئاخۇن | (ئەئۇ) | تالىپاخۇن، تايلىۋاخۇن، تالىشاخۇن | تالىب: ئىسمى، ئاخۇن: قوشۇمچىسى |
| تالىش | | | («تالىب» قا قاراڭ) |
| تالىشاخۇن | | | («تالىبئاخۇن» غا قاراڭ) |

www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| تالىئى[1] | (ئه ) | تالى ، تەلەي ، تەلەيـ خان ، تەلەيقىز ، تەلەيگۈل | (1 ) كۆتۈرۈلگەن ، چىققان ، (2 ) تەلىيى كەلگۈچى ، تەلەيلىك ، (3 ) بەخت يۇلتۇزى ، ياخشىلىق ئالامىتى ، تەلەي ، بەخت |
| تامىر | (ئه ) | | سەكرىگۈچى ، ئۆرلىگۈچى |
| تاھا | (ئه ) | | مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى . مەنىسى : پاك |
| تاھىر | (ئه ) | تايىر ، تايى ، تايەم | مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ، مەنىسى يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| تاھىرئاخۇن | (ئەئۇ ) | تاياخۇن | تاھىر : ئىسمى ، ئاخۇن : قوشۇمچىسى |
| تاھىرزاد | (ئەپ ) | تايىرزات | پاك ئەۋلاد |
| تاھىرھاجى | (ئه ) | تاياجى | تاھىر : ئىسمى ، ھاجى : سۈپىتى |
| تاۋاب[2] | (ئه ) | تاۋاپ | سېخىي ، كەڭ قورساق ؛ تۆۋىنى قوبۇل قىلغۇچى (ئاللانىڭ ئىسملىرىدىن بىرى ) |
| تاۋاپ[3] | (ئه ) | | ئايلانماق ، چۆرگىلەمەك (تاۋاپ قىلماق ) |
| تائىپ | (ئه ) | تايىپ | تاۋاپ قىلغۇچى ، ئايلانغۇچى |
| تاي | (ئۇ ) | | ئاتنىڭ بالىسى (بۇ يەردە «تايدەك چەبدەس ، قورقماس ، چىرايلىق ئوغۇل» دېگەن مەنىدە قوللىنىلـغان ) |
| تاياجى | | | («تاھىرھاجى» غا قاراڭ ) |
| تاياخۇن | | | («تاھىر ئاخۇن» غا قاراڭ ) |
| تايەم | | | («تاھىر» غا قاراڭ ) |
| تايبەگ | (ئۇ ) | تايۋەگ | تايدەك چەبدەس ئەر |
| تايغۇن | | | («تۇيغۇن» غا قاراڭ ) |
| تايلاق | | | ئات بالىسى |
| تايلىۋاخۇن | | | («تالىبئاخۇن» غا قاراڭ ) |
| تايماس | (ئۇ ) | | يولدىن ئازماي ، ئۇدۇل ماڭىدۇ |

[1] «تالىئى» نىڭ «تالى» دىن باشقا ئۆزگىرىشلىرى ئاياللارغا قويۇلىدۇ .
[2][3] «تاۋاب» نىڭ ئەسلىيسى «تەۋۋاب» . ئۇ ئاسانلا «تاۋاپ» قا ئۆزگىرىپ ، ئەسلىي ئىسىم «تاۋاپ» (تەۋاف ) بىلەن ئوخشىشىپ قالىدۇ .

| | | |
|---|---|---|
| تايۋەگ | | ( «تايبەگ» كە قاراڭ ) |
| تايى | | ( «تاھىر» غا قاراڭ ) |
| تايىپ | | ( «تائىپ» كە قاراڭ ) |
| تايىر | | ( «تاھىر» غا قاراڭ ) |
| تەئەسسۇر | (ئە ) | تەسىرچان ، ھېسسىياتچان |
| تەبدىل | (ئە ) | ئۆزگىرىش ؛ ئۆزگەرتىش ، يۆتكەش ، ئالماشتۇرۇش |
| تەبرىك | (ئە ) | تەبرىكلىمەك ؛ بەخت تىلىمەك (بۇ يەردە يېڭى پەرزەنتىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىگە بولغان خۇشاللىق ئەكس ئېتىدۇ ) |
| تەبرىكجان | (ئەپ ) | تەبرىك : ئىسمى ، جان : قوشۇمچىسى |
| تەبشىر | (ئە ) | خۇش خەۋەر يەتكۈزمەك ، ئاللانىڭ سۆزىنى ئېيتماق |
| تەبىل | (ئە ) تەۋىل ، توۋىل | دۇمباق ، ناغرا |
| تەبىب | (ئە ) تېۋىپ | دوختۇر ؛ تومۇرچى |
| تەبىبۇللا | (ئە ) | ئاللا دوختۇرلۇقنى بەرگەن كىشى |
| تەجەللى | (ئە ) | نۇرلانماق ، پارقىرىماق ، چاقنىماق ، جىلۋە قىلماق |
| تەجەللىب | (ئە ) تەجەللىپ | ئۆزىگە مايىل قىلماق ، جەلب قىلماق |
| تەربى[1] | (ئۇ ) | ئەگەشكۈچى ، ياردەمچى |
| تەرىپ | | ( «تەئرىپ» كە قاراڭ ) |
| تەزىم | | ( «تەئزىم» گە قاراڭ ) |
| تەزىمۇللا | | ( «تەئزىمۇللا» غا قاراڭ ) |
| تەسەددۇق | (ئە ) | سەدىقە قىلماق ، تەقدىم قىلماق |
| تەسەللى | (ئە ) | كۆڭۈل ئاچماق ، كۆڭۈل تىندۇرماق ، غەمنى كەتكۈزمەك |
| تەسكىن | (ئە ) | تىنچلاندۇرماق ، ئاغرىقنى يوقاتماق ، خاتىرجەم قىلماق |
| تەسلىمىيللا | (ئە ) | ئاللاغا بويسۇنماق |
| تەسۋىر | (ئە ) | تەسۋىرلىمەك ، سۈرەتلىمەك ، سىزماق ؛ رەسىم ، رەسىم سىزماق ، سۈرەتكە تارتماق |

① «تەربى» قەدىمكى ئىسىملاردىن «تۇربى» نىڭ ئۆزگىرىشى ھېسابلىنىدۇ . شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى ، بۇ ئىسىم ئەرەبچىدە «تەربىيەلىمەك ، تەربىيەچى» دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| تەسىن | | | ( «تەھسىن» گە قاراڭ ) |
| تەشرىپ | (ئە ) | | شەرەپ ، ھۆرمەت ، ئۇلۇغلىماق ، شەرەپ بىلمەك ، ھۆرمەتلىمەك |
| تەغرىر | (ئە ) | | قانات قېقىپ ئۇچماق ؛ مەغرۇر بولماق |
| تەقۋا | (ئە ) | | تەقۋادار ، ئاللاغا چىن كۆڭلىدىن ئېتىقاد قىلغۇچى ، دىنغا ھەقىقىي سادىق بولغۇچى |
| تەقى | (ئە ) | | ئاللادىن قورققۇچى |
| تەكۋىر | (ئە ) | | سەللە يۆگىمەك ( «قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى ) |
| تەگىن | (ئۇ ) | تېگىن | شاھزادە |
| تەڭرىبەردى | (ئۇ ) | | بۇ ئوغۇلنى ئاللا بەردى |
| تەڭرىقۇت | (ئۇ ) | | تەڭرى بەختلىك قىلغان ؛ تەڭرى بەرگەن بەخت |
| تەڭرىقۇل | (ئۇ ) | | تەڭرى (ئاللا ) نىڭ قۇلى |
| تەڭىز | (ئۇ ) | | دېڭىز |
| تەلئەت | (ئە ) | تەلەت | (1 ) بەختى كەلگەن ، (2 ) كۆرۈنگەن ، يۇقىرى ئۆرلىگەن (بۇ مەنىدە «تەلئەت» مەخسۇس كۈن ، ئاي كۆرۈنگەن ۋە ئۆرلىگەنگە قارىتىلىدۇ ) ، (3 ) چىراي ، ئوبراز ، تاشقى قىياپەت |
| تەلىق | (ئە ) | | ئەركىن ، ھۆر ؛ خۇشال |
| تەلىم | | | ( «تەئلىم» گە قاراڭ ) |
| تەلىمىدىن | | | ( «تەئلىمىدىن» گە قاراڭ ) |
| تەمكىن | (ئە ) | | مەھكەم ، كۈچلۈك ، ئىقتىدارلىق ، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان |
| تەمىن | | | ( «تەئمىن» گە قاراڭ ) |
| تەنەۋۋۇر① | (ئە ) | تەنەۋۋەر ، تەنەۋەر | نۇر چاچقۇچى ، يورۇتقۇچى ، نۇر چىقارغۇچى |
| تەھرىم | (ئە ) | تېھرام | چەكلىمەك ، مەنئى قىلماق ( «قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى ) |

① بۇ ئىسمنىڭ ئۆزگىرىشلىرى ئاياللارغا قويۇلىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| تەھسىن | (ئە) | تەسىن | ياخشىلىماق ، مۇستەھكەملىمەك ؛ كۆچەيتمەك ، پۇختىلىماق ، ئاپىرىن ئوقۇماق |
| جاۋات | | | («جەۋۋاد» قا قاراڭ) |
| جاۋاهىر[11] | (ئە) | | گۆھەر ـ ياقۇتلار، ئۈنچە ـ مارجانلار |
| جاۋدان | (پ) | | مەڭگۈلۈك، ئەبەدىي |
| جاۋدەت | | | («جەۋدەت» كە قاراڭ) |
| جاۋۇب | (ئە) | جاۋۇپ | جاۋاب بەرگۈچى، تەلەپنى قاندۇرغۇچى |

---

①③④⑤⑥⑦⑧⑨⑩ لارنىڭ ئەسلىيسى «جانۋەپا، جەهان، جەهانبۇبا، جەهاندار، جەهانزەپەر، جەهانشاه، جەهانقۇلى، جەهانگىر، جەهانگىرخوجا، جەۋاهىر».

② «جانى» ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا ئاز ئۇچرايدۇ. بۇ ئىسىم كۆپىنچە «جان» تەرىزدە ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| جاۋۇت | | | ( «جەۋۋاد» قا قاراڭ ) |
| جەبرۇت | (ئە ) | | كۈچ ـ قۇۋۋەت ؛ كۈچلۈك ، قۇدرەتلىك |
| جەبرۇللا | (ئە ) | | ئاللانىڭ ھۆكمى |
| جەبىر | (ئە ) | جەپىر | كۈچلۈك ، قۇدرەتلىك ، كاتتا |
| جەپە | | | ( «جەئپەر» گە قاراڭ ) |
| جەپەر | | | ( «جەئپەر» گە قاراڭ ) |
| جەپپە | | | ( «جاببار» غا قاراڭ ) |
| جەپىر | | | ( «جەبىر» گە قاراڭ ) |
| جەرۇللا[1] | (ئە ) | جەرۇل | ئاللانىڭ دادىل كىشىسى |
| جەرى | (ئە ) | جارى | دادىل ، باتۇر |
| جەزىل | (ئە ) | | مول ، باي ، تولۇپ تاشقان ؛ يۈكسەك ، ئالىي |
| جەسۇر | (ئە ) | | شىجائەتلىك ، باتۇر ، قەيسەر ؛ دادىل ، جۈرئەتلىك ، جاسارەتلىك |
| جەڭگەز | (ئۇپ ) | | جەڭ ماھىرى |
| جەڭگىۋار | (پ ) | | جەڭگە ماھىر ، جەڭگە سادىق ، كۆرەشچان |
| جەلەك | | | ( «جەلى» غا قاراڭ ) |
| جەلەل | (ئە ) | | زور ، مۇھىم |
| جەللى | | | ( «جەلىل» گە قاراڭ ) |
| جەلى | (ئە ) | جەلەك | ئوچۇق ، روشەن |
| جەلىل | (ئە ) | جېلىل ، جەللى | ئۇلۇغ ، شانلىق ، پارلاق |
| جەلىلئاخۇن | (ئەئۇ ) | جەللاخۇن | جەلىل : ئىسمى ، ئاخۇن : قوشۇمچىسى |
| جەمشى | | | ( «جەمشىد» كە قاراڭ ) |
| جەمشىد | (پ ) | جەمشىت ، جەمشى | ئىران شاھلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى ، ئۇيغۇرلاردا باي ۋە بايلىققا سىمۋول قىلىنىدۇ |
| جەمال | (ئە ) | | تۆگىچى |
| جەمىل | (ئە ) | | گۈزەل ، چىرايلىق |
| جەناھىدىن | (ئە ) | جۇناھىدىن | دىنىنىڭ قانىتى ؛ دىنىنىڭ ھىمايىچىسى |
| جەۋدەت | (ئە ) | جاۋدەت | مەشھۇر ، مۇنەۋۋەر ، لايىق ، ئېسىل ، داڭلىق ، ياخشى ئەر |
| جەۋلان | (ئە ) | | لەپىلدىمەك ؛ سەيىر قىلماق |

① «جارۇللا» مۇ «جەرۇللا ، جەرۇل» غا ئۆزگىرىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| جەۋھەر | (ئە) | جۆھەر ، جۇھەر ، جۇھەرگۈل[1] | «گۆھەر» نىڭ ئەرەبلەشكەن ئاتىلىشى بولۇپ ، بۇ يەردە «ماددا ، نېگىز» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ |
| جەۋھەرى | (ئە) | | نېگىزلىك ؛ مۇھىم |
| جەۋھەرىدىن | (ئە) | | دىنىنىڭ نېگىزى |
| جەۋۋاد | (ئە) | جەۋۋات ، جەۋات ، جاۋات ، جاۋۇت | ئېسىل ، ياخشى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ) |
| جەئپەر | (ئە) | جەپەر ، جەپە | (1) كىچىك ئۆستەڭ (ئېرىق ) ، (2) قوي پادىسى ، قوي توپى |
| جۇبەير | (ئە) | جۇبەيرى | «جەبىر» نىڭ كىچىكلىتىلىشى ( «جەبىر» نىڭ مەنىسىگە قاراڭ ) |
| جۇبران | (ئە) | جىبران | پەرىشتە ئىسمى |
| جۇرمۇھەممەد | (ئە) | جۇرمۇھەممەت | مۇھەممەدكە ئەگەشكۈچى ، مۇھەممەدنىڭ دوستى ، يېقىنى ، مۇھەممەدنى دوست تۇتقۇچى |
| جۇرئەت | (ئە) | جۇرئەت ، جۇرەت | دادىل بولماق ، جەسۇرلۇق قىلماق |
| جۇرۇپ | (ئە) | | تاغ باغرى ، يار لىۋى ، دەريا قىرغىقى |
| جۇرى | (ئە) | جۇرىخان ، جۇرىگۈل[2] | قىزىلگۈل |
| جۇشقۇن | (ئۇ) | | تېتىك ، كۆتۈرەڭگۈ ، روھلۇق |
| جۇلا | (ئە) | | ئوچۇق ، پارقىراق ، نۇرلۇق |
| جۇلال | (ئە) | | بىر نەرسىنىڭ مۇھىم قىسمى |
| جۇللا | (ئە) | جۇللام | ئۇلۇغ ، ئۇلۇغۋار |
| جۇللائاخۇن | (ئەئۇ) | جۇللاخۇن | جۇللا : ئىسمى ، ئاخۇن : قوشۇمچىسى |
| جۇماخۇن | | | ( «جۇمەئاخۇن» غا قاراڭ ) |
| جۇمادىل | | | ( «جۇمەدىل» گە قاراڭ ) |
| جۇماش | | | ( «جۇمە» گە قاراڭ ) |
| جۇماق | | | ( «جۇمە» گە قاراڭ ) |
| جۇمان | (ئە) | | مەرۋايىت |
| جۇمايدىل | | | ( «جۇمەدىل» غا ياكى «جامائىدۇللا» غا قاراڭ ) |

①② «جۇھەرگۈل ، جۇرىخان ، جۇرىگۈل» ئاياللارغا قويۇلىدۇ .

| | | |
|---|---|---|
| جۇمايدىن | | («جۇمەدىن» غا قاراڭ) |
| جۇمى | | («جۇمە» گە قاراڭ) |
| جۇناھىدىن | | («جەناھىدىن» گە قاراڭ) |
| جۇنايىت | | («جۇنەيد» كە قاراڭ) |
| جۇنەيت | | («جۇنەيد» كە قاراڭ) |
| جۇنەيتۇل | | («جۇنەيدۇللا» غا قاراڭ) |
| جۇنەيتۇللا | | («جۇنەيدۇللا» غا قاراڭ) |
| جۇنەيتىللا | | («جۇنەيدۇللا» غا قاراڭ) |
| جۇنەيتىن | | («جۇنەيددىن» گە قاراڭ) |
| جۇنەيد | (ئە) جۇنەيت، جۇنايىت، جىنايىت | (1) قوشۇن، (2) كىچىك جەڭچى (ئەرەبچىدىكى «جۇندى» دېگەن سۆزنىڭ كىچىكلىتىلمە شەكلى) |
| جۇنەيددىن | (ئە) جۇنەيتىن، جۇنەيدىن | دىنىنىڭ كىچىك جەڭچىسى |
| جۇنەيدۇللا | (ئە) جۇنەيتۇل، جۇنەيتۇللا، جۇنەيتىللا، جۇنەيدۇل، جۇنەيدىل | ئاللانىڭ كىچىك جەڭچىسى |
| جۇنەيدىن | | («جۇنەيددىن» گە قاراڭ) |
| جۇھەر | | («جەۋھەر» گە قاراڭ) |
| جۆھەر | | («جەۋھەر» گە قاراڭ) |
| جۇرەت | | («جۇرئەت» كە قاراڭ) |
| جۇرمۇھەممەت | | («جۇرمۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| جۇمە[1] | (ئە) جۇمەك | يىغىلغان، توپلانغان كۈن (بۇ يەردە جۇمە كۈننى ئۇلۇغلاش ياكى جۇمە كۈنى تۇغۇلغان پەرزەنتنى تەبرىكلەش مەنىسى ئاساس قىلىنىدۇ) |
| جۇمەئاخۇن | (ئەئۇ) جۇماخۇن، جۇمەخۇن | جۇمە: ئىسمى، ئاخۇن: قوشۇمچىسى |
| جۇمەتاش | (ئەئۇ) | جۇمە: ئىسمى، تاش: قوشۇمچىسى (جۇمە كۈنى تۇغۇلدى ۋە جېنى تاشتەك چىڭ بولغاي) |

① «جۇمە» نىڭ يەنە تۆۋەندىكىدەك ئۆزگىرىشلىرى بار: «جۇماق، جۇماش، جۇمى»، بۇ ئىسىمنىڭ ئەسلىيىسى «جۇمئە».

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| جۇمەتۇردى | (ئەئۇ) | | جۇمە : ئىسمى ، تۇردى : قوشۇمچىسى (بۇ يەردە پەرزەنتنىڭ جۇمە كۈنى تۇغۇلغانلىقى ۋە ئۆلۈپ كەتمەي تۇرۇپ قالغانلىقىغا بولغان تەشەككۇر ئىپادىلەنگەن) |
| جۇمەخۇن | | | («جۇمەئاخۇن» غا قاراڭ) |
| جۇمەدىل | (ئەپ) | جۇمايدىل ، جامايدىل ، جۇمادىل | كۆڭلى خاتىرجەم |
| جۇمەدىن | (ئە) | جۇمايدىن | دىنىنىڭ خاتىرجەملىكى |
| جۇمەك | | | («جۇمە» گە قاراڭ) |
| جۇمەنىياز | (ئەپ) | | جۇمە : ئىسمى ، نىياز : قوشۇمچىسى |
| جىلىل | | | («جەلىل» گە قاراڭ) |
| جىبران | | | («جۇبران» غا قاراڭ) |
| جىران | (ئە) | | قوشنا |
| جىلال | | | («جالال» غا قاراڭ) |
| جىلان① | (پ) | | (1) ئىراندىكى بىر يۇرتنىڭ نامى ، (2) پەلەستىندىكى بىر جاي نامى |
| جىنان | (ئە) | | جەننەت |
| جىنايىت | | | («جۇنەيد» كە قاراڭ) |
| جىهاد | (ئە) | جىهات | كۈرەش ، جەڭ ، ئۇرۇش ، پارتىزانلىق |

## ئاياللار ئۈچۈن

| ئاتىلىشى | | ئۆزگىرىشلىرى | مەنىسى |
|---|---|---|---|
| جارە | (ئە) | جارەم | ئايال قوشنا ؛ ھەمراھ ؛ جورا |
| جارەمخان | (ئەئۇ) | | مېنىڭ جورام ، مېنىڭ ھەمراھىم |
| جارىخان | (ئەئۇ) | | «جارە» گە ئوخشاش |
| جارىگۈل | (ئەپ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| جازىبە | (ئە) | | جەلپ قىلماق ، ئىنتىلدۇرمەك |
| جاسارەتخان | (ئەئۇ) | | جەسۇر ئايال |
| جاسىيە | (ئە) | | يۈكۈنگۈچى ، رۇكۇ قىلغۇچى «قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى |

① ئەسلىيسى «گىلان» .

| | | | |
|---|---|---|---|
| جالاله[1] | (ئە) | | «جالال» بىلەن ئوخشاش |
| جامالئاي[2] | (ئەئۇ) | | چىرايلىق، گۈزەل قىز |
| جامالە[3] | | | «جامال» بىلەن ئوخشاش |
| جامالبۇۋى | | | («جامالبىبى» گە قاراڭ) |
| جامالبىبى[4] | (ئەپ) | جامالبۇۋى | گۈزەل خېنىم |
| جامالخان[5] | (ئەئۇ) | | گۈزەل ئايال |
| جامالقىز[6] | (ئەئۇ) | | گۈزەل قىز |
| جامالگۈل[7] | (ئەپ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| جامالنۇر[8] | (ئە) | | چىرايى نۇردەك گۈزەل |
| جانئانار | (پئۇ) | جاننار، جانار | ئـانار يـۈزلـۈك، جانـدىن ئەزىز قىز |
| جانئاي | (پئۇ) | جاناي | جېنىم ۋە گۈزىلىم قىزىم |
| جانئانارخان[9] | (پئۇ) | جاننارخان، جانارخان | جانئانار: ئىسمى، خان: سۈپىتى |
| جانئانارگۈل | (پئۇپ) | جانارگۈل | جانئانار: ئىسمى، گۈل: سۈپىتى |
| جانئايخان | (پئۇ) | جانايخان | جـانديـن ئـەزىـز، ئـايدىـن چىرايلىق |
| جانئايقىز | (پئۇ) | جانايقىز | جاندىن ئەزىز، ئايدەك گۈزەل قىز |
| جانئايگۈل | (پئۇپ) | جانايگۈل | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| جانئايىم | (پئۇ) | جانايىم | مېنىڭ جاندىن ئەزىز قىزىم |
| جاناي | | | («جانئاي» غا قاراڭ) |
| جانار | | | («جانئانار» غا قاراڭ) |
| جانارخان | | | («جانئانارخان» غا قاراڭ) |
| جانارگۈل | | | («جانئانارگۈل» گە قاراڭ) |
| جاناگۈل | | | («جانانگۈل» گە قاراڭ) |
| جاناخان | | | («جانانخان» غا قاراڭ) |
| جاناقىز | | | («جانانقىز» غا قاراڭ) |
| جانان[10] | (پ) | جانانخان، جانانقىز، جانانگۈل، جەنەم، جەنەمخان | جانغا جان قوشقۇچى، سۆيۈملۈك؛ ئەزىـز، قـەلب، دىـل؛ جـانلار؛ گۈزەل، نەپىس |

①②③④⑤⑥⑦⑧لارنىڭ ئەسلىيسى «جەلالە، جەمالئاي، جەمالە، جەمالبىبى، جەمالخان، جەمالقىز، جەمالگۈل، جەمالنۇر».

⑨ «جانئانارخان، جانانخان» ئوخشاشلا «جانارخان» غا ئۆزگىرىدۇ. ئـۇنـىڭدىن بـاشقا «يـانارخان» مۇ قازاقچىدا «جانارخان، جانارقان» غا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

⑩ «جانان» نىڭ يۇقىرىقىدەك ئۆزگىرىشلىرى بولـغانـنىـڭ سىرتـىدا، ئـۇلارمـۇ يەنـە تارماق ئۆزگىرىشلەرگە ئىگە. مەسىلەن، جەناخان، جەننخان، جەنىمخان، جەناقىز، جەنىقىز، جەنىمقىز دېگەنلەردەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| جانانئاي | (پئۇ) | جانائاي ، جەنائاي | جانغا جان قوشقۇچى قىز |
| جانانئايىم | (پئۇ) | جانايىم[1] ، جەنايىم | مېنىڭ جانان قىزىم ، گۈزەل قىزىم |
| جانانە | (پئە) | جانانەم | جانغا جان قوشقۇچى ، سۆيۈملۈك |
| جانانبۈۋى | | | («جانانبىبى» گە قاراڭ) |
| جانانبىبى | (پ) | جانانبۈۋى | جانغا جان قوشقۇچى خېنىم |
| جاناپاشا | (پ) | | جانغا جان قوشقۇچى پاشا قىز |
| جانانخان | (پئۇ) | جاناخان ، جانارخان ، جەناخان ، جەنىمخان ، جەندخان | (1) جانغا جان قوشقۇچى ئايال ، (2) «جانان» غا قاراڭ |
| جانانقىز | (پئۇ) | جاناقىز ، جەناقىز ، جەنىمقىز ، جەنقىز | (1) جانغا جان قوشقۇچى ، سۆيۈملۈك قىز ، (2) «جانان» غا قاراڭ |
| جانانگۈل | (پ) | جاناگۈل ، جەناگۈل ، جەنگۈل ، جەنىمگۈل | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| جانانىم | (پئۇ) | جەنانىم | (1) جاندىنمۇ ئەزىزىم ، گۈزەللىم ، (2) «جانانە» گە قاراڭ |
| جانانىخان | (پئۇ) | | جاندىن ئەزىز ئايال |
| جانانىگۈل | (پ) | | جاندىن ئەزىز قىز |
| جاناي | | | («جانئاي» غا قاراڭ) |
| جانايخان | | | («جانئايخان» غا قاراڭ) |
| جانايقىز | | | («جانئايقىز» غا قاراڭ) |
| جانايگۈل | | | («جانئايگۈل» گە قاراڭ) |
| جانايىم | | | («جانئايىم» گە ياكى «جانانئايىم» گە قاراڭ) |
| جانبۈۋى | | | («جانبىبى» گە قاراڭ) |
| جانبىبى | (پ) | جانبۈۋى | جاندىن ئەزىز خېنىم ، جان خېنىم ، جان پىدا خېنىم ، جېنىم خېنىم |
| جانپارە | (پ) | | جاننىڭ پارىسى ؛ يۈرەكنىڭ پارىسى |
| جاننار | | | («جانئانار» غا قاراڭ) |
| جانىسار | (پئە) | جانىسارخان | جان پىدا قىلغۇچى |

[1] «جانئايىم» مۇ «جانايىم» غا ئۆزگىرىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| جانىخان[1] | (پئەئۇ) | جەنىخان ، جەنىمخان | جانىجان ئايال |
| جانىقىز[2] | (پئەئۇ) | جەنىقىز ، جەنىمقىز | جانىجان قىز |
| جانىگۈل[3] | (پئەپ) | جەنىگۈل ، جەنىمگۈل | يۈقىرىقىغا ئوخشاش |
| جانىمخان[4] | (پئۇ) | جەنىمخان | مېنىڭ جان قىزىم |
| جانىيە | (پئە) | | «جانى» غا ئەرەبچە مۇئەننەسلىك ئىپادە «يە» قوشۇلۇپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئىسىم بولۇپ ، بۇ يەردە «جانىجان قىز» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ |
| جاھانئاي[5] | (پئۇ) | | جاھاننىڭ گۈزىلى |
| جاھانبانۇ[6] | (پ) | | جاھانغا مەشھۇر خېنىم |
| جاھانبۇۋى | | | («جاھانبىبى» گە قاراڭ) |
| جاھانبىبى[7] | (پ) | جاھانبۇۋى | جاھان : ئىسمى ، بىبى : قوشۇمچىسى (بۇ يەردىمۇ «جاھانغا مەشھۇر خېنىم» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ) |
| جاھانگۈل[8] | (پ) | | جاھاننىڭ گۈلى |
| جاھاننۇر[9] | (پئە) | | جاھاننىڭ نۇرى |
| جاھاننىسا[10] | (پئە) | جەنىسا | جاھان : ئىسمى ، نىسا : قوشۇمچىسى |
| جاھاننىساخان[11] | (پئەئۇ) | جەنىساخان | جاھاننىسا : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| جاۋانخان | (پئۇ) | جۇۋانخان ، جۇگانخان | ياش ئايال |
| جاۋاھىرە[12] | (ئە) | | «جاۋاھىر» بىلەن ئوخشاش |
| جائىبە | (ئە) | | ئاجايىپ خەۋەر ؛ تېز خەۋەر |
| جائىزە | (ئە) | جايىزە | مۇكاپات ، ئىنئام ؛ رۇخسەت |
| جابىرە | (ئە) | | «جەبىر» بىلەن ئوخشاش |
| جەبىرە | (ئە) | | «جەبىر» بىلەن ئوخشاش |

①②③④ بۇ ئىسىملارنىڭ ئۆزگىرىشلىرى «جانانخان ، جانانقىز ، جانانگۈل» قاتارلىق ئىسىملارنىڭ ئۆزگىرىشلىرى بىلەن ئوخشىشىپ قالىدۇ .

⑤⑥⑦⑧⑨⑩⑪⑫ لارنىڭ ئەسلىيسى «جەھانئاي ، جەھانبانۇ ، جەھانبىبى ، جەھانگۈل ، جەھاننۇر ، جەھاننىسا ، جەھاننىساخان ، جەۋاھىرە» .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| جەبىرئاي | (ئەئۇ) | جەۋراي | جەبرە : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |
| جەزبىدار[1] | (ئەپ) | | ئۆزىگە تارتقۇچى |
| جەزبىيە | (ئە) | | جەلپكار (يۇقىرىقىغا ئوخشاش) |
| جەزىرە | (ئە) | | ئارال |
| جەزىلە | (ئە) | | تەنتەنىلىك ، خۇشال |
| جەسۇرئاي | (ئەئۇ) | جەسۇراي | جەسۇر ، جاسارەتلىك قىز |
| جەسۇرە | (ئە) | | «جەسۇر» بىلەن ئوخشاش |
| جەسۇرگۇل | (ئەپ) | | جەسۇر ، جاسارەتلىك قىز |
| جەسىمە | (ئە) | | زور ، چوڭ |
| جەلبىقىز | (ئەئۇ) | | جەلپ قىلغۇچى قىز ، جەلپكار قىز |
| جەلبىگۇل | (ئەپ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| جەلبىيە | (ئە) | | جەلپكار قىز ؛ جەلپ قىلىشقا خاس |
| جەلىلە | (ئە) | | ئۇلۇغۋار ، مۇھىم ، ئۇلۇغۋار ئىشلار |
| جەمىگۇل | | | («جەمىلە» گە قاراڭ) |
| جەمىلە[2] | (ئە) | جەمىلەم ، جۇمىخان ، جەمىلىگۇل ، جەمىلىخان | گۈزەل ، چىرايلىق ، ياخشى (ئايال) |
| جەمىلئاي | (ئەئۇ) | جىمىلئاي | ئايدەك گۈزەل قىز |
| جەمىلىخان | | | («جەمىلە» گە قاراڭ) |
| جەمىلىقىز | | | («جەمىلە» گە قاراڭ) |
| جەمىلىگۇل | | | («جەمىلە» گە قاراڭ) |
| جەمئىيەت | (ئە) | جەمىيەت ، جەمىيەتخان ، جەمىيەتقىز | توپلانماق ، يىغىلماق (بۇ يەردە جەمئىيەتنى سۆيۈش روھى ئەكس ئەتكەن) |
| جەنائاي | | | («جانانئاي» غا قاراڭ) |
| جەناخان | | | («جانانخان» غا قاراڭ) |
| جەناقىز | | | («جانانقىز» غا قاراڭ) |
| جەناگۇل | | | («جانانگۇل» گە قاراڭ) |
| جەنانىم | | | («جانانىم» گە قاراڭ) |
| جەنەم | | | («جانان» غا قاراڭ) |
| جەنەمخان | | | («جانان» غا قاراڭ) |
| جەننان | (ئە) | | باغۋەن ، گۈلچى |

① «جەزبىدار» ئەرلەرگىمۇ قويۇلىدۇ .
② «جەمىلە» نىڭ يەنە : «جەمىلىقىز ، جەمىگۇل ، جىمىلە ، جىمىلەم ، جىمىلىخان ، جىمەشخان ، جىمىلىگۇل ، جىمىلىقىز ، جىمىخان ، جىمىگۇل ، جۇمىگۇل» دېگەن ئۆزگىرىشلىرى بار .

| | | |
|---|---|---|
| جەننەت | (ئە) جەننەتخان، جەننەتقىز، جەننەتگۈل | باغ (بۇ ئىسىمدا كىشىلەرنىڭ باقىي ئالەمدە جەننەتكە كىرىش ۋە جەننەتتىكى ھۆر - پەرىلەردەك ياشاش، شۇنىڭدەك جەننەتتىكى ھەممە نەرسىنى گۈزەل، ئۇلۇغ دەپ قاراش ئېڭى ئەكس ئېتىدۇ) |
| جەننەتئاي | (ئەئۇ) | جەننەتتىكى ھۆر - پەرىدەك گۈزەل قىز |
| جەننەتئايىم | (ئەئۇ) | مېنىڭ جەننەت قىزىم |
| جەننەتبوۋى | | («جەننەتبىبى» گە قاراڭ) |
| جەننەتبىبى | (ئەپ) جەننەتبوۋى | جەننەتتىكى ھۆر - پەرىلەردەك گۈزەل خېنىم |
| جەننەتخان | | («جەننەت» كە قاراڭ) |
| جەننەتقىز | | («جەننەت» كە قاراڭ) |
| جەننەتگۈل | | («جەننەت» كە قاراڭ) |
| جەننەتنىسا[1] | (ئە) جەنىسا | ئاياللارنىڭ جەننىتى |
| جەننەتنىساخان[2] | (ئەئۇ) جەنىساخان | جەننەتنىسا: ئىسمى، خان: سۆپىتى |
| جەنىخان | | («جانانخان» ياكى «جانىخان» غا قاراڭ) |
| جەنىسا | | («جاھاننىسا» ياكى «جەننەتنىسا» غا قاراڭ) |
| جەنىساخان | | («جاھاننىساخان» ياكى «جەننەتنىساخان» غا قاراڭ) |
| جەنىگۈل | | («جانانگۈل» ياكى «جانىگۈل» گە قاراڭ) |
| جەنىمخان | | («جانانخان» ياكى «جانىخان، جانىمخان» لارغا قاراڭ) |
| جەنىمقىز | | («جانانقىز، جانىقىز» غا قاراڭ) |
| جەنىمگۈل | | («جانانگۈل، جانىگۈل» گە قاراڭ) |
| جەۋلانئاي | (ئەئۇ) | جەۋلان: ئىسمى، ئاي: سۆپىتى |
| جەۋھەرئاي | (ئەئۇ) جوھەرئاي | گۆھەردەك قىز |

①② «جەننەتنىسا، جەننەتنىساخان» دېگەن بۇ ئىككى ئىسىمنىڭ ئۆزگىرىشلىرى «جاھاننىسا، جاھاننىساخان» نىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە ئوخشايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| جەۋھەربۇۋى | | | ( «جەۋھەربىبى» گە قاراڭ ) |
| جەۋھەربىبى | (ئەپ) | جەۋھەربۇۋى ، جۇۋ-ھەربۇۋى | گۆھەردەك خېنىم |
| جەۋھەرخان | (ئەئۇ) | جۇھەرخان | گۆھەردەك ئايال |
| جەۋھەرقىز | (ئەئۇ) | جۇھەرقىز | «جەۋھەرئاي» غا ئوخشاش |
| جەۋھەرگۇل | (ئەپ) | جۇھەرگۇل | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| جەۋىراي | | | ( «جەبىرئاي» غا قاراڭ ) |
| جۇبەيرە | (ئە) | جۇبەيرەم ، جۇۋەيرە ، جۇۋەيرەم | ( «جەبىرە» دېگەن ئەرەبچە سۆزنىڭ كىچىكلىتىلمە شەكلى ) |
| جۇبەيرەم | | | ( «جۇبەيرە» گە قاراڭ ) |
| جۆرئەتئاي | (ئەئۇ) | جۆرەتاي | جۆرئەتلىك قىز |
| جۆرئەتقىز | (ئەئۇ) | جۆرەتقىز | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| جۆرئەتنىسا | (ئە) | جۆرەتنىسا | جۆرئەتلىك ئايال |
| جۆرئەتنىساخان | (ئەئۇ) | جۆرەتنىساخان | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| جۆرىئاي | (ئەئۇ) | جۇرىئاي | قىزىلگۈل كەبى قىز |
| جۆرىخان | (ئەئۇ) | جۇرىخان | قىزىلگۈل كەبى ئايال |
| جۆرىگۇل | (ئەپ) | جۇرىگۇل | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| جۆشقۆنئاي | (ئۇ) | جۇشقۇناي | ئېتىك ، جانلىق قىز |
| جۆلالە | (ئە) | | ھۆرمەتلىك ، ئۇلۇغ ، پارلاق |
| جۇھەرئاي | | | ( «جەۋھەرئاي» غا قاراڭ ) |
| جۇھەرخان | | | ( «جەۋھەرخان» غا قاراڭ ) |
| جۇھەرقىز | | | ( «جەۋھەرقىز» غا قاراڭ ) |
| جۇھەرگۇل | | | ( «جەۋھەرگۇل» گە قاراڭ ) |
| جۇۋانخان | | | ( «جاۋانخان» غا قاراڭ ) |
| جۇرىئاي | | | ( «جۆرىئاي» غا قاراڭ ) |
| جۇرىخان | | | ( «جۆرىخان» غا قاراڭ ) |
| جۇرىگۇل | | | ( «جۆرىگۇل» گە قاراڭ ) |
| جۇمەئاي① | (ئەئۇ) | | جۇمە كۈنى تۇغۇلغان قىز |
| جۇمەخان② | (ئەئۇ) | جۇمىخان | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| جۇمەرەم | (ئەئۇ) | | مېنىڭ جۇمە كۈنى تۇغۇلغان قىزىم |
| جۇمەقىز③ | (ئەئۇ) | | «جۇمەئاي» غا ئوخشاش |
| جۇمەگۇل④ | (ئەپ) | | «جۇمەئاي» غا ئوخشاش |
| جۇمەنىسا⑤ | (ئە) | | جۇمە كۈنى تۇغۇلغان ئايال |

①②③④⑤لارنىڭ ئەسلىيسى «جۇمئەئاي ، جۇمئەخان ، جۇمئەقىز ، جۇمئەگۇل ، جۇمئەنىسا» . يۇقىرىقى ئىسىملارنىڭ ھەممىسىدە جۇمە كۈنى ئۇلۇغلانغان .

| | | |
|---|---|---|
| جۈمىگۈل | | ( «جەمىلە» گە قاراڭ ) |
| جۆھەربۇ | | ( «گۆھەربىبى» گە قاراڭ ) |
| جىلانگۈل | (پ ) | جىلان : ئىسمى ، گۈل : سۈپىتى<br>( «جىلان» غا قاراڭ ) |
| جىمەشخان | | ( «جەمىلە» گە قاراڭ ) |
| جىمىخان | | ( «جەمىلە» گە قاراڭ ) |
| جىمىگۈل | | ( «جەمىلە» گە قاراڭ ) |
| جىمىلە | | ( «جەمىلە» گە قاراڭ ) |
| جىمىلەم | | ( «جەمىلە» گە قاراڭ ) |
| جىمىلىئاي | | ( «جەمىلىئاي» غا قاراڭ ) |
| جىمىلىخان | | ( «جەمىلە» گە قاراڭ ) |
| جىمىلىگۈل | | ( «جەمىلە» گە قاراڭ ) |
| جىنارخان | | ( «چىنار» غا قاراڭ ) |
| جىنەستە | (ئۇ ) | مېۋە ئىسمى |
| جىنەستىخان | (ئۇ ) | جىنەستە : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| جىنەستىگۈل | (ئۇپ ) | جىنەستە : ئىسمى ، گۈل : سۈپىتى |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# چ

## ئەرلەر ئۇچۇن

| ئاتىلىشى | ئۆزگىرىشلىرى | مەنىسى |
|---|---|---|
| چاقماق | (ئۇ) | (1) تەبىئەت هادىسىسى ؛ (2) چاقماقتەك ئوغۇل ، چاققان ئوغۇل |
| چاھارىيەك | (پ) چارەك | تۆتتىن بىر |
| چاۋار | (ئۇ) | ئەخلەت ، ئوتۇن (كۆز تەگمەسلىك ئۈمىدىدە قويۇلغان) |
| چاۋش | (ئۇ) | يول ، تەدبىر ؛ تەدبىرچى |
| چەشمە | (پ) | كۆز ؛ بۇلاق |
| چەۋەنداز | (پ) | ئات چاپتۇرغۇچى ، ئات ئۈستىدە جەڭ قىلغۇچى ، ئات مىنىش ماھىرى |
| چورۇق | (ئۇ) | بىر خىل ئاياغ كىيىم ئىسمى (بۇ ئىسىممۇ پەرزەنتلەرگە كۆز تەگمەسلىك ئۈچۈن قويۇلغان) |
| چوڭ | (ئۇ) چوڭاق ، چوڭەك | ئۇلۇغ ، هۆرمەتتە چوڭ ؛ چوڭ ئوغۇل |
| چوڭئاخۇن | (ئۇ) چوڭاخۇن | چوڭ : ئىسمى ، ئاخۇن : قوشۇمچىسى |
| چوڭقارى | (ئۇئە) | چوڭ : ئىسمى ، قارى : سۈپىتى |
| چوڭھاجى | (ئۇئە) | چوڭ : ئىسمى ، هاجى : سۈپىتى |
| چۇمۇل | (ئۇ) | قەدىمكى قەبىلە نامى |
| چېچەن | (ئۇ) | زېھنى ئۆتكۈر ؛ زېرەك ، هوشيار ، ئەقىللىق |
| چېچەنتاي | (ئۇ) | چېچەن : ئىسمى ، تاي : قوشۇمچىسى |
| چېۋەر | (ئۇ) | ئۇستا ، ماھىر ، چەبدەس ، چاققان ، كېلىشىملىك |
| چىگىل | (ئۇ) | قەدىمكى قەبىلە نامى |

| | | |
|---|---|---|
| چىلان | (پ) | بىر خىل مېۋىلىك دەرەخ نامى |
| چىلانباي | (پئۇ) | چىلان : ئىسمى ، باي : سۈپەتى |
| چىلانبەگ | (پئۇ) | چىلان : ئىسمى ، بەگ : سۈپەتى |
| چىلگە | (پ) | بالدۇر پىشىدىغان ، تەملىك ، پۇراقلىق بىر خىل قوغۇن تۈرى |
| چىمەنقۇلى | (پئۇ) | چىمەن : ئىسمى ، قۇلى : قوشۇمچىسى |
| چىنپولات | (ئۇپ) | ھەقىقىي پولاتتەك ئوغۇل |
| چىنتاش | (ئۇ) | قىممەتلىك ، ئەتىۋارلىق تاش ؛ ھەقىقىي تاشتەك مەھكەم |
| چىنتاي | (ئۇ) | ھەقىقىي تايچاق كەبى يېقىشلىق |
| چىنتايبەگ | (ئۇ) | ھەقىقىي تايچاق كەبى يېقىشلىق ئەر |
| چىنتۆمۈر | (ئۇ) | ھەقىقىي ، تۆمۈردەك يىگىت |
| چىنتېكىن | (ئۇ) | ھەقىقىي شاھزادە |

## ئاياللار ئۈچۈن

| ئاتىلىشى | | ئۆزگىرىشلىرى | مەنىسى |
|---|---|---|---|
| چاۋاخان | | | ( «چاۋارخان» غا قاراڭ ) |
| چاۋارخان | (ئۇ) | | «چاۋار» غا ئوخشاش |
| چاۋارگۈل | (ئۇپ) | چاۋاگۈل | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| چايسۇلتان | (پئە) | | سۇلتان : ئىسمى ، چاي : قوشۇمچىسى |
| چايگۈل | (پ) | | چايگۈلىدەك ئېسىل قىز |
| چەشمىزۇلال | (پ) | | سۈزۈك بۇلاق |
| چەشمىگۈل | (پ) | | بۇلاق كۆز قىز |
| چوغلۇق | (ئۇ) | | بىر خىل گۈل ئىسمى |
| چوغلۇقبىبى | (ئۇپ) | چوغلۇقبۇۋى | چوغلۇقتەك چىرايلىق خېنىم |
| چوغلۇقگۈل | (ئۇپ) | | چوغلۇقتەك چىرايلىق قىز |
| چوكان[1] | (پئۇ) | | توي قىلغان ياش ئايال |
| چوكانئاي | (پئۇ) | | ئايدەك چوكان |
| چوكانخان | (پئۇ) | | چوكان ئايال ، كېلىشكەن ئايال |

① «چوكان» نىڭ ئەسلىيسى پارسچە «جاۋان» بولۇپ ، بەزى جايلاردا «جوۋان ، جوگان» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان ۋە كېيىن «چوكان» دەپ ئۆزگەرگەن . شۇڭا ئۇنى پارسچە بىلەن ئۇيغۇرچىنىڭ بىرىكىشى دەپ قاراشقا بولىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| چوكاننىسا | (پئۇئە) | | كېلىشكەن ئايال |
| چوڭخان | (ئۇ) | | ھۆرمەتتە چوڭ ئايال؛ چوڭ قىز |
| چوڭگۈل | (ئۇپ) | | ھۆرمەتتە چوڭ قىز، قىزنىڭ چوڭى |
| چوڭنەم | | | («چوڭنىسا» غا قاراڭ) |
| چوڭنىسا | (ئۇئە) | چوڭنەم | ئاياللارنىڭ چوڭى، ئۇلۇغ، ھۆرمەتتە چوڭ ئايال؛ چوڭ قىز |
| چوڭنىساخان | (ئۇئەئۇ) | چوڭنىسخان، چوڭنىسەم، چوڭنىسگۈل | چوڭنىسا: ئىسمى، خان: سۈپىتى |
| چولپان[①] | (پ) | چولپانخان | چولپان يۇلتۇزىدەك چاقناپ تۇرغۇچى |
| چولپاناي | | | («چولپانئاي» غا قاراڭ) |
| چولپانئاي | (پئۇ) | چولپاناي | چولپان يۇلتۇزىدەك قىز |
| چولپانخان | | | («چولپان» غا قاراڭ) |
| چولپانقىز | | | («چولپان» غا قاراڭ) |
| چولپانگۈل | | | («چولپان» غا قاراڭ) |
| چولپاننۇر | (پئە) | چولپىنۇر | چولپان يۇلتۇز نۇرى |
| چولپىخان | | | («چولپان» غا قاراڭ) |
| چولپىقىز | | | («چولپان» غا قاراڭ) |
| چولپىگۈل | | | («چولپان» غا قاراڭ) |
| چولپىنۇر | | | («چولپاننۇر» غا قاراڭ) |
| چۆچۈرىخان | (ئۇ) | | چۆچۈرە: ئىسمى، خان: سۈپىتى (چۆچۈرە: بىر خىل تاماق تۈرى) |
| چۈچۈكئايىم | (ئۇ) | | مېنىڭ تاتلىق قىزىم |
| چېچەك | (ئۇ) | | گۈل (بۇ يەردە يېڭى تۇغۇلغان قىز پەرزەنت چېچەككە ياكى گۈلگە ئوخشىتىلغان) |
| چېچەككئاي | (ئۇ) | | چېچەكتەك چىرايلىق ۋە يۇمران قىز |
| چېچەككخان | (ئۇ) | | چېچەكتەك چىرايلىق ئايال |
| چېچەنئاي | (ئۇ) | | زېرەك، ئەقىللىق قىز |
| چېچەنخان | (ئۇ) | | زېرەك، ئەقىللىق، ھوشيار ئايال |

① «چولپان» نىڭ يەنە «چولپانقىز، چولپانگۈل، چولپاڭخان، چولپاڭقىز، چولپاڭگۈل، چولپىخان، چولپىقىز، چولپىگۈل» دېگەندەك ئۆزگىرىشلىرى بار.

| | | | |
|---|---|---|---|
| چېهراي | | | («چېهرىئاي» غا قاراڭ) |
| چېهرىئاي | (پ ئۇ) | چېهراي | چىرايى ئايدەك قىز |
| چېهرىبانۇ | (پ) | چېهرىبان | چىرايلىق خېنىم |
| چېهرىگۈل | (پ) | | چىرايى گۈلدەك قىز |
| چېهرىنىسا | (پ ئە) | چېهرىنسا | چىرايلىق، گۈزەل ئايال |
| چېۋەرئاي | (ئۇ) | چېۋەراي | چېۋەر قىز |
| چېۋەرخان | (ئۇ) | | چېۋەر ئايال |
| چېۋەرقىز | (ئۇ) | | «چېۋەرئاي» غا ئوخشاش |
| چېۋەرگۈل | (ئۇپ) | چېۋەرگۈل | «چېۋەرئاي» غا ئوخشاش |
| چېۋەرنىسا | (ئۇ ئە) | | ئاياللارنىڭ ئىچىدىكى چېۋەر ئايال |
| چىلانخان | (پ ئۇ) | | چىلاندەك جەلپ قىلارلىق ئايال |
| چىلانگۈل | (پ) | | چىلاندەك جەلپ قىلارلىق قىز |
| چىمەن | (پ) | | چىمەندىكى بىر تال گۈل ؛ گۈللۈك |
| چىمەنئاي | (پ ئۇ) | | چىمەندىكى بىر تال گۈلدەك قىز |
| چىمەنخان | (پ ئۇ) | | چىمەندىكى بىر تال گۈلدەك ئايال |
| چىمەنزار | (پ) | | چىمەنلىك، گۈللۈك |
| چىمەنقىز | (پ ئۇ) | | «چىمەن» گە ئوخشاش |
| چىمەنگۈل | (پ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| چىمەننىسا | (پ ئە) | | «چىمەنخان» بىلەن ئوخشاش |
| چىنئاي[1] | (ئۇ) | چىناي | ھەقىقىي ئايدەك گۈزەل قىز |
| چىنار | (پ) | چىنارەم، چىنارخان، چىنارقىز، چىنارگۈل | بىر خىل دەرەخ ئىسمى (بۇ يەردە «چىنار بويلۇق قىز» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ) |
| چىنارئاي | (پ ئۇ) | | چىنار بويلۇق گۈزەل قىز |
| چىنارەم | | | («چىنار» غا قاراڭ) |
| چىنارخان | | | («چىنار» غا قاراڭ) |
| چىنارقىز | | | («چىنار» غا قاراڭ) |
| چىنارگۈل | | | («چىنار» غا قاراڭ) |
| چىنارنىسا | (پ ئە) | چىنانىسا، چىنانىسەم | ئاياللارنىڭ ئىچىدىكى چىناردەك ئايال، چىنار بويلۇق گۈزەل ئايال، ئاياللارنىڭ چىنارى |
| چىناي | | | («چىنئاي» ياكى «چىنىئاي» غا قاراڭ) |

① «چىنئاي» بىلەن «چىنىئاي» ئوخشاشلا «چىناي» غا ئۆزگىرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| چىنە | (پ) | چىنەم ، چىنىخان ، چىنىقىز ، چىنىگۈل | چىنىدەك پاكىز ۋە ئاپئاق قىز |
| چىنتاشخان | (ئۇ) | | (1) قىممەتلىك ، ئەتىۋارلىق ، ھەقىقىي تاشتەك مەھكەم (ئايال) ، (2) «چىنتاش» بىلەن ئوخشاش |
| چىنتاشخېنىم | (ئۇ) | | مېنىڭ چىنتاشتەك ئەتىۋارلىق قىزىم |
| چىنتاشقىز | (ئۇ) | | «چىنتاش» بىلەن ئوخشاش |
| چىنتاشگۈل | (ئۇپ) | | (1) چىرايلىق ، چىدامچان قىز ، (2) «چىنتاش» بىلەن ئوخشاش |
| چىندىل | (ئۇپ) | | يۈرەكنىڭ قېتى |
| چىنمودەن | (ئۇ) | | ھەقىقىي مودەن گۈلدەك قىز |
| چىنھايات | (ئۇئە) | | ھەقىقىي ، توغرىلىق بىلەن ياشايدۇ |
| چىنىئاي | (پئۇ) | چىناي | چىنىدەك پاك ، ئايدەك گۈزەل قىز |
| چىنىخان | | | («چىنە» گە قاراڭ) |
| چىنىقىز | | | («چىنە» گە قاراڭ) |
| چىنىگۈل | | | («چىنە» گە قاراڭ) |
| چىۋەرگۈل | | | («چېۋەرگۈل» گە قاراڭ) |

# خ

## ئەرلەر ئۇچۇن

| ئاتلىشى | ئۆزگىرىشلىرى | مەنىسى |
|---|---|---|
| خابىدىن | | ( «خاپىدىن» گە قاراڭ ) |
| خاپىدىن | (ئە ) خابىدىن | دىندىن قورقۇچى ، تەقۋادار |
| خاپىز[1] | (ئە ) | باي ، راھەتلىك ، باياشات ، خۇشال ، شاد ـ خۇرام (ئاللانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى ) |
| خاپى | (ئە ) | مەخپىي ، سىرلىق |
| خاتەم | (ئە ) | ئۈزۈك ؛ تامغا |
| خاتىب | (ئە ) خاتىپ | ناتىق ، خىتاب قىلغۇچى ، خۇتبە ئوقۇغۇچى ، سۆزلىگۈچى |
| خاتىر | (ئە ) | ھەۋەس ، مايىللىق ؛ ئارزۇ ، پىكىر ، ئوي ، خىيال |
| خاتىم | (ئە ) | ئاخىرقى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ) |
| خاجە | (پ ) خاجى | خوجا ، ئۇستاز ( «خوجا» بىلەن ئوخشاش ) |
| خادىم | (ئە ) | خىزمەتچى |
| خازات | | ( «غازات» قا قاراڭ ) |
| خازار[2] | (ئە ) | يېشىل رەڭ ، كۆكتات |
| خارىس | | ( «ھارىس» كە قاراڭ ) |
| خازىم | | ( «ھازىم» غا قاراڭ ) |
| خاسئالىپ | (ئەئۇ ) | باتۇرلۇقتا خاس ، باتۇرلۇق ئۇچۇن ، ئۆزگىچە ، ئالاھىدە باتۇر |
| خاسباي | (ئەئۇ ) | باي بولۇشقا خاس ، بايغا مۇناسىپ ، ئالاھىدە باي ، ئۆزگىچە ، مەشھۇر باي |
| خاسبەگ | (ئەئۇ ) خاسبى | ھەقىقىي ئەر بولۇشقا مۇناسىپ ، ئالاھىدە كىشى |

①② ئەسلىيسى «خاپىد ، خەزار» .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| خاسپولات | (ئەپ) | | پولاتتەك ئوغۇل بولۇشقا مۇناسىپ |
| خاسدىل | (ئەپ) | خاستىل | قەلبى ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان ، دىلى بىلەن تىلى بىر ، كۆڭلى پاك كىشى |
| خاسھاجىب | (ئە) | | قاراخانىيلاردا مەنسەپ نامى (تايانغۇ) |
| خاسىپ | | | («ھاسىب» كە قاراڭ) |
| خاسيار | (ئەپ) | | ئۆز دوست ، چىن دوست ، پاك دوست |
| خاقان | (ئۇ) | | پادىشاھ ، خان |
| خال | | | («خالى ، خالىدىن» گە قاراڭ) |
| خالەم | | | («خالى» غا قاراڭ) |
| خالپات | | | («خەلپەت» كە قاراڭ) |
| خالدار | | | («خالىدار» غا قاراڭ) |
| خالرەشىد | (ئە) | خالرىشت | بەختكە يول كۆرسەتكۈچى |
| خالزاد | (ئەپ) | خالزات | بەختلىك ئەۋلاد ؛ ئەركىن |
| خالمەت | | | («خالمۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| خالمەك① | (ئەئۇ) | خالىمەك | بەخت بەلگىسى ؛ خال — مەك |
| خالمەمەت | | | («خالمۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| خالمۇراد | (ئە) | خالمۇرات | مۇرادى ھاسىل بولغان |
| خالمۇھەممەد | (ئە) | خالمۇھەممەت ، خال-مەمەت ، خالمەت | مۇھەممەد : ئىسمى ، خال : سۈپىتى |
| خالنىزات | | | («خالىزاد» قا قاراڭ) |
| خالى | (ئە) | خال ، خالىجان ، خالىم ، خالەم | (1) ئەركىن ، ھۆر ، بويتاق ، (2) خال ، مەڭ (3) ئەيىبتىن خالىي ، (4) بوش ، بىكار |
| خالنەزەر | (ئە) | | بەخت يۈزلەنگەن |
| خالۇت | | | («خەلۇد» قا قاراڭ) |
| خالباي | (ئەئۇ) | خالىۋاي | خالى : ئىسمى ، باي : سۈپىتى |
| خالبەر② | (ئەپ) | خالىۋەر ، خالۋەر | بەختنى ئۆزىگە يۈزلەندۈرگۈچى |
| خالبەگ | (ئەئۇ) | خالىۋەگ | خالى : ئىسمى ، بەگ : سۈپىتى |
| خالجان | | | («خالى» غا قاراڭ) |
| خالىد | (ئە) | خالىت | مەڭگۈلۈك |

①② «خالمەك ، خالبەر» ئاياللارغىمۇ قويۇلىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| خالدار | (ئەپ) | خالدار | (1) هۆرلۇكنى ياقلىغۇچى ، (2) خاللىق ، (3) بەختلىك |
| خالدىن[1] | (ئە) | خال[2] | دىنغا ئەبەدىي سادىق |
| خالزاد | (ئەپ) | خالزات ، خالزات ، خالنزات ، خالنزات | (1) ئەركىن ، (2) ئەيىبتىن خالىي ، بەختلىك ئوغۇل («خالزاد» قا ئوخشاش) |
| خالىس | (ئە) | | ساپ ، پاكىز ، ھەقىقىي ، سەمىمىي |
| خالىسمۇھەممەد | (ئە) | خالىسمەت | مۇھەممەدنىڭ ئىخلاسمىنى |
| خالىق | (ئە) | | ياراتقۇچى |
| خالىم[3] | | | («خالى» گە قاراڭ) |
| خالىمەڭ | | | («خالمەڭ» گە قاراڭ) |
| خالىنزات | | | («خالزاد» قا قاراڭ) |
| خالۋاي | | | («خالباي» غا قاراڭ) |
| خالۋەر | | | («خالبەر» گە قاراڭ) |
| خالۋەگ | | | («خالبەگ» كە قاراڭ) |
| خامۇش | (پ) | | شۈك ، مۆلايىم |
| خامىس | (ئە) | خامىسجان ، خامىسخان[4] | بەشىنچى ئوغۇل |
| خان[5] | (ئۇ) | | (1) ھۆكۈمدار ، خان ، (2) بەزىدە ھەممىنىڭ خانى بولغان ئائىلانى كۆرسىتىدۇ |
| خانئالىپ | (ئۇ) | خانالىپ | باتۇر ، يېڭىلمەس خان |
| خانئەر | (ئۇ) | خانەر | ئەر : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |

① ئەسلىيسى «خالىددىن» .
② «خالى ، خالدىن» قاتارلىق باشتا «خال» كېلىدىغان بەزى ئىسىملار ئومۇمەن «خال» غا قىسقىرىدۇ .
③ «ھەلىم» مۇ «خالىم» غا ئۆزگىرىدۇ .
④ «خامىسخان» ئاياللارغا قويۇلىدۇ .
⑤ «خان» ئاللانىڭ ئىسىملىرى ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى ، «ئابدۇ ، ئەبۇ (ئاتا) ، خوجا ، شاھ ، بەگ ، دىن ، ئاللا» قاتارلىق ئىسىملار ، باشقا پەيغەمبەرلەر ئىسىملىرى ۋە تارىختا مۇتلەق ئەرلەر ئىسىملىرى بولۇپ كەلگەن «خان» قوشۇلغان ئىسىملاردىن باشقا ئادەتتىكى ئەرلەر ئىسىملىرىنى ئاياللار ئىسىملىرىغا ئايلاندۇرىدۇ . مەسىلەن ، «تۇرسۇن» غا «خان» قوشۇلسا «تۇرسۇنخان» بولغاندەك . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، بەزى ئاياللار ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا يەنە قوشۇلۇپ ، ياش قىزلار ۋە ئوتتۇرا ياش ئاياللارنىڭ ئىسىملىرىنى ياشقا چوڭراق ئاياللارغا ماس ئىسىملارغا ئايلاندۇرۇشى مۇمكىن . مەسىلەن ، «مەدىنە» ياش قىزنىڭ ئىسمى بولغان بولسا ، «مەدىنەم» ياش ۋە ئوتتۇرا ياش ئايالنى ، «مەدىنىخان» شۇ ئايالنىڭ ياشقا چوڭراق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ . يەنە مەسىلەن ، «جەمىلە» ، «جەمىلەم» ، «جەمىلىخان» ، «گۆھەر» ، «گۆھەرنىسا» ، «گۆھەرنىساخان» دېگەن ئىسىملار «م» ، «نىسا» ۋە «خان» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شۇ ئاياللارنى ياش جەھەتتىن پەرقلەندۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ . لېكىن بۇ خىل ئەھۋال ھەممە جايلارغا باب كېلىۋەرمەيدۇ . بەزى جايلاردا قىزلار ئىسىملىرىغا «خان» قوشۇلسىمۇ ، يەنىلا ئۇ ياش جەھەتتىن چوڭراق ئايالنى كۆرسەتمەيدۇ . مەسىلەن ، «ھاۋاخان خوجا» قومۇلدا يەنىلا قىزلارنىڭ ئىسمىدۇر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| خانئەلى | (ئۇئە) | | ئەلى : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| خانەر | | | («خانئەر» گە قاراڭ) |
| خانبابا | (ئۇ) | | خان ئاتا ، خاندەك ئاتا |
| خانباي | (ئۇ) | | باي : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| خانبەگ | (ئۇ) | | بەگ : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| خانبول | (ئۇ) | | ھۆكۈمدار بول ؛ مەرتىۋىلىك بول |
| خانتاھىر | (ئۇئە) | خانتايىر | تاھىر : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| خانتۈرك | (ئۇ) | | تۈركلەرنىڭ خانى ؛ مەرتىۋىلىك تۈرك |
| خانخوجا | (ئۇپ) | خانغوجى | «خان ئەۋلادلىرىدىن بولغان خان ، مەرتىۋىلىك خان ، ئۇستازخان ، خان ئىگىمىز» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ . |
| خانزاد | (ئۇپ) | خانزات | خان بالىسى ؛ مەرتىۋىلىك ئوغۇل |
| خانغوجى | | | («خانخوجا» غا قاراڭ) |
| خانقۇلى | (ئۇ) | | خانغا — ئاللاغا قۇللۇق قىلغۇچى |
| خانمىرزا | (ئۇپ) | | مىرزا : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| خاننەزەر | (ئۇئە) | | خاننىڭ — ئاللانىڭ نەزىرىدىكى كىشى |
| خانئوغۇل | (ئۇ) | | مەرتىۋىلىك ئوغۇل |
| خانجاھان[1] | (ئۇپ) | | جاھاندىكى مەرتىۋىلىك كىشى ، جاھاننىڭ خانى |
| خانىزاد | (ئۇپ) | خاندزات ، خانىزات[2] | «خانزاد» قا ئوخشاش |
| خەبەر | (ئە) | خەۋەر | ئۇچۇر ، ئاخبارات ، يېڭى ئىشلار ، ۋەقە ، يېڭىلىق ، مەلۇمات |
| خەبىر | (ئە) | خېۋىر ، خەپىر ، خەۋىر | ھەممىدىن خەۋەردار ، تەجرىبىلىك ، مۇتەخەسسىس ، ئۇستا (ئاللانىڭ ئىسملىرىدىن بىرى) |
| خەبىرا | | | («ھەبىرا» غا قاراڭ) |
| خەپتاجى | | | («خەلپەتھاجى» غا قاراڭ) |
| خەپتىم | | | («خەلپىتىم» گە قاراڭ) |

① ئەسلىيسى «خانجەھان» .

② «خانىزاد» بىلەن «خانزاد» ئوخشاشلا «خانزات» قا ئۆزگىرىدۇ ھەمدە ھەر ئىككىسى ئاياللارغىمۇ قويۇلىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| خەپى | (ئە) | | «خاپى» بىلەن ئوخشاش |
| خەپىپ | (ئە) | | يېنىك ، چاققان ، تېتىك |
| خەپىر | (ئە) | | (1) «خەبىر» گە قاراڭ ، (2) قوغدىغۇچى ، مۇھاپىزەتچى |
| خەتتاب | (ئە) | خەتتاپ | ناتىق ، سۆھبەتداش |
| خەتىب | (ئە) | خەتىپ | (1) «خەتتاب» قا ئوخشاش ، (2) نىكاھ ئوقۇغۇچى ، (3) خىتاب قىلغۇچى ، باياناتچى ، سۆزمەن (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ) |
| خەتىبئاخۇن | (ئەئۇ) | خېتىۋاخۇن | خەتىب : ئىسمى ، ئاخۇن : قوشۇمچىسى |
| خەتىبباقى | (ئە) | خەتىپباقى ، خېتىۋاقى | مەڭگۈ خىتاب قىلغۇچى |
| خەتىر | (ئە) | | مۇھىم ، زور ، ئەھمىيەتلىك |
| خەدىس | | | ( «ھەدىس» كە قاراڭ ) |
| خەدىن | (ئە) | | دوست |
| خەززار | (ئە) | | كۆكتات ساتقۇچى |
| خەزىر① | (ئە) | ھەزىر | يېشىل ، ياپيېشىل ، سۈزۈك |
| خەكىم | | | ( «ھەكىم» گە قاراڭ ) |
| خەلەپ | (ئە) | | ئىز باسار ، ۋارىس |
| خەلەخمەت | | | ( «خەلىلئەھمەد» كە قاراڭ ) |
| خەلەك | | | ( «خەلىل» گە قاراڭ ) |
| خەلپەت | (ئە) | خەلپەم ، خالپات | ئىز باسماق ، داۋاملاشتۇرماق |
| خەلپەتهاجى | (ئە) | خەپتاجى | خەلپەت : ئىسمى ، ھاجى : سۈپىتى |
| خەلپەم | | | ( «خەلپەت» كە قاراڭ ) |
| خەلپىتىم | (ئەئۇ) | خەپتىم | بۇ ئىسىم دىنىي ئەمەل نامىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ ، ئۇيغۇرلار ئۇنى «خەلپىتىم» نى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئىسىم قىلىپ قوللانغان (بۇ يەردە «خەلپەت» كە تەۋەلىك قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ، ھۆرمەت تۈسى بېرىلگەن ) |
| خەلپىدىن | (ئە) | | دىنىنىڭ داۋاملاشتۇرغۇچىسى |
| خەللاد | (ئە) | خەللات | مەڭگۈلۈك ، ئەبەدىيلىك |
| خەللاق | (ئە) | | ھەممىنى ياراتقۇچى |

① «خەزىر» مۇ «ھەزىر» گە ئۆزگىرىپ ئەسلىي «ھەزىر» غا ئوخشىشىپ قالىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| خەلەد | (ئە) | خەلەت | يۇرەك ؛ مەڭگۈ («خالىد» بىلەن ئوخشاش) |
| خەلۇد | (ئە) | خەلۇت ، خالۇت | «خالىد» بىلەن ئوخشاش |
| خەلى | (ئە) | خەلىم[①] | «خالى» بىلەن ئوخشاش |
| خەلىل | (ئە) | خەلەك ، خىلىل ، خىل | مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ، مەنىسى : ياخشى دوست ، سىرداش |
| خەلىلئەھمەد | (ئە) | خەلەخمەت ، خەلىلەخمەت | خەلىل : ئىسمى ، ئەھمەد : سۈپىتى (ھەر ئىككى ئىسىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدۇر . شۇڭا بۇ يەردە «مۇھەممەدنىڭ دوستى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ) |
| خەلىلۇل | | | («خەلىلۇللا» غا قاراڭ) |
| خەلىلۇللا | (ئە) | خەلىلۇل ، خىلىلۇل ، خىلىلۇللا | ئاللانىڭ دوستى |
| خەلىم | | | («خەلى» غا ياكى «ھەلىم» گە قاراڭ) |
| خەلىۋۇل | | | («خەلىيۇللا» غا قاراڭ) |
| خەلىۋۇللا | | | («خەلىيۇللا» غا قاراڭ) |
| خەلىيۇل | | | («خەلىيۇللا» غا قاراڭ) |
| خەلىيۇللا | (ئە) | خەلىيۇل ، خەلىۋۇل ، خەلىۋۇللا ، خىلىيۇل ، خىلىيۇللا | ئاللانىڭ ھۆر ، بەختلىك كىشىسى |
| خەمرۇل | | | («ئەمرۇللا» غا قاراڭ) |
| خەمىت | | | («ھەمىد» كە قاراڭ) |
| خەمىس | (ئە) | خەمىسجان | پەيشەنبە ؛ پەيشەنبە كۈنى تۇغۇلغان |
| خەمىل | | | («ھەمىل» گە قاراڭ) |
| خەنجەر | (پ) | | ئىككى بىسلىق ، بىر خىل ئۆتكۈر چوڭ پىچاق |
| خەۋەر | | | («خەبەر» گە قاراڭ) |
| خەۋىر | | | («خەبىر» گە قاراڭ) |
| خەيتۇل | | | («خەيتۇللا» غا قاراڭ) |

① «خەلى» مۇ «خەلىم» غا ئۆزگىرىپ ، «ھەلىم» نىڭ ئۆزگىرىشىگە ئوخشىشىپ قالىدۇ .

| | | |
|---|---|---|
| خەيتۇللا | (ئە) خەيتۇل ، خەيدۇل ، خەيدۇللا | ئاللانىڭ نۇرى ، ئاللانىڭ شولىسى ؛ ئاللانىڭ رىشتىسى ، ئاللاغا باغلانغان رىشتە |
| خەيرۇل | | ( «خەيرۇللا» غا قاراڭ ) |
| خەيرۇللا | (ئە) خەيرۇل ، خەيرىل ، خەيرىللا ، خەيرۇللام | ئاللانىڭ ياخشىلىقى ، ئاللانىڭ ياخشى كىشىسى |
| خەيرۇللاخان① | (ئەئۇ) خەيرۇلخان | خەيرۇللا : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| خەيرۇدىن | (ئە) خەيرىدىن | دىننىڭ ياخشىلىقى ، دىننىڭ ياخشى كىشىسى |
| خەيرۇن | (ئە) خەيرىن | ياخشى ، ياخشىلىق |
| خەيلۇل | | ( «خەيلۇللا» غا قاراڭ ) |
| خەيلۇللا | (ئە) خەيلۇل | ئاللانىڭ ئاتلىرى ؛ ئاللانىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ، ئاللانىڭ چەۋەندازلىرى |
| خوجا② | (پ) | ئۇستاز ، خوجايىن ؛ ئىگە |
| خوجائابدۇللا③ | (پئە) خوجائابلا ، غوجىئابدۇللا ، خوجابدۇللا ، غوجائابدۇللا ، غوجابدۇللا | خوجا : ئىسمى ، ئابدۇللا : سۈپىتى ( «ئابدۇللا» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى . بۇ يەردە «خوجىمىز مۇھەممەد» دېگەن مەنىدە كېلىپ ، پەيغەمبەر ئۇلۇغلىنىدۇ ) |

① «خەيرۇللاخان» ئاياللارغىمۇ قويۇلىدۇ ، «خەيرۇلخان» چوقۇم ئاياللارغا قويۇلىدۇ .

② «خوجا» ئەسلىدە «خۋاجە ، خاجە ، خوجە» دېيىلىسىمۇ ، ئادەت بويىچە «خوجا» دەپ ئېلىندى . ئۇ مەنە جەھەتتىن «ئۇستاز ، خوجايىن ، ئىگە» دېگەنلىك بولۇپ ، بەزىدە كۆچمە مەنىسى بولغان «ئىگەم ، ئاللا» كۆزدە تۇتۇلىدۇ . بولۇپمۇ كىشى ئىسىملىرىدا ئېنىقمۇ شۇنداق . مەسىلەن ، «خوجامبەردى ، خوجاميار» دېگەندە «ئاللابەردى ، ئاللايار ، ئىگەمبەردى ، ئىگەميار» دەپ چۈشىنىمىز . ئۇنىڭدىن باشقا ، «شاھ ، خان ، بەگ» قاتارلىق ئىسىملارمۇ خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەنە جەھەتتىن كۆپىنچە شاھ ، خان ياكى بەگنىڭ ئۆزىنى ئەمەس ، بەلكى ئاللانى ئىپادىلەيدۇ . چۈنكى ، ئاللا ھەممىنىڭ شاھى ، خانى ۋە بېگى دەپ ماختىلىدۇ . مەسىلەن ، «شاھىمبەردى ، خانقۇلى ، بەگقۇلى» دېگەندىمۇ «ئاللابەردى ، ئاللاقۇلى ، ئاللاقۇل» دەپ تونۇيمىز . «خوجا» يەنە بەزىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ . چۈنكى ، خوجىنىڭ ئەرەبچە ئاتىلىشى بولغان «سەييىد» (سېيىت) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ . كىشىلەر دەل مۇشۇ سەۋەبتىنمۇ «خوجا» نى پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قىلىپ قويۇشقان . بەزىلەرنىڭ قارىشىچە ، بۇ ئىسىم ئۆزىنى «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى» دەپ ئاتىۋالغان ئاتالمىش خوجىلارغىمۇ قارىتىلىدۇ . مېنىڭچە ، كىشى ئىسىملىرىدا خوجىلار كۆزدە تۇتۇلمايدۇ . ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئۆزگىرىشلىرى بار : «خوجام ، غوجا ، غوجام ، غوجى ، خوجاش ، غوجەش ، خوجاق ، غوجاش ، غوجاق ، غوجەك ، غوجەم» .

③ «خوجائابدۇللا» نىڭ يەنە «خوجابدۇل ، غوجابدۇل ، خوجىدۇل ، غوجىدۇل ، خوجاۋلا ، غوجاۋلا ، خوجىۋۇل ، غوجىۋۇل ، غوجىل» دېگەندەك ئۆزگىرىشلىرى بار .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| خوجائالىم | (پئە ) | خوجالىم ، غوجالىم | خوجا : ئىسمى ، ئالىم : سۈپىتى ( «ئالىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى . بۇ يەردە «بىلىملىك ئۇستاز ، خوجىمىز مۇھەممەد» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ ) |
| خوجائەخمەت | | | ( «خوجائەھمەد» كە قاراڭ ) |
| خوجائەلى | (پئە ) | غوجائەلى ، غوجەلى | خوجا : ئىسمى ، ئەلى : سۈپىتى ( «ئەلى» ئاللانىڭ ئىسمى بولۇپمۇ ، چاھاريارلاردىن ئەلىنىڭ ئىسمى بولۇپمۇ كېلىدۇ . شۇڭا بۇ يەردە «خوجىمىز ئاللا ياكى خوجىمىز ئەلى» دېگەن مەنىدە كېلىشى مۇمكىن ) |
| خوجائەمگەك | (پئۇ ) | | مېھنەت ئىگىسى (خوجا : ئىسمى ، ئەمگەك : قوشۇمچىسى ) |
| خوجائەمىن | (پئە ) | خوجائىمىن ، غوجائىمىن | خوجا : ئىسمى ، ئەمىن : سۈپىتى ( «ئەمىن» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى . بۇ يەردە يەنىلا «خوجىمىز مۇھەممەد ، ئىشەنچلىك خوجا» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ ) |
| خوجائەھمەد | (پئە ) | خوجائەخمەت ، غوجائەمەت ، غوجائەخمەت ، غوجەمەت ، غوجىئەمەت ، غوجەخمەت | خوجا : ئىسمى ، ئەھمەد : سۈپىتى ( «ئەھمەد» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى . شۇڭا بۇ يەردىمۇ «خوجىمىز مۇھەممەد» دېگەن مەنە ئىپادىلىنىپ ، يەنىلا پەيغەمبەر ئۇلۇغلىنىدۇ ) |
| خوجاباھائىدىن | (پئە ) | خوجاباۋۇدۇن ، غوجىباۋۇدۇن | خوجا : ئىسمى ، باھائىدىن : قوشۇمچىسى ( «باھائىدىن» نىڭ مەنىسى : دىنىنىڭ ئەتىۋار ، باھالىق كىشىسى ) |
| خوجابدۇل | | | ( «خوجا ئابدۇللا» غا قاراڭ ) |

| | | | |
|---|---|---|---|
| خوجابدۇللا | | | ( «خوجا ئابدۇللا» غا قاراڭ ) |
| خوجاتوختى | (پئۇ) | غوجىتوختى | توختى : ئىسمى ، خوجا : سۈپىتى |
| خوجاپىز | | | ( «خوجاھاپىز» غا قاراڭ ) |
| خوجاجاھان[1] | (پ) | خوجىجاھان | دۇنيانىڭ خوجىسى ، جاھاننىڭ ئىگىسى |
| خوجاخان | (پئۇ) | خوجىخان ، غوجىخان | خوجا : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| خوجازادە | (پ) | غوجىزادە | خوجا ئەۋلادى ، خوجىنىڭ بالىسى |
| خوجاسايىت | | | ( «خوجاسەئىد» كە قاراڭ ) |
| خوجاسەئىد | (پئە) | خوجاسايىت ، غوجاسايىت ، غوجىسايىت | خوجا : ئىسمى ، سەئىد : قوشۇمچىسى (بەختلىك ئۇستاز) |
| خوجاش | | | ( «خوجا» غا قاراڭ ) |
| خوجاشىم | | | ( «خوجاھاشىم» غا قاراڭ ) |
| خوجاقاسىم | (پئە) | غوجىقاسىم | قاسىم : ئىسمى ، خوجا : سۈپىتى |
| خوجاكالان | (پ) | خوجىكان ، غوجىكان | كاتتا ، چوڭ خوجا ( «خوجىكالان» غا ئوخشاش ) |
| خوجاكامال[2] | (پئە) | غوجاكامال ، غوجىكامال | كامالەتكە يەتكەن ئۇستاز ، كامالەت ئىگىسى |
| خوجامەممەت | | | ( «خوجامۇھەممەد» كە قاراڭ ) |
| خوجامەيىن | (پئە) | خوجامويىن | ئىللىقلىق بېغىشلىغۇچى |
| خوجامبەردى | (پئۇ) | غوجامبەردى | خوجام (خۇدايىم) پەرزەنت ئاتا قىلدى |
| خوجامقۇل | (پئۇ) | غوجامقۇل | ئاللانىڭ قۇلى |
| خوجامكەلدى | (پئۇ) | غوجامكەلدى | بىر ئوغۇل دۇنياغا كەلدى |
| خوجامنىياز | (پئۇپ) | غوجامنىياز | ئاللانىڭ چاكىرى ، ئاللاغا بەخشەندە قىلىنغان قۇل |
| خوجامنىيازھاجى | (پئۇپئە) | غوجامنىزاجى | خوجامنىياز : ئىسمى ، ھاجى : سۈپىتى |
| خوجامۇراد | (پئە) | غوجىمۇرات | ئاللا مۇرادىنى بەرگەن ئوغۇل |
| خوجامۇقبىل | (پئە) | غوجىمۇقبۇل | ئىستىقباللىق ئوغۇل |
| خوجامۇھەممەد | (پئە) | خوجامەممەت ، غوجىمەممەت ، خوجىمەت ، غوجىمەت | خوجا : ئىسمى ، مۇھەممەد : سۈپىتى (بۇ يەردە «خوجىمىز مۇھەممەد» دېگەن مەنە ئىپادىلىنىپ ، پەيغەمبەر ئۇلۇغلانغان ) |

[1][2] ئەسلىيى «خوجاجەھان ، خوجاكەمال» .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | |
|---|---|---|
| خوجاميار | (پئۇپ) غوجاميار | ئوغلىمىزغا ئاللا يار بولسۇن |
| خوجانۇرى | (پئە) | خوجا (ئاللا) نىڭ نۇرى |
| خوجانىياز | (پ) غوجىنىياز | خوجىغا (ئاللاغا) بەخشەندە قىلىنغان قۇل، خوجىغا بېغىشلانغان نەرسە ياكى ئادەم |
| خوجاهاپىز | (پئە) خوجاپىز، غوجاپىز | خوجا: ئىسمى، هاپىز: سۈپىتى («هاپىز» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى. مەنىسى: ساقلىغۇچى، قوغدىغۇچى. بۇ يەردە «ئاللا ئۆزى ساقلايدۇ» دېگەن مەنە ئەكس ئېتىدۇ) |
| خوجاهاشىم | (پئە) خوجاشىم، غوجاشىم، غوجاهاشىم | خوجا: ئىسمى، هاشىم: قوشۇمچىسى («هاشىم» نىڭ مەنىسى ئۈچۈن «ھ» بابىغا قاراڭ. بۇ ئىسىم «هاشىمى» بولغاندا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتىنى بىلدۈرىدۇ) |
| خوجاهاشىمئاخۇن | (پئەئۇ) خوجاشىمئاخۇن، خوجاشماخۇن، غوجاشماخۇن، غوجاشمان | خوجاهاشىم: ئىسمى، ئاخۇن: قوشۇمچىسى |
| خوجائۈممە | (پئە) | مىللەتنىڭ خوجىسى، مىللەتنىڭ ئىگىسى |
| خوجاۋۇلا | | («خوجائابدۇللا» غا قاراڭ) |
| خوجائىمىن | | («خوجائەمىن» گە قاراڭ) |
| خوجاياقۇپ[1] | (پئى) غوجىياقۇپ | ياقۇپ: ئىسمى، خوجا: سۈپىتى |
| خوجىدىن | (پئە) غوجىدىن | دىنىنىڭ خوجىسى، دىنىي ئۇستاز |
| خوجىدۇل | | («خوجائابدۇللا» غا قاراڭ) |
| خوجىشاھ | (پ) غوجىشاھ | خوجا: ئىسمى، شاھ: سۈپىتى |
| خوجىكالان[2] | (پ) غوجىكالان، غوجىكان، خوجىكان | چوڭ خوجا، ئۇلۇغ ئۇستاز؛ ئابرۇيلۇق خوجام، كاتتا خوجام |

① ئەسلىيى «خوجايەئقۇب».
② «خوجىكالان» يۇقىرىدا «خوجاكالان» دېگەن ئەسلىي ئاتىلىشى بويىچە كۆرسىتىلدى. «خوجىكالان» نىڭ «خوجىكان» دېگەن ئۆزگىرىشى «خوجىلار» دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| خوجىمەت | | ( «خوجامۇھەممەد» كە قاراڭ ) |
| خوجىيار | (پ) غوجىيار | خوجا (ئاللا) يار بولغۇچى |
| خۇتبىدىن① | (ئە) خۇتپىدىن | دىنىنىڭ تەرغىباتى، دىنىي لېكسىيە |
| خۇدابەخش | (پ) | خۇدا بەخشەندە قىلغان، خۇدا بەرگەن |
| خۇدابەردى | (پئۇ) خۇداۋەدى | خۇدا بىر ئوغۇل بەردى، خۇدا بەرگەن ئوغۇل |
| خۇداقۇل | (پئۇ) | خۇدانىڭ قۇلى، خۇداغا قۇللۇق قىلغۇچى |
| خۇدانەزەر | (پئە) | خۇدا ئىلتىپات قىلغۇچى |
| خۇداھاپىز | (پئە) | خۇدا ساقلىغۇچى، خۇدا ساقلايدۇ |
| خۇداۋەدى | | ( «خۇدابەردى» گە قاراڭ ) |
| خۇدايا | | ( «خۇدايار» غا قاراڭ ) |
| خۇدايار | (پ) خۇدايا، خۇدىيار | ئوغلۇمغا خۇدا يار بولغاي |
| خۇدايارخان | (پئۇ) خۇداياخان | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| خۇدايداد | (پ) | خۇدا بەرگەن |
| خۇدايىمبەردى | (پئۇ) خۇدۇمبەردى، خۇدۇيۇم، خۇدۇيۇمبەردى | خۇدايىم بىر ئوغۇل پەرزەنت بەردى |
| خۇدىيار | | ( «خۇدايار» غا قاراڭ ) |
| خۇرامشا | | ( «خۇررەمشاھ» قا قاراڭ ) |
| خۇرەمشا | | ( «خۇررەمشاھ» قا قاراڭ ) |
| خۇررەمشاھ | (پ) خۇرامشا، خۇرەمشا | خۇررەم: ئىسمى، شاھ: سۈپىتى ( «خۇررەم» نىڭ مەنىسى: خۇشال ) |
| خۇرسەن | (پ) | خۇشال؛ مەمنۇن |
| خۇرسەندى | (پ) | خۇشال بولغۇچى |
| خۇزار | (ئە) | كۆكتات |
| خۇزەر | (ئە) | يېشىل، ياپيېشىل، يېڭى، يېشىل رەڭ |
| خۇزرام | | ( «ئۇزرا» غا قاراڭ ) |
| خۇزرى | (ئە) | ياۋا ئۆردەك |
| خۇسراۋ | (پ) | پادىشاھ، ھۆكۈمدار |

① «قۇتبىدىن» دېگەن ئىسىمنۇ ئىستېمال جەريانىدا «خۇتبىدىن، خۇتپىدىن» گە ئۆزگىرىدۇ.

www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| خۇسەينى | | | ( «ھۇسەينى» گە قاراڭ ) |
| خۇشئاباد | (پ ) | خۇشئاۋات ، خۇشاۋات | بەك گۈزەل ، ئىنتايىن ئاۋات |
| خۇشئاۋاز | (پ ) | خۇشاۋاز | ئاۋازى يېقىملىق ، خۇش چاقچاق |
| خۇشئەھمەد | (پئە ) | خۇشئەخمەت | ئەھمەد : ئىسمى ، خۇش : سۈپىتى ( «خۇش كەپسەن ، ئەھمەد ئىسىملىك ئوغلۇم» ) |
| خۇشبەخت | (پ ) | خۇشبەختى | بەختلىك ، تەلەيلىك |
| خۇشبول | (پئۇ ) | | خۇش بولغۇچى (بۇ يەردە پەرزەنتكە خۇشلۇق تىلەنگەن ) |
| خۇشبىن | (پ ) | | ئۈمىدۋار |
| خۇشتار | | | ( «خۇشدار» غا قاراڭ ) |
| خۇشتەر | (پ ) | | (1 ) بەك خۇش بولغۇچى ، (2 ) بەك چىرايلىق |
| خۇشتۇر | (پئۇ ) | | خۇش تۇرسۇن ، خۇش تۇرغۇچى |
| خۇشدار | (پ ) | خۇشتار | دائىم خۇش يۈرگۈچى |
| خۇشدىل① | (پ ) | | كۆڭلى خۇش ، ئوچۇق - يورۇق |
| خۇشكەلدى | (پئۇ ) | | بۇ يەردە «ئى ، پەرزەنتىم ، خۇش كەپسىز ، مۇبارەك !» دېگەن مەنە كېلىپ چىقىدۇ |
| خۇشمەت | | | ( «خۇشمۇھەممەد» كە قاراڭ ) |
| خۇشمەممەت | | | ( «خۇشمۇھەممەد» كە قاراڭ ) |
| خۇشمۇھەممەد | (پئە ) | خۇشمەت ، خۇشمەممەت | مۇھەممەد : ئىسمى ، خۇش : سۈپىتى (بۇ يەردە «مۇھەممەد ئىسىملىك ئوغلۇم بار بولدى ، مەرھابا ئوغلۇم» دېگەن مەنە ئىپادىلىنىدۇ ) |
| خۇشنەزەر | (پئە ) | | چىرايلىق ، كۆرۈنۈشى يېقىملىق ، كېلىشكەن ، جەلپ قىلارلىق ، قامەتلىك ، نەزەرگە لايىق |
| خۇشنىزاد | (پ ) | خوشنىزات | چىرايلىق ، يېقىملىق ئوغۇل |
| خۇشنىياز | (پ ) | | خۇشلۇق ئۈچۈن بەخشەندە قىلىنغان |
| خۇشھال | (پئە ) | | ھالىتى چىرايلىق ، كەيپىياتى يېقىملىق ، خۇش كەيپىيات |

① «خۇشدىل» ئاياللارغىمۇ قويۇلىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| خۇشيار | (پ) | | خۇشلۇق يار بولغاي ؛ چىرايلىق ، ياخشى دوست |
| خۇمارجان | | | («خۇمار» غا قاراڭ) |
| خۇمارىدىن | (ئۇئە) | | دىننى خۇمار قىلغۇچى ؛ دىنىنىڭ يادىكارى |
| خۇمۇل | | | («هۇمۇل» غا قاراڭ) |
| خېتىۋاخۇن | | | («خەتىبئاخۇن» غا قاراڭ) |
| خېتىۋاقى | | | («خەتىبباقى» غا قاراڭ) |
| خېل | | | («خەلىل» گە قاراڭ) |
| خېلىل | | | («خەلىل» گە قاراڭ) |
| خېلىلۇل | | | («خەلىلۇللا» غا قاراڭ) |
| خېلىلۇللا | | | («خەلىلۇللا» غا قاراڭ) |
| خېلىيۇل | | | («خەلىيۇللا» غا قاراڭ) |
| خېلىيۇللا | | | («خەلىيۇللا» غا قاراڭ) |
| خېۋىر | | | («خەبىر» گە قاراڭ) |
| خىزىر | (ئە) | خىزىر | كۆپ نەرسە ئاتا قىلغۇچى ؛ بايلىق ئاتا قىلغۇچى |
| خىزىرخان | (ئەئۇ) | خىزىرخان[1] | خىزىر : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| خىزىرخوجا | (ئەپ) | خىزىرخوجا | خىزىر : ئىسمى ، خوجا : سۈپىتى |
| خىزمەت | (ئە) | | ئەمەل ، ياردەم ، ئىش |
| خىسلەت[2] | (ئە) | | ئالاھىدىلىك ، پەزىلەت |
| خىيارۇللا | (ئە) | | ئاللانىڭ خىللىغان كىشىسى |
| خىيارىدىن | (ئە) | | دىنىنىڭ تاللىغان كىشىسى |

## ئاياللار ئۈچۈن

| ئاتىلىشى | | ئۆزگىرىشلىرى | مەنىسى |
|---|---|---|---|
| خاپىيە | (ئە) | | سىر ، مەخپىيەتلىك («خاپىي» بىلەن ئوخشاش) |
| خاتەمخان | (ئەئۇ) | | «خاتەم» گە ئوخشاش |
| خاتەمگۈل | (ئەپ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| خاتەمنىسا | (ئە) | | كەنجى قىز ؛ ئۈزۈكتەك ئايال |
| خاتىبە | (ئە) | خاتىپە | تويغا تونۇشتۇرغۇچى |

[1][2] «خىزىرخان ، خىسلەت» ئاياللارغىمۇ قويۇلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرىسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| خاتىرە | (ئە) | | ئەسلەش، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى، تەسىرات، ئەسلىمە؛ پىكىر |
| خاتىرىگۇل | (ئەپ) | | خاتىرە: ئىسمى، گۇل: سۈپىتى |
| خاتىگۇل | | | («خاتىمە» گە قاراڭ) |
| خاتىماي | | | («خاتىمىئاي» غا قاراڭ) |
| خاتىمە | (ئە) | خاتىمىگۇل، خاتىدەم، خاتىگۇل، خەتمە، خەتىمىگۇل | ئاخىرقى، ئاخىرى، كەنجى، تۈگەنچە، ئەسەرنىڭ ئاخىرى |
| خاتىمىئاي | (ئەئۇ) | خاتىماي | كەنجى قىز |
| خاتىمىگۇل | | | («خاتىمە» گە قاراڭ) |
| خادىمە | (ئە) | خەدىمە | ئايال خىزمەتچى |
| خاسئاي | (ئەئۇ) | | خاس قىز؛ ئالاھىدە، ئۆزگىچە قىز |
| خاسبىكە | (ئەئۇ) | | ئالاھىدە خېنىم |
| خاسگۇل | (ئەپ) | | «خاسئاي» بىلەن ئوخشاش |
| خاسىيەت | (ئە) | خاسىيەتخان | ئادەت، خاسلىق، ئالاھىدىلىك |
| خالئاي | (ئەئۇ) | | ئەركىن، ھۆر قىز؛ بەلگە، بەخت بەلگىسى، بەختلىك قىز |
| خالبۈۋى | | | («خالبىبى» گە قاراڭ) |
| خالبىبى | (ئەپ) | خالبۈۋى | ئەركىن، ھۆر، بەختلىك خېنىم |
| خالزەھرا | (ئە) | خالزەر، خالزىر | زەھرا: ئىسمى، خال: سۈپىتى |
| خالزەھرە | (ئە) | خالزىرەم | بەختلىك، گۈزەل قىز |
| خالگۇل | (ئەپ) | خالىگۇل | «خالئاي» بىلەن ئوخشاش |
| خالمېھرى | (ئەپ) | خالمىرە | ئەركىن، مېھىرلىك، مېھرىبان قىز |
| خالنۇر | (ئە) | خالىنۇر | بەخت نۇرى، بەختلىك قىز |
| خالنىسا | (ئە) | | بەختلىك ئايال، ئەركىن، ھۆر ئايال؛ ئاياللارنىڭ بەختى، ئاياللارنىڭ ئەركىنلىكى |
| خالىپە | (ئە) | | ئەگەشكۈچى، ئىز باسقۇچى |
| خالىخان | (ئەئۇ) | | «خالنىسا» بىلەن ئوخشاش |
| خالىداي | | | («خالىدىئاي» غا قاراڭ) |
| خالىدە | (ئە) | خالىدەم | «خالىد» بىلەن ئوخشاش |
| خالىدىئاي | (ئەئۇ) | خالىداي | مەڭگۈلۈك قىز، مەڭگۈ سولماس |
| خالىدىگۇل | (ئەپ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |

| | | |
|---|---|---|
| خالىسە | (ئە) | «خالىس» بىلەن ئوخشاش |
| خالىسخان | (ئەئۇ) | ساپ، پاك ئايال |
| خالىگۇل | | («خالگۇل» گە قاراڭ) |
| خالىنۇر | | («خالنۇر» غا قاراڭ) |
| خالىيە | (ئە) | «خالى» بىلەن ئوخشاش |
| خامۇشخان | (پئۇ) | مۇلايىم ئايال |
| خامىسە | (ئە) | بەشىنچى قىز |
| خامىسخان | (ئەئۇ) | بەشىنچى ئايال |
| خامىسگۇل | (ئەپ) | «خامىسە» گە ئوخشاش |
| خانئاغىچە | (ئۇ) خانئاغىچا | مۆتىۋەر ئايال |
| خانئانام | (ئۇ) خانانام، خانىنام، خانىنەم، خانىنەمخان | ئانام كەبى قەدىرلىك قىز |
| خانئائىشە | (ئۇئە) خانئايشەم، خانايشەم | ئائىشەدەك ئايال («ئائىشە» گە قاراڭ) |
| خانئاي[1] | (ئۇ) خاناي | ئايدەك خېنىم، ئايدەك قىز |
| خانئايشەم | | («خانئائىشە» گە قاراڭ) |
| خانئايىم | (ئۇ) خانايىم | «خانئاي» بىلەن ئوخشاش |
| خانانام | | («خانئانام» غا قاراڭ) |
| خاناي | | («خانئاي» غا قاراڭ) |
| خانايشەم | | («خانئائىشە» گە قاراڭ) |
| خانايىم | | («خانئايىم» گە قاراڭ) |
| خانبۇۋى | | («خانبىبى» گە قاراڭ) |
| خانبىبى | (ئۇپ) خانبۇۋى | خېنىم قىز، خېنىملارنىڭ خېنىمى |
| خانبىكە | (ئۇ) خانبىكەم | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| خانتۆرە | (ئۇم) خانتۆرەم | ئابرۇيلۇق خېنىم |
| خانزادە | (ئۇپ) خانزادەم | خان قىز، خان قىزى؛ خان پەرزەنتى |
| خانزادقىز | (ئۇپئۇ) خانزاتقىز | «خانزاد» بىلەن ئوخشاش |
| خانزادىخان | (ئۇپئۇ) | «خانزادە» گە ئوخشاش |

[1] «خان» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «قاغان» نىڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ، «پادىشاھ، بەگ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئىسىم كېيىن «خاقان» دەپ ئاتالغان، بارا ـ بارا «خان» دېيىلگەن. ئۇ ھازىر ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا ياكى بېشىغا قوشۇلۇپ، سۈپەت مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ ۋە كۆپىنچە ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەرلەرگە قويۇلىدىغان بىر قىسىم ئىسىملارنى ئاياللارنىڭ ئىسمىغا ئايلاندۇرىدىغان قوشۇمچە بولۇپ قالدى. ئۇ يەنە ئۆزى ئايرىم ئىسىم بولۇپمۇ كېلىدۇ. بەزى ماتېرىياللاردا «خان» پارسچە «خوان» (ئوقۇغۇچى) نىڭ ئۆزگىرىشى دېيىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| خانزادىقىز | (ئۇپئۇ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| خانزارىخان | | | («خانزۆھرە» گە قاراڭ) |
| خانزورا | | | («خانزۆھرە» گە قاراڭ) |
| خانزورەم | | | («خانزۆھرە» گە قاراڭ) |
| خانزورىخان | | | («خانزۆھرە» گە قاراڭ) |
| خانزۆھرە | (ئۇئە) | خانزورا ، خانزورەم ، خانزۆھرە ، خانزۆھرەم ، خانزورىخان ، خانزارىخان | زۆھرە يۇلتۇزىدەك نۇرلۇق قىز («زۆھرە» ئۈچۈن «ز» بابىغا قاراڭ) |
| خانساھىب | (ئۇئە) | خانسايىپ | دوست خېنىم ؛ دوستانە ئايال |
| خانشاھىم | (ئۇپئۇ) | خانشايىم | مېنىڭ شاھ قىزىم |
| خانقىز | (ئۇ) | | بۇ ، ئەركىلەتمە ئىسىم بولۇپ ، قىزنى خان كەبى ئەتىۋارلاش ئارزۇسى ئەكس ئېتىدۇ ۋە خان كەبى قىز دېگەن مەنىدە كېلىدۇ |
| خانگۈل | (ئۇپ) | | گۈلدەك ئايال ، گۈلدەك قىز |
| خانگۈلخان | (ئۇپئۇ) | | خانگۈل : ئىسمى ، خان : قوشۇمچىسى |
| خانلەئلى | (ئۇپ) | خانلەيلى | قىزىل ياقۇتتەك خېنىم |
| خاننام | | | («خانئانام» غا قاراڭ) |
| خاننەم | | | («خانئانام» غا قاراڭ) |
| خاننەمخان | | | («خانئانام» غا قاراڭ) |
| خاننۇر | (ئۇئە) | | نۇرلۇق ، نۇر كەبى |
| خاننۇرئاي | (ئۇئەئۇ) | خاننۇراي | ئايدەك نۇرلۇق |
| خاننىسا | (ئۇئە) | | خېنىم ئايال ، ئاياللارنىڭ ئىچىدىكى ئابرۇيلۇق ئايال |
| خاننىسايىم | (ئۇئەئۇ) | | مېنىڭ ئابرۇيلۇق قىزىم |
| خاننىسەم | (ئۇئەئۇ) | | مېنىڭ خان قىزىم |
| خاننىسەگۈل | (ئۇئەئۇپ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| خاننىياز | (ئۇپ) | | نىياز خېنىم («نىياز» نىڭ مەنىسى : بەخشەندە قىلىنغان) |
| خاننىيازخان | (ئۇپئۇ) | | خاننىياز : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| خانىش | (ئۇ) | | مەلىكە ، پادىشاھنىڭ ئايالى |
| خانىم | (ئۇ) | | خېنىم ، ئابرۇيلۇق ئايال |

| | | | |
|---|---|---|---|
| خانىمبۇۋى | | | ( «خانىمبىبى» غا قاراڭ ) |
| خانىمبىبى | (ئۇپ) | خانىمبۇۋى | خانىم : ئىسمى ، بىبى : قوشۇمچىسى |
| خانىمخان | (ئۇ) | | «خانىم» غا ئوخشاش |
| خانىمگۇل | (ئۇپ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| خەبىرە | (ئە) | خەپىرە ، خەۋىرە ، خېۋىرە | «خەبىر» بىلەن ئوخشاش |
| خەبىرنىسا | (ئە) | خەپىرنىسا ، خەۋىرنىسا ، خېۋىرنىسا | تەجرىبىلىك ، ھەممىدىن خەۋەردار ئايال ، ئاياللارنىڭ ئالىمى ، ئالىم ئايال |
| خەپىپە | (ئە) | | «خەپىپ» بىلەن ئوخشاش |
| خەپىرە | | | ( «خەبىرە» گە قاراڭ ) |
| خەپىرنىسا | | | ( «خەبىرنىسا» غا قاراڭ ) |
| خەتمىگۇل | (ئەپ) | | خەتمە : ئىسمى ، گۇل : سۈپىتى ( «خەتمە» نىڭ مەنىسى : «قۇرئان كەرىم» نى تولۇق يادقا ئېلىپ بولماق . بۇ يەردە خەتمە قىلىش ئۇلۇغلانغان ) |
| خەتىبە | (ئە) | خەتىپە ، خەتىپەم | توي قىلمىغان ، توي قىلىشقا پۈتۈشكەن قىز |
| خەتىرە | (ئە) | خەتىرەم | كۆڭۈللۈك ، كۆڭۈلدە تۇتۇلغان قىز |
| خەتىرىخان | (ئەئۇ) | | كۆڭۈلدە تۇتۇلغان ئايال |
| خەتىرىگۇل | (ئەپ) | | «خەتىرە» گە ئوخشاش |
| خەتىمە | | | ( «خاتىمە» گە قاراڭ ) |
| خەتىمىگۇل | | | ( «خاتىمە» گە قاراڭ ) |
| خەدىچە | (ئە) | خەدىچەم ، خەلىچەم ، خەلىچە ، خەلچەم | (1) چوقۇر ، (2) گۈل ، چېچەك (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىنىڭ ئىسمى ) |
| خەدىچىئاي | (ئەئۇ) | خەلىچىئاي | خەدىچەدەك قىز |
| خەدىچىبانۇ | (ئەپ) | خەلىچىبانۇ ، خەلچىبانۇ ، خەلچىبان | خەدىچە خېنىم |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| خەدىچىخان | (ئەئۇ) | خەلىچىخان ، خەلچىخان ، خېلىچىخان ، خېلچىخان | خەدىچەدەك ئايال |
| خەدىچىگۈل | (ئەپ) | خەلىچىگۈل ، خېلىچىگۈل ، خەلچىگۈل | «خەدىچىئاي» غا ئوخشاش |
| خەدىسە | | | ( «ھەدىسە» گە قاراڭ ) |
| خەدىسخان | | | ( «ھەدىسخان» غا قاراڭ ) |
| خەدىسگۈل | | | ( «ھەدىسگۈل» گە قاراڭ ) |
| خەدىمە | | | ( «خادىمە» گە قاراڭ ) |
| خەدىيەم | | | ( «ھەدىيە» گە قاراڭ ) |
| خەرەك | | | ( «خەيرى» گە قاراڭ ) |
| خەرىخان | | | ( «خەيرۇخان» غا قاراڭ ) |
| خەرىدە | (ئە) | | كىچىك قىز ، پاك قىز |
| خەرىگۈل | | | ( «خەيرۇگۈل» گە قاراڭ ) |
| خەرىنىسا | | | ( «خەيرۇننىسا» غا قاراڭ ) |
| خەلچىگۈل | | | ( «خەدىچىگۈل» گە قاراڭ ) |
| غايىپنۇر | | | («غائىبنۇر» غا قاراڭ) |
| غايىپنىسا | | | («غائىبنىسا» غا قاراڭ) |
| غايىنۇر | (ئە) | غەينۇر، غەينۇرە | ئۈمىد نۇرى |
| غەپۇرە | (ئە) | غەپۇرەم | «غەپۇر» بىلەن ئوخشاش |
| غەرىبە | (ئە) | غەرىپە | «غەرىب» بىلەن ئوخشاش |
| غەرىسە | (ئە) | | كۆچەت |
| غەزەلئاي | (ئەئۇ) | غەزەلاي، غەزىلاي | ناخشىچى قىز؛ لىرىكىلىق قىز |
| غەزەلخان③ | (ئەپ) | | (1) غەزەل ئوقۇغۇچى؛ (2) غەزەل: ئىسمى، خان: سۈپىتى؛ (3) لىرىك، مۇھەببەتلىك ئايال |
| غەزىلاي | | | («غەزەلئاي» غا قاراڭ) |
| غەزىنە | | | («خەزىنە» گە قاراڭ) |
| غەزىنئاي | | | («خەزىنئاي» غا قاراڭ) |
| غەزىنخان | | | («خەزىنخان» غا قاراڭ) |
| غەزىنگۈل | | | («خەزىنگۈل» گە قاراڭ) |

①② ئەسلىيسى «غانىيىئاي، غانىمىئاي».
③ بۇ ئىسىمدىكى «خان» باشقا ئىسىملارغا قوشۇلغان «خان» غا ئوخشىمايدۇ. ئۇ پارسچە «خۋان» (ئوقۇغۇچى) نىڭ ئۆزگىرىشى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| غەزىيە | (ئە) | | غارات ، جەڭ |
| غەلبىنۇر | | | («غەلىبىنۇر» غا قاراڭ) |
| غەلىبە | (ئە) | | ئۇتۇق ، مۇۋەپپەقىيەت ، نەتىجە |
| غەلىبىنۇر | (ئە) | غەلبىنۇر | غەلىبىدىن تارالغان نۇر ؛ غەلىبە قازانغۇچى |
| غەلىمەتخان | | | («غەنىمەتخان» غا قاراڭ) |
| غەمخۇار | (پ) | | غەمخورلۇق قىلغۇچى |
| غەمگۇزار | | | («غەمگۇسار» غا قاراڭ) |
| غەمگۇسار | (پ) | غەمگۇزار | تەسەللى بەرگۈچى ، قايغۇنى كەتكۈزگۈچى |
| غەنەمگۈل | (ئەپ) | غىنەمگۈل | قويدەك ياۋاش قىز |
| غەنىئاي | (ئەئۇ) | | باينىڭ قىزى ، باي قىز |
| غەنىگۈل | (ئەپ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| غەنىمە | (ئە) | غەنىمەم | «غەنىمەت» بىلەن ئوخشاش |
| غەنىمەتخان | (ئەئۇ) | غەلىمەتخان ، غىلەمەتخان | غەنىمەت : ئىسمى ، خان : سۈپىتى (غەنىمەت ئايال) |
| غەنىمەتگۈل | (ئەپ) | | غەنىمەت : ئىسمى ، گۈل : سۈپىتى (غەنىمەت قىز) |
| غەيرەتئاي | (ئەئۇ) | | غەيرەتلىك ، جۈرئەتلىك قىز |
| غەيرەتخان | (ئەئۇ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| غەيرەتگۈل | (ئەپ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| غەيرەتنىسا | (ئە) | | غەيرەتلىك ئايال |
| غەينۇر | | | («غايىنۇر» غا قاراڭ) |
| غەينۇرە | | | («غايىنۇر» غا قاراڭ) |
| غۇلمانئاي | (ئەئۇ) | غىلمانئاي | يىگىتلەردەك قىز ؛ ياش قىز |
| غۇلمانبۇۋى | | | («غۇلمانبىبى» گە قاراڭ) |
| غۇلمانبىبى | (ئەپ) | غۇلمانبۇۋى ، غىلمانبۇۋى | يىگىتلەردەك خېنىم ، ياش خېنىم |
| غۇلمانىنىسا | (ئە) | غىلمانىنىسا | ئاياللارنىڭ ئىچىدىكى يىگىتتەك ئايال |
| غۇنچە | (ئۇ) | غۇنچەم ، غۇنچىخان ، غۇنچىقىز ، غۇنچىگۈل | ئېچىلىۋاتقان گۈل ؛ پاك قىز |
| غۇنچىبانۇ | (ئۇپ) | غۇنچىبان | ئېچىلىۋاتقان گۈلدەك خېنىم |
| غۇنچەرۇخسار | (ئۇپ) | غۇنچىرۇخسار | چىرايى غۇنچىدەك گۈزەل |
| غۇنچەم | | | («غۇنچە» گە قاراڭ) |
| غۇنچىئاي | (ئۇ) | | غۇنچىدەك چىرايلىق ، پاك قىز |

| | | |
|---|---|---|
| غۇنچىخان | | («غۇنچە» گە قاراڭ) |
| غۇنچىقىز | | («غۇنچە» گە قاراڭ) |
| غۇنچىگۈل | | («غۇنچە» گە قاراڭ) |
| غىپپەتخان | | («ئىپپەتخان» غا قاراڭ) |
| غىلمانئاي | | («غۇلمانئاي» غا قاراڭ) |
| غىلمانبۈۋى | | («غۇلمانبىبى» گە قاراڭ) |
| غىلماننىسا | | («غۇلماننىسا» غا قاراڭ) |
| غىلمەتخان | | («غەنىمەتخان» غا قاراڭ) |
| غىيازە | | («غىياسە» گە قاراڭ) |
| غىيازخان | | («غىياسخان» غا قاراڭ) |
| غىياسە | (ئە) غىيازە، غىيازەم، غىياسەم | «غىياس» بىلەن ئوخشاش |
| غىياسخان | (ئەئۇ) غىيازخان | غىياسە: ئىسمى، خان: سۈپىتى |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ق

## ئەرلەر ئۈچۈن

| ئاتىلىشى | ئۆزگىرىشلىرى | مەنىسى |
|---|---|---|
| قابان | (ئۇ) | تاۋاق |
| قابۇس | (ئە) | چىرايلىق ئەر |
| قابدۇللا | | («قابىزۇللا» غا قاراڭ) |
| قابىز | (ئە) قاۋۇز | (1) ھەممىنى ئىگىلىدۇرگۇچى، (2) جان ئالغۇچى؛ تۇتقۇن قىلغۇچى، (3) تاپشۇرۇۋالغۇچى (ئاللانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى) |
| قابىزۇللا[1] | (ئە) قابدۇللا | ئاللاغا بويسۇنغۇچى |
| قابىل | (ئە) قاۋۇل، قاۋىل، قاۋۇش، قاۋۇلجان | ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى. مەنىسى: قوبۇل قىلغۇچى؛ ئىقتىدارلىق، قابىلىيەتلىك؛ مۇۋاپىق، لايىق |
| قابىلئاخۇن | (ئەئۇ) قاۋۇلاخۇن | قابىل: ئىسمى، ئاخۇن: قوشۇمچىسى |
| قابىلبەگ | (ئەئۇ) قاۋۇلبەگ | قابىلىيەتلىك ئەر |
| قاپان | (ئۇ) قاۋان | ھايۋان ئىسمى |
| قاپلان | (ئۇ) | ھايۋان ئىسمى |
| قاخار | | («قاھھار» غا قاراڭ) |
| قادىر | (ئە) قادى، قادىجان، قادىرجان | ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى، ھەممىگە قادىر (ئاللانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى) |
| قادىرئاخۇن | (ئەئۇ) قادىراخۇن | قادىر: ئىسمى، ئاخۇن: قوشۇمچىسى |
| قادىرباي | (ئەئۇ) قادىرۋاي، قادىۋاي | قادىر: ئىسمى، باي: سۈپىتى |
| قادىرخان[2] | (ئەئۇ) قادىخان | قادىر: ئىسمى، خان: سۈپىتى |

① ئەسلىيسى «قابدۇللا». لېكىن بۇ يەردە ئۆزگىرىشى ئەسلىي ئاتىلىشى ئورنىدا ئېلىندى.
② «قادىرخان» يەنىلا ئەرلەرگە قوللىنىلىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| قادىرۇللا | (ئە) | قادىرىللا، قادىللا | ئاللانىڭ كۈچلۈك كىشىسى |
| قادىم | (ئە) | قادىمجان | كەلگۈچى، ھازىر بولغۇچى؛ كېلەركى |
| قارا | (ئۇ) | | ئۇلۇغ، كۈچلۈك، زور، چوڭ، بۈيۈك؛ قارا رەڭ؛ پۇقرا |
| قارائالىپ | (ئۇ) | | كۈچلۈك، باتۇر يىگىت |
| قاراباتۇر① | (ئۇپ) | | كۈچلۈك، باتۇر ئەر |
| قاراباي | (ئۇ) | قارىۋاي | چوڭ باي؛ كاتتا ئەر |
| قارابەگ | (ئۇ) | قارىۋەگ | كۈچلۈك ئەر |
| قارابۇغا | (ئۇ) | | قارا: ئىسمى، بۇغا: قوشۇمچىسى («چوڭ بۇغا» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ) |
| قارابۇغرا | (ئۇ) | | چوڭ ئەركەك تۆگە |
| قارابۇقا | (ئۇ) | | چوڭ بۇقا، كۈچلۈك بۇقا |
| قاراپولات | (ئۇپ) | | (1) پولاتتەك كۈچلۈك؛ (2) جاي نامى؛ (3) قارا رەڭلىك پولات |
| قاراتاي | (ئۇ) | | قارا رەڭلىك تاي؛ كۈچلۈك تاي؛ كۈچلۈك ئوغۇل |
| قاراتۆمۈر | (ئۇ) | | تۆمۈردەك ئەر |
| قاراتېكىن | (ئۇ) | | بۈيۈك شاھزادە |
| قاراجى | | | («قارىھاجى» غا قاراڭ) |
| قاراجىم | | | («قارىھاجى» غا قاراڭ) |
| قاراخان | (ئۇ) | | بۈيۈك خان، ئۇلۇغ ھۆكۈمران |
| قاراخۇن | | | («قارىئاخۇن» غا قاراڭ) |
| قاراقۇرۇم | (ئۇ) | | بۈيۈك تاغ (تاغ نامى) |
| قاراقۇش | (ئۇ) | | زور قۇش (بىر خىل قۇش نامى) |
| قارامۇھەممەد | (ئۇئە) | قارامەت | مۇھەممەد: ئىسمى، قارا: سۈپىتى |
| قاراھۇن | (ئۇ) | | بۈيۈك ھۇن |
| قارائوغۇز | (ئۇ) | | كۈچلۈك، ئۇلۇغ ئوغۇز نەسلى |
| قارتېكىن | (ئۇ) | | قاردەك ئاپئاق شاھزادە |
| قارچۇغا | (ئۇ) | | بىر خىل قۇش نامى |
| قارغىلاچ | (ئۇ) | قارلىغاچ، قالغاچ | بىر خىل قۇش نامى |
| قارلۇق | (ئۇ) | قالۇق | قەدىمكى قەبىلە نامى |

① ئەسلىيسى «قارابەھادىر».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



| | | |
|---|---|---|
| قارلۇقبەگ | (ئۇ ) قالۇقبەگ | قارلۇق قەبىلىسىنىڭ بېگى ، قارلۇق قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئەر |
| قارلىغاچ | | ( «قارغىلاچ» قا قاراڭ ) |
| قارى | (ئە ) قارىم | ئوقۇغۇچى (قىرائەت قىلغۇچى ) |
| قارىئاخۇن | (ئەئۇ ) قاراخۇن | قارى : ئىسمى ، ئاخۇن : قوشۇمچىسى |
| قارىبەگ | (ئەئۇ ) | قارى : ئىسمى ، بەگ : سۈپىتى |
| قارىغوجا | (ئۇ ) | بىر خىل قۇش نامى (قارا قۇشقاچ ) |
| قارىمەخدۇم | (ئە ) قارىمەخسۇم | قارى : ئىسمى ، مەخسۇم : سۈپىتى |
| قارىھاجى | (ئە ) قاراجى ، قاراجىم | قارى : ئىسمى ، ھاجى : سۈپىتى |
| قارىۋاي | | ( «قاراباي» غا قاراڭ ) |
| قارىۋەگ | | ( «قارابەگ» كە قاراڭ ) |
| قازاجى | | ( «قازىھاجى» غا قاراڭ ) |
| قازاجىم | | ( «قازىھاجى» غا قاراڭ ) |
| قازى | (ئە ) | سوتچى ، كېسىم قىلغۇچى |
| قازىبەگ | (ئەئۇ ) | قازى : ئىسمى ، بەگ : سۈپىتى |
| قازىدىن | (ئە ) | دىنىنىڭ قازىسى (ئاللا ) |
| قازىرىزا | (ئە ) | ئاللانىڭ رازىلىقى ( «رىزا» نىڭ مەنىسى : رازىلىق ، قوبۇل ) |
| قازىھاجى | (ئە ) قازاجى ، قازاجىم | قازى : ئىسمى ، ھاجى : سۈپىتى |
| قاسىم | (ئە ) قاسىمجان | تەقسىم قىلغۇچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى ) |
| قاسىمئاخۇن | (ئەئۇ ) قاسىماخۇن | قاسىم : ئىسمى ، ئاخۇن : قوشۇمچىسى |
| قاسىمباي | (ئەئۇ ) قاسىمۋاي | قاسىم : ئىسمى ، باي : سۈپىتى |
| قاسىمبەگ | (ئەئۇ ) قاسىمۋەگ | قاسىم : ئىسمى ، بەگ : سۈپىتى |
| قاسىمشاھ | (ئەپ ) قاسىمشا | قاسىم : ئىسمى ، شاھ : سۈپىتى |
| قانائەت① | (ئە ) | ئۇنىماق ، رازى بولماق ، رازىلىق |
| قانات | (ئۇ ) | قۇش قانىتى (بۇ يەردە «ئاتا ـ ئانىسىغا قانات بولغۇچى ئوغۇل» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ ) |

① ئەسلىيسى «قەنائەت» .

| | | | |
|---|---|---|---|
| قانائىتۇللا[1] | (ئە) | قانايىتۇللا ، قانايىتىللا | ئاللانىڭ رازىلىقى ، ئاللانىڭ ئۇنىشى |
| قاھار[2] | (ئە) | قاھار ، قاخار ، قاخارجان ، قەھەر ، قەھەرجان | غەزەپلىك ، كۈچلۈك ، ھەممىنى مەجبۇر قىلغۇچى (ئاللانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى) |
| قاھىر | (ئە) | قاھىرجان ، قايىر ، قايىرجان ، قەھەرجان ، قەخەرجان | يۈكسەك ، كۈچلۈك ، غالىب ، غەزەپلىك ، تەڭداشسىز ، يېڭىرگۈچى ، يەڭگۈچى |
| قاھىرۇززۇلام | (ئە) | | زۇلمەتنى يېڭىرگۈچى ، زۇلمەتنى يەڭگۈچى ؛ قاراڭغۇلۇققا غەزەپلەنگۈچى |
| قاھىرى | (ئە) | | «قاھىر» نىڭ سۈپەت شەكلى بولۇپ ، «قاھىر» نىڭ مەنىلىرىنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن تاشقىرى ، «قاھىرغا خاس ، قاھىر نەسەبى ، قاھىر ئەۋلادى» ۋە «مىسىر پايتەختى قاھىرەدە تۇرغۇچى ، قاھىرەدە ئىستىقامەت قىلغۇچى» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە |
| قاۋام | | | («قەۋام» غا قاراڭ) |
| قاۋامىدىن | | | («قەۋامىدىن» گە قاراڭ) |
| قاۋان | | | («قاپان» غا قاراڭ) |
| قاۋۇز | | | («قابىز» گە قاراڭ) |
| قاۋۇش | | | («قابىل» گە قاراڭ) |
| قاۋۇل | | | («قابىل» گە قاراڭ) |
| قاۋۇلاخۇن | | | («قابىلئاخۇن» غا قاراڭ) |
| قاۋۇلبەگ | | | («قابىلبەگ» كە قاراڭ) |
| قائىد | (ئە) | قايىت | رەھبەر ، قوماندان ، سەركەردە |
| قائىدباي | (ئەئۇ) | قايىتباي ، قايتباي | سەركەردە ئەر |
| قائىددىن | (ئە) | قائىدىن ، قايىدىن ، قايدىن | دىنىنىڭ سەركەردىسى |
| قائىدۇللا | (ئە) | قايىدۇللا ، قايتۇللا ، قايىدۇل | ئاللانىڭ سەركەردىسى |

[1][2] ئەسلىيسى «قەنائەتۇللا ، قەھھار» . «قاھار» بىلەن «قاھىر» ئوخشاشلا «قەھەر» گە ئۆزگىرىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| قائىددىن | | | ( «قائىددىن» گە قاراڭ ) |
| قائىل | (ئە ) | قايىل | سۆزلىگۈچى ، ناتىق |
| قائىم | (ئە ) | قايىم | هازىر تۇرغۇچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ) |
| قائىممەۋلا | (ئە ) | قايىممولىلا | خوجا ئالدىدا هازىر تۇرغۇچى |
| قائىمۇللا | (ئە ) | قايىمۇللا | ئاللانىڭ بۇيرۇقىغا هازىر تۇرغۇچى |
| قايتباي | | | ( «قائىدباي» غا قاراڭ ) |
| قايتماس | (ئۇ) | | چېكىنمەس ، ئارقىغا ياناس ، باتۇر ، ئىرادىلىك |
| قايتۇللا | | | ( «قائىدۇللا» غا قاراڭ ) |
| قايدىن | | | ( «قائىددىن» گە قاراڭ ) |
| قايماس | (ئۇ) | | يولدىن ئازمايدىغان ، توغرا يولدا ئاخىرغىچە ماڭىدىغان كىشى |
| قاينام | (ئۇ) | | قاينام ئۆركىشى ئۇلۇغلىنىدۇ |
| قايۇم | | | ( «قەييۇم» غا قاراڭ ) |
| قايىت | | | ( «قائىد» كە قاراڭ ) |
| قايىتباي | | | ( «قائىدباي» غا قاراڭ ) |
| قايىدۇل | | | ( «قائىدۇللا» غا قاراڭ ) |
| قايىدۇللا | | | ( «قائىدۇللا» غا قاراڭ ) |
| قايىددىن | | | ( «قائىددىن» گە قاراڭ ) |
| قايىر | | | ( «قاھىر» غا قاراڭ ) |
| قايىرجان | | | ( «قاھىر» غا قاراڭ ) |
| قايىل | | | ( «قائىل» گە قاراڭ ) |
| قايىم | | | ( «قائىم» گە قاراڭ ) |
| قايىممولىلا | | | ( «قائىممەۋلا» غا قاراڭ ) |
| قايىمۇللا | | | ( «قائىمۇللا» غا قاراڭ ) |
| قەبزى | (ئە) | قەۋزى | ئېگىلىدۇرمەك ، جان ئالماق |
| قەبزىدىن | (ئە) | قەۋزىدىن | دىنىنىڭ ئاتامانى |
| قەترىدىن | | | ( «قەدرىدىن» گە قاراڭ ) |
| قەتىردىن | | | ( «قەدىردىن» گە قاراڭ ) |
| قەخەرجان | | | ( «قاھىر» غا قاراڭ ) |
| قەخرىدىن | | | ( «قەھرىدىن» گە قاراڭ ) |
| قەخرىمان | | | ( «قەھرىمان» غا قاراڭ ) |

| | | | |
|---|---|---|---|
| قەدەر | (ئە) | | تەقدىر ، قىسمەت |
| قەدەم | (ئە) | | چامدام ؛ ئىلگىرىلىمەك ؛ پۇت |
| قەدەمباي | (ئەئۇ) | قەدەمۋاي | قەدەم : ئىسمى ، باي : سۆپەتى |
| قەدەمبەگ | (ئەئۇ) | | قەدەم : ئىسمى ، بەگ : سۆپەتى |
| قەدەمشاھ | (ئەپ) | قەدەمشا | قەدەم : ئىسمى ، شاھ : سۆپەتى |
| قەدەمۋاي | | | («قەدەمباي» غا قاراڭ) |
| قەدەميار | (ئەپ) | قەدەميا | ئىلگىرىلەش يار بولغۇچى |
| قەددىس | | | («قىددىس» كە قاراڭ) |
| قەدرى | (ئە) | | دەرىجە ، باھا ، قىممەت ، قەدىر |
| قەدرىدىن | (ئە) | قەدىردىن ، قەترىدىن | دىنىنىڭ قەدىر - قىممىتى |
| قەدىر | (ئە) | | قەدىر - قىممەت ؛ ھەممىگە قادىر ، كۈچلۈك |
| قەدىردىن | | | («قەدرىدىن ، قەدىرىدىن» گە قاراڭ) |
| قەدىرى | (ئە) | | قەدىرلىك ، قەدىرگە خاس |
| قەدىرىدىن[1] | (ئە) | قەدىردىن ، قەتىردىن | دىنىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى |
| قەدىم | (ئە) | | ئەزەلدىن بار بولغان ، ئەڭ بۇرۇنقى |
| قەدىمباي | (ئەئۇ) | | ئەزەلدىن باي ، كونا باي |
| قەرەپ | | | («قەرىب» كە قاراڭ) |
| قەرىب | (ئە) | قەرىپ ، قەرەپ | يېقىن ، يېقىن كىشى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆپەتلىرىدىن بىرى) |
| قەرىن | (ئە) | | ھەمراھ ، يولداش ؛ ئەر |
| قەزىر | | | («ھەزىر» گە قاراڭ) |
| قەسام | (ئە) | قەسەم | چىرايلىق ، گۈزەل |
| قەشئەم | (ئە) | قەشەم ، قەششەم | شىر |
| قەشئەمباي | (ئەئۇ) | قەشەمباي | شىر سۆپەت ئەر |
| قەششەم | | | («قەشئەم» گە قاراڭ) |
| قەشقەر | (ئۇ) | | يەر نامى |
| قەشقەرى | (ئۇئە) | | قەشقەرلىك |

① «قەدىرىدىن» بىلەن «قەدرىدىن» ئوخشاشلا «قەدىردىن» گە ئۆزگىرىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| قەلەم | (ئە) | | (1) كەسكەن، قەلەمچە قىلىنغان، (2) ھەر خىل قەلەملەر، (3) تېكىست، يازما، يېزىق، يېزىق ئۇسلۇبى، يېزىقچىلىق، خەت، تىزىملىك، تىزىم، تەپسىلىي مۇندەرىجە («قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى) |
| قەلەمپۇر | (پ) | | بىر خىل دەرەخ |
| قەلەمشاھ | (ئەپ) | قەلەمشا | قەلەم: ئىسمى، شاھ: سۈپىتى |
| قەلەمشىر | (ئەپ) | | قەلەم ماھىرى، قەلەمدە ئۇتۇپ چىققۇچى |
| قەلەميار | (ئەپ) | | قەلەمنى دوست تۇتقۇچى |
| قەلبىدىن | (ئە) | | دىنىنىڭ يۈرىكى |
| قەلبىشاد | (ئەپ) | قەلبىشات | كۆڭلى خۇشال |
| قەلبىم | (ئەئۇ) | | يۈرىكىم، جېنىم |
| قەلىمۇللا | (ئە) | قەلىمۇل | ئاللا قەلەم تۇتقۇزغان كىشى |
| قەلىمىدىن | (ئە) | | دىنىنىڭ قەلىمى (بۇ يەردە «دىنىنىڭ قەلەم قورالىنى تۇتقۇچى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ) |
| قەمەر[1] | (ئە) | قەمەرجان، قەمبەر | ئاي (ئاسماندىكى ئاي) |
| قەمەرئاخۇن | (ئەئۇ) | قەمبىراخۇن | قەمەر: ئىسمى، ئاخۇن: قوشۇمچىسى |
| قەمەرئەلى | (ئە) | قەمبەرئەلى | قەمەر: ئىسمى، ئەلى: قوشۇمچىسى |
| قەمەردىنۇللا[2] | (ئە) | قەمەردىنىللا، قەمەردىللا | ئاللانىڭ دىنىنىڭ ئېيى |
| قەمەرۇللا | (ئە) | قەمىرۇل، قەمىرۇللا | ئاللانىڭ ئاي كەبى گۈزەل كىشىسى |
| قەمەرىدىن[3] | (ئە) | قەمىردىن | دىنىنىڭ ئېيى |
| قەمبەر | | | («قەمەر» گە قاراڭ) |
| قەمرا | (ئە) | قەمراجان | ئاي نۇرى |
| قەمىردىن | | | («قەمەرىدىن» گە قاراڭ) |

① «قەمەر» ئاياللارغىمۇ قويۇلىدۇ.
②③ ئەسلىيسى «قەمەرىدىنۇللا، قەمەرىددىن».

| | | | |
|---|---|---|---|
| قەمرۇل | | | ( «قەمەرۇللا» غا قاراڭ ) |
| قەمرۇللا | | | ( «قەمەرۇللا» غا قاراڭ ) |
| قەناخۇن | | | ( «قۇربانئاخۇن» غا قاراڭ ) |
| قەنەك | | | ( «قۇربان» غا قاراڭ ) |
| قەنتەر | (ئە) | قەندەر | ناھايىتى كۆپ مال ئىگىلىگۈچى |
| قەندىر | | | ( «قەندىل» گە قاراڭ ) |
| قەندىل | (ئە) | قەندىر | چىراغ ؛ چىراغپاي |
| قەھەرجان | | | ( «قاھھار» ، «قاھىر» غا قاراڭ ) |
| قەھرىدىن | (ئە) | قەخرىدىن | دىنىنىڭ كۈچى ، غەلىبىسى |
| قەھرىمان | (پ) | قەخرىمان | باتۇر ، جۇرئەتلىك ، يۈرەكلىك |
| قەۋام | (ئە) | قاۋام | ئاساس ، ئۇل |
| قەۋامىدىن[1] | (ئە) | قاۋامىدىن | دىنىنىڭ ئاساسى ، ئۇلى |
| قەۋزات | | | ( «قەۋىزات» قا قاراڭ ) |
| قەۋزى | | | ( «قەبزى» گە قاراڭ ) |
| قەۋزىدىن | | | ( «قەبزىدىن» گە قاراڭ ) |
| قەۋمىدىن[2] | (ئە) | | مۇسۇلمان ، مۇسۇلمانغا مەنسۇپ |
| قەۋۇل | | | ( «قەۋىيۇللا» غا قاراڭ ) |
| قەۋۇللا | | | ( «قەۋىيۇللا» غا قاراڭ ) |
| قەۋى | (ئە) | قەۋىجان | كۈچلۈك (بۇ ئىسىمۇ «ال» بىلەن كېلىپ «ئەلقەۋى» بولسا ئاللانىڭ ئىسمىنى ، ئايرىم كەلسە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرىنى كۆرسىتىدۇ ) |
| قەۋىدىل | (ئەپ) | | باتۇر |
| قەۋىزاد | (ئە) | قىۋزات ، قەۋزات | كۈچلۈك ئەۋلاد (كۈچلۈكلەر زاتىدىن ) |
| قەۋىل | | | ( «قەۋىيۇللا» غا قاراڭ ) |
| قەۋىللا | | | ( «قەۋىيۇللا» غا قاراڭ ) |
| قەۋىم | (ئە) | | ئادىل ، تۈز ، توغرا ؛ كېلىشكەن |
| قەۋىيۇل | | | ( «قەۋىيۇللا» غا قاراڭ ) |
| قەۋىيۇللا | (ئە) | قەۋۇل ، قەۋۇللا ، قەۋىل ، قەۋىللا ، قەۋىيۇل | ئاللانىڭ كۈچ - قۇدرىتى ، ئاللانىڭ كۈچلۈك كىشىسى ، ئاللا كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلغان كىشى |

[1][2] ئەسلىيسى «قەۋامىددىن ، قەۋمىددىن» .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| قەئىد | (ئە) | قەئىت ، قەيىت | (1) دوست ، ھەمراھ ، (2) ساقلىغۇچى («ھاپىز» بىلەن ئوخشاش) |
| قەيسا | (ئە) | | چوڭ قەدەم بىلەن ماڭماق |
| قەيسەر | (ي) | قەيسەرجان | بۇ ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 100 ــ 44 ـ يىللاردا ئۆتكەن قەدىمكى رىم پادىشاھى جولىئۇس كايسارنىڭ نامىدىن كەلگەن ئىسىم بولۇپ ، بىرىچە مەنىسى : ئىمپېراتور ، خان ، پادىشاھ ؛ ئۇلۇغ ، زور ، كاتتا دېگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ |
| قەيسەرى | (ئە) | | قەيسەرلەرچە ؛ پادىشاھلارچە ، قەيسەرگە خاس |
| قەيىز | | | («قەيس» كە قاراڭ) |
| قەيس | (ئە) | قەيىز | ئۆلچەم |
| قەيۇم | | | («قەييۇم» غا قاراڭ) |
| قەييۇم | (ئە) | قايۇم ، قېيۇم ، قەيۇم | ھازىر تۇرغۇچى ، تەييار تۇرغۇچى ؛ ھەممىنى باشقۇرغۇچى |
| قەييۇمبەگ | (ئەئۇ) | قېيۇمبەگ | قەييۇم : ئىسمى ، بەگ : سۈپىتى |
| قەييىم | (ئە) | | ھاۋالە قىلىنغۇچى ، ۋاكالەتچى ؛ ئۇدۇل ، تۈز ؛ ئاسرىغۇچى ، قوغدىغۇچى ، قىممەتلىك ، قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى) |
| قوچقار | (ئۇ) | قوشقار | قوينىڭ ئەركىكىنىڭ نامى |
| قوچقارئاتا | (ئۇ) | | قوچقار : ئىسمى ، ئاتا : سۈپىتى |
| قوچقارباي | (ئۇ) | قوشقارۋاي | قوچقاردەك ئەر |
| قوچقارتېكىن | (ئۇ) | | قوچقاردەك يۈرەكلىك شاھزادە |
| قورغان | (ئۇ) | قورغانجان | قەلئە ، سېپىل ، قورشالغان جاي |
| قورقماس | (ئۇ) | قوقماس | باتۇر ، يۈرەكلىك |
| قوزا | (ئۇ) | قوزى | قوزىدەك ياۋاش ئادەم |
| قوزام | (ئۇ) | | قوزىدەك سۆيۈملۈك ئوغلۇم |
| قوزامۇھەممەد | (ئۇئە) | قوزىمەت ، قوزىمەممەت | مۇھەممەدنىڭ ياۋاش قۇلى (دىنغا قوزىدەك ئىتائەت قىلغۇچى) |

| | | |
|---|---|---|
| قوزى | | ( «قوزا» غا قاراڭ ) |
| قوزىئاخۇن | (ئۇ ) قوزاخۇن | قوزا : ئىسمى ، ئاخۇن : قوشۇمچىسى |
| قوزىباي | (ئۇ ) قوزىۋاي | قوزىدەك ياۋاش ئەر |
| قوزىدىن | (ئۇئە ) قۇزىدىن | دىنىنىڭ قوزىدەك ياۋاش ، مۆمىن بەندىسى |
| قوزىمەت | | ( «قوزامۇھەممەد» كە قاراڭ ) |
| قوزىمەممەت | | ( «قوزامۇھەممەد» كە قاراڭ ) |
| قوزىۋاي | | ( «قوزىباي» غا قاراڭ ) |
| قوشتۆمۈر | (ئۇ ) | تۆمۈر : ئىسمى ، قوش : سۈپىتى |
| قوشدۆلەت | (ئۇئە ) | قوشلاپ دۆلەت كۆرگۈچى ، ئامىتى قوش كەلگۈچى |
| قوشماق | (ئۇ ) قوشماقجان | قوشماق تۇغۇلغان ، قوشماقنىڭ ھەمراھى ، قوشماق ئوغۇل |
| قوشماقباي | (ئۇ ) قوشماقۋاي | قوشماق : ئىسمى ، باي : سۈپىتى |
| قوشمەت | | ( «قوشمۇھەممەد» كە قاراڭ ) |
| قوشمەممەت | | ( «قوشمۇھەممەد» كە قاراڭ ) |
| قوشمۇھەممەد | (ئۇئە ) قوشمەت ، قوشمەممەت | بۇ يەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ دىنىغا سادىقلىق ئەكس ئېتىدۇ ، شۇنداقلا قوشماق تۇغۇلغان ئىككى ئوغۇلنىڭ بىرسىگە شۇنداق ئىسىم قويۇلىشىمۇ مۇمكىن |
| قوشنىياز | (ئۇپ ) | بۇ ئىسىمدىمۇ «قوشماق ئوغۇل» دېگەن مەنە ئىپادىلىنىدۇ |
| قولداش | (ئۇ ) | قوللىغۇچى ، ياردەمچى |
| قولداشمەت | | ( «قولداشمۇھەممەد» كە قاراڭ ) |
| قولداشمەممەت | | ( «قولداشمۇھەممەد» كە قاراڭ ) |
| قولداشمۇھەممەد | (ئۇئە ) قولداشمەت ، قولداشمەممەت | مۇھەممەدنىڭ قولدىشى ، مۇھەممەدنىڭ دىنىنى قوللىغۇچى |
| قوناش | | ( «قۇربان» غا قاراڭ ) |
| قوناق | (ئۇ ) | (1) مېھمان ، (2) دانلىق ئۆسۈملۈك ، (3) «قۇربان» نىڭ ئۆزگىرىشى |
| قۇبەك | | ( «قۇبېيدىن» گە قاراڭ ) |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| قۇبىبدىن[①] | (ئە) | قۇپەك ، قۇبەك ، قۇپېدىن | دىنىنىڭ مۇنارى |
| قۇپەك | | | («قۇتبىدىن» گە قاراڭ) |
| قۇپى | | | («قۇتبىدىن» گە قاراڭ) |
| قۇپېدىن | | | («قۇبىبدىن ، قۇتبىدىن» گە قاراڭ) |
| قۇتئارسلان | (ئۇ) | | بەختلىك ، باتۇر ئوغۇل |
| قۇتئالدى | (ئۇ) | | بەخت تاپتى |
| قۇتئالىپ | (ئۇ) | قۇتالىپ | بەختلىك ، باتۇر ، قەھرىمان ئوغۇل |
| قۇتاد | (ئۇ) | قۇتات | بەختلىك بول ، ئىشىڭ ئىلگىرى باسسۇن |
| قۇتالىپ | | | («قۇتئالىپ» كە قاراڭ) |
| قۇتئەر | (ئۇ) | | قۇتلۇق (بەختلىك) ئەر |
| قۇتئەل | (ئۇ) | قۇتەل | ئەلنىڭ بەختى |
| قۇتەيبە | (ئە) | | كىچىك يېتەكچى ؛ يۈك ئارتىلغان تۆگە |
| قۇتباي | (ئۇ) | | بەختلىك ، باي ئوغۇل |
| قۇتبەردى | (ئۇ) | | (ئاللا) بەخت ئاتا قىلدى |
| قۇتبەگ | (ئۇ) | قۇتۋەگ | بەختلىك ئەر |
| قۇتبى | (ئە) | قۇتپى | ئوق ، مەركەز ؛ ئۇلۇغ پېشىۋا |
| قۇتبىدىن[②] | (ئە) | قۇتپېدىن ، خۇتبىدىن | دىنىنىڭ ئوقى (مەركىزى) ، دىنىنىڭ پېشىۋاسى |
| قۇتبىلگە | (ئۇ) | | بەختلىك ؛ بىلىملىك ئوغۇل |
| قۇتبىن | (ئە) | قۇتۋىن | «قۇتبى» نىڭ قوش زىرلىق كېلىشى |
| قۇتپى | | | («قۇتبى» گە قاراڭ) |
| قۇتپېدىن | | | («قۇتبىدىن» گە قاراڭ) |
| قۇتتېكىن | (ئۇ) | | بەختلىك شاھزادە |
| قۇتدىيار | (ئۇئە) | | يۇرتنىڭ بەخت ـ ئامەتى |
| قۇتزاد | (ئۇپ) | قۇتزات | بەختلىك ئەۋلاد |

① ئەسلىيسى «قۇبىبددىن» .
② ئەسلىيسى «قۇتبىددىن» . بۇ ئىسىمنىڭ يەنە «قۇتىدىن ، قۇپېدىن ، قۇپەك ، قۇپى» قاتارلىق ئۆزگىرىشلىرى بار . ئۇنىڭ بىر قىسىم ئۆزگىرىشلىرى «قۇبىبدىن» نىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ . مەسىلەن ، «قۇپەك ، قۇپېدىن» لەردەك . بۇ يەردىكى «خۇتبىدىن ، خۇتپېدىن» دېگەن ئىسىملار «قۇتبىدىن» نىڭ ئۆزگىرىشى بولماستىن ، ئەسلىي ئىسىم بولۇشىمۇ مۇمكىن («خ» بابىغا قاراڭ)

| | | | |
|---|---|---|---|
| قۇتسانغۇن | (ئۇ) | | بەختلىك سەركەردە |
| قۇتقۇزار | (ئۇ) | | جاپادىن ، غەم ـ ئەندىشىدىن قۇتقۇزىدۇ |
| قۇتكۇن | (ئۇ) | | بىزگە قۇتلۇق كۇن بولدى |
| قۇتلان | (ئۇ) | | بەختلىك بول |
| قۇتلۇق | (ئۇ) | قۇتلۇقجان | بەختلىك |
| قۇتلۇقئارسلان | (ئۇ) | | «قۇتئارسلان» غا ئوخشاش |
| قۇتلۇقئالىپ | (ئۇ) | | «قۇتئالىپ» قا ئوخشاش |
| قۇتلۇقباي | (ئۇ) | | «قۇتباي» گە ئوخشاش |
| قۇتلۇقبەگ | (ئۇ) | | «قۇتبەگ» كە ئوخشاش |
| قۇتلۇقبىلگە | (ئۇ) | | «قۇتبىلگە» گە ئوخشاش |
| قۇتلۇقتۆمۈر | (ئۇ) | | بەختلىك ۋە تۆمۈردەك مەھكەم |
| قۇتلۇقتېكىن | (ئۇ) | | «قۇتتېكىن» گە ئوخشاش |
| قۇتلۇققەدەم | (ئۇئە) | | ئايىغى يارىشىدىغان |
| قۇتلۇقئوغۇل | (ئۇ) | | بەختلىك ئوغۇل |
| قۇتنىياز | (ئۇپ) | | بەختلىك بەندە |
| قۇتئۇزار | (ئۇ) | قۇتۇزار | بەخت يېغىدۇ ؛ بەخت قۇچىدۇ ، بەختنى قولغا كەلتۇرىدۇ |
| قۇتئوغۇز | (ئۇ) | قۇتوغۇز | بەختلىك ئوغۇز ئوغلى |
| قۇتۇب | (ئە) | | «قۇتبى» بىلەن ئوخشاش |
| قۇتۇبى | (ئە) | | قۇتۇبقا خاس ؛ قۇتۇبىيلىق |
| قۇتۇزار | | | ( «قۇتئۇزار» غا قاراڭ ) |
| قۇتوغۇز | | | ( «قۇتئوغۇز» غا قاراڭ ) |
| قۇتۇم | (ئۇ) | | مېنىڭ بەختىم |
| قۇتۇن | | | ( «قۇتبىن» گە قاراڭ ) |
| قۇتىدىن | | | ( «قۇتبىدىن» گە قاراڭ ) |
| قۇتيار | (ئۇپ) | | بەخت يار بولغاي |
| قۇچبىلگە | (ئۇ) | | بىلىملىك ، بىلىم قۇچقان |
| قۇچتېكىن | (ئۇ) | | شەرەپ قۇچقان شاھزادە |
| قۇددۇس | (ئە) | قۇدۇس | ئۇلۇغ ، پاك ، مۇقەددەس (ئاللانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى) |
| قۇددۇسشەرىپ | (ئە) | قۇددۇسشىرىپ | بۇ يەردە پەلەستىنىدىكى قۇددۇس شەھىرى (ئىرۇسالىم) ئۇلۇغلانغان |
| قۇدرەت | (ئە) | | كۈچ ، ھوقۇق |

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغما ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



| | | |
|---|---|---|
| قۇدرىتۇللا[1] | (ئە) قۇدرىتۇل ، قۇدرىتۇللا | ئاللانىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى |
| قۇدۇەت | (ئە) | ئۇلگە ، نەمۇنە |
| قۇرەيش | (ئە) قۇرەش | مەككىدىكى قەدىمكى قەبىلە نامى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبىلىسى بولۇپ ، ئۇيغۇرلار شۇ جەھەتتىن پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قىلىپ قويغان) |
| قۇربان[2] | (ئە) قۇۋان ، قۇۋانجان ، قۇنەك | ئاللاغا بېرىلگەن نەرسە ؛ تۆھپە قوشماق ، قۇربان بەرمەك ، ئۆزىنى تەقدىم قىلماق (بۇ يەردە «قۇربان ھېيت كۈنلىرى تۇغۇلغان» دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ) |
| قۇربانئاخۇن | (ئەئۇ) قۇناخۇن ، قەناخۇن | قۇربان : ئىسمى ، ئاخۇن : قوشۇمچىسى |
| قۇربانئەلى | (ئە) قۇۋانئەلى | قۇربان : ئىسمى ، ئەلى : سۈپىتى |
| قۇربانباي | (ئەئۇ) قۇۋانباي ، قۇناباي | قۇربان : ئىسمى ، باي : سۈپىتى |
| قۇربانبەگ | (ئەئۇ) قۇۋانبەگ | قۇربان : ئىسمى ، بەگ : سۈپىتى |
| قۇربانبەگھاجى | (ئەئۇئە) قۇۋانبىگاجى | قۇربانبەگ : ئىسمى ، ھاجى : سۈپىتى |
| قۇربانتاي | (ئەئۇ) قۇۋانتاي | قۇربان : ئىسمى ، تاي : قوشۇمچىسى |
| قۇربانتۇر | (ئەئۇ) قۇۋانتۇر | قۇربان : ئىسمى ، تۇر : قوشۇمچىسى |
| قۇربانخوجا | (ئەپ) قۇۋانخوجا | قۇربان : ئىسمى ، خوجا : سۈپىتى (بۇ يەردە «خوجىنىڭ ـ ئاللانىڭ يولىدا قۇربان بەرگۈچى» دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ) |
| قۇربانشاھ | (ئەپ) قۇۋانشا | قۇربان : ئىسمى ، شاھ : سۈپىتى (بۇ يەردە «شاھ ـ ئاللا يولىدا قۇربان بەرگۈچى» دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ) |
| قۇربانمەت | | («قۇربانمۇھەممەد» كە قاراڭ) |

① ئەسلىيسى «قۇدرەتۇللا» .
② بۇ ئىسىمنىڭ يەنە «قۇنام ، قەنەك ، قوناش ، قۇنەش ، قوناق» قاتارلىق ئۆزگىرىشلىرى بار .

| | | |
|---|---|---|
| قۇربانمۇھەممەد | (ئە) قۇربانمەت ، قۇرۋانمەت | قۇربان : ئىسمى ، مۇھەممەد : سۈيىتى |
| قۇربانىنىياز | (ئەپ) قۇۋانىنىياز ، قۇنىياز | قۇربان : ئىسمى ، نىياز : قوشۇمچىسى |
| قۇربانىدىن[1] | (ئە) | دىنىنىڭ قۇربانى ، دىن يولىدا قۇربان بەرگۈچى |
| قۇرداش | (ئۇ) | زاماندار ، تەڭ ماڭىدىغان |
| قۇرغۇي | (ئۇ) | قۇش نامى |
| قۇرۋانمەت | | («قۇربانمۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| قۇرۇم | (ئۇ) | قورام تاش ؛ تاغ |
| قۇزبەگ | (ئۇ) | تاغدەك مەزمۇت بەگ |
| قۇززات | (ئە) | قازىلار |
| قۇززىتۇللا | (ئە) قۇزىتۇل ، قۇزىتۇللا | ئاللانىڭ قازىلىرى |
| قۇسۇرى | (ئە) | قۇسۇرلۇق ، كەمچىلىكى بار |
| قۇلاق | | («قۇلىھەق» كە قاراڭ) |
| قۇلان | (ئۇ) | ھايۋان ئىسمى |
| قۇلئەلىم | (ئۇئە) قۇلھەلىم | ھەممىنى بىلگۈچى ئاللانىڭ قۇلى |
| قۇلەق | | («قۇلىھەق» كە قاراڭ) |
| قۇلبەگ | (ئۇ) قۇلۋەگ | بەگنىڭ ـ ئاللانىڭ قۇلى |
| قۇلخاجە | | («قۇلخوجا» غا قاراڭ) |
| قۇلخوجا[2] | (ئۇپ) قۇلخاجە | خوجىغا ـ ئاللاغا بەخشەندە قىلىنغان قۇل (بەندە) ، خوجىنىڭ قۇلى |
| قۇلزاد[3] | (ئۇپ) قۇلزات | بۇ يەردە تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆزىنى ئاللانىڭ قۇلى دەپ ، پەرزەنتىنى قۇل زاتى دەپ ئىپادىلەش مەنىسى ئەكس ئېتىدۇ |
| قۇلمۇھەممەد | (ئۇئە) قۇلمەت | مۇھەممەدكە قۇللۇق قىلغۇچى |
| قۇلنەزەر | (ئۇئە) | نەزەرگە يولۇققان قۇل (ئوغۇل) |
| قۇلھەلىم | | («قۇلئەلىم» گە قاراڭ) |
| قۇلۋەگ | | («قۇلبەگ» كە قاراڭ) |
| قۇلۇن | (ئۇ) | ھايۋان (تاي) ئىسمى ؛ ياۋا ئات |

[1][2] ئەسلىيسى «قۇربانىددىن ، قۇلخۋاجە» .

[3] بۇ ئىسىم ئەسلىدە «قۇلزات» بولۇشىمۇ مۇمكىن . مەنىسى : زاتى قۇل (ئەسلىي زاتى مۇسۇلمان) دېگەنلىك بولۇپ ، «قۇلزاد» بىلەن ئاساسەن ئوخشاش مەنە ئىپادىلەيدۇ . «قۇل» نىڭ «ئوغۇل ، ئەر ، ئادەم ، كىشى» دېگەن مەنىلىرىمۇ بار .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| قۇلى | (ئۇ) | | بۇ ئىسىم «قۇلى» باشتا كەلگەن «قۇلىبەگ ، قۇلىمەق» دېگەندەك ئىسىملارنىڭ كېيىنكى تەركىبى چۈشۈپ قالغاندىكى ئايرىم شەكلى . «بەگقۇلى ، شاھقۇلى» قاتارلىق مۇشۇ خىلدىكى ئىسىملار باشتىكى بۆلىكى تاشلىنىۋېتىلىپمۇ «قۇلى» دەپ قىسقارتىپ ئىشلىتىلىشى مۇمكىن |
| قۇلىبەگ | (ئۇ) | قۇلىۋەگ | «قۇلىبەگ» بىلەن ئوخشاش |
| قۇلىمەق | (ئۇئە) | قۇلەق ، قۇلاق | ھەق ئاللانىڭ قۇلى |
| قۇمرى | (ئە) | | پاختەك (قۇش نامى) |
| قۇمۇل | (ئۇ) | | يەر نامى |
| قۇناخۇن | | | («قۇربانئاخۇن» غا قاراڭ) |
| قۇنام | | | («قۇربان» غا قاراڭ) |
| قۇنانباي | | | («قۇربانباي» غا قاراڭ) |
| قۇنەش | | | («قۇربان» غا قاراڭ) |
| قۇنەك | | | («قۇربان» غا قاراڭ) |
| قۇندۇزجان | (ئۇپ) | | قۇندۇزدەك سىلىق ، ئەتىۋار ئوغۇل |
| قۇنىياز | | | («قۇربانىنياز» غا قاراڭ) |
| قۇۋان | | | («قۇربان» غا قاراڭ) |
| قۇۋانئەلى | | | («قۇربانئەلى» گە قاراڭ) |
| قۇۋانباي | | | («قۇربانباي» غا قاراڭ) |
| قۇۋانبەگ | | | («قۇربانبەگ» كە قاراڭ) |
| قۇۋانبىگاجى | | | («قۇربانبەگھاجى» غا قاراڭ) |
| قۇۋانتاي | | | («قۇربانتاي» غا قاراڭ) |
| قۇۋانتۇر | | | («قۇربانتۇر» غا قاراڭ) |
| قۇۋانجان | | | («قۇربان» غا قاراڭ) |
| قۇۋانخوجا | | | («قۇربانخوجا» غا قاراڭ) |
| قۇۋانشا | | | («قۇربانشاھ» قا قاراڭ) |
| قۇۋاننىياز | | | («قۇربانىنياز» غا قاراڭ) |
| قۇۋۋەت | (ئە) | قۇۋەت | كۈچ ؛ قوشۇن |
| قۇياش | (ئۇ) | | بۇ ئىسىمدا كۈن (قۇياش) ئۇلۇغلانغان |

| | | | |
|---|---|---|---|
| قۇياشبەگ | (ئۇ) | | قۇياش : ئىسمى ، بەگ : سۆپىتى |
| قىيۇم | | | («قەييۇم» غا قاراڭ) |
| قىيۇمبەگ | | | («قەييۇمبەگ» كە قاراڭ) |
| قىددىس | (ئە) | قەددىس | «قۇددۇس» بىلەن ئوخشاش |
| قىران | (ئە) | | قىرانلىق ، يىگىتلىك ؛ پىشقان |
| قىرانئالىپ | (ئەئۇ) | | پىشىپ يېتىلگەن باتۇر |
| قىرانئەر | (ئەئۇ) | | پىشىپ يېتىلگەن ئەر |
| قىرانمۇھەممەد | (ئە) | قىرانمەت | قىران : ئىسمى ، مۇھەممەد : سۆپىتى |
| قىرتاي | (ئۇ) | | يايلاقتىكى ئەركىن تاي ؛ يۇرتنىڭ ئەركىن ئوغلى |
| قىرتېكىن | (ئۇ) | | يۇرت شاھزادىسى |
| قىرمىز | (پ) | | قىزىل |
| قىزغىنباي | (ئۇ) | | قىزغىن ئەر |
| قىزىلئارسلان | (ئۇ) | | ئارسلان : ئىسمى ، قىزىل : سۆپىتى |
| قىسمەت | (ئە) | | تەقسىم قىلىنغان نەرسە (ئاللانىڭ تەقسىم قىلىپ بەرگىنى ، تەقدىر) ، تەقسىمات ، ھەسسە ، نىسىۋە ، ئۈلۈش |
| قىلىچ | (ئۇ) | | قىلىچتەك ئۆتكۈر ۋە كەسكىن |
| قىلىچئارسلان | (ئۇ) | | قىلىچ : ئىسمى ، ئارسلان : سۆپىتى (ئارسلاندەك باتۇرنىڭ قىلىچى) |
| قىلىچباي | (ئۇ) | قىلىچۋاي | قىلىچتەك ئۆتكۈر ئەر |
| قىلىچبەگ | (ئۇ) | قىلىچۋەگ | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| قىلىچمۇھەممەد | (ئۇئە) | قىلىچمەت | مۇھەممەدنىڭ قىلىچى |
| قىممەت | (ئە) | قىممەتجان | يۈكسەك نۇقتا ، چوققا ، ئۈستۈنلۈك |
| قىۋزات | | | («قەۋزاد» قا قاراڭ) |
| قىياس | (ئە) | | مىقدارلاش ، مۆلچەرلەش ، ئۆلچەش ، سېلىشتۇرۇش |
| قىيام | (ئە) | | تۈۋرۈك |
| قىيامىدىن① | (ئە) | | دىنىنىڭ تۈۋرۈكى |

① ئەسلىسى «قىيامىددىن» .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



| | | |
|---|---|---|
| قىيان | (پ) قىيانجان | ئۇلۇغ سۇ (سۇنىڭ كۆپ كېلىشى) |
| قىيانمۇھەممەد | (پئە) | قىيان : ئىسمى ، مۇھەممەد : سۈپىتى |

## ئاياللار ئۈچۈن

| ئاتىلىشى | ئۆزگىرىشلىرى | مەنىسى |
|---|---|---|
| قابىلە | (ئە) | تۇغۇت ئانىسى ؛ قۇتا |
| قابىلئاي | (ئەئۇ) قابىلاي | قابىل : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى (قابىلىيەتلىك ، ئىقتىدارلىق قىز) |
| قابىلبۇۋى | | («قابىلبىبى» گە قاراڭ) |
| قابىلبىبى | (ئەپ) قابىلبۇۋى | قابىلىيەتلىك ، ئىقتىدارلىق خېنىم |
| قابىلخان | (ئەئۇ) قاۋۇلخان | قابىل ئايال ، ئىستىداتلىق ئايال |
| قابىلىنسا | (ئە) قاۋۇلىنسا | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| قابىلىيە | (ئە) | قابىلىيەت ، ئىستىداد ، قابىللىق ؛ مايىللىق ، ئۈيغۇنلاشماق |
| قارئاي | (ئۇ) قاراي | قاردەك ئاپئاق قىز |
| قاراكۆز | (ئۇ) | قارا كۆزلۈك قىز |
| قاراكۆزئايىم | (ئۇ) | مېنىڭ قارا كۆزلۈك قىزىم |
| قاراكۆزبېكە | (ئۇ) | قارا كۆزلۈك خېنىم |
| قارگۈل | (ئۇپ) | «قارئاي» غا ئوخشاش |
| قارلىغاچ① | (ئۇ) | قۇش ئىسمى («قارلىغاچتەك نازۇك قىز» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ) |
| قارىخان② | (ئەئۇ) | قارىي ئايال |
| قارىگۈل③ | (ئەپ) | قارىي قىز |
| قارىيە | (ئە) قارىيەم | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| قاشخان | (ئۇ) | قاشتېشىدەك سۈزۈك ئايال |
| قاشقىز | (ئۇ) | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| قاشگۈل | (ئۇپ) | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| قالدىئاي | (ئۇ) | قىزىمىز تۇرۇپ قالدى ، ئەي بولدى |

① ئەسلىيسى «قارغىلاچ» .
②③ بۇ ئىسىملاردىكى «رى» ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشتۇر .

| | | | |
|---|---|---|---|
| قالدىخان | (ئۇ ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| قالدىقىز | (ئۇ ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| قاھىرە | (ئە ) | قاھىرەم ، قايىرە ، قايىرەم | (1 ) يېڭىلمەس ، غالىب ؛ (2 ) قاھىرە شەھىرىنىڭ نامى |
| قاھىرنىسا | (ئە ) | قايىرنىسا | يېڭىلمەس ، تەڭداشسىز ئايال ، ئاياللارنىڭ باتۇرى |
| قائىمە | (ئە ) | قايىمە | تۇۋرۇك ؛ تىزىملىك ، مۇندەرىجە |
| قايىرە | | | ( «قاھىرە» گە قاراڭ ) |
| قايىرنىسا | | | ( «قاھىرنىسا» غا قاراڭ ) |
| قايىمە | | | ( «قائىمە» گە قاراڭ ) |
| قەبىلە | (ئە ) | قەبىلەم | قەبىلە ، قوۋم ؛ قۇدۇق ئېغىزى |
| قەترە | (ئە ) | | تامچە |
| قەترۇنىدا | (ئە ) | | بىر تامچە شەبنەم سۈيى |
| قەددەسە | (ئە ) | | مۇقەددەس ، ئۇلۇغ قىلدى |
| قەددىگۈل | (ئەپ ) | | قەددى ـ قامىتى ، بوي ـ تۇرقى كېلىشكەن ، چىرايلىق قىز |
| قەددىنۇر | (ئە ) | | قامىتىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان قىز |
| قەدرىيە | (ئە ) | | قەدىرلىك ، قەدىردان ، قىممەتلىك |
| قەدىرە | (ئە ) | | «قەدىر» بىلەن ئوخشاش |
| قەدىردان | (ئە ) | | قەدىرلىك ، قەدىرلەنگۈچى |
| قەدىرگۈل | | | ( «قەدىرىگۈل» گە قاراڭ ) |
| قەدىرنىسا | (ئە ) | | قەدىرلىك ئايال |
| قەدىرىگۈل | (ئەپ ) | قەدىرگۈل | قەدىر ـ قىممەتلىك قىز |
| قەدىرىيە | (ئە ) | | قەدىرلەشكە خاس |
| قەدىمە | (ئە ) | | ئالدىنقى ، بۇرۇنقى ( «قەدىم» بىلەن ئوخشاش ) |
| قەدىمخان | (ئەئۇ ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| قەرىبە | (ئە ) | | تۇغقان ، نەسەبداش (قىز ) ؛ يېقىن تۇغقان |
| قەرىنە | (ئە ) | | (1 ) ئايال ، خېنىم ، (2 ) ئالاقە ، مۇناسىۋەت |
| قەسامە | (ئە ) | | چىرايلىق ، گۈزەل ، ھۆسنلىك |
| قەسىدە | (ئە ) | | مەدھىيە |
| قەسىمە | (ئە ) | | ئەھدە ، قەسەم ، ئەھدە قىلغۇچى قىز |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| قەلەمئاي | (ئەئۇ) | | قەلەم بىلەن سىزغاندەك چىرايلىق |
| قەلەمخان | (ئەئۇ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| قەلەمسىما[1] | (ئە) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| قەلەمگۈل | (ئەپ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| قەلەمنىسا | (ئە) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| قەلبىئاي | (ئەئۇ) | | قەلبى ئايدەك روشەن ، ئاق |
| قەلبىگۈل | (ئەپ) | | قەلبى گۈزەل ، دىلى ئاق ، كۆڭلى ياخشى ، خاراكتېرى ئوبدان قىز |
| قەلبىنۇر | (ئە) | قەلبىنۇرخان | قەلبى نۇرلۇق ، كۆڭلى ئوچۇق قىز |
| قەلبىنىسا | (ئە) | | ئاياللارنىڭ قەلبى ، ئاياللارنىڭ يۈرىكى ، قەلبى ئاياللار ئۈچۈن سوقىدىغان |
| قەمەچخان | | | («قەمەر» گە قاراڭ) |
| قەمەر[2] | (ئە) | قەمەرخان ، قەمەرگۈل ، قەمبەر | ئاي (ئاسماندىكى ئاي) |
| قەمەرئاي | (ئەئۇ) | قەمبەرئاي | ئايدەك چىرايلىق قىز |
| قەمەرە | (ئە) | قەمەرەم | چىراغ |
| قەمەرخان | | | («قەمەر» گە قاراڭ) |
| قەمەرقىز | | | («قەمەر» گە قاراڭ) |
| قەمەرگۈل | | | («قەمەر» گە قاراڭ) |
| قەمەرنىسا | (ئە) | قەمبەرنىسا | ئايدەك چىرايلىق ئايال |
| قەمەرنىساخان | (ئەئۇ) | قەمبەرنىساخان | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| قەمەرۇزامان[3] | (ئە) | | زاماننىڭ گۈزىلى |
| قەمەرىيە | (ئە) | | ئايغا خاس ؛ ئايدەك ؛ ئاي يىلنامىسى |
| قەمەش | | | («قەمەر» گە قاراڭ) |
| قەمەشخان | | | («قەمەر»گە قاراڭ) |
| قەمبەر | | | («قەمەر» گە قاراڭ) |
| قەمبەرئاي | | | («قەمەرئاي» گە قاراڭ) |
| قەمبەرخان | | | («قەمەر» گە قاراڭ) |
| قەمبەرقىز | | | («قەمەر» گە قاراڭ) |

①③ ئەسلىيسى «قەلەمسىيما ، قەمەرۇزەمان» .
② «قەمەر» نىڭ يەنە «قەمبەرخان ، قەمبەرگۈل ، قەمبەرقىز ، قەمەرقىز ، قەمەش ، قەمەشخان ، قەمەچخان ، قەمىخان ، قەمىگۈل» قاتارلىق ئۆزگىرىشلىرى بار . «قەمەر» نىڭ ئۆزى ۋە «قەمبەر» دېگەن ئۆزگىرىشى ئەرلەرگىمۇ قويۇلىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| قەمبەرگۈل | | | ( «قەمەر» گە قاراڭ ) |
| قەمبەرنىسا | | | ( «قەمەرنىسا» غا قاراڭ ) |
| قەمبەرنىساخان | | | ( «قەمەرنىساخان» غا قاراڭ ) |
| قەمراخان | (ئەئۇ) | قەمياخان | ئاي نۇرىدەك ئايال |
| قەمخان | | | ( «قەمەر» گە قاراڭ ) |
| قەمگۈل | | | ( «قەمەر» گە قاراڭ ) |
| قەمرە | (ئە) | | ئايدىڭ |
| قەنخان① | (پئۇ) | | قەندەك ئايال |
| قەننىسا② | (پئە) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| قەندىلئاي | (ئەئۇ) | قەندىلاي | قەندىل : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |
| قەھرىگۈل | (ئەپ) | | قەھرى : ئىسمى ، گۈل : سۈپىتى ( «قەھرى» نىڭ مەنىسى : غەزەپ ، كۆچ ) |
| قەھرىنىسا | (ئە) | | ئايالارنىڭ كۆچى ، غەزىپى ؛ كۆچلۈك ، غەزەپلىك ئايال |
| قەئىدە | (ئە) | | ئايال |
| قەيىمە | (ئە) | | مۇھىم ، قىممەتلىك |
| قوزائاي | (ئۇ) | | قوزىدەك ياۋاش ، ئوماق قىز |
| قوزائايىم | (ئۇ) | | مېنىڭ قوزىدەك ياۋاش ، ئوماق قىزىم |
| قوزابۇۋى | | | ( «قوزابىبى» گە قاراڭ ) |
| قوزابىبى | (ئۇپ) | قوزابۇۋى | قوزىدەك ياۋاش ، سۆيۈملۈك خېنىم |
| قوزابىكە | (ئۇ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| قوزىخان | (ئۇ) | | قوزىدەك ياۋاش ئايال |
| قوزىگۈل | (ئۇپ) | | «قوزىئاي» غا ئوخشاش |
| قوزىنىسا | (ئۇئە) | | «قوزىخان» غا ئوخشاش |
| قوزىنىساخان | (ئۇئەئۇ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| قوشئەنبەر | (ئۇپ) | قوشەمبەر | ئەنبەر : ئىسمى ، قوش : سۈپىتى ( «ئەنبەر» نىڭ مەنىسى : خۇشپۇراق ) |
| قوشماقئاي | (ئۇ) | | بىر جۈپ قىز ، قوشماق قىز (قوشماق تۇغۇلغان قىزلارنىڭ بىرىگە شۇنداق ئىسىم قويۇلغان ) |

①② ئەسلىيى «قەنتخان ، قەنتنىسا» .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| قوشماقخان | (ئۇ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| قوشماقگۈل | (ئۇپ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| قوشماقنىسا | (ئۇئە) | | قوشماق قىز؛ ئايالدارغا خاس قەلبكە ئىگە قىز |
| قۇپپىخان | (ئۇ) | | («قۇتبىخان» غا قاراڭ) |
| قۇپپىگۈل | | | («قۇتبىگۈل» گە قاراڭ) |
| قۇپپىنىسا | | | («قۇتبىنىسا» غا قاراڭ) |
| قۇتئاي | (ئۇ) | | بەختلىك قىز |
| قۇتبىخان | (ئەئۇ) | قۇپپىخان | ئايالدارنىڭ ئۇلۇغ پېشۋاسى |
| قۇتبىگۈل | (ئەپ) | قۇپپىگۈل | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| قۇتبىنىسا | (ئە) | قۇپپىنىسا | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| قۇتبىيە | (ئە) | | «قۇتبى» بىلەن ئوخشاش |
| قۇتخان | (ئۇ) | | بەختلىك خان، بەخت كەلتۈرگۈچى خان؛ بەختلىك ئايال |
| قۇتلۇقئاي | (ئۇ) | | بەختلىك، گۈزەل قىز |
| قۇتلۇقئايىم | (ئۇ) | | مېنىڭ بەختلىك، گۈزەل قىزىم |
| قۇتلۇقبىكە | (ئۇ) | | بەختلىك خېنىم، بەختلىك مەلىكە |
| قۇتلۇقجامال① | (ئۇئە) | | چىرايىدىن بەخت نۇرى چاقناپ تۇرغان، چىرايى بەختكە چۆمگەن (قىز) |
| قۇتلۇقخان | (ئۇ) | | بەختلىك ئايال |
| قۇتلۇققىز | (ئۇ) | | بەخت ـ تەلەيلىك قىز |
| قۇتلۇقگۈل | (ئۇپ) | | «قۇتئاي» غا ئوخشاش |
| قۇتلۇقنۇر | (ئۇئە) | | بەختلىك پەرزەنت (قىز) |
| قۇتلۇقنىگار | (ئۇپ) | | «قۇتئاي» غا ئوخشاش |
| قۇتنۇر | (ئۇئە) | | بەخت نۇرى، بەختلىك ئەۋلاد |
| قۇتنىسا | (ئۇئە) | | ئايالدارنىڭ بەختى؛ بەختلىك ئايال |
| قۇتئۈز | (ئۇ) | | بەختلىك، چىرايلىق قىز |
| قۇدرەتئاي | (ئەئۇ) | | كۈچلۈك، ھوقۇقلۇق قىز |
| قۇدرەتخان | (ئەئۇ) | | كۈچلۈك، ھوقۇقلۇق ئايال |
| قۇدرەتقىز | (ئەئۇ) | | «قۇدرەتئاي» غا ئوخشاش |
| قۇدرەتگۈل | (ئەپ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| قۇدرەتنىسا | (ئە) | | ئايالدارنىڭ كۈچى، ھوقۇقى؛ ھوقۇقلۇق ئايال |

① ئەسلىسى «قۇتلۇقجەمال».

| | | | |
|---|---|---|---|
| قۇدرەتنىساخان | (ئەئۇ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| قۇرەيشىيە | (ئە) | | قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ نامى ئۇلۇغلىنىپ، قىزلارغا خاس ئىسىم قىلىنغان. مەنىسى: قۇرەيش قىزى، قۇرەيش قەبىلىسىگە مەنسۇپ قىز، مۇسۇلمان قىز («قۇرەيش» كە قاراڭ) |
| قۇربانئاي | (ئەئۇ) | | ئۆزىنى ئاللا يولىغا تەقدىم قىلغۇچى قىز |
| قۇربانە | (ئە) | قۇربانەم، قۇۋانەم، قۇۋانىم | «قۇربان» بىلەن ئوخشاش (ئاللاغا تەقدىم قىلىنغان نەرسە) |
| قۇربانبۇ | | | («قۇربانبىبى» گە قاراڭ) |
| قۇربانبۇۋى | | | («قۇربانبىبى» گە قاراڭ) |
| قۇربانبىبى | (ئەپ) | قۇربانبۇۋى، قۇربانبۇ | ئۆزىنى ئاللا يولىغا ئاتىغۇچى خېنىم |
| قۇربانخان | (ئەئۇ) | قۇۋانخان | ئۆزىنى ئاللا يولىغا ئاتىغۇچى ئايال |
| قۇربانخېنىم | (ئەئۇ) | قۇۋانخېنىم | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| قۇربانقىز | (ئەئۇ) | قۇۋانقىز | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| قۇربانگۈل | (ئەپ) | قۇۋانگۈل | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| قۇربانىنىسا | (ئە) | قۇۋانىنىسا | ئاياللارنىڭ قۇربانى؛ ئۆزىنى ئاللا يولىغا تەقدىم قىلغۇچى ئايال |
| قۇربانىنىساخان | (ئەئۇ) | قۇۋانىنىساخان | قۇربانىنىسا: ئىسمى، خان: سۈپىتى |
| قۇلىخان | (ئۇ) | | ئاللانىڭ قۇلى بولغۇچى ئايال |
| قۇمرىخان | (ئەئۇ) | | قۇمرى: ئىسمى، خان: سۈپىتى («قۇمرى» نىڭ مەنىسى: پاختەك) |
| قۇمرىگۈل | (ئەپ) | | قۇمرى: ئىسمى، گۈل: سۈپىتى |
| قۇمرىنىسا | (ئە) | | قۇمرى: ئىسمى، نىسا: قوشۇمچىسى |
| قۇندۇز | (پ) | قۇندۇزخان | بىر خىل ئەتىۋارلىق سۇ ھايۋىنى |
| قۇندۇزئاي | (پئۇ) | | قۇندۇزدەك سىلىق، ئەتىۋارلىق قىز |
| قۇندۇزئايىم | (پئۇ) | | مېنىڭ قۇندۇزۇم |
| قۇندۇزبىكە | (پئۇ) | | قۇندۇزدەك ئەتىۋارلىق خېنىم |
| قۇندۇزخان | | | («قۇندۇز» غا قاراڭ) |
| قۇۋانەم | | | («قۇربانە» گە قاراڭ) |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



قۇۋانخان ( «قۇربانخان» غا قاراڭ )

قۇۋانخېنىم ( «قۇربانخېنىم» غا قاراڭ )

قۇۋانقىز ( «قۇربانقىز» غا قاراڭ )

قۇۋانگۈل ( «قۇربانگۈل» گە قاراڭ )

قۇۋاننىسا ( «قۇربانىنسا» غا قاراڭ )

قۇۋانىم ( «قۇربانە» گە قاراڭ )

قۇياشئاي (ئۇ ) قۇياش كەبى نۇرلۇق قىز

قۇياشخان (ئۇ ) قۇياش كەبى نۇرلۇق ئايال

قىرانئاي (ئەئۇ ) يېتىلگەن قىز

قىرمىزئاي (پئۇ ) قىرمىز گۈلدەك چىرايلىق قىز

قىرمىزە (پ ) بىر خىل گۈل ئىسمى (قىرمىزگۈل )

قىرمىزگۈل (پ ) قىزىلگۈل ؛ قىرمىز گۈلدەك قىز

قىزئاي (ئۇ ) قىزاي ئايدەك چىرايلىق قىز

قىزبۇۋى ( «قىزبىبى» گە قاراڭ )

قىزبىبى (ئۇپ ) قىزبۇۋى قىز خېنىم

قىزتۇغۇل (ئۇ ) قىز پەرزەنتكە ئېرىشىش ئارزۇسى ئەكس ئېتىدۇ

قىزىلئاي (ئۇ ) قىزىل يۈزلۈك ، چىرايلىق قىز

قىزىلخان (ئۇ ) قىزىل رەڭ ئۇلۇغلانغان ، مەسىلەن ، قىزىل مەڭىز ، قىزىل گۈل ، قىزىل كۆڭلەك ، قىزىل قەلب دېگەندەك

قىزىلگۈل (ئۇپ ) قىزىل گۈلدەك چىرايلىق قىز

قىسسىخان (ئەئۇ ) قىسسە سۆزلىگۈچى ، ھېكايىچى

قىسمەتگۈل (ئەپ ) ئاللا تەقسىم قىلىپ بەرگەن قىز

قىسمەتنىسا (ئە ) ئاياللارنىڭ تەقدىرى ؛ تەقدىر بولۇپ بەرگەن ئايال

قىلىچخان (ئۇ ) قىلىچتەك ئۆتكۈر ئايال

قىممەتئاي (ئەئۇ ) قىممەتلىك ، قەدىرلىك قىز

قىيانگۈل (پ ) قىيان : ئىسمى ، گۈل : سۈپىتى

# ك

## ئەرلەر ئۈچۈن

| ئاتىلىشى | | ئۆزگىرىشلىرى | مەنىسى |
|---|---|---|---|
| كاپالەت[1] | (ئە) | | كېپىللىك قىلماق |
| كاپى | (ئە) | | قانائەتلەندۈرگۈچى ، تولۇقلىغۇچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى) |
| كاتىب | (ئە) | كاتىپ | يازغۇچى ، خەت پۈتكۈچى ، خاتىرىلىگۈچى |
| كاتىم | (ئە) | | يوشۇرغۇچى ، سىر تۇتقۇچى |
| كادىر | (ي) | | بۇ ئىسىمدا پەرزەنتىنىڭ ئابرۇيلۇق ، مەرتىۋىلىك كىشىلەردىن بولۇشى ئۈمىد قىلىنغان |
| كارامەت[2] | (ئە) | | شەرەپ ، داڭق ؛ ھەيۋەت ؛ ئىپتىخار ؛ مۆجىزە ؛ مەردلىك |
| كارامىتۇللا[3] | (ئە) | | ئاللانىڭ مۆجىزىسى |
| كازىم | (ئە) | كەزىم ، كەزىمجان | ئاچچىقىنى يۇتالايدىغان كىشى |
| كاشىپ | (ئە) | | كەشپىياتچى ؛ سەزگۈچى ؛ رازۋېدكا قىلغۇچى |
| كاككۇك | (ئۇ) | | بىر خىل قۇش نامى |
| كالدىر | (ئۇ) | | قەشقەر يېڭىشەھەردە مەھەللە ئىسمى (بۇ يەردە بىر - بىرىنىڭ گېپىنى ئۇقۇشمايدىغان ، غەرەز ئۇقماي تولا گەپ قىلىدىغان كىشىلەر «كالدىرلار» ، ئۇلار تۇرۇشلۇق جاي «كالدىر مەھەللىسى» دېيىلگەن ) |
| كامال[4] | (ئە) | | تولۇق يېتىلگۈچى ؛ پۈتۈن ، تولۇق كامالەتكە يەتكەن ئەر |

①②③④ ئەسلىيسى «كەپالەت ، كەرامەت ، كەرامەتۇللا ، كەمال» («كاپالەت» ئاياللارغىمۇ قويۇلىدۇ) .

| | | | |
|---|---|---|---|
| كامالبەگ① | (ئەئۇ ) | كامالۋەگ | كامالەتكە يەتكەن ئەر |
| كامالتۇرك② | (ئەئۇ ) | | كامالەتكە يەتكەن تۈرك يىگىتى |
| كامالدىن③ | (ئە ) | | دىنىنىڭ كامالەتكە يەتكەن كىشىسى |
| كامران | (پ ) | | (1 ) مۇرادىغا يەتكەن ، دۆلەتمەن ، بەختلىك ، (2 ) ھۆكۈمران |
| كامىل | (ئە ) | كامىلجان | تولغان ، يېتىلگەن (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ) |
| كامىن | (ئە ) | | يوشۇرۇن ، مەخپىي ، يوشۇرۇنغۇچى |
| كەبىر | (ئە ) | كېۋىر ، كىبىر ، كىۋىر ، كىۋىرجان | چوڭ ، ئۇلۇغ ، زور |
| كەبىرھاجى | (ئە ) | كىبىرھاجى | كەبىر : ئىسمى ، ھاجى : سۈپىتى |
| كەبىرۇللا | (ئە ) | كېۋىرۇللا ، كىۋىرۇللا | ئاللانىڭ ئۇلۇغلۇقى |
| كەبىرىدىن | (ئە ) | كېۋىرىدىن ، كىۋىرىدىن | دىنىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ؛ دىنىنىڭ ئۇلۇغ كىشىسى |
| كەپەل | (ئە ) | | ساغرا (ھايۋاننىڭ ) ، ئاتنىڭ ساغرىسى (تاشقورغاندا تاجىكلارنىڭ ئىسملىرىدىن بىرى ) |
| كەپى | (ئە ) | | «كاپى » غا ئوخشاش |
| كەپىل | (ئە ) | كىپىل | كاپالەتلىك قىلغۇچى ، كېپىللىك قىلغۇچى ؛ قوغدىغۇچى ، ھىمايىسىگە ئالغۇچى ؛ مەسئۇل (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ) |
| كەرىم | (ئە ) | كېرىم ، كېرىمجان ، كېرەم | سېخىي ، ئالىيجاناب ، ئېسىل ، قەدىرلىك (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ، ئەگەر «ال» ئۇلانسا ، يەنى بېشىغا «ئابدۇ» كەلسە ، ئاللانىڭ ئىسمىنى كۆرسىتىدۇ ) |
| كەرىمبەردى | (ئە ) | كېرىمبەردى | سېخىي ئاللا بەردى |
| كەرىمشاھ | (ئەپ ) | كېرىمشا | شاھ ـ ئاللانىڭ كارامىتى |

①②③ئەسلىيسى «كەمالبەگ ، كەمالتۇرك ، كەمالىددىن » .

| | | | |
|---|---|---|---|
| كەرىمۇللا | (ئە) | كېرىمۇللا | ئاللانىڭ كەرىمى ، ئاللانىڭ كارامىتى ، ئاللانىڭ ئېسىل بەندىسى (چاھارىيارلاردىن ئەلىنىڭ سۇپىتى ) |
| كەرىمىددىن | (ئە) | | دىننىڭ كارامىتى |
| كەسكىن | (ئۇ) | | ئىتتىك ، ئۆتكۈر |
| كەشپى | (ئە) | | تەتقىق قىلغۇچى ، ئىزدەنگۈچى ؛ كەشپىياتچى |
| كەشپۇللا | (ئە) | | ئاللانىڭ كەشپىياتى |
| كەكە | (ئۇ) | كەكاخۇن | بىر خىل ئۆي سايمىنى |
| كەكلىك | (ئۇ) | | بىر خىل قۇش نامى |
| كەلدى | (ئۇ) | | بىر ئوغۇل پەرزەنت دۇنياغا كەلدى |
| كەلدىباي | (ئۇ) | | كەلگۈسىدىكى داڭلىق باي دۇنياغا كەلدى |
| كەلدىبەگ | (ئۇ) | | ساغلام بىر ئەركەك دۇنياغا كەلدى |
| كەلدىجان | (ئۇپ) | | ئەزىز بىر ئوغۇل دۇنياغا كەلدى |
| كەلكۈن | (ئۇ) | | بۇ يەردە سۇ ئۇلۇغلىنىپ ، كەلكۈن كەلگەنلىكىگە بولغان خۇشاللىق ئەكس ئەتكەن . چۈنكى ، سۇ مول بولسا ، بارلىق قۇرغاق جايلار سۇغا قانىدۇ . شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنتىزارلىقتىن كېيىن بىر ئوغۇل پەرزەنت دۇنياغا كەلسىمۇ قۇرغاق جايلار سۇغا قانغاندەك ، شۇ ئائىلە بەختكە چۆمىدۇ |
| كەلىم | (ئە) | | ناتىق ، سۆزمەن ، سۆزلەشكۈچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇپەتلىرىدىن بىرى ) |
| كەلىمۇللا | (ئە) | | مۇسا پەيغەمبەرنىڭ لەقىمى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇپەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ، مەنىسى : ئاللا بىلەن سۆزلەشكۈچى |
| كەلىمىددىن | (ئە) | | دىننىڭ ناتىق كىشىسى |
| كەمتەر | (پ) | كەمتەرجان | ھاكاۋۇرلۇق قىلمايدىغان ، سەمىمىي كىشى |
| كەمسۆز | (پئۇ) | | ئاز گەپ قىلىدىغان كىشى |
| كەمى | (ئە) | | شجائەتلىك ئەسكەر ، ھەربىي |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| كەمىن | (ئە) | | (1) «كامىن» بىلەن ئوخشاش؛ (2) پارسچىدا «يېتەرلىك ئەمەس، ئەڭ ئاز» دېگەن مەنىدە كەمتەرلىك، تۆۋەنچىلىك ئىپادىلىنىدۇ |
| كەنئان | (ئە) | | هازىرقى پەلەستىن تەۋەسىنىڭ قەدىمكى نامى |
| كەنجالىم | | | («كەنجىئالىم» غا قاراڭ) |
| كەنجى | (ئۇ) | كەنجەك | كېيىن تۇغۇلغان (كىچىك ئوغۇل) |
| كەنجىئالىم | (ئۇئە) | كەنجالىم | كەنجى: ئىسمى، ئالىم: سۈپىتى |
| كەنجىباي | (ئۇ) | كەنجۋاي | كەنجى يىگىت |
| كەنجىبەگ | (ئۇ) | كەنجۋەگ | كەنجى ئوغۇل |
| كەنجىتاي | (ئۇ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| كەنجىزاد | (ئۇپ) | كەنجىزات، كەنزات | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| كەنجىزادە | (ئۇپ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| كەنجۋاي | | | («كەنجىباي» غا قاراڭ) |
| كەنجىئوغۇل | (ئۇ) | | ئاخىرقى ئوغۇل، كىچىك ئوغۇل |
| كەنچەك | (ئۇ) | | قەبىلە نامى («كەنجەك» مۇ دېيىلىدۇ)① |
| كەنزات | | | («كەنجىزاد» قا قاراڭ) |
| كەۋسەرىدىن | (ئە) | كەۋسىرىدىن | دىنىنىڭ كەۋسىرى |
| كەيكاۋۇس | (پ) | | قەدىمكى ئىران شاھلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى |
| كومۇنار | (ي) | | بۇ ئىسىم «كوممۇنا» نىڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ، خەلق كوممۇنىسى دەۋرىدە قويۇلغان |
| كوبرا | (ئە) | | چوڭ، ئۇلۇغ |
| كۆپايىتۇللا | | | («كىپايىتۇللا» غا قاراڭ) |
| كۆركەم | (ئۇ) | كۆركەمجان | چىرايلىق |
| كۆكلەم | (ئۇ) | | يېشىللىق، كۆكچىلىك |
| كۆكۆلداش | (ئۇ) | | ئېمىلداش، قېرىنداش |
| كۆڭۈلداش | (ئۇ) | | قەلبداش، قەلبى بىر |
| كۆلباي | (ئۇ) | | مەرد، سېخىي كىشى |
| كۆلبىلگە | (ئۇ) | | بىلىملىك، ئەقىللىق يىگىت |

① «كەنجى» مۇ «كەنجەك» كە ئۆزگىرىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| كۆلتېكىن | (ئۇ) | | ئەقلى كۆلدەك شاھزادە |
| كۆلئۆگە | (ئۇ) | | بىلىمى كۆلدەك |
| كۆلئېركىن | (ئۇ) | | ئەركىن ـ ئازادە يىگىت |
| كۈچلۈك | (ئۇ) | | كۈچلۈك ئەر ، چىدامچان يىگىت |
| كۈرەش | (پ) | كۈرەشجان | جەڭ ؛ ئېلىشماق |
| كۈرەشچان | (پئۇ) | | جەڭگە ماھىر ، كۈرەش سۆيەر |
| كۈلگىن | (ئۇ) | | كۈل ، شادلان ، بەختىڭنى تاپ ، كۈلۈپ ياشا |
| كۈمۈشتاي | (ئۇ) | | كۈمۈش : ئىسمى ، تاي : قوشۇمچىسى |
| كۈمۈشتېكىن | (ئۇ) | | كۈمۈشتەك ئاپئاق شاھزادە |
| كۈن | (ئۇ) | | قۇياش ، ئاپتاپ ، كۈندۈز |
| كۈنئاق | (ئۇ) | | كۈندۈز ؛ كۈندەك ئاق ئوغۇل |
| كۈنئەر | (ئۇ) | | كۈندەك ئاپپاق يىگىت |
| كۈنباي | (ئۇ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| كۈنبەگ | (ئۇ) | كۈنبەك ، كۈنبېك ، كۈنۋەگ | كۈن كەبى ؛ ئەڭ ئۈستۈن ، ھەممىدىن يۇقىرى |
| كۈنتاي | (ئۇ) | | كۈن : ئىسمى ، تاي : قوشۇمچىسى |
| كۈنتۇ | | | ( «كۈنتۇر» غا قاراڭ ) |
| كۈنتۇر | (ئۇ) | كۈنتۇ | كۈندەك ئوغلۇم تۇرۇپ قالسۇن |
| كۈنتۇغدى | (ئۇ) | | كۈن چىقتى ؛ كۈندەك ئوغۇل تۇغۇلدى |
| كۈنتېكىن | (ئۇ) | | كۈندەك شاھزادە |
| كۈنچىقار | (ئۇ) | | كۈن چىقىش تەرەپ ، شەرق (بۇ يەردە كۈن ئۇلۇغلانغان ) |
| كۈندەم | (ئۇ) | | پارلاق ؛ قۇياشلىق ؛ قۇياش |
| كۈندۈز | (ئۇ) | | بۇ يەردە كۈن ئۇلۇغلىنىپ ، ئوغۇل كۈندۈزگە ئوخشىتىلغان (يۈزى كۈندۈزدەك يورۇق ، قەلبى ئويغاق ، كۆزى روشەن ئەر ) |
| كۈنقۇت | (ئۇ) | | بەختلىك كۈن (بىر ئوغۇل پەرزەنتنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ) |
| كۈنكۆر | (ئۇ) | | ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن ، بەختلىك ياشا |
| كۈنمىرزا | (ئۇپ) | | كۈندەك چىرايلىق يىگىت |
| كېپەك | (ئۇ) | | ئۇنىنىڭ كېپىكى (بۇ يەردە كەمتەرلىك ، كۆز تەگمەسلىك ئۈمىدى ئىپادىلەنگەن ) |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | |
|---|---|---|
| كېپەكبەگ | (ئۇ) | كېپەك : ئىسمى ، بەگ : سۇپىتى |
| كېپەكنىياز | (ئۇپ) | كېپەك : ئىسمى ، نىياز : قوشۇمچىسى |
| كېرەم | | («كەرىم» گە قاراڭ) |
| كېرىم | | («كەرىم» گە قاراڭ) |
| كېرىمبەردى | | («كەرىمبەردى» گە قاراڭ) |
| كېرىمشا | | («كەرىمشاھ» قا قاراڭ) |
| كېرىمۇللا | | («كەرىمۇللا» غا قاراڭ) |
| كېۋىر | | («كەبىر» گە قاراڭ) |
| كېۋىرۇللا | | («كەبىرۇللا» غا قاراڭ) |
| كېۋىرىدىن | | («كەبىرىدىن» گە قاراڭ) |
| كىبىر | | («كەبىر» گە قاراڭ) |
| كىپايىتۇللا① | (ئە) كۇپايىتۇللا ، كىپەيتۇللا | ئاللانىڭ قابىلىيىتى ھەممىگە يېتىدۇ ؛ ئاللانىڭ ئىقتىدارلىق كىشىسى |
| كىچىك | (ئۇ) | كىچىك پېئىل ، كەمتەر ؛ كىچىك ئوغۇل |
| كىچىكئاخۇن | (ئۇ) كىچىكاخۇن | كىچىك : ئىسمى ، ئاخۇن : قوشۇمچىسى |
| كىچىكھاجى | (ئۇئە) كىچىكاجى | كىچىك : ئىسمى ، ھاجى : سۇپىتى |
| كىشمىش | (ئۇ) | قۇرۇق ئۈزۈم ، يىمىش |
| كىۋىر | | («كەبىر» گە قاراڭ) |
| كىۋىرجان | | («كەبىر» گە قاراڭ) |
| كىۋىرۇللا | | («كەبىرۇللا» غا قاراڭ) |
| كىۋىرىدىن | | («كەبىرىدىن» گە قاراڭ) |

## ئاياللار ئۈچۈن

| ئاتىلىشى | ئۆزگىرىشلىرى | مەنىسى |
|---|---|---|
| كاپالەتخان② | (ئەئۇ) | «كاپالەت» بىلەن ئوخشاش |
| كاپىيە | (ئە) | «كاپى» بىلەن ئوخشاش |
| كاتىبە | (ئە) | ئايال يازغۇچى ، ئايال كاتىپ |

①② ئەسلىيسى «كىپايەتۇللا ، كەپالەتخان» .

| | | | |
|---|---|---|---|
| كارامەتخان[1] | (ئەئۇ) | | «كارامەت» بىلەن ئوخشاش |
| كازىمە | (ئە) | كەزىمە | «كازىم» بىلەن ئوخشاش |
| كازىمخان | (ئەئۇ) | كەزىمخان | ئاچچىقىنى يۇتالايدىغان ئايال |
| كاشپە | (ئە) | | ئاشكارىلىغۇچى ؛ كەشپىياتچى (ئايال) |
| كاشىپخان | (ئەئۇ) | | كاشىپ : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| كامالئاي[2] | (ئەئۇ) | | يېتىلگەن ، كامىل قىز |
| كامالەت[3] | (ئە) | | تولۇقلىماق ، تولۇقلىما قىلماق ، قوشماق ، ئاشۇرماق ؛ مۇكەممەللىك |
| كامالەتخان[4] | (ئەئۇ) | | مۇكەممەل ئايال |
| كامالخان[5] | (ئەئۇ) | | «كامال» بىلەن ئوخشاش |
| كامالقىز[6] | (ئەئۇ) | | «كامالئاي» بىلەن ئوخشاش |
| كامالنۇر[7] | (ئە) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| كامالنىسا[8] | (ئە) | كامالنىسەم | يېتىلگەن ، تولغان ئايال |
| كامالنىساخان[9] | (ئەئۇ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| كامالنىسەم | | | («كامالنىسا» غا قاراڭ) |
| كامالىيە | (ئە) | | مۇكەممەل ، تولۇق ، يېتىلگەن قىز |
| كامىرەم | | | («كامىلە» گە قاراڭ) |
| كامىلە | (ئە) | كامىلەم ، كامىرەم | «كامىل» بىلەن ئوخشاش |
| كامىلخان | (ئەئۇ) | | كامىل ئايال |
| كامىنە | (ئە) | | «كامىن» بىلەن ئوخشاش |
| كامىنۇر | | | («كامىينۇر» غا قاراڭ) |
| كامىيە | (ئە) | | شىجائەتلىك |
| كامىينۇر[10] | (ئە) | كامىنۇر ، كەمىنۇر | جۈرئەتلىك ، شىجائەتلىك قىز |
| كەبىرە | (ئە) | كەبىرەم | «كەبىر» بىلەن ئوخشاش |
| كەبىرئاي | (ئەئۇ) | كېۋىرئاي | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| كەبىرخان | (ئەئۇ) | كېۋىرخان ، كەۋىرخان ، كىبىرخان | ئۇلۇغ ئايال |
| كەپىلە | (ئە) | كېپىلە ، كېپىلەم | كېپىل بولغۇچى ، كاپالەتلىك قىلغۇچى |
| كەپىلخان | (ئەئۇ) | كېپىلخان | كېپىل بولغۇچى ئايال |

[1][2][3][4][5][6][7][8][9][10] لارنىڭ ئەسلىيسى «كەرامەتخان ، كەمالئاي ، كەمالەت (كىمالەت) ، كەمالەتخان ، كەمالخان ، كەمالقىز ، كەمالنۇر ، كەمالنىسا ، كەمالنىساخان ، كامىيەنۇر» .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى


| | | | |
|---|---|---|---|
| كەرىماي | | | ( «كەرىمئاي» غا قاراڭ ) |
| كەرىمە | (ئە ) | كەرىمەم | «كەرىم» بىلەن ئوخشاش |
| كەرىمنىسا | (ئە ) | كېرىمنىسا | ئېسىل ، ئالىيجاناب ئايال |
| كەرىمئاي | (ئەئۇ ) | كەرىماي ، كېرىماي | ئالىيجاناب قىز |
| كەرىمخان | (ئەئۇ ) | كېرىمخان ، كەرەمخان ، كېرەمخان | «كەرىمنىسا» غا ئوخشاش |
| كەرىمقىز | (ئەئۇ ) | كېرەمقىز | «كەرىمئاي» بىلەن ئوخشاش |
| كەشپىيە | (ئە ) | | «كەشپى» بىلەن ئوخشاش |
| كەرىمگۈل | (ئەپ ) | كېرەمگۈل | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| كەزىمە | | | ( «كازىمە» گە قاراڭ ) |
| كەزىمخان | | | «كازىمخان» بىلەن ئوخشاش |
| كەلدىخان | (ئۇ ) | كەلدىگۈل | بىر قىز پەرزەنت دۇنياغا كەلدى |
| كەلىمە | (ئە ) | كەلىمەم | سۆز (بۇ يەردە «قۇرئان كەرىم» دىكى «كەلىمە» لەر ئۇلۇغلانغان ) |
| كەلىمبانۇ | | | ( «كەلىمبانۇ» غا قاراڭ ) |
| كەلىمبانۇ | (ئەپ ) | كەلىمبانۇ | ناتىق ، سۆزمەن خېنىم |
| كەلىمخان | (ئەئۇ ) | | ناتىق ، سۆزمەن ئايال |
| كەلىمقىز | (ئەئۇ ) | | ناتىق ، سۆزمەن قىز |
| كەلىمگۈل | (ئەپ ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| كەمپۇت | (پ ) | كەمپىتخان | بىر خىل تاتلىق يېمەكلىك |
| كەمىنە | (پ ) | | «كەمىن» بىلەن ئوخشاش (كەمتەر ) |
| كەمىنۇر① | | | ( «كامىنۇر ، كەمىنىنۇر» غا قاراڭ ) |
| كەمىنىسا | | | ( «كەمىنىنىسا» غا قاراڭ ) |
| كەمىنىنۇر | (پئە ) | كەمىنۇر | كەمتەر قىز |
| كەمىنىنىسا | (پئە ) | كەمىنىسا | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| كەمىيە | | | (1) «كەمى» بىلەن ئوخشاش ، (2) سان ، مىقدار |
| كەمىيەخان | (ئەئۇ ) | كىمىياخان | شىجائەتلىك ئايال |
| كەنجەم | (ئۇ ) | | مېنىڭ كەنجى پەرزەنتىم (ئەر - ئاياللارغا ئورتاق ) |

① «كامىنۇر» ، «كەمىنىنۇر» ئوخشاشلا «كەمىنۇر» غا ئۆزگىرىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| كەنجىئاي | (ئۇ) | كەنجاي | قىزلارنىڭ كىچىكى ، ئەڭ كىچىك قىز |
| كەنجىخان | (ئۇ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| كەنجىقىز | (ئۇ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| كەنجىگۈل | (ئۇپ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| كەۋسەر | (ئە) | | ئۇلۇغ بەخت ، بەخت دەرياسى ، جەننەتتە تەرەپ - تەرەپكە ئېقىپ تۇرغان ئېرىق - ئۆستەڭلەر |
| كەۋسەرئاي | (ئەئۇ) | | كەۋسەر سۈپەت قىز |
| كەۋسەرئايىم | (ئەئۇ) | | مېنىڭ كەۋسەر سۈپەت قىزىم ، كەۋسەردەك خېنىم |
| كەۋسەرەم | (ئەئۇ) | | مېنىڭ كەۋسەردەك قىزىم |
| كەۋسەرخان | (ئەئۇ) | | كەۋسەر سۈپەت ئايال |
| كەۋسەرقىز | (ئەئۇ) | | «كەۋسەرئاي» غا ئوخشاش |
| كەۋسەرگۈل | (ئەپ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| كوراخان | | | ( «كۇبراخان» غا قاراڭ ) |
| كوۋراخان | | | ( «كۇبراخان» غا قاراڭ ) |
| كۇبراخان | (ئەئۇ) | كوۋراخان ، كوراخان | ئۇلۇغ ئايال |
| كۇپايەم | | | ( «كىپايە» گە قاراڭ ) |
| كۇچارخان | (ئۇ) | | كۇچارلىق ئايال |
| كۇچارقىز | (ئۇ) | | كۇچار قىزى |
| كۇچارگۈل | (ئۇپ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| كۇلسۇم[1] | (ئە) | گۇلسۇم ، گۈلسۇم | ھاپىقوۋۇز ، يۇزى گۆشلۈك |
| كۇلسۇمئاي | (ئەئۇ) | گۈلسۇمئاي | كۇلسۇم : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |
| كۇلگىنە | (ئۇ) | | كۇل ، شادلان ، خۇشال ياشا |
| كۆركەمئاي | (ئۇ) | | كۆركەم ، چىرايلىق ، گۈزەل قىز |
| كۆركەمگۈل | (ئۇپ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| كۆركەمنىسا | (ئۇئە) | | ئاياللارنىڭ چىرايلىقى ، كۆركەم ئايال |
| كۇرەشخان | (پئۇ) | | كۇرەشچان ئايال |
| كۇرەشقىز | (پئۇ) | | كۇرەشچان قىز ، كۇرەش قىزى |

[1] «كۇلسۇم» نىڭ يەنە «گۇلسۇمخان ، گۇسۇن ، گۇسۇنخان ، گۇسۇنقىز ، گۇلسۇن» قاتارلىق ئۆزگىرىشلىرى بار .

| | | |
|---|---|---|
| كۆسەنئاي | (ئۇ) | (1) كۆسەن (كوچا) قىزى ، (2) قەشقەردىكى كۆسەن دەرياسى بويىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان قىز |
| كۆسەنقىز | (ئۇ) | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| كۆلدىئاي | (ئۇ) | چىرايلىق بىر قىز دۇنياغا كەلدى ، شادلىقتىن ئايمۇ كۆلۈپ باقتى |
| كۆلچىرە | | («كۆلچېھرە» گە قاراڭ) |
| كۆلچېھرە | (ئۇپ) كۆلچىرە① | چىرايىدىن تەبەسسۇم كەتمەيدىغان ، خۇشچىراي قىز |
| كۆلگەنئاي | (ئۇ) | كۈلۈپ تۇرغان ئايدەك قىز |
| كۆلگەننۇر | (ئۇئە) | كۈلۈپ تۇرىدىغان ، خۇشچىراي قىز |
| كۆلگۈن | (ئۇ) | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| كۆمۈش | (ئۇ) | مېتال ئىسمى (ئاق رەڭلىك ، قىممەتلىك مېتال) |
مەجنۇب (ئە) مەجنۇپ — ياندا تەييار ھالەتتە تۇرىدىغان ئات

مەجدۇللا — («مەجدۇللا» غا قاراڭ)

مەجلىس (ئە) — يىغىلىش ، يىغىن ، يىغىن ۋاقتى ۋە ئورنى

مەجنۇن (ئە) — ئەقلىدىن كەتكەن ، نېرۋىسىدىن ئاداشقان ؛ ئاشىق

مەجىد (ئە) مىجىت ، مىشىت — ئۇلۇغ ، شەرەپلىك ، مەشھۇر (ئاللانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى)

مەجىدئاخۇن (ئەئۇ) مىجىتاخۇن ، مىشتاخۇن — مەجىد : ئىسمى ، ئاخۇن : قوشۇمچىسى

مەجىدۇللا (ئە) مەجدۇللا — ئاللانىڭ شەرەپلىك كىشىسى

مەجىدىن[1] (ئە) — دىنىنىڭ شەرەپلىك كىشىسى

مەخەت — («مۇھەممەد» كە قاراڭ)

مەخەتجان — («مۇھەممەدجان» غا قاراڭ)

مەخەم — («مۇھەممەد» كە قاراڭ)

مەخەمجان — («مۇھەممەدجان» غا قاراڭ)

مەخەمقارى — («مۇھەممەدقارى» غا قاراڭ)

مەخەممەت — («مۇھەممەد» كە قاراڭ)

مەخەممۇللا — («مۇھەممەدمەۋلا» غا قاراڭ)

مەخبىر (ئە) مەخپىر — خەۋەردار ، خەۋەر بەرگۈچى

مەخپۇر — («مەغپۇر» غا قاراڭ)

مەخپۇز — («مەھپۇز» غا قاراڭ)

مەخپۇل — («مەقبۇل» غا قاراڭ)

مەخپۇللا — («مەقبۇلۇللا» غا قاراڭ)

مەخپىر — («مەخبىر ، مەغپىر» گە قاراڭ)

مەختەم — («مۇھەممەد» كە قاراڭ)

مەختۇب (ئە) مەختۇپ — توي قىلىشقا پۈتۈشكەن (ئوغۇل)

مەختۇم (ئە) — تامغا ئۇرۇلغان ، پېچەتلەنگەن

مەخدۇم (ئە) مەخسۇم — خوجايىن ، خوجا ، ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرغۇچى ؛ ئۆلىمالارنىڭ باللىرى ، خوجام

مەخسۇت — («مەقسۇد» قا قاراڭ)

مەخسۇم — («مەخدۇم» غا قاراڭ)

مەخمول — («مۇھەممەدمەۋلا» غا قاراڭ)

---

① ئەسلىيسى «مەجىددىن» .

| | | | |
|---|---|---|---|
| مەخموللا | | | ( «مۇھەممەدمەۋلا» غا قاراڭ ) |
| مەخمۇت | | | ( «مەھمۇد» قا قاراڭ ) |
| مەخمۇز | | | ( «مەھمۇس» قا قاراڭ ) |
| مەخمۇل | | | ( «مەھمۇل» غا قاراڭ ) |
| مەخمى | | | ( «مەھمى» گە قاراڭ ) |
| مەدامىن | (ئە) | | مەنە ، مەزمۇن |
| مەدەتكار | (ئەپ) | | مەدەت بەرگۈچى ، ياردەمچى |
| مەدەنى | (ئە) | | بۇ ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتى . مەنىسى : مەدىنەلىك (مەدىنە شەھىرى ئاھالىسى ) |
| مەدۇل | | | ( «مەدىھۇللا» غا قاراڭ ) |
| مەدۇللا | | | ( «مەدىھۇللا» غا قاراڭ ) |
| مەدى | | | ( «مەدىھۇللا» غا قاراڭ ) |
| مەدىخۇللا | | | ( «مەدىھۇللا» غا قاراڭ ) |
| مەدئۇۋ | (ئە) | مەدۇۋ ، مەدۇ | جەزمەن تەكلىپ قىلىنغۇچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ) |
| مەدىن | | | ( «مۇئىدىن» گە قاراڭ ) |
| مەدىھۇللا | (ئە) | مەدىخۇللا ، مەدۇل ، مەدۇللا ، مەدى | ئاللاغا مەدھىيە ئوقۇماق ، ئاللانى ماختىماق |
| مەراسىم | (ئە) | مۇراسىم | سىزىلغان ، پىلان قىلىنغان ؛ رەسمىيەت شەكلى |
| مەرەپ | | | ( «مەئرۇپ» قا قاراڭ ) |
| مەرەج | | | ( «مەئرەج» گە قاراڭ ) |
| مەربۇبۇللا | (ئە) | مەربۇللا ، مىربۇللا | ئاللا ئاسرىۋالغان ئوغۇل |
| مەردئالىم | (پئە) | مەردالىم | ئالىم يىگىت ، ئالىم كىشى |
| مەردان | (پ) | | مەردلەرچە ، ئەرلەرچە ؛ ئەرلەر |
| مەردى | (پ) | | يىگىتلەرچە ، يىگىتتەك |
| مەردشاھ | (پ) | مەردشا ، مىردشا | مەردى : ئىسمى ، شاھ : سۈپىتى |
| مەرزۇق | (ئە) | | بەختلىك ، دۆلەتمەن ، بارلىق زۆرۈر نەرسىلەرگە ئىگە بولغۇچى |
| مەرسۇم | (ئە) | | قولدا سىزىلغان نەرسە ؛ قولدا سىزغاندەك چىرايلىق (ئوغۇل ) |
| مەرغۇب | (ئە) | مەرغۇپ ، مۇرغۇپ | ياخشى كۆرۈنىدىغان ، كۆڭۈلگە ياقىدىغان ، ئارزۇ قىلغاندەك ؛ سۈپەتلىك |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| مەركىت | (ئۇ) | مەكىت | (1) قەبىلە نامى ، (2) يەر نامى |
| مەرگەن | (ئۇ) | | قارىغا ئالغۇچى ؛ پالۋان |
| مەرگەنباي | (ئۇ) | | پالۋان ئەر |
| مەرگەنبەگ | (ئۇ) | | پالۋان يىگىت |
| مەرمەر | (پ) | | ئېسىل تاش |
| مەرمۇق | (ئە) | | ھۆرمەتلىك ، ئۇستۇن |
| مەرۇپ | | | («مەئرۇپ» قا قاراڭ) |
| مەرۇللا | | | («مېھرۇللا» غا قاراڭ) |
| مەرئى | (ئە) | | كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان |
| مەزەم[1] | | | («مۇئەززەم ، مۇئزەم ، مۇئزەمەزات» قا قاراڭ) |
| مەزەمزات | | | («مۇئزەمزات» قا قاراڭ) |
| مەزرىب | (ئە) | مەزرىپ | شەمشەر ياكى قىلىچنىڭ تىغى |
| مەززى | (ئە) | مىزى ، مەزى | تاتلىق ، تېتىيدىغان ، مەززى ھېس قىلىدىغان |
| مەزھەر | (ئە) | | تاشقى قىياپەت ، يۈز ، چىراي ، بەلگە ، ئوبراز |
| مەزھەرى | (ئە) | | تاشقى قىياپەتكە خاس |
| مەزمۇت | (ئە) | | مۇستەھكەم ، پۇختا |
| مەزۇر | | | («مەئزۇر» غا قاراڭ) |
| مەزۇم | | | («مەئزۇم» غا قاراڭ) |
| مەزى | | | («مەززى» گە قاراڭ) |
| مەزىد | (ئە) | مەزىت ، مىزىت | زىيادە ، ئارتۇق |
| مەزىدىن | | | («مۇئىززىدىن» گە قاراڭ) |
| مەزىللا | | | («مۇئىززۇللا» غا قاراڭ) |
| مەزىم | | | («مەئزۇم» غا قاراڭ) |
| مەزىن | | | («مۇئەززىن» گە قاراڭ) |
| مەسادىر | (ئە) | ماسادىر | مەنبە ، يىلتىز |
| مەسئەد | (ئە) | مەسئەت ، مەسخەت | بەختلىك |
| مەسەد | (ئە) | مەسەت | چىگە ؛ «قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى |
| مەستانجان | (ئەئۇ) | | مەپتۇن بولغۇچى ئوغۇل |
| مەستۇر | (ئە) | | ئەيىبلىرى يېپىلغان |
| مەسخەت | | | («مەسئەد» كە قاراڭ) |
| مەسخۇت | | | («مەسئۇد» قا قاراڭ) |
| مەسرۇر | (ئە) | | خۇشال ، خۇشاللانغان |

[1] «مۇئەززەم ، مۇئزەم ، مۇئزەمزات» ئوخشاشلا «مەزەم» گە ئۆزگىرىدۇ .

| | | |
|---|---|---|
| مەسئۇد | (ئە) مەسخۇت | بەختلىك ، تەلەيلىك |
| مەسۇر | | («مەئسۇر» غا قاراڭ) |
| مەسۇم | | («مەئسۇم» غا قاراڭ) |
| مەسۇمجان | | («مەئسۇم» غا قاراڭ) |
| مەسۇپ | | («مۇھەممەديۇسۇپ» كە قاراڭ) |
| مەسىر | (ئە) | مەقسەت |
| مەسىردىن① | (ئە) | دىنىنىڭ مەقسىتى |
| مەسىم | | («مەئسۇم» غا قاراڭ) |
| مەشئەل | (ئە) | يورۇقلۇق مەنبەسى ، يورۇغۇچ |
| مەشەت | | («مەشھەد» كە قاراڭ) |
| مەشەم | (ئە) مەشەمجان | پۇرالغان ، خۇشبۇي |
| مەشرەب | (ئە) مەشرەپ | ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش ئورنى |
| مەشرىپ | | («مۇشرىپ» كە قاراڭ) |
| مەشرىق | (ئە) مەشرىقجان | شەرق تەرەپ ؛ شەرقتىكى ئەللەر ، كۈن چىقىش (بۇ يەردە «كۈننىڭ چىقىشى» ئۇلۇغلانغان ؛ شۇنىڭدەك «مەشرىقجان» بولغاندا «شەرق ئوغلى» دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ) |
| مەشرىپھاجى | | («مۇشرىپھاجى» غا قاراڭ) |
| مەششا | (ئە) مىششا ، مىشا | يەلتاپان ، شاتۇر ، تېز يۈرەر |
| مەششاخان② | (ئەئۇ) | تېز يۈرەر ئادەم |
| مەشكۇر | (ئە) | رەھمەت ئېيتىلغان ، رەھمەتكە سازاۋەر |
| مەشمۇر | (ئە) | كۆڭۈل بۆلگۈچى ، ئەھمىيەت بەرگۈچى |
| مەشھەد | (ئە) مەشھەت ، مەشەت | شېھىدلىك ، شېھىد بولغان جاي ، شەھىدلەر ياتقان جاي |
| مەشھۇد | (ئە) مەشۇد ، مەشۇت | ئەسلەشكە ئەرزىيدىغان (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى) |
| مەشھۇر | (ئە) مەشۇر ، مەشۇرجان | شۆھرەتلىك ، داڭلىق |
| مەشۇت | | («مەشھۇد» قا قاراڭ) |

① ئەسلىيسى «مەسىرىددىن» .
② «مەششاخان» يەنىلا ئەرلەرگە قويۇلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| مەشۇر | | | («مەشھۇر» غا قاراڭ) |
| مەشۇرجان | | | («مەشئھۇر» غا قاراڭ) |
| مەشىق | (ئە) | | نەمۇنە، ئۈلگە، ئەۋرىشكە |
| مەغپۇر | (ئە) | مەخپۇر | مەغپىرەت قىلىنغان، كەچۈرۈلگەن |
| مەغپىر | (ئە) | مەخپىر① | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| مەغرۇر | (ئە) | | غۇرۇرلۇق؛ مەغرۇرلۇق |
| مەغرىب | (ئە) | مەغرىپ | غەرب تەرەپ، غەربتىكى ئەللەر، قىبلە تەرەپ (بۇ يەردە قىبلە ئۇلۇغلانغان) |
| مەغزەم | | | («مۇئزەم» گە قاراڭ) |
| مەغزەمزات | | | («مۇئزەمزات» قا قاراڭ) |
| مەغمۇر | (ئە) | | نامى چىقمىغان، داڭقى يوق |
| مەقاش | | | («مۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| مەقبۇز | (ئە) | | قوبۇل قىلىنغان، تاپشۇرۇۋېلىنغان |
| مەقبۇل | (ئە) | مەخپۇل | تەلىپى قوبۇل بولغۇچى؛ مۇۋاپىق، ئۇيغۇن |
| مەقبۇلۇللا | (ئە) | مەخپۇللا | ئاللاغا تەلىپى قوبۇل بولغۇچى |
| مەقدۇر | (ئە) | | (1) ئىقتىدارلىق، (2) تەقدىر، پېشانىگە پۈتۈلگەن نەرسە |
| مەقدىر | (ئە) | | ئىقتىدار، كۈچ |
| مەقرەب | (ئە) | مەقرەپ | قىسقا يول، ئەڭ يېقىن يول، يېقىن جاي؛ ئەڭ ئاسان ئۇسۇل |
| مەقرۇر | (ئە) | | مۇزلىغان، توڭغان |
| مەقسۇد | (ئە) | مەخسۇت | كۆڭۈلگە پۈككەن، ئارزۇ قىلغان، مەقسەت قىلغان، تىلىگەن |
| مەققارى | | | («مەھمۇدقارى» غا قاراڭ) |
| مەكتۇب | (ئە) | مەكتۇپ | خەت، رىسالە، يېزىققا ئېلىنغان نەرسە |
| مەكتۇللا | | | («مەككىتۇللا» غا قاراڭ) |
| مەككەم | | | («مۇھكەم» گە قاراڭ) |
| مەككى | (ئە) | | مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى، مەنىسى: مەككىلىك |

① «مەخبىر» مۇ «مەخپىر» گە ئۆزگىرىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| مەككىتۇللا | (ئە) | مەكتۇللا ، مەكىدۇللا ، مەكىتۇللا | ئاللانىڭ ئۆيى ئورۇنلاشقان مەككە ، ئاللانىڭ مەككىسى ، ئاللانىڭ شەھىرى (بۇ يەردە بەيتۇللا ۋە مەككە مۇكەررەمە ئۇلۇغلانغان) |
| مەككىخان[①] | (ئەئۇ) | مەكىخان | مەككى : ئىسمى ، خان : سۇپىتى (بۇ يەردە مەككىلىك بولۇش ئۇلۇغلانغان) |
| مەكىت | | | («مەركىت» كە قاراڭ) |
| مەكىتۇللا | | | («مەككىتۇللا» غا قاراڭ) |
| مەكىخان | | | («مەككىخان» غا قاراڭ) |
| مەكىدۇللا | | | («مەككىتۇللا» غا قاراڭ) |
| مەكىن | (ئە) | مەكىنجان | قەتئىي ، كۈچلۈك ، پولاتتەك ، پۇختا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى) |
| مەڭزىل | | | («مەنزىل» گە قاراڭ) |
| مەڭسۇر | | | («مەنسۇر» غا قاراڭ) |
| مەڭگۈباي | (ئۇ) | مەڭگۈۋاي | مەڭگۈ باي ، باياشات ئۆتسۇن |
| مەڭگۈتۆمۈر | (ئۇ) | | مەڭگۈ تۆمۈردەك مەھكەم بولسۇن |
| مەڭگۈياش | (ئۇ) | | مەڭگۈ ياشىسۇن |
| مەڭلىك | (ئۇ) | مەڭلىكجان | بەختلىك ، بەلگىلىك |
| مەڭلىكبەگ | (ئۇ) | | بەختلىك ئەر |
| مەڭلىكنۇر | (ئۇئە) | | بەختلىك ئوغۇل |
| مەڭلىكنىياز | (ئۇپ) | | بەختلىك ۋە ئۆزىنى ئاللاغا بېغىشلىغان كىشى |
| مەڭلىكئوغۇل | (ئۇ) | | بەختلىك ئوغۇل |
| مەڭنىياز | (ئۇپ) | مەڭنەم | «مەڭلىكنىياز» غا ئوخشاش |
| مەلھەم | (ئە) | | بىر خىل دورا نامى |
| مەلۇم | | | («مەئلۇم» غا قاراڭ) |
| مەلۇمجان | | | («مەئلۇم» غا قاراڭ) |
| مەلىك | (ئە) | | پادىشاھ ؛ مالدار ، ئىگىدار |
| مەلىكئەسەد | (ئە) | | شىرنى بويسۇندۇرغۇچى |
| مەلىكداد | (ئەپ) | مەلىكدات | ھەممىنىڭ ئىگىسى ۋە پادىشاھى — ئاللانىڭ بەرگىنى |

① بۇ ئىسىم «خان» قوشۇلغان تەقدىردىمۇ يەنىلا ئەرلەرگە قويۇلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەلىكشەرق (ئە) شەرقنىڭ ئىگىسى

مەلىكقۇلى (ئەئۇ) ئاللانىڭ قۇلى، شاھقا ـ ئاللاغا قۇللۇق قىلغۇچى

مەمەت («مۇھەممەد» كە قاراڭ)

مەمەتئابلا («مۇھەممەدئابدۇللا» غا قاراڭ)

مەمەتئايۇپ («مۇھەممەدئەييۇب» غا قاراڭ)

مەمەتاۋلا («مۇھەممەدئابدۇللا» غا قاراڭ)

مەمەتايۇپ («مۇھەممەدئەييۇب» قا قاراڭ)

مەمەتئەزىز («مۇھەممەدئەزىز» گە قاراڭ)

مەمەتئەيسا («مۇھەممەدئىيسا» غا قاراڭ)

مەمەتئەلى («مۇھەممەدئەلى» گە قاراڭ)

مەمەتبارات («مۇھەممەدبارات» قا قاراڭ)

مەمەتباقى («مۇھەممەدباقى» غا قاراڭ)

مەمەتپاسار («مۇھەممەدپاسار» غا قاراڭ)

مەمەتتايىر («مۇھەممەدتاھىر» غا قاراڭ)

مەمەتتوختى («مۇھەممەدتوختى» غا قاراڭ)

مەمەتجالالىدىن («مۇھەممەدجالالىدىن» گە قاراڭ)

مەمەتجان («مۇھەممەدجان» غا قاراڭ)

مەمەتجېلىل («مۇھەممەدجەلىل» گە قاراڭ)

مەمەتخان («مۇھەممەدخان» غا قاراڭ)

مەمەتخېلىل («مۇھەممەدخەلىل» گە قاراڭ)

مەمەترەيىم («مۇھەممەدرەھىم» گە قاراڭ)

مەمەتزاكىر («مۇھەممەدزاكىر» گە قاراڭ)

مەمەتزۇنۇن («مۇھەممەدزۇنۇن» غا قاراڭ)

مەمەتزېرىپ («مۇھەممەدزەرىپ» كە قاراڭ)

مەمەتسالى («مۇھەممەدسالىھ» كە قاراڭ)

مەمەتساۋۇت («مۇھەممەدسابىت» كە قاراڭ)

مەمەتساۋۇر («مۇھەممەدسابىر» غا قاراڭ)

مەمەتسەلەي («مۇھەممەدسالىھ» كە قاراڭ)

مەمەتسېلىم («مۇھەممەدسەلىم» گە قاراڭ)

مەمەتشېرىپ («مۇھەممەدشەرىپ» كە قاراڭ)

مەمەتغۇلام («مۇھەممەدغۇلام» غا قاراڭ)

مەمەتمۇسا («مۇھەممەدمۇسا» غا قاراڭ)

مەمەتناسىر («مۇھەممەدناسىر» غا قاراڭ)

| | | |
|---|---|---|
| مەمەتنۇر | | ( «مۇھەممەدنۇر» غا قاراڭ ) |
| مەمەتهاجى | | ( «مۇھەممەدهاجى» غا قاراڭ ) |
| مەمەتئۇرايىم | | ( «مۇھەممەدئىبراھىم» غا قاراڭ ) |
| مەمەتئۇللا | | ( «مۇھەممەدۇللا» غا قاراڭ ) |
| مەمەتۋاقى | | ( «مۇھەممەدباقى» غا قاراڭ ) |
| مەمەتئېزىز | | ( «مۇھەممەدئەزىز» گە قاراڭ ) |
| مەمەتئىمىن | | ( «مۇھەممەدئەمىن» گە قاراڭ ) |
| مەمەتياسىن | | ( «مۇھەممەدياسىن» غا قاراڭ ) |
| مەمەتياقۇپ | | ( «مۇھەممەدياقۇب» قا قاراڭ ) |
| مەمەتيۈسۈپ | | ( «مۇھەممەديۈسۈپ» كە قاراڭ ) |
| مەمەيار | | ( «مۇھەممەديار» غا قاراڭ ) |
| مەمەييا | | ( «مۇھەممەديار» غا قاراڭ ) |
| مەمپىس | (پ) | بىر خىل تاتلىق يېمەكلىك |
| مەمتابلا | | ( «مۇھەممەدئابدۇللا» غا قاراڭ ) |
| مەمتاجى | | ( «مۇھەممەدهاجى» غا قاراڭ ) |
| مەمتاخۇن | | ( «مۇھەممەدئاخۇن» غا قاراڭ ) |
| مەمتاۋلا | | ( «مۇھەممەدئابدۇللا» غا قاراڭ ) |
| مەمتەۋلا | | ( «مۇھەممەدئەۋلا» غا قاراڭ ) |
| مەمتۇرايىم | | ( «مۇھەممەدئىبراھىم» غا قاراڭ ) |
| مەمتىز | | ( «مۇھەممەدئەزىز» گە قاراڭ ) |
| مەمتىلى | | ( «مۇھەممەدئەلى» گە قاراڭ ) |
| مەمتىمىن | | ( «مۇھەممەدئەمىن» گە قاراڭ ) |
| مەمدۇن | | ( «مۇھەممىدۇن» غا قاراڭ ) |
| مەمدىن | | ( «مۇھەممىدىن» گە قاراڭ ) |
| مەممەت | | ( «مۇھەممەد» كە قاراڭ ) |
| مەمنۇن | (ئە) | خۇش ، رازى ، خۇرسەن |
| مەمۇر | | ( «مەئمۇر» غا قاراڭ ) |
| مەمۇرشا | | ( «مەئمۇرشاھ» قا قاراڭ ) |
| مەمۇن | | ( «مەئمۇن» غا قاراڭ ) |
| مەممەتەك | | ( «مۇھەممەد» كە قاراڭ ) |
| مەممدۇن | | ( «مۇھەممىدۇن» غا قاراڭ ) |
| مەممدىن | | ( «مۇھەممىدىن» گە قاراڭ ) |
| مەناج | (ئە) مۇناج ، مۇناژ | ھاياتلىق يولى ، قۇتۇلۇش يولى ، نىجاتلىق يولى |
| مەناجىدىن | (ئە) مۇناجىدىن ، مىناجىدىن | دىنىنىڭ نىجاتلىق يولى |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| مەنار | (ئە) | مۇنار ، مۇنارجان | ماياك ؛ مۇنار |
| مەناربدىن | (ئە) | مۇناربدىن ، مۇناردىن | دىنىنىڭ ماياكى |
| مەنام① | | | («مىنئام» غا قاراڭ) |
| مەنتۇرك | (ئۇ) | | مەن تۇرك ئوغلى |
| مەنزەر | (ئە) | | تاشقى كۆرۈنۈش ، سۈرەت ، مەنزىرە ، شەكىل |
| مەنزۇر | (ئە) | | نەزەرگە لايىق ، كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان ، مۇۋاپىق ، قوبۇل قىلىنىشقا بولىدىغان |
| مەنزىل | (ئە) | مەڭزىل | ئۆي ، قونالغۇ ، قونىدىغان جاي |
| مەنسۇپ | (ئە) | مەنسۇپ | نىسبىپ بولغان ، مۇناسىپ |
| مەنسۇر | (ئە) | ماڭسۇر ، مەڭسۇر | ياردەمگە ئېرىشكۈچى ؛ غەلىبە قىلغۇچى ، نۇسرەت بېرىلگۈچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى) |
| مەنشا | | | («مەيىنشاھ» قا قاراڭ) |
| مەنشۇر | (ئە) | | ئېلان قىلىنغان ، تارالغان ، يېيىلغان |
| مەننام | (ئەئۇ) | | مېنىڭ ئۇمىد ئاتا قىلغۇچى ئوغلۇم |
| مەننان② | (ئە) | مەننام ، مەننەم | شەپقەتچى ، ياخشىلىق قىلغۇچى |
| مەنۇر | | | («مەڭنۇر» غا قاراڭ) |
| مەنۋەر | (ئە) | مەنىۋەر | نۇر چاچقۇچى ، نۇر مەنبەسى ، چىراغ ، تۇڭلۇك |
| مەھەم | | | («مۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| مەھەمقارى | | | («مۇھەممەدقارى» غا قاراڭ) |
| مەھەممەت | | | («مۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| مەھەممەتموللا | | | («مۇھەممەدمەۋلا» غا قاراڭ) |
| مەھبۇب | (ئە) | مەھبۇپ ، مەبۇپ ، مەبىپ | سۆيۈملۈك |
| مەھبۇبھاجى | (ئە) | | مەھبۇب : ئىسمى ؛ ھاجى : سۈپىتى |
| مەھبۇبۇللا | (ئە) | مەھبۇبۇل ، مەھبۇل ، مەھبۇللا ، مەبۇل ، مەبۇللا | ئاللانىڭ سۆيۈملۈك كىشىسى |

① «مەنام» بولسا «مىنئام» نىڭ بىر خىل ئۆزگىرىشىدۇر . ئەرەبچىدە «مەنام» دېگەن تەلەپپۇز بويىچە بولغاندا مەنىسى «ئۇيقۇ ، چۈش» دېگەنلىك بولىدۇ .

② «مەننام» بولسا «مەننان» دىنمۇ ئۆزگىرىدۇ . بەلكىم بۇ يەردىكى «مەننام» دېگەن ئىسىم «مەننان» دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن .

| | | | |
|---|---|---|---|
| مەھپۇز | (ئە) | مەخپۇز ، مەپىز ، مەپىزجان | ساقلانغان ، قوغدالغان |
| مەھجۇب | (ئە) | مەھجۇپ | پاك |
| مەھدى | (ئە) | | يول كۆرسىتىلگەن ، يول تاپقان ، توغرا يول تاپقۇچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى) |
| مەھرۇس | (ئە) | | قوغدالغان |
| مەھزەم | (ئە) | | ئورالغان ، يۆگەلگەن |
| مەھزۇن | (ئە) | | غەمكىن ، قايغۇلۇق ، خاپا |
| مەھزىر | (ئە) | | مەۋجۇت ، بار |
| مەھسۇر | (ئە) | | قوغدالغان ، ئاسرالغان ، قورشالغان |
| مەھسۇل | (ئە) | | ھوسۇل |
| مەھشۇر | (ئە) | مەشۇر① ، مەشۇرجان | قىيامەت كۈنى كىشىلەرنى يىغقۇچى ، چاقىرغۇچى |
| مەھكەم | | | («مۇھكەم» گە قاراڭ) |
| مەھمۇد | (ئە) | مامۇت ، مامۇش ، مامۇق ، مامىخان ، مەخمۇت ، ماخمۇت | ماختالغۇچى ، مەدھىيەلەنگۈچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى) |
| مەھمۇدجان | (ئەپ) | مامۇتجان ، مەخمۇتجان | مەھمۇد : ئىسمى ، جان : قوشۇمچىسى |
| مەھمۇدخان | (ئەئۇ) | مەخمۇتخان | مەھمۇد : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| مەھمۇدقارى | (ئە) | مامۇتقارى ، مەخمۇتقارى ، مەققارى | مەھمۇد : ئىسمى ، قارى : سۈپىتى |
| مەھمۇز | | | («مەھمۇس» قا قاراڭ) |
| مەھمۇس | (ئە) | مەھمۇز ، مەخمۇز | قىزغىن بولغان ، غەيرەتلىك ، غەيۇر |
| مەھىل | (ئە) | مەھىلجان | ئىللىق ، سىلىق ، مۇلايىم ، كەڭ قورساق ؛ خاتىرجەم |
| مەھمۇل | (ئە) | مەخمۇل | كۆتۈرۈلگەن |
| مەھمى | (ئە) | مەخمى | قوغدالغۇچى |
| مەۋج | (ئە) | | دولقۇن |
| مەۋجۇد | (ئە) | مەۋجۇت | ۋۇجۇدقا كەلگەن ، تېپىلغان |
| مەۋسۇد | (ئە) | مەۋسۇت | مەھكەم ، پۇختا ، مۇقىم |

① «مەشھۇر» مۇ «مەشۇر» غا ئۆزگىرىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| مەۋسۇل | (ئە) | | (1) تۇتاشتۇرۇلغان ، ئالاقە قىلىنغان ؛ (2) «مۇتتەسىل» بىلەن ئوخشاش |
| مەۋسۇم | (ئە) | | بەلگە قىلىنغان ، تامغا بېسىلغان |
| مەۋسىم[①] | (ئە) | مەۋسۇم | دەۋر ، مەزگىل ، پەسىل |
| مەۋلا[②] | (ئە) | موللا ، موللام ، موللاق ، موللەك | (1) خوجا ، ئۇستاز ، ئىگە ، باشلىق ، بەگ ، تۆرە ، خوجايىن ؛ شەپقەتچى ، (2) دىنىي ئەمەل نامى ، (3) بەندە ، قۇل ، ھەمراھ ، ئوغۇل ، دوست ، تاغا ، مېھمان ، قوشنا ، نەۋرە ، كۈيئوغۇل |
| مەۋلائابىد | (ئە) | موللائاۋۇت ، موللاۋۇت | ئىبادەتگۈي ئۇستاز ؛ ئىبادەتگۈي بەندە |
| مەۋلائابىدىن[③] | (ئە) | موللائاۋۇدۇن ، موللاۋۇدۇن ،موللاۋىدىن | ئىبادەتگۈي ئۇستاز ؛ ئىبادەتگۈيلارنىڭ ئۇستازى |
| مەۋلائاپاق | (ئە) | موللائاپپاق | ئالەمنىڭ خوجىسى |
| مەۋلائاتا | (ئەئۇ) | موللائاتا | ئاتا ئورنىدىكى ئۇستاز |
| مەۋلائاخۇن | (ئەئۇ) | موللاخۇن | مەۋلا : ئىسمى ، ئاخۇن : قوشۇمچىسى |
| مەۋلائايەت | (ئە) | موللائايىت ، موللايىت ، موللايەت | ئايەت : ئىسمى ، مەۋلا : سۈپىتى (مۆجىزىلىك ئۇستاز ) |
| مەۋلائەكبەر | (ئە) | موللاكبەر | ھەممىدىن كاتتا ئۇستاز |
| مەۋلائەلا[④] | (ئە) | موللاۋلا ، موللەلا | ھەممىدىن ئۇستۇن تۇرىدىغان ئۇستاز |
| مەۋلائەمىن | (ئە) | موللائىمىن ، موللىمىن | ئىشەنچلىك ئۇستاز |

① «مەۋسىم» مۇ «مەۋسۇم» غا ئۆزگىرىدۇ . بۇ يەردىكى «مەۋسۇم» بەلكىم «مەۋسىم» نىڭ ئۆزگىرىشى بولۇشى مۇمكىن .

② بۇ ئىسىم «ال» بىلەن كېلىپ (ئەلمەۋلا بولسا ) ئاللانى كۆرسىتىدۇ . «مەۋلا» (موللا ) بىرىنچى تەركىب بولۇپ قوشۇلۇپ كەلگەن تۆۋەندىكى بىر تۈركۈم قوش تەركىبلىك ئىسىملاردا ئومۇمەن سۈپەتلەش رولىنى ئۆتەيدۇ . ئۇنىڭغا مۇستەقىل يەنە بىر ئىسىم ئىككىنچى تەركىب بولۇپ ئەگىشىپ كەلگەن . مۇشۇ تەرتىپتە نۇرغۇن يېڭى ئىسىملار ياسىلىدۇ . ئەمما بۇ يەردە ئاساسەن ئىككىنچى تەركىبكە مەنە بېرىلىدۇ . ئىككىنچى تەركىب بولغان بۇ ئىسىملار مۇستەقىل يەككە ئىسىم تەرتىپىدە شۇ خىل ئىسىملار بابىدا ئېنىق ئىزاھلانغاچقا ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىغا يەنە تەكرار مەنە بېرىلمىدى ھەمدە مەنە بېرىلمىگەن بۇ خىل ئىسىملارنىڭ ئەسلىي ئىسمى بىلەن سۈپەت تەركىبلا كۆرسىتىلدى . پەقەت زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگىلا مەنە بېرىلدى . مەسىلەن ، مەۋلا ئاپاق (ئالەمنىڭ خوجىسى ) ، مەۋلاشاھ (ھەممىنىڭ شاھى ئاللا ) دېگەندەك .

③④ ئەسلىيسى «مەۋلائابىددىن ، مەۋلائەئلا» .

| | | |
|---|---|---|
| مەۋلائەھمەد | (ئە) موللائەھمەت ، موللەخمەت ، موللەمەت | ھەممىدىن بەك ماختىغۇچى ئۇستاز |
| مەۋلائەييۇب | (ئەئى) موللايۇپ | (1) ئەييۇب : ئىسمى ، مەۋلا : سۈپىتى |
| مەۋلابارات① | (ئە) موللابارات | بارات : ئىسمى ، مەۋلا : سۈپىتى |
| مەۋلاباقى | (ئە) موللاباقى ، موللىباقى ، موللىۋاقى | مەڭگۈلۈك ئۇستاز ؛ مەڭگۈ خوجايىن |
| مەۋلابەخش | (ئەپ) موللابەخش | ئاللا ئاتا قىلغان ، ئاللا بەرگەن |
| مەۋلابەشىر | (ئە) موللابەشىر | ئىنسانلارنىڭ ئۇستازى |
| مەۋلابىلال | (ئە) موللابىلال | بىلال : ئىسمى ، مەۋلا : سۈپىتى |
| مەۋلاتاجى | (ئە) موللىتاجى ، مولتاجى | تاجىغا ئىگە ئۇستاز |
| مەۋلاتالىب | (ئە) موللىتالىپ | ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىنىڭ ئۇستازى |
| مەۋلاتاۋار | (ئەپ) موللىتاۋار | تاۋار : ئىسمى ، مەۋلا : سۈپىتى |
| مەۋلاتوختى | (ئەئۇ) موللاتوختى ، موللىتوختى ، مولتوختى | توختى : ئىسمى ، مەۋلا : سۈپىتى (ئوغلىمىز تۇرۇپ قالسۇن) |
| مەۋلاتۇردى | (ئەئۇ) موللىتۇردى ، موللىتۇدى ، مولتۇردى | تۇردى : ئىسمى ، مەۋلا : سۈپىتى (ئوغلىمىز تۇرۇپ قالدى) |
| مەۋلاتۇرغۇن | (ئەئۇ) موللىتۇرغۇن ، مولتۇرغۇن | تۇرغۇن : ئىسمى ، مەۋلا : سۈپىتى |
| مەۋلاتۆمۈر | (ئەئۇ) موللىتۆمۈر | تۆمۈر : ئىسمى ، مەۋلا : سۈپىتى (تۆمۈردەك مەھكەم ئوغۇل) |
| مەۋلاجەمجىم | (ئە) موللاجەمجىم | گېپى قولاشمايدىغان موللا |
| مەۋلاجۇمە | (ئە) موللىجۇمە | جۇمە : ئىسمى ، مەۋلا : سۈپىتى |
| مەۋلاجى | | («مەۋلاھاجى» غا قاراڭ) |
| مەۋلاچاۋار | (ئەئۇ) موللىچاۋار | چاۋار : ئىسمى ، مەۋلا : سۈپىتى (ئوغلىمىزغا كۆز تەگمىسۇن) |
| مەۋلاچوڭ | (ئەئۇ) موللىچوڭ | چوڭ ئوغۇل |
| مەۋلاخان② | (ئەئۇ) موللىخان | مەۋلا : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| مەۋلاداۋۇد | (ئەئى) موللىداۋۇت | داۋۇد : ئىسمى ، مەۋلا : سۈپىتى |
| مەۋلارەشىد | (ئە) موللىرشىت | يول كۆرسەتكۈچى ئۇستاز |

① ئەسلىيسى «مەۋلابەرائەت» .
② بۇ ئىسىمغا گەرچە «خان» قوشۇلغان بولسىمۇ ، بۇ يەردە يەنىلا ئەرلەرگە قويۇلىدۇ . ئۇ يەنە ئۆزگىرىپ ، «مەللىخان ، مەللىخېنىم» بولغاندا ئاندىن ئاياللارغا قويۇلىدۇ («ئاياللار ئۇچۇن» بېرىلگەن «مەۋلاخان» غا قاراڭ)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



| | | |
|---|---|---|
| مەۋلارەھىم | (ئە) موللارەھىم ، موللىرەيىم | رەھىم ـ شەپقەتلىك ئۇستاز ؛ رەھىمدىل خوجا |
| مەۋلارۇزى | (ئەپ) موللىرۇزى | رۇزى : ئىسمى ، مەۋلا : سۆيىتى |
| مەۋلازاد | (ئەپ) موللىزات | خوجا ئەۋلادى ؛ موللا ئەۋلادى |
| مەۋلازىيا[1] | (ئە) موللىزىيا | زىيا : ئىسمى ، مەۋلا : سۆيىتى |
| مەۋلاسابىت | (ئە) موللاسابىت ، موللىسابىت ، موللاساۋۇت | سابىت : ئىسمى ، مەۋلا : سۆيىتى |
| مەۋلاسابىر | (ئە) موللاسابىر ، موللىساۋۇر | سەۋر ـ تاقەتلىك ئۇستاز |
| مەۋلاسالىم | (ئە) موللىسالىم | ساغلام ئوغۇل ، ساغلام بەگ |
| مەۋلاسالىھ | (ئە) موللىسالى | ياخشى ئۇستاز ؛ ياخشى ئوغۇل |
| مەۋلاساھىب | (ئە) موللىساھىپ ، موللىسايىپ | ساھىب : ئىسمى ، مەۋلا : سۆيىتى |
| مەۋلاسائىد | (ئە) موللىسايىت | سائىد : ئىسمى ، مەۋلا : سۆيىتى |
| مەۋلاسەئىد | (ئە) موللىسايىت ، موللىسەيت | بەختلىك ئوغۇل |
| مەۋلاسەيىد | (ئە) موللىسىيىت | سەيىد : ئىسمى ، مەۋلا : سۆيىتى |
| مەۋلاسىددىق | (ئە) موللىسىدىق | راستچىل ، سەمىمىي ئۇستاز |
| مەۋلاشاھ | (ئەپ) موللىشا | ھەممىنىڭ شاھى — ئاللا |
| مەۋلاشەمس | (ئە) موللاشەمشى | شەمس : ئىسمى ، مەۋلا : سۆيىتى |
| مەۋلاغىياس | (ئە) موللاغىياس | غىياس : ئىسمى ، مەۋلا : سۆيىتى |
| مەۋلاقارى | (ئە) موللىقارى | قارىي ئوغۇل |
| مەۋلاقاسىم | (ئە) موللاقاسىم | قاسىم : ئىسمى ، مەۋلا : سۆيىتى |
| مەۋلاقۇربان | (ئە) موللاقۇربان ، موللىقۇۋان ، مولقۇۋان | قۇربان : ئىسمى ، مەۋلا : سۆيىتى |
| مەۋلاقۇربانئاخۇن | (ئەئۇ) مولقۇناخۇن ، موللىقۇناخۇن ، مولقۇنان | مەۋلاقۇربان : ئىسمى ، ئاخۇن : قوشۇمچىسى |
| مەۋلاكەبىر | (ئە) موللىكىۋىر ، موللاكەبىر ، موللاكىۋىر | چوڭ ئۇستاز |
| مەۋلاكىپەك | (ئەئۇ) موللىكىپەك | كىپەك : ئىسمى ، مەۋلا : سۆيىتى (ئوغلىمىز يامان كۆزدىن نېرى بولسۇن ) |
| مەۋلامىرسال | (ئە) موللامىرسال | مىرسال : ئىسمى ، مەۋلا : سۆيىتى |

[1] ئەسلىيى «مەۋلازىيائ» .

| | | |
|---|---|---|
| مەۋلان | (ئە) مەۋلانجان | خوجىلار، خوجىلارچە، خوجايىنلارچە |
| مەۋلانا | (ئە) | خوجىمىز، ئۇستازىمىز، شەپقەتچىمىز |
| مەۋلانەئمەت | (ئە) موللىنەمەت، موللىنامەت | نەئمەت: ئىسمى، مەۋلا: سۆپىتى |
| مەۋلاننۇر | (ئە) | شەپقەتچىمىز ئاللانىڭ نۇرى |
| مەۋلانىئمەت | (ئە) موللىنىمەت، موللانىمەت، موللانىغمەت | نىئمەت: ئىسمى، مەۋلا: سۆپىتى |
| مەۋلانىياز | (ئەپ) موللىنىياز، مولنىياز، موللانىياز | خوجىغا بەخشەندە قىلىنغان |
| مەۋلانىيازئاخۇن | (ئەپئۇ) مولنىزاخۇن | مەۋلانىياز: ئىسمى، ئاخۇن: قوشۇمچىسى |
| مەۋلاھاپىز | (ئە) موللىھاپىز، موللاپىز | ساقلىغۇچى ئۇستاز |
| مەۋلاھاجى | (ئە) موللاھاجى، موللاجى، مەۋلاجى | ھاجى: ئىسمى، مەۋلا: سۆپىتى |
| مەۋلاھاشىم | (ئە) موللاشىم | ھاشىم: ئىسمى، مەۋلا: سۆپىتى |
| مەۋلاھەيدەر | (ئەپ) موللاھەيدەر | ھەيدەر: ئىسمى، مەۋلا: سۆپىتى |
| مەۋلائوسمان[1] | (ئە) موللائوسمان، موللىئوسمان | ئوسمان: ئىسمى، مەۋلا: سۆپىتى |
| مەۋلائۇشۇر | (ئە) موللاھوشۇر، موللىھوشۇر، موللىشۇر | ئۇشۇر: ئىسمى، مەۋلا: سۆپىتى |
| مەۋلائىيسا | (ئەئى) موللائەيسا، موللەيسا | ئىيسا: ئىسمى، مەۋلا: سۆپىتى |
| مەۋلايار | (ئەپ) موللىيا، موللىيار | ئاللا ئۆزى يار بولسۇن |
| مەۋلاياقۇپ[2] | (ئەئى) موللىياقۇپ | ياقۇپ: ئىسمى، مەۋلا: سۆپىتى |
| مەۋلايەھيا | (ئە) موللايەھيا، موللىيەھيا | يەھيا: ئىسمى، مەۋلا: سۆپىتى (ئوغلىمىز ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسۇن) |
| مەۋلۇد | (ئە) مەۋلۇت | ئوغۇل بالا، ئۆسمۈر، بوۋاق |
| مەۋلى | (ئە) | قۇل، بەندە |

①② ئەسلىيسى «مەۋلائۇسمان، مەۋلايەئقۇب».

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| مەۋلىد | (ئە ) | مەۋلىت ، مۇلۇت ، مۇلۇتجان | تۇغۇلماق ؛ تۇغۇلغان كۈن ، تۇغۇلغان جاي |
| مەۋلىۋى | (ئە ) | | قەدىمكى ۋاقىتلاردا ھىندىستاندا ئوقۇپ كەلگەنلەرگە بېرىلىدىغان دىنىي ئەمەل (دەرىجە) نامى بولۇپ ، سۆز مەنىسى : ئۇستازلىققا خاس ، ئۇستازلارنىڭ ئۇستازى ، كاتتا ئۇستاز دېگەن بولىدۇ . |
| مەۋھۇب | (ئە ) | مەۋھۇپ | تالانتلىق ، ئىقتىدارلىق |
| مەۋۇل | | | ( «مەئۋۇللا» غا قاراڭ ) |
| مەۋۇللا | | | ( «مەئۋۇللا» غا قاراڭ ) |
| مەۋللا | | | ( «مەئۋۇللا» غا قاراڭ ) |
| مەئبۇد | (ئە ) | مەبۇت | ئىلاھ |
| مەئرەج | (ئە ) | مەرەج | يۆتكىلىشچان شوتا (بۇ يەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شوتا بىلەن ئاسمانغا چىققانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ ) |
| مەئرۇپ | (ئە ) | مەرەپ ، مەرۇپ ، مەرۇپجان | تونۇلغان ، بىلىنگەن ، مەشھۇر ، داڭلىق ، نامدار ؛ ياخشىلىق |
| مەئزۇر | (ئە ) | مەزۇر | ئۆزرە قويۇلغان ، ئۆزرىلىك ، كەچۈرۈلگەن ، كەڭچىلىك قىلىنغان |
| مەئزۇم | (ئە ) | مەزۇم ، مەزىم | مېھمان |
| مەئسۇر | (ئە ) | مەسۇر | كەمبەغەل ، نامرات |
| مەئسۇم | (ئە ) | مەسۇم ، مەسىم ، مەسۇمجان | ئاسرالغان ، ساقلانغان ، گۇناھسىز ، قوغدالغان ، پاك |
| مەئلۇم | (ئە ) | مەلۇم ، مەلۇمجان | مەشھۇر ، داڭلىق ، تونۇلغان (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ) |
| مەئمۇر | (ئە ) | مامۇر ، مامىر ، مەمۇر | (1) مەمۇرچىلىق ، ئاۋاتچىلىق ، ئاۋاتلىق ؛ دۇنيا ؛ (2) بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغۇچى ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارى ، ۋەكىل |
| مەئمۇرشاھ | (ئە ) | مامۇرشا ، مەمۇرشا | ئاللانىڭ مەمۇرچىلىقى |
| مەئمۇن | (ئە ) | مامۇن ، مامان ، مەيمۇن ، مەمۇن ، مۇمۇن | بەختلىك ، بىخەتەر ، ئىشەنچلىك ؛ ساقلىغۇچى ، قوغدىغۇچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ) |

| | | | |
|---|---|---|---|
| مەئنۇس | (ئە ) | مەينۇس | ئادەتلەنگەن ، كۆنگەن |
| مەئۇۋللا | (ئە ) | مەۋۇل ، مەۋۇللا ، مەۋللا | ئاللا ئاسرىغان ، قوغدىغان كىشى |
| مەئيۇن | (ئە ) | مەيۇن ، مويۇن | بۇلاق سۇيى |
| مەيتۇللا | | | ( «مۇئىدۇللا » غا قاراڭ ) |
| مەيدۇللا | | | ( «مۇئىدۇللا » غا قاراڭ ) |
| مەيدۇن | | | ( «مۇئىدىن » گە قاراڭ ) |
| مەيدىن | | | ( «مۇئىدىن ، مۇھىدىن ، مۇھىيىدىن » گە قاراڭ ) |
| مەيدىناخۇن | | | ( «مۇئىدىنئاخۇن » غا قاراڭ ) |
| مەيسۇر | (ئە ) | | گۈللەپ ياشنىغان ، پاراۋان ؛ ئاسانلىق ، ئوڭايلىق ، راۋانلىق |
| مەيمۇن | | | ( «مەئمۇن » غا قاراڭ ) |
| مەيناخۇن | | | ( «مەيننئاخۇن ، مۇئىدىنئاخۇن » غا قاراڭ ) |
| مەينەم | | | ( «مەيىن ، مەيىندىن » گە قاراڭ ) |
| مەينۇس | | | ( «مەئنۇس » قا قاراڭ ) |
| مەينۇل | | | ( «مەينۇللا » غا قاراڭ ) |
| مەينۇللا[1] | (ئە ) | مەينۇل | ئاللانىڭ ئىللىقلىقى |
| مەيىندىن[2] | (ئە ) | مەينەم | دىنىنىڭ ئىللىقلىقى |
| مەيىنشا | | | ( «مەيىنشاھ » قا قاراڭ ) |
| مەيىنىياز | | | ( «مەيىننىياز » غا قاراڭ ) |
| مەيۇن | | | ( «مەئيۇن » غا قاراڭ ) |
| مەيىم | | | ( «مەيىن » گە قاراڭ ) |
| مەيىن | (ئە ) | مەيىم ، مەينەم ، مىيىن ، مۇيىن | ئىللىق ، راھەتلىك ، راھەتبەخش ، يېنىك ، يۇمشاق |
| مەيىنئاخۇن | (ئەئۇ ) | مەيناخۇن | مەيىن : ئىسمى ، ئاخۇن : قوشۇمچىسى |
| مەيىنشا | | | ( «مەيىنشاھ » قا قاراڭ ) |
| مەيىنشاھ | (ئەپ ) | مەيىنشا ، مەيىنشا | مەيىن : ئىسمى ، شاھ : سۇپىتى (بۇ يەردە «ئىللىق يىگىت » دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ ) |
| مەيىننىياز | (ئەپ ) | مەيىنىياز | مەيىن : ئىسمى ، نىياز : قوشۇمچىسى |
| موتىزار | | | ( «مۇنتەزەر » گە قاراڭ ) |
| مودەس | | | ( «مۇددەسسىر » گە قاراڭ ) |

①② ئەسلىيسى «مەينۇللا ، مەيىنىددىن » .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



| | |
|---|---|
| موردۇن | ( «مۆھرىدىن» گە قاراڭ ) |
| مولتاجى | ( «مەۋلاتاجى» غا قاراڭ ) |
| مولتاي | ( «مەۋلاتاي» غا قاراڭ ) |
| مولتوختى | ( «مەۋلاتوختى» غا قاراڭ ) |
| مولتۇردى | ( «مەۋلاتۇردى» غا قاراڭ ) |
| مولقۇناخۇن | ( «مەۋلاقۇربانئاخۇن» غا قاراڭ ) |
| مولقۇنان | ( «مەۋلاقۇربانئاخۇن» غا قاراڭ ) |
| مولقۇۋان | ( «مەۋلاقۇربان» غا قاراڭ ) |
| مولتۇرغۇن | ( «مەۋلاتۇرغۇن» غا قاراڭ ) |
| موللا | ( «مەۋلا» غا قاراڭ ) |
| موللائاپپاق | ( «مەۋلائاپاق» قا قاراڭ ) |
| موللائاتا | ( «مەۋلائاتا» غا قاراڭ ) |
| موللائاۋۇت | ( «مەۋلائابىد» كە قاراڭ ) |
| موللائاۋۇدۇن | ( «مەۋلائابىدىن» گە قاراڭ ) |
| موللائايىت | ( «مەۋلائايەت» كە قاراڭ ) |
| موللائەمەت | ( «مەۋلائەھمەد» كە قاراڭ ) |
| موللائەيسا | ( «مەۋلائىيسا» غا قاراڭ ) |
| موللابارات | ( «مەۋلابارات» قا قاراڭ ) |
| موللاباقى | ( «مەۋلاباقى» غا قاراڭ ) |
| موللابەخش | ( «مەۋلابەخش» قا قاراڭ ) |
| موللابەشىر | ( «مەۋلابەشىر» گە قاراڭ ) |
| موللابىلال | ( «مەۋلابىلال» گە قاراڭ ) |
| موللاپىز | ( «مەۋلاھاپىز» غا قاراڭ ) |
| موللاتوختى | ( «مەۋلاتوختى» غا قاراڭ ) |
| موللاتۇردى | ( «مەۋلاتۇردى» غا قاراڭ ) |
| موللاجەمجىم | ( «مەۋلاجەمجىم» گە قاراڭ ) |
| موللاجى | ( «مەۋلاھاجى» غا قاراڭ ) |
| موللاخۇن | ( «مەۋلائاخۇن» غا قاراڭ ) |
| موللارەھىم | ( «مەۋلارەھىم» گە قاراڭ ) |
| موللاسابىت | ( «مەۋلاسابىت» كە قاراڭ ) |
| موللاسابىر | ( «مەۋلاسابىر» گە قاراڭ ) |
| موللاساۋۇت | ( «مەۋلاسابىت» كە قاراڭ ) |
| موللاشەمشى | ( «مەۋلاشەمس» كە قاراڭ ) |
| موللاشىم | ( «مەۋلاھاشىم» غا قاراڭ ) |
| موللاغىياس | ( «مەۋلاغىياس» قا قاراڭ ) |
| موللاق | ( «مەۋلا» غا قاراڭ ) |

| | |
|---|---|
| موللاقاسىم | ( «مەۋلاقاسىم» غا قاراڭ ) |
| موللاقۇربان | ( «مەۋلاقۇربان» غا قاراڭ ) |
| موللاكەبىر | ( «مەۋلاكەبىر» گە قاراڭ ) |
| موللاكېبىر | ( «مەۋلاكەبىر» گە قاراڭ ) |
| موللام | ( «مەۋلا» غا قاراڭ ) |
| موللامۇسا | ( «مەۋلامۇسا» غا قاراڭ ) |
| موللامىرسال | ( «مەۋلامىرسال» غا قاراڭ ) |
| موللانىغمەت | ( «مەۋلانىئمەت» كە قاراڭ ) |
| موللانىمەت | ( «مەۋلانىئمەت» كە قاراڭ ) |
| موللانىياز | ( «مەۋلانىياز» غا قاراڭ ) |
| موللاھاجى | ( «مەۋلاھاجى» غا قاراڭ ) |
| موللاھەيدەر | ( «مەۋلاھەيدەر» گە قاراڭ ) |
| موللاھوشۇر | ( «مەۋلائاشۇر» غا قاراڭ ) |
| موللائوسمان | ( «مەۋلائوسمان» غا قاراڭ ) |
| موللاۋلا | ( «مەۋلائەلا» غا قاراڭ ) |
| موللاۋۇت | ( «مەۋلائابىد» كە قاراڭ ) |
| موللاۋۇدۇن | ( «مەۋلائابىدىن» گە قاراڭ ) |
| موللاۋىدىن | ( «مەۋلائابىدىن» گە قاراڭ ) |
| موللائىمىن | ( «مەۋلائەمىن» گە قاراڭ ) |
| موللايەت | ( «مەۋلائايەت» كە قاراڭ ) |
| موللايەھيا | ( «مەۋلايەھيا» غا قاراڭ ) |
| موللايۇپ | ( «مەۋلائەييۇب» قا قاراڭ ) |
| موللايىت | ( «مەۋلائايەت» كە قاراڭ ) |
| موللەخمەت | ( «مەۋلائەھمەد» كە قاراڭ ) |
| موللەك | ( «مەۋلا» غا قاراڭ ) |
| موللەكبەر | ( «مەۋلائەكبەر» گە قاراڭ ) |
| موللەلا | ( «مەۋلائەلا» غا قاراڭ ) |
| موللەمەت | ( «مەۋلائەھمەد» كە قاراڭ ) |
| موللەيسا | ( «مەۋلائىيسا» غا قاراڭ ) |
| موللىبارات | ( «مەۋلابارات» قا قاراڭ ) |
| موللىباقى | ( «مەۋلاباقى» غا قاراڭ ) |
| موللىتالىپ | ( «مەۋلاتالىب» كە قاراڭ ) |
| موللىتاجى | ( «مەۋلاتاجى» غا قاراڭ ) |
| موللىتاۋار | ( «مەۋلاتاۋار» غا قاراڭ ) |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



موللىتاي ( «مەۋلاتاي» غا قاراڭ )
موللىتوختى ( «مەۋلاتوختى» غا قاراڭ )
موللىتۇدى ( «مەۋلاتۇردى» غا قاراڭ )
موللىتۇردى ( «مەۋلاتۇردى» غا قاراڭ )
موللىتۇرغۇن ( «مەۋلاتۇرغۇن» غا قاراڭ )
موللىتۆمۈر ( «مەۋلاتۆمۈر» گە قاراڭ )
موللىجۇمە ( «مەۋلاجۇمە» گە قاراڭ )
موللىچاۋار ( «مەۋلاچاۋار» غا قاراڭ )
موللىچوڭ ( «مەۋلاچوڭ» غا قاراڭ )
موللىداۋۇت ( «مەۋلاداۋۇد» قا قاراڭ )
موللىرەيىم ( «مەۋلارەھىم» گە قاراڭ )
موللىرۇزى ( «مەۋلارۇزى» غا قاراڭ )
موللىرىشىت ( «مەۋلارەشىد» كە قاراڭ )
موللىزات ( «مەۋلازاد» قا قاراڭ )
موللىزادە ( «مەۋلازادە» گە قاراڭ )
موللىزىيا ( «مەۋلازىيا» غا قاراڭ )
موللىسابىت ( «مەۋلاسابىت» كە قاراڭ )
موللىساۋۇر ( «مەۋلاسابىر» گە قاراڭ )
موللىسالى ( «مەۋلاسالىھ» كە قاراڭ )
موللىسالىم ( «مەۋلاسالىم» غا قاراڭ )
موللىساھىپ ( «مەۋلاساھىب» كە قاراڭ )
موللىسايىپ ( «مەۋلاساھىب» كە قاراڭ )
موللىسايىت ( «مەۋلاسائىد ، مەۋلاسەئىد» كە قاراڭ )
موللىسەيىت ( «مەۋلاسەئىد» كە قاراڭ )
موللىسىدىق ( «مەۋلاسىددىق» قا قاراڭ )
موللىسىيىت ( «مەۋلاسەييىد» كە قاراڭ )
موللىشا ( «مەۋلاشاھ» قا قاراڭ )
موللىشۇر ( «مەۋلائۇشۇر» غا قاراڭ )
موللىقارى ( «مەۋلاقارى» غا قاراڭ )
موللىقۇناخۇن ( «مەۋلاقۇربانئاخۇن» غا قاراڭ )
موللىقۇۋان ( «مەۋلاقۇربان» غا قاراڭ )
موللىكېۋىر ( «مەۋلاكەبىر» گە قاراڭ )
موللىكېپەك ( «مەۋلاكېپەك» كە قاراڭ )

| | | |
|---|---|---|
| موللىمىن | | ( «مەۋلائەمىن» گە قاراڭ ) |
| موللىنامەت | | ( «مەۋلانەئمەت» كە قاراڭ ) |
| موللىنەمەت | | ( «مەۋلانەئمەت» كە قاراڭ ) |
| موللىنىمەت | | ( «مەۋلانىئمەت» كە قاراڭ ) |
| موللىنىياز | | ( «مەۋلانىياز» غا قاراڭ ) |
| موللىھاپىز | | ( «مەۋلاھاپىز» غا قاراڭ ) |
| موللىھوشۇر | | ( «مەۋلائۇشۇر» غا قاراڭ ) |
| موللىئوسمان | | ( «مەۋلائوسمان» غا قاراڭ ) |
| موللىۋاقى | | ( «مەۋلاباقى» غا قاراڭ ) |
| موللىيا | | ( «مەۋلايار» غا قاراڭ ) |
| موللىيار | | ( «مەۋلايار» غا قاراڭ ) |
| موللىياقۇپ | | ( «مەۋلاياقۇب» قا قاراڭ ) |
| موللىيەھيا | | ( «مەۋلايەھيا» غا قاراڭ ) |
| مولنىزاخۇن | | ( «مەۋلانىيازئاخۇن» غا قاراڭ ) |
| مولنىياز | | ( «مەۋلانىياز» غا قاراڭ ) |
| مونۇر[1] | | ( «مەڭنۇر ، مەيىننۇر» غا قاراڭ ) |
| مونىياز | | ( «مەۋلانىياز» غا قاراڭ ) |
| مويبۇل | | ( «مۇھىبۇللا» غا قاراڭ ) |
| مويبۇللا | | ( «مۇھىبۇللا» غا قاراڭ ) |
| مويدۇللا | | ( «مۇئىدۇللا» غا قاراڭ ) |
| مويدىن | | ( «مۇئىدىن ، مۇھىدىن ، مۇھىيىددىن» گە قاراڭ ) |
| مويۇن | | ( «مەئيۇن» غا قاراڭ ) |
| مۇئادىل | (ئە) | تەكشى ، تەڭ ، ئوخشاش دەرىجىلىك ، باراۋەر |
| مۇئاز | (ئە) | ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرغۇچى |
| مۇئاقىب | (ئە) مۇئاقىپ | ئىز باسار |
| مۇئائىدىن | (ئە) مۇئايىدىن | دىنغا مەنپەئەت بەرگۈچى |
| مۇئايىد | (ئە) | مەنپەئەتدار ؛ پايدىلىق |
| مۇئايىدىن | | ( «مۇئائىدىن» گە قاراڭ ) |
| مۇئەتتەر[2] | (ئە) | خۇش پۇراق ، خۇشبۇي ، خۇش پۇراقلىق |
| مۇئەتتىپ | (ئە) | كۆڭلى ياخشى |
| مۇئەخىر | (ئە) | ھەممىنى ئاخىرلاشتۇرغۇچى (ئاللانىڭ ئىسمى) |
| مۇئەددەب[3] | (ئە) مۇئەددەپ | ئەدەپلىك ، تەربىيە ئالغان |

① «مەڭنۇر ، مەيىننۇر» ئوخشاشلا «مونۇر ، مەنۇر» غا ئۆزگىرىدۇ .
②③ «مۇئەتتەر ، مۇئەددەب» ئاياللارغىمۇ قويۇلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| مۇئەددىب | (ئە) | مۇئەددىپ | تەربىيەلىگۈچى ، يېتەكچى |
| مۇئەددىل | (ئە) | | باراۋەر ، تەڭ |
| مۇئەززەم | (ئە) | مەزەم ، مەئەززەم | بۈيۈك ، ئۇلۇغ ، ئۇلۇغلانغۇچى |
| مۇئەززى | (ئە) | | ھال سورىغۇچى ؛ مۇقەددەس روھ |
| مۇئەززىدىن | (ئە) | مەزىدىن[1] | دىننىڭ مۇقەددەس روھى |
| مۇئەززىن | (ئە) | مەزىن | ئەزان توۋلىغۇچى |
| مۇئەسسىر | (ئە) | | ئۈنۈملۈك ، رولى چوڭ |
| مۇئەللا | (ئە) | | ئېگىز ، ئۈستۈن |
| مۇئەللىم | (ئە) | | ئوقۇتقۇچى (ئىلىم بەرگۈچى) |
| مۇئەممەر | (ئە) | | ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچى |
| مۇئەممىل | (ئە) | | ئەمەل قىلدۇرغۇچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى) |
| مۇئەھھىل | (ئە) | | ئوقۇش تارىخى |
| مۇئەييىد | (ئە) | مۇئەييەت | قوللىغۇچى ، ياردەمچى ؛ ھېسداشلىق |
| مۇئەييىددىن | (ئە) | مۇئەييەدىن | دىننىڭ قوللىغۇچىسى ، پىدائىيسى |
| مۇبارەك | (ئە) | | بەختلىك ، بەرىكەتلىك |
| مۇبارەكشاھ | (ئەپ) | مۇبارەكشا | بۇ يەردە «شاھ (ئاللا) نىڭ بەختلىك بەندىسى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ (مۇبارەك : ئىسمى ، شاھ : سۈپىتى بولۇپ ، «بەختلىك ئوغۇل» دېگەن مەنىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ) |
| مۇبارىز | (ئە) | | خىللانغان ، داڭقى چىققان ، باتۇر ، داڭلىق ؛ جەڭچى ، پالۋان ، يەكمۇيەك ئېلىشقۇچى |
| مۇباشىر | (ئە) | مۇۋاشىر | ئۈدۈل ، تۈز ؛ بىۋاستە ، دەرھال ؛ باشقۇرغۇچى |
| مۇباھەت | (ئە) | | پەخىرلەنمەك |
| مۇبەررىز | (ئە) | | مەشھۇر |
| مۇبەششەر | (ئە) | | خۇش خەۋەر يەتكۈزۈلگۈچى |
| مۇبەششىر | (ئە) | | خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى ، خۇش خەۋەر بەرگۈچى ، دىنىي دەۋەت قىلغۇچى ، دىندار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى) |
| مۇبەللا | (ئە) | | سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگۈچى ، شىپا تاپقۇچى |

① «مۇئىززىدىن» مۇ «مەزىدىن» گە ئۆزگىرىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| مۇبەللىغ | (ئە) | | تەشۋىقاتچى ، خەۋەرلەندۈرگۈچى ، خەۋەر يەتكۈزگۈچى ، ئۇقتۇرغۇچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ) |
| مۇبەييىن | (ئە) | | بايان قىلغۇچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ) |
| مۇبتەدى | (ئە) | مۇپتەدى | باشلىغۇچى ، باشلامچى ، يېڭى ئۆگەنگۈچى |
| مۇبتەدىئ① | (ئە) | مۇپتەدى | كەشپىياتچى ، يېڭىلىق ياراتقۇچى |
| مۇبتەسىم | (ئە) | مۇپتەسىم | «باسىم» بىلەن ئوخشاش |
| مۇبتەكەر | (ئە) | مۇپتەكەر | يېڭى ئىجادىيەت ، يېڭى كەشپىيات ؛ يېڭى نەرسە |
| مۇبتەكىر | (ئە) | مۇپتەكىر | ئىختىراچى ؛ باشلامچى |
| مۇبدى | (ئە) | | ھەممىنىڭ بېشى (ئاللانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى ) |
| مۇبۇللا | | | ( «مۇھىبۇللا » غا قاراڭ ) |
| مۇبىن | (ئە) | | ئوچۇق ، روشەن ، زاھىر ، ئېنىق |
| مۇپەخخەم | (ئە) | | ئۇلۇغ ، ئۇلۇغۋار ، زور |
| مۇپەر | | | ( «مۇپەررەھ » كە قاراڭ ) |
| مۇپەررەھ | (ئە) | مۇپەر | شادلاندۇرىدىغان ، خۇشال قىلىدىغان |
| مۇپەززەل | (ئە) | | تاللانغان ، خىللانغان ، ئەڭ ياخشى ، ئەلا ، ئەڭ خىل ، ئەڭ ئېسىل ، ئەڭ لايىق ، ئۆز ئالاھىدىلىكى بىلەن ھۆكۈم قىلغۇچى ، سېلىشتۇرۇپ ئايرىغۇچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ) |
| مۇپەككىر | (ئە) | | تەپەككۇرغا باي ، پەيلاسوپ ، زىيالىي |
| مۇپتاجى | | | ( «مۇپتىھاجى » غا قاراڭ ) |
| مۇپتەخەر | (ئە) | | ئىپتىخارلىق |
| مۇپتەخىر | (ئە) | | «پاخىر » بىلەن ئوخشاش |

① «مۇپتەدى ، مۇبتەدىئ» ئوخشاشلا «مۇپتەدى» گە ئۆزگىرىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مۇپتەدى ( «مۇبتەدى ، مۇبتەدئى» كە قاراڭ )

مۇپتەسىم ( «مۇبتەسىم» گە قاراڭ )

مۇپتەكەر ( «مۇبتەكەر» گە قاراڭ )

مۇپتەكىر ( «مۇبتەكىر» گە قاراڭ )

مۇپتۇل ( «مۇپتۇللا» غا قاراڭ )

مۇپتۇللا (ئە ) مۇپتۇل ئاللانىڭ قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى

مۇپتى (ئە ) (1) دىنىي قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ، پەتىۋا چىقارغۇچى ، پەتىۋاچى ، (2) دىنىي ئەمەل نامى

مۇپتىئەزىز (ئە ) مۇپتىز مۇپتى : ئىسمى ، ئەزىز : سۈپىتى

مۇپتىهاجى (ئە ) مۇپتاجى مۇپتى : ئىسمى ، هاجى : سۈپىتى

مۇتا ( «مۇئتا» غا قاراڭ )

مۇتاج (ئە ) مۇتاجى تاجغا ئېرىشكۈچى ، تاجى بار ، تاجلىق

مۇتادىل ( «مۇتىئادىل» غا قاراڭ )

مۇتال ( «مۇتىئاللا» غا قاراڭ )

مۇتاللا ( «مۇتىئاللا» غا قاراڭ )

مۇتالى ( «مۇتىئالى ، مۇتالئى» قا قاراڭ )

مۇتالئى (ئە ) مۇتالى قارىي ، قىرائەتچى ، مۇتالىئە قىلغۇچى ، ئوقۇغۇچى

مۇتەسىر ( «مۇتىئەسسىر» گە قاراڭ )

مۇتەسىل ( «مۇتىئەسسىل» گە قاراڭ )

مۇتەققىل ( «مۇتىئەققىل» گە قاراڭ )

مۇتەل ( «مۇتتەلئى» كە قاراڭ )

مۇتەللا ( «مۇتىئاللا» غا قاراڭ )

مۇتەللى ( «مۇتتەلئى» كە قاراڭ )

مۇتەللىپ ( «مۇتتەلىب» كە قاراڭ )

مۇتەللىم ( «مۇتىئەللىم» گە قاراڭ )

مۇتەهەر (ئە ) پاكلانغان (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى )

مۇتەهىر (ئە ) پاكلىغۇچى ؛ پاك ، پاكلانغۇچى

مۇتبىر ( «مۇدبىر» گە قاراڭ )

| | | | |
|---|---|---|---|
| مۇتەسىل | (ئە) | | (1) ئۈزۈلمەس ، توختىماس ، ئۇلانغان ، تۇتاش ؛ يېقىن ، ئۇلاپ داۋام قىلغۇچى ، (2) «مەۋسۇل» بىلەن ئوخشاش |
| مۇتەقى | (ئە) | | تەقۋادار ، ئېتىقادى كۈچلۈك |
| مۇتەكىل | (ئە) | | تايانغۇچى ، ئىشەنگۈچى |
| مۇتەلى | | | («مۇتەلىئ» كە قاراڭ) |
| مۇتەلىب | (ئە) | مۇتەللىپ | ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى |
| مۇتەلىئ | (ئە) | مۇتەلى ، مۇتەللى ، مۇتەل | ئالىم ، مۇتەخەسسىس |
| مۇتەھىد | (ئە) | مۇتەھەت | بىرلەشكەن ، بىرلەشكۈچى |
| مۇتەئى | | | («مۇددەئى» گە قاراڭ) |
| مۇتى | | | («مۇتىئ» كە قاراڭ) |
| مۇتىسىپ | | | («مۇھتەسىب» كە قاراڭ) |
| مۇتىئادىل[1] | (ئە) | مۇتادىل | بابباراۋەر تۇرغۇچى |
| مۇتىئاللا[2] | (ئە) | مۇتاللا ، مۇتال ، مۇتەللا ، مۇتەل | ئاللاغا ئىتائەت قىلغۇچى ، ئاللانىڭ ئىتائەتمىنى |
| مۇتىئالى[3] | (ئە) | مۇتالى | ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرغۇچى (ئاللانىڭ ئىسملىرىدىن بىرى) |
| مۇتىئەسسىر[4] | (ئە) | مۇتەسسىر | تەسىرلەنگۈچى |
| مۇتىئەسسىل[5] | (ئە) | مۇتەسسىل | ئۇلى مەھكەم ، يىلتىزى چىڭ |
| مۇتىئەققىل[6] | (ئە) | مۇتەققىل | ئەقىللىق ، زېرەك |
| مۇتىئەللىم[7] | (ئە) | مۇتەللىم | تەربىيەلەنگەن ، ئىلىم ئەھلى ، زىيالىي ، ئالىم |
| مۇتىبەھىر[8] | (ئە) | | چوڭقۇر بىلىملىك |
| مۇتىدەببىر[9] | (ئە) | | تەدبىرلىك ، پىلانچان ، مۇلاھىزىگە باي ، ئويلىنىپ ئىش قىلىدىغان |
| مۇتىزار | | | («مۇنتەزىر» گە قاراڭ) |
| مۇتىسادىق[10] | (ئە) | | ساداقەتمەن ، دوستانە |
| مۇتىسەددىق[11] | (ئە) | | پەقىرلەرگە سەدىقە بەرگۈچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى) |

[1][2][3][4][5][6][7][8][9][10][11]لارنىڭ ئەسلىيسى «مۇتەئادىل ، مۇتەئاللا ، مۇتەئالى ، مۇتەئەسسىر ، مۇتەئەسسىل ، مۇتەئەققىل ، مۇتەئەللىم ، مۇتەبەھىر ، مۇتەدەببىر ، مۇتەسادىق ، مۇتەسەددىق» . «مۇتالىئ ، مۇتىئالى» ئوخشاشلا «مۇتالى» غا ؛ «مۇتىئاللا ، مۇتەلىئ» ئوخشاشلا «مۇتەل» گە ئۆزگىرىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| مۇتىسەددى[1] | (ئە) | | باشقۇرغۇچى ، رەھبەر |
| مۇتىكەببىر[2] | (ئە) | | پەخىرلىك ، ئىپتىخارلىق ، غورۇرلۇق ، ھەممىدىن كاتتا ، ئۇلۇغ دەپ قارىلىدىغان (ئاللانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى ) |
| مۇتىللا | | | ( «مۇتىئۇللا» غا قاراڭ ) |
| مۇتىنەببى[3] | (ئە) | | كەلگۈسىدىن ئالدىن خەۋەر بەرگۈچى (داڭلىق ئەرەب شائىرىنىڭ ئىسمى ) |
| مۇتىنەپپىز[4] | (ئە) | | ئابرۇيلۇق ، تەسىر كۈچىگە ئىگە كىشى |
| مۇتىنەۋۋىر[5] | (ئە) | | پارلاق ، مەدەنىيەتلىك ، ئالغا باسقان ، تەربىيە ئالغان ، بىلىملىك |
| مۇتىئۇللا | (ئە) | مۇتىئىللا ، مۇتىيۇللا ، مۇتىللا ، مۇتىيۇل ، مىتىۋللا ، مىتىللا | «مۇتىئاللا» بىلەن ئوخشاش |
| مۇتىۋالى[6] | (ئە) | | داۋاملاشتۇرغۇچى ؛ داۋاملىق |
| مۇتىۋەسسىت[7] | (ئە) | | كېلىشتۈرگۈچى ، ياراشتۇرغۇچى ، ۋاستە بولغۇچى ، ئارىغا چۈشكۈچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ) |
| مۇتىۋەككىل[8] | (ئە) | | ئاللاغا ئۆزىنى تاپشۇرغۇچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ) |
| مۇتىۋەللى[9] | (ئە) | | مەسچىتنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى (دىنىي ئەمەل نامى ) |
| مۇتىۋەھىد[10] | (ئە) | مۇتىۋەھىت | بىردىنبىر |
| مۇتىئى | (ئە) | مۇتى ، مۇتىئى ، مۇتتى | ئىتائەتمەن (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ) |
| مۇتىئىللا | | | ( «مۇتىئۇللا» غا قاراڭ ) |
| مۇتىيۇل | | | ( «مۇتىئۇللا» غا قاراڭ ) |
| مۇتىيۇللا | | | ( «مۇتىئۇللا» غا قاراڭ ) |

①②③④⑤⑥⑦⑧⑨⑩لارنىڭ ئەسلىيسى «مۇتەسەددى ، مۇتەكەببىر ، مۇتەنەببى ، مۇتەنەپپىز ، مۇتەنەۋۋىر ، مۇتەۋالى ، مۇتەۋەسسىت ، مۇتەۋەككىل ، مۇتەۋەللى ، مۇتەۋەھىد» .

مۇجاب (ئه) مۇجاپ جاۋاب بەرگۈچى ، تەلەپنى قاندۇرغۇچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى)

مۇجاھىد (ئه) مۇجاھىت جەڭچى ، ئەسكەر ، پارتىزان

مۇجاھىددىن (ئه) مۇجاھىددىن دىننىڭ جەڭچىسى

مۇجاھىدۇللا (ئه) مۇجايىدۇللا ، مۇجايىدۇل ئاللانىڭ جەڭچىسى

مۇجاۋىر (ئه) قوشنا ، ساۋاقداش ؛ تالىپ ، شاگىرت ، دىنىي ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

مۇجائىب (ئه) مۇجايىپ يېڭى خەۋەر يەتكۈزگۈچى

مۇجايىدۇل («مۇجاھىدۇللا» غا قاراڭ)

مۇجايىدۇللا («مۇجاھىدۇللا» غا قاراڭ)

مۇجەررەب (ئه) مۇجەررەپ سىنالغان ، سىناقتىن ئۆتكەن

مۇجەررىب (ئه) مۇجەررىپ تەجرىبىلىك ، پىشقان

مۇجتاۋا («مۇجتەبا» غا قاراڭ)

مۇجتەبا (ئه) مۇجتاۋا ، مۇجتەۋا تاللانغان ، خىللانغان (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى)

مۇجتەھىد (ئه) مۇجتەھىت تىرىشچان ، جاپانى يەڭگۈچى

مۇجۇپ («مۇجىب» كە قاراڭ)

مۇجىب (ئه) مۇجىپ ، مۇجۇپ بۇ ئىسىم «ال» بىلەن كەلسە ئاللانىڭ ئىسمىنى ، ئايرىم كەلگەندە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرىنى كۆرسىتىدۇ . مەنىسى : تىلەكلەرنى قوبۇل قىلغۇچى ، تەلەپلەرنى قاندۇرغۇچى ؛ جاۋاب بەرگۈچى ، ئاۋاز قوشقۇچى ، لەببەي دېگۈچى ؛ سەۋەب ، ئاساس

مۇجىبۇل («مۇجىبۇللا» غا قاراڭ)

مۇجىبۇللا (ئه) مۇجىبۇل ، مۇجىۋۇل ، مۇجىۋۇللا ئاللانىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگۈچى

مۇجىپ («مۇجىب» كە قاراڭ)

مۇجىت («مۇجىد» كە قاراڭ)

مۇجىتۇللا («مۇجىدۇللا» غا قاراڭ)

مۇجىتىللا («مۇجىدۇللا» غا قاراڭ)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مۇجىد (ئە) مۇجىت — ئىجادكار ، ئىجادىيەتچى ، يارانقۇچى

مۇجىر (ئە) — ئاسرىغۇچى ، قۇتۇلدۇرغۇچى ، قوغدىغۇچى

مۇجىز — («مۇئجىز» گە قاراڭ)

مۇخەببىر (ئە) — خەۋەرچى

مۇخەللىس (ئە) — قۇتقۇزغۇچى ، ياردەم بەرگۈچى ، نىجادكار ، شەپقەتچى ، نىجات يۇلتۇزى

مۇخەممەر — («مۇھەممەر» گە قاراڭ)

مۇخەييەر (ئە) — ئۆز - ئۆزىگە خوجا

مۇخبىر (ئە) — خەۋەرچى ، ئالاقچى

مۇخپۇل — («مۇقبىل» گە قاراڭ)

مۇخپۇلبەگ — («مۇقبىلبەگ» كە قاراڭ)

مۇختار (ئە) مۇختەر — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ، مەنىسى : تاللانغان ، خىللانغان ؛ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان دېگەنلەردىن ئىبارەت («مۇجتەبا» غا ئوخشاش)

مۇختەبەر① (ئە) — سىناقتىن ، تەجرىبىدىن ئۆتكەن ، پىشقان ؛ تەجرىبىخانا ؛ تەجرىبە

مۇختەبىر (ئە) — تەجرىبىلىك ، پىششىق ، چېنىققان

مۇختەپى (ئە) — يوشۇرۇن ، مەخپىي

مۇختەدى — («مۇقتەدى» گە قاراڭ)

مۇختەدىل — («مۇقتەدىللا» غا قاراڭ)

مۇختەدىللا — («مۇقتەدىللا» غا قاراڭ)

مۇختەدىدىن — («مۇقتەدىدىن» گە قاراڭ)

مۇختەدىن — («مۇقتەدىدىن» گە قاراڭ)

مۇختەر — («مۇختار» غا قاراڭ)

مۇختەزەر — («مۇقتەسەر» گە قاراڭ)

مۇختەسەر (ئە) مۇختىسەر — قىسقا ، ئىخچام ؛ پايدىلىق

مۇختەسىپ — («مۇھتەسىب» كە قاراڭ)

مۇختەسىت — («مۇقتەسىد» كە قاراڭ)

مۇختەلىم — («مۇھتەلىم» گە قاراڭ)

مۇختى (پ) — ئۈمىد ، ئارزۇ

مۇختىدى — («مۇقتەدى» گە قاراڭ)

① بۇ ئىسىم ئاياللارغىمۇ قويۇلىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| مۇختىرەمهاجى | | | ( «مۇھتىرەمهاجى» غا قاراڭ ) |
| مۇختىزەر | | | ( «مۇقتەسەر» گە قاراڭ ) |
| مۇختىدىل | | | ( «مۇقتەدۇللا» غا قاراڭ ) |
| مۇختىدىللا | | | ( «مۇقتەدۇللا» غا قاراڭ ) |
| مۇختىرەم | | | ( «مۇھتىرەم» گە قاراڭ ) |
| مۇختىسەر | | | ( «مۇختەسەر» گە قاراڭ ) |
| مۇخسى | | | ( «مۇھسى» غا قاراڭ ) |
| مۇخسىت | | | ( «مۇقسىت» كە قاراڭ ) |
| مۇخسىتجان | | | ( «مۇقسىت» كە قاراڭ ) |
| مۇخسىم | | | ( «مۇقسىم» گە قاراڭ ) |
| مۇخسىمبىللا | | | ( «مۇقسىمبىللا» غا قاراڭ ) |
| مۇخسىمۇل | | | ( «مۇقسىمۇللا» غا قاراڭ ) |
| مۇخسىمۇللا | | | ( «مۇقسىمۇللا» غا قاراڭ ) |
| مۇخلىس | (ئە) | | ئىخلاسمەن ، سادىق ، ۋاپادار |
| مۇخلىسەن | (ئە) | | ئىخلاسمەنلەرچە |
| مۇدايىن | (ئە) | | «دائىن» بىلەن ئوخشاش |
| مۇدەس | | | ( «مۇددەسسىر» گە قاراڭ ) |
| مۇدەستىر | | | ( «مۇددەسسىر» گە قاراڭ ) |
| مۇدەسسىر | | | ( «مۇددەسسىر» گە قاراڭ ) |
| مۇدەررىب | (ئە) | مۇدەررىپ | مەشىق قىلغۇچى ؛ مەشىق ئۇستىسى |
| مۇدەنجان | (ئۇپ) | | بىر خىل گۈل نامىغا «جان» قوشۇلۇپ ياسالغان |
| مۇدبىر | (ئە) | مۇتبىر | تەدبىرلىك ؛ ئەقىللىق |
| مۇددەسسىر | (ئە) | مۇدەستىر ، مۇدەسسەر ، مۇدەسسىر ، مۇدەس ، مودەس | ئەيىبلەرنى ياپقۇچى ، يوشۇرغۇچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ) |
| مۇددەئى | (ئە) | مۇتتەئى | تەلەپ قىلغۇچى ، ئىلتىماس قىلغۇچى ، دەۋاگەر |
| مۇدىر | (ئە) | | دىرېكتور ، ئىدارە قىلغۇچى |
| مۇرابىت | (ئە) | | قوغدىغۇچى ، مۇھاپىزەتچى |
| مۇراپات | | | ( «مۇراپاد» قا قاراڭ ) |
| مۇراپاد | (ئە) | مۇراپات | «راپىد» بىلەن ئوخشاش |
| مۇرات | | | ( «مۇراد» قا قاراڭ ) |
| مۇراتجان | | | ( «مۇراد» قا قاراڭ ) |
| مۇراد | (ئە) | مۇرات ، مۇراتجان | مەقسەت ، ئارزۇ ، ئىرادە ، نىيەت |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تارقىتىش ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| مۇراددىل[1] | (ئەپ) | مۇرادىل | كۆڭۈل ئارزۇسى |
| مۇراددىن | (ئە) | مۇرادىن ، مىرادىن | دىنىنىڭ ئىرادىسى ، دىنىنىڭ ئارزۇسى ، دىنىنى مۇرادىغا يەتكۈزگۈچى |
| مۇرادۇللا[2] | (ئە) | مۇرادىللا ، مۇرادىل ، مىرادىل | ئاللانىڭ ئىرادىسى ، ئاللا مۇرادىنى بەرگەن كىشى |
| مۇرادىن | | | («مۇراددىن» گە قاراڭ) |
| مۇراسىل | (ئە) | مىراسىل | خەۋەرچى ، ئالاقىچى ، پوچتالىيون |
| مۇراسىم | | | («مەراسىم» غا قاراڭ) |
| مۇراشىم | | | («مىرھاشىم» غا قاراڭ) |
| مۇراغىب | (ئە) | مۇراغىپ | رىغبەتلىك ، مايىللىقى بولغان |
| مۇراقىب | (ئە) | مۇراقىپ | قوغدىغۇچى ، كۆزەتكۈچى ، كۆزەتچى ، نازارەتچى ؛ مۇدىر |
| مۇرامىت | | | («مىرھامىد» كە قاراڭ) |
| مۇرامىدىن | | | («مىرئامەددىن» گە قاراڭ) |
| مۇرەببى | (ئە) | | تەربىيەچى |
| مۇرەتتەب | (ئە) | مۇرەتتەپ | تەرتىپكە سېلىنغان ، رەتلىك |
| مۇرەتتىب | (ئە) | مۇرەتتىپ | تەرتىپكە سالغۇچى ، رەتكە تىزغۇچى |
| مۇرتەپى | | | («مۇرتەپىئ» كە قاراڭ) |
| مۇرتەپىئ | (ئە) | مۇرتەپى | يۇكسەك ، يۇقىرى ، ئالىي ، ئېگىز |
| مۇرتەزا | (ئە) | مۇرتىزا | تاللانغان ، ئىلغانغان (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى) |
| مۇردۇن | | | («مۇھرىدىن» گە قاراڭ) |
| مۇرسەل | (ئە) | | ئەلچى ، پەيغەمبەر ، دىن تارقاتقۇچى ، دىندىن بېشارەت بەرگۈچى |
| مۇرسىل | (ئە) | | خەت ئەۋەتكۈچى ، ئالاقىچى ، ئالاقە قىلغۇچى |
| مۇرشىتۇللا | | | («مۇرشىدۇللا» غا قاراڭ) |
| مۇرشىد | (ئە) | مۇرشىت | يېتەكچى ، رەھبەر ، قوماندان ، يول باشلىغۇچى ، ئۇستاز |
| مۇرشىددىن | (ئە) | مۇرشىدىن | دىنىنىڭ يېتەكچىسى |

[1][2] «مۇراددىل ، مۇرادۇللا ، مىرئادىل» ئوخشاشلا «مۇرادىل» غا ئۆزگىرىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| مۇرشىدۇللا | (ئە) | مۇرشىتۇللا ، مۇردىشتىللا | ئاللا مۇرشىدلىقنى بەرگەن كىشى |
| مۇرشىدىن | | | («مۇرشىددىن» گە قاراڭ) |
| مۇرغۇپ | | | («مەرغۇب» قا قاراڭ) |
| مۇرۇۋۋەت[1] | (ئە) | | ئۇلۇغلۇق ، جەسۇرلۇق ، قەھرىمانلىق ، دادىللىق |
| مۇزئارت | (ئۇ) | مۇزارت ، مۇزات | مۇز داۋان ؛ دەريا ئىسمى ، جاي نامى |
| مۇزارىب | (ئە) | مۇزارىپ | رىقابەتچى |
| مۇزەپپەر | (ئە) | مۇزەكپەر | غەلىبە قىلغۇچى ، غالىب («زاپىر ، زەپىر» لەر بىلەن ئوخشاش) |
| مۇزەر | (ئە) | | قەدىمكى شىمالىي قىسىم ئەرەب ئەجدادلىرىنىڭ نامى («مۇزەرى» بولغاندا پەيغەمبەرنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرىدۇر) |
| مۇزەككىر | (ئە) | | دائىم ئويلىغۇچى ، ئەسلىگۇچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى) |
| مۇزەم[2] | | | («مۇززەممىل ، مۇئزەمزات» قا قاراڭ) |
| مۇزەممىل | | | («مۇززەممىل» گە قاراڭ) |
| مۇزەييەن | (ئە) | | زىننەتلىك ، زىننەتلەنگەن |
| مۇززەممىل | (ئە) | مۇزەم ، مۇزەممىل | «مۇددەسسىر» بىلەن ئوخشاش (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى) |
| مۇزىپ | (ئە) | | «زائىپ» كە ئوخشاش |
| مۇزىللا | | | («مۇئىززۇللا» غا قاراڭ) |
| مۇزىللۇ | (ئە) | | يەڭگۈچى ، غالىب (ئاللانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى) |
| مۇسا | (ئى) | مۇساق ، مۇسەم ، مۇسخان[3] | مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى ، مەنىسى : (1) ئوغۇل بوۋاق ، (2) ياغاچ ساندۇق |
| مۇسائاخۇن | (ئى ئۇ) | مۇسىراخۇن | مۇسا : ئىسمى ، ئاخۇن : قوشۇمچىسى |
| مۇسابىق | (ئە) | | ماھىر ، داڭلىق ، مۇسابىقچى |
| مۇساق | | | («مۇسا» غا قاراڭ) |

[1] ئەسلىيىسى «مۇرۇۋۋەت» .
[2] «مۇئزەم ، مۇئزەمزات ، مۇززەممىل» ئوخشاشلا «مۇزەم» گە ئۆزگىرىدۇ .
[3] «مۇسخان» يەنىلا ئەرلەرگە قويۇلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| مۇساقارى | (ئى‌ئە ) | | مۇسا : ئىسمى ، قارى : سۆپىتى |
| مۇسالىم | (ئە ) | | تىنچلىق سۆيەر ، تىنچلىقپەرۋەر |
| مۇسامەۋلا | (ئى‌ئە ) | مۇسامولللا | ئۇستاز مۇسا |
| مۇسامىر | (ئە ) | | كېچىلىك سۆھبەتكە قاتناشقۇچى |
| مۇساھىب | (ئە ) | مۇساھىپ ، مۇسايىپ | سۆھبەتداش ، ئۈلپەت ، ھەمسۆھبەت |
| مۇساھىم | (ئە ) | | پايچىك |
| مۇساۋى | (ئە ) | | ئوخشاش ، بىر خىل ، تەڭ قىممەتلىك |
| مۇسائىد | (ئە ) | مۇسايىت | ياردەمچى ، مۇئاۋىن |
| مۇسائىددىن | (ئە ) | مۇسائىددىن ، مۇسايىددىن | دىنىنىڭ ياردەمچىسى |
| مۇسايىپ | | | ( «مۇساھىب» كە قاراڭ ) |
| مۇسايىت | | | ( «مۇسائىد» كە قاراڭ ) |
| مۇسايىددىن | | | ( «مۇسائىددىن» گە قاراڭ ) |
| مۇسئەد | (ئە ) | مۇسئەت ، مۇسەت | بەختلىك قىلىنغان ، تەلەيگە ئېرىشكەن ؛ ياردەمچى |
| مۇسئەب | (ئە ) | مۇسەپ | نەسىللىك ئات |
| مۇسەپ | | | ( «مۇسھەپ» كە قاراڭ ) |
| مۇسەپپا | (ئە ) | مۇسەپپە | (1 ) پاكلانغۇچى ؛ پاكلانغان ؛ (2 ) مىراسنى قوغدىغۇچى ، ساقلىغۇچى |
| مۇسەخخىر | | | ( «مۇسەھھىر» گە قاراڭ ) |
| مۇسەددىق | (ئە ) | | ئىشەنچلىك (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆپەتلىرىدىن بىرى ) |
| مۇسەللى[1] | (ئە ) | | (1 ) نامازخان (ناماز ئوقۇغۇچى ) ، (2 ) «مۇسەللىھ» كە قاراڭ ، (3 ) كىشىنى خۇشال قىلىدىغان |
| مۇسەللىم | (ئە ) | مۇسەلىم | سالام بەرگۈچى ، سالام يوللىغۇچى ، ھال سورىغۇچى |
| مۇسەللىھ | (ئە ) | مۇسەللى | قورallىق ، قوراللىق بار ؛ چەبدەس |
| مۇسەلىم | | | ( «مۇسەللىم» گە قاراڭ ) |
| مۇسەم | | | ( «مۇسا» غا قاراڭ ) |
| مۇسەمما | (ئە ) | مۇسەممە[2] | ئاتالغان ، چاقىرىلغان ، نامى تىلغا ئېلىنغان ؛ ئاتالغۇچى |

① «مۇسەللىھ» مۇ «مۇسەللي» گە ئۆزگىرىدۇ . بۇ يەردىكى «مۇسەللى» ئەسلي ئىسىم بولۇشى مۇمكىن ( «مۇسەللىھ» نىڭ ئۆزگىرىشى ئەمەس ) .
② «مۇسەممە» ئاياللارغىمۇ قويۇلىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| مۇسەھھىر | (ئە) | مۇسەخخىر | زولۇق يېگۈچى |
| مۇسەۋۋىر | (ئە) | | رەسسام؛ سۈرەت تارتقۇچى؛ ئىجادكار |
| مۇستاپا[①] | (ئە) | | تاللانغان، خىللانغان؛ پاك (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى) |
| مۇستەسىم | (ئە) | | ساملاردىن چىققان ئالىم، سامشۇناس، ئەرەبشۇناس (سام تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلغۇچى) |
| مۇستەغىن | (ئە) | | مۇستەقىل، ئەركىن |
| مۇستەقىر | (ئە) | | مۇقىم؛ مەھكەم؛ خاتىرجەم |
| مۇستەقىم | (ئە) | | ئۇدۇل، تۈز |
| مۇستەلىم | (ئە) | | قوبۇل قىلغۇچى، تاپشۇرۇپ ئالغۇچى |
| مۇستەۋى | (ئە) | | تۈز، تەكشى، سىلىق |
| مۇستەئىد | (ئە) | مۇستەئىت | تەييار تۇرغۇچى، تەييارلىق قىلغۇچى؛ ئىقتىدارلىق |
| مۇسىي | | | («مۇئىززى» گە قاراڭ) |
| مۇسلۇم | | | («مۇسلىم» گە قاراڭ) |
| مۇسلى | | | («مۇسلىھ» كە قاراڭ) |
| مۇسلىخ | | | («مۇسلىھ» كە قاراڭ) |
| مۇسلىدىن | | | («مۇسلىھىدىن» گە قاراڭ) |
| مۇسلىم | (ئە) | مۇسلۇم | مۇسۇلمان (بويسۇنغۇچى) |
| مۇسلىمۇدىن | (ئە) | مۇسلىمىدىن | دىنغا بويسۇنغۇچى |
| مۇسلىھ[②] | (ئە) | مۇسلى، مۇسلىخ | كۆچەيتكۈچى، ياخشىلىغۇچى، كېلىشتۈرگۈچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى) |
| مۇسلىھىدىن[③] | (ئە) | مۇسلىدىن، مۇسلى | دىنىنىڭ كۆچەيتكۈچىسى |
| مۇسىمىر | (ئە) | | مېۋىلىك، ھوسۇللۇق |
| مۇسھەپ[④] | (ئە) | مۇسەپ | كىتاب، رىسالە، توپلام، قوللانما |
| مۇسۇپ | | | («مۇسىب» كە قاراڭ) |
| مۇسۇل | (ئە) | | كۆرۈشكۈچى، ۋەسلىگە يەتكۈچى، كۆزلىگەن نىشانغا يەتكۈچى |

① ئەسلىيسى «مۇستەپا».
②③ «مۇسلىھ، مۇسلىھىدىن» ئوخشاشلا «مۇسلى» غا ئۆزگىرىدۇ. «مۇسلىھىدىن» نىڭ ئەسلىيسى «مۇسلىھىددىن».
④ «مۇسئەب» مۇ «مۇسەپ» كە ئۆزگىرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| مۇسۇلمانقۇل | (ئەئۇ) | | مۇسۇلمان ئۈچۈن قۇللۇق قىلغۇچى ، مۇسۇلمان ئەر |
| مۇسىب | (ئە) | مۇسۇپ | توغرا قىلغۇچى |
| مۇسىخان[①] | | | («مۇسا» غا قاراڭ) |
| مۇسىراخۇن | | | («مۇسائاخۇن» غا قاراڭ) |
| مۇسىل | (ئە) | | ئۇتاشتۇرغۇچى ، ئالاقە قىلغۇچى ، ئۇلىغۇچى |
| مۇشاھىد | (ئە) | مۇشاھىت | كۆرگۈچى ، تاماشىبىن |
| مۇشاۋىر | (ئە) | | باش مەسلىھەتچى |
| مۇشەررەپ[②] | (ئە) | | ھۆرمەتلىك ، قەدىرلىك ، شەرەپلىك |
| مۇشپىق | (ئە) | | شەپقەتچى ، شەپقەتلىك كىشى |
| مۇشتاق | (ئە) | | سېغىنغۇچى ، ئىشتىياق باغلىغۇچى |
| مۇشرىپ | (ئە) | مەشرىپ | رەھبەر ، باشقۇرغۇچى ، مۇدىر ، بۆلۈم باشلىقى ، نازارەتچى |
| مۇشرىپهاجى | (ئە) | مەشرىپهاجى | مۇشرىپ : ئىسمى ، هاجى : سۈپىتى |
| مۇشرىق | (ئە) | | نۇر چاچقۇچى |
| مۇشىر | (ئە) | | يول كۆرسەتكۈچى |
| مۇغالىب | (ئە) | مۇغالىپ | چېلىشچى |
| مۇغەننى | (ئە) | | ناخشىچى |
| مۇغتەنىم | (ئە) | | غەنىيمەت بىلگۈچى |
| مۇغزەم | | | («مۇئزەم» گە قاراڭ) |
| مۇغنىم | | | («مۇغنى» غا قاراڭ) |
| مۇغىز | | | («مۇغىس» قا قاراڭ) |
| مۇغىس | (ئە) | مۇغىز | ياردەم بەرگۈچى ، قۇتقۇلدۇرغۇچى (بۇ ئىسىم «ال» بىلەن كەلسە ئاللانى كۆرسىتىدۇ) |
| مۇقابىل | (ئە) | مۇقاۋىل ، مۇقاۋىل | ئۇچراشقۇچى ، ئۇدۇلمۇئۇدۇل كەلگۈچى |
| مۇقادىن | | | («مۇقائىددىن» گە قاراڭ) |
| مۇقارىب | (ئە) | مۇقارىپ | يېقىنلاشتۇرغۇچى ؛ ئاددىي ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك |

① «مۇئىززىخان» مۇ «مۇسىخان» غا ئۆزگىرىدۇ ۋە «مۇسا» دىن ئۆزگەرگەن «مۇسىخان» بىلەن ئوخشىشىپ قالىدۇ .
| مىنەسسە | (ئە) | | مۇنبەر |
| مىنەۋۋەر | | | («مۇنەۋۋەر» گە قاراڭ) |
| مىنەۋۋەرخان | | | («مۇنەۋۋەرخان» غا قاراڭ) |
| مىنەۋۋەرقىز | | | («مۇنەۋۋەرقىز» غا قاراڭ) |
| مىنەۋۋەرگۇل | | | («مۇنەۋۋەرگۇل» گە قاراڭ) |
| مىنبەرخان | (ئەئۇ) | مۇنبەرخان | مىنبەر : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| مىنبەرگۇل | (ئەپ) | مۇنبەرگۇل | مىنبەر : ئىسمى ، گۇل : سۈپىتى |
| مىنۇرەم | | | («مەڭنۇرە» گە قاراڭ) |
| مىنىسە | | | («مۆئىنىسە» گە قاراڭ) |
| مىنىسەم | | | («مۆئىنىسە» گە قاراڭ) |
| مىنىقىز | | | («مىناقىز» غا قاراڭ) |
| مىئراج | (ئە) | مېھراج ، مېھراجەم ، مىراج① ، مىراجەم | ئۆرلەش شوتىسى ؛ تىك ئۆرلىمەك (بۇ ئىسمنىڭ كېلىپ چىقىشى خۇددى «مەئرەجە» گە ئوخشاش «مىئراج» ۋەقەسىگە مۇناسىۋەتلىك) |

① «مىراج» ئەرلەرگە قويۇلىدۇ .

# ن

ئەرلەر ئۈچۈن

| ئاتىلىشى | | ئۆزگىرىشلىرى | مەنىسى |
|---|---|---|---|
| ناپى | | | («ناپىئ» گە قاراڭ) |
| ناپىر | (ئە) | | ئۈركۈتكۈچى |
| ناپىز | (ئە) | | نوپۇزلۇق كىشى |
| ناپىئ | (ئە) | ناپى | پايدىلىق، مەنپەئەتلىك كىشى |
| ناتىق | (ئە) | | سۆزمەن، سۆزگە ماھىر؛ باياناتچى؛ ئەقىل - پاراسەتلىك (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى) |
| ناجى | (ئە) | | نىجات تاپقۇچى |
| ناجىل | (ئە) | | ئېسىلزادىلەر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان (ئەر) |
| ناجىم | (ئە) | | تۇغۇلغۇچى، بارلىققا كەلگۈچى |
| نادا | (ئە) | | سېخىي، كەڭ قول |
| نادىر | (ئە) | نادى، نادىجان، نەدى، نەدىجان، نەدىر، نەدىرجان | (1) ئەتىۋارلىق، تەڭداشسىز، تېپىلغۇسىز، كەم ئۇچرايدىغان، (2) يېڭى، گۈزەل |
| نادىل | (ئە) | نەدىل، نەدىلجان | زىياپەت خىزمەتچىسى، داستىخانچى، كۈتكۈچى |
| نادىم | (ئە) | نەدىم، نەدىمجان | پۇشايمان قىلغۇچى، تۇۋا قىلغۇچى، ئاللادىن گۇناھىنى تىلىگۈچى |
| نازەم | | | («نازىم» غا قاراڭ) |
| نازى | | | («نازىم» غا قاراڭ) |
| نازىر | (ئە) | | (1) يېڭى، گۈزەل، (2) قارىغۇچى، كۆزەتكۈچى، نەزەر سالغۇچى، (3) كۆز، (4) مۇدىر |
| نازىل | (ئە) | نەزىل، نەزىلجان | (1) چۈشكۈچى، چۈشكەن، (2) مېھمان |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| نازىم | (ئە) | نازىمجان ، نەزىم ، نەزىمجان ، نىزىم ، نىزىمجان ، نازى ، نازەم | رەتلىگۈچى ، تەرتىپكە سالغۇچى ؛ شېئىر تۈزگۈچى ، شائىر |
| ناسەك | | | («ناسىر» غا قاراڭ) |
| ناسىخ | | | («ناسىھ» كە قاراڭ) |
| ناسىر | (ئە) | ناسىرجان ، ناسى ، ناسىجان ، ناسەك | ياردەم بەرگۈچى ، مەدەتكار ؛ غەلىبە قىلغۇچى ، نۇسرەت قازانغۇچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى) |
| ناسىرئاخۇن | (ئەئۇ) | ناسىراخۇن ، نۇسىراخۇن | ناسىر : ئىسمى ، ئاخۇن : قوشۇمچىسى |
| ناسىردىنۇللا | (ئە) | | ئاللانىڭ دىنىغا ياردەم بەرگۈچى |
| ناسىرقۇل | (ئەئۇ) | ناسقۇل | مەدەتكارىمىز پەيغەمبەرنىڭ قۇلى |
| ناسىرۇللا | (ئە) | | ئاللا نۇسرەت بەرگۈچى |
| ناسىرىدىن[①] | (ئە) | | دىنىنىڭ ياردەمچىسى |
| ناسقۇل | | | («ناسىرقۇل» غا قاراڭ) |
| ناسىھ | (ئە) | ناسىخ | نەسىھەتچى ؛ سادىق ، ۋاپادار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى) |
| ناشىر | (ئە) | | تارقاتقۇچى ، ئېلان قىلغۇچى ، جاكارچى ؛ تەرغىباتچى ، نەشر قىلغۇچى ، نەشرىياتچى |
| ناشىرىدىن | (ئە) | | دىننى تەرغىب قىلغۇچى |
| ناغىد | (ئۇ) | ناغىت | چولپان يۇلتۇزى |
| ناقىس | (ئە) | | نۇقسانلىق ، كەمچىلىكى بار (بۇ يەردە كەمتەرلىك ئىپادىلىنىدۇ) |
| ناقىل | (ئە) | نەقىل | يەتكۈزگۈچى ؛ نۇسخىچى ؛ ھەرىكەتچان ، يۆتكىلىشچان |
| ناقىم | (ئە) | | ئىنتىقام ئالغۇچى ، قىساسكار |
| ناما[②] | (ئە) | | ئۆسمەك ، چوڭ بولماق (بۇ يەردە پەرزەنتىنىڭ سالامەت چوڭ بولۇپ ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى ئۈمىد قىلىنغان) |
| نامائاخۇن[③] | (ئەئۇ) | ناماخۇن | ناما : ئىسمى ، ئاخۇن : قوشۇمچىسى |

①② ئەسلىيسى «ناسىرىددىن ، نەما» .
③ «نامائاخۇن» بىلەن «نۇئمان» نىڭ بەزى ئۆزگىرىشلىرى ئوخشىشىپ قالىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| ناماق | | | ( «نوئمان» غا قاراڭ ) |
| نامان | | | ( «نوئمان» غا قاراڭ ) |
| نامانشا | | | ( «نوئمانشاھ» قا قاراڭ ) |
| نامائىدىن[1] | (ئە) | | دىنىنىڭ راۋاجى |
| نامەت | | | ( «نەئمەت» كە قاراڭ ) |
| ناھارىدىن[2] | (ئە) | | دىنىنىڭ نۇرى |
| ناھى | (ئە) | | چەكلەشكە بۇيرۇغۇچى ، چەكلىگۈچى ، توسقۇچى ، مەنئى قىلغۇچى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ) |
| ناھىن | (ئە) | | «ناھى» بىلەن ئوخشاش |
| ناۋا[3] | (پ) | | ناۋا قىلماق ، كۈيلىمەك ، سايرىماق |
| ناۋاي[4] | (ئۇ) | | كەسىپ نامى (نان يېقىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ) ، نان ياققۇچى |
| ناۋايى[5] | (پ) | | ناۋا قىلغۇچى ، كۈيلىگۈچى |
| ناۋايىدىن[6] | (پئە) | | دىنىنىڭ كۈيلىگۈچىسى |
| ناۋۇل | | | ( «نائىل» گە قاراڭ ) |
| نائىب | (ئە) | نايىپ ، نايۇپ | ئورۇنباسار ، ۋەكىل ، مۇئاۋىن |
| نائىل | (ئە) | نائىلجان ، نايىل ، نايىلجان ، ناۋۇل | كۆتكىنىگە ئېرىشكۈچى |
| نائىم | (ئە) | نايىم ، نايىمجان | يۇمشاق ، مۇلايىم ، سىلىق ، سۈپەتلىك ، پارقىراق |
| نايۇپ | | | ( «نائىب» كە قاراڭ ) |
| نايىپ | | | ( «نائىب» كە قاراڭ ) |
| نايىل | | | ( «نائىل» گە قاراڭ ) |
| نايىلجان | | | ( «نائىل» گە قاراڭ ) |
| نەبۋى | (ئە) | | پەيغەمبەرلىك ، پەيغەمبەرگە خاس |
| نەبۇۋۋەت | (ئە) | نەبۇۋەت ، نەۋبۇۋۋەت | كەلگۈسىدىن ئالدىن خەۋەر بەرمەك |
| نەبى | (ئە) | نەبىجان | ئالدىن بىلگۈچى ، خەۋەرچى ، خەۋەر يەتكۈزگۈچى ، پەيغەمبەر (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ) |

①②③④⑤⑥لارنىڭ ئەسلىيسى «نەمائىددىن ، نەھارىددىن ، نەۋا ، نانباي ، نەۋايى ، نەۋايىددىن » .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



| | | |
|---|---|---|
| نەبىرە[1] | (ئۇ) نەۋرە | بۇ، كىشىلەر نەۋرە كۆرگەنلىكىنى قۇتلۇقلاپ قويغان ئىسىم بولۇپ، «نەۋرە» ئەرەبچىدە «گۈل» مەنىسىنى بىرىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇ ئاياللارغىمۇ قويۇلىدۇ |
| نەبىرىئاخۇن | (ئۇ) نەۋراخۇن | نەبىرە: ئىسمى، ئاخۇن: قوشۇمچىسى |
| نەبىرىدىن[2] | (ئۇئە) نەۋرىدىن | دىنىنىڭ ئىز باسارى |
| نەبىل | (ئە) نەۋۋل، نەۋىل | ئۇلۇغ، ئالىي، شەرەپلىك، ھۆرمەتلىك، قەدىرلىك؛ ئەقىللىق |
| نەبىۋۇللا | | («نەبىيۇللا» غا قاراڭ) |
| نەبىيۇللا | (ئە) نەبىۋۇللا، نىبۇۋۇللا | ئاللانىڭ خەۋەرچىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆرمەت نامى) |
| نەبىلھايات[3] | (ئە) نەۋىلھايات | شەرەپلىك ھايات، ئۇلۇغ ھايات |
| نەپىر | (ئە) | نەپرەتلەنگۈچى؛ چوقان |
| نەپىز | | («نەپىس» كە قاراڭ) |
| نەپىزۇللا | | («نەپىسۇللا» غا قاراڭ) |
| نەپىس | (ئە) نەپىز | چىرايلىق، ئېسىل، قىممەتلىك |
| نەپىسۇللا | (ئە) نەپىزۇللا، نىپۇزۇللا | ئاللانىڭ چىرايلىق كىشىسى |
| نەپىق | (ئە) | يولى ئۇچۇق، سودىسى راۋان |
| نەپىقۇللا | (ئە) | ئاللانىڭ يولى ئۇچۇق بەندىسى |
| نەجات | (ئە) نىجات | يورۇقلۇق، ئازادلىق، تىنچ ـ ئامانلىق؛ قۇتۇلماق، بىخەتەرلىك |
| نەپئىيە | (ئە) نەپىيە | پايدىلىق |
| نەجىبىدىن | | («نەجىببىدىن» گە قاراڭ) |
| نەجمى | (ئە) | يۇلتۇز كەبى |
| نەجمىدىن[4] | (ئە) نەژمىدىن | دىنىنىڭ يۇلتۇزى |
| نەجۋى | (ئە) | سىر، مەخپىيەتلىك |
| نەجى | (ئە) | (1) سىرداش دوست؛ (2) ئاللا نىجادلىق بەرگەن كىشى |
| نەجىب | (ئە) نەجىپ | ئۇلۇغ، پاك، ئېسىل، ئالىيجاناب؛ مەشھۇر، داڭلىق، مۇنەۋۋەر؛ ئەقىللىق، زىرەك، ئىقتىدارلىق |
| نەجىبۇل | | («نەجىبۇللا» غا قاراڭ) |

① «نەبىرە» نىڭ تىل تەۋەلىكىنى داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بەزىلەر ئۇنى پارسچە بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ.
② بۇ ئىسمىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن «نەۋرىدىن» دېگەن ئەسلىي ئىسىم ئوخشىشىپ كېتىدۇ.
③④ لارنىڭ ئەسلىيسى «نەبىلھەيات، نەجمىددىن».

| | | | |
|---|---|---|---|
| نەجىبۇللا | (ئە ) | نەجىۋۇللا ، نەجىبۇل ، نەجىۋۇل | ئاللانىڭ پاك ، ئېسىل كىشىسى |
| نەجىبىدىن[1] | (ئە ) | نەجىبىدىن | دىنىنىڭ پاك ، ئېسىل كىشىسى يۇلتۇز |
| نەجىم[2] | (ئە ) | نېجىم ، نىجىم | |
| نەجىۋۇل | | | ( «نەجىبۇللا » غا قاراڭ ) |
| نەجىۋۇللا | | | ( «نەجىبۇللا » غا قاراڭ ) |
| نەجىيۇللا | (ئە ) | | ئاللانىڭ سىرداش دوستى ؛ ئاللا نىجاتلىق بەرگەن كىشى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ) |
| نەخشىۋەندى | | | ( «نەقشىبەندى » گە قاراڭ ) |
| نەدى[3] | (ئە ) | نەدىجان | (1) سېخىي ، (2) نىدا قىلغۇچى ، (3) «نادىر » نىڭ ئۆزگىرىشى |
| نەدىر[4] | (ئە ) | نىدىر ، نىدىرجان | (1) ئالتۇن ، (2) «نادىر » نىڭ ئۆزگىرىشى |
| نەدىرجان | | | ( «نادىر » غا قاراڭ ) |
| نەدىل | | | ( «نادىل » غا قاراڭ ) |
| نەدىلجان | | | ( «نادىل » غا قاراڭ ) |
| نەدىم[5] | (ئە ) | نەدىمجان | (1) دوست ، ھەمراھ ؛ يېقىن خىزمەتكار ، مەھرەم ، ئۇلپەت ، (2 ) «نادىم » نىڭ ئۆزگىرىشى |
| نەردىن | (ي ) | | بىر خىل خۇش پۇراق ئۆسۈملۈك |
| نەزەر | (ئە ) | | نەزەر سالماق ؛ شەپقەت ، ياخشىلىق ، ئىلتىپات |
| نەزەرئالىم | (ئە ) | | ئالىمنىڭ نەزىرى چۈشكەن ، ئىلتىپاتى ، شەپقىتى يەتكەن ئوغۇل ( «ئالىم » مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ) |
| نەزەرئەلى | (ئە ) | نەزەرلى | نەزەر : ئىسمى ، ئەلى : سۈپىتى |
| نەزەرباقى | (ئە ) | | ئاللا مەڭگۈلۈك شەپقەت قىلغان ئوغۇل |

[1][2]لارنىڭ ئەسلىيسى «نەجىبىددىن ، نەجم» .
[3][4][5]يۇقىرىقى ئىسىملار ئەسلىي ئىسىم بولۇپمۇ ۋە «نادىر ، نادىم» لارنىڭ ئۆزگىرىشى بولۇپمۇ كېلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| نەزەرباي | (ئەئۇ ) | نەزەرۋاي | نەزەر : ئىسمى ، باي : سۈپىتى . ھەممىنىڭ پادىشاھى — ئاللانىڭ ئىلتىپاتى ، شەپقىتى يەتكەن كىشى |
| نەزەرشاھ | (ئەپ ) | نەزەرشا | |
| نەزەرقۇل | (ئەئۇ ) | | ئىلتىپات ، شەپقەتنىڭ قۇلى |
| نەزەرلى | | | ( «نەزەرئەلى » گە قاراڭ ) |
| نەزەرۇلئەلى | (ئە ) | نەزۇرلى | ھەممىدىن ئۈستۈن ئاللانىڭ شەپقىتى |
| نەزەرۇللا | (ئە ) | نەزىرۇل ، نەزىرۇللا | ئاللانىڭ ئىلتىپاتى |
| نەزەرۋاي | | | ( «نەزەرباي » غا قاراڭ ) |
| نەزۇرلى | | | ( «نەزەرۇلئەلى » گە قاراڭ ) |
| نەزۋەت | (ئە ) | | سەكرەپ چىقماق |
| نەزى | (ئە ) | | ساپ ، پاك ، ئاق |
| نەزىپ | (ئە ) | | پاك ، پاكىز |
| نەزىر | (ئە ) | | ئاگاھلاندۇرغۇچى (بۇ ئىسمغا گەرچە كۆپ خىل مەنە بېرىلسىمۇ ، بىراق بۇ يەردە ئاساسلىقى ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم بولغانلىقتىن ، يۇقىرىقى مەنە تۇپ مەنە ھېسابلىنىدۇ ؛ «يېڭى ، كۆركەم » دېگەن مەنىلەر قوشۇمچە قىلىنىدۇ ) |
| نەزىرۇل | | | ( «نەزەرۇللا » غا قاراڭ ) |
| نەزىرۇللا | | | ( «نەزەرۇللا » غا قاراڭ ) |
| نەزىرىدىن[1] | (ئە ) | | (1 ) دىنىنىڭ ئاگاھلاندۇرغۇچىسى ، (2 ) دىنىنىڭ نۇرى |
| نەزىل | (ئە ) | نەزىلجان | (1 ) مېھمان ، قونۇچى ، (2 ) «نازىل » نىڭ ئۆزگىرىشى |
| نەزىم[2] | (ئە ) | نىزىم | «نازىم » بىلەن ئوخشاش |
| نەزىمەت | | | ( «نەزىممۇھەممەد » كە قاراڭ ) |
| نەزىمتاي | (ئەئۇ ) | نىزىمتاي | نەزىم : ئىسمى ، تاي : سۈپىتى |
| نەزىمجان | (ئەپ ) | نىزىمجان | «نازىم » بىلەن ئوخشاش |
| نەزىممەت | | | ( «نەزىممۇھەممەد » كە قاراڭ ) |
| نەزىممۇھەممەد | (ئە ) | نەزىممەت ، نىزەمەت ، نەزىمەت | نەزىم : ئىسمى ، مۇھەممەد : سۈپىتى |

[1] ئەسلىيسى «نەزىرىددىن » .
[2] «نەزىم » بىلەن «نازىم » نىڭ ئۆزگىرىشلىرى ئوخشىشىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| نەزىيۇل | | | ( «نەزىيۇللا» غا قاراڭ ) |
| نەزىيۇللا | (ئە ) | نەزىيۇل | ئاللانىڭ پاك ، ئاق بەندىسى |
| نەژمىدىن | | | ( «نەجمىدىن» گە قاراڭ ) |
| نەسۇ | | | ( «نەسۇھا» غا قاراڭ ) |
| نەسۇھا[1] | (ئە ) | نەسۇ | سادىق ، سادىقلىق |
| نەسرۇل | | | ( «نەسرۇللا» غا قاراڭ ) |
| نەسرۇللا | (ئە ) | نەسرۇل ، نەسرۇللام | ئاللانىڭ نۇسرىتى ، ئاللانىڭ ياردىمى |
| نەسرىدىن[2] | (ئە ) | | دىنىنىڭ نۇسرىتى ، غەلىبىسى |
| نەسرىدىنۇللا | (ئە ) | | ئاللانىڭ دىنىنىڭ غەلىبىسى |
| نەسى | | | ( «نەسىر» گە قاراڭ ) |
| نەسىب[3] | (ئە ) | نەسىپ ، نەسىپجان ، نىسىپ ، نىسىپجان | (1) مۇناسىپ ، (2) نېسىپ بولغۇچى ، ھەسسە ، نېسىۋە ، (3) ئېسىل نەسەبتىن كېلىپ چىققان ، (4) مەنسەپكە تەيىنلىمەك |
| نەسىبۇل | | | ( «نەسىبۇللا» غا قاراڭ ) |
| نەسىبۇللا | (ئە ) | نەسىبۇل ، نەسىۋۇل ، نەسىۋۇللا ، نىسىبۇللا ، نىسىبۇل ، نىسىۋۇللا | ئاللا ئاتا قىلغان نېسىۋە |
| نەسىبىدىن | (ئە ) | نەسىۋىدىن ، نەسىۋىدىن ، نىسىۋىدىن | دىن ئاتا قىلغان نېسىۋە |
| نەسىر | (ئە ) | نەسى | «ناسىر» غا ئوخشاش |
| نەسىم | (ئە ) | نەسىمجان | سالقىن ، مەيىن ، يېقىملىق شامال |
| نەسىھ | (ئە ) | | «ناسىھ» بىلەن ئوخشاش |
| نەشپۈت[4] | (ئۇ ) | | مېۋە نامى |
| نەشۋەت[5] | (ئە ) | نەشپەت[6] | تەم ، پۇراق |
| نەشرىدىن | (ئە ) | | دىن تارقاتقۇچى ؛ دىننى تەرغىب قىلغۇچى ( «ناشىرىدىن» گە ئوخشاش ) |
| نەغەم | | | ( «نەئىم» گە قاراڭ ) |
| نەغمەت | | | ( «نەئمەت» كە قاراڭ ) |
| نەغىم | | | ( «نەئىم» گە قاراڭ ) |

[1][3] «نەسۇھا ، نەسىب» ئاياللارغىمۇ قويۇلىدۇ .
[2] ئەسلىيسى «نەسرىددىن» .
[4][5] «نەشپۈت» بىلەن «نەشۋەت» ئوخشاش مەنىدىن كەلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن .
[6] «نەشپەت» بولسا «نەشئەت» تىنمۇ ئۆزگىرىدۇ ۋە ئاياللارغا قويۇلىدۇ .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



| | | |
|---|---|---|
| نەقاخۇن | | ( «نەقىئاخۇن» غا قاراڭ ) |
| نەقشجاھان① | (ئەپ ) | جاھاننىڭ زىننىتى |
| نەقشبەندى | (ئە ) نەخشىۋەندى | بەندىنىڭ زىننىتى |
| نەقۇل | | ( «نەقىيۇللا » غا قاراڭ ) |
| نەقۇللا | | ( «نەقىيۇللا » غا قاراڭ ) |
| نەقى | (ئە ) نىقى | پاك ، پاكىز ، غۇبارسىز |
| نەقىئاخۇن | (ئەئۇ ) نەقاخۇن | نەقى : ئىسمى ، ئاخۇن : قوشۇمچىسى |
| نەقىب | (ئە ) نەقىپ ، نىقىپ | رەئىس ، باشلىق |
| نەقىر | (ئە ) | يىلتىز ، تۇپ ، مەنبە ؛ غەزەپلىك |
| نەقىل | (ئە ) نىقىل | (1) ھەرىكەتچان ، جانلىق ؛ نەقىلچى ، (2) «ناقىل» نىڭ ئۆزگىرىشى |
| نەقىيۇل | | ( «نەقىيۇللا » غا قاراڭ ) |
| نەقىيۇللا | (ئە ) نەقۇل ، نەقۇللا ، نەقىيۇل | ئاللانىڭ ئەڭ پاك كىشىسى |
| نەكرى | (ئە ) | پەم ـ پاراسەتلىك |
| نەكىر | (ئە ) | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| نەمەت | | ( «نەئمەت» كە قاراڭ ) |
| نەمەك | | ( «نەئمەت» كە قاراڭ ) |
| نەمەنشا | | ( «نۇئمانشاھ» قا قاراڭ ) |
| نەمتەم | | ( «نىئمىتۇللا » غا قاراڭ ) |
| نەمتۇل | | ( «نىئمىتۇللا » غا قاراڭ ) |
| نەمتۇللا | | ( «نىئمىتۇللا » غا قاراڭ ) |
| نەمى | (ئە ) نەمىجان | «ناما» بىلەن ئوخشاش |
| نەمىتەم | | ( «نىئمىتۇللا » غا قاراڭ ) |
| نەمىتۇللا | | ( «نىئمىتۇللا » غا قاراڭ ) |
| نەمىجان | | ( «نەمى» گە قاراڭ ) |
| نەمىر | (ئە ) | يولۋاس ، يىلپىز ؛ پاك ، پاكىز ، ساپ |
| نەمىرىدىن | (ئە ) | دىنىنىڭ پاك كىشىسى |
| نەمىل | (ئە ) | چاققان ، چەبدەس |
| نەۋبەت | (ئە ) | نۆۋەت ، پۇرسەت ؛ دەۋر |
| نەۋبەتى | (ئە ) | دەۋرگە خاس |
| نەۋبەر | (پ ) | يېڭى نوتا ، يېڭى مېۋىلىك دەرەخ ، ياش ئۆسۈملۈك |
| نەۋدار | (پ ) نودەر ، نۆدەر | يېڭى ، ياش (ئىران شاھلىرىدىن بىرىنىڭ نامى ) |

① ئەسلىيسى «نەقشجەھان» .

| | | |
|---|---|---|
| نەۋراخۇن | | ( «نەبىرىئاخۇن» غا قاراڭ ) |
| نەۋرە① | | ( «نەبىرە» گە قاراڭ ) |
| نەۋرۇز | (پ ) نورۇز | باش باهار ، يېڭى كۈن ، يىل بېشى ( «نورۇزدا تۇغۇلغان» دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ ) |
| نەۋرىدىن② | | ( «نەبىرىدىن» گە قاراڭ ) |
| نەۋزاد | (پ ) نەۋزات | بوۋاق ، يېڭى تۇغۇلغان بالا ؛ يېڭى ئەۋلاد |
| نەۋسەر | | ( «نەۋسەھەر» گە قاراڭ ) |
| نەۋسەردىن | | ( «نەۋسەھەرىدىن» گە قاراڭ ) |
| نەۋسەھەر | (پئە ) نەۋسەر ، نوسەر | يېڭى سەھەر ، يېڭى تاڭ ، باش سەھەر |
| نەۋسەھەرىدىن | (پئە ) نەۋسەردىن | دىنىنىڭ يېڭى سەھىرى |
| نەۋشاد | (پ ) نەۋشات | يېڭى خۇشاللىق |
| نەۋشىر | (پ ) | يېڭى تۇغۇلغان شىر بالىسى |
| نەۋقان | (پئۇ ) نوقان | ياش قان ، ياش يىگىت ، يېڭى قان ، يېڭى ئەۋلاد |
| نەۋقىران | (پئە ) | يېڭى ، قىرانلىق دەۋر ، تولغان دەۋر |
| نەۋكەر | (پ ) نوكەر | يېڭى ئەسكەر ؛ قۇل ، چاكار ، ياللانغۇچى ، ياللانما ئەسكەر |
| نەۋكەرىدىن | (پئە ) | دىنىنىڭ چاكىرى |
| نەۋكەرۇللا | (پئە ) | ئاللانىڭ چاكىرى |
| نەۋمىدىن | | ( «نەئىمىدىن» گە قاراڭ ) |
| نەۋۇل | | ( «نەبىل» گە قاراڭ ) |
| نەۋىل | | ( «نەبىل» گە قاراڭ ) |
| نەۋىلهايات | | ( «نەبىلهايات» قا قاراڭ ) |
| نەئمەت | (ئە ) نامەت ، نەمەت ، نە-مەك ، نەغمەت | خۇشال ، خاتىرجەم ؛ خۇشدىل |
| نەئىم | (ئە ) نەيىم ، نەيىمجان ، نەغەم ، نەغىم | خۇشال ، خاتىرجەم ، بەختلىك ، خاتىرجەملىك ، خۇشاللىق |
| نەئىمبەگ | (ئەئۇ ) نەيىمبەگ | خۇشال ، خاتىرجەم ئەر |
| نەئىمۇللا | (ئە ) نەيمۇللا ، نەيمۇل ، نىمۇللا ، نىمۇل | ئاللانىڭ شەپقىتى ، ئاللانىڭ مەدھىيەسى |
| نەئىمىدىن | (ئە ) نەيمىدىن | دىنىنىڭ هۇزۇرى ، دىنىنىڭ راهىتى ، دىنىنىڭ بەختى ۋە خاتىرجەملىكى |

①② «نەۋرە ، نەۋرىدىن» ئەگەر «نەبىرە ، نەبىرىدىن» نىڭ ئۆزگىرىشى بولمىغاندا ، «گۈل ، نۇرلۇق ؛ دىنىنىڭ گۈلى ، دىنىنىڭ ئىزباسارى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| نەيران | | | ( «نەييىران» غا قاراڭ ) |
| نەيمۇل | | | ( «نەئىمۇللا» غا قاراڭ ) |
| نەيمۇللا | | | ( «نەئىمۇللا» غا قاراڭ ) |
| نەيمىدىن | | | ( «نەئىمىدىن» گە قاراڭ ) |
| نەيىم | | | ( «نەئىم» گە قاراڭ ) |
| نەيىمجان | | | ( «نەئىم» گە قاراڭ ) |
| نەييىران | (ئە) | نەيران | قۇياش ۋە ئاي |
| نودەر | | | ( «نەۋدار» غا قاراڭ ) |
| نورۇز | | | ( «نەۋرۇز» غا قاراڭ ) |
| نوسەر | | | ( «نەۋسەھەر» گە قاراڭ ) |
| نوقان | | | ( «نەۋقان» غا قاراڭ ) |
| نوكەر | | | ( «نەۋكەر» گە قاراڭ ) |
| نۇجۇب | (ئە) | نۇجۇبى ، نۇجۇپ | مۇنەۋۋەر ، مەشھۇر |
| نۇجۇبۇللا | (ئە) | نۇجۇپۇللا ، نۇجىۋۇللا ، نۇجىۋۇل | ئاللانىڭ مۇنەۋۋەر كىشىسى ، ئاللا مەشھۇرلۇقنى بەرگەن كىشى |
| نۇجۇم | (ئە) | | يۇلتۇزلار ، پىلانېتالار |
| نۇر[1] | (ئە) | نۇرجان ، نۇرەك ، نۇرەم ، نۇراق ، نۇرەش ،نۇرەشخان ، نۇرۇم | نۇردەك گۈزەل ئوغۇل ، كۆزۈمنىڭ نۇرى (بۇ يەردە پەرزەنت نۇرغا ئوخشىتىلغان بولۇپ ، كۆپىنچە «نۇر» نى «ئوغۇل» ياكى مۇناسىپ جايدا «قىز» دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ ) |

---

① ئۇيغۇرلار «نۇر» نى ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ بەلگىسى قىلىپ ، ياكى پەرزەنتلىرىنى نۇرغا ئوخشىتىپ ، «كۆزۈمنىڭ نۇرى ، نۇردەك گۈزەل ، چىرايلىق» دېگەن مەنىلەردە ئوغۇل ـ قىزلارغا ئورتاق قوللىنىدۇ . قىزلارغا ئىشلىتىدىغاندا «خان ، گۈل ، قىز ، بىبى (بۇۋى ) ، نىسا» قاتارلىق تەركىبلەرنى سۈپەت تەرىقىسىدە قوشىدۇ . «نۇر» قىزلارغا قوللىنىلغاندا «نۇرۇق» تىن باشقا ، ئومۇمەن سەتلىمە ئىسىملارغىمۇ كۆپ ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ . «نۇر» نىڭ ئەرلەرگە قوللىنىلىشى ئۇنىڭ ئاللانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى بولغانلىقىدا ، ئاياللارغا ئىشلىتىلىشى ئۇنىڭ گۈزەللىك ۋە يورۇقلۇقنىڭ مەنبەسى ۋە سىمۋولى بولغانلىقىدا ؛ چۈنكى گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرى كۆپىنچە ئاياللار ئىسمى بولۇپ كېلىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، بۇ ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ قۇياشنى ئۇلۇغلاش ، يورۇقلۇققا تەلپۈنۈش ئېتىقادىنىڭ ئەكس ئېتىشى ھېسابلىنىدۇ . ئەمما ، بەزى ئەرلەر ئىسىملىرىدا «نۇر» نى ئىسىم قىلىپ قويۇپ بولغاندىن كېيىن ، مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن كەمسىتىپ ئاتاش نەتىجىسىدە «نۇرەك ، نۇرەم ، نۇراق ، نۇرەش» دېگەندەك سەتلىمە ئىسىملار پەيدا بولىدۇ . ئومۇمەن ، «نۇر» مەيلى يالغۇز ياكى باشقا ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ ، ئىلگىرى ـ كېيىن كەلسۇن ، ئۇ «پەرزەنت» نىڭ سىمۋولىدۇر . مەسىلەن ، «نۇر» ئۆزى ئوغۇل پەرزەنتنى كۆرسەتسە ، «نۇرگۈل» قىز پەرزەنتنى كۆرسىتىدۇ . «نۇرتاي» مۇ «تايچاقتەك ئوغۇل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە ، «نۇرجەمىلە» بولسا «گۈزەل قىز» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ . دېمەك ، «نۇر» ئەر ـ ئاياللارنىڭ مۇناسىپ ئىسىملىرىنىڭ بېشىغا ياكى ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىپ ، خۇددى «خوجا ، شاھ ، مۇھەممەد ، مىر ، مىرزا» قاتارلىق ئەرلەرگە خاس ، شۇنىڭدەك «ئاي ، گۈل ، قىز ، نىسا» قاتارلىق ئاياللارغا خاس ئىسىم ياسىغۇچىلار ياكى ئۆزگەرتكۈچىلەرگە ئوخشاش يېڭى ئىسىم ياساشتا ۋە ئىسىملارنى ئوخشىمايدىغان شەكىلگە ئىگە قىلىپ ئۆزگەرتىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ . بىراق ، «نۇر» نىڭ «پەرزەنت» مەنىسىنى بېرىشى ۋە ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئىسىملىرىنى پەرقلەندۈرۈشى مۇتلەق ئەمەس . مەسىلەن ، «نۇرۇللا» بولسا «ئاللانىڭ نۇرى» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ ؛ ئۇنى «ئاللانىڭ ئوغلى» دەپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ . «نۇرزاد» (نۇرزات ) نى ئەرلەرگىمۇ ، ئاياللارغىمۇ ئورتاق قوللىنىش مۇمكىن .

| | | |
|---|---|---|
| نۇرئابدۇللا[1] | (ئە) نۇرئـابلا ، نـۇرابلا ، نۇراۋلا | ئابدۇللا : ئىسمى ، نۇر : سۆپىتى («ئابدۇللا» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆپەتلىرىدىن بىرى) |
| نۇرئابىد | (ئە) نۇراۋۇت | ئىبادەتگۆي ئوغۇل |
| نۇرئاخۇن | (ئەئۇ) نۇراخۇن ، نۇراق | نۇر : ئىسمى ، ئاخۇن : قوشۇمچىسى |
| نۇرئادىل | (ئە) نۇرادىل | ئادالەت نۇرى ؛ ئادىل ئوغۇل |
| نۇرئازاد[2] | (ئەپ) نۇرئازات | ئازادلىق نۇرى |
| نۇرئاسىم | (ئە) نۇراسىم | پاكلىق نۇرى ؛ پاك ئوغۇل |
| نۇرئاسمان | (ئەپ) نۇرەسمەن[3] ، نۇراسمان | كۆكتىن تارالغان نۇر ، كۆكتىن چۈشكەن نۇر ، قۇياش نۇرى (بۇ يەردە «ئەرش ئوغلى» دېگەن مەنىمۇ ئىپادىلىنىدۇ) |
| نۇرئالىي[4] | (ئە) نۇرالى ، نۇرالىجان | ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ، چىرايلىق ئوغۇل («ئالىي» بولسا ئاللانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى) |
| نۇرئالىم[5] | (ئە) نۇرالىم | ئالىمنىڭ نۇرى ؛ ئالىم ئوغۇل («ئالىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆپەتلىرىدىن بىرى) |
| نۇرئامان | (ئە) نۇرئامانجان | تىنچ ـ ئامان ئوغۇل |
| نۇرئامەد | (ئەپ) نۇرامەت | ئامەتلىك ئوغۇل |
| نۇرابلا | | («نۇرئابدۇللا» غا قاراڭ) |
| نۇراجى | | («نۇرھاجى» غا قاراڭ) |
| نۇراخۇن | | («نۇرئاخۇن» غا قاراڭ) |
| نۇرادىل | | («نۇرئادىل» غا قاراڭ) |
| نۇراسمان | | («نۇرئاسمان» غا قاراڭ) |
| نۇراسىم | | («نۇرئاسىم» غا قاراڭ) |
| نۇراشىم | | («نۇرھاشىم» غا قاراڭ) |
| نۇراق | | («نۇر ، نۇرئاخۇن» غا قاراڭ) |
| نۇرالى | | («نۇرئالىي» غا قاراڭ) |
| نۇرالىجان | | («نۇرئالىي» غا قاراڭ) |

①②③④⑤يۇقىرىقى ئىسىملار ۋە مۇشۇ باپتىكى «نۇر» نى سۆپەت قىلىپ كەلگەن كۆپ قىسىم ئىسىملارنىڭ ئىككى تەركىبى ئەسلىدە «ى» بىلەن باغلىناتتى («نۇرئالىي ـ نۇرىئالىي» ، «نۇرئالىم ـ نۇرىئالىم» ) بولاتتى . لېكىن بۇ يەردە ئادەتتىكىدەك ئېلىندى . كېيىن كېلىدىغان مۇشۇ خىل ئىسىملارنىڭ ھەممىسىدە «ى» قىسقارتىلدى . «نۇرئازاد» ئاياللارغىمۇ قويۇلىدۇ . «نۇرئاخۇن» مۇ «نۇراق» قا ئۆزگىرىدۇ . «نۇرەسمەن» ئاياللارغا قويۇلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



| | | |
|---|---|---|
| نۇرالىم | | ( «نۇرئالىم» غا قاراڭ ) |
| نۇرام | | ( «نۇرھامىدىن» گە قاراڭ ) |
| نۇرامەت[1] | | ( «نۇرئامەد ، نۇرئەھمەد» كە قاراڭ ) |
| نۇرامبەگ | | ( «نۇرۇمبەگ» كە قاراڭ ) |
| نۇرامىت | | ( «نۇرھامىد» كە قاراڭ ) |
| نۇرامىدىن | | ( «نۇرھامىدىن» گە قاراڭ ) |
| نۇرئەلى | (ئە) | نۇر : ئىسمى ، ئەلى : سۈپىتى |
| نۇرانى | (ئە) | نۇرلۇق ، پارلاق |
| نۇراۋلا | | ( «نۇرئابدۇللا» غا قاراڭ ) |
| نۇراۋۇت | | ( «نۇرئابىد» كە قاراڭ ) |
| نۇرئەپشان | (ئەپ) نۇرەپشان | چىچىلغان نۇر |
| نۇرئەلى | (ئە) نۇرەلى | ئەلىدەك باتۇر ئوغۇل |
| نۇرئەمەر | | ( «نۇرئۆمەر» گە قاراڭ ) |
| نۇرئەھمەد | (ئە) نۇرەخمەت ، نۇرەمەت ، نۇرەھمەت ، نۇرامەت | ئەھمەدنىڭ نۇرى ( «ئەھمەد» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسملىرىدىن بىرى ) |
| نۇرئەينە | (ئە) نۇرھەينە ، نۇرھىنە | كۆز نۇرى |
| نۇرەپشان | | ( «نۇرئەپشان» غا قاراڭ ) |
| نۇرەخمەت | | ( «نۇرئەھمەد» كە قاراڭ ) |
| نۇرەش | | ( «نۇر» غا قاراڭ ) |
| نۇرەشخان[2] | | ( «نۇر» غا قاراڭ ) |
| نۇرەك | | ( «نۇر» غا قاراڭ ) |
| نۇرەلى | | ( «نۇرئەلى» گە قاراڭ ) |
| نۇرەم | | ( «نۇر» غا قاراڭ ) |
| نۇرەمەت | | ( «نۇرئەھمەد» كە قاراڭ ) |
| نۇرەھمەت | | ( «نۇرئەھمەد» كە قاراڭ ) |
| نۇرباي | (ئەئۇ) | نۇر : ئىسمى ، باي : سۈپىتى |
| نۇربەختى | (ئەپ) | بەخت نۇرى |
| نۇربەخش | (ئەپ) | ئاللا بىر ئوغۇل بەردى |
| نۇربەگ | (ئەئۇ) | بەگ ئوغۇل |
| نۇربول | (ئەئۇ) | نۇردەك چىرايلىق يىگىت بولغىن |

① «نۇرئامەد ، نۇرئەھمەد» ئوخشاشلا «نۇرامەت» كە ئۆزگىرىدۇ .
② «نۇرەشخان» يەنىلا ئەرلەرگە قويۇلىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| نۇرپولات | (ئەپ) | | پولاتتەك مۇستەھكەم ئىرادىلىك ئوغۇل |
| نۇرتاجى | (ئە) | | شاھنىڭ تاجىدىن چاقنىغان نۇر |
| نۇرتالىب | (ئە) | نۇرتالىپ | ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى ئوغۇل |
| نۇرتاي | (ئەئۇ) | | تايچاقتەك شوخ ئوغۇل |
| نۇرتەيىب | (ئە) | نۇرتېيىپ، نۇرتەيىپ | ياخشى، ئېسىل ئوغۇل («تەيىب» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى) |
| نۇرتېكىن | (ئەئۇ) | | نۇرلۇق شاھزادە |
| نۇرتىللا | (ئەئۇ) | نۇرتىللام | تىللادەك ئېسىل، قىممەتلىك ئوغۇل |
| نۇرجان | (ئەپ) | | كۆز نۇرى، جانجىگەر |
| نۇرچەشمە | (ئەپ) | | «نۇرئەينە» گە ئوخشاش |
| نۇرخوجا | (ئەپ) | نۇرغوجى | خوجىنىڭ — ئاللانىڭ نۇرى |
| نۇردۇم | | | («نۇردىن» گە قاراڭ) |
| نۇردۇن | | | («نۇردىن» گە قاراڭ) |
| نۇردۆلەت | (ئە) | | دۆلەتمەن ئوغۇل |
| نۇردىل | (ئەپ) | | قەلبى نۇر بىلەن يورۇغان |
| نۇردىن | | | («نۇردىن» گە قاراڭ) |
| نۇرراخمان | | | («نۇررەھمان» غا قاراڭ) |
| نۇررەخمان | | | («نۇررەھمان» غا قاراڭ) |
| نۇررەھمان | (ئە) | نۇرراخمان، نۇررەخمان | رەھىم ـ شەپقەتلىك ئاللانىڭ نۇرى |
| نۇرزاد① | (ئەپ) | نۇرزات | نۇر ئوغلى، نۇردىن تۆرەلگەن |
| نۇرزاھىد | (ئە) | نۇرزايىت | تەقۋادار ئوغۇل |
| نۇرزەمىن | (ئە) | نۇرزېمىن | زېمىنغا تارالغان نۇر؛ زېمىن ئوغلى |
| نۇرساپا② | (ئە) | | ساپالىق، پاك ئوغۇل |
| نۇرسالى | | | («نۇرسالىھ» كە قاراڭ) |
| نۇرسالىھ | (ئە) | نۇرسالى | ياخشى ئوغۇل |
| نۇرساھىب | (ئە) | نۇرسايىپ | ئاللا ئىگەم بەرگەن ئوغۇل |
| نۇرسايىت | | | («نۇرسەئىد» كە قاراڭ) |
| نۇرسەت | | | («نۇرسەئىد» كە قاراڭ) |

① «نۇرزاد» ئاياللارغىمۇ قويۇلىدۇ.
② ئەسلىيسى «نۇرسەپا».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| نۇرسەر | | | ( «نۇرسەھەر » گە قاراڭ ) |
| نۇرسەلىم | (ئە ) | نۇرسېلىم | ساغلام ئوغۇل |
| نۇرسەئدۇللا | (ئە ) | نۇرسەيدۇل ، نۇرسەيدۇللا | سەئدۇللا : ئىسمى ، نۇر : سۈپىتى |
| نۇرسەئىد | (ئە ) | نۇرسايىت ، نۇرسەيت ، نۇرسېيىت ، نۇرسەت | بەختلىك ئوغۇل ، بەخت نۇرى |
| نۇرسەيدۇل | | | ( «نۇرسەئدۇللا » غا قاراڭ ) |
| نۇرسەيدۇللا | | | ( «نۇرسەئدۇللا » غا قاراڭ ) |
| نۇرسەييىد | (ئە ) | نۇرسېيىت ، نۇرسەيىت | پەيغەمبەرنىڭ نۇرى |
| نۇرسۇبھى | (ئە ) | نۇرسۇبى | «نۇرسەھەر » گە ئوخشاش |
| نۇرسۇلتان | (ئە) | | ھەممىنىڭ سۇلتانى بولغان ئاللانىڭ نۇرى |
| نۇرسېيىت[1] | | | ( «نۇرسەئىد ، نۇرسەييىد » كە قاراڭ ) |
| نۇرشا | | | ( «نۇرشاھ » قا قاراڭ ) |
| نۇرشاد | (ئە ) | نۇرشات ، نۇرشاتجان | شاد ـ خۇرام ئوغۇل |
| نۇرشاھ | (ئەپ ) | نۇرشا | شاھ (ئاللا ) نىڭ نۇرى |
| نۇرشەرىپ | (ئە ) | نۇرشېرىپ ، نۇرشىرىپ | ئۇلۇغلارنىڭ نۇرى |
| نۇرغازى | (ئە ) | | غازى ئوغۇل |
| نۇرغالى | (ئە ) | | قىممەتلىك ئوغۇل |
| نۇرغوجى | | | ( «نۇرخوجا » غا قاراڭ ) |
| نۇرغۇلام | (ئەپ ) | | ياش ئوغۇل ، ئۆسمۈر بالا |
| نۇرقامەت | (ئە ) | | قامەتلىك ، كېلىشكەن ئوغۇل |
| نۇرقەد[2] | (ئە ) | نۇرقەت | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| نۇرقەن[3] | (ئەپ ) | | قەندەك تاتلىق ئوغۇل |
| نۇرقۇت | (ئەئۇ ) | | بەخت نۇرى |
| نۇركامال[4] | (ئە ) | | كامالەتكە يەتكەن ئوغۇل |
| نۇركامىل | (ئە ) | | كامىل ئوغۇل |
| نۇركەنجى | (ئەئۇ ) | | ئاخىرقى ، ئەڭ كىچىك ئوغۇل |
| نۇرلان | (ئۇ ) | | نۇرغا تول ، چىرايلىق يىگىت بول |

① «نۇرسەئىد ، نۇرسەييىد » ئوخشاشلا «نۇرسېيىت » كە ئۆزگىرىدۇ .
②③④ ئەسلىيسى «نۇرقەدد ، نۇرقەنت ، نۇركەمال » .

| | | | |
|---|---|---|---|
| نۇرلەق | | | ( «نۇرۇلھەق» كە قاراڭ ) |
| نۇرمەت | | | ( «نۇرمۇھەممەد» كە قاراڭ ) |
| نۇرمەمەت | | | ( «نۇرمۇھەممەد» كە قاراڭ ) |
| نۇرمەممەت | | | ( «نۇرمۇھەممەد» كە قاراڭ ) |
| نۇرمەھەممەت | | | ( «نۇزمۇھەممەد» كە قاراڭ ) |
| نۇرمۇسا | (ئەئى) | | نۇر : ئىسمى ، مۇسا : قوشۇمچىسى |
| نۇرمۇھەممەد | (ئە) | نۇرمەت ، نۇرمەمەت ، نۇرمەممەت ، نۇرمە- ھەممەت ، نۇرىمەت | مۇھەممەدنىڭ نۇرى |
| نۇرمۇھەممەدئەلى | (ئە) | نۇرمۇھەممەتئېلى | نۇرمۇھەممەد : ئىسمى ، ئەلى : سۈپىتى |
| نۇرمىرزا | (ئەپ) | | ئالىم ئوغۇل |
| نۇرنامەت | | | ( «نۇرنەئمەت» كە قاراڭ ) |
| نۇرنەمەت | | | ( «نۇرنەئمەت» كە قاراڭ ) |
| نۇرنەئمەت | (ئە) | نۇرنامەت ، نۇرنەمەت | خۇشدىل يىگىت |
| نۇرنەجات | (ئە) | نۇرنىجات | نىجاتلىق ، ئازادلىق نۇرى |
| نۇرنىمەت | | | ( «نۇرنىئمەت» كە قاراڭ ) |
| نۇرنىئمەت | (ئە) | نۇرنىمەت | شەپقەتلىك ئوغۇل |
| نۇرھاجى | (ئە) | نۇراجى | ھاجى ئوغۇل (نۇر : ئىسمى ، ھاجى : سۈپىتى ) |
| نۇرھاشىم | (ئە) | نۇراشىم | ھاشىم : ئىسمى ، نۇر : سۈپىتى |
| نۇرھامىد | (ئە) | نۇرامىت | ھامىد : ئىسمى ، نۇر : سۈپىتى ( «ھامىد» مۇھەممەد ئەلەيھىسسا- لامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ) |
| نۇرھامىددىن① | (ئە) | نۇرامىدىن ، نۇرام | ھامىدىن : ئىسمى ، نۇر : سۈپىتى |
| نۇرھەسەن | (ئە) | | ھەسەن : ئىسمى ، نۇر : سۈپىتى |
| نۇرھۇدا | (ئە) | نۇرھۇداخان② | ھىدايەت نۇرى ؛ توغرا يول تاپقۇچى يىگىت |
| نۇرھۇسەيىن③ | (ئە) | نۇرھۇسەن | ھۇسەيىن : ئىسمى ، نۇر : سۈپىتى |
| نۇرۇدۇن | | | ( «نۇرىدىن» گە قاراڭ ) |
| نۇرۇل | | | ( «نۇرۇللا» غا قاراڭ ) |
| نۇرۇللا | (ئە) | نۇرۇل | ئاللانىڭ نۇرى ، ئاللا بەرگەن ئوغۇل |

①③ ئەسلىيسى «نۇرھامىددىن ، نۇرھۇسەيىن» .
② «نۇرھۇداخان» يەنىلا ئەرلەرگە قويۇلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| نۇرۇلھەق | (ئە) | نۇرلەق | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| نۇرۇم | (ئەئۇ) | نۇرام[1] | كۆزۈمنىڭ نۇرى ئوغلۇم |
| نۇرۇمبەگ | (ئەئۇ) | نۇرامبەگ | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| نۇرئۆمەر[2] | (ئە) | نۇرگەمەر | ئۆمەر : ئىسمى ، نۇر : سۈپىتى («ئۆمەر» چاھارىيارلاردىن بىرىنىڭ ئىسمى ) |
| نۇرۇن | (ئە) | نۇرىن | نۇر |
| نۇرۇنتېكىن | (ئەئۇ) | نۇرىنتېكىن | «نۇرتېكىن» گە ئوخشاش |
| نۇرى | (ئە) | | نۇرلۇق ، شانلىق ، پارلاق |
| نۇرىن | | | («نۇرۇن» غا قاراڭ ) |
| نۇرىدىن[3] | (ئە) | نۇردۇن ، نۇردۇم ، نۇردىن ، نۇرۇدۇن | دىنىنىڭ نۇرى |
| نۇرىللا | | | («نۇرۇللا» غا قاراڭ ) |
| نۇرىمەت | | | («نۇرمۇھەممەد» كە قاراڭ ) |
| نۇرىنتېكىن | | | («نۇرۇنتېكىن» گە قاراڭ ) |
| نۇزەت | | | («نۇزھەت» كە قاراڭ ) |
| نۇزھەت[4] | (ئە) | نۇزەت | ھاۋا يېمەك ، ئايلانماق ، كۆڭۈل ئاچماق |
| نۇزۇر | (ئە) | | (1) ئاگاھلاندۇرغۇچى ؛ يول باشلىغۇچى ، (2) ئارزۇغا لايىق |
| نۇسەر | | | («نۇرسەھەر» گە قاراڭ ) |
| نۇسرەتئاخۇن[5] | (ئەئۇ) | نۇسراخۇن | نۇسرەت : ئىسمى ، ئاخۇن : قوشۇمچىسى |
| نۇسرىتۇللا[6] | (ئە) | نۇسرىتۇل | ئاللانىڭ ياردىمى |
| نۇشىرۋان | (پ) | نۇشۇرۋان | قەدىمكى ئىراننىڭ ئادالەتپەرۋەر شاھلىرىدىن بىرى |
| نۇمانشا | | | («نۇئمانشاھ» قا قاراڭ ) |
| نۇمىدىن | | | («نۇئمىدىن» غا قاراڭ ) |
| نۇھ | (ئى) | | نۇھ پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى . مەنىسى : قايغۇ ، يىغا ، ئازاب |
| نۇئمان | (ئە) | نامان ، ناماق ، ناما ، ناماخۇن ، نۇئىمان | ئىمام ئەزەمنىڭ ئىسمى بولۇپ ، مەنىسى (1) باياشات ، (2) قان |

---

① «نۇرھامىدىن» بىلەن «نۇرۇم» ئوخشاشلا «نۇرام» غا ئۆزگىرىدۇ .
②③⑥ ئەسلىيسى «نۇرئۆمەر ، نۇرۇددىن ، نۇسرەتۇللا» .
④ «نۇزھەت» ئاياللارغىمۇ قويۇلىدۇ .
⑤ «نۇسرەتئاخۇن» دىكى «نۇسرەت» ئاياللارغا قويۇلىدۇ . شۇڭا ئۇنىڭ مەنىسى ئۈچۈن شۇ ئىسىم كۆرسىتىلگەن ئورۇنغا قاراڭ .

| | | |
|---|---|---|
| نۇئمانخان | (ئەئۇ) نامانخان[1] | نۇئمان : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| نۇئمانشاھ | (ئەپ) نامانشا ، نەمانشا ، نۇمانشا | نۇئمان : ئىسمى ، شاھ : سۈپىتى |
| نۇئمىدىن | (ئە) نۇمىدىن | دىنىنىڭ ياخشىلىقى |
| نۇئىمان | | («نۇئمان» غا قاراڭ) |
| نۆدەر | | («نەۋدار» غا قاراڭ) |
| نىجىم | | («نەجىم» گە قاراڭ) |
| نىغمەت | | («نىئمەت» كە قاراڭ) |
| نىگىن | (پ) | ئۈزۈككە قويۇلغان ياقۇت |
| نىمەت | | («نىئمەت» كە قاراڭ) |
| نىمىتۇللا | | («نىئمىتۇللا» غا قاراڭ) |
| نىبۇۋۇللا | | («نەبىيۇللا» غا قاراڭ) |
| نىپۇزۇللا | | («نەپىسۇللا» غا قاراڭ) |
| نىجات | | («نەجات» قا قاراڭ) |
| نىجىم | | («نەجىم» گە قاراڭ) |
| نىدا[2] | (ئە) | ئاۋاز چىقارماق ، توۋلىماق ، چاقىرماق ، تەلەپ قىلماق (بۇ يەردە ئاللاغا نىدا قىلىپ ، تەلەپ قىلغاندىن كېيىن تۇغۇلغان پەرزەنت دېگەن مەنىدە كېلىدۇ) |
| نىدىر | | («نەدىر» گە قاراڭ) |
| نىدىرجان | | («نەدىر» گە قاراڭ) |
| نىران | (ئە) | نۇر ، يورۇق («نەيىران» غا ئوخشاش) |
| نىزاجى | | («نىيازھاجى» غا قاراڭ) |
| نىزاخۇن | | («نىيازئاخۇن» غا قاراڭ) |
| نىزار | (پ) | زار ، زارلانماق ؛ زەئىپ ، ئاجىز |
| نىزاق | | («نىزامىدىن» گە قاراڭ) |
| نىزام | (ئە) | تەرتىپ ، تۈزۈم ، سىستېما ، ئۇسۇل ، پىرىنسىپ |
| نىزامەت | | («نىزامۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| نىزامۇھەممەد | (ئە) نىزامەت ، نىزەمەت | نىزام : ئىسمى ، مۇھەممەد : سۈپىتى (مۇھەممەدنىڭ تەرتىپ ـ تۈزۈملىرى) |

① «نامانخان» يەنىلا ئەرلەرگە قويۇلىدۇ .
② «نىدا» ئاياللارغىمۇ قويۇلىدۇ .

www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| نىزامۇق | | | («نىزامىدىن» گە قاراڭ) |
| نىزامۇلمۇلۇك | (ئە) | نىزامۇلمۇلىك | ھەممىگە ھۆكۈمران پادىشاھنىڭ تەرتىپ ـ تۈزۈملىرى (ئاللانىڭ تەرتىپ ـ تۈزۈملىرى) |
| نىزامىدىن① | (ئە) | نىزاق ، نىزامۇق ، نىزەمۇق ، نىزۇق | دىنىنىڭ قانۇن ـ پىرىنسىپلىرى |
| نىزەمەت② | | | («نىزامىمۇھەممەد ، نەزىمىمۇھەممەد» كە قاراڭ) |
| نىزۇق | | | («نىزامىدىن» گە قاراڭ) |
| نىزىم | | | («نەزىم» گە قاراڭ) |
| نىزىمجان | | | («نەزىمجان» غا قاراڭ) |
| نىسىبۇل | | | («نەسىبۇللا» غا قاراڭ) |
| نىسىبۇللا | | | («نەسىبۇللا» غا قاراڭ) |
| نىسۇۋۇللا | | | («نەسىبۇللا» غا قاراڭ) |
| نىسۇۋىدىن | | | («نەسىبىدىن» گە قاراڭ) |
| نىسىپ | | | («نەسىپ» كە قاراڭ) |
| نىسىپجان | | | («نەسىپ» كە قاراڭ) |
| نىشاد | (پ) | نىشات ، نىشاتجان | خۇشاللىق |
| نىشان | (پ) | نىشانجان | غايە ، مەقسەت ، مۇددىئا ؛ ئىزناك |
| نىغمەت | | | («نىئمەت» كە قاراڭ) |
| نىغمەتشا | | | («نىئمەتشاھ» قا قاراڭ) |
| نىغمەتشاھ | | | («نىئمەتشاھ» قا قاراڭ) |
| نىغمىتۇللا | | | («نىئمىتۇللا» غا قاراڭ) |
| نىقى | | | («نەقى» گە قاراڭ) |
| نىقىپ | | | («نەقىب» كە قاراڭ) |
| نىقىل | | | («نەقىل» گە قاراڭ) |
| نىمەت | | | («نىئمەت» كە قاراڭ) |
| نىمەتشا | | | («نىئمەتشاھ» قا قاراڭ) |
| نىمىتۇللا | | | («نىئمىتۇللا» غا قاراڭ) |
| نىمشەھىد | (پئە) | نىمشېھىت | يېرىم شەھىد (نىمشېھىت ئارمىيە ئەلى دامولىلىنىڭ تەخەللۇسى) |
| نىمۇل | | | («نەئىمۇللا» غا قاراڭ) |
| نىمۇللا | | | («نەئىمۇللا» غا قاراڭ) |
| نىھال | (پ) | | مايسا ، نوتا ؛ ياش ، يۇمران نوتا ؛ پاك ، يېڭى |

① ئەسلىيسى «نىزامۇددىن» .
② «نىزامىمۇھەممەد ، نەزىمىمۇھەممەد» ئوخشاشلا «نىزەمەت» كە ئۆزگىرىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| نىۋار | (ئۇ) | | ئورخۇن شاھلىرىدىن بىرىنىڭ نامى |
| نىۋىر | (ئە) | | «مۇنىر» بىلەن ئوخشاش |
| نىئمەت | (ئە) | نېمەت، نىمەت، نېغمەت، نىغمەت | ئىلتىپات، مەرھەمەت، ياخشىلىق، نېمەت، ساخاۋەت |
| نىئمەتشاھ | (ئەپ) | نىغمەتشاھ، نىغمەتشا، نىمەتشا | شاھ (ئاللا) نىڭ ئىلتىپاتى |
| نىئمەتۇللا① | (ئە) | نېمەتۇللا، نىمەتۇللا، نىمتۇل | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| نىياب | (ئە) | نىياپ | ۋاكالەتچى، ۋەكىل، ئەزا |
| نىيار | (ئە) | | نۇر چاچماق |
| نىياز | (پ) | | موھتاج، ھاجەت، ھاجەتمەن، ئېھتىياج، قۇل، بەندە، چاكار؛ تىلەش؛ تۆھپە، ئاللاغا ئاتالغان سەدىقە؛ بەخشەندە قىلىنغان نەرسە؛ قۇللۇق بىلدۈرمەك، يالۋۇرماق، قۇللۇق قىلماق، ئۆتۈنمەك، ئۈمىد قىلماق |
| نىيازئاخۇن | (پئۇ) | نىزاخۇن | نىياز: ئىسمى، ئاخۇن: قوشۇمچىسى |
| نىيازئەكبەر | (پئە) | | ھەممىدىن ئۇلۇغ ئاللاغا بەخشەندە قىلىنغان |
| نىيازئەلى | (پئە) | | ئەلىگە بەخشەندە قىلىنغان |
| نىيازئەھمەد | (پئە) | نىيازئەخمەت، نىيازئەمەت | ئەھمەدكە بەخشەندە قىلىنغان («ئەھمەد» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى) |
| نىيازباقى | (پئە) | نىيازۋاقى | مەڭگۈلۈك بەخشەندە قىلىنغان، مەڭگۈلۈك ئالەمگە ئۆزىنى بېغىشلىغان |
| نىيازبەگ | (پئۇ) | نىيازۋەگ | نىياز: ئىسمى، بەگ: سۆپىتى |
| نىيازتاي | (پئۇ) | | نىياز: ئىسمى، تاي: قوشۇمچىسى |
| نىيازخوجا | (پ) | نىيازغوجى | خوجىغا ـ ئاللاغا موھتاجلىق قىلغۇچى |
| نىيازقۇل | (پئۇ) | | ئاللاغا قۇللۇق قىلغۇچى |
| نىيازمەت | | | («نىيازمۇھەممەد» كە قاراڭ) |

① ئەسلىيسى «نىئمەتۇللا». بۇ ئىسىمنىڭ يەنە «نىغمىتۇللا، نەمتۇللا، نەمتۇل، نەمتۇللا، نەمىستۇللا، نىمىتۇل، نەمىتەم، نەمتەم» قاتارلىق ئۆزگىرىشلىرى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| نىيازمەمەت | | | ( «نىيازمۇھەممەد» كە قاراڭ ) |
| نىيازمەممەت | | | ( «نىيازمۇھەممەد» كە قاراڭ ) |
| نىيازمۇھەممەد | (پئە) | نىيازمەت ، نىياز-مەمەت ، نىيازمەمە-مەت | مۇھەممەدكە قۇللۇق قىلغۇچى |
| نىيازھاجى | (پئە) | نىزاجى | نىياز : ئىسمى ، ھاجى : سۈپىتى |
| نىيازۋاقى | | | ( «نىيازباقى» غا قاراڭ ) |
| نىيازۋەگ | | | ( «نىيازبەگ» كە قاراڭ ) |
| نىيەت | | | ( «نىييەت» كە قاراڭ ) |
| نىيتاخۇن | | | ( «نىييەتئاخۇن» غا قاراڭ ) |
| نىييەت | (ئە) | نىيەت ، نىيەتجان | ئىرادە ، مەقسەت ، ئارزۇ ، قارار ، مۇددىئا |
| نىييەتئاخۇن | (ئەئۇ) | نىيتاخۇن | نىييەت : ئىسمى ، ئاخۇن : قوشۇمچىسى |

## ئاياللار ئۈچۈن

| ئاتىلىشى | | ئۆزگىرىشلىرى | مەنىسى |
|---|---|---|---|
| نابىغە | (ئە) | | مەشھۇر ، داڭلىق |
| ناجىرە | (ئە) | | تۈزلىگۈچى ، سىلىقلىغۇچى |
| ناجىلە | (ئە) | | ئۇستۇن نەسەبلىك |
| ناجىيە | (ئە) | | قۇتۇلغۇچى ، نىجات تاپقۇچى |
| نادىخان | | | ( «نادىرە» گە قاراڭ ) |
| نادىرە | (ئە) | نادىرەم | «نادىر» بىلەن ئوخشاش |
| نادىرخان | (ئەئۇ) | نادىخان | تەڭداشسىز ئايال |
| نادىرگۈل | (ئەپ) | نادىگۈل | تەڭداشسىز قىز |
| نادىرنىسا | (ئە) | | نادىر ئايال ، تەڭداشسىز ئايال |
| نادىخان | | | ( «نادىرخان» غا قاراڭ ) |
| نادىگۈل | | | ( «نادىرگۈل» گە قاراڭ ) |
| نادىلە | (ئە) | نادىلەم | «نادىل» بىلەن ئوخشاش |
| نادىمە | (ئە) | نەدىمە | «نادىم» بىلەن ئوخشاش |
| نادىيە | (ئە) | نادىيەم | (1) چاقىرغۇچى ، (2) زاماننىڭ ھادىسىلىرى ۋە ئۆزگىرىشلىرى |
| نازاپەت[1] | (ئە) | | پاكىزلىق |
| نازاكەت[2] | (ئە) | | ناز ، جىلۋە ، ئەدەپ ، نازۇكلۇق |
| نازاھەت[3] | (ئە) | | پاكلىق |

[1][2][3] ئەسلىيسى «نەزاپەت ، نەزاكەت ، نەزاھەت» .

| | | | |
|---|---|---|---|
| نازەم | | | ( «نازى» گە قاراڭ ) |
| نازۇك | (ئە) | نۇزۇك | يېقىملىق ، يۇزى تۆۋەن ، نېپىز ، ئەۋرىشىم ، ئىنچىكە |
| نازۇكئاي | (ئەئۇ) | نۇزۇكئاي ، نۇزۇكاي | نازۇك قىز ، يۇزى تۆۋەن قىز |
| نازۇكخان | (ئەئۇ) | نۇزۇكخان | نازاكەتلىك ، جىلۋىلىك ئايال |
| نازۇكۇم | (ئەئۇ) | نازۇگۇم ، نۇزۇكۇم ، نۇزۇگۇم | مېنىڭ نازۇك ، يۇزى تۆۋەن قىزىم |
| نازۇخان | (پئۇ) | نازىخان ، نۇزىخان | نازۇك ئايال |
| نازۇگۇم | | | ( «نازۇكۇم» غا قاراڭ ) |
| نازۇگۇل | (پ) | نازىگۇل ، نۇزىگۇل | نازۇك ، نازلىق ، گۈزەل قىز |
| نازى | (پ) | نازەم | نازلىق ، نازغا خاس |
| نازىخان | | | ( «نازۇخان» غا قاراڭ ) |
| نازىگۇل | | | ( «نازۇگۇل» گە قاراڭ ) |
| نازىرە | (ئە) | نازىرەم | (1) «نازىر» بىلەن ئوخشاش ، (2) كۆز ، (3) قىز نازارەتچى ، باشلىق |
| نازىلە | (ئە) | نازىلەم | (1) «نازىل» بىلەن ئوخشاش ؛ (2) مۇسىبەت ، ئاپەت |
| نازىلخان | (ئەئۇ) | | نازىل : ئىسمى ، خان : سۈپىتى (مېھمان ئايال ) |
| نازىلەخان | (ئەئۇ) | | نازىلە : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| نازىلەم | (ئەئۇ) | | مېنىڭ نازىلە قىزىم |
| نازىمە | (ئە) | نازىمەم | «نازىم» بىلەن ئوخشاش |
| نازىمخان | (ئەئۇ) | | نازىم : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| نازىمگۇل | (ئەپ) | | نازىم : ئىسمى ، گۇل : سۈپىتى |
| نازىنە | (پ) | | «ناز» دېگەن سۆز تومۇرى ئاساسىدا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ياسالغان ئىسىم بولۇپ ، مەنىسى : نازلىق ، خۇلقلىق ، ئەركە |
| نازىنىن | (پ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| نازىيە | (پئە) | نازىيەم | نازلىق قىز ( «نازى» غا ئوخشاش ) |
| ناسىب[1] | (ئە) | ناسىپ | (1) مۇناسىپ ، (2) قورغۇچى ، (3) نەسەبىنى ئەسلىگۈچى |

① «ناسىب» ئەرلەرگىمۇ قويۇلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| ناسىبە | (ئە) | ناسىپەم | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ناسىبخان | (ئەئۇ) | ناسىپخان | مۇناسىپ ئايال |
| ناسىخە | | | («ناسىھە» گە قاراڭ) |
| ناسىرە | (ئە) | ناسىرەم | (1) «ناسىر» بىلەن ئوخشاش، (2) پەلەستىندىكى بىر جاينىڭ نامى |
| ناسىھە | (ئە) | ناسىخە | «ناسىھ» بىلەن ئوخشاش |
| ناشىئە | (ئە) | ناشىيە | ياش قىز |
| ناشىرە | (ئە) | | ئېلانچى، تەشۋىقاتچى |
| ناشىيە | | | («ناشىئە» گە قاراڭ) |
| ناقىسە | (ئە) | | «ناقىس» بىلەن ئوخشاش |
| ناقىلە | (ئە) | | «ناقىل» بىلەن ئوخشاش |
| نالە | (ئە) | | ئېرىشمەك |
| نالىخان | (ئەئۇ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| نالىدە | | | («نالىھەدە» گە قاراڭ) |
| نالىگۈل | (ئەپ) | | «نالە» گە ئوخشاش |
| نالىھەدە | (ئەئۇ) | نالىدە | نالە: ئىسمى، ھەدە: قوشۇمچىسى |
| نامىيە | (ئە) | | ئۆسۈش كۈچى، ئىقتىدارى بار (قىز) |
| ناھار① | (ئە) | | كۈندۈز |
| ناھارگۈل② | (ئەپ) | | كۈندۈز گۈلى |
| ناھىلە | (ئە) | | دائىم بۇلاق بېشىغا بارىدىغان |
| ناۋات③ | (پ) | | بىر خىل تاتلىق يېمەكلىك |
| ناۋاتئاي | (پئۇ) | | ناۋاتتەك قىز |
| ناۋاتخان | (پئۇ) | | ناۋاتتەك ئايال |
| ناۋاخان④ | (پئۇ) | | «ناۋا» بىلەن ئوخشاش |
| ناۋاگۈل⑤ | (پ) | | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| ناۋايىگۈل⑥ | (پ) | | «ناۋايى» گە ئوخشاش |
| نائىبە | (ئە) | نايىپە | «نائىب» بىلەن ئوخشاش |
| نائىبخان | (ئەئۇ) | نايىپخان | نائىب: ئىسمى، خان: سۈپىتى |
| نائىبگۈل | (ئەپ) | نايىپگۈل | نائىب: ئىسمى، گۈل: سۈپىتى |
| نائىلە | (ئە) | نايىلە | «نائىل» بىلەن ئوخشاش |
| نائىلخان | (ئەئۇ) | نايىلخان | نائىل: ئىسمى، خان: سۈپىتى |
| نائىلقىز | (ئەئۇ) | نايىلقىز | نائىل: ئىسمى، قىز: قوشۇمچىسى |

①②③④⑤⑥ لارنىڭ ئەسلىيسى «نەھار، نەھارگۈل، نەباد، نەۋاخان، نەۋاگۈل، نەۋائىيگۈل».

| | | |
|---|---|---|
| نائىمە | (ئە) نايىمە | «نائىم» بىلەن ئوخشاش |
| نائىمخان | (ئەئۇ) نايىمخان | نائىم : ئىسمى ، خان : سۆيپتى |
| نائىمقىز | (ئەئۇ) نايىمقىز | نائىم : ئىسمى ، قىز : قوشۇمچىسى |
| نائىمگۈل | (ئەپ) نايىمگۈل | نائىم : ئىسمى ، گۈل : سۆيپتى |
| نايىپە | | («نائىبە» گە قاراڭ) |
| نايىپخان | | («نائىبخان» غا قاراڭ) |
| نايىپگۈل | | («نائىبگۈل» گە قاراڭ) |
| نايىلە | | («نائىلە» گە قاراڭ) |
| نايىلخان | | («نائىلخان» غا قاراڭ) |
| نايىلقىز | | («نائىلقىز» غا قاراڭ) |
| نايىمە | | («نائىمە» گە قاراڭ) |
| نايىمخان | | («نائىمخان» غا قاراڭ) |
| نايىمقىز | | («نائىمقىز» غا قاراڭ) |
| نايىمگۈل | | («نائىمگۈل» گە قاراڭ) |
| نەبە | (ئە) نەبەم | ئۇچۇر ، خەۋەر («قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى) |
| نەبىئە | (ئە) نەبىيەم | «نەبى» بىلەن ئوخشاش |
| نەبىرە[1] | (ئۇ) نەبىرەم | (ئەرلەر ئۇچۇن بىرىلگەن «نەبىرە» گە قاراڭ) |
| نەبىرىخان | (ئۇ) نەۋرىخان ، نىۋىرىخان | نەبىرە : ئىسمى ، خان : سۆيپتى |
| نەبىرىقىز | (ئۇ) نەۋرىقىز | نەبىرە : ئىسمى ، قىز : قوشۇمچىسى |
| نەبىرىگۈل | (ئۇپ) نەۋرىگۈل | نەبىرە : ئىسمى ، گۈل : سۆيپتى |
| نەبىلاي | | («نەبىلئاي» غا قاراڭ) |
| نەبىلە | (ئە) نەبىلەم | «نەبىل» بىلەن ئوخشاش |
| نەبىلئاي | (ئەئۇ) نەبىلاي | شەرەپلىك ، ئۇلۇغ (ئايال) |
| نەبىيەم | | («نەبىئە» گە قاراڭ) |
| نەپىسگۈل | (ئەپ) نەپسگۈل | پايدا يەتكۈزۈدىغان قىز |
| نەپىرە | (ئە) نەپىرەم | «نەپىر» بىلەن ئوخشاش |
| نەپىزە | | («نەپىسە» گە قاراڭ) |
| نەپىسە | (ئە) نەپىزە | گۈزەل ، نازۇك ، ئىسىل ، قىممەتلىك |
| نەپسگۈل | | («نەپىسگۈل» گە قاراڭ) |

① «نەبىرە» ئەرلەرگىمۇ قويۇلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| نەجۋە | (ئە) | | «نەجات» قا ئوخشاش |
| نەجۋەت | (ئە) | | ئېگىز ئورۇن |
| نەجۇبە | (ئە) | نەجۇپە | قەدىرلىك بولدى |
| نەجىبە | (ئە) | نەجىپە | «نەجىب» بىلەن ئوخشاش |
| نەجىمە[1] | (ئە) | | «نەجىم» بىلەن ئوخشاش |
| نەجىمخان | (ئەئۇ) | | يۇلتۇز كەبى ئايال |
| نەجىمگۈل | (ئەپ) | | يۇلتۇز كەبى قىز |
| نەجىۋە | (ئە) | | نىجات تاپقان |
| نەدىراي | | | ( «نەدىرئاي» غا قاراڭ ) |
| نەدىرە | (ئە) | | «نادىرە» بىلەن ئوخشاش |
| نەدىرئاي | (ئەئۇ) | نەدىراي | نەدىرە : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |
| نەدىرخان | (ئەئۇ) | | نەدىرە : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| نەدىماي | | | ( «نەدىمئاي» غا قاراڭ ) |
| نەدىمە | (ئە) | | «نادىم» ۋە «نەدىم» لەر بىلەن ئوخشاش |
| نەدىمئاي | (ئەئۇ) | نەدىماي | نەدىمە : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |
| نەدىمخان | (ئەئۇ) | | نەدىمە : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| نەدىمگۈل • | (ئەپ) | | نەدىمە : ئىسمى ، گۈل : سۈپىتى |
| نەدىيە | (ئە) | | «نەدى» بىلەن ئوخشاش |
| نەرجىس | (پ) | نەرگىس ، نەرگىسە ، نەركىزە | بىر خىل گۈل نامى . مەنىسى : سۇ پەرىسى |
| نەرسىدە | | | ( «نەۋرەسىدە» گە قاراڭ ) |
| نەركىزە | | | ( «نەرجىس» كە قاراڭ ) |
| نەرگىسە | | | ( «نەرجىس» كە قاراڭ ) |
| نەزەرئاي | (ئەئۇ) | | نەزەردىكى قىز |
| نەزەرخان | (ئەئۇ) | | نەزەردىكى ئايال |
| نەزەرگۈل | (ئەپ) | | «نەزەرئاي» بىلەن ئوخشاش |
| نەززارە | (ئە) | | كۆرگۈچىلەر ، تاماشىبىن ؛ كۆزەينەك |
| نەززەتگۈل | (ئەپ) | | نەزەر (سۇ) : ئىسمى ، گۈل : سۈپىتى |
| نەزىپە | (ئە) | نىزىپەم ، نەزىپەم | پاكىز ئايال |
| نەزىپىئاي | (ئەئۇ) | نىزىپىئاي | پاك قىز |
| نەزىپىخان | (ئەئۇ) | نىزىپىخان | پاك ئايال |
| نەزىپىگۈل | (ئەپ) | نىزىپىگۈل | پاك ، پاكىز قىز |

① ئەسلىيسى «نەجمە» .

| | | |
|---|---|---|
| نەزىراي | | ( «نەزىرئاي » غا قاراڭ ) |
| نەزىرە | (ئە ) نەزىرەم | (1) «نەزىر » بىلەن ئوخشاش ، (2) يېڭى ، كۆركەم ، ياخشى ، چىرايلىق ، (3) سوۋغات ، تەقدىم قىلىنغان نەرسە ؛ شەپقەت |
| نەزىرئاي | (ئەئۇ ) نەزىراي | كۆركەم ، چىرايلىق قىز |
| نەزىرخان | (ئەئۇ ) | شەپقەتلىك ئايال |
| نەزىرگۈل | (ئەپ ) | شەپقەتلىك قىز |
| نەزىلە | (ئە ) | مېھمان ( «نەزىل ، نازىل » بىلەن ئوخشاش ) |
| نەزىمە | (ئە ) | «نەزىم ، نازىم » بىلەن ئوخشاش |
| نەزىمخان | (ئەئۇ ) | نەزىم : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| نەزىمگۈل | (ئەپ ) | نەزىم : ئىسمى ، گۈل : سۈپىتى |
| نەزىيە | (ئە ) | «نەزى » بىلەن ئوخشاش |
| نەسەب | (ئە ) نەسەپ ، نىسەپ | مەنسۇپلۇق ، خاسلىق ، قانداشلىق ، تۇغقانچىلىق |
| نەسەبخان | (ئەئۇ ) نەسەپخان ، نىسەپخان | نەسەب : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| نەسەبقىز | (ئەئۇ ) نەسەپقىز ، نىسەپقىز | نەسەب : ئىسمى ، قىز : قوشۇمچىسى |
| نەسەبگۈل | (ئەپ ) نەسەپگۈل ، نىسەپگۈل | نەسەب : ئىسمى ، گۈل : سۈپىتى |
| نەسىبە | (ئە ) نەسىپە ، نەسىپەم ، نىسىپە ، نىسىپەم | «نەسىب ، ناجىلە » گە ئوخشاش |
| نەسىبخان | (ئەئۇ ) نەسىپخان | نەسىبە : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| نەسىبگۈل | (ئەپ ) نەسىپگۈل | نەسىبە : ئىسمى ، گۈل : سۈپىتى |
| نەسخە | | ( «نەسىھە » گە قاراڭ ) |
| نەسخەم | | ( «نەسىھە » گە قاراڭ ) |
| نەسىرە | (ئە ) | «نەسىر » بىلەن ئوخشاش |
| نەسىرخان | (ئەئۇ ) | نەسىرە : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| نەسىرگۈل | (ئەپ ) | نەسىرە : ئىسمى ، گۈل : سۈپىتى |
| نەسىمە | (ئە ) | «نەسىم » بىلەن ئوخشاش |
| نەسىمخان | | ( «نەسىمىخان » غا قاراڭ ) |
| نەسىمگۈل | | ( «نەسىمىگۈل » گە قاراڭ ) |
| نەسىمىخان | (ئەئۇ ) نەسىمخان | نەسىمە : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |

www.uyghurkitap.com



| | | |
|---|---|---|
| نەسىمگۈل | (ئەپ) نەسىمگۈل | نەسىمە : ئىسمى ، گۈل : سۈپىتى |
| نەسىھە | (ئە) نەسىخە ، نەسىخەم | سادىق ، ۋاپادار ؛ نەسىھەت ، تەربىيە ، يېتەكچىلىك |
| نەشائەت | (ئە) نەشاخان ، نىشاخان | تۇغۇلماق ، ئۆسمەك ، چوڭ بولماق (بۇ يەردە پەرزەنتنىڭ ئۆمرىنى تىلەش ئارزۇسى ئەكس ئېتىدۇ ) |
| نەشئەت① | (ئە) نەشەت ، نەشپەت | تۇغۇلماق ، ياشىماق ، تەرەققىي قىلماق ؛ ياش بىر ئەۋلاد ، يېڭى بىر ئەۋلاد |
| نەغىمە | | ( «نەئىمە» گە قاراڭ ) |
| نەغىمەم | | ( «نەئىمە» گە قاراڭ ) |
| نەقىبە | (ئە) نەقىپە | ئەقىل |
| نەقىبئاي | (ئەئۇ) نەقىپئاي | ئەقىللىق قىز |
| نەقىرە | (ئە) | «نەقىر» بىلەن ئوخشاش |
| نەقىلە | (ئە) | «نەقىل» بىلەن ئوخشاش |
| نەقىمە | (ئە) | ئىنتىقام |
| نەقىيە | (ئە) | «نەقى» بىلەن ئوخشاش |
| نەكىرە | (ئە) | «نەكىر» بىلەن ئوخشاش |
| نەمۇنە | (ئە) نەمۇنەم | ئۈلگە ، ئۆرنەك |
| نەمۇنىخان | (ئەئۇ) | نەمۇنىلىك ئايال (قىز ) |
| نەمۇنىقىز | (ئەئۇ) | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| نەمىرە | (ئە) | «نەمىر» بىلەن ئوخشاش (چىشى بولۋاس ) |
| نەھلىببۇۋى | | ( «نەھلىببىبى» گە قاراڭ ) |
| نەھلىببىبى | (ئەپ) نەھلىببۇۋى | (1) دىيانەتلىك خېنىم ؛ (2) ھەسەل ھەرىسىدەك ئىشچان خېنىم |
| نەۋباھار | (پ) | باش باھار ، تۇنجى باھار ، يېڭى باھار |
| نەۋرەسىدە | (پئە) نەرسىدە | يېڭىدىن يېتىلگەن قىز |
| نەۋرۇزئاي | (پئۇ) نورۇزئاي | نورۇزدا تۇغۇلغان قىز |
| نەۋرۇزخان | (پئۇ) نورۇزخان | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| نەۋرۇزگۈل | (پ) نورۇزگۈل | يۇقىرىقىغا ئوخشاش (بۇ يەردە «باھار گۈلىدەك چىرايلىق» دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ ) |
| نەۋرىخان | | ( «نەبىرىخان» غا قاراڭ ) |

① «نەشئەت» بىلەن «نەشۋەت» ئوخشاشلا «نەشپەت» كە ئۆزگىرىدۇ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| نەۋرىقىز | | | ( «نەبىرىقىز» غا قاراڭ ) |
| نەۋرىگۈل | | | ( «نەبىرىگۈل» گە قاراڭ ) |
| نەۋسەرگۈل | | | ( «نەۋسەھەرگۈل» گە قاراڭ ) |
| نەۋسەھەرگۈل | (پئەپ) | نەۋسەرگۈل ، نوسەرگۈل | تاڭ سەھەردىكى گۈل ، سەھەردە ئېچىلغان گۈل |
| نەۋسىما[1] | (پئە) | نەۋسىمە | يېڭى ئوبراز ، يېڭى سۈرەت ، يېڭى چىراي |
| نەۋشادگۈل | (پ) | نەۋشاتگۈل | يېڭى خۇشاللىق گۈلى ؛ يېڭى خۇشاللىق كەلتۈرگەن قىز |
| نەۋقانگۈل | (پئۇپ) | نوقانگۈل | يېڭى قانلىق قىز |
| نەئبە | (ئە) | | قاغىنىڭ قاقىلدىشى |
| نەئماي | | | ( «نەئىمئاي» غا قاراڭ ) |
| نەئمە | (ئە) | نەئىمەم ، نەغمەم ، نەغمە | «نەئىم» بىلەن ئوخشاش (خۇشال ، خاتىرجەم ، بەختلىك ) |
| نەئىمئاي | (ئەئۇ) | نەئماي | نەئمە : ئىسمى ، ئاي : سۈپىتى |
| نەئىمخان | (ئەئۇ) | نەيمخان | نەئمە : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| نەئىمقىز | (ئەئۇ) | نەيمقىز | نەئمە : ئىسمى ، قىز : قوشۇمچىسى |
| نەئىمگۈل | (ئەپ) | نەيمگۈل | نەئمە : ئىسمى ، گۈل : سۈپىتى |
| نەيمخان | | | ( «نەئىمخان» غا قاراڭ ) |
| نەيمقىز | | | ( «نەئىمقىز» غا قاراڭ ) |
| نەيمگۈل | | | ( «نەئىمگۈل» گە قاراڭ ) |
| نورۇزئاي | | | ( «نەۋرۇزئاي» غا قاراڭ ) |
| نورۇزخان | | | ( «نەۋرۇزخان» غا قاراڭ ) |
| نورۇزگۈل | | | ( «نەۋرۇزگۈل» گە قاراڭ ) |
| نوسەرگۈل | | | ( «نەۋسەھەرگۈل» گە قاراڭ ) |
| نوقانگۈل | | | ( «نەۋقانگۈل» گە قاراڭ ) |
| نۇجەيمە | (ئە) | | كىچىك بىر يۇلتۇز ( «نەجمە» نىڭ كىچىكلىتىلىشى ) |
| نۇخان | | | ( «نۇرخان» غا قاراڭ ) |
| نۇخېنىم | | | ( «نۇرخېنىم» غا قاراڭ ) |
| نۇرئالەم | (ئە) | نۇرالەم | ئالەمگە تارالغان نۇر |
| نۇرئالىيە | (ئە) | نۇرالىيە | ئۈستۈن ئورۇندىكى قىز |
| نۇرئالىيەم | (ئەئۇ) | نۇرالىيەم | مېنىڭ ئۈستۈن ئورۇندىكى قىزىم |

① ئەسلىيسى «نەۋسىيما» .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| نۇرئالىيخان | (ئەئۇ) | نۇرالىخان | نۇرئالىي : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| نۇرئالىيقىز | (ئەئۇ) | نۇرالىقىز | نۇرئالىي : ئىسمى ، قىز : قوشۇمچىسى |
| نۇرئالىيگۈل | (ئەپ) | نۇرالىگۈل | نۇرئالىي : ئىسمى ، گۈل : سۈپىتى |
| نۇرئالىمە | (ئە) | نۇرالىمە | «نۇرئالىم» بىلەن ئوخشاش |
| نۇرئالىمگۈل | (ئەپ) | نۇرالىمگۈل | نۇرئالىم : ئىسمى ، گۈل : سۈپىتى |
| نۇرئامىنە | (ئە) | نۇرامىنە | خاتىرجەم ، تىنچ ـ ئامان ، بىخەتەر ، ئىشەنچلىك قىز |
| نۇرئامىنەم | (ئەئۇ) | نۇرامىنەم | مېنىڭ خاتىرجەم ، ئىشەنچلىك قىزىم |
| نۇرئامىنىخان | (ئەئۇ) | نۇرامىنىخان | نۇرئامىنە : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| نۇرئامىنىقىز | (ئەئۇ) | نۇرامىنىقىز | نۇرئامىنە : ئىسمى ، قىز : قوشۇمچىسى |
| نۇرئامىنىگۈل | (ئەپ) | نۇرامىنىگۈل | نۇرئامىنە : ئىسمى ، گۈل : سۈپىتى |
| نۇرئاي | (ئەئۇ) | نۇراي | ئاي نۇرى |
| نۇرئايىم | (ئەئۇ) | نۇرايىم | مېنىڭ ئايدەك نۇرلۇق قىزىم |
| نۇرالەم | | | ( «نۇرئالەم» گە قاراڭ ) |
| نۇرالىيە | | | ( «نۇرئالىيە» گە قاراڭ ) |
| نۇرالىيەم | | | ( «نۇرئالىيەم» گە قاراڭ ) |
| نۇرالىخان | | | ( «نۇرئالىيخان» غا قاراڭ ) |
| نۇرالىقىز | | | ( «نۇرئالىيقىز» غا قاراڭ ) |
| نۇرالىگۈل | | | ( «نۇرئالىيگۈل» گە قاراڭ ) |
| نۇرالىمە | | | ( «نۇرئالىمە» گە قاراڭ ) |
| نۇرالىمگۈل | | | ( «نۇرئالىمگۈل» گە قاراڭ ) |
| نۇرامىنە | | | ( «نۇرئامىنە» گە قاراڭ ) |
| نۇرامىنەم | | | ( «نۇرئامىنەم» گە قاراڭ ) |
| نۇرامىنىخان | | | ( «نۇرئامىنىخان» غا قاراڭ ) |
| نۇرامىنىگۈل | | | ( «نۇرئامىنىگۈل» گە قاراڭ ) |
| نۇران | (ئەپ) | | نۇرلار ؛ نۇر يۈزلۈك |
| نۇرانە | (ئەپ) | | يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان |
| نۇرانەم | (ئەپئۇ) | | مېنىڭ نۇرانە قىزىم |
| نۇرانقىز | (ئەپئۇ) | | نۇر يۈزلۈك قىز |

| | | |
|---|---|---|
| نۇرانگۇل | (ئەپ) | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| نۇرانىسا | (ئەپئە) نۇرانسا | نۇرانە ئايال |
| نۇرانى | (ئە) | پارلاق، شانلىق، نۇرلۇق، يورۇق، جۇلالىق، نۇر سۈپەت |
| نۇرانسا | | («نۇرانىسا» غا قاراڭ) |
| نۇرانىم | (ئەئۇ) | مېنىڭ نۇرلۇق قىزىم |
| نۇرانىيە | (ئە) | «نۇرانى» بىلەن ئوخشاش |
| نۇرايىم | | («نۇرئايىم» غا قاراڭ) |
| نۇرئەلا① | (ئە) نۇرەلا، نۇرىلە، نۇرەلەم | ئەڭ ئۈستۈن ئورۇندىكى قىز |
| نۇرئەلاخان | (ئەئۇ) نۇرەلاخان، نۇرەلىخان | نۇرئەلا: ئىسمى، خان: سۈپىتى |
| نۇرئەلاقىز | (ئەئۇ) نۇرەلاقىز، نۇرەلىقىز | نۇرئەلا: ئىسمى، قىز: قوشۇمچىسى |
| نۇرئەلاگۇل | (ئەپ) نۇرەلاگۇل، نۇرەلىگۇل | نۇرئەلا: ئىسمى، گۇل: سۈپىتى |
| نۇرئەلەم② | (ئە) نۇرەلەم، نۇرىلەم | ئەڭ ئاقىل، بىلىملىك قىز |
| نۇرئەلەمخان | (ئەئۇ) نۇرەلەمخان، نۇرىلەمخان | نۇرئەلەم: ئىسمى، خان: سۈپىتى |
| نۇرئەلەمقىز | (ئەئۇ) نۇرەلەمقىز، نۇرەلەمقىز | نۇرئەلەم: ئىسمى، قىز: قوشۇمچىسى |
| نۇرئەلەمگۇل | (ئەپ) نۇرەلەمگۇل، نۇرىلەمگۇل | نۇرئەلەم: ئىسمى، گۇل: سۈپىتى |
| نۇرئەمىنە | (ئە) نۇرئىمىنە | ئىشەنچلىك، تىنچ ـ ئامان قىز («نۇرئامىنە» گە ئوخشاش) |
| نۇرئەمىنەم | (ئەئۇ) نۇرئىمىنەم | مېنىڭ ئىشەنچلىك قىزىم |
| نۇرئەمىنەخان | (ئەئۇ) نۇرئىمىنەخان | نۇرئەمىنە: ئىسمى، خان: سۈپىتى |
| نۇرئەمىنەقىز | (ئەئۇ) نۇرئىمىنەقىز | نۇرئەمىنە: ئىسمى، قىز: قوشۇمچىسى |
| نۇرئەمىنەگۇل | (ئەپ) نۇرئىمىنەگۇل | نۇرئەمىنە: ئىسمى، گۇل: سۈپىتى |

①② ئەسلىسى «نۇرئەئلا، نۇرئەئلەم». «نۇرئەلا» بىلەن «نۇرئەلەم» ئوخشاشلا «نۇرەلەم» گە ئۆزگىرىدۇ. ئۇلارنىڭ باشقا ئۆزگىرىشلىرىمۇ ئوخشىشىپ قېلىش ئېھتىماللى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



| | | | |
|---|---|---|---|
| نۇرەسمەن | | | ( «نۇرئاسمان » غا قاراڭ ) |
| نۇرەلا | | | ( «نۇرئەلا » غا قاراڭ ) |
| نۇرەلاخان | | | ( «نۇرئەلاخان » غا قاراڭ ) |
| نۇرەلاقىز | | | ( «نۇرئەلاقىز » غا قاراڭ ) |
| نۇرەلاگۈل | | | ( «نۇرئەلاگۈل » گە قاراڭ ) |
| نۇرەلەم | | | ( «نۇرئەلا ، نۇرئەلەم » گە قاراڭ ) |
| نۇرەلەمخان | | | ( «نۇرئەلەمخان » غا قاراڭ ) |
| نۇرەلەمقىز | | | ( «نۇرئەلەمقىز » غا قاراڭ ) |
| نۇرەلەمگۈل | | | ( «نۇرئەلەمگۈل » گە قاراڭ ) |
| نۇرەلىخان | | | ( «نۇرئەلاخان » غا قاراڭ ) |
| نۇرەلىقىز | | | ( «نۇرئەلاقىز » غا قاراڭ ) |
| نۇرەلىگۈل | | | ( «نۇرئەلاگۈل » گە قاراڭ ) |
| نۇربادام | (ئەپ ) | | بادام : ئىسمى ، نۇر : سۈپىتى |
| نۇربان | (ئەپ ) | نۇربانگۈل | «نۇربانۇ » غا ئوخشاش |
| نۇربانئاي | (ئەپئۇ ) | نۇرۋانئاي | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| نۇربانۇ | (ئەپ ) | نۇربانۇم ، نۇر- ۋانۇم ، نۇربان ، نۇرۋان | خانىمقىز ، خېنىمقىز |
| نۇرباھار | (ئەپ ) | | باھار نۇرى ، باھاردىكى ئىللىق نۇر |
| نۇربەختەم | (ئەپئۇ ) | | «نۇر بەختى» بىلەن ئوخشاش |
| نۇربەختىقىز | (ئەپئۇ ) | نۇربەققىز ، نۇرباققىز | نۇربەختى : ئىسمى ، قىز : قوشۇمچىسى |
| نۇربەختىم | (ئەپئۇ ) | | مېنىڭ بەختىم |
| نۇربەدەن | (ئە ) | | ئاق بەدەنلىك ، بەدىنى پارقىراق ، نۇرلۇق ، جىسمىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان |
| نۇربۇۋى | | | ( «نۇربىبە» گە قاراڭ ) |
| نۇربېلىق | (ئەئۇ ) | | بېلىقتەك چىرايلىق قىز |
| نۇربىبە | (ئەپ ) | نۇربۇۋى ، نۇر- بىيە ، نۇربىيەم | خېنىم قىز ، چىرايلىق خېنىم |
| نۇربىكە | (ئەئۇ ) | | نۇرلۇق خېنىم ، خېنىم قىز |
| نۇربىيە | | | ( «نۇربىبە» گە قاراڭ ) |
| نۇربىيەم | | | ( «نۇربىبە» گە قاراڭ ) |
| نۇرپاشا | (ئەپ ) | | پاشا قىز ؛ شاھ (ئاللا ) نىڭ نۇرى |
| نۇرتۆرەمخان | (ئەمئۇ ) | نۇيتۇلەمخان | تۆرەمخان : ئىسمى ، نۇر : سۈپىتى |

| | | |
|---|---|---|
| نۇرجامال① | (ئە ) | گۈزەل قىز ، گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى ؛ جامالىدىن تارالغان نۇر ؛ جامالىدىن نۇر ياغدىغان |
| نۇرجامالخان② | (ئەئۇ ) | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| نۇرجاھان③ | (ئەپ ) | جاھانغا تارالغان نۇر ، جاھان نۇرى ، جاھان گۈزىلى |
| نۇرجەمىلە | (ئە ) نۇرجىمىلە | گۈزەل ، چىرايلىق قىز |
| نۇرجەمىلەم | (ئەئۇ ) نۇرجىمىلەم | مېنىڭ گۈزەل ، چىرايلىق قىزىم |
| نۇرجىمىلە | | ( «نۇرجەمىلە» گە قاراڭ ) |
| نۇرخان | (ئەئۇ ) نۇخان | خانقىز |
| نۇرخۇمار | (ئە ) | خۇمارلىق قىز |
| نۇرخېنىم | (ئەئۇ ) نۇخېنىم | خېنىمقىز ، خانىمقىز ، نۇرلۇق مەلىكە |
| نۇردىلە | (ئەپ ) | «نۇردىل» غا ئوخشاش |
| نۇردىنىئاي | | ( «نۇرىدىنىئاي» غا قاراڭ ) |
| نۇرزادە | (ئەپ ) نۇرزادەم | «نۇرزاد» بىلەن ئوخشاش |
| نۇرزامان④ | (ئە ) | زاماننىڭ نۇرى ، زامانىسىنىڭ گۈزىلى |
| نۇرزىيا⑤ | (ئە ) نۇرزىيە ، نۇرزىيەم | نۇرنىڭ نۇرى ، نۇر ئۈستىگە چۈشكەن نۇر |
| نۇرزىياگۈل⑥ | (ئەپ ) نۇرزىيەگۈل ، نۇرزىيگۈل | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| نۇرسائەت | (ئە ) نۇرسات | شۇ سائەتتە تۇغۇلغان قىز |
| نۇرسەتگۈل | | ( «نۇرسەئىدگۈل» گە قاراڭ ) |
| نۇرسەم | | ( «نۇرسەنەم» گە قاراڭ ) |
| نۇرسەنەم | (ئە ) نۇرسەم | گۈزەل قىز ، گۈزەلنىڭ گۈزىلى |
| نۇرسەھەرگۈل | (ئەپ ) نۇرسەرگۈل | «نۇرسەھەر» بىلەن ئوخشاش |
| نۇرسەئىدە | (ئە ) نۇرسىدە | «نۇرسەئىد» بىلەن ئوخشاش |
| نۇرسەئىدگۈل | (ئەپ ) نۇرسەتگۈل | نۇرسەئىد : ئىسمى ، گۈل : سۈپىتى |
| نۇرسەيدە | | ( «نۇرسەيىدە» گە قاراڭ ) |
| ئۇيغۇن | ئارزۇغا لايىق ، ماس كەلگەن |
| ئۇيۇر | ئادىل ، دۇرۇس |
| ئۇيسۇن | ئۇيۇشسۇن ، بىرىكسۇن |
| ئۆتەمىش | ئۆتكۈر ، ئۇزۇپ ماڭغۇچى |
| ئۆتكۈر | ئىتتىك ، تېز ، كەسكىن |
| ئۆتكۈرمىش | ئۆتكۈرلەشكەن |
| ئۆتۈكەن | موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى قەدىمكى تاغ نامــى . تارىختا ئۇيغۇرلار بۇ يەردە ياشاپ ، بۇ تاغنى ئۇلۇغلىغان |
| ئۆتۈكەنئالىپ | ئۆتۈكەن باتۇرى |
| ئۆتۈكەنخان | ئۆتۈكەن خانى |
| ئۆتۈنچ | قەرز ، ئۆتنە ؛ قەرزدار |
| ئۆتۈنچبەگ | ئۆتۈنچ : ئىسمى ، بەگ : سۈپىتى |
| ئۆتۈنچتەمۇر | ئۆتۈنچ : ئىسمى ، تەمۇر : سۈپىتى |
| ئۆدقۇلۇ | ۋاقىت ، چاغ ، پەيت ، زامان |
| ئۆرەنمىش | ئۆگەنگەن ، بىلىم ئالغان |
| ئۆرتەن | يالقۇن ، ئاتەش |
| ئۆركۈچ | ئۆركەش |
| ئۆركى | ئۇلۇغ ، يۈكسەك ، ئالىي ، ئېسىل |
| ئۆرگەنچ | قەدىمكى شەھەر نامى |
| ئۆرگۈن | تەخت ، ئوردا |
| ئۆرمىش | يۈكسەلگۈچى |
| ئۆرۈگ | مەڭگۈ ، ئەبەدىي |
| ئۆزرۈم | ھەر نەرسىنىڭ ياخشىسى |
| ئۆزمىش | ئۆز ئادەم |
| ئۆزۈك | ساپ ، ئاق كۆڭۈل |
| ئۆزۈم | (1) ئۆزۈم ، جېنىم ؛ (2) سۆيۈنچە ، مۇكاپات |
| ئۆزئىنال | ھەقىقىي دوست |
| ئۆزئىنان | ئۆزىدە ئىشەنچ تۇرغۇزغان |
| ئۆزياش | ئۆمۈر ، ھايات |
| ئۆكۈش | يىلقا ؛ كۆپ ، نۇرغۇن |
| ئۆكۈشبەگ | ئۆكۈش : ئىسمى ، بەگ : سۈپىتى |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى



| | |
|---|---|
| ئۆكۆشبىكە | ئۆكۆش : ئىسمى ، بىكە : سۈپىتى |
| ئۆكۆشتەمۈر | ئۆكۆش : ئىسمى ، تەمۈر : سۈپىتى |
| ئۆكۆشخان | ئۆكۆش : ئىسمى ، خان : سۈپىتى |
| ئۆكۆشقارا | ئۆكۆش : ئىسمى ، قارا : سۈپىتى |
| ئۆگە | ئەقىللىق ، دانا ، پاراسەتلىك ؛ نام ـ شۆھرەت |
| ئۆگەباقشى | دانا ئۇستاز |
| ئۆگەبەگ | دانا ئەر |
| ئۆگەتۇرك | ئەقىللىق تۇرك يىگىتى |
| ئۆگەتېكىن | ئەقىللىق شاھزادە |
| ئۆگەخان | ئەقىللىق خان |
| ئۆگەك | سۆيۈملۈك ، يېقىن ، ياخشى كۆرىدىغان |
| ئۆگدۈلمىش | تەلىم ئالغان ، تەربىيە كۆرگەن ، ئەقىل ئىگىسى |
| ئۆگرۈنچ (ئۆكرۈنچ) | خۇشاللىق ، شادلىق |
| ئۆگلى | ياخشى نىيەتلىك ، ئەقىللىق |
| ئۆگلىبەگ | ياخشى نىيەتلىك بەگ |
| ئۆگمىش | داڭلىغان ، ماختىغان |
| ئۆگۈچ | ئانىدەك |
| ئۆگۈچبىكە | ئانىدەك قىز |
| ئۆگۈر | پايدا |
| ئۆگۈنچ (ئۆگرۈنچ) | خۇشاللىق ؛ مەدھىيە |
| ئۆگۈنچتېكىن | خۇشال شاھزادە |
| ئۆكە | دانىشمەن |
| ئۆكەبەگ | دانىشمەن ئەر |
| ئۆكەتېكىن | دانىشمەن شاھزادە |
| ئۆكەخان | دانىشمەن خان |
| ئۆگۈك | قوزام |
| ئۈرلۈك | مەڭگۈ ، ئۆزگەرمەس ، مۇقىم |
| ئۈنچۈ | مەرۋايىت |
| ئۈنچۈبىكە | مەرۋايىتتەك ئېسىل ، نۇرلۇق خېنىم |
| ئىدۇق | مۇقەددەس ، قۇتلۇق |
| ئىدىقۇت | مۇقەددەس بەخت |
| ئىرەن | بىر خىل دەرەخ |
| ئىربىز | يىلپىز |
| ئىرزى | ئۆگەتكۈچى ، مۇئەللىم |
| ئىرىگ | چوڭ ، زور ، كاتتا |

| | |
|---|---|
| ئىستەمى | ئارزۇ ـ ئىستەكلىك ، ئارزۇ ـ ئارمانلىق |
| ئىسىگ | (1) ئىسسىق ، (2) مۇلايىم ، (3) سۆيگۈ |
| ئىسىگبەگ | مۇلايىم ئەر |
| ئىسىگتارخان | ئىسىگ : ئىسمى ، تارخان : سۈپىتى |
| ئىشبۇغا | ئىش (دوست) : ئىسمى ، بۇغا : قوشۇمچىسى |
| ئىشقارا | بۈيۈك دوست |
| ئىغار | كۈچلۈك ، قۇدرەتلىك |
| ئىكتۇ | ئۆي ھايۋىنى |
| ئىكىچ (ئىكىنچ) | ئىككىنچى |
| ئىكىچتويىن | ئىككىنچى راھىب |
| ئىكىچتېكىن | ئىككىنچى شاھزادە |
| ئىكىچئۇگە | ئىكىچ : ئىسمى ، ئۇگە : سۈپىتى |
| ئىل | ئەل ، مەملىكەت ، دۆلەت ، مىللەت ، خەلق ؛ ھۆكۈمدار |
| ئىلئاشمىش | ھۆكۈمدارلىقتا يۈكسەك |
| ئىلئاشمىشبەگ | ئەلنى يۈكسەلدۈرگەن بەگ |
| ئىلئاشمىشتېكىن | ئەلنى يۈكسەلدۈرگەن شاھزادە |
| ئىلئالمىش | دۆلەت ئالغان |
| ئىلئەتمىش | دۆلەت قۇرغان ، ئەلنى ئىدارە قىلغان |
| ئىلئەتمىشتېكىن | دۆلەت قۇرغان شاھزادە |
| ئىلئەتمىشبىلگەقاغان | ئەلنى ئىدارە قىلغان دانىشمەن خان |
| ئىلئەردەم | خەلقپەرۋەر |
| ئىلبارس | ئەلنىڭ يولۋاستەك باتۇرى |
| ئىلباشى | ئەلنىڭ بېشى ، باشلىقى |
| ئىلبەگ | ئەلنىڭ بېگى |
| ئىلبۇغا | بۇغا : ئىسمى ، ئىل : سۈپىتى |
| ئىلبۇقا | بۇقا : ئىسمى ، ئىل : سۈپىتى |
| ئىلبىلگە | ئەلنىڭ دانىشمىنى |
| ئىلتايان | ئەلنىڭ تايانچىسى ، دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى |
| ئىلتەبەر | چېچىلغان خەلقنى توپلىغۇچى (ئەمەل نامى) |
| ئىلتەمۇر | ئەلنىڭ تۆمۈردەك ئىرادىلىك كىشىسى |
| ئىلتۇتمىش | دۆلەتنى تۇتۇپ تۇرغۇچى |
| ئىلتۈزمىش | دۆلەتنى تۈزگەن |
| ئىلتېكىن | ئەلنىڭ شاھزادىسى |
| ئىلتىرەك | دۆلەتكە يۆلەنچۈك بولغۇچى |
| ئىلتىرىش | ئەلنى تىرىلدۈرگۈچى ، دۆلەتنى قايتىدىن قۇرغۇچى |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئىلچى (1) ئەلچى ، (2) خوتەن شەھىرىنىڭ قەدىمكى نامى
ئىلچىبەگ ئەلچىبەگ
ئىلچىقارا كاتتا ئەلچى
ئىلچىقاراباقشى كاتتا ئەلچى ئۇستاز
ئىلچىبۇغا ئىلچى : ئىسمى ، بۇغا : قوشۇمچىسى
ئىلچىن ئەلنىڭ چىن ئوغلى
ئىلچىنئاي ئەلنىڭ چىن قىزى
ئىلسۆيەر خەلقپەرۋەر ؛ ۋەتەنپەرۋەر
ئىلقاتمىش ئەلگە تۆھپە قوشقان
ئىلقاغان ئەلنىڭ خانى
ئىلقۇت ئەلنىڭ بەختى
ئىلقۇتادمىش ئەلنى بەختىيار قىلغان
ئىلكۈن جەمەت ، قوۋم ، خەلق ، پۇقرا
ئىلئۆتۈكەن ئۆتۈكەن ئېلى
ئىلئۆگەسى ئەلنىڭ ئۇستازى
ئىلئۆگەسى ئاتا ئەلنىڭ دانىشمەن ئاتىسى
ئىلئىتمىش «ئىلئەتمىش» بىلەن ئوخشاش
ئىلئىتمىش تېكىن «ئىلئەتمىش تېكىن» بىلەن ئوخشاش
ئىلئىككەرمىش دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزغان
ئىلئىنانچ ئەلنىڭ ئۇمىدى ، ئىشەنچلىك تىرىكى
ئىلئىنانچ تىرەك ئەلنىڭ ئىشەنچلىك تىرىكى (يۆلەنچۈكى)
ئىلىك (ئىلىگ) (1) قول ، (2) خان ، پادىشاھ ، ھۆكۈمدار ، (3) ئەل شاھزادە
ئىلىكبەگ يەر ئىگىسى
ئىلىكتا ئەلنىڭ خانى
ئىلىكقاغان ئىلىكخان (ئۇنۋان نامى)
ئىلىكقان كاتىپ
ئىلمىغا دۆلەت ۋە مىللەتنى نۇرلاندۇرغۇچى
ئىليارۇتمىش ئەلنى يورۇتقۇچى
ئىليارۇق ئەلنى توپلىغان
ئىليىغمىش ئەلنى توپلىغان تەگرىم (شاھىم)
ئىليىغمىش تەگرىم ئەلنى توپلىغان شاھزادە
ئىليىغمىش تېكىن (1) تاغ ئۆچكىسى ، (2) ئەمەل نامى (سېلىق يىغقۇچى)
ئىمغا دوست ، ئاغىنە
ئىناق دوستلۇق قىلغۇچى كىشى
ئىناققۇلى

| | |
|---|---|
| ئىناقئوغۇل | دوستلۇق قىلغۇچى ئوغۇل |
| ئىناقئۆگە | دانالىقنى دوست بىلگۈچى |
| ئىنال | دەرىجە ، مەرتىۋە نامى |
| ئىنالبارس | بارس : ئىسمى ، ئىنال : سۈپىتى |
| ئىنالبەگ | مەرتىۋىلىك بەگ |
| ئىنانچ | (1) ئىشەنچ ، ئىشەنچلىك ، (2) ۋەزىر ، مەسلىھەتچى |
| ئىنانچبەگ | ئىشەنچلىك ئەر |
| ئىنانچبۇيرۇق | ئىشەنچلىك ئەمەلدار |
| ئىنانچبىلگە | ئىشەنچلىك دانىشمەن |
| ئىنانچخان | ئىشەنچلىك خان |
| ئىنانچۇ | ئەمەل نامى |
| ئىنچ | تىنچ ، خاتىرجەم |
| ئىنچبەگ | خاتىرجەم ئەر |
| ئىنچبۇقا | بۇقا : ئىسمى ، ئىنچ : سۈپىتى |
| ياباقۇ | قەبىلە نامى |
| يابغۇ (ياپغۇ) | ئۇنۋان نامى (خاقاندىن ئىككى دەرىجە تۆۋەن تۇرىدۇ) |
| ياچاتقىر | ئۇياتچان ، ھايالىق |
| ياراتمىش | ياراتقان ، ئىجاد قىلغان |
| ياراغ (يارىغ) | قورال |
| ياران | دوستلار ، ھەمراھلار ؛ دوست |
| يارقىن | يورۇق ، ئېنىق ، ئوچۇق ، روشەن ، نۇرلۇق |
| يارۇغ | يورۇق |
| يارۇغلۇ | ئوتلۇق ، نۇرلۇق |
| يارۇن | شەپەق |
| ياش | يېشى |
| ياشاغۇ | ھايات |
| ياشقان | ياش يىگىت |
| ياشۇق | نۇر ، نۇرلۇق ، پارلاق |
| ياشۇت | نۇرلانماق ، يورۇتماق |
| ياشىل | يېشىل |
| ياشىن | چاقماق |
| ياغدۇ | نۇر ، يورۇق |
| ياغلاقار | قەبىلە نامى |
| ياغما | قەبىلە نامى |
| ياغمۇر | يامغۇر |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



| | |
|---|---|
| ياغمىش | ياغقان |
| ياقۇد | (1) ياقۇت (مەدەن ئىسمى)، (2) قەبىلە نامى |
| ياقۇدئاي | ياقۇدلارنىڭ قىزى |
| ياڭان (ياغان) | پىل (ھايۋان ئىسمى) |
| ياڭانتەمۇر | ياڭان: ئىسمى، تەمۇر: سۈپىتى |
| ياڭانتېكىن | پىلدەك كۈچلۈك شاھزادە |
| ياڭى | يېڭى |
| ياڭىش | يېڭىش، غەلىبە |
| يالاپار | ئەمەل نامى |
| يالاۋاچ (يالاباچ) | ئەلچى |
| يالچىق | ئاي |
| يالڭۇق | ئىنسان، ئادەم، ئىنسانىيەت |
| يالىن | يالقۇن |
| يانداق | يانتاق |
| يەتمىش (يىتمىش) | سان نامى |
| يەتمىشقارا | يەتمىش: ئىسمى، قارا: سۈپىتى |
| يەزەك | چارلىغۇچى |
| يەزەكدار | چارلىغۇچىلار باشلىقى |
| يەزدان | خۇدا، تەڭرى |
| يەگەدمىش | يەڭگەن |
| يورتۇغ | ھەمراھ |
| يولبارس | يولۋاس |
| يولبارستېكىن | يولۋاستەك شاھزادە |
| يولچى | رەھبەر، باشلامچى |
| يوللۇغ | قۇتلۇق، يوللۇق، يولى بار |
| يوللۇغتېكىن | قۇتلۇق، يولى بار شاھزادە |
| يۇرتۇغ | خان مۇھاپىزەتچىسى (ئەمەل نامى) |
| يۇرىچى | (1) يولباشلىغۇچى، يولچى، (2) رەھبەرلىك قىلماق، (3) ھۇجۇمچى |
| يۇرىچبەگ | ھۇجۇمچىلار باشلىقى |
| يۇغرۇش | ئەمەل نامى |
| يۇلتۇز (يۇلدۇز) | يۇلتۇز |
| يۇلتۇزباي | يۇلتۇز كەبى ئەر |
| يۇلتۇزخان | يۇلتۇز كەبى خان |
| يۇلتۇزقاغان | يۇقىرىقىغا ئوخشاش |

| | |
|---|---|
| يۇرۇڭ | هارماس ، توختىماس |
| يۇرۇڭ تەمۇر | هارمايدىغان ، تۆمۈردەك چىڭ |
| يۈكسەك | ئېگىز ، ئۈستۈن |
| يۈكۈنچ | ناماز ، ئىبادەت |
| يۈگۈرگەن | (1 ) يۈگۈرۈكچى ، (2 ) خەۋەرچى ، پوچتىكەش |
| يېمەك | تاماق ، ھەمەك (نان ) |
| يېمىش | مېۋە ، يىمىش |
| يېنسەي | ئانا ساي ، ئانا دەريا ، ئانا يۇرت ، ئانا ماكان (دەريا نامى ) |
| يىگە | ياخشى ، ياخشى كۆرمەك |
| يىگەت | (1 ) يېڭىش ، (2 ) ئۈستۈن ، ئۆگزە |
| يىگەدمىش | يۈكسەلدۈرگۈچى ، يەڭگۈچى |
| يىتىك | قولىدىن ئىش كېلىدىغان ، چېۋەر |
| يىتىكئەر | چېۋەر ئادەم |
| يىتىكباي | چېۋەر باي |
| يىتىكبەگ | چېۋەر ئەر |
| يىدلاغ | پۇراقلىق ، خۇش پۇراق |
| يىلپاغۇ | باتۇر ، قەھرىمان |
| يىلغۇن | يۇلغۇن (بىر خىل چۆل ئۆسۈملۈكى بولۇپ ، چىداملىق ، ماسلىششچان كىشىلەرگە سىمۋول قىلىنىدۇ ) |
| يىنچۇ (يىنجۇ ) | ئۈنچە ـ مەرۋايىت |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# قەدىمكى دەرىجە ـ ئەمەل ناملىرى

دەرىجە ـ ئەمەل ناملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋردە ۋە يېقىنقى زامانلاردا قوللانغان ھەربىي، مەمۇرىي ۋە دىنىي دەرىجە ـ ئەمەل ناملىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز بىر قىسمىنى بىز ھازىرغىچە قوللىنىۋاتقان بولساقمۇ، مۇتلەق كۆپ قىسمى جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بۈگۈنكى كۈندە بىزگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان، كونىرىغان سۆزلەرگە ئايلىنىپ قالدى. ئەمما، بۇ ھەقتىكى تەتقىقات بىزنى ئەجدادلار بېسىپ ئۆتكەن مۇرەككەپ، ئۇزاق مەزگىللىك تارىخىي مۇساپىنى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھايات شەكىللىرىنى ئەتراپلىق چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. يەنە شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، بۇ خىل دەرىجە ـ ئەمەل ناملىرى، بولۇپمۇ دىنىي نام ـ ئاتالغۇلار كىشىلەر تەرىپىدىن خاس ئىسىم قىلىپ قوللىنىلىپ، كىشى ئىسىملىرىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. شۇڭا، بۇ ھەقتە ئىزاھات بېرىشمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

| ئەمەل نامى | | ئىزاھات |
|---|---|---|
| ئابغۇ | (ئۇ) | ئوردا مەسلىھەتچىسىنى كۆرسىتىدۇ. |
| ئابىنچۇ قاتىن | (ئۇ) | بۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا خانىش، خېنىم دېگەنلىك بولۇپ، ئۇيغۇرلار كۆچۈش (مىلادىيە 840 ـ يىللار) تىن ئىلگىرى شۇنداق قوللانغان. |
| ئاتابىك | (ئۇ) | ئوردا تەربىيەچىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. |
| ئاتامان | (ئۇ) | «مەرگەن، باتۇر، پالۋان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. |
| ئاتلىغ | (ئۇ) | «باشلىق، ئاقساقال، ئاتالغان، مەشھۇر» دېگەن مەنىلەردىكى ئاتالغۇ. |
| ئارقىش | (ئۇ) | «سودىگەر، كارۋان باشلىقى ۋە خەۋەرچى» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلغان. |
| ئاغا | (ئۇ) | «ئاكا، تاغا، ئاقساقال، قوۋم باشلىقى» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، يۇرت ئاغىسى — يۇرت باشلىقى، مەھەللە ئاقساقىلى دېگەنلەردەك. |
| ئاغىچى | (ئۇ) | قاراخانىيلار دەۋرى (850 — 1213) دە مالىيە ۋەزىرىنى كۆرسەتكەن، كېيىن ئەرەبچە بىلەن ئۇيغۇرچىدىن تەركىب تاپقان «خەزىنىچى» دېگەن ئاتالغۇ بۇنىڭ تەڭتۇشى قىلىپ ئىشلىتىلگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «ئاغىچى — يىپەك رەختلەرنى ساقلىغۇچى، خەزىنىچى» دەپ شەرھلەنگەن («دىۋان» I توم 184 ـ بەت). |

ئاقسىچى باشى (ئۇ) كېچىسى بېرىپ دۈشمەننى قامال قىلىدىغان چېرىكلەر باشلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

ئالىپ (ئۇ) «باتۇر ، قەھرىمان» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان ئۇنۋان نامى .

ئايۇق (ئۇ) قوغدىغۇچى ياكى خاس مۇھاپىزەتچىنى كۆرسىتىدۇ . «ئايىغۇچى» دېگەن مەنىگە ئىگە .

ئەلەم (ئە) ئەرەبچە «ئەئلەم» (ئىلىمدە ئۈستۈن) دېگەن سۆز بولۇپ ، شەرىئەت مەھكىمىسىنىڭ دېلو تەكشۈرگۈچىسىنى كۆرسىتىدۇ .

ئەللىك بېشى (ئۇ) 50 چېرىكنىڭ باشلىقى ، مەمۇرىيدا بولسا بەگلەرنىڭ قول ئاستىدىكى 50 تۈتۈن (ئۆيلۈك) نى باشقۇرغۇچىنى كۆرسىتىدۇ .

ئەمىر (ئە) «بۇيرۇغۇچى» ، «بۇيرۇق چۈشۈرگۈچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ ، شەھەر باشلىقى دەرىجىلىك مەنسەپ نامى .

ئەمىرى لەشكەر (ئەپ) بىر پۈتۈن ئاتالغۇ بويىچە «لەشكەر بېشى» ، «قوماندان» مەنسەپلىرىنى كۆرسىتىدۇ .

باخشى (ھ) بۇ قەدىمكى ھىندى (سانسكرىت) تىلىدا «باكچۇ» (باقشۇ) دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ئىسىم بولۇپ ، ئىلگىرى مانىي راھىبلىرىنى ياكى بۇتخانا دەرۋىشلىرىنى كۆرسەتكەن . ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ، دۇئا ئوقۇپ ، داپ چېلىپ روھىي كېسەللەرنى ساقايتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى كۆرسىتىدىغان بولدى . يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ، «باخشى» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «باقشى» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولۇپ ، «ئۇستاز» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن . كېيىن «دۇئا بىلەن كېسەل ياندۇرغۇچى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان دېيىلىدۇ .

باقاۋۇل (ئۇ) «نازارەتچى ، پوست» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ . ئۇنىڭ تەركىبىدىكى «ۋۇل» قوشۇمچىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «چى» گە ئوخشىشىپ كېتىدۇ (تۆۋەندىمۇ شۇنداق) .

باقسابەگ (ئۇ) ھازىرقى ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇننىڭ باشلىقىغا تەڭ ئەمەل نامى .

بەدەل بېگى (ئەئۇ) ھەر خىل ماللاردىن باج ئالغۇچى ، سېلىق ۋە زاكات يىغقۇچى ھۆكۈمەت خادىملىرىنى كۆرسىتىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**بەگ** (ئۇ) بۇ ئاتالغۇ «بېك» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، كېيىن «بەگ» دەپ ئۆزگەرگەن. مەنىسى «خان، شاھزادە، ئۇلۇغ، چوڭ، ئەر» دېگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قەدىمكى چاغلاردا «بەگ» «قەبىلە باشلىقى، يۇرت چوڭى» دېگەن مەنىلەرنى بېرەتتى. كېيىن ھەربىي قوماندان مەنىسىنىمۇ بىلدۈرگەن. مانجۇ ھۆكۈمىتى دەۋرىدە ناھىيە ياكى چوڭ يۇرت، يېزا دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلارغا ئىپتىلدى. ھازىر بولسا بەزىدە ئىسىم قوشۇمچىسى بولۇپ، ياكى ئىسىملارنى سۈپەتلەپ، ئەرلەرنىڭ ئىسىملىرىغا قوشۇلۇپ «ئەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ كەلمەكتە. يەنە ئايرىم ئەھۋالدا ھازىرقى ۋاقىتتا بەزى ئىسىملارنىڭ بېشىدا كېلىپ «ئاللا» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، «بەگيار، بەگقۇلى» دېگەندەك ئىسىملاردا شۇنداق.

**بۇغرا** (ئۇ) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئەركەك تۆگە» دېگەنلىك بولۇپ، «بۇغراخان» دېگەن ئات شۇنىڭدىن كەلگەن. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تۇتقۇچى «بۇغراخان» (ئۇلۇغ خان) نامى بىلەن ئاتالدى.

**بۇكاۋۇل** (ئۇ) پادىشاھنىڭ زىياپەتچى ئەمەلدارىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئاتالغۇ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك» تە «پادىشاھنىڭ داستىخانچىسى» دەپ كۆرسىتىلگەن.

**بۇيرۇق** (ئۇ) ۋەزىر ياكى ئوردا ئەمەلدارىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلار كۆچۈشتىن ئىلگىرى ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا ھەربىر قەبىلىدىن بىردىن كىشىنى شۇ قەبىلىنىڭ باشلىقى ياكى ۋەكىلى سۈپىتىدە ئوردا ۋەزىرلىكىگە قويۇپ، ئۇلارنى «بۇيرۇق» دەپ ئاتىغان.

**بۆكە** (ئۇ) «ئەجدىھا، يالماۋۇز» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، قاراخانىيلار دەۋرىدە تۈركلەرنىڭ بىر قەبىلىسى بولغان ياباقۇلارنىڭ ئەڭ چوڭلىرى «بۆكە بۇدراچ» دەپ ئاتالغان. شۇڭا، ئاشۇ دەۋردە بەزى باتۇرلارمۇ «بۆكە» نامى بىلەن ئاتالغان.

**بېتىكچى** (ئۇ) بۇ نام ئوردىنىڭ مەخسۇس كاتىپلىرىغا قارىتىلغان بولۇپ، «مۇنشى» گە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

**پاشاپبەگ** (پئۇ) كېچىلەردە شەھەر ـ يېزىلارنى تىنجىتىپ، ئوغرى ـ قاچقۇنلارنى تۇتۇپ جازالىغۇچى ئەمەلدارغا ئىپتىلىدۇ. ئۇ، ئەسلىدە «پادىشاھى شەب» (كېچىنىڭ پادىشاھى) دېگەن سۆز بىلەن «بەگ» نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان. بۇ يەنە «ئىسلام قانۇنلىرىنى يۈرگۈزگۈچى ساقچى» دەپمۇ ئىزاھلانغان.

پانساتبەگ (ئۇ) 40 — 50 ئۆيچۆرىسىدىكى ئادەمگە باشچىلىق قىلىدىغان مەمۇرىي ئەمەلدار .

پەرمانبەگ (پئۇ) پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى ، پەرمانلىرىنى تارقىتىپ ئىجرا قىلغۇچى ئەمەلدارنى كۆرسىتىدۇ ، ئۇ «ھۆددەيچى» بىلەن ئوخشاش .

پەرۋانچى (پئۇ) ۋەزىر ئورۇنباسارى دەرىجىلىك ئەمەلنى كۆرسىتىدۇ .

پىشكار (پ) ئىگىلىك باشقۇرغۇچى ئەمەلدارنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ «ئىش بېشى» دېگەن مەنىگە ئىگە .

تابۇغچى (ئۇ) «خىزمەتچى» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ .

تارخان (ئۇ) بۇ ، ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋالقى «بەگ» مەنىسىدىكى مەنسەپ ئاتالغۇسى بولۇپ ، كېيىنچە ، قەدىمكى موڭغۇل ۋە تۈركىي قەبىلىلەردە ، ئاندىن كېيىن ئۇيغۇرلاردا ئاددىي خەلقتىن كېلىپ چىقىپ ، ھەربىي ياكى باشقا جەھەتلەردە چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە بېرىلىدىغان ئۇنۋان نامىغا ئايلانغان . مۇنداق ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلەر سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە بىرمۇنچە ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇپ ، ھۆكۈمران تەبىقە ئەزاسىغا ئايلىناتتى . ئۆزىدىن كېيىن بۇ ئىمتىيازلىرى ئەۋلادلىرىغا مىراس بولۇپ قالاتتى .

تاياڭۇ (تايانغۇ) (ئۇ) قاراخانىيلار دەۋرىدە پادىشاھ ۋە خەلق تايىنىدىغان ۋە ئىشىنىدىغان ئادەمگە بېرىلىدىغان ئۇنۋان نامى بولۇپ ، كېيىنچە «ھاجىب» دېگەن ئەرەبچە سۆزگە ئورۇن بەرگەن . مەسىلەن ، يۇسۇپ خاس ھاجىب دېگەندەك . بۇ ھەقتە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مۇنداق دېيىلگەن : « ‹تاياڭۇ › (تايانغۇ ) — تايانچ . بۇ سۆز تۈركلەردە ‹ھاجىب › سۆزى كۆپ قوللىنىلغاندىن كېيىن ئىستېمالدىن قالغان . ئۇ ، ‹تاياندى ، يۆلەندى › پېئىلىدىن ياسالغان» ( «دىۋان» Ⅲ توم 519 ـ بەت ) . بۇ ، يارلىق يەتكۈزگۈچى ۋەزىرنى كۆرسىتىدۇ . ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — خاقاننىڭ يارلىقلىرىنى تۆۋەنگە ئەينەن يەتكۈزۈش ۋە تۆۋەندىكىلەرنىڭ تەلەپلىرىنى ئەينەن مەلۇم قىلىش .

تەركەن (ئۇ) قاراخانىيلار دەۋرىگە تەئەللۇق ئەمەل نامى بولۇپ ، «خاقان ، پادىشاھ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا : «تەركەن — بىرەر ۋىلايەت ھۆكۈمدارىغا خاقانلار تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ئۇنۋان . بۇ ، ‹ھەي ئىتائەت قىلغۇچى › دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ ، ۋىلايەت ھۆكۈمدارىدىن باشقىلارغا ئېيتىلمايدۇ» دېيىلگەن . ئەمما ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تەركەن قاتۇن» دېگەن نام «خانىش» ، «ئايال پادىشاھ» ، «مەلىكە» مەنىسىنى بېرىدىغانلىقى مەلۇم ، «تەركەن بېگىم» مۇ شۇنداق .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**تەگىن (تېكىن)** (ئۇ) «قۇل» دېگەن مەنىگە ئىگە . قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئالدى-كەينىدە «شاھزادە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولغان . ئۇ ، قەدىمكى ئۇيغۇرلار قوللانغان ئىسىملاردا ، قوشۇمچە ئىسىم بولۇپمۇ كەلگەن . مەسىلەن ، «كۆمۈش تېكىن» (تېنى كۆمۈشتەك ئاق شاھزادە) ، «ئالىپ تېكىن» (باتۇر شاھزادە) ، «قۇتلۇغ تېكىن» (بەختلىك شاھزادە) دېگەنگە ئوخشاش . «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلىدۇ : «… كېيىنچە بۇ سۆز بىرەر يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ نامى ياكى شۇنداق سۆز بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلىدىغان بولدى . مەسىلەن ، ‹چاغرى تېكىن › (قارچۇغا تېكىن ) ، ‹كۈچ تېكىن › (كۈچلۈك تېكىن ) دېگەنگە ئوخشاشلار . بۇ سۆزنىڭ ئافراسىياپ ئوغۇللىرىغا قانداق كۆچكەنلىكىگە كەلسەك ، ئۇلار ئۆز ئاتىلىرىنى كۆپ ھۆرمەتلەپ ، ناھايىتى ئۇلۇغلايتتى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر ئىشتا ئاتىسىغا مۇراجىئەت قىلسا ياكى خەت يازسا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ ‹قۇلىڭىز پالانى مۇنداق قىلدى ، قۇلىڭىز پوكۇنى ئۇنداق قىلدى › دەيتتى . كېيىنچە بۇ سۆز ئۇلارغا ئات بولۇپ قالدى . باشقا قۇللاردىن ئۇلارنىڭ ئىسمىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ، بۇ سۆزنىڭ يېنىغا يەنە بىرەر نەرسە قوشۇپ ئىشلىتىلىدىغان بولدى» («دىۋان» I توم 540 ـ بەت ) . «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا يەنە بۇ سۆزنىڭ كۆپلۈكى ھەققىدە : «تەگىت ـ ‹تېكىن › سۆزىنىڭ كۆپلۈك شەكلى . ‹ئۆگە تەگىت › ئاددىي خەلقنىڭ چوڭلىرى بىلەن خاقان ئوغۇللىرىنىڭ كىچىكلىرىگە بېرىلىدىغان نام . بۇ ئىككى سۆز دائىم بىللە ئىشلىتىلىدۇ . ‹ئۆگە › سۆزى زۇلقەرنەين زامانىدا ، ئۇنىڭ بىلەن تۈركلەر يارىشىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ئالدىنقى قوشۇنلىرى ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەندە مەيدانغا كەلگەن ، دېگەن مەلۇمات بار» ( I توم 461 ـ بەت ) .

**تەڭرىقۇت** (ئۇ) قەدىمكى ھۇنلارنىڭ خاقانى شۇنداق ئاتالغان . ئۇنىڭ مەنىسى : «خۇدا بەرگەن بەخت» دېگەنلىك بولىدۇ . ھۇنلار دەۋرىدە ، ئۇ دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى ھېسابلىناتتى .

**توسقاۋۇل** (ئۇ) «يول مۇھاپىزەتچىسى ، يول قاراۋۇل باشلىقى» نى كۆرسىتىدۇ . ئۇ ، ھازىرقى ساقچىخانا ، چارا باشلىقلىرى بىلەن ئوخشاش .

**توقسابا** (ئۇ) ياقۇپبەگ دەۋرى (1865 — 1878) دە ھەربىي گازارما باشلىقى شۇنداق ئاتالغان .

**توكسىن** (ئۇ) ئاددىي خەلقتىن بولۇپ ، خاندىن ئۈچ دەرىجە تۆۋەن مەنسەپتىكى كىشىگە ئېيتىلىدۇ .

**تويزۇن** (ئۇ) كۆكبېشى ، مىرئاب ياكى يۇرت ئەھلىگە سۇ تارقىتىپ بەرگۈچى كىشىنى كۆرسىتىدىغان ئەمەل نامىنى بىلدۈرىدۇ . ئاساسلىقى يېزا باشلىقى ، يېزا ئاقساقىلىنى كۆرسىتىدۇ .

**تويىن** (ئۇ) ئەينى دەۋردە ئىسلام دىنىدا بولمىغانلارنىڭ دىن باشلىقىنى كۆرسىتەتتى ، تويىن ھەر ۋاقىت بۇت ئالدىدا بولۇپ ، ئۆز دىنىنىڭ كىتاب ۋە ھۆكۈملىرىنى ئوقۇيدۇ .

**تۇتقاۋۇل** (ئۇ) «قاچقۇنلارنى تۇتقۇچى چېرىكلەر باشلىقى» نى كۆرسىتىدۇ . «تۈرمە باشلىقى» ياكى «زىندان بېگى» مۇ شۇنداق ئاتالغان .

**تۇتۇق بېگى** (ئۇ) «ئىدارە قىلغۇچى بەگ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . ئۇ ، ئەينى ۋاقىتتا ، ھازىرقى ئۆلكە باشلىقىغا تەڭ ئەمەل نامى ئىدى .

**تۇدۇڭ** (ئۇ) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «باشلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ ، باشقا ئىسىملار بىلەن بىرلىكتىمۇ كېلىدۇ . مەسىلەن ، «تارىغچى تۇدۇڭ» دېيىلسە ، ئۇ ، تېرىقچىلار باشلىقى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .

**تۇرا بېگى** (ئۇ) «تۇرا» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «قورۇل ، تۇرالغۇ ، ئالدىنقى سەپ» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ . ئومۇمىي مەنىسى «قورۇل بېگى» دېگەندىن ئىبارەت .

**تۇغ بېگى** (ئۇ) ئۇرۇش ياكى ھەربىي مەشقلەردە بەلگە بايراقلىرىنى چىقارغۇچى ئەسكەرلەر باشلىقىغا قارىتىلغان نام .

**تۇشمەل** (ئۇ) قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋەزىرلەرنى شۇنداق ئاتىغان .

**تۇنەك باشى** (ئۇ) قاراخانىيلار دەۋرىدە زىندان ، تۈرمىلەر «تۇنەك» دەپ ئاتالغان . شۇڭا ، بۇ ئاتالغۇ «تۈرمە باشلىقى» (گۇندىپاي) مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ .

**تىلماچ** (ئۇ) ئىلگىرى تەرجىمانلار شۇنداق ئاتالغان . مانجۇلار دەۋرىدە «تۇڭچى» دېگەن ئاتالغۇ ئىشلىتىلىپ ، تەرجىمان مەنىسىنى بەرگەن .

**چابىس** (ئۇ) لەشكەر بېشى شۇنداق ئاتالغان .

**چاپاۋۇل** (ئۇ) قوشۇننىڭ ئالدىدا ماڭغۇچى ھۇجۇمچى لەشكەرلەر ياكى يولنى دۈشمەندىن تازىلاپ ماڭغۇچى چاپارمەنلەرنى كۆرسىتىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



**چاۋۇش** (ئۇ) «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا : «جەڭلەردە سەپنى تۈزەيدىغان ، ئۇرۇش قىلمىغان ۋاقىتتا ئەسكەرلەرنى خەلققە زۇلۇم سېلىشتىن چەكلەيدىغان» باشلىق دەپ شەرھلەنگەن («دىۋان» I توم 477 ـ بەت) .

**چەپ قول بىلىكخان** (ئۇ) ھۇنلاردا تەڭرىقۇتتىن قالسىلا ، مۇشۇ مەنسەپ بولغان ، تەڭرىقۇت ئۆلسە ياكى تەختتىن چۈشسە ، ئۇ تەختكە ئولتۇرغان .

**چەغداۋۇل** (ئۇ) «ئارقا مۇھاپىزەتچى قوشۇن باشلىقى» دېگەنلىك بولىدۇ ياكى ئارقا سەپ تەمىنات ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچىغىمۇ ئىپتىلىدۇ .

**چوبەن** (ئۇ) يېزا ئاقساقىلىنىڭ ياردەمچىسىنى كۆرسىتىدۇ . كېيىنكى «چوپان» سۆزى شۇنىڭدىن كەلگەن .

**چۇقا بېشى** (ئۇ) مەھەللە باشلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

**چۇۋۇي** (ئۇ) قاراخانىيلار دەۋرىدە خوتەنلىكلەرنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى بويىچە خاقاندىن ئىككى دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىگە بېرىلىدىغان ئۇنۋان نامى .

**چۆبدار بېگى** (پئۇ) جىبەكچىلەر باشلىقىنى كۆرسىتىدۇ . بەزىلەر بۇ ئاتالغۇنى «ئوت ـ سامان باشقۇرغۇچى بەگ» دەپ چۈشەندۈرىدۇ .

**چىقان** (ئۇ) ئوردا دىۋانخانىسىدا تارىخ پۈتكۈچىلەر ياكى تارىخچى ئەمەلدارلار شۇنداق ئاتالغان .

**خەزىنىچى بەگ** (ئەئۇ) سەئىدىيە خانلىقى دەۋرى (1514 ـ 1678) دە ئۆۋي ، يەر-مۈلۈك باشقۇرۇش ۋە شۇ ھەقتىكى ماجىرالارغا مەسئۇل ئەمەلدارلار شۇنداق ئاتالغان .

**خەلپەم** (ئەئۇ) بۇ ، ئەڭ چوڭ مەنسەپ نامى بولماستىن ، بەلكى باش ئىشاننىڭ ئورۇنباسارى ياكى ئىشاننىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .

**خەلپىتىم** (ئەئۇ) «مەھەللىۋى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ، دىنىي ساۋات چىقارغۇچى» دېگەنلىك بولىدۇ . ئىلگىرى قەشقەر مەدرىسەلىرىدە ئوقۇپ چىققانلارغا مۇشۇنداق نام بېرىلگەن . ئۇ كىشى ئىسمىلىرىدا «خەپتىم» دەپ قوللىنىلىدۇ .

**خەلىپە** (ئە) «ئورۇنباسار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . ئۇ ، ئەمەلىيەتتە مەلۇم بىر دۆلەتتىكى ئەڭ چوڭ ھۆكۈمراندۇر . مەسىلەن ، بەزى دۆلەتلەر دۆلەت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە بولۇپ ، ئۇ خەلىپىلىك دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇنىڭ باشلىقى خەلىپە دېيىلىدۇ . ئۇ ، كېڭەش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ .

**داخان** (ئەپ) بۇ ئاتالغۇنىڭ تەركىبىدىكى «دا» ئەرەبچە «دۇئا» نىڭ، «خان» پارسچە «خۇان» (ئوقۇغۇچى) نىڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ، «دۇئا ئوقۇغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ، ھەر خىل كېسەللەرگە، بولۇپمۇ روھىي كېسەللەرگە دۇئا ئوقۇپ، ئۇلارنى ساقايتالايدۇ دەپ قارىلىدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**داموللا** (ئە) دىنىي ئىلىم بويىچە ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تۈركمەن قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىدا بۇخارادا ئوقۇپ كەلگەنلەرگە بېرىلىدىغان دىنىي دەرىجە نامى ھېسابلىنىدۇ. «داموللا» ئەسلىدە «دۇئامەۋلا» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىكى «دا» بولسا «دۇئا» نىڭ ئۆزگىرىشى ياكى قىسقىرىشى، «موللا» (مەۋلا) بىلەن قوشۇلغاندا، «دۇئا بەرگۈچى ئۇستاز» ياكى «دۇئا قىلغۇچى ئۇستاز» بولىدۇ. بۇ خۇددى «دۇئاخۇان» نىڭ «داخان» غا ئۆزگەرگىنىگە ئوخشاش، «دۇئا» بولسا «دا» غا، «مەۋلا» بولسا «موللا» غا ئۆزگىرىپ، «داموللا» بولىدۇ. ئاخىرىغا كۆپىنچە ئىسىم ئۆزگەرتكۈچى ھۆرمەت قوشۇمچىسى «م» قوشۇلۇپ، «داموللام» دېيىلىدۇ.

**داۋاچ** (م)[1] بۇ، موڭغۇللار دەۋرىدىن سەئىدىيە خانلىقىغا قەدەر سۈرۈلۈپ كەلگەن ھەربىي ئەمەل نامى بولۇپ، سەركەردىلەرنىڭ ياردەمچىلىرى شۇنداق ئاتالغان.

**دەپتەرچى** (ئەئۇ) مانجۇ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى باج - سېلىق يىغقۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ.

**دورغا** (م) بەگلەرنىڭ بۇيرۇقىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى پۇقرالار ئارىسىغا بېرىپ، داۋاملىق سۈرۈشتە قىلىپ، ھەيدەكچىلىك قىلغۇچىلار شۇنداق دېيىلگەن. قومۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدە ھەربىر چوڭ يېزا (تاغ) نى باشقۇرغۇچى ئەمەلدارلارمۇ شۇنداق ئاتالغان.

**دورغاچ** (م) موڭغۇللار دەۋرىدە نازارەتچىلىك ئەمىلىنىڭ نامى بولۇپ، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ كاتىپلىرىغا ئىيتىلدى.

**دىۋان بېگى** (پئۇ) «دىۋان» ئەرەبلەشكەن پارسچە سۆز بولۇپ، ئەسلىدە شەھەرنىڭ نوپۇس تىزىملىكى، كىرىم - چىقىم دەپتىرى قاتارلىقلارنى كۆرسەتكەن. كېيىن شەھەر ئىچى، بازار ئىچى ۋە ئىشخانا مەنىلىرىنى بىلدۈرگەن، شۇڭا «دىۋان بېگى» شەھەر ئىچى بېگى، بازار بېگى ياكى باش كاتىپ دەپ قارىلىدۇ. بۇ، ھازىرقى ئىشخانا مۇدىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

① «م» موڭغۇلچىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



زابىت (ئە) تاشقى ئىشلارغا مەسئۇل ساقچى، ئوفىتسېرلەر ئۇچۇن قوللىنىلغان.

ساغۇن (ئۇ) تۈركلەر ئىچىدىكى قارلۇق قەبىلىسىنىڭ چوڭلىرىغا بېرىلگەن ئۇنۋان نامى.

سانغۇن (ئۇ) ھۇنلار دەۋرىدىكى ھەربىي قوماندانلار شۇنداق ئاتالغان، قەدىمكى مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا تۈركلەر «سەنگۇن» دەپ خاتىرىلىگەن. ئۇ، ھازىرقى گېنېراللارغا باراۋەر ھەربىي ئۇنۋان نامى.

ساۋچى (ئۇ) قەدىمكى دەۋردە خەۋەرچى شۇنداق ئاتالغان.

سەردار (پ) «باتۇرلار باشلىقى، مەركەزلەرنىڭ كاتتىسى» دېگەن مەنىدىكى ئاتالغۇ.

سەركار (پ) «ئىش بېشى، نازارەتچى» دەرىجىسىدىكى ئەمەل نامى.

سەركەردە (پ) قوشۇن باشلىقى ياكى قوشۇننى باشلاپ ئالدىدا ماڭغۇچى قوماندانىنى كۆرسىتىدۇ.

سەرمۇنشى (پئە) باش كاتىپ ياكى كاتىبات ئىشخانىسىنىڭ باشلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

سەرۋەر (پ) «يولباشچى، رەئىس، قەبىلە باشلىقى» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ.

سوكمەن (ئۇ) قەدىمكى دەۋردە تۈرك خانلىرى تەرىپىدىن باتۇرلارغا بېرىلىدىغان ھەربىي ئۇنۋان.

سۇباشى (ئۇ) «باش قوماندان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭدىكى «سۇ» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «چېرىك، قوشۇن»، «باشى» بولسا، «باشلىق» دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — ھەربىي قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، دۆلەت زېمىنىنى قوغداش.

سۇپى (ئە) ئەرەبچە «سۇف» سۆزىدىن كەلگەن نام بولۇپ، «يۇڭ» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان يۇڭ چەكمەندە چاپان كىيگەنلەر شۇنداق ئاتالغان. ئۇ يەنە تەرىقەت يولىدا ماڭغۇچىلارنى كۆرسىتىپ، «تەسەۋۋۇپچىلار» دېگەن مەنىگىمۇ ئىگە بولغان.

سۇدۇر (ئۇ) قەدىمكى دەۋردە دىنىي مۇراسىملارنى تەكشۈرگۈچى ئەمەلدارلار مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان.

سۇركاۋۇل (ئەئۇ) «قورغاننىڭ باش ئەمەلدارى» ياكى «قورغاننى مۇھاپىزەت قىلغۇچى ئەمەلدار» غا ئېيتىلىدۇ. ئۇ، ۋىلايەت دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدار ھېسابلىنىدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| سوزاۋول | (ئۇ) | ئۇرۇشتا چېكىنگەن، قاچقان ئەسكەرلەرنى ئۆز توپىغا قايتۇرغۇچى ھەربىي ئەمەلدار . |
| سىپاھ | (پ) | «لەشكەر، قوشۇن» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ . ئىلگىرى بىزدە «ھەربىي باشلىق» مەنىسىدىمۇ قوللىنىلغان . |
| شاتۇر | (پ) | «پادىشاھ يېنىدىكى خىزمەتكار»، «خەۋەرچى» ياكى «ئالاقىچى» غا ئېيتىلىدۇ . سۆز مەنىسى : «يۈگۈرۈكچى»، «يەل تاپان» دېگەندىن ئىبارەت . |
| شاد | (ئۇ) | قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلارنى شۇنداق ئاتىغان . |
| شاغاۋۇل | (ئۇ) | ۋالىي دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدار . |
| شەھىردار | (پ) | شەھەر بېگىنى كۆرسىتىدۇ . |
| شەيخ | (ئە) | «ئۇستاز، پىر، پېشۋا» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ . كېيىن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «تاۋاپگاھلارنى مۇھاپىزەت قىلغۇچىلار» نى كۆرسەتكەن . |
| شەيخۇلئىسلام | (ئە) | ئەڭ يۇقىرى دىنىي دەرىجە نامى بولۇپ، «ئىسلام دىنىنىڭ پېشۋاسى» دېگەن بولىدۇ . |
| شىكابەگ | (ئۇ) | سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە، يەرلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ياردەمچىسىگە ئېيتىلغان . |
| غوجىدار | (پ) | بۇ ئاتالغۇ تەركىبىدىكى «غوجا» ئەسلىدە «خوجا» بولۇپ، «ئۇستاز، مەخدۇم» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ . «دار» بولسا پارسچىدا «تۇتقۇچى»، ئەرەبچىدە «ھويلا، ئۆي» دېگەن مەنىدىكى سۆز . ئۇ، بايلارنىڭ ئائىلە ۋە مۈلكىنى ۋاكالىتەن باشقۇرغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ . |
| قاتىن (قاتۇن) | (ئۇ) | «خوتۇن، خېنىم» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا : «ئافراسىياپنىڭ قىزلىرىغىلا خاس نام» دېيىلگەن («دىۋان» I توم 533 ـ بەت) . قاراخانىيلار دەۋرىدە بولسا، خانىنىڭ خانىشلىرىغا خاس نام بولغان، ھازىر ئاياللارغا ئومۇمىي نام بولۇپ ئۆزگەردى ۋە «خوتۇن» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدى . |
| قاراخان | (ئۇ) | قاراخانىيلار خانلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «قارا» دېگەن سۆز «بۈيۈك، ئۇلۇغ، يۇقىرا، كۈن چىقىش تەرەپ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . ئۇ يەنە «قارا رەڭ» مەنىسىگىمۇ ئىگە . چۈنكى، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ھەر خىل رەڭلەرنى ئىسىم ئورنىدا قوللانغان . بۇلارنىڭ ئىچىدە قارا رەڭ ئەڭ ئەتىۋار بىلىنگەن . |

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



**قاراق بېگى** (ئۇ) ياقۇپبەگ دەۋرىدە ، چەت ئەل ماللىرىنى تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىدىغان خادىملار مۇشۇنداق نام بىلەن ئاتالغان . «قەشقەرىيە» ناملىق كىتابتا ، بۇ خىل كىشىلەر چەت ئەل ماللىرى ئىچىدىن ئامبال ئۈچۈن مال تاللىغۇچىلار دەپ چۈشەندۈرۈلگەن .

**قارىم** (ئەئۇ) «ئوقۇغۇچى ، قىرائەت قىلغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . «قۇرئان كەرىم» نى تولۇق يادقا ئېلىپ ئوقۇغۇچىلار شۇنداق ئاتالغان .

**قازى** (ئە) «هۆكۈمنى كەسكۈچى ، تۈگەتكۈچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . ئۇ قانۇنىي جازا ۋە دەۋا ئىشلىرىنى بىۋاستە بىر تەرەپ قىلغۇچى بولۇپ ، هازىرقى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىغا ياكى باش سوتچىغا تەڭ .

**قازى كالان** (ئەپ) «كالان» پارسچە «چوڭ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . بىر پۈتۈن ئاتالغۇ «باش قازى» دېگەن مەنىگە ئىگە . ئۇ هازىرقى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىغا تەڭ .

**قاغان** (ئۇ) «پادىشاھ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . ئۇ كېيىن «خاقان» دەپ ئاتالغان . ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە «خان» دېيىلگەن . بەزى كىشىلەر «خان» نى هازىرقى ۋاقىتتا كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ «بەگ» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە ئىسىم ئورنىدا ئىشلىتىدۇ . لېكىن ئۇ بەزى ئەرلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئاياللارنىڭ ئىسمىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ .

**قورمال** (ئۇ) ئورمان ، زىرائەتلەرنى قوغدىغۇچىلار باشلىقىنىڭ نامى .

**قورۇغچى** (ئۇ) قورغان ساقلىغۇچى ئەسكەرلەرگە ئېيتىلىدۇ .

**قورۇغچى باشى** (ئۇ) مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر باشلىقى شۇنداق ئاتالغان .

**قورۇغچى بەگ** (ئۇ) مەملىكەتنىڭ چوڭ شەھەرلىرىگە يىراق بولغان چەت - ياقا قورغان سېپىللىرىنى مۇداپىئە قىلىشقا ۋە باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلىنغان ئەمەلدار بولۇپ ، ئۇلار بۇ خىل قورۇق - قورغانلارغا جايلىشىپ ، يەرلىك خەلققە نازارەت قىلىپ ، ئۇلاردىن يىغقان باج - سېلىقلارنى يۇقىرىغا يەتكۈزگەچ چېگرانى قوغداپ ، يوللار ۋە ئۆتەڭلەرنىڭ ئامانلىقىنى كاپالەتلەندۈرگەن .

**قۇر بېشى** (ئۇ) ئۇرۇش - جەڭلەردە ئەسكەرلەرنى سەپكە تىزىپ ، ئۇرۇش سېپىنى رۇسلىغۇچى ئەمەلدارلارغا ئېيتىلىدۇ .

قوش بېگى (ئۇ) ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ «ئوۋچىلار باشلىقى» دېگەنلىك بولىدۇ، دېيىلىدۇ. بەزى ماتېرىياللاردا ئۇ «چېگرا بېگى» ياكى شۇنىڭ بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ئەمەل نامى دەپ ھېسابلىنىدۇ. يەنە بەزى مەلۇماتلاردا، بۇ ئاتالغۇ «قوش بېگى» دېگەنلىك بولۇپ، ھەم ھەربىي، ھەم مەمۇرىي ھوقۇق تۇتقان بەگلەرگە ئېيتىلغان. مەسىلەن، ياقۇپبەگ ئەنە شۇنداق ئاتالغان. بۇ ئاتالغۇ، كېيىنكى چاغلاردا باش ۋەزىر مەنىسىنى ئالغان. ئۇ سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىمۇ بار بولۇپ، ئۇ چاغدا ئوردىدىكى ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدار شۇنداق ئاتالغان.

قونچۇي (ئۇ) «مەلىكە، ئاغىچا» مەنىسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئاتالغۇ. ئۇ «قاتىن» دىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدۇ.

قۇۋۇق باقار (ئۇ) شەھەر قورغانلىرىنىڭ دەرۋازىسىنى ساقلىغۇچى چېرىكلەرنى كۆرسىتىدۇ.

قۇۋۇقچى باشى (ئۇ) ئىچكى مۇھاپىزەت ۋەزىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — خاقان ۋە ئوردىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش.

قېزبەگ (ئەئۇ) «قازبەگ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ خاندىن كېيىن ئۈچىنچى دەرىجىدە تۇرىدىغان ئوردا ئەمەلدارىنى كۆرسىتىدۇ.

كا (پ) بۇ ئاتالغۇ «كار» (ئىش، ئىشچى) دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن. ئۇ، كېچە - كۈندۈز خاننىڭ يېنىدا خىزمەت قىلىدىغان خاس خىزمەتچىنى كۆرسىتىدۇ ھەمدە قومۇل خانلىرى دەۋرىدە كۆپرەك ئىشلىتىلگەن.

كاھىن (ئە) «غايىبتىن خەۋەر بەرگۈچى»، «پال سالغۇچى»، «دىن باشلىقى» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە.

كۆرەبېگى (ئۇ) جىنايەتچىلەرنى تۇتۇپ، تەپتىش قىلىش، جازالاش، ئەمگەككە سېلىش ۋە نازارەت قىلىش ئورنىنىڭ باشلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

كۆكبېچ (ئۇ) سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە، ھەربىي بايراقچىلار شۇنداق ئاتالغان.

كۆكيۇق (ئۇ) قاراخانىيلار دەۋرىدە تۈركمەن چوڭلىرىغا بېرىلىدىغان نام.

گورىگان (ئۇ) پادىشاھنىڭ كۈيئوغلىنى كۆرسىتىدۇ.

لەشكەرى نازىر (پئە) ھەربىي نازارەتچى ئەمەلدارنى كۆرسىتىدۇ. ئەينى دەۋردە ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ مەنسىپىنى ئۆستۈرۈشتە ۋە چۈشۈرۈشتە لەشكەرىي نازىرنىڭ سىنىمىشى رول ئوينىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



**مەخدۇم ئەزەم** (ئە) «مەخدۇم» ئەرەبچىدە «ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرغۇچى» ، «ئەزەم» بولسا «ئەئزەم» نىڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ ، «ھەممىدىن چوڭ ، كاتتا ، ھەممىدىن ئۇلۇغ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . بىر پۈتۈن ئاتالغۇ «چوڭ مەخدۇم» دېگەنلىك بولىدۇ . ئاپپاق خوجىنىڭ چوڭ دادىسى شۇنداق ئاتالغان بولۇپ ، ئۇ ، «ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن» ، «ھۆرمەتتە ئۈستۈن» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە .

**مەخسۇم** (ئە) بۇ ئاتالغۇنىڭ ئەسلى ئاتىلىشى «مەخدۇم» بولۇپ ، ئۇيغۇرلار ئىچىگە «مەخسۇم» تەرزىدە ئۆزلەشكەن . ئۇ ، ئەرەبچە «ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ۋە خوجىلارنىڭ ، چوڭ بايلارنىڭ ھەم كاتتا ئۆلىمالارنىڭ بالىلىرىنى ئەتىۋارلاش يۈزىسىدىن قوللىنىلغان قوشۇمچە ئىسمىدىن ئىبارەت . ھازىرقى ۋاقىتتا بۇ ، مەلۇم دىنىي سەۋىيەگە ئىگە كىشىلەر ئۈچۈنمۇ قوللىنىلىدىغان ھۆرمەت ياكى دەرىجە نامى ھېسابلىنىدۇ .

**مەشقاۋۇل** (ئەئۇ) ئەسكەرلەرنىڭ مەشىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغۇچى ياكى مەشىق ئۈستىسىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ ، «مەشىق قىلدۇرغۇچى ئۇستاز» مۇ دېيىلىدۇ .

**مەۋلىۋى** (ئە) دىنىي ئىلىم بويىچە ھىندىستاندا ئوقۇپ كەلگەنلەرگە بېرىلىدىغان ئىلگىرىكى دىنىي دەرىجە نامى . ئۇ ھازىرقى پىروفېسسورغا تەڭ . ئەرەبچىدە «ئۇستاز» مەنىسىنى بېرىدۇ .

**موللام** (ئەئۇ) ئەرەبچە «مەۋلا» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ ، «مەۋلىۋى» بىلەن تومۇرداش ، مەنىسىمۇ ئوخشاش . لېكىن دەرىجە جەھەتتە «مەۋلىۋى» گە تەڭ ئەمەس . بەلكى ، دىنىي ئىلىمدىن خەۋىرى بولۇپ ، كۆپىنچە تۈركىي كىتابلار بىلەنلا شۇغۇللانغۇچىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

**موھۇردار** (ئەپ) تامغا تۇتقۇچىنى كۆرسىتىدۇ . يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ كاتىپىمۇ شۇنداق ئاتالغان .

**مۇپتى** (ئە) ئىسلام دىنى قانۇنىنى شەرھلىگۈچىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ ، تەييارلانغان قانۇنغا ئاساسەن ، دەۋا ياكى جىنايەتنى قانۇن ماددىلىرىغا توغرىلاپ ، قازىغا سۇنىدۇ . ۋەزىپىسى ھازىرقى دېلو ئىشلىگۈچىگە تەڭ . لېكىن ئەرەب ئەللىرىدە ھازىر «مۇپتى» ئۆز مەنىسى بويىچە «پەتىۋا بەلگىلىگۈچى» دەپ ئىستېمال قىلىنىدۇ .

مۇتىسىپ (ئە) بۇ، توغرا تەلەپپۇز قىلىنغاندا «مۇھتەسىب» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەمدە مەسچىت ـ مەدرىسەلەردە ۋە ئاممىۋى سورۇنلاردا ئىجتىمائىي ئەخلاقىقا نازارەتچىلىك قىلغۇچى ۋە ئۇنى قوغدىغۇچىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، ھازىرقى ئىنتىزام تەكشۈرۈش ھەيئىتىگە ئوخشىشىپراق كېتىدۇ.

مۇتىۋەللى (ئە) «باشقۇرۇش ھەيئىتى، باشقۇرغۇچى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ، كۆپىنچە بىرەر جامە، مەسچىت ياكى دىنىي مەكتەپنىڭ كۇندىلىك مەمۇرىي خوجىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇتىۋەللى بەگ (ئەئۇ) سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە، ۋەقپە يەرلەرنى باشقۇرغۇچى شۇنداق ئاتالغان.

مۇشاۋۇر (ئە) «باش مەسلىھەتچى»، «كېڭەش ۋەكىلى» دېگەندەك ئەمەل نامىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، ئۇرۇشلاردا قوماندانىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى بولۇپ، ئۇلارغا ئەقىل كۆرسىتىپ، تاكتىكا بەلگىلەپ بېرىدۇ؛ ئورۇن جەھەتتە خاندىن كېيىنلا تۇرىدۇ.

مىراپ (ئەپ) «مىراپ بەگ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەسلىدە «مىرئاب» بولۇپ، قىسقىرىش نەتىجىسىدە «مىراپ» بولغان ۋە «سۇ باشقۇرغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

مىراخور (ئەپ) بۇ ئاتالغۇ ئەسلىدە «مىرئاخور» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى «ئاخور» پارسچە «ئاتخانا» مەنىسىدىكى سۆز، «مىر» (بەگ) بىلەن قوشۇلغاندا «ئاتخانا بېگى» ياكى «ئات باقار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ، ئادەتتىكى ئاتلارنى ئەمەس، بەلكى پادىشاھ ۋە قوماندانلارنىڭ ئاتلىرىنى باققۇچى ياكى پادىشاھنىڭ ئاتخانىسىنى باشقۇرغۇچىدۇر.

مىرزا (پ) كاتىپ ياكى مەخسۇس ئوردا پۈتۈكچىسىنى كۆرسىتىدۇ. كىشى ئىسىملىرىدا «خان، خوجا، ئەپەندى» مەنىلىرىگىمۇ ئىگە.

مىرزىبەگ (پئۇ) باش كاتىپ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

مىرشەپ (ئەپ) بۇ ئاتالغۇ تەركىبىدىكى «مىر» ئەرەبچە «ئەمىر» نىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، «بەگ» مەنىسىنى، «شەپ» پارسچە بولۇپ، «كېچە» مەنىسىنى بېرىدۇ. بىر پۈتۈن مەنىسى «كېچە بېگى» دېگەندىن ئىبارەت. ئۇ، كېچىلىرى ئوغرى ـ قاراقچىلارنى تۇتقۇچى ئەمەلدارغا ئېيتىلىدۇ («پاششاپبەگ» بىلەن ئوخشاشراق).

مىرغەزەپ (ئە) گۇناھكارلارنى جازالىغۇچى جاللاتلار باشلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



مىڭ بېگى (ئۇ) ھەربىيدە مىڭ ئەسكەرنىڭ، مەمۇرىيدا ھەم مىڭ ئادەمنىڭ ياكى مىڭ تۈتۈننىڭ باشلىقى شۇنداق ئاتالغان.

نائىب (ئە) «ئورۇنباسار» دېگەن مەنىدىكى ئەرەبچە ئاتالغۇ.

نەۋكەر (پ) «يېڭى ئەسكەر»، «خىزمەتكار» ياكى «خىزمەتكار ھېسابىدىكى ئەسكەر» نى كۆزدە تۇتىدۇ.

ھاكىم (ئە) «ھۆكۈمەت باشلىقى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ھاكىمبەگ (ئەئۇ) مانجۇلار دەۋرىدە قوللىنىلغان بولۇپ، ھەم ھەربىي، ھەم مەمۇرىي ھوقۇق يۈرگۈزىدىغان قوش ھوقۇقلۇق باش ئەمەلدارغا ئېيتىلىدۇ.

ھەرەمبەگ (ئەئۇ) پادىشاھنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇلازىملار باشلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ھەزرەت (ئە) «ئۇلۇغ، ھۆرمەتلىك، جانابى» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇرلاردا «پادىشاھ ھەزرەت» ياكى «پاشا ھەزرەت» دېگەن تەرىزدە ئىشلىتىلگەن. ھازىر ئەرەبلەر «ئۆزلىرى، جانابلىرى» دېگەن مەنىدە ئىككىنچى بىر شەخس ئۈچۈن ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئىشلىتىدۇ.

ھۆدەيچى (ئۇ) پەرمانچى، ئېلان چىقارغۇچى شۇنداق ئاتالغان.

ھىراۋۇل (ئۇ) «قوغدىغۇچى ئەترەت باشلىقى» دېگەن مەنسەپ نامىدۇر.

ئوردا باشى (ئۇ) ئوردا ۋەزىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — ئوردىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى بېجىرىش، ۋەزىرلەر مەجلىسىنى چاقىرىش ۋە باشقىلار.

ئوقۇل باشى (ئۇ) ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى قەدىمكى ئۇيغۇرلار مەكتەپنى «ئوقۇل» دەپ ئاتىغان. تۈركىيەدە ھازىرمۇ شۇنداق ئاتىلىدۇ. شۇڭا بۇ، «مەكتەپ مۇدىرى» دېگەن مەنىنى ياكى ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار مەنىسىنى بېرىشى مۇمكىن.

ئوڭ قول بىلىكخان (ئۇ) ھۇنلار دەۋرىدە، تەڭرىقۇتتىن كېيىنلا تۇرىدىغان باش ئەمەلدار سول قول بىلىكخان دېيىلەتتى. ئوڭ قول بىلىكخان ئورۇن جەھەتتە سول قول بىلىكخاندىن بىرئاز تۆۋەن تۇرغان.

ئونبېشى (ئۇ) ھەربىيدە ئون ئەسكەرنىڭ باشلىقى، مەمۇرىيدە شۇنىڭغا تەڭ.

ئۇتاچى (ئۇ) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا دوختۇرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، كېيىنچە «ئەمچى» دەپمۇ ئاتالغان.

ئۇتاچىلار ئۇلچىسى (ئۇ) قاراخانىيلار دەۋرىدە سەھىيە ۋەزىرى شۇنداق ئاتالغان.

ئۇچبېگى (ئۇ) قوشۇننىڭ ئالدىنقى قىسمى ، يەنى رازۋېدكا قىسمىنىڭ باشلىقىنى كۆرسىتىدىغان ھەربىي ئەمەل نامى .

ۋالىي (ئە) «ۋىلايەت باشلىقى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ ياكى ۋىلايەت ، ئىشتات باشلىقى دەرىجىلىك ئەمەل ناملىرىمۇ شۇنداق يۇرگۈزۈلىدۇ .

ۋەلىئەھدى (ئە) پادىشاھنىڭ تەخت ۋارىسىنى كۆرسىتىدۇ .

ۋەزىر (ئە) «پادىشاھنىڭ يان تايىقى» دېگەنلىك بولۇپ ، ھازىر ئەرەب ئەللىرىدە «ۋازارەت (مىنىستىرلىك) باشلىقى» نى كۆرسىتىدۇ . ئۇيغۇرلار ئەينى ۋاقىتتا «ئوڭ قول ۋەزىر ، سول قول ۋەزىر» دېگەن ناملاردا قوللانغان . ئۇ ، ھازىرقى مىنىستىرغا تەڭ .

ۋەزىرى ئەزەم (ئە) توغرا تەلەپپۇزى «ۋەزىرى ئەئزەم» بولۇپ ، «باش ۋەزىر» دېگەنلىك بولىدۇ . باش ۋەزىرلەر يەنە «ۋەزىرۇ ۋۇزەرا» دېيمۇ ئاتىلىدۇ . ئۇ ، ھازىرقى باش مىنىستىرغا تەڭ .

ئىدىشچى باشى (ئۇ) شاراب بېشىنى ياكى ئىچىملىك باشقۇرغۇچىنى كۆرسىتىدۇ .

ئىشان (پ) پارسچە «ئاۋۇلار» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ ، ئەمەلىيەتتە تەرىقەتچىلەرنىڭ كاتتىباشلىرىنى كۆرسىتىدۇ .

ئىگىدىشچىلار ئولچىسى (ئۇ) قاراخانىيلار دەۋرىدە چارۋىچىلىق ئىشلىرى ۋەزىرى شۇنداق ئاتالغان .

ئىلىك (ئۇ) ھۆكۈمدار ، خان مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ .

ئىلىكتا (ئۇ) قاراخانىيلار دەۋرىدە يەر ئىگىلىرى شۇنداق ئاتالغان .

ئىلىمغا (ئۇ) قاراخانىيلار دەۋرىدە خان مەكتۇپلىرىنى تۈركىي يېزىق بىلەن يازىدىغان كاتىپلارنى كۆرسىتىدۇ . ئۇنىڭ ئورنى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ ، خاقان ، باش ۋەزىر ۋە ۋەزىرلەرگە ۋاكالىتەن يارلىق كۆپىيەسىنى يېزىپ چىقىدۇ .

ئىمام (ئە) «ئالدىدا تۇرغۇچى ، رەھبەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . ئۇ ، ناماز سېپىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ، جامائەتكە يېتەكچىلىك قىلغۇچىنىڭ ئەمەل نامى .

ئىمغا (ئۇ) قاراخانىيلار دەۋرىدە سېلىق يىغىدىغان ئەمەلدار .

ئىنانچى (ئۇ) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئىشەنچلىك» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ ، ئىشەنچلىك ئەمەلدار ياكى مەسلىھەتچى شۇنداق ئاتالغان .

ياپغۇ (ئۇ) «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا : «ئاددىي خەلقتىن بولۇپ ، خاقاندىن ئىككى دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىگە بېرىلىدىغان ئۇنۋان» دېيىلگەن («دىۋان» Ⅲ توم 41 ـ بەت) .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ياتغاق (ئۇ) خاننى ۋە ئوردىنى يېتىپ كۆزەت قىلغۇچى مۇھاپىزەتچىلەرنى كۆرسىتىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ «ياتغاق — قاراۋۇل، كۆزەتچى، خاقاننى، قورغاننى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى كۆزەتچى» دەپ شەرھلەنگەن («دىۋان» Ⅲ توم 56 ـ بەت).

ياساۋۇل (ئۇ) ئوردا مۇھاپىزەتچىلىكى ئۈچۈن خىللانغان مەخسۇس ئەسكەرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

يالاپار (ئۇ) قاراخانىيلار دەۋرىگە تەئەللۇق ئەمەل نامى بولۇپ، خاقانىنىڭ ئەلچىلىرىگە بېرىلگەن.

يالاۋاچ (ئۇ) قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئەلچىنى شۇنداق ئاتىغان.

يەزەك (ئۇ) چارلىغۇچى ۋە خەۋەر بەرگۈچىنى كۆرسىتىدۇ.

يەزەكدار (ئۇپ) «ئالدىدا ماڭغۇچى قوشۇن باشلىقى» دېگەن ھەربىي ئەمەل نامىدۇر.

يۇرتۇغ (ئۇ) ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا خاقاننى قوغداپ ماڭغۇچى مۇھاپىزەتچىلەر ياكى خاقانىنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرگەن ھەمراھلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

يۇرچى (ئۇ) ئۇنىڭدىكى «يۇرى» بولسا «ھۇجۇم، ئاتاكا» دېگەننى بىلدۈرىدۇ، «چى» بىلەن قوشۇلغاندا «ھۇجۇمچى» دېگەن بولىدۇ.

يۇغرۇش (ئۇ) باش ۋەزىرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى خاننىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش، خانغا ياردەملىشىپ ئىچكى ـ تاشقى ئىشلارنى بېجىرىشتىن ئىبارەت.

يۈز بېشى (ئۇ) ھەربىيدە يۈز ئەسكەرنىڭ باشلىقى، مەمۇرىيەتمۇ شۇنىڭغا تەڭ.

يۇگۇرگەن (ئۇ) قەدىمكى پوچتىكەشلەر شۇنداق ئاتالغان. «دىۋان» دا بۇ ئاتالغۇ «خەۋەرچى، پوچتىكەش، چىن سودىگەرلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار شەھەرلىرىگە كېلىۋاتقان كارۋانلىرىنىڭ خەت ـ خەۋەرلىرىنى ئالدىن يەتكۈزگۈچى» دەپ ئىزاھلانغان («دىۋان» Ⅲ توم 73 ـ بەت).

# اسماء الله الحسنى

(99 گۈزەل ئىسىم)

هو الله الذى لا اله الا هو الرحمن الرحيم

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| الملك | القدوس | السلام | المومن | المهيمن |
| العزيز | الجبار | المتكبر | الخالق | البارى |
| المصور | الغفار | القهار | الوهاب | الرزاق |
| الفتاح | العليم | القابض | الباسط | الخافض |
| الرافع | المعز | المذل | السميع | البصير |
| الحكم | العدل | اللطيف | الخبير | الحليم |
| العظيم | الغفور | الشكور | العلى | الكبير |
| الحفيظ | المقيت | الحسيب | الجليل | الكريم |
| الرقيب | المجيب | الواسع | الحكيم | الودود |
| المجيد | الباعث | الشهيد | الحق | الوكيل |
| القوى | المتين | الولى | الحميد | المحصى |
| المبدى | المعيد | المحيى | المميت | الحى |
| القيوم | الواجد | الماجد | الواحد | الصمد |
| القادر | المقتدر | المقدم | الموخر | الاول |
| الاخر | الظاهر | الباطن | الوالى | المتعالى |
| البر | التواب | المنتقم | العفو | الروف |
| مالك الملك | ذولجلال والاكرام | | المقسط | الجامع |
| الغنى | المغنى | المانع | الضار | النافع |
| النور | الهادى | البديع | الباقى | الوارث |
| | الرشيد | | الصبور | |

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# اسماء و صفات النبى صلى الله عليه وسلم
## (105 گۈزەل سۈپەت)

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| محمد | احمد | حامد | محمود | قاسم |
| عاقب | فاتح | خاتم | حاشر | ماح |
| داع | سراج | رشيد | منير | بشير |
| نذير | هاد | مهد | رسول | نبى |
| طه | يس | مزمل | مدثر | شفيع |
| خليل | كليم | حبيب | مصطفى | مرتضى |
| مجتبى | مختار | ناصر | منصور | قائم |
| حافظ | شهيد | عادل | حكيم | نور |
| حجة | برهان | ابطحى | موءمن | مطيع |
| مذكر | واعظ | امين | صادق | مصدق |
| ناطق | صاحب | مكى | مدنى | عربى |
| هاشمى | تهامى | حجازى | ترازى | قريشى |
| مضرى | امى | عزيز | حريص | روءف |
| رحيم | يتيم | غنى | جواد | فتاح |
| عالم | طيب | طاهر | مطهر | خطيب |
| فصيح | سيد | منتقى | امام | بار |
| شاف | متوسط | سابق | متصدق | مهدى |
| حق | مبين | اول | اخر | ظاهر |
| باطن | رحمة | محلل | محرم | امر |
| ناه | شكور | قريب | منيب | مبلغ |
| طس | حم | حبيب | اولى | وصلى |

# 99 گۈزەل ئىسىم ۋە 105 گۈزەل سۈپەت

**99 گۈزەل ئىسىم (ئاللانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى) :** ئاللاھ ، ئەررەھمان ، ئەررەھىم ، ئەلمەلىك ، ئەلقۇددۇس ، ئەسسالام ، ئەلمۇئمىن ، ئەلمۇھەيمىن ، ئەلئەزىز ، ئەلجەببار ، ئەلمۇتەكەببىر ، ئەلخالىق ، ئەلبارى ، ئەلمۇسەۋۋىر ، ئەلغەففار ، ئەلقەھھار ، ئەلۋەھھاب ، ئەررەززاق ، ئەلفەتتاھ ، ئەلئەلىم ، ئەلقابىز ، ئەلباسىت ، ئەلخافىز ، ئەررافىئ ، ئەلمۇئىززى ، ئەلمۇزىللۇ ، ئەسسەمىئ ، ئەلبەسىر ، ئەلھەكەم ، ئەلئەدل ، ئەللەتىف ، ئەلخەبىر ، ئەلھەلىم ، ئەلئەزىم ، ئەلغەفۇر ، ئەششەكۇر ، ئەلئەلى ، ئەلكەبىر ، ئەلھەفىز ، ئەلمۇقىت ، ئەلھەسىب ، ئەلجەلىل ، ئەلكەرىم ، ئەررەقىب ، ئەلمۇجىب ، ئەلۋاسىئ ، ئەلھەكىم ، ئەلۋەدۇد ، ئەلمەجىد ، ئەلبائىس ، ئەششەھىد ، ئەلھەق ، ئەلۋەكىل ، ئەلقەۋى ، ئەلمەتىن ، ئەلۋەلى ، ئەلھەمىد ، ئەلمۇھسى ، ئەلمۇبدى ، ئەلمۇئىد ، ئەلمۇھيى ، ئەلمۇمىت ، ئەلھەييۇ ، ئەلقەييۇم ، ئەلۋاجىد ، ئەلماجىد ، ئەلۋاھىد ، ئەسسەمەد ، ئەلقادىر ، ئەلمۇقتەدىر ، ئەلمۇقەددىم ، ئەلمۇئەخخىر ، ئەلئەۋۋەل ، ئەلئاخىر ، ئەززاھىر ، ئەلباتىن ، ئەلۋالى ، ئەلمۇتەئالى ، ئەلبەررۇ ، ئەتتەۋاب ، ئەلمۇنتەقىم ، ئەلئەفۇ ، ئەررەئۇف ، مالىكۇلمۇلك ، زۇلجەلال ۋەلئىكرام ، ئەلمۇقسىت ، ئەلجامىئ ، ئەلغەنى ، ئەلمۇغنى ، ئەلمانىئ ، ئەززارۇ ، ئەننافىئ ، ئەننۇر ، ئەلھادى ، ئەلبەدىئ ، ئەلباقى ، ئەلۋارىس ، ئەررەشىد ، ئەسسەبۇر .

**105 گۈزەل سۈپەت (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى) :** مۇھەممەد ، ئەھمەد ، هامىد ، مەھمۇد ، قاسىم ، ئاقىب ، فاتىھ ، خاتىم ، هاشىر ، ماهى ، دائى ، سىراج ، رەشىد ، مۇنىر ، بەشىر ، نەزىر ، هادى ، مۇھدى ، رەسۇل ، نەبى ، تاها ، ياسىن ، مۇززەممىل ، مۇددەسسىر ، شەفىئ ، خەلىل ، كەلىم ، هەبىب ، مۇستەفا ، مۇرتەزا ، مۇجتەبا ، مۇختار ، ناسىر ، مەنسۇر ، قائىم ، هافىز ، شەھىد ، ئادىل ، هەكىم ، نۇر ، هۇججەت ، بۇرهان ، ئەبتەهى ، مۇئمىن ، مۇتىئ ، مۇزەككىر ، ۋائىز ، ئەمىن ، سادىق ، مۇسەددىق ، ناتىق ، ساھىب ، مەككى ، مەدەنى ، ئەرەبى ، هاشىمى ، تىھامى ، هىجازى ، تەرازى ، قۇرەيشى ، مۇزەررى ، ئۇممى ، ئەزىز ، هەرىس ، رەئۇف ، رەھىم ، يەتىم ، غەنى ، جەۋۋاد ، فەتتاھ ، ئالىم ، تەييىب ، تاھىر ، مۇتەھھەر ، خەتىب ، فەسىھ ، سەييىد ، مۇنتەقا ، ئىمام ، باررۇ ، شافى ، مۇتەۋەسسىت ، سابىق ، مۇتەسەددىق ، مەھدى ، هەق ، مۇبىن ، ئەۋۋەل ، ئاخىر ، زاھىر ، باتىن ، رەھمەت ، مۇھەللىل ، مۇھەررىم ، ئامىر ، ناهى ، شەكۇر ، قەرىب ، مۇنىب ، مۇبەللىغ ، تاسىن ، هامىم ، هەبىب ، ئەۋلا ، ۋەسەللا .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

**ئەسكەرتىش :** مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى مۇناسىۋەتلىك كىتابلاردا سان ۋە مەزمۇن جەھەتلەردىن بەلگىلىك پەرق قىلىدۇ . سۈرىيەدە تۈزۈلگەن «دەلائىلۇل خەيرات» (ياخشىلىقنىڭ دەلىللىرى ) دېگەن كىتابتا 201 ئىسىم ۋە سۈپەت كەلتۈرۈلگەن . كىتابىمىزدا پاكىستاندا نەشر قىلىنغان «مەجمۇئەتۇ ۋەزائىف» (مەجبۇرىيەتلەر توپلىمى ) دېگەن قوللانما ئاساسىدا ، يۇقىرىقى 105 سۈپەت بېرىلدى . بۇ ، بىرقەدەر كۆپ قوللىنىلىدىغان ، تاللانغان نۇسخا ھېسابلىنىدۇ . تۆۋەندىكىلەر كىتابتا ئەرەب يېزىقى بىلەن بېرىلمىگەن بىر بۆلۈك ئىسىم ۋە سۈپەتلەردۇر (ئۇيغۇرچە ئوقۇلۇشى بويىچە ئەسكەرتىلدى ) : ئەھمەد ، ۋەھىد ، رەسۇلۇررەھمە ، قەييىم ، جامىئ ، مۇقتەفى ، مۇقەففا ، رەسۇلۇل مۇلايىم ، رەسۇلۇرراھە ، كامىل ، ئىكلىل ، ئەبدۇللا ، ھەبىبۇللا ، سەفىيۇللا ، نەجىيۇللا ، كەلىمۇللا ، خاتىمۇل ئەنبىيا ، خاتىمۇررەسۇل ، مۇھيي ، مۇنەججى ، نەبىيۇررەھمە ، نەبىيۇتتەۋبە ، ھەرىيسۇن ئەلەيكۇم ، شەھىر ، شاھىد ، مەشھۇد ، مۇبەششىر ، مۇنزىر ، مىسباھ ، ھۇدا ، مەدئۇۋ ، مۇجىب ، مۇجاب ، ھەفى ، ئەفۇ ، ۋەلى ، قەۋى ، مەئمۇن ، كەرىم ، مۇكەررەم ، مەكىن ، مەتىن ، مۇئەممىل ، ۋەسۇل ، زۇقۇۋۋەت ، زۇھۇرمەت ، زۇمەكانەت ، زۇئىززى ، زۇفەزلى ، مۇتائ ، قەدەمۇسىدقى ، بۇشرا ، غەۋس ، غەيس ، غىياس ، نىئمەتۇللا ، ھەدىيەتۇللا ، ئۇرۋەتۇۋۇسقا ، سىراتۇللا ، سىراتۇل مۇستەقىم ، زىكرۇللا ، سەيپۇللا ، ھىزبۇللا ، ئەننەجمۇسساقىب ، ئەجىر ، جەببار ، ئەبۇلقاسىم ، ئەبۇتتاھىر ، ئەبۇتتەييىب ، ئەبۇئىبراھىم ، مۇشەففەئ ، سالىھ ، مۇسلىھ ، مۇھەيمىن ، سىدىق ، سەيىدۇل مۇرسەلىن ، ئىمامۇل مۇتتەقىن ، خەلىلۇررەھمان ، قائىدۇل غۇررىل مۇھەججەلىن ، بەررۇ ، مەبەررۇ ، ۋەجىھ ، نەسىھ ، ناسىھ ، ۋەكىل ، مۇتەۋەككىل ، كەفىل ، شەفىق ، مۇقىيمۇسسۇننەت ، مۇقەددەس ، رۇھۇل قۇدۇس ، رۇھۇل ھەق ، رۇھۇل قىست ، كافى ، مۇكتەفى ، بالىغ ، ۋاسىل ، مەۋسۇل ، سائىق ، مۇقەددىم ، فازىل ، مۇفەززەل ، مىفتاھ ، مىفتاھۇررەھمەت ، مىفتاھۇل جەننەت ، ئەلەمۇل ئىمان ، ئەلەمۇل يەقىن ، دەلىيلۇل خەيرات ، مۇسەببىھۇل ھەسەنات ، مۇقىيلۇل ئەسەرات ، سەفۇھۇ ئەنىز زەللات ، ساھىبۇششەفائەت ، ساھىبۇل مەقام ، ساھىبۇل قەدەم ، مەخسۇسۇن بىلئىززى ، مەخسۇسۇن بىلمەجدى ، مەخسۇسۇن بىششەرەف ، ساھىبۇل ۋەسىلە ، ساھىبۇسسەيفى ، ساھىبۇل فەزىلە ، ساھىبۇل ئىزار ، ساھىبۇل ھۇججەت ، ساھىبۇسسۇلتان ، ساھىبۇررىدائ ، ساھىبۇد دەرەجەتىر رەفىيئە ، ساھىبۇتتاج ، ساھىبۇل مىغفەر ، ساھىبۇل لىۋا ، ساھىبۇل مىئراج ، ساھىبۇل قەزىب ، ساھىبۇل بۇراق ، ساھىبۇل خاتەم ، ساھىبۇل ئەلامەت ، ساھىبۇل بۇرھان ، ساھىبۇل بەيان ، فەسىيھۇل لىسان ، مۇتەھھەرۇل جەنان ، رەئۇفۇررەھىم ، ئۇزۇنۇنۇخەيرىن ، سەھىيھۇل ئىسلام ، سەييىدۇل كەۋنەين ، ئەينۇننەئىم ، ئەينۇل غۇررى ، سەئدۇللا ، سەئدۇلخەلق ، خەتىيبۇل ئۇمەم ، ئەلەمۇل ھۇدا ، كاشىفۇل كۇرەب ، رافىئۇر رۇتەب ، ئىززۇل ئەرەب ، ساھىبۇل فەرەج .

图书在版编目(CIP)数据

维吾尔人名宝库：维吾尔文/穆特里甫·斯迪克著
—乌鲁木齐：新疆大学出版社，2010.10
ISBN 978-7-5631-2422-0

Ⅰ.①维… Ⅱ.①穆… Ⅲ.①维吾尔族-姓名学-中国-维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①K810.2

中国版本图书馆CIP数据核字（2010）第202596号

策 划 人：艾明书业

提 议 人：依不拉音·赛曼
阿布来提·居吗土普热克

责任编辑：阿迪力江·阿布都拉
责任校对：阿达来提·牙合甫
封面设计：库尔班江·肉孜

# 维吾尔人名宝库

穆特里甫·斯迪克 著

新疆大学出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路14号，邮政编码:830046）
新华书店经销
新疆新华印刷厂印刷
开本：787mm×1092mm 1/16 56.75印张
2010年10月第1版 2010年10月第1次印刷

ISBN 978-7-5631-2422-0
定价：200.00元